جالالىدىن بەھرام

# تاغ جۇدۇنلىرى

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

高山风雪：维吾尔文/加拉力丁·巴合拉木著．
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.5（2012.3重印）
ISBN 978-7-228-14273-6

Ⅰ.①高… Ⅱ.①加… Ⅲ.①中篇小说-小说集-中国-当代-维吾尔语（中国小数民族语言） Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第087539号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾孜则·吐尔迪 |
| 责任校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 17.25 |
| 版　　次 | 2011年8月第1版 |
| 印　　次 | 2012年3月第2次印刷 |
| 印　　数 | 10,001-15,000 |
| 定　　价 | 47.00元 |



# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب يەكەن دەرياسى بويلىرىدا ............ 1
ئىككىنچى باب يېتىم قىزنىڭ ھەسرىتى ............ 30
ئۈچىنچى باب نىجاتلىق يولىدا ........................ 66
تۆتىنچى باب دارىلئېيتام ................................ 77
بەشىنچى باب باش باھاردىكى سوغۇق ............ 105
ئالتىنچى باب ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر ............... 138
يەتتىنچى باب باھاردا توزۇغان چېچەك ............ 171
سەككىزىنچى باب قوشراپقا سەپەر ..................... 201
توققۇزىنچى باب قوشراپتىكى تاغ جۇدۇنلىرى ........ 234
ئونىنچى باب زەھەرلىك قول ........................ 263
ئون بىرىنچى باب سۇيىقەست ................................ 293
ئون ئىككىنچى باب پولكوۋنىكنىڭ غەزىپى ............... 322
ئون ئۈچىنچى باب جىددىي ئېلىشىش ...................... 352
ئون تۆتىنچى باب قوشراپتىكى ئوق ئاۋازى ............ 385
ئون بەشىنچى باب قوزغىلاڭ .............................. 412
ئون ئالتىنچى باب ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ............ 443
ئون يەتتىنچى باب قەھرىتان سوغۇق .................... 476
ئون سەككىزىنچى باب ھايات ـ ماماتلىق .................. 511
خاتىمە .................................................................... 542

بىرىنچى باب

# يەكەن دەرياسى بويلىرىدا

بۇنىڭدىن سەكسەن يىللار مۇقەددەم.

يەكەن دەرياسى گاھىدا ئېغىر چايقىلىپ تاشلىق ھەم لايلىق قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ خىيال بىلەن، گاھىدا غەزەپلىك نەرە تارتىپ، گاھىدا تولىمۇ مۇڭلۇق بىر نىدا بىلەن قاياقلارغىدۇر شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا. ئۇنىڭ بىسىپ كېلىۋاتقان يوللىرى بەكمۇ ئەگرى ـ توقاي ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بولۇپ، قاتمۇقات تاقىر تاغلار، تىك چىقىللار، كۆز يەتكۈسىز چوققىلار، چوڭقۇر جىلغىلار، ئوت ـ گىياھقا نامرات بەرىكەتسىز يايلاقلار، قاراڭغۇ قاپتاللار، ئەرش قەرىگە تۇتاشقان داۋانلار ھەر كۈنى سۈبھى بىلەن بۇ قەدىم دەرياغا سالام بېرىدۇ ۋە ئۇنى مانان باسقان تولىمۇ ئۇزۇن تامانلارغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپى چەكسىز ۋادىلار ۋە ئەنە شۇنداق تاغ تۇرالار بىلەن قاپلانغان. بۇ كۆز يەتكۈسىز قاتمۇقات تاغ ـ ئېدىرلار، چاتقال قاپلىغان يانباغىرلار، چىقىل، ھاڭلار گويا يەكەن دەرياسىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاۋاتقاندەك، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما، قەدىم ـ قەدىمدىن تارتىپ ئۆز باغرىدا قارار تاپقان كەچمىشلەر ۋە نادامەتلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ دەريا ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىدۇ، ئېغىر تىنىدۇ، گويا نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك كۆكسى ئۆركەش ياساپ، دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈپ تۇرىدۇ. گويا ئۇ قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدىن چۆچۈپ

ئويغانغان ئانىنىڭ ئۆزىلا ! راست، ئۇ چۈشىدە ئوڭ ۋە سول ساھىللىرىدىكى يۇلغۇنلۇقلارنى، جىغان، ئالىقات، ئازغان، قوغۇراقتىكەن قاپلىغان دالىلارنى، ياپيېشىل ۋادىلارنى، سۆسۈن رەڭ سايىلەر تىنىپ قالغان تەسكەي ئېدىرلانى، بىخىلارنىڭ ئوچۇملىرىدىن قىسىلىپ چۈشكەن قەترىلەردەك تاش يېرىقلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان بۇلاقلارنى قان ئىچىدە كۆرگەندەك بولدى. ئەدناسى ئوڭ ساھىلىدىكى تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلار... سول ساھىلىدىكى چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، كەندىلىككە ئوخشاش تاغ تۇرالار ئىچىدىن ماكان تۇتقان كەنت ـ مەھەللە، ئۆتەڭ، تۇرالغۇ ۋە قونالغۇلارمۇ قانغا چىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى، ھەتتا ئۆز باغرىدا سۇ ئەمەس، لەختە ـ لەختە قان ئېقىۋاتقاندەك، جىمى ئالەم قىپقىزىل ئىدى... دەرۋەقە، كارامەت ئىگىسى ئۇنىڭ يىقىن كەلگۈسىدىكى ئازابلىق ھەم ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. قانغا بويالغان تاغ تۇرا، كەنت ـ مەھەللە، ئۆتەڭ ـ تۇرالغۇلار، جان قاقشاتقان غەليانلار، غېرىبانە يەكەننىڭ ئېغىر تىنىقلىرى يەكەن دەرياسىنىڭ چۈشىدە ئايان بولغانىدى...

شۇنداق ! يەكەن دەرياسى گاھ تىپتىنىچ، غەملىك خىياللار بىلەن، گاھ سۈرەن سېلىپ ۋە گاھىدا ئەلەملىك ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئىلگىرىلىمەكتە ! ئۇنىڭ مېھرى ئوتلۇق ماكان — يەكەننىڭ مەخمەلدەك ياپيېشىل ۋادىلىرىنى، شېرىن شەربەت مېۋىلەرگە تولغان جەننەتسىمان باغلىرىنى، قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈملىرى بىلەن ئالەمدە يەكتا ياقائىرىق، غوجىئېرىقتەك يۇرتلىرىنى، يىراق سەھرالارغا ئېلىپ بارىدىغان يىلان باغرى توپىلاڭ يوللىرىنى، يۈرەكلەرنى يىغلىتىپ، تۆۋسىز ئويلارغا سالىدىغان مىسكىن ناخشىلىرىنى، يامغۇر بولۇتىدەك كۆكۈچ كۆجۈم مەھەللىلىرىنى، ھەتتا يەكەن قىزلىرىنىڭ مۇڭلۇق ۋە شەپقەتلىك چېھرى ـ رۇخسارلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاققىنى

ئـاققانـدى... ئۇنى ئەلـمساقـتىن تارتـىپ، ئاددىيـسى سۇلـتـان ئـابدۇرېشـتخان زامانـىسـىدىـن بۇيانـمۇ قانچـىلـىغـان بـوران ـ جۇدۇنلارنى، زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارنى، ئاۋامنى قاقشاتقان ئـازاب ۋە ئالۋانلارنـى كۆرمـىگـەن دەيسىز... ئـاققان قـانـلار، تۆكۈلـگـەن ياشلار، قىيىلغان جانلار، ناتىۋانلارنىڭ ئىڭراشلىرى ۋە نىدالىرى ئۇنىڭ شاۋقۇنلىـرىدىن ئاڭلىنىـپ تۇرۇپتۇ ! راسـت، ئۇ ھەممـە ۋەقەلەرگە گۇۋاھ. بارچىگە شاھىت بولۇپ كەلگەن...

مىـلادىـيە 1928 ـ يـىلـى كـەچ كـۈزنـىڭ سـوغـۇق بـىـر سەھەرلـىكى يەكـەن راۋاچچى(ئودالـلىق) يېـزىسى (بەگـلىكى)نـى ئـارقىدا قالـدۇرۇپ كېتـىۋاتقان يەكـەن دەرياسى بـىر بوۋاقنـىڭ قىرقىـراپ يىغلـىغان ئاۋازىـنى ئاڭلـىغانـدەك بـولدى. ئۇ خـاتـا ئاڭلىـمىغانـىدى، راستلا راۋاچـچى بەگلـىكى خۇشـئاۋات كەنـتى باغئىـېرىق مەھـەلـلىسـىدە بىر مـەزلـۇمە ئازابـلىق ئـىڭراش، چىـرقىراش، قاتـتىق سـىلكىنـىش ۋە ئۆزىنـى تەرەپ ـ تەرەپكـە ئېتـىپ دەھشەتلىك ۋارقىراشلاردىـن كېيـىن تاڭ ئاتارغـا يېقىـن بـىر ئـوغـۇل تۇغـدى. تـۇغـۇت ئانـىسـى ۋە باشـقـا پـايـپـېتـەك بولۇۋاتقانلارنىڭ چىرايلىرى ۋىللىدە ئېچىلىپ: «پولۇ[1] ئىكەن، پولۇ، مۇبارەك بولسۇن، پولۇ ئىكەن ! ...» دېيىشىپ كېتىشتى. ئاق لېچەك ئارتقان بىر مـەزلۇمە ئۆيـدىن ئوقچـۇپ چىقتـى ـ دە، ھويلا سـەينـاسـىنـى تەقەززالـىق ئىچـىـدە ئايلـىنـىـپ يۈرگـەن خۇشپىچىم، كەكە ساقال كىشىگە ئېگىلىپ سالام قىلغىنىچە پەرەنجىسىنى سەل ـ پەل قايرىدى:

ـــ دامـوللام، سۆيۈنچە، سۆيۈنچە !

ـــ خوش، قۇشناچىم، سۆيۈنچە ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن.

ـــ پولۇ ئىكەن، پولۇ... پولۇ دەپ باقسىلا قېنى؟

ـــ ناشۇكۇرلۇك قىلمىسىلا، قۇشـناچىم، ـــ دامـوللامنـىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، ـــ پولۇ ياكى ھالـۋا[2] بولسۇن، ھـەممـىسـى

[1] پولۇ ـــ كونىلاردا ئوغۇل تۇغۇلسا «پولۇ» دەپ قويۇشىدۇ.
[2] ھالۋا ـــ كونىلاردا قىز تۇغۇلسا «ھالۋا» دەپ قويۇشىدۇ.

خۇدانىڭ بەرگىنى، شۈكۈر قىلماق كېرەك.

داموللام مەزلۇمەنىڭ قولىغا نېمىدۇر بىرنەرسىنى تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. دەرۋەقە، تاڭ سەھەر — سۈبھى بىلەن تەڭ راھىتىدىن ئازابى تولا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان «پولۇ» ئەيسا داموللامنىڭ «تاغار قېقىندىسى»، يەنى ئونىنچى پەرزەنتى ئىدى. ئەيسا داموللام ئەۋلىيا ـ ماشايىخلارغا ئېۋىنىدىغان، خۇداگۇي ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، چاھاريارلاردىن بىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سىغىنىپ، ئوغلىغا «ئۆمەر①» دەپ ئىسىم قويدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئۆمەرئاخۇننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلىتى يۇزۇن بولغاي! — دېدى ئۆچكە ساقال مەزىن ئاخۇنۇم.

— ئۆمەرئاخۇننىڭ نەسلى ھەم روزىغارى ئاۋات، تاپقان دۇنياسى بوستاندەك ئاينىغاي، — دۇئاغا قول كۆتۈردى داپساقال مۇپتى.

— ئاللا ئاتا قىلغان مەئىشىتى جەننەت نېمىتىدەك مەمۇرچىلىق بولغاي، — ئىشانمۇ ساقالسىز يۈزىنى سىيپىدى.

ئەيسا داموللام پاكار، ئورۇق، تورۇلغۇدەك ۋىجىك، كەكە ساقال ئادەم بولۇپ، خۇشئاۋات كەنتى بويىچە ھويلا ـ ئارانى ئازادە، ئات ـ ھارۋىلىرى تاراق ـ تۇرۇق، توخۇ ـ تۇمانلىرى قاقاقلاپ، ئېغىل ـ قوتانلىرىدا ئىشەكلىرى ھاڭراپ، قوي ـ ئۆچكىلىرى مەرەپ تۇرىدىغان، ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار ئوتتۇراھال بايلاردىن ئىدى. ئۇنى دېھقان دېگەندىن كۆرە، مۇدەررىس دېيىشمۇ بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى تالىپلارغا دىنىي دەرس بېرىش بىلەن ئۆتەتتى. شۇڭا، ئەللىك تۆت مو يېرىدىكى كېۋەز، بۇغداي، قوناق، ئارپىلارنى تېرىش، سۇغىرىش، يىغىش، ئامبارغا كىرگۈزۈشتەك دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ قاتلاڭ ئىشلىرى يىگىرمىدىن ئارتۇق تالىپنىڭ ئەمگىكى

---

① ئۆمەر — چاھاريارلارنىڭ بىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئاۋات، بوستان، مەمۇرچىلىق دېگەن مەنىدە.

ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. گەرچە ئەيسا داموللامنىڭ يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا ـ سەندەلدەك ئون بالىسى بار بولغىنى بىلەن، «ئاچقان يەرگە بارىدىغان»، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولالايدىغىنى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېگەندەك، پېشانىسىنى تەرلەتمەي يەيدىغانلار كۆپ ئىدى. ئالدىنقى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىدىن بولغان تۆت بالىدىن ھېيتاخۇن بىلەن قۇناخۇن؛ ھازىرقى ئايالى ئىمىنىخاندىن تۇغۇلغان ئالتە بالىدىن سېلىمىخان، مەختۇمخان، ئايىمخان قاتارلىق بالىلىرى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان بولۇپ، قوشنا كەنتلەردە ئۆز تىرىكچىلىكىنى ئۆزلىرى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى؛ ئىمىنىخانغا ئۆگەي ھېلىمىخان ھەرە بىلەن ھوشۇر تەلۋە بۇ ئايالدىن بولغان تۇنجى بالىسى ئېلاخۇن، بەشىنچى ـ ئالتىنچى ئوغۇللىرى — ئوسمان، ئۆمەرلەر ئۆزىنىڭ يېنىدا — چوڭ قورۇدا بىللە تۇرۇشاتتى. يىگىرمە سەككىز، يىگىرمە توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېلاخۇن سەككىز يېشىدىن باشلاپلا دادىسىدىن دىنىي تەلىم ئالغانىدى. ئۇ ئايالى نىسابىبى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن قورۇدا غەلۋە ـ غودۇرسىز، تىنچ ـ تىمۇشسىز ياشايتتى. ئەمما، بۇ قورۇنى پات ـ پاتلا بېشىغا كىيىپ غوۋغا كۆتۈرىدىغىنى بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ بالىلىرىدىن ھېلىمىخان ھەرە بىلەن ھوشۇر تەلۋە بولۇپ، ئۇلار ئۆگەي ئانىسى بىلەن ھە دېسىلا: «ئۆزۈڭنىڭ بالىلىرىغا يېدۈرۈپ كەتتىڭ، ئىچۈرۈپ كەتتىڭ، كىيدۈرۈپ كەتتىڭ!» دەپ ئۇرۇشاتتى. ئۇلار يەڭ شىمايلاپ «جەڭ»گە چۈشكەندە شۇنچىلىك بېزەپ تىللارنى ياغدۇراتتىكى، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقاتتى. مۇنداق چاغلاردا چىدا ـ چىدا سەۋر تاقىتى چېكىگە يەتكەن ئەيسا داموللام ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقاتتى ـ دە، قولىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كېتەتتى:

— ھەي ھوشۇر، قىرىق ياشقا ئۇلىشىپ قالدىڭيا، مەن سېنى قاچانغىچە باقىمەن؟! يەنە نومۇس قىلماي يەيدىغانلىڭ،

ئىچىدىغانلىقىنى گېپىنى قىلىسەنا؟!

— ماۋۇ مادا ئېشەكنىڭ، — هوشۇر ئىمىنىخانغا قولىنى شىلتىيتتى، — بالىلىرى يېپسە، ئىچسە، كىيسە بولىدىكەنۇ، ئەجەب ئاچام بىلەن ئىككىمىزگە بولمايدىكەن؟

— هەي قارا يۈز دۆيۈز، ئاغزىڭدىن پوق ئېقىتما، — ئەيسا داموللام ئاچچىقىدا لاغ ـ لاغ تىترەيتتى، — ئېلاخۇن مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە دېھقانچىلىق شۇنىڭ قولىدىن چىقىۋاتىدۇغۇ؟ ئېخى ئىمىنىخان ئاناڭمۇ ئۇسمان ئىنىڭ بىلەن بىللە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىۋاتىدۇ. سەنچۇ؟ ھەر كۈنى سېسىق ئۇسۇرۇپ، ساغراڭغا كۈن چۈشكۈچە ياتقىنىڭ ياتقان!

— ئۇنداق پاخماق باش پاسكىنا، — ھېلىمىخاننىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىدى، — بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس، ئۇ ئىت ـ ئېشەككە ئانا بولۇۋالسۇن!

— سەندەك ئىمانسىزلارغا ئانا بولغاندىن ئىت ـ ئېشەكلەرگە ئانا بولغان مىڭ مىراتەم ياخشىراق. بىلىپ قويۇش، مەن ھەرنېمە بولاي، نانىنى ھالاللاپ يەۋاتىمەن، — ئىمىنىخان ھېلىمىخانغا قادالدى، — ھەي، سەككىز ئەر مىشقىرىپ تاشلىۋەتكەن ھام ـ ھام مۈشۈك، ئەر كىشىنىڭ پېشى تېگىپ كەتسىمۇ موزايلايدىغان شاتىراق ئىنەك، ئەر خۇمارىڭ تۇتسىلا جېدەل كۆتۈرەمسەن؟ سېنى ئابدال، دىۋانىمۇ ئالمىسايا... ئەمدى ئېغىلدىكى ئالا بۇقىغا تەگ...

بۇنداق جېدەللەر كۆتۈرۈلگەندە، كىچىك ئۆمەر قورققىنىدىن كاجۇ ساندۇق① نىڭ خاپانلىرىغا ياكى كات② ئاستىغا كىرىۋالاتتى. بەزىدە مۆكۈنگەن يېرىدىلا ئۇخلاپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئىزدەپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كېتەتتى.

---

① كاجۇ ساندۇق — ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ كات.
② كات — سالاسۇنلۇق چوڭ كارىۋات.

دېمىسىمۇ بۇ تاغار قېقىندىسىغا ئەيسا داموللام تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئاخىرقى ئوغۇل ئوسمان تۇغۇلۇپ سەككىز يىلغىچە قورساق كۆتۈرمىگەن ئىمىنىخان «ئەمدى ئاللانىڭ ئاتا قىلغىنى تۈگىگەن چېغى» دەپ يۈرگەن كۈنلەردە تۇيۇقسىز سېزىك ئازابىغا دۇچار بولدى. ئاتمىش ئالتە يېشىدا پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئەيسا داموللامنى ئۆزى بويلۇق بولۇپ قالغان بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئالدىدا سەل ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خۇشال بولدى. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئاللا ئاتا قىلغان پەرزەنت ـ دە! قادىر ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقى، تاپانغا تىككەن كىرمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ! ئۇنداقتا ئەل ـ جامائەت، بالىلار، تالىپلار بۇ توغرۇلۇق باشقىچە خىياللاردا بولسا بولمايدۇ ـ دە!

خەيرىيەت، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بۇنداق تەشۋىشلىكتە قېلىش بىلەن خىجىللىقنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلدۇردى. ئۆمەر يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى بولسا كېرەك، ئەيسا داموللام بىرنەچچە جامائەتنى ئارقىدىكى چاققانىنى قورۇسىغا باشلاپ كىردى، ئاندىن كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق قورۇغا ياندىش باغقا چىقتى. ئۇ باغ تەرەپكە چوڭ ـ چوڭ چامداپ بەش قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، تىكىلگىنىگە ئۈزاق بولمىغان ئۈجمە كۆچەتلىرى قاتارىدا توختاپ، جامائەتكە قارىدى:

ــ جامائەت، بۇ ئۈجمە كۆچەتلىرىنى بەلگە بولسۇن ئۈچۈن تىكتىم، ــ ئەيسا داموللام خورسىنغاندەك بولۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى، ــ مەشەدىن باشلاپ بۇ كىچىك قورۇنى ئوغلۇم ئۆمەرگە قالدۇرماقچىمەن. ئۆزۈڭلەرگە مەلۇم، ئۇ تېخى گۆدەك، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدۇ. مەندىن كېيىن قالسا ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشى، خورلىنىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن.

جامائەت باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، ھېلىمىخان ھەرە بىلەن ھوشۇر تەلۋىنىڭ ئىسىملىرىنى

پىچىرلىشىپ تىلغا ئالدى. ئۇلار قايتىپ مېھمانسارايغا كىرىپ، ئالدىن تەييارلانغان ۋەسىيەتنامىگە بارماق بېسىشتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ مەزەلەر تارتىلدى.

ئەيسا داموللام ئەۋلىيادەك ئالدىن بىلەر ئادەممۇ نېمە، ئارىدىن بىر يىل ئۆتەر - ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ يەتمىش تۆت ياشلىق ئۆمۈر مەنزىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پانىيدىن باقىيغا رەھلەت قىلدى. ئۇ ئامازلىرىدا داۋاملىق ئاللادىن: «ئاھ رەببەنا، ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بەرگەيسەن» دەپ تىلەيتتى. ئاللا ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى مەقبۇل ئەتتى بولغاي، تاھارەت ئېلىۋاتقان يېرىدە كۆكرىكىنى بىرنېمە قامالىلىۋالغاندەك بولدى - دە، جايىغىلا قىڭغىيىپ كۆز يۇمدى. ئەيسا دامولLAMنىڭ ئۆلۈمىگە خۇشئاۋات كەنتى باغئېرىق مەھەللىسىدىكى جامائەتلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن راۋاچچى بەگلىكىدىكى مۆتىۋەر زاتلار، مىڭبېگى، يۈزبېگى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئالغان ئەھلى ئىلىملەرمۇ كەلدى. جىنازا ئالدىدا ئېلاخۇن، ئوسمان، سەككىز ياشلىق ئۆمەر، ھوشۇر تەلۋە ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرىدىن ھېيتاخۇن، قۇناخۇنلار بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، بېلىگە پوتا باغلاپ يىغلاپ مېڭىشتى.

ئەيسا دامولLAMنىڭ قازا قىلىشتىن ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسى بويىچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېلاخۇن بۇ چوڭ روزىغارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا ئىگىلىكلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇ يەنە دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يىگىرمە تالىپنى ھېچ يەرگە تەۋرەتمەي، ئۇلارغا ئۆزى مۇدەررىس بولدى. ئەڭ كىچىك ئۇكىسى ئۆمەرنى باغئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. تېخى كەچ تەرەپلەردە ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىغا قوشۇپ ئۇنىڭغا دىن ئىلمىدىن ساۋاق بېرىشكە باشلىدى. ئەمما، ئۆمەرنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرى بىر يىل بولار - بولمايلا تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك تۈزۈپ كەتتى. بىر كۈنى ھېلىمخان ھەرە ھوشۇر تەلۋىنى يان

قورۇنىڭ بېغىغا ئاچىقىپ، ئۇنىڭ كۆتىگە ئوت قويۇشقا باشلىدى:

— سەن تېخى مۇشۇ قورۇغا خام تەمەدە بولۇپ يۈرەمسەن؟ — دېدى ھېلىمخان قورۇ تېمىغا قولىنى شىلتىپ، — بۇ قورۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۆمەر دېگەن كۆك ماڭقىنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— سەن نەدىن ئۇقتۇڭ؟ — ھوشۇرنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — تېزرەك دېمەمسەن، ئادەمنى رەللە قىلماي.

— گۇۋاھچى، شاھىت بولۇپ بارماق باسقانلاردىن ئاڭلىدىم. بىز سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاپتىمىز.

— خەپ، دادام دېگەن پوق ساقال... ئۆلمىگەن بولساڭ توۋاڭغا تاياندۇراتتىم.

— ھەي تەلۋە، ئەرۋاھنى تىللىغىنىڭ بىلەن، بۇ ئاچچىقىڭ پوققا ئەسقاتامدۇ؟ — ھېلىمخان ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — قارا، بۇ ئۇجمە كۆچەتلىرىنى، بۇلار ئۆمەر دېگەن كۇچۇككە قالدۇرۇلغان پاسىل ئىكەن.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— دادام قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىدە: «مەن تىككەن بىر قاتار ئۇجمە كۆچەتلىرى پاسىلغا تەۋەدۇر» دەپ ئېنىق پۈتۈلۈپتۇ ئەمەسمۇ !

— خەپ، مۇناپىقلار !...

ھوشۇر تەلۋە شۇ كۈنى كەچتە يەتتە ـ سەككىز تۈپ جىگدە كۆچىتى ئەكەلدى ـ دە، ئۇجمە كۆچەتلىرىنى كەتمەندە بىر ـ بىرلەپ قومۇرۇشقا باشلىدى. قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن ئىمىنخان كولانغان ئورەككە بىر پۇتىنى تىقىۋېلىپ، ھوشۇر تەلۋىنىڭ ئۇ يەرگە جىگدە كۆچىتى تىكىشىگە يول قويمىدى.

— پۇتۇڭنى تارت دەيمەن، ھەي دەججال قېرى !

— بۇ دېگەن داداڭ ئۆز قولى بىلەن سالغان بەلگە كۆچەتلىرى، بۇنى ئۆزگەرتىشىڭگە يول قويمايمەن.

— ھەي قىرى مادا، ھېلى بىر قويۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — ھوشۇر تەلۋە كەتمەننى ئېگىز كۆتۈردى، — ئورەكتىن پۇتۇڭنى تارت!

— ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ تارتمايمەن. بۇ... بۇ... مۇرەببىمىنىڭ كىچىك ئوغلىغا قالدۇرغان مىراس قورۇسىنىڭ بەلگىسى!

— مانا ئەمىسە!

ھوشۇر تەلۋە غەزەپ بىلەن ئۇرغانىدى، كەتمەننىڭ يالىلداپ تۇرغان بىسى ئىمىنىخاننىڭ ئورەكتىكى ئوڭ پۇتىنىڭ نەق چوڭ يوتىسىغا كېلىپ تەگدى - دە، ئۇ قىرغىلا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن پۇتىنى پەقەت ئالىقانەدەك گۆش بىلەن تېرىلا تۇتۇپ تۇراتتى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ چىت تامبىلى، ئۈزۈلگەن پۇتى ۋە ئەتراپ قىپقىزىل قانغا بويالدى. بۇ خەۋەر ئىچكىرىكى چوڭ قورۇغا يېتىشى بىلەن ئېلاخۇننىڭ يىگىرمىدەك تالىپى تاياق، كالتەك، قامچىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھوشۇر تەلۋە بىلەن ھېلىمخان ھەرىنى شۇنداق سالدىكى، قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن بۇ قارا نىيەتلەر جانلىرىنى ئېلىپ قاچمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزلىرى يەتتى بولغاي، گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى بىلەن بىگىل تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىپ، قاراقۇم ئىچىگە كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمما، قانسىراپ كەتكەن ئىمىنىخان تۇن نىسپى بىلەن جان ئۈزدى.

سەككىز يېشىدا دادىسىدىن، توققۇز يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلغان ئۆمەر ئەمدى ئاكىسى ئېلاخۇن خەلىپىتىمنىڭ ئىلتىپاتىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. مەھەللىدىكىلەر ئېلاخۇننى نېمە ئۈچۈندۇر «يۇمشاق قۇرت» دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئاكا - ئاچا، ئىنى - سىڭىللارغا ۋە تالىپلارغا بولغان مۇئامىلىدە بەكمۇ سىلىق - سىپايە ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق سىلىق - سىپايىلىكى، تاتلىق لەۋزى، يۇمشاقلىقى خۇددى كەچ كۈزدە چىققان شامالغىلا ئوخشايتتى، بۇ خىل شامال بېشىڭنى سىيپاپ

ئۆتۈپ ھۆزۈر بەخش ئەتكەندەك قىلغىنى بىلەن، ئاچچىق سوغۇقى نەشتەردەك سانجىلاتتى. ھوشۇر تەلۋە بىلەن ھېلىمخان ھەرە يوقالغاندىن كېيىن ئىبلاخۇن خەلپىتىم خۇددى قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىۋالغان قىرىقئايىغدەك قەددىنى رۇسلاپ، ھەممە ئاياغلىرىنى ھەرىكەتكە سېلىپ، كېرىلىپ مېڭىشقا باشلىدى. راست، ھازىر كۆزگە چىققان يىڭناسقۇدەك ھەممىلا ئىشقا ئىلىنىشىپلا تۇرىدىغان ھېلىمخان ھەرە بىلەن ھوشۇر تەلۋە كۆزدىن غايىب بولغانىدى. توغرا، ئۇلار بار چاغدا ئۇنلۇكرەك كېكىرگىلى، ئىچىڭنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. مانا ئەمدى ئىبلاخۇن خەلپىتىم توختىماي ۋالاقلايدىغان بولۇپ قالغانىدى:

— ھەي ئوسمان، ماللارنى جاڭگالغا ئاپىرىپ بېقىپ كەل. سېنىڭ قورسىقىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلەرسەن؟

— ئۆمەر كىچىككىنەم، مال ئېغىلىنىڭ قىغلىرىنى چىقىرىۋەت، نانىنى ھالاللاپ يېمىگەن ئوغۇل بالىنى، ئوغۇل بالا دېگىلى بولمايدۇ.

— ئوسمان، كېچىچە يەرلەرنى ئوسا قىلىۋەت، تاۋاقتا پوتەيدەك قىلىپ سېلىپ ئالدىراپ كۆشەيدىغانغا نان لازىم بولار...

— ئۆمەر، توگمەنگە ئۇگۇت تەييار قىل، ئىش قىل دېسە چىپىغا تارتىدىغان، ئاش يەڭ دېسە قوشۇقنى تارتىدىغانلاردىن بولۇپ قالما ! ...

بۇ خىل بۇيرۇق ۋە تاپا - تەنىلەر ئىبلاخۇن خەلپىتىمنىڭ ھەر كۈنلۈك ئادىتىگە ئايلاندى. تېخى ئۆزى بىر غېرىچ، زەھەر - زوقۇمى ئون غېرىچ نىسابىسىنىڭمۇ تىلى كۈندىن - كۈنگە ئۇزىراپ زۇۋانىغا جان كىرگەنىدى، ئۇ گويا ئېرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقاندەك ئىدى:

— ھەي ئوسمان، ئۇكاڭ چىچىۋېتىپتۇ، ئىشتان - پايپىقىنى يۇيۇپ ئاپتاپقا يېيىۋەت، پاكىز بولسۇن - ھە !

— هوي ئۆمەر ئۆندىمەس، كۆلتۈكتىكى پوق - سۈيدۈكنى تۆكۈپ، كۆلتۈك بىلەن شۇمەكنى يۇيۇپ ئاپتاپقا سال، ئاندىن بۆشۈكنىڭ قول تارتقۇ، پۇت تارتقۇلىرىنى چىرايلىق ئوراپ تۈرمەللەپ قوي !

— ئوسمان، ئۆكاڭنى كۆتۈرۈپ ئوينات !

— ئۆمەر، هويلا - ئارانلارنى سۈپۈرۈۋەت، يالىغاندەك پاكىز بولسۇن - هە !

ئىلاخۇن خەلپىتىم ئىككى ئىنىسىغا خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن بەتتەر زۇلۇم سىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما كۆزى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالاتتى. خۇددى كونىلار: «ئەركە خوتۇن ئېرىگە تېكە بولار» دېگەندەك، نىسابىبىنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەنىدى. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، نىسابىبى ئېرىنى «نامازنى قىبلىگە قاراپ ئوقۇماي، مەشرىققە قاراپ ئوقۇ» دېسە، ئىلاخۇن خەلپىتىممۇ «نېمىشقا؟» دېمەيلا، «بوپتۇ، قاياققا قاراپ ئوقۇي، ھەممىسىلا خۇدايىمنىڭ يېرىغۇ !» دېيىشتىن يانمايتتى. چۈنكى، نىسابىبى راۋاچچى بەگلىكى بويىچە قامچىسىدىن قان، تىلىدىن زەھەر تامىدىغان ئەڭ چوڭ زومىگەر باي ساھىبىبەگنىڭ قىزى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئېرىدىن ھېچ تەپتارماي، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئوسمان بىلەن ئۆمەرنى: «ھۇ، مىس - مىس پەسەندىلەر ! ...»، «لەلەڭلەپ يۈرۈشەمسەن؟...»، «نان قېپى دىۋانىلەر ! ...»، «قورسىقىمىز تويمىدى دەپ باتناپ قىلىشتىڭمۇ - هە؟...» دېگەندەك يامان تىللار بىلەن تىللايتتى، ئۇلارنىڭ يۈزىگە يۈندى چاچاتتى. بىر كۈنى ئۆمەر ئېغىلدىن قىغ چىقىرىۋېتىپ ئاكىسى ئوسمانغا ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ زادى تويماۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە يىغلىۋەتتى.

— ئاكا، مەكتەپتىن قايتىپلا ماللارغا يەم تەييارلايمەن، هويلا - ئارانلارنى تازىلايمەن، ئۆكىلىرىمنىڭ پوق لاتىلىرىنى يۇيىمەن، ئوتۇن يارىمەن، قورسىقىم ئېچىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ هېچنېمىنى كۆرەلمەي قالىمەن. تېخى ئاكام كېچىدە

دەرس يادلىمايسەن، دەپ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ.

— ئۇكام، بۇ ئىسابىبى دېگەن ھاننات خوتۇننىڭ ئويۇنلىرى، — دېدى ئوسمان ئالىقىنىغا غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپ، — بىز ئىككىمىز ئۇنىڭ كۆزىگە سىغماي قېلىۋاتىمىز. مېنىڭمۇ زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئون يەتتە ياشنى تۈگەتكەن ئوسماننىڭ ئاكىسى ئېلاخۇن، يەڭگىسى ئىسابىبىنىڭ سېلىۋاتقان زۇلۇمى ۋە كەلتۈرگەن خورلۇقلىرىدىن سەۋر قاچىسى توشۇپ، تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ باش توخۇ چىللىغاندا قورۇدىن قىرىقتەك قوي ـ ئۆچكە، ئېشەك ۋە كالا، موزايلارنى ھەيدەپ چىقىپ، جاڭگالغا ئاپىرىپ باقاتتى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە قايتىپ كېلىپ، بىر زاغرىنى پوتىسىغا تۈگەتتى ـ دە، ئېتىزغا ماڭاتتى. ئۇنىڭ بىر كۈن كەچكىچە ئاچ كېكىرىپ، ئېتىز قىرلىرىنى ياساش، قوناقلارنى تاقلاش، ئوغۇت چېچىش، سۇغىرىش، ئوتاشتەك ئىشلار بىلەن بولۇپ مىسقالچە ماغدۇرى قالمايتتى. بىراق، ئۆيدە بۇ ئاكا ـ ئۇكىلاردىن «قورسىقىڭلار قانداق؟» دەپ سورايدىغان ئادەم چىقمايتتى. شۇڭا، ئوسمان قېچىش قارارىغىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

— ئۇكام، بىر گەپنى دېسەم، سىر ساقلىيالامسەن؟ — دېدى ئوسمان ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — بولدىلا، دېمەيلا قوياي، سەن تېخى توققۇز ياشلىق بالا تۇرساڭ...

— قېنى دېمەمسەن؟ — ئۆمەر ئاكىسىغا ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى تىكتى، — نان ئوغرىلايدىغان ئىشمىدى؟

— ياق، قاچىمىز !

— نېمە؟ قاچىمىز، نەگە؟

— تاغ ئارقىسىغا.

— تاغ ئارقىسى دېگەن نە ئۇ؟

— ئىلىخو، — ئوسمان ئۇكىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ قالدى، — مەن تاغ ئارقىسىغا دورا ـ دەرمەك،

قورۇق يەل ـ يېمىش يۆتكەيدىغان كارۋانلار بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم.

— مې... مېنىڭ ئوقۇشۇمچۇ؟ — ئۆمەر دۇدۇقلاپ كەتتى، — مەن... مەن ئوقۇمامدىم؟

— سېنىڭ بىلەن ماڭا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ؟!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى، — ئەمىسە، ئەمىسە مەن ھېچ يەرگە قاچمايمەن.

— ئەمىسە ئاچلىقتىن ئۆل، — ئوسمان تۆمۈر ئارىنى قىغقا غەزەپ بىلەن سانجىدى، — تاڭ سەھەردە مەكتەپكە كېتىسەن، چۈشتە ئېشەك تۇيىقىدەك زاغرىنى پەيزاۋات ئۆستىڭگە چىلاپ يەيسەن، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيسەن، ئاخشاملىرى ئېلاخۇن ئاكامنىڭ شاپىلىقىنى يەيسەن...

— ئۇ... ئۇ... دىنىي سۇرىلەرنى يادلاپ بېرەلمىسەم ئۇرىدۇ.

— ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دەپ، ئەمىسە ئۇنىڭ دەشنىمىنى ئىشتىپ، دۇمبا ـ تېپىكىگە چىداپ يۈرۈۋەر ! — ئوسمان ئاچچىقى بىلەن بۇرنىنى تاشلىدى، — قانداق، مەن بىلەن قاچامسەن ـ قاچمامسەن؟

— مەن... مەن... — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇششاق تامچىلار يۇمىلاپ چۈشتى، — ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ مەيلى، ئەمما... ئەمما ئوقۇمىسام بولمايدۇ...

ئۇكىسىنىڭ بىچارە ھالىتىدىن غەلىتىلا بولۇپ قالغان ئوسمان يەنە چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى. بىراق، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئېلاخۇننىڭ روزىغارىدا ياكى ئىتىز ـ ئېرىق، ئېغىللاردىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئېلاخۇن خەلپىتىم: «ھۇ تۇزكور !» دېدى ـ دە، بىر نەچچە كۈنگىچە تىللاپ ـ قارغاپ يۈردى، ئاخىر بېسىقىپ قالدى. ئەمما، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمەر بۇ ئائىلىنىڭ كىچىك مەدىكارىغا ئايلاندى. ئۇ باش تۇخۇ چىللاش بىلەن كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، قوي ـ ئۆچكە، ئېشەك، كالا ـ

مۇزايلارنى ھەيدەپ جاڭگالغا ماڭاتتى. سەھەر قاراڭغۇلۇقدا باغئېرىق مەھەللىسىدىن ئۆزاپ چىقاتتى ـ دە، بىرەر چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ياقۇم، پەيزاۋات مەھەللىلىرىدىن ئۆتەتتى، ئاندىن راۋات ئۆستىڭىنىڭ يېيىلىپ ئاققان يېرىدىن ماللارنى ئۆتكۈزەتتى. ماللارمۇ كۆنۈپ كەتكەچكە، ئۆستەڭدىن بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، قىستىلىشىپ، سەكرىشىپ ئۆتۈپ، جاڭگالغا قاراپ ئالدىرىشاتتى. بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن ياۋا قومۇشلۇق، يەنە بىر تەرىپى ئېگىز ـ پەس چوقچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بۇ جاڭگالنىڭ نېمە ئۈچۈن «شىڭلۇجى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما، شىڭلۇجى مالچىلار ئۈچۈن يايلاق، ئامراتلار ئۈچۈن ئوتۇن تېرىدىغان جاڭگال. ياۋا توشقان، سېرىققۇيرۇق، چۆل كىرپىلىرى ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانى ئىدى. ياۋا قومۇشلار ئارىسىدا يۇمشاق مىسىل، قىزىلبۇغداش، يۆگىمەچ، ياۋا بېدە، لويلا، سېرىقيۆگەي دېگەندەك ماللار ئۈچۈن تاتلىق ئوتلار بار ئىدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستى تەرەپلىرى چاۋار ـ چاتقال، قۇرۇق قاقشاللار بىلەن قاپلانغانىدى. ئېگىز شاخاراپ كەتكەن ئەمەن، سۆتلىگەن، كەندىر، قىزىلقورايلار ئۆسۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە ئامراتلار، بايلارنىڭ مالچىلىرى باغئېرىق، ياقۇم، پەيزاۋات مەھەللىلىرىدىن ماللىرىنى ئەكېلىپ باقاتتى. يوقسۇللار كەچ تەرەپلەردە ماللىرىنى ھەيدىگەچ، بىر قۇچاق ئوتۇننى يۈدۈپ قايتىشاتتى. ئاستى قويۇق چاتقاللىق، ئۈستى كۆك قۇم بارخانلىرى خۇددى تاقىر باش ئادەمنىڭ ئايپاڭ بېشىغىلا ئوخشايتتى. سوغۇقتا توڭلىغان مالچىلار ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئوت يېقىپ ئىسسىنغاچقا، بارخانلار ئۈستىدىكى يۇمشاق قۇمدا قارىيىپ تۇرغان گۈلخان ئىزنالىرى، كۆل ۋە كۆيۈندى ياغاچلار بولاتتى.

ئون بىر ياشقا كىرىپ قالغان ئۆمەر ئەمدىلىكتە شىڭلۇجى جاڭگىلىنىڭ دائىملىق مالچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى

تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ماللارنى ھەيدەپ ئەكىلىپ جاڭگالغا قويۇپ بېرەتتى، ئۆزى قورايلىقتىن قۇرۇق شاخ چاتاپ، ئۇلارنى رەتلىك تىزىپ باغلايتتى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، ئوتۇننى يۈدۈپ، ماللارنى ھەيدەپ قايتىپ كېلەتتى ـ دە، بىر زاغرىنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭاتتى. باغئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئالدىدا پەيزاۋات ئۆستىڭى بولۇپ، سۈيى سۈزۈك ھەم تاتلىق ئىدى. ئۆمەر چۈشتە زاغرىسىنى ئۆستەڭ سۈيىدە يۇمشىتىپ يەۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىككى سائەتتەك ئوقۇپ قايتىپ كېلەتتى. ئۇ كەلگۈچە ھويلىنىڭ پېشايۋىنىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان پوق ـ سۈيدۈك تولغان كۆلتۈك، شۆمەك، مىلىشلاپ كەتكەن لاتا ـ پاتا، ئىشتان ـ پايپاقلار، بۆشۈكنىڭ قول ـ پۇت تارتقۇلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرغان بولاتتى. ئۇ ھەممىنى يۇيۇپ، ئاپتاپقا قاقلاپ، شاخلارغا يېيىپ، ئاندىن ھويلىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى لاپاس ئاستىغا كېلەتتى ۋە قاتارىسىغا كەتكەن ئېغىل ـ قوتانلاردىكى قىغنى چىقىراتتى. ئۆمەر ئالدىراپ ئىشلەپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ قالاتتى، بولۇپمۇ ئۇنى قورساق ئاچلىقى ھالىدىن كەتكۈزەتتى. بەزىدە ئۇ ئېلاخۇن ئاكىسىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، بىرەر زاغرا ياكى پۇچۇق كاكچىغا ئېرىشەتتى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆمەردىن چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلار ئېلاخۇن خەلپىتىمگە قارىغاندا ئىنسابلىق ئىدى.

ئۇ ھويلا ـ ئاراندىكى سۈپۈرۈش، تازىلاش، يۇيۇش، ئادالاش ئىشلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشلەپ تۈگىتىپ، ئاندىن مەرىشىۋاتقان قوي ـ ئۆچكىلەر بىلەن ئېشەك ۋە كالىلارنى قورۇدىن ھەيدەپ چىقىپ، يەنە شىڭلۇجى جاڭگىلىغا قاراپ ماڭاتتى. ماللار جاڭگالدا تاتلىق ئوتلارنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ يالمايتتى. ئۆمەر يەنىلا قۇرۇق شاخلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى پۇتايتتى ۋە سەيلەيتتى، ئاندىن چىغدا باغلىق ئېشىپ باغلايتتى. ئۇ يىغقان ئوتۇننى بىرەر ـ ئىككى ئايدا بىر

قېتىم شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، باغئىرىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى بىلەن كىتاب ـ دەپتەر ھەققىگە پۇل تەييارلايتتى. ئۇ ئوتۇننى گومىنداڭ چېرىكلىرىگە ساتاتتى. ئۇلار ئوتۇنلارنى جىڭلاپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەتتى. خەتنى كۆتۈرۈپ بارسا، ئۇيغۇر مالىيە خادىملىرى: «خەتنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ كەل» دەپ تۇرۇۋالاتتى. شەھەرنىڭ دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرىدىغان پۈتۈكچىلەر خەتكە بىرلا قاراپ، خۇددى ئالتۇن خەزىنىسىنىڭ تىلسىملىق ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدىغاندەك قىلىشىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ: «پاھ، پاھ، پاھ» دېيىشىپ، ئوتۇن ساتقان پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ خەتلەرنى تەرجىمە قىلىشىپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۆمەر ئىچىدە ئۇلارنى مىڭنى تىللاپ: «خەپ، مۇشۇ خەنزۇچە خەت دېگەننى ئىجىر ـ مىجىرىغىچە ئۆگەنمىسەم !» دەپ غەزەپلىنىپ كېتەتتى.

ئۆمەر گۆگۈم بىلەن قايتىپ كېلىپ، ماللارنى ئەمدىلا ئېغىلغا سولاپ تۇرۇشىغا، ئېلاخۇن خەلپىتىمىنىڭ بالىلىرى كېلىپ: «ساۋاق ئالغىلى كىرىلى، بولمىسا دادام ئۇرىدۇ...» دەپ ئۇنى باشلاپ كېتەتتى. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ھېچقانداق ساۋاق قۇلىقىغا كىرمىگەن ئۆمەر پات ـ پاتلا ئەسنەيتتى، كۆزلىرى ئېلىشاتتى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئېلاخۇن خەلپىتىم ئىككى غېرىچتەك ئۇزۇنلۇقتىكى پارقىراپ كەتكەن پالاقتا ئۇنىڭ ئالقىنىغا ئۇراتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى نىسابىبى يېتىش ئالدىدا بەش ئايلىق بولغان بوۋىقىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولۇپ، چىڭقىلىپ كەتكەن ئەمچىكىنىڭ توپچىسىنى بوۋاقنىڭ چىشسىز قىپقىزىل ئاغزىغا تىقتى. ئېلاخۇن خەلپىتىم خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ئەمدىلا يوتقانغا كىرىۋىدى، نىسابىبى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئېرىگە قارىدى:

ـــ دادىسى، ئۆمەرنى مەكتەپتە ئوقۇتمىساقمىكىن دەپ ئويلاپ

قالدىم.

— قانداق دەيسىلە، خوتۇن؟

— ئۇ مەكتەپنى باھانە قىلىپ، ئىشنى ئوبدان قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ قايسى ئىشى پىسەنتىڭلاغا سىغمىدى؟

— بالىنىڭ يوق لاتىلىرىدىكى ساپسېرىق داغلار چىقماپتۇ.

خوتۇنىنىڭ گېپى گەجگىسىنى سەل قورۇدى بولغاي، ئىبلاخۇن خەلپىتىم يوتقاننى مورىسىگە تارتىپ، ئىسابىبىگە ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى. ئەسلىدىمۇ ئوغۇل بالىغا چىنە - قاچا، كىر - قات، لاتا - پىتە يۇغۇزۇش جايىز ئەمەس ئىدى. بۇنى ئىسابىبىدەك ئايىنىڭ ئەركە قىزىغا چۈشەندۇرۇش ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالغاندەك قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولاتتى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان قارا بۇلۇت چاقماقسىز ئۆتۈپ كەتمەيتتى. ساھىبىگمۇ ئاق - قارىنى، ئەركەك - چىشىسىنى ئايرىمايلا قامچىسىغا تۇكۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا، بۇ قانجۇق بۆرىنىڭ توكىنى يېتىشىغا سىلاپ، ئۇنى ئاچچىقلاتماسلىق ئەڭ ئاقىلانىلىك ھېسابلىناتتى.

— خوتۇن، — دېدى ئىبلاخۇن سىلىققىنا غوڭشىپ، — دادام رەھمەتلىك دائىم: «ئۆمەر بالىلارنىڭ كەنجىسى، ئۇنى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتقىن. زامانىنىڭ رەپتارىغا قارىغاندا، شۇ ئەسقاتىدىغاندەك قىلىدۇ...» دەپ ماڭا نەچچە قېتىم ۋەسىيەت قىلغان. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىمانىم بىلەن ئەھدە قىلغانىدىم.

— ئەمىسە، دىندىن ساۋاق بېرىپ نېمە قىلىلا؟

— بىر دىنىي ئائىلىدە تۇرۇپ، ئىمانى سۇس مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، بۇنىڭ گۇناھى ئىككىمىزگە بولار! شۇنداق ئەمەسمۇ ئانىسى؟

— نېمىلا دېسەم گەپلىرى تەييار، — ئىسابىبى كالپۇكىنى ئۆرۈدى، — «ئەھدە قىلغان»، «گۇناھ بولىدۇ...» دەپ مىسىلداپ ئولتۇرسىلا، شۇنچە چوڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟

— خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ قىلغان ئەھدىدە تۇرماسلىق ئىپتىقۇسىز گۇناھتۇر. ئەڭ يامىنى، ئائىلىمىزنى پالاكەت باسىدۇ.

— ئەمىسە، ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلسىلا.

— ئۆمەر كىچىك بولغىنى بىلەن جىگەرلىك، كۆچتۈڭگۈر بالا بولدى. ئۇ ھەممە ئىشنى ئېپى - جېپى بىلەن قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتامدۇ؟...

چىن گەپنى قىلغاندا، ئېلاخۇن خەلپىتىم نىسابىبىنىڭ لەۋزىگە تۇنجى قېتىم توغرا تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ھەتتا ئۇ بۇ قېتىم كەنجى ئىنىسىنى ئۇنىڭ ئاش - تاماقتىن قىينىماسلىقى لازىملىقىنىمۇ ئىپتىماقچى بولدى - يۇ، ئەمما تىلىنى تىيىدى. خوتۇنىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشنىڭ (سىلىق - سىپايە بولسىمۇ) ئۆزىلا ئىپتىقۇسىز بىر مۆجىزە بولغاندى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتسە بولمايتتى، بولمىسا ئىش خېمىغا يېنىپ، نىسابىبى ئىشتان - كۆڭلەكنى سېلىپلا ئازمىغا سەكرەيتتى. ھەرھالدا ئېلاخۇن خەلپىتىم بىر چوقۇپ، ئۇچ قارىمىسا بولمايتتى. لېكىن، ئۇ تالىپلارغا، تالىپلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا بولسا سېخىي - ساخاۋەت، خەير - ئېھسان، ئۆشرە - زاكاتنىڭ ئۇ دۇنيالىق ساۋابى ھەققىدە سۆزلەپ، قۇرئان - ھەدىسلەردىن شۇنچىلىك دەلىللەرنى كەلتۈرەتتىكى، ئۇلار قوزىلىق قويلىرىنى، بىرەر تاغار ياڭاق، بىر - ئىككى تاغار ئاشلىقلىرىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپلا بېرىۋېتىشەتتى، بىراق خېلى بىر زامانلارغىچە يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ئاچچىق يۇتۇۋېلىشاتتى. شۇڭا، ئېلاخۇن خەلپىتىمنى خەقلەرنىڭ يۇمشاق قۇرت دېگىنى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نىسابىبىدەك كۆڭلى قارا، ئىچى تار، ئازازۇل خوتۇن بىلەن ياقىلاشماي، چاچلاشماي، ئېپى - جېپىدە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ ئاشۇ يۇمشاق قۇرۇتلۇقىنىڭ خاسىيىتىدىن ئىدى. بولمىسا ئۆمەرنىڭ ئوتتۇرا كېچىدە جاڭگالغا ئاچ قورساق

كېتىپ مال باقىدىغانلىقىدىن، چۈشتە پەيزاۋات ئۆستىڭگە شوڭغۇتۇپ يېگەن بىر زاغرا بىلەن هويلا ـ ئاران، سەينالارنى سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ، ئەخلەتنى توشۇيدىغانلىقىدىن، ئېغىللاردىن قىغ چىقىرىش، ئەدناسى بالىلارنىڭ لاتا ـ پىتىلىرىنى يۇيۇپ، كۆلتۈك ـ شۇمەكلىرىنى تازىلاپ، ئاپتاپقا قاقلاشتەك ئايىغى چىقماس ئىشلاردىن، تېخى كۈن قىڭغايغاندا جاڭگالغاماللارنى يەنە هەيدەپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. خەۋىرى يوق دېسە، ساراڭمۇ ئىشەنمەس! تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىن زاۋال قاراڭغۇلۇقىغىچە پوسۇرلاپ يۈرگەن ئاشۇ بىچارە بالىغا ئىسابىبى بىرەر قېتىم: «ماۋۇ بىر قاچا يوبدانىنى ئىچىۋال، مۇنۇ كاكچى ناننى تووراڭغا سېلىۋال» دەپ بېقىپتۇمۇ؟ تووا، بۇ دۇنيادا ئەجەب باغرى تاش ئادەملەر بار ـ هە! بىراق، بۇ رايىش بالا كۈندۈزى باغئېرىق مەكتىپىدە، كېچىسى ئۆيدە دىنىي دەرس ئوقۇغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا هەممە شالدىر ـ شاپىلاقنى يەلكىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئۆمەر پەقەت شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدا مال باققان چاغلىرىدىلا كۆڭلى شام چىراغدەك ۋىللىدە يورۇپ، قورساق خاپىلىقىنىمۇ ئۇنتۇيتتى. ئۆمەرنىڭ يۇسۇپ دەيدىغان بىر دېمەتلىك قويچى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلار تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ۋە كەچ تەرەپلەردە شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدا بىللە مال باقاتتى. يۇسۇپ بەكمۇ ئەقىللىك، چاققان، تېتىك بالا بولۇپ، ئۇ باغئېرىق مەھەللىسىدىكى سەلەي مىرابنىڭ قويچىسى ئىدى. ئەسلىدە يۇسۇپنىڭ دادىسىنى خېلىلاخۇن خارەت دېسە، راۋاچچى بەگلىكى بويىچە ئۇششاقمۇ چوڭ، پىششىقمۇ توڭنىڭ هەممىسى بىلەتتى. ئۇ بىر كۈنى چېرىكلەر هاشارغا تۇتۇپ كېلىپ، يېڭىشەهەر قوماندانلىق ئىشتابىدا ئۆي ياسىتىۋاتقاندا، ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا تول قالغان ئانا ئۈچ ياشلىق يۇسۇپنى قېيىنئاتىسى ئەمەر بوۋايغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى يېڭىسارغا ئەرگە تېگىپ كېتىپ قالدى. يۇسۇپ توققۇز

ياشقا كىرگەن يىلى ئەمەر بوۋاي پالەچ بولۇپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. باغئېرىق مەكتىپىنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان يۇسۇپ بوۋىسىنى بېقىش ھېسابىغا سەلەي مىرابقا ياللاندى. يۇسۇپنىڭ ئۇنىڭ قويلىرىنى بېقىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى.

يۇسۇپ سەلەي مىراب ئائىلىسىنىڭ قىسىپ بەرگەن ئاش - تاماق، نانلىرىدا بوۋىسىنى بېقىپ، ئۆزىنىڭ كەم قالغان قورسىقىنى سىرتتا تويغۇزاتتى، ئۇ كېچىلىرى تون كۆلەڭگىسىدەك چاققان، سىرلىق بولۇپ كېتەتتى. ئېرىق ئېچىلىرىدە يىلاندەك تېز يۈرۈپ، قوغۇنلۇقلاردىن بىر - ئىككى قوغۇن ئۈزۈپ چىقاتتى، ئۆگزىلەرگە مۈشۈكتەك لىككىدە سەكرەپ چىقىپ كاۋا، كاتەك ۋە كەپتارخانىلارغا چۈشۈپ توخۇ - كەپتەرلەرنى ئوغرىلاپ چىقاتتى، ئاندىن قۇم بارخىنى ئۈستىگە ياققان گۈلخان ئەتراپىدا ئوتسىنغاچ، ئىككى قويچى بالا كاۋىنىڭ بۆرنىنى ئويۇپ، ئىچىنى پاكىز تازىلايتتى، يۇڭدىلىنىپ ئىچ - باغرى ئېلىنغان كەپتەرگە ياكى توخۇ گۆشىگە توۋرىدىكى تۇزلۇق قاپاقتىن تۇز سۇيى سېپەتتى. يۇسۇپ بۇنداق ئىشلارنى تۇجۇپىلەپ قىلىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ كەپتەر ياكى توخۇنى كاۋا ئىچىگە سېلىپ، كاۋىنىڭ تومشۇقىنى قايتا بېكىتكەندىن كېيىن كاۋىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئىككى - ئۈچ يەرگە پىچاق ئۇرۇۋېتەتتى. بىر كۈنى ئۆمەر ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «بۇ پىچاق ئۇرغان يەرلەردىن كاۋىنىڭ زەرداپ سۈيى قۇمغا چىقىپ كېتىپ، كاۋا قۇرغاق ھەم مەززىلىك بولۇپ پىشىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى ۋە تامىقىنى چاكىلدىتىپ كەتتى. ئۇلار گۈلخان يېقىلغان يەرنى ياغاچتا كولاپ، ئۇ يەرگە كاۋىنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىپ قېلىشاتتى.

بۇ نېمەت ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ناشتىسىز كەلگەن قويچىلارنىڭ بىر ۋاقلىق مەززىلىك تامىقى بولاتتى، بولۇپمۇ كېچىچە مال باققاندا تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. بۇنداق ئىشلار

ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىر قېتىم ئۆمەر ھويلىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتەلمەي، ماللىرىنى كېچىكىپرەك ئەكەلدى. ئاغىنىسىنى يالغۇز قويۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان يۈسۈپ بىر ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىگە گۈلخان ياقتى. بۇ يەردىن ئوت يورۇقى ھەم ئايدىڭدا ماللارنىڭ نەدە ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— ئۆمەر ئاداش، قورسىقىڭ ئاچ ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئاغىنىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، — ئاكاڭ دېگەن خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىدا ناماز ئۆتەيدىغان تازا لاتا بىرنېمە ئىكەن - دە!

— مەن چۈشتە كىچىككىنە بىر زاغرىنى سۇغا چىلاپ يېگەنچە...

— ئەمىسە ماللار قۇملۇقتىن ئۆزاپ كونىئاۋات تەرەپكە پىتىراپ كەتمىسۇن، مەن ھېلىلا قايتىپ كېلىمەن.

يۈسۈپ ئېگىز قۇم بارخىنىدىن گويا يۇمىلىغاندەك چۈشۈپ كېتىپ قالدى. نىل رەڭلىك سۈزۈك ئاسماندا بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي كۆرۈندى. ئۇ شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدىكى تۈگە لوكىلىرىدەك ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرىنىڭ، قارىيىپ كۆرۈنگەن قېرى توغراق، قاقشال بەقەم، پاختا يۇلغۇنلار گىرەلىشىپ كەتكەن قويۇق چاتقاللىقلارنىڭ ئېنىق ئىزنالىرىنى سىزدى. ئېغىر پۇشۇلداپ ۋە پۇشقۇرۇپ ئوت يالماۋاتقان ئېشەكلەر ۋە كالىلارنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىلىرى ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا يېرىم - يارتا كۆرۈنسىمۇ، ياۋا قومۇشلار ئارىسىدىكى قويلار كۆرۈنمەي قالغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ پىرىسلىتىپ ئوت يەۋاتقان شەپىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر ئاغىنىسى يۈسۈپنىڭ كەنت تەرەپكە يۈزلىنىپ بارغانسېرى ئېرىپ يوقاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالدى. يۈسۈپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاچ - زېرىنلىكى

يەنە قاچانغىچە داۋام ئېتەتتىكىنتاڭ؟! ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. ئۆمەر قورساق خاپىلىقىدا بىر قېتىم ئاچىسى ئايىمخاننىڭ قېشىغا يىغلاپ بارغانىدى، ئۇ قاقشاپلا كەتتى:

— چىدا! ئاتا ـ ئانىڭ بولمىغاندىكىن، خەقنىڭ رايىغا باقىدىغان گەپ. مېنىڭمۇ سايەم بالىلىرىمدىن ئاشمايدۇ. خۇدايىم بىز دېھقان خەقنىڭ زۇۋۇلىسىنى ئەزەلدىن شۇنداق كىچىك ئۈزگەن ئوخشايدۇ. يەر ھەممەت قىلسا، قورساقنىڭ غېمىدىن ئاران چىقىمىز، بولمىسا بالىلىرىمىز يىلىڭ ـ يوپۇڭ، ئاچ ـ توق، مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك تىترىشىپ يۈرگەن. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن لېۋىڭنى چىشلە!

ئاچىسىنىڭ بۇنداق چالۋاقاپ كېتىشى «بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن بىرنېمە تەمە قىلما» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكىنى ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاكىسى ئېلاخۇن خەلپىتىمنىڭ نەچچە جىڭ، قانچە سەر كېلىشى ئۆمەرگە ئايان تۇرسا! ئوسمان بولسا تاغ ئارقىسىغا قېچىپ كەتتى. چوڭ ئاچىلىرى سىلىمخان، مەختۇمخانلارنىڭ ھال ـ كۈنى راھەتتە بولمىسىمۇ، ھەرھالدا قەدىر ئەھۋال ئىدى. بىراق، ئۇلار ئايىمخاندىن بەتتەر قاقشاپ كېتىشتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۆمەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا داد ئېيتىپ بارمايدىغان بولدى. كونىلار: «يادلىساڭ يېنىڭدا مەن، يادلىمىساڭ يەمەندە مەن» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ قېرىنداشلار بىر ـ بىرىنى ئىزدەشمەيدىغان بولۇشتى. شۇنداق بولغاچقا، يۈسۈپ ئۆمەر ئۈچۈن قېرىنداشتىنمۇ چارە ئىدى. «قېشىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقمىڭ شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىخىڭ شۇ» دېگەن گەپنى قايسى دانا دېگەنىدىكىن؟ ئەجەبمۇ ياخشى دەپتىكەن. مانا ئاغىنىسىنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى بىلگەن يۈسۈپ مۇشۇ كېچىدىمۇ يەنە كەنت ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھازىر قايسى باينىڭ ئۆگزىسىدە، تام، كاتەك، كەپتەرخانىلىرىدا تىمىسقىلاپ يۈرىدىكىن؟ ئوغرىلىقنىڭ گۇناھ ئىش، لېكىن ئەۋلىيا ـ

ئەنبىيالىرىمىز ھېلىمۇ ياخشى: «ئۆزى ئۆچۈن قىلىنمىغان ئوغرىلىق ئوغرىلىق ھېسابلانمايدۇ» دەپ خويمۇ بەلەن گەپ قىپتىكەن. شۇڭا، يۇسۇپنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىدىن يۈزى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۆمەر گۈلخانغا ئوتۇن تاشلىغاچ، ئاچچىق ۋە مەۋھۇم خىياللار ئىلكىگە چۆمۈپ ئولتۇرغىنىدا، يۇسۇپ كەنت تەرەپتىن بىر قولتۇقىدا كاۋا، يەنە بىر قولتۇقىدا قوغۇن قولتۇقلىغان ھالدا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئوڭۇشلۇق بولغان ئوغرىلىق ھاياجىنىدىن تىترىگەن ھالدا كاۋا بىلەن قوغۇننى قۇمغا قويدى، ئاندىن قوينىدىن پالاقشىۋاتقان بىر كۆك كەپتەرنى ئېلىپ، ئۆنى تېرە توۋرا ئىچىگە سالدى. ئۆمەر ئۇنىڭ قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچىدە: «ئەجەب قارام، باتۇر نېمە - دە، بۇ...» دەپ ئويلىدى. بۇ ئەسنادا يۇسۇپ پوتىسىنى يەرگە يېيىپ قوغۇننى تىلدى، ئاندىن توۋرىدىن بىر كاكچا ناننى ئالدى - دە، ئۆمەرگە سۇندى.

— بۇ كاكچا بىلەن قوغۇننى يەپ، قورساقنى پوملا! مەن كەپتەرنى ئۆلتۈرۈپ كاۋىنى تەييار قىلاي.

— بۇ... بۇ... بۇ... — ئۆمەر كاكچا نانغا تىكىلىپلا قالغانىدى، — كاكچا نانى نەدىن تاپتىڭ؟

— «ئۆزۈمنى يە، ئىگىسىنى سورىما» دېگەن گەپ بار، دەرھال يە! قارنىمنا قورسىقىڭنىڭ كورك‍ىرىشى مەشەگىچە ئاڭلىنىۋاتىدۇ. قېنى، گۈلخانغا ئوتۇن تاشلىۋەت!

يۇسۇپ كەپتەرنى بوغۇزلاپ يۇڭداپ، ئىچ - قارنىنى تازىلىغاچ، كاكچا ناننىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى. سەلەي مىراب ئەمەر بوۋاي بىلەن يۇسۇپكە ئەتىگەندە ئىككى، چۈشتە ئىككى زاغرا، كەچتە ئىككى ئاياق ئۇماچ كىرگۈزۈپ بېرەتتى. يۇسۇپ ئىلاج بار بوۋىسىغا كۆپرەك يېگۈزەتتى، ئىچۈرەتتى. بوۋاي ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، ئۆزىنىڭ سىرتتا يېگەن نەرسىلىرىنى ساناپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى

تىندۇراتتى. لېكىن، كېچىلىرى قورسىقى ئېچىپ، تولغىنىپ ياتالمايتتى. بوۋايمۇ تاڭ ئاتقۇچە «ئاھ ـ ئۇھ» قىلىپ ئىڭراپ چىقاتتى. شۇڭا، بىر كۈنى كېچىسى يۇسۇپ ئۆزۈن يۇلغۇن تايىقىنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ بىگىز دەك قىلغاندىن كېيىن سەلەي مىرابنىڭ نان، ئاشلىق، قۇرۇق يەل ـ يېمىش قويىدىغان قازنىقىنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقتى. ئۇ تۈڭلۈكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ، تورۇس لىمىغا ئېسىلىپ تۇرغان تاختىيېشىدىكى كاكچا، مايلىق توقاچلارنى، سېۋەتتىكى ساپسېرىق زاغىرىلارنى ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆردى. ماننا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قازناقتىن ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۇلغۇن تايىقىغا سانجىپ بىرقانچە كاكچا ۋە زاغرا ئېلىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە قوشۇمچە قىلىپ يەيدىغان بولدى.

— بۇ ئىشنى سەلەي مىراب بىلىپ قالسا، — دېدى ئۆمەر قوغۇن يەۋېتىپ، — بوۋاي بىلەن سېنى ھويلىدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ، ئۇ بەك قارا كۆڭۈل، قارىبىس[①] ئادەم.

— مەنمۇ چانمىغۇدەك ئىش قىلمىمەن ـ دە، — يۇسۇپ كاۋىنىڭ لەشلىرىنى ئېلىۋېتىپ كۈلۈپ قويدى، — بولمىسا ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينايدۇ بولۇپ قالمامدۇ؟

— يۇسۇپ، — ئۆمەر بىر تىلىم قوغۇننى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ ئەجەب تاتلىق قوغۇن ئىكەن، كىمنىڭ قوغۇنلۇقىدىن ئالدىڭ؟

— كاۋا بىلەن قوغۇننى ئايمەختۇمنىڭ قوغۇنلۇقىدىن ئالدىم.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ كاززاپنىڭ قوغۇنلۇقىنى باقىدىغان بىر نەچچە يامان ئىتى بار دەۋاتاتتى، بەك قاراملىق قىپسەن جۇمۇ.

— قورساق خاپىلىقى، بوۋامنىڭ كېسىلى مېنى ھەر

---

① قارىبىس — قارام، تەۋەككۈلچى، قارا نىيەت.

كويلارغا سالدى، — دېدى يۈسۈپ ئېغىر تىنىپ، — مەن ھەر قېتىم بىرەر يېمەكلىك ئوغرىلىغىنىمدا يالاندەك تىۋىشسىز، مۈشۈكتەك شەپىسىز، قارىغۇ ياپىلاقتەك ئاۋازسىز ھەرىكەت قىلىمەن.

— قورقمامسەن؟

— «قورققان يەردە جىن بار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ قورقساڭلا چوقۇم ئىشنى بۇزىسەن، بۇنداق ئىش چاققان، چەبدەس بولۇشنى، تېز ۋە ئۆتكۈر ئەقىلنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئون ئىككى ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بۇ بالىلارنىڭ بوي تۇرقى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، كۆزلىرى مۆلايىم، لەۋ سىزىقلىرى ئېنىق كەلگەن ئۆمەر يۈسۈپكە قارىغاندا ئورۇقراق ھەم ئېگىزرەك كۆرۈنەتتى. يۈسۈپنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا بىر كۈلكە ھەمراھ بولۇپ، ئۇ داۋاملىق كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ دىقماقراق كەلگەن بەستى يېنىك ۋە چاققان ئىدى.

ئاي شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدىكى ئېگىز توغراق ئۇستىگە قونغاندا، ئۇلار ئىچكە كەپتەر گۆشى سېلىنغان كاۋىنى قىزىق قومغا كۆمدى ـ دە، ماللىرىنى ھەيدەپ كەنتكە قايتىشتى. ئۆمەر ئېشەك، كاللارنى ئېغىللىرىغا، قوي ـ ئۆچكىلەرنى قوتانغا سولىغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىردى. ئۇ چىنە ـ قاچىلار تەكچىسىدىكى ئاياقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئوچاق بېشىغا قويدى. ئۇماچ ئۇيۇپ قالغان بولسىمۇ، قورساق ئاچلىقىدا ئۇنىڭغا خۇددى ھالۋىدەك تېتىدى. ئۇ ئۇماچنى قوشۇقتا ئويۇپ ئېلىپ راسا يەۋەتقاندا، ئېلاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئون ياشلىق قىزى چىمەنگۈل يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئۆمەر ئاكا، كەچلىك ساۋاققا ھەممىمىز يىغىلىپ بولدۇق، — دېدى چىمەنگۈل ئۆمەرنىڭ قولىدىن تارتىپ، — تېز بوله، كېچىكىپ قالساڭ، دادامدىن تىل ئىشىتىسەن.

ئېلاخۇن خەلپىتىم كۈندۈزى ئۆزى بويلۇق بولغان

تالىپلارغا دەرس بېرىشتىن سىرت، كەچتە يەنە يەتتە ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە بولغان ئوندەك بالىغا دەرس بېرەتتى. بۇ بالىلار مەھەللىدىكى بايلارنىڭ ئەركە ـ نايناقلىرى ۋە كۆكەرمىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەرقانچە شوخلۇق قىلىپ، توپا ـ توزان كۆتۈرسىمۇ، ئېلاخۇن خەلپىتىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى. پەقەت ئۆمەر ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىنىلا پالاقتا ئۇرالايتتى، «بەتبەخت، ھارامزادە، ھۇ نائەھلى...» دەپ تىللىيالايتتى.

ئۆمەر مېھمانخانا ئۆينىڭ گىلەم سېلىنغان سۇپىسىغا چىققاندا، ئوندەك بالا ئۇ يەردە تىزلانغان ھالەتتە بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئىككى قات كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئېلاخۇن خەلپىتىم ئۆمەرگە دەھشەتلىك بىر ئالايغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ، كانىيىنى رۇسلىدى. ئۇ دەرسكە داۋاملىق كېچىكىپ كىرىدىغان ئۆمەرنى بىرەر باھانە تېپىپ جازالىماقچى بولغانىدى، شۇڭا سارغۇچ ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بوز قارىچۇقلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قادىدى.

— سەن، — ئېلاخۇن بىگىز قولىنى جونۇدى، — ئىسلام ئەخلاقىمىزدىكى پەزىلەت نەمۇنىلىرى شەرھلەنگەن «نامى ھەق» رىسالىسىدىكى بېيىتنى يادقا ئوقۇپ بەر!

«نامى ھەق»تىكى بۇ بېيىت تېخى تۈنۈگۈن ئاخشامقى دەرستىلا دەپتەرلەرگە يازدۇرۇلغانىدى. «بىر كۈن كەچكىچە ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىگەن ئۆمەر بۇ بېيىتنى يادلاپ بولالمىدى» دەپ ئويلىغان ئېلاخۇن خەلپىتىم ئۇنىڭدىن قەستەن سورىغانىدى. بىراق، ھەرقانداق سۇرە، ئىبرەتلىك ھېكايەت ۋە بېيىتلارنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپلا يادلىۋالىدىغان ئۆمەر ئۇ بېيىتنى ھېچ تەمتىرىمەي، سىلىق ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى:

... نامى ھەق بەر زەبانى ھەمرانەم،
كە بىجانۇ دىلكەش ھەمىي خانەم.

مالۇكۇ سانىئۇ قەدىمۇ ھەكىم،
خالىقۇ رازىقۇرەغەفۇرۇر - رەھىم.
ھەرچە ھەستى ئەز بەلەند پەستى،
ھەم زى يابەد سۇرەتى ھەستى.

ئۆمەرنىڭ بېيىتنى تەمتىرىمەي، دۇدۇقلىماي قائىدىگە سېلىپ ئوقۇشى ئېلاخۇن خەلپىتىمنى تونجۇقتۇرۇپ قويدى. ئۆمەرنى جازالاش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان خەلپىتىمنىڭ چالمىسى سوغا چىلاشقاندى. لېكىن، ئۆمەرنىڭ ئويلاشماي قىلىپ قويغان بىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ چاڭقاپ تۇرغان جازالاش خۇمارىنى قاندۇردى.

— ئۆزۈمچە، — ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرمەي پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — بۇ بېيىتنى يەشمە قىلىپ باقاي: «سېنىڭ سۇرىتىڭ ئادەمگە ئوخشىغىنىنى بىلەن قىلمىشىڭ ھايۋاننىڭكىدىنمۇ بەتتەردۇر...»

— ئەبلەخ!

«قارس» قىلغان بىر كاچاتتىن ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ئەتراپ قىپقىزىللىق ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ كەتتى. سۆزى ئاياغلاشمايلا تەگكەن بۇ تەستەك ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويغانىدى.

— سەن تېخى ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرىمىزنىڭ، دانا - دانىشلىرىمىزنىڭ، موللا - مۇنەججىملىرىمىزنىڭ دۇرى - گۆھەرلىرىنى يەشمە قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — ئېلاخۇن خەلپىتىمنىڭ كۆزلىرىدىن چېقىن چىقىۋاتاتتى، — بىلىپ قوي، بۇ چوڭ گۇناھ، بىلمەسەن، بۇ دېگەن گۇناھى كەبىر[1]... توۋا قىل، مىڭ توۋا قىل، توۋا ئىستىغپار ئوقۇ! ...

ئېلاخۇن خەلپىتىم قۇرئاننى يادا قىرائەت قىلالىغىنى

[1] گۇناھى كەبىر — ئەڭ چوڭ گۇناھ.

بىلەن، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئۆزى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى قۇرئاندىكى سۈرە ۋە ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىنى يېشىشنى گۇناھ دەپ بىلەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ دەرس ئۆتكەندە يەشمىسىنى دېمەيتتى، باشقىلارنىمۇ دېگۈزمەيتتى، سورىغىلىمۇ قويمايتتى. ئۇ «كۆزۈڭنى چوقۇيمەن» دېگەندەك، ئۆمەرگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى. مۇشۇ دېمەتلىك بولغۇچە ئاتا - ئانىسى ياكى باشقىلار تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغان ئۆمەرگە قاتتىق ئۇرۇلغان بۇ كاچات بەكمۇ ئېغىر كەلدى، باللار ئالدىدا ھارسىندى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىپ، يۈرىكى ئەلەمدە زېدە بولدى. شۇڭا، ئۇ مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن ئاكىسىغا، ياق، ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىگە، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادالدى. ئۇ شۇنچە دەھشەتلىك تىكىلىپ تۇرۇۋالدىكى، ھەتتا كۆز قارىچۇقلىرى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئەمما، كۆز ياشلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ھالەتتىن ئېلاخۇن خەلپىتىم بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. يەنە گەپ قىلسا، بۇ بالا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆپپىدە ئېسىلىپ ۋە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ غەزەپ ۋە ئەلەمگە چىدىمىغان ئۆسمۈرنىڭ تۈنجى قارشىلىقى ئىدى.

# ئىككىنچى باب

## يېتىم قىزنىڭ ھەسرىتى

ئاي يېتىشى بىلەن شىگىلۇجى جاڭگاللىقىنى قوتاز قۇيرۇقىدەك قارا قاراڭغۇلۇق باستى، ئەمما گۇلخاندا يېنىۋاتقان توغراق كۆتىكىنىڭ ئاجىز يورۇقى قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى دەردمەن بالىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر ئاكىسىنىڭ ئۇرغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىۋىدى، يۇسۇپمۇ تەڭ ياش تۆكتى. ئون ئىككى ياشلىق بۇ باللار ياشقا تولغان غۇبارسىز كۆزلىرىنى جاڭگالنىڭ قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ئۇزاق تامانلىرىغا تىكتى، ئۇلار بالايىئاپەتلىك بۇ دۇنياغا بىھۇدە تۆرىلىپ قالغانلىقلىرىغا چىن كۆڭلىدىن ئېچىنىشىۋاتاتتى.

— ئۆمەر، — دېدى يۇسۇپ مۇشتىدا كۆزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — مەن بوۋام ئۈچۈنلا ھەممىگە چىداپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر بىر كۈنلەر كېلىپ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بۇ يەرلەردىن بېشىمنى ئېلىپ كېتىمەن.

— نەگە كېتىسەن؟

— تاغ ئارقىسىغا.

— ئەمىسە بىللە كېتەيلى، بولامدۇ؟

— سەن ئوقۇشۇڭغا كۆز قىيالمايسەن.

— خورلۇقتا ياشاپ ئالىم بولغۇچە، ئەركىنلىكتە يايراپ قاراقچى بولغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ...

— راست دەيسەن، بىزدەك يېتىم ئوغلاقلارغا ئوقۇشنى كىم

قويۇپتۇ؟!

— ئەمىسە كېلىشتۇق، — ئۆمەر قولىنى كۆكسىگە قويدى، — ئەزبىرايى خۇدا!

— ئەزبىرايى خۇدا!

بۇ بالىلار قەسەم قىلىشقان ئاشۇ سەھەرلىكتىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يورۇق، چىرايلىرى قانداقتۇر ئىشەنچتىن نۇرلانغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ ئىشەنچ يۈرەككە مادار، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلىدىغان سەمىمىي دوستلۇقنىڭ سېھرىي كۈچى ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئىككى دوست زادىلا ئايرىلمىدى.

زىمىستان قىش كېتىپ، شىڭلۇجى جاڭگاللىقى قايتىدىن يېشىل لىباسقا پۈركەندى. ئۆمەر بىلەن يۈسۈپنىڭ ئەتىسى ـ ئاخشىمى بولىدىغان مۇڭدىشىشلىرى زادىلا توختاپ قالمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ماللىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىچەركىشىپ كەتتى بولغاي، قوشۇلۇپ ئوتلىشاتتى، كەچتە قوتانلىرىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشاتتى.

بىر كۈنى سەھەرلىكى يۈسۈپ ماللىرىنى ئەكەلمىدى. ئۆمەر ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئۈمىدلەنگەن بولسىمۇ، بىراق قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. «ئۇنىڭ بوۋىسى ئاغرىپ قالغانمىدۇ ياكى تۇڭلۇكتىن نان ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر پېشكەللىككە يولۇقتىمۇ؟ سەلەي مىراب بوۋىسى بىلەن ئىككىسىنى قوغلىۋەتمىگەندۇ ـ ھە!» دېگەندەك ئەنسىز خىياللار ئۆمەرنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالدى. ئۇ قانداق قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىدا، قانداقتۇر بىر قىزنىڭ ئېگىز قۇم بارخىنى ئارقىسىدىن ئاڭلانغان بەكمۇ مۇڭلۇق، زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى ئۆمەرنىڭ خىياللىرىنى قاياققىدۇر توزۇتۇۋەتتى:

روزىلەم دەيمۇ سېنى،
قوزىلەم دەيمۇ سېنى،

باغدا باققان پاقلىنىم دەپ،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى.
ئاللا، ئاللا، روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم...

ئۆمەر قىلىن ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە چاتقاللىقلارنى قايرىپ، ئالدىدىكى ئېگىز قۇم بارخىنىغا ياماشتى. ئەتراپى ھەر خىل ئوت ـ گىياھ، چاتقال ۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان ياۋا قومۇشلۇق ئىچىدە ئون ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز ئۆچكە ـ قويلارنى باققاچ، ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ياغاق شۆپۈكى سۈيىدە بويالغان سۇس قىزغۇچ ماتا كۆڭلەكلىك، رومىلىنى چېكىلەپ چىگكەن، ئوشۇقلىرىغىچە چۇشۇپ تۇرغان دەمبىزە تامبىلىنىڭ پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋالغان بۇ قىز قولىدىكى تايىقىنى ھاۋادا شىلتىپ قوي ـ ئۆچكىلەرنى ھەيدىگەچ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

روزىلەم ئوبدان بالا،
ئوڭ مەڭزىدە خالى بار.
روزىلەمگە شەرەت قىلسام،
زەپمۇ تاتلىق نازى بار...
ئاللا، ئاللا، روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم...

— ھارماڭ! ...
ئۆز ناخشىسىنىڭ مۇڭلىرىغا قېتىلىپ كەتكەن قىز قۇملارنى شۇرقىرىتىپ پەسكە چۇشۇپ كېلىۋاتقان بويى ئۆسكىلەك بالىغا چۆچۈپ قارىدى. ئۇ ھودۇقتىمۇ ياكى ئىزا تارتتىمۇ، ئىشقىلىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. قىزنىڭ تومبۇلاق لەۋلىرى، يۇمىلاق يۈزى تاتىراڭغۇ بولۇپ، ماڭلاي چاچلىرى

ئاريسىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىدا ھال رەڭدە ۋىلىلدايتتى. يەرگە باققان قارا كۆزلىرى ئۇنى بەكمۇ ئوماق كۆرسىتەتتى، لېكىن چىۋىق تۇتقان قوللىرى زاغرا ناندەك يىرىك ئىدى.

— غەزەلنى بەك ئوبدان ئېيتىدىكەنسىز...

— زاڭلىق قىلمىسىلا ئۇنداق، ئادەم خاپا بوتكەن①، — دېدى قىز ۋىلىققىدە كۈلۈپ، — ئۆزلىرىمۇ قوي باققىلى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، مەن باغئېرىق مەھەللىسىدىن، ئىسمىم ئۆمەر، سىزچۇ؟

— مەن ياقۇمدىن، ياقۇملۇقلار مېنى «ئاسىمگۈل غەزەل» دېيىشىدۇ.

— راست، ئۇلار «غەزەل» دەپ ياخشى ئات قويۇپتۇ. غەزەلنى بەك غېرىب ئېيتىدىكەنسىز.

— غەزەل ئېيتسامىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئانام بىلەن دادام خەتمگە كېلىۋېلىپ، يىغلاپ سالىمەن، — ئۇ ئىنتايىن مەيۈس، ئۇمىدسىز كۆزلىرىنى ئۆمەرگە تىكتى.

— شۇڭا، مەنمۇ، — دېدى ئۆمەر قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ، — ئابايا يىغلاپ سالغىلى تاسلا قالدىم.

— ئادەمنى كولدۇرلاتمىسىلا.

— چىنپىششىق.

ئۆمەر گەرچە ئون ئۈچ ياشلاردا بولسىمۇ، بويى ئۆسكىلەڭ، سۈيىكى چىرايلىق، بوي ـ بەستى قاملاشقان سىياقىنى كۆرگەن ئاسىمگۈل ئۇنى ھۆرمەتلەپ «سىلى، ئۆزلىرى» دەپ سۆزلىدى. شۇڭا، ئۆمەر قىزنى باشلاپ، ئوتى ئۆچۈپ قالاي دېگەن گۈلخاننىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئۇلار يۇمشاق قۇمدىلا ئولتۇرۇشتى. ئاسىمگۈل يەر بېقىپ جىمىپ كەتتى. ئۇ گەرچە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى

---

① خاپا بوتكەن — ئىزا تارتىدىكەن.

كەلگۈدەك ئوماق قىز بولسىمۇ، چىرايى تاتىراڭغۇ بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۆمەر ئاسىمگۈلنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن، مىسكىن چىرايىدىن، بىر چېكىتكە تىكىلىپ ئولتۇرۇشى ھەم ئېغىر خورسىنىپ قويۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئىدىش دەرد باردەك ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاسىمگۈل، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ سەل تاتىرىپ قاپسىز.

— ياق، — قىز ئۆمەرگە لەپپىدە قاراپ، كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، — ھېچنېمە بولمىدىم... پەقەت...

— پەقەت دەيسىزغۇ، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇيا؟

— قورسىقىم، — ئاسىمگۈل ئۇنىڭغا يەنە لەپپىدە قاراپ، يۈزىنى ئەپقاچتى، — مەن... مەن... تۈنۈگۈن كەچتە سۇ قايناقتا يېرىم زاغرا چىلاپ يېگەنچە...

— نېمە، تۈنۈگۈن كەچتە يېگەنچە، — ئۆمەر ئورنىدىن تۇردى، — بالدۇرراق دېسىڭىز بولمامدۇ؟

ئۆمەر يۈلغۈن شېخىغا ئېسىپ قويغان توۋرىنى ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن يېرىمدىن چوڭراق كاۋا ۋە كەپتەر گۆشىنى ئالدى، ئاندىن كاۋىدىن چوڭ بىر كېسىم كېسىپ قىزغا تۇتقۇزدى، كەپتەر گۆشىنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— قېنى، تارتىنماي يەڭ ! — دېدى ئۆمەر پىچىقنى قىزغا تۇتقۇزۇپ، — بۇ كاۋا بىلەن كەپتەر گۆشىنى ئاغىنەم يوسۇپكە ئېلىپ قويغان. ئۇ نېمە بولدىكىن، بۈگۈن كېلەلمىدى.

— ئۇ ئاغىنىلىرىمۇ مەشەدە مال باقامدۇ؟

— شۇنداق، بىر باينىڭ مالىنى.

— سىلىچۇ؟

— مەن ئاكامنىڭ مالىنى.

— نېمە، ۋاي خۇدايىم، مەنمۇ ئاچامنىڭ دېدىكى...

— ئەمىسە ئىككىمىز بىر پىيلەكنىڭ سويمىلىرىكەنمىز...
ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈەتتى.

— ئەمىسە، بۇ كاۋا بىلەن كەپتەر گۆشىنى كىم بەردى؟ — ھەيرانلىق ئىلكىدە قىزنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — كاۋا ئەجەب تاتلىقكەن، كەپتەر گۆشىمۇ شۇنداق تېتىدى.

— كاۋا، قوغۇنلارنى يازدا، كۈزدە ئېتىمىز، ئۈگزە ۋە باراڭلاردىن، ھازىرقىدەك چاغلاردا قازناقلاردىن ئالىمىز؛ كەپتەر، توخۇلارنى كاتەك، كەپتەرخانىلاردىن ئاچىقىمىز.

— ئىگىلىرىدىن سورىمامسىلەر؟

— سورايمىز، كاۋا، قوغۇنلارنى پىيلەك، باراڭ، قازناقلاردىن؛ توخۇ، كەپتەرلەرنى كاتەك، كەپتەرخانىلاردىن سورايمىز. ئۇلارمۇ مەردلىك بىلەن بېرىۋېتىدۇ.

بىرەر دەقىقە تېڭىرقاپ قالغان قىز بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز، ئېڭەك، مەڭزىلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ساپسېرىق كاۋا يۇقۇندىلىرىغا قاراپ، ئۆمەر كۈلۈشۈەتتى.

— مەن ئۇقتۇم... راستلا ھەممىنى ئۇقتۇم... ھا ـ ھا ـ ھا... — قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، — بۇ... بۇ... تازا قىزىقكەن، سىلى ئاغىنىلىرى بىلەن يوغانچى غوجاملارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەنلا... ئەگەر، ماقۇل بولساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قېتىلاي ! ...

خەيرىيەتكى، بۇ يەرلەردە پۈتۈن بىر قىش جەريانىدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىمدەكلا قار ياغىدۇ، لېكىن يەرگە چۈشەر ـ چۈشمەيلا ئېرىپ يوقايدۇ. بىراق، قارا سوغۇق بولىدۇ. شۇڭا، مالچىلار قىش كۈنلىرىمۇ ماللىرىنى جاڭگالغا ئەكىلىپ، قۇرۇق ئوت ـ خەس، تۆكۈلگەن ياپراقلار بىلەن بېقىشىۋېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ تۈن نىسپى بىلەن سەلەي مىراب، ئېلاخۇن خەلپىتىمگە ئوخشاش يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان غوجاملارنىڭ قازناقلىرىغا ئارغامچا بىلەن چۈشۈپ، ئىگىسى بىلەلمىگۈدەك قىلىپ كاۋا، قوغۇن، نان

دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلاپ چىقاتتى. بىر قېتىم ئۇلار پەيزاۋات مەھەللىسىدىكى قامچىسىدىن قان تامىدىغان ئەلەمشىر يۈزبېگىنىڭ بېغى تەرەپتىكى تامغا يامىشىپ، ئامبارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. ئۆمەر يۈسۈپنى ئارغامچا بىلەن ساڭگىلىتىپ ئامبارغا چۈشۈردى. يۈسۈپ ئۈيلىمىغان يەردىن ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا رەتلىك تىزىلغان پوستەكلىك باش قوناقلارنى كۆرۈپ قالدى. بىراق، ھەممىلا پوستەكنىڭ ئۈچ تەرىپى باغلانغانىدى. ھەيران بولغان يۈسۈپ بىرنەچچە پوستەكنى ئېلىپ ئېچىپ كۆرۈۋىدى، بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر تالدىن، بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىككى تالدىن ئەششاپتۇل چىقتى. بۇ شاپتۇللار ھازىرلا شېخىدىن ئۈزۈۋېلىنغاندەك چىڭ ۋە يېڭى ئىدى. شۇندىلا ئۇ ئەلەمشىر يۈزبېگىنىڭ باش قوناقنىڭ پوستى ئىچىدە شاپتۇل ساقلاپ، تا ئەتىيازغىچە يېڭى مېۋە يەيدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

ئۆمەر بۇ چاغقىچە كۆڭلىنىڭ پىنھان يەرلىرىدە خۇپىيانە تۇتۇپ كەلگەن سىرلىرىنى قىزغا بىراقلا تۆكۈۋەتتى. بولمىسا ئۇنىڭ ئاغزى داتلاشقان قۇلۇپتەك خېلىلا چىڭ ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىنى بۇنداق يېڭىياچە قىزنىڭ ئالدىدا تۆككۈسى كېلىپ قالدىكىنتاڭ؟ بۇنى ياراتقان ئىگىسى بىلمىسە، بەندە بىلىپ بولمايتتى. ئېھتىمال ئاسىمگۈلنىڭ خۇددى ئېچىلىق تۇرغان خاتىرىدەك چېھرى، كۆزلىرىدىكى سەممىيلىك، «مېنىڭمۇ سىلەرگە قېتىلغۇم كېلىۋاتىدۇ...» دېگەندە، ئايان بولغان تۇز كۆڭلى ئۆمەرنىڭ يۈرىكىدە ئىشەنچ ئاپىرىدە قىلغاندۇ. دېمىسىمۇ، ئاسىمگۈلنىڭ بۇ مۇلايىم، ياۋاش، مىسكىن ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ كېتەتتى.

ئاسىمگۈل دادىسى ھارۋا ئەپقېچىپ، ئات ئايىغىدا ئۆلگەندە سەككىز ياشتا ئىدى. گۆھەرخان ئانا ئۈچ قىزنى تۇمشۇقىدا يەر تىرەپ دېگۈدەك چوڭ قىلىپ، ئىككى چوڭ قىزىنى ياتلىق قىلىۋەتتى. ئاسىمگۈل ئون بىر ياشقا تولغان بۇلتۇر كۈزدە

گۆھەرخان ئانىمۇ خاماندا قوناق سوقۇۋاتقان يېرىدە يىقىلىپ، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس پالەچ بولۇپ قالدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ھالى بوشاپ كەتتى. ئۇ ئىككى قىزىنى چاقىرتىپ، ئاسىمگۈلنى چوڭ قىزى سائادەتخانغا تاپشۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئاسىمگۈل ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئاي ئارانلا چىدىدى. ئۇنىڭ ئېرى غوجالىم ئەللىكبېشى ئىنتايىن شەھۋەتپەرەس ئادەم بولۇپ، غۇنچىدەك بەركامال بولۇپ يېتىلىۋاتقان قېيىنسىڭلىسىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراشقا باشلىغانىدى. ئۇ كىر ـ قاتلارنى يۇيۇۋاتقان، بالا بېقىۋاتقان، ھويلا ـ ئارانلارنى تازىلاۋاتقان چاغلاردا يېنىغا كېلىۋېلىپ، ئەركىلەتكەن ئەلپازغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ساغرىلىرىنى سىلاپ، كۆكسىلىرىنى مۇجۇپ، يۇمران يۈزىگە ساقاللىرىنى سۈۋايتتى.

بىر كۈنى سائادەتخان مەھەللىدىكى بىر تويغا كېتىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتكەن غوجالىم ئەللىكبېشى ئاسىمگۈلنى دەس كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ ماڭدى. قىز دەھشەتلىك ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ، قاتتىق بۇلجۇنۇپ ۋە ئۇنى مورلاپ، ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ يۈگۈرە ـ يۈگۈرە ھاسىراپ ئىككىنچى ئاچىسى سالامەتخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاچىسى بولغان ئىشنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆرۈمسىز ئىدى. ئۆڭى قارىقۇمچاق، بۇرنى پاناقراق، ئېڭىكى ئۇچلۇق، يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەپكۈن بار بولۇپ، سېمىز كالپۇكلىرى دومسىيىپلا تۇراتتى. ئۇ ئەرگە تەگمەسنىڭ ئالدىدىلا ئاسىمگۈلگە ئۆچ ئىدى. «ئۇنىڭدىكى چىرايىنىڭ يېرىمى مەندە بولسىچۇ» دەپ قىستىغۇرلۇق قىلاتتى ھەم يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇنى ئۇراتتى ۋە دۆشكەلەيتتى. مانا ئەمدى ئاسىمگۈل ئۆيىدە تۇرسا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭمۇ شەيتىنى قوزغىلىپ قالماسمۇ؟ ئەر خەق دېگەن چىرايلىقنى كۆرسە شالۋاقلىرىنى ئېقىتىدىغان، كۆرسۇكقا كىرگەن ئىتتەكلا بىرنېمىلەر تۇرسا... تونۇردا قىزىرىپ پىشقان

توقاچىقا كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئەكتى① نەدە بار ئىكەن؟ بىراق، ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسە، ئۇ ئەمدى نەگە بارىدۇ؟

سالامەتخاننىڭ ئېرى تۇرامەت ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بەردەم دېھقان بولۇپ، تەبىئىتى ئېغىر، كەم سۆز ئادەم ئىدى. سالامەتخان ئىككىنچى بالىنى تۇغقاندىن بېرى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپ قالدى. ئەقەللىيسى ئېغىلدىكى ئىككى سېغىن ئۆچكە بىلەن ئۈچ ساغلىقنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى، ئۇلار كۇنبويى مەرەپ، قولاق - مېڭىنى يەپ كېتەتتى. ئەمدى بۇ قىز: «جېنىم ئاچا، قانداق ئىشىڭىز بولسا قىلاي» دەپ مىلىك يېرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتسا، ئۇنى «نەگە بارساڭ بار» دېگىلى بولامدۇ؟

— بولدى، سىڭلىم، يىغلىماڭ، مەشەدە قېلىپ ئاچىڭىزغا ھەمقان بولۇڭ!

تۇرامەت تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى. بۇ سالامەتخاننىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ قويدى. ئۇنىڭدا كۇنداشلىق پەيدا بولدى. شۇڭا، ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇنىڭ ئاسىمگۈلگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى. ئۆينىڭ كىر - قاتلىرى، بالىلارنىڭ پوق لاتا، سۈيدۈك ئىشتانلىرىنى يۇيۇش، ھويلا - ئارانلارنى تازىلاش، ئېتىزلاردىن قويلارغا ئوت ئېلىش، ئېغىللارنى تازىلاشتەك... ئېغىر ئىشلار ئاسىمگۈلنىڭ چىرايىنى پۇچۇلدۇرۇپ، ئۇنى سولاشتۇردى، ئەمما ئۇنىڭ روھىنى سۇندۇرالمىدى. چۈنكى، غوجالىم ئەللىكبېشىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ئالدىدا بۇ جاپا - مۇشەققەتلەر ھۆنىدىگە سۇندە بولالمايتتى. بىراق، سالامەتخان ئاسىمگۈلنىڭ ئۆي، ھويلا - ئارانلاردا بولۇشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئۇلۇشكۈن:

— ھەي ئاسىمگۈل، خەقلەرمىچۇ ماللىرىنى شىغلۇجى جاڭگاللىقىدا باقىدىكەن، سەنمۇ ماللارنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېقىپ، كەچتە بىر يۇدۇم ئوت - چۆپ ئالغاچ كەلگىن، — دەپ

① ئەكتى — ئەر كىشى.

بۆيرۆدى.

ئاسىمگۈلنىڭ يۈرەك يارىسىنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى بىلگەن ئۆمەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، دىلىنى خۇش قىلىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى ھەم ئاغىنىسى يۇسۇپ ئىككىسى ئۇنى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېگەندەك، ئاسىمگۈلنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۇ يېنىش ـ يېنىشلاپ رەھمەت ـ ھەشقاللا دەپ كەتتى.

شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدىن كۆن كۆتۈرۈلگەندە، ئۆمەر ئۆزى تەييار قىلىپ بەرگەن بىر قۇچاق ئوتنى ئاسىمگۈلنىڭ دۈمبىسىگە قودىماش قىلىپ ئەپلىك ئارتىپ قويدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ يىغقان ئوتۇننى يۈدۈپ كەتتكە قايتتى.

ئۆمەر چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىكى ئوقۇشىدىن قايتىپ، ھويلىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئىشلارنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ شاپۇر ـ شۇپۇر قىلىپ تاماملىدى ـ دە، ماللارنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ شىڭلۇجى جاڭگاللىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاسىمگۈل تۇنۇگۈن گۈلخان ياققان قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بىلەر ـ بىلمەس ئېگىلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قىزىرىشىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ئەسنادا يۇسۇپ ئۆزۈن قامچىسىنى قارسىلداتقىنىچە ماللىرىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى.

— ئاسىمگۈل، قارىغا! — ئۆمەر مۇرىسىگە توۋرا ئاسقان يۇسۇپنى ئىما قىلدى، — مەن تۇنۇگۈن سىزگە دەپ بەرگەن ئاغىنەم يۇسۇپ شۇ بولىدۇ.

— پاھ، تۇرقىدىن قارىغاندا ھەقىقىي قويچىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن.

يۇسۇپ ماللىرىنى ياۋا قومۇشلۇق ئىچىگە قويۇۋېتىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئۆمەرنى قۇچاقلىماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئاسىمگۈلنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. قىز يۇسۇپ توغرۇلۇق خېلى چوڭقۇر ئۇقۇمغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭدىن ھېيىقمايلا

سۆزلەپ كەتتى:
— يۈسۈپ، سىز قورقماس، باتۇر، بەك جىگەرلىك بالا ئىكەنسىز، خۇددى چۆچەكلەردىكى پالۋانلاردەك...
— ۋاي - ۋۇي، سىز مۈشۈنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزمۇ؟ — يۈسۈپ ئۆمەرنى ئىما قىلدى، — بۇ كىتاب خالتىسى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ.
— ھەي، تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئادەمنى ئەنسىرىتىپ، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭا!
— سەلەي مىرابنىڭ خوتۇنىنىڭ مەيدە ئاغرىقى قوزغىلىپ قاپتىكەن، بىگىلدىكى تېۋىپتىن دورا ئەكەلدىم.
— كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن شۇم خىياللار قالمىدى.
— قورقما، مېنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. چۈنكى، مەن غىلتاڭ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلمىمەن ئەمەسمۇ!
— ساۋابلىق ئىشلار... — ئۆمەر كۈلۈۋەتتى.
ئۇلار خۇددى ھورنانىدەك چوقچىيىپ تۇرغان بارخان ئۈستىدىكى يۇمشاق قۇمغا ئولتۇرۇشتى. ئۆمەر ئاسىمگۈل توغرۇلۇق ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. يۈسۈپ ئېغىر تىنىپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى ۋە تووۋرىدىن بىر زاغرا بىلەن بىر كاكچا نائنى ئېلىپ، زاغرىنى ئۆمەرگە، كاكچىنى ئاسىمگۈلگە سۇندى.
— بىز قارا يېتىملەرنىڭ شاپائەتچىسى خۇدا، ئۇ بىزگە تېگىشلىك مەئىشەتلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، — دېدى يۈسۈپ كەسكىن قىلىپ، — شۇڭا سىلەر ماللارغا قارىغاچ تۇرۇڭلار، مەن بىردەمدىلا كېلىمەن.
يۈسۈپ بىلەن ئۆمەر قازناق، ئامبارلاردىن ئاچىققان كاۋا، قوغۇن، شاپتۇل، نانلار سېلىنغان تووۋرىنى ئەتراپىنى قويۇق تىكەنلىك چاتقاللار قاپلاپ كەتكەن قىرى توغراقنىڭ كاۋىكىغا يوشۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا، يۈسۈپ ھايال بولمايلا بىر چوڭ كاۋىنى قولتۇقلىغانچە يېتىپ كەلدى. بۇ ئاخشام ئۇلار كاۋىنى قىزىق قۇمغا كۆمۈۋەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ماللىرىنى ھەيدەپ

كەنتكە قايتمىشتى. ئەتىسى جاڭگالغا تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن بۇ ئۈچ قويچى قويۇق هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كاۋىنى هۇزۇرلىنىپ يېيىشتى، ئاندىن ئوغۇللار ئاسىمگۈلگە ئوت ئېلىشىپ بەردى.

كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەر دەرۋەقە بەكمۇ تېز ئۇزاپ كېتىدىكەن. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەكەننىڭ يېمىش ئۆرۈكلىرى بىلەن جانانە ئۈرۈكلىرى شالاڭلىشىپ، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئامۇتلىرى شىرە باغلاۋاتقان ئېيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالدى. ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل خۇددى، ئاكا ـ سىڭىللاردەك ئىچەركىشىپ كېتىشتى. خۇددى تەلەيلىك تالقان يېسە، يامغۇر يېغىپ نەمدەپ بېرىدۇ، دېگەندەك، ئارىدا يۇسۇپ سەلەي مىرابنىڭ خوتۇن ـ باللىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرستىپ كېلىش ئۈچۈن يېڭىسارغا ئاپىرىپ كېلىدىغان بولدۇم دەپ، ئارىدا ئون بەش كۈندەك يوقاپ كەتتى. بۇ ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈلگە ئۆزئارا مۇڭدىشىش، سىردىشىش، كەلگۈسى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئورتاقلىشىشقا ئەپلىك پۇرسەت بولدى. مانا ئەمدى يۇسۇپ قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۆز سالىمى قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولدى. بارا ـ بارا ئاسىمگۈل بېشىنى تاراپ، ئەپچىل ياسىنىپ، ئوسما قويۇپ، چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا بىرەر پارچە كاۋا، بىرەر ئوچۇم جىگدە ياكى كاكچا نان تۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇ مىننەتدار بولۇپ ئېرىپلا كېتەتتى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى قايماقتەك يۇمشاق، لەزىز ئىدى. بەزىدە ئۆمەر ئىچىدە ئۆزىگە ـ ئۆزى: «بۇ غېرىبانە دىياردا ئاسىمگۈلدەك مۇنداق ئەقىللىك قىز يوققۇ دەيمەن» دەپ سۆزلەپ قوياتتى. بىراقزە، ئۇلار خىلىدىن بېرى بىردەم ـ يېرىمدەم يالغۇز قېلىپ كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشالماي ئىچلىرى سىقىلىشىپ يۈرۈشەتتى. بۈگۈن ئاسىمگۈل شىڭلۇجى جاڭگاللىقىغا خېلىلا بالدۇر كەلگەنىدى. بىراق، يۇسۇپنىڭ بۇنداق بۇرۇن كېلىۋالىدىغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ؟ ئۇ قويۇق چاتقاللىق

ئىچىدە ئۆمەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئاسىمگۇل تۇمشۇقلىرىنى دومسايتىپ ئىچىدە: «كاساپەت يۇسۇپ، سەن ئۆمەر بىلەن قوش كىندىكمىدىڭ!» دەپ ئۇنىڭغا زەردە قىلدى. ئاڭغىچە قىزنىڭ دومسىيىپ قالغان چىرايىنى كۆرگەن يۇسۇپ ھىجىيىپ:

— مەن ئۇزاپ كەتكەن ماللارنى توراپ كېلەي، — دەپلا كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ۋىلىلدە يورىغان ئاسىمگۇل ئىچىدە: «بۇ بالىنىڭ قوپاللىقىغۇ قوپال، لېكىن خېلى دىتى بار جۇمۇ» دەپ پىچىرلىدى.

ئاسىمگۇلنىڭ ئالدىدا غەيرىي تەبىئىي بىر ئىپادە بىلەن يالغۇز قالغان ئۆمەر قىزنىڭ ياسىنىشىغا قاراپ كۆزلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ، چۈشەنگەن ھالدا كۈلدى. ئاسىمگۇلنىڭمۇ يۈزى ۋىلىلدە قىزىرىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۇت - قوللىرى كالۋالىشىپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئەگىتمە يوللار بىلەن سۆلكە قىلىشنى ۋە گەپ يورغىلىتىشنى بىلمەيتتى.

— ئۆمەر، يۈرگىنە ئاۋۇ خىلۋەت جايغا بېرىپ پاراڭلىشايلى، — ئۇلار ھازىر سەنلىشىپ گەپ قىلاتتى، — ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم يىغىلىپ قالدى.

ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۇل مالچىلار يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇندىن دالدىلىنىش ئۈچۈن قاچاندۇر بىر چاغلاردا ياساپ قويغان پاخال ساتمىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنى چوڭ بالىلار دەپ ھېسابلىشاتتى. ئەلۋەتتە، ئون، ئون بىر ياشلىق قىزلارنى ئاتمىش - يەتمىش ياشلىق قېرى ئاخۇنلارغا دۇئا قىلدۇرغان، سودىگەرلەر نىكاھلاپ ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا ئاچىقىپ كېتىۋاتقان ئىشلاردىن ئۇلار خەۋەرسىز قالارمىدى؟ بولۇپمۇ ئون ياشتىن ئاشقان قىزلارنىڭ تەقدىرى ياپراق ئۇستىدىكى شەبنەمدەك تىترەپلا تۇراتتى. شۇڭا، ئاسىمگۇل گېپىنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي، بىرھازا يەر بېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۆمەر، بىزنىڭ ياقۇمدىكى مۇمۇت شاگچى توققۇز ياشتىن ئاشقان قىزنىنى، — ئاسىمگۇل مىچچىدە قىلىپ يىغلاپ سالدى، — تاغ ئارقىسىغا دورا ـ دەرمەك ئاچىقىدىغان قىرىق ياشلىق بىر دوراپۇرۇشقا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

— مامۇت شاگچى بەك نامراتمىدى؟

— شۇنداق، يەنە كېلىپ توققۇز بالىسى بار ئىدى.

— نان يەيدىغان بىر بالىدىن قۇتۇلۇپتۇ ـ دە!

ئاسىمگۇل بىرھازا جىمىپ كېتىپ ئۆمەرگە يەر بېقىپ قارىدى ـ دە، ئېغىر تىنىپ قويدى.

— ئۆمەر، ئۆتكەندە سەن يۈسۈپ بىلەن تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىمىز دېگەنىدىڭلار، بۇ راستمۇ؟

— راست، ھازىر بىز يۈسۈپنىڭ بوۋىسىغا تارتىشىپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ئەگەر چىقىپ كەتسەڭلار، مېنىمۇ بىللە ئەكېتىڭلارچۇ؟

— سەن دېگەن قىز بالا تۇرساڭ، ساڭا ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ ئارىسىدا نېمە بار؟

— سو... سورىغانلارغا سىلەرنى ئاكام دېسەمچۇ؟

— بۇ... بۇ... — ئۆمەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي گەدىنىنى قاشلىدى، — شۇنداقتىمۇ سەل بىئەپ بولارمىكىن، قېنى مەن يۈسۈپكە مەسلىھەت سېلىپ باقاي.

— ئەگەر سىلەردىن ئۈمىد بولمىسا، قانداقىمۇ قىلارمەن؟ سالامەتخان ئاچامنىڭ خورلۇقلىرىدىن جاق تويدۇم.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بىر ئامالىنى قىلارمىز.

— سې... سېنىڭمۇ مېنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزۈڭ قىيارمۇ؟

ئۆمەر قىزغا چۆچۈپ قارىدى. راست، ئۇ ھازىر ئاسىمگۇلنى بىرەر كۈن كۆرمىسە كۆرگۈسى كېلىدىغان، كۆرگەندە قىزىرىدىغان، ھودۇقۇپ گەپلىرىدىن ئازىدىغان بولۇپ قالغانىدى؛ ھەمسۆھبەت بولغىنىدا ئۇنىڭ رۇخسارىغا تىكىلىپ قاراشقا

پىتمىنالمايتتى؛ ھەتتا بىر قېتىم يۈسۈپ: «ھازىرچە ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرۈۋاتامسىلەر؟» دەپ چاقچاق قىلىۋىدى، ئۆمەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تىپچەكلەپ كەتتى. ئاياغىغىچە كېلىپ ئەمدى ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە باغرى چىدارمۇ؟

— راست، بۇ... بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقماپتىمەن.

— نېمە؟

ئاسمىگۈلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ چاغدا ماللارنى ھەيدەپ كەلگەن يۈسۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ماللارنى ئايرىڭلار، قايتىمىز ! ...

— بۈگۈن نېمانداق بالدۇر قايتىمىز؟ — ئاسمىگۈل ھەيران بولۇپ سورىدى، — كۈن ئەمدىلا ئولتۇرغان تۇرسا !

— يۈسۈپنىڭ بوۋىسى كېسەل.

دېمىسىمۇ، بوۋاينىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۈسۈپ سەلەي مىرابنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاچ، بوۋىسىغا قارايتتى. بەزىدە ئۆمەر ئۇنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەتتى. بوۋاينىڭ ئەسكى چاپاندىكى ئاۋاق بەدىنى پالاس سېلىنغان سۇپىدا سونايلىنىپ ياتاتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈرۈپ، تامىقىنى قوشۇق بىلەن يېگۈزۈۋاتقاندا، يۈرىكىدە چىدىغۇسىز ئاچچىق ئاغرىق ھېس قىلاتتى. لۆمىدە كەلگەن ياشلىرىنى كۆز چىمەكلىرى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ، نەلەرگىدۇر سىڭدۈرۈۋېتەتتى. مانا كەچ كۈزمۇ كېلىپ قالدى. بوۋاي پات - پاتلا: «ئاھ رەببەنا، پانىي سارىيىڭدا تۆت كۈنلۈك مېھمان بولدۇم، ئەمدى دەرگاھىڭغا كېتەي، ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئال ! ...» دەپ نالە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۆمەر ئاغىنىسى يۈسۈپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ — كالا ئېغىلى، ئېشەك ئېغىلى، قوي قوتانلىرىنىڭ قىغلىرىنى چىقىرىپ، گۆڭگۈم بىلەن قايتتى. ئۇ ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلاپ

ھويلىغا كىرىپ تۇراتتى، ئىبلاخۇن خەلپىتىم پېشايۋان سەيناسىدا ئۇنىڭغا قول شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھويلا - ئارانىڭ ئىشىنى چالا چىشتى قىلىپلا نەگە يوقالدىڭ - ھە؟!

— ئىنشا دەپتىرىم مال باققان يەردە ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن، شۇنى ئەكەلدىم، — ئۆمەر ئالدىن ئويلاپ قويغان سەۋەبىنى دېگەچ، بويىندىكى تۇۋرىغا قاراپ قويدى.

— يەڭگەڭ نىسابىبىنى قۇدىلار چاقىرىپتىكەن، ھېلىقى ئايىغى ئىتتىك، يورغىسى سىلىق قومۇش قۇلاق بوز ھاڭگىنى توقۇپ تەييارلا!

— شۇ ئىشمىدى؟ ۋاي - ۋۇي... ئۇلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىلا تۇرسا، پىيادە بارسىمۇ بولىدۇغۇ؟

— ھەي سار پوقى يەۋالغان دېۋەڭ، — ئىبلاخۇن خەلپىتىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — يەڭگەڭ مۇشۇ كوچىدىن پىيادە مېڭىپ ئۆتسە، نى ئات، نى نومۇس - ھە؟! خەقلەر ئۇنى پوقىدا كۆممەمدۇ؟... ماڭ، شاپ بول، بوز ھاڭگىنى توقۇ!

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي ئاللا، — توزدەك ياسانغان نىسابىبى ئۆيدىن ۋارقىراپ - جارقىراپلا چىقتى، — «ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ» دەپ، مەن ئانامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان چېغىمدا ماۋۇ دېۋانىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان! تــوۋا، توۋا: «قوتۇر ئاتنىڭ تۇكى دورا بولۇپ قالسا، قوتۇر ئات دەريانىڭ ئۇ قانتىدا ئوتلاپتۇ» دېگەن شۇ - دە!

ئۆمەر ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ، ئۇنى ھويلىدا توقۇۋاتقان چېغىدىمۇ نىسابىبىنىڭ ۋايىساشلىرى داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇچىلىقى ئۇستىگە تاۋار كۆرپە سېلىنغان بوز ھاڭگا قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، دەممۇ دەم پۇشقۇرۇپ يېتىپ كەلگەندىلا، ئۇنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېشەككە مىندى - دە: «ئىنشائاللا!» دەپ قويدى. ئىبلاخۇن خەلپىتىم ئۇلارنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ ئۇزىتىۋاتقاندا: «مەزلۇم،

دادام بىلەن ئانامغا دۇئايىسالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىلە...» دەپ كۈچۈكلەندى. ئوقۇرمەننىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن راۋاچچى بەگلىكى بويىچە قامچىسىدىن قان، تىلىدىن زەھەر تامىدىغان پىخسىق باي، زومىگەر ساھىببەگ نىسابىبىنىڭ دادىسى، ئېلاخۇن خەلپىتىمنىڭ قېيىنئاتىسى ئىدى. مالايلىرىغا بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇنىمۇ تاپا ـ تەنىسىز بەرمەيدىغان ساھىببەگ بىرەر پايدا ـ كۆتەم بولمىسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئۇنداق ئوڭاي ئۆيگە چاقىرمايتتى. بۇگۈن نىسابىبىنى «ئۆيگە كېلىپ كەت» دەپ شۇنچە ئۆتەدەرەش چىللىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنى بىرەر شۇملۇقىغا دوست تارتىشىپ بەرسۇن دەپ رىجە تۈزگەن بولسا كېرەك.

ئېشەك يېتىلەپ ماڭغان ئۆمەر ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە ساھىببەگنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا بىر دەمدىلا كېلىپ قالدى. نىسابىبى ئېشەكتىن چۈشۈپ تۇرۇۋېدى، ئەگرى تاياقتەك ئورۇق، ئېگىز كەلگەن، لېكىن سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ قالغان تاجى خېنىم كېلەڭسىز دۇخاۋا كۆڭلىكىنى پالاقلىتىپ يېتىپ كەلدى ـ دە، قىزىنىڭ مەڭزى، پېشانىلىرىگە شاپىلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى. تاجى خېنىمنىڭ سوزۇنچاق قوڭۇر چىرايى، سالپىيىپ چۈشكەن مەڭز تېرىلىرى، ئىچىگە چۆككەن قوۋۇزلىرى، قاش ـ كىرپىكىنىڭ تايىنى يوق كىچىك كۆزلىرى، تار پېشانىسى ئۇنى خۇددى تونۇردىن ئېقىپ كەتكەن جىرىس نانغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ئالىقاندەك پوپوزىلار، قاپقارا بارماقلىرىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەر، بىلىكىدىكى قاشتېشى بىلەزۈكلەر ئۇنىڭغا بىزەمۇ ئىسكەت ئاتا قىلمىغانىدى.

— ئۆمەر، مەن چىققۇچە مەشەدە ساقلا ـ ھە!؟

— بولىدۇ، يەڭگە، — ئۆمەر تەئەددى بىلەن ئالايدى، — سىلىنى ساقلىماي، يەنە كىمنى ساقلايتتىم؟

تاجى خېنىم نىسابىبىنى مېھمانخانىغا باشلىماي، ئۇدۇللا ھۇجرا ئۆيگە ئەكىردى. بۇنىڭدىن جىددىي بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار گىلەم ئۇستىگە سېلىنغان كۆرپىدىن ئورۇن ئېلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى، ئاندىن قىسقىلا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— ئانا، دادام كۆرۈنمەيتىيا؟

— ھۆكۈمەت دېھقانلاردىن سېلىق يىغىدىغان چاغۋا، شۇڭا ئۇنى شەھەرگە چاقىرتىپتۇ.

— ئەمىسە، مېنى سەن چاقىرتقانمىدىڭ؟

— دادىڭ تاپىلىغان بولغاچقا، چاقىرتىپ كەلگەن. قانداق، بولماپتۇمۇ؟

— مەن بولماپتۇ دېمىگەندىمەن؟

— ئەمىسە، ئاغزىمنى غىرىچلىماي قىسىپراق ئولتۇر!

ئەسلىدە نىسابىبىنىڭ زىياخان ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بولۇپ، يېشى ئوتتۇزغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچىلا قىز ئىدى. زىياخانىنىڭ بۇنداق قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشىغا ئۇنىڭ مېيىپلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى باغئىبىرنقتىكى ھەممە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بىلەتتى. ئۇنىڭ سول كۆزى قارىغۇ، ئوڭ كۆزى ئالىغاي ئىدى، تېخى ئانىسى تاجى خېنىمنى تارتقان سوزۇنچاق قاپقارا يۈزى كىچىك ۋاقتىدا قارا چېچەك چىقىپ چوقۇر بولۇپ قالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىپقىزىل گۆش قايناپ چىققان قارىغۇ كۆزىنى كۆرگەندە ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

قىز بالىنىڭ بالاغەتتىن ئېشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشى ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن گۇناھ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ساھىببەگ بىر كۈنى مەسچىتتىكى راھىتى بار، كۆڭلى تارتقان پېشۋالارغا دەردىنى تۆكتى. ئۇلار ئۇنىڭغا قىزنى بىرەر ئەركەك زاتىنى تېپىپ، مېيىپ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولمىغان سارالڭ قېتىش، ئەڭ بولمىغاندا ئون ياشتىن ئاشقان ئوغۇل بالا بولسىمۇ مەيلى،

بىرەرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپ، زىممىسىدىكى سۇنئەتنى ئادا قىلمىقى كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشتى. ساھىبىبەگ بىلەن تاجى خېنىم بۇ توغرۇلۇق بىر كېچە باش قاتۇرۇشتى. باغئېرىق، ياقۇم، پەيزاۋات دېگەن بۇ كەنتلەردە بۇ خىلدىكى ئەركەكلەرغۇ بار ئىدى، لېكىن قىزىنى ئۇنداقلارغا جۈپلەپ قويۇشقا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇنمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن قىز ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىدى ـ دە!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇيان ئويلا ـ بۇيان ئويلا، ئاخىر زىياخاننى نىسابىبىتىنىڭ قېينىئىنىسى ئۆمەرگە چېتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. بۇ چارە تاجى خېنىمنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ، ئىچىدە ئېلاخۇن خەلپىتىمدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. ساھىبىبەگ بولسا ئالىقىنىنى ھاۋادا قىلىچ شىلتىغاندەك بىرلا شىلتىپ:

— ئۇنىڭغا يېكەنلىكتىكى ھېلىقى بىر پارچە يەرنى بەرسەم، ھېلىغۇ ئىنىسى ئىكەن، ئىنىس ـ جىنىنىمۇ ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

ئانىسى تاجى خېنىمنىڭ گەپلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىغان نىسابىبى نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىرھازاغىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. سىڭلىسى زىياخان ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالغان، ئۆمەر بولسا ئەمدىلا ئون تۆت ياشنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم ئالغان كىچىك بالا، ئۇ خوتۇن نېمە، ئۆي نېمە، تۇرمۇش نېمە، تېخى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ قەدىرىگە يېتىشىمۇ ناتايىن. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنى خۇددى تاشنى تاياققا تاڭغاندەك زورلاپ تېڭىپ تويىنى قىلىپ قويسا... ئاقىۋىتى قانداق بولار؟

— ئانا، — دېدى نىسابىبى ئېغىر تەلەپپۇزدا، — «يانتۇ يەر يەر ئەمەس، كىچىك بالا ئەر ئەمەس دېگەن» گەپ بار. ئۆمەر ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشنى توگەتكەن بالا. سىڭلىمنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويساق، ئاقىۋىتى چوقۇم خەيرلىك بولمايدۇ.

— نېمە، سەن زادى نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئۆمەر تېخى كىچىك، ئۇ خوتۇنىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، زىياخانغا قاراپمۇ قويمىسا قانداق قىلىمىز؟

— ئىچىڭگە كىرىپ چىقسام، ئۆمەرنى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ دېمەكچىسەنغۇ تايىنلىق، — تاجى خېنىمنىڭ قىسىق كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — ھەي، ئوغۇل بالا دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھەممە ھۈنەرنى ئۆگىنىپ چۈشەتتىمۇ؟ مۇسۇلمانچىلىق دېگەن ئاستا - ئاستا بولمامدۇ؟!

— ئەمىسە، زىياخان مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا دەپ ئۆمەر يېتىلگۈچە ئۇنى ساقلامدۇ؟

— ھوي، گەپ قىلماي دېسەم خېلىلا بويىۇنتاۋلىق قىلىۋاتىسىنا، ئۆلگۈر، — تاجى خېنىمنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى، — سەن ئىككى - ئۈچ ياشلىق ئوغۇل باللىرىڭنى توسۇپ باقمىغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە قاراپ باقمىغان، مىختەك تىكلىنىپ قالغان ئۈچىكىنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟ ئۇلارغا قارىغاندا ئۆمەر دېگەن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلىق ئوغۇل بالا تۇرسا؟ گەپ قىلمىسام نېمانداق ئاغزىڭنى تاتىلايسەن؟ ئۇقۇپ قوي، بۇ دېگەن داداڭنىڭ تاپشۇرۇقى!

— ئەمدى ئانا، — نىسابىبى «داداڭنىڭ تاپشۇرۇقى» دېگەن سۆزدىن بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۆمەر ئاچقان يەرگە بارماي، سىڭلىمنى رەللە قىلىپ قويارمىكىن دېگەنلا گەپ.

— سىڭلىڭنىمۇ بوش چاغلىما، ئۇ ئوتتۇز ياشقىچە ئەر قارىسى كۆرمەي قىسىر كېيىكتەك دىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئۆمەرنى شېرىن سۆخەن لەۋزى، شۇللۇق خۇلقلىرى، سىلاپ - سىيپاشلىرى بىلەن ئۆزى كۆندۈرۈۋالىدۇ. گۆش يېگەن مۇشۈك بەزگە دەندەپ قالغاندەك، كېيىنچە ئۆمەر نامازشام بولمايلا يوتقانغا كىرىۋالامدۇ تېخى! ھى - ھى - ھى...

تاجى خېنىم تۇمشۇقىنى مۇشتىدا توسۇپ، خېلىغىچە خىرقىراپ كۈلدى. ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن نىسابىبىمۇ

كۆلدى. ئۇ يەنە ئانىسى بىلەن خېلى ئۇزاققىچە بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. نىسابىبى ئاخىر: «ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئۆزۈم ئەھىياغا كەلتۈرىمەن» دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇلار يەنە كۆسۈرلاشقاچ كوچىغا چىقتى ۋە ئېرىق لېۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئۆمەرنى كۆرۈپ جىم بولۇشتى. ئۆمەرمۇ تەركىھۆرمەت بولمىسۇن ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاجى خېنىمغا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۆمەرنىڭ قاملاشقان سىن ـ سىپاتىدىن زوقلانغان تاجى خېنىمنىڭ كۆزلىرى خۇددى بىر تەڭنە سۈتنى كۆرگەن مۈشۈكتەك چوڭ ئېچىلدى.

— ئاللا خۇدايىم، بۇ ئەيسا داموللامنىڭ كەنجى مۇدۇكى ئۆمىراخۇنيا ! ئەجەب سۈيكى چىرايلىق، ئۆزى يېقىشلىق بالا بوپتا، ئانۇش ـ ئانۇش... سېنى بالا قىلىۋالسام، خۇش بولامسەن؟

خۇددى قارا ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغاندەك، ئۆمەرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ نىسابىبىنى ئېشەككە مىندۈرۈپلا كېتىپ قالدى. تاجى خېنىمنىڭ «بالا قىلىۋالسام» دېگەن گېپىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى نىسابىبىنىڭ پات ـ پاتلا سىرلىق تىكىلىپ قاراشلىرىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆمەرنىڭ كۆڭلى ئېغىپ، يۈرىكى ئەنسىز سالماقتا ئىدى. ئۇ ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن شىڭلۇجى جاڭگاللىقىغا ماللىرىنى ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق ئاپاردى. لېكىن، يۈسۈپ تېخى كەلمىگەنىدى. بۇ ئىككى قويچى بالا قانداقلىكى ئىشقا ئۇچرىسۇن، ھەتتا كۆرگەن چۈشلىرىگە قەدەر ئورتاقلىشاتتى. ئۇ يولغا قاراپ راسا تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاندا، ئاسىمگۈل قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ قالدى.

— ئاسىمگۈل، ماللارغا قارىغاچ تۇرغىن، — دېدى ئۆمەر جىددىيلەشكەن ھالدا، — يۈسۈپنىڭ ھازىرغىچە كەلمىگىنىگە قارىغاندا، چوقۇم بىر ئىش بولدى، مەن بېرىپلا كېلەي.

— بوۋىسىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس دەۋاتاتتىڭ.

— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

ئۆمەر قوم بارخانلىرى ئارا، چاتقاللىشىپ كەتكەن ياۋا قومۇش، چىغىرتماق، بۇيا، ئەمەن، لويلا، قىزىلقورايلار ئارا يوگۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ راۋان ئۆستەڭنىڭ تارراق يېرىدىن سەكرەپ ئۆتۈپلا، ئۇلاغ يولى بىلەن پەيزاۋات كەنتىنى، ئاندىن ياقۇم كەنتىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، باغئېرىق كەنتىنىڭ بېشىغا چىقتى ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، سەلەي مىرابنىڭ هويلىسى ئالدىدا بىرقانچە جامائەت قول باغلاپ تۇرۇشاتتى ۋە ئۆزئارا كۇسۇرلاشقىنىچە نىمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. يۇسۇپنىڭ يىغىان بىلەن يىغلىغان ئاۋازى كوچىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر هويلىغا كىرىپ ئاغىنىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشنى ئېيتىپ، ئاندىن جاڭگالغا قايتىپ كەتتى. ئەگەر ئېلاخۇن خەلپىتىم كۆرۈپ قالسا، «مالنى تاشلىۋېتىپ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟» دەپ چالۋاقاپ كەتكەن بولاتتى.

ئۆمەرنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ قالغان كۆزىنى كۆرۈپلا نېمە ئىش بولغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان ئاسىمگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئەمەر بوۋاي كېتىپ قالغاندى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇ يېتىم قىزنىڭ كىچىككىنە خۇشاللىقىمۇ تەڭ كېتىدىغان بولدى. توۋا، كۆڭۈل دېگەن ئەجەب هوشيار نېمىكەنە، ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈننىڭياقى يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشنى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە ! هەي يۇسۇپ، ئۇت قۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئۆمەرنى دەيدەيگە سېلىپ، ئۇنى تاغ ئارقىسىغا ئاچىقىپ كەتكۈچە، ئۆزۈڭلا پېشىڭنى قېقىپ كەتسەڭ بولماسمىدى؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆمەرمۇ كېتىپ قالسا، ئاسىمگۈل قانداق قىلىدۇ؟...

ئاسىمگۈلنىڭ بۇنداق ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئوقۇرمەنگە ئايان بولسا كېرەك. ئۇ ئۆمەر بىلەن تونۇشقان چاغلىرىدا ئون ئىككى ياشلىق قىز ئىدى. مانا ئەمدى ئون ئۈچ ياشلىق، ئوماق، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك، كۆڭۈلگە تالىق

ئىشلارنى سەل - پەل ئويلىغۇدەك بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئوغرىلىغان كاۋا، قوغۇن، توخۇ، كەپتەر، كاكچىلارنى تەڭ يېيىشكەندە، بۇ قىز ئۆزىنى ئۆمەر بىلەن يۇسۇپنىڭ شېرىكىدەك، ئاداش - ئايىمىقىدەك ۋە بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ھېس قىلغانىدى. كېيىنچە سۇبھى - شەپەقلەردە، ئاق ئايدىڭ كېچىلەردە، ئاسمىنى كەڭ جاڭگالدا، پىنھان قۇم بارخانلىرىدا ئۇ ئۆمەر بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە سىرداش بولۇپ، ئۆزئارا تولىمۇ ساددا مۇڭلىرىنى تۆكۈشۈپ قالدى. كۆزگە كۆرۈنمەس بىر رىشتە بارا - بارا ئۇلارنى باغلاپ قويدى. ئاسىمگۈل چاچلىرىغا يىلىم چېپىپ تارىنىپ يۈرىدىغان، ئۇسما قويۇپ، ئەينەككە قارايدىغان، كىيىملىرىنى پاكىز يۇيۇپ، رەتلىك كىيىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەدناسى ئۆمەرنى كۆرسە قىزىرىپ كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرىدىغان، پۇت ئۇچىدا يەر چىچىپ تىك قارىيالمايدىغان، ئۇ ئۇزاپ كەتسە، ئېغىر خورسىنىپ ئارقىسىدىن تەلمۈرىدىغانمۇ بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ياراتقان ئىگىسى بۇ يېتىم قىزنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىگە ئۆمەرنىڭ ئىشقىنى سېلىپ قويدىمۇيا؟ قارىڭا، ئايىغى ئاستىدىكى ئوت - خەسلەرگە قاراپ مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈپ تۇرغان بۇ قىز نېمانچە بىچارە - ھە! ئەگەر ئۇ قىزلىق شەرم - ھايانى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ: «مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم» دېيەلىگەن تەقدىردە، ئۆمەر: «كەچۈرگىن، سېنىڭ ئەزىز پەزىلىتىڭنى، مېھرىبان يۈرىكىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن» دېيەلەرمىدى؟ ئۇنداقتا، بۇ ئۇنىڭ كور بولۇپ قالغىنى بولمامدۇ؟

نېمىلەرنى دەپ كەتتۇق، ئۇلار تېخى كىچىك ھەم ساددا سەھرا بالىلىرى ئىدى. ئۇلاردا ئۇنداق يۈرەككە تالىق پىشىپ يېتىلگەن ھېس - تۇيغۇلار تېخى بولمايتتى. بولدى دېگەندىمۇ، بۇ كىچىك قىزنىڭ ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئوخشاپ قالماسلىقنى ئويلىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈكىگە ۋە بەختىگە بولغان

ئىنتىلىشى ئىدى، خالاس.

— ئاسىمگۈل، بولدى يىغلىما،— دېدى ئۆمەر پەس ئاۋازدا،— بوۋاي ئارام تاپتى.

— مەن... مەن ئۇنىڭغا يىغلاۋاتقىنىم يوق، ئۆز بەختىمنىڭ قارا ئىكەنلىكىگە يىغلاۋاتىمەن، — ئۇ ئىسەدەپ سۆزلىيەلمەي قالدى، — مەن سېنى ئۆز ئاكامدىن چارە كۆرەتتىم، تاغدەك ئىشىنەتتىم، مانا ئەمدى كېتىدىغان بولدۇڭ، بولدى كەت، كېتىۋەر. سېنىڭ ئالدىڭدا مەن نېمىدىم؟ ئۆلەمدىم - تىرىلەمدىم، ئۆزۈمنىڭ شورى بولسۇن. پېشانەم ئەزەلدىن تەتۈر ئىكەن... بۇ دۇنيادا مېنىڭ ئىچ كۆيەر ئادىمىم قالماپتۇ...

— ئاسىمگۈل، — قىزنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكى پۇچىلانغان ئۆمەر يىغلامسىراپ سۆزلىدى، — سەن... سەن بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ، بولدى مەن كەتمەي !...

— بولدىلا، كېتىۋەر، ئىلىخونىڭ بىر ئېرىقىدا يامبۇ، بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ئاقىدۇ دېيىشىدۇ، — قىزنىڭ كەيپى خېلىلا چىگىچ ئىدى، — سېنىڭ قىساسىڭ مېنىڭ بويىنۇمدا قالمىسۇن يەنە !

ئاسىمگۈل چاۋار - چاتقاللارغا پۇتلاشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۇ چېچىلغان ھەم ئەسەبىيلەشكەن ھالدا قوي - ئۆچكىلىرىنى ئايرىپ، كەنت تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئاسىمگۈل كېتىپ خۇددى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئۆمەرمۇ ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ئۇ ھويلىغا كىرگەندە، بىر قانچە تالىپ نەرسە - كېرەك قويۇلغان ئامبارنىڭ قېشىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى بىكارلاپ، سۇ سېپىپ سۇپۇرۇۋاتاتتى. ئۆمەر ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئاشخانا ئۆيگە كىردى - دە، ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ قويغان بىر زاغرىنى ئېلىپ مەكتىپىگە كەتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، تالىپلار سۇ - پۇرۇپ تازىلىغان ئۆيگە كىگىز، گىلەم ۋە يوتقان - كۆرپە تو - شۇۋاتاتتى. نىسابىبى بولسا: «ئۇنى ئۇ يەرگە قوي، بۇنى بۇ يەرگە

ئاس !»، «هەي، ئۇنى بۇلۇڭغىراق سۇرۇڭلار !» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ بۇيرۇق قىلىۋاتاتتى. ئۆمەر ئىچىدە: «شۇنچە كۆپ ياسىداق ئۆيلەر تۇرسا، بۇ ئۆي نېمىگە لازىم بولۇپ قالدىكىنە؟» دەپ غودۇڭشىغانچە هويلا ـ ئارامنىڭ ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئېغىل ـ قوتانلاردىن چىلە ـ قىغلارنى چىقىرىپ، ئورنىغا قۇرۇق توپا بىلەن سېسىق سامان چاچتى. بۇ ئىشنى قىلىپ بولۇپ يۈزىنى يۇدى، ئاندىن ماللارنى هەيدەپ جاڭگالغا كەتتى.

لېكىن، ئاسىمگۈل قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ئايرىم باقتى. بىللە ئوتلاپ كۆنۈپ قالغان ماللار هە دېسە ئۆمەرنىڭ ماللىرىنىڭ قېشىغا قېچىپ كېلىۋالاتتى. ئاسىمگۈل ئۇلارنى ۋارقىراپ ـ تىللاپ، ئۆزۈن تايىقىدا ئۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى. قوم بارخىنى ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئۆمەر قىزغا نېمە دېيىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى. ئاسىمگۈلنىڭ ئاۋازى، هەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ پات ـ پاتلا ئارقىغا قاراپ قوياتتى ۋە قېرى توغراققا يۆلەنگىنىچە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن شىڭگلۇجى جاڭگاللىقنىڭ ئەڭ يىراق روجەكلىرىگىچە، مانانلىق ئىزنالىرىغىچە قارايتتى. كۆكسى كۆتۈرۈلەتتى ۋە چۆشەتتى. بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چۇشۇۋاتقان سۇزۇك ياشلىرى ئۇنىڭ يۇمران يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئېڭىكىدىن تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇ ئېسەدەپ، ئۆركىدەپ يىغلاۋاتاتتى ـ يۇ، ئەمما ئاۋازىنى چىقارمايتتى. شۇ تاپتا بىركىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسىلا، ئۇ هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ، شۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن بولار ئىدى.

ئۆمەر شۇ كۈنى كەچلىكى يۇسۇپكە هەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا كېچىگىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاچقا، ئەتىسى ئۇخلاپ قېلىپ، ماللارغا ئۆگزىدىكى پىچان، چۆپلەرنى سېلىپ بېرىپ مەكتەپكە كەتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىن قايتىپ كەلگەندە، ئاشخانىدا بىرمۇنچە ئايال گۆش توغراپ، سەۋزە قەلەمچە قىلىۋاتاتتى. ئېلاخۇن خەلپىتىم، بەزىدە بولسا ئىسابېبى ئۆز

ئالدىغا خەتمىقۇرئان ئۆتكۈزگەچكە، ئاشخانىدىكى پاتىپاراقچىلىق ئۆمەرگە يېڭىلىق تۇيۇلمىدى. ئۇ ھويلىدىكى ئىشلارغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىشنى ئەمدىلا باشلىغۇدى، ئاكىسى ئىبلاخۇن خەلپىتىم چاقىرىپ قالدى. ئۇ ئۇدۇللا مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئاكىسى ئىككى قات كۆرپە ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. يەڭگىسى نىسابىبى قانداقتۇر كىيىملەرنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۆمەر مېھمانخانا، ھۇجرا، ئاشخانىلارغا قاراپ ھەيرانلا قالدى. چۈنكى، گىلەم ـ كۆرپىلەر سېلىنغان سەندەل ياغىچىنىڭ بىر خىل مەززىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئىبلاخۇن خەلپىتىم بىلەن نىسابىبىمۇ خېلىلا ھەشەمەتلىك كىيىنىۋالغانىدى.

— بۈگۈن كەچ ماللارنى جاڭگالغا ئاپارما، — دېدى ئىبلاخۇن خەلپىتىم كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى.

— مېھمان كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ! — ئۆمەر قوپاللا تەگدى، — بۇ چاغقىچىمۇ مېھمان كەلسە زاغرامنى يەپ، ئۆمىچىمنى ئىچىپ، ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىمغۇ؟

— بۇ قېتىم كېلىدىغىنى ئۇياتلىق مېھمان، — نىسابىبى بىردىنلا ئۆزگەردى، — مانا بۇ يەكتەك، ئۆتۈك، تامىال، ئۈستىبېشىڭنى يەڭگۈشلىۋال. ھازىرلا چىقىپ يۈز ـ بويۇنلىرىڭنى يۇيۇپ، قاسماقتىن ئادا بول.

— ماللارغا پىچان، زىغىر پالىڭى سېلىپ بېرىپ، ھويلىدا پاكىززەك يۈرگىن، — دېدى ئىبلاخۇن خەلپىتىم تەسۋى سىيرىۋېتىپ، — مېھمانلار ئالدىدا يۈزۈمنى تاپلىما تېزەك قىلىدىغان بولساڭ، مەندىن يامانلىما !

ئۆمەر ماقۇل ياكى ياق دېمەيلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇنداق تەركىھۆرمەتتىن ئىچى تارتىلغان ئىبلاخۇن خەلپىتىم ئېغىر پۇشۇلداپ، بېشىنى چايقىدى. يەنە كېلىپ ئۆمەرنىڭ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئاغزىنى قىيسايتىپ، دىمىقىدا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇشى نىسابىبىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىۋەتتى، ئۇ

كۆزىنىڭ ئەستەر پاختىسىنى چىقىرىپ: «ھۇ، سۆرۈن تەلەت سەت !» دېدى ـ دە، ئۇنى چاقىرماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئېلاخۇن خەلپىتىم:

— ھاي بەس ! توشقانمۇ جانغا تاقاشسا ئادەم چىشلەيدۇ. ئۇنى سىلاپ ـ سىيپاپ قەپەسگە سولىۋالماق جايىزدۇر... — دەپ قولىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئۆمەر: «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىشمامسەن؟!» دەپ غودۇڭشىغانچە ياتىقىغا كىتىۋاتاتتى. ئۇ ئېغىلغا ياندىش سېلىنغان ئۆلاغ جابدۇقلىرى ئامبىرىدا ياتاتتى. ئامباردىكى بۇغا، جاۋەن، توقۇم، ئۇچۇلۇق، تۆشباغ، قۇشقۇن دېگەندەك نەرسىلەردىن ئات ـ ئېشەكنىڭ ئاچچىق تەرى ۋە بۇلغار، كۆن، شاۋۇرۇن ھىدلىرى گۇپۇلدەپ پۇراپ دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. ئەمما، ئۆمەر بۇلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىسابىبى بەرگەن يەكتەك، تامبال، ئۆتۈكلەرنى ياتىقىغا تاشلاپ قويۇپ، تۆمۈر ئارىنى ئالدى ـ دە، كالا ـ ئېشەك ئېغىلىغا كىرىپ كەتتى. ھەرقانچە ئۇياتلىق مېھمان كەلگىنى بىلەن، ئېغىلغا دۆۋىلىشىپ كەتكەن قىغ، چىلەنى بىركىم ئۇنىڭغا چىقىرىشىپ بېرەتتىمۇ؟ ھەر كۈنلۈكى چۈشكەن قىغنى ھەر كۈنلۈكى ئادالاپ تۇرمىسا، ئۆزىگە تەس كېلەتتى.

ئېغىللارنىڭ ئالدى تاختايلار بىلەن ئاھادا قىلىنغان بولۇپ، قىغ ئاستى تەرەپتىكى كاتەكچە تۆشۈكلەردىن سىرتقا چىقىرىلاتتى. شۇڭا، ھويلىغا كىرگەن ھەرقانداق مېھمان ئۆمەرنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ بىر ئېغىل، ئىككى قوتاندىكى قىغلارنى چىقىرىپ، ئاستىغا قۇرۇق توپا بىلەن سېپىسغان سامان چېچىپ بولغۇچە زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىرمۇنچە پەرەنجىلىك ئايال ئاشخانىدىن لېگەن ـ لېگەن گۆشلۈك پولۇنى ئاچىقىپ مېھمانخانىغا توشۇماقتا ئىدى. ئەمما، تونۇمايدىغان ئىككى ئادەم ھويلىدا ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالغانىدى. ئۇلار ئۇ ياتاققا كىرسىمۇ، تەرەتخانىغا بارسىمۇ، لاپاستىن ئوت ـ خەس چۈشۈرسىمۇ ئارقىسىدىن قالمايتتى. ئۇلارنىڭ تەلەتىدىن بىر

خىل ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۆمەر ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئەمدىلا ياتاق ئالدىغا كېلىپ تۇراتتى، ئېلاخۇن خەلپىتىم پالاقلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھېلىقى ئىككى بەتبەشىرە تۇراتتى.

— ھەي، يەڭگەڭ بەرگەن كىيىملەرنى نېمىشقا كىيمىدىڭ؟ ئۇستىبېشىڭدىن تېزەكلا پۇرايدۇغۇ؟

— ئېغىل - قوتانلاردىن قىغ چىقاردىم.

— مەن ساڭا قىلما دېمىگەنمىدىم؟

— ئەتىگىچە دۆۋىلىنىپ كەتسە، سەن قىلىشىپ بەرمەيدىغانسەن؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ما گەدەنكەشنى ! — ئېلاخۇن خەلپىتىم پېشايۋاندا قاراپ تۇرغان ساھىبىبەگكە ئەندىككەن ھالدا قاراپ قويدى، — بولدى، بولدى، ئەمدى ئۆلگۈرمەيدۇ.

— ساھىب بېگىم بىزگە بۇنى، — دېدى ھېلىقى بەتبەشىرە ساقاللىقتىن بىرى، — نىكاھ قىلىدىغان ئاخۇنلارنىڭ ئالدىغا ياساندۇرۇپ ئەكىرىڭلار دېگەن، لېكىن ئۇ ئېغىلدىن چىقماي تۇرۇۋالدى.

ئۆمەر «نىكاھ» دېگەن گەپ بىلەن «ساھىبىبەگ» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ئاكىسىغا، ئاندىن ئۆزىگە ھۇرپىيىپ قاراپ تۇرغان ئىككى ئادەمگە قارىدى ۋە قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى كۆڭلى تۇيۇپ ئارقىسىغا ئىككى قەدەم داجىدى. ھېلىقى ساقاللىق بەتبەشىرە بىلەن يەنە بىر تازچاق پوقاق ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن چىڭ قامالالاپ تۇتۇۋالدى.

— ئاكا... بۇ... بۇ... نېمە گەپ... مېنى... مېنى نېمە قىلماقچى؟ — يىغلامسىرىدى ئۆمەر، — مېنى قويۇۋېتىڭلار، قويۇۋەت دەيمەن !

ئۆمەر قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، تازچاق پوقاق ئۇنىڭ ئاغزىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى ھەم شامالدا ساڭگىلاپ قالغان قاپاقتەك گۇڭگۇلدىدى:

— ھەي ئەزمە موت - موت، خوشال بولماي نېمىگە چىچاڭشىيسەن؟ سېنى نېمە قىلاتتۇق، ياپىلاق شەگە پادىشاھ بولسەن شۇ ! ئۇقتۇڭمۇ؟

— قارا، ئۆمەر ئۇكام، — ئىلاخۇن خەلپىتىم سەل چۆچۈپ قالغانىدى، — مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئاخۇنۇم «ئالدىڭمۇ؟» دېسە «ئالدىم»، «قوبۇل قىلدىڭمۇ؟» دېسە، «قىلدىم» دېگىن، بولامدۇ؟ بولمىسا ساھىب بېگىمنىڭ مۇنۇ ئادەملىرىنىڭ قولىدىن ساق چىقمايسەن...

ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ئۆمەر جېنىم ئاكا دەپ يالۋۇرماقچى بولىۋىدى، ھېلىقى دىۋە سىياق ئىككى ئادەم بىلەكلىرىنى ئوشتۇۋەتكۈدەك سىقىپ تۇتۇپ، پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي، ئۇنى دالان ئۆيگە ئەكىردى ھەم گەجگىسىدىن ئىتتىرگەنچە مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىغا ئەكەلدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئىككى چوكان ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ئېگىز، تەتۈر ئۇستىخان بىر ئايالنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىغا غىجىم رومال ئارتىلغان بولۇپ، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاڭغىچە ئۇ «تەگدىم !» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا ئېيىقتەك ئىككى ئادەم قاتتىق قامالىۋالغان بىلەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئاغرىقىغا چىدىيالمايۋاتقان ئۆمەر نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى.

— ئالدىم دېگىن، ئالدىم دېمەمسەن، كالۋا؟ شاپ بول !...

ئۆمەردىن جاۋاب ئالالمىغان ساقاللىق مېھمانخانىغا قاراپ: «ئالدىم !» دېدى دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن ھەممە بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. جامائەت ئۆپۆر - تۆپۈر بولۇشۇپ، «يىگىت» بىلەن «قىز»نى ھويلىغا ئاچىقىپ ئوت ئاتلاتتى. گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇلغان قىزنى تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭدى. «يىگىت»نى يەنىلا ھېلىقى ئىككى قاۋان ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەم نېرى بولۇشمىدى. ئۆمەر ئەتراپقا بويۇنداپ قارىسا ياكى

يىغلىغىلى قوپسا، ئۇلارنىڭ بىرى بىقىنىنىڭ گۆشىنى قامالىسا، يەنە بىرى بىلەك سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك مۇجۇيتتى. ئاغرىققا چىديالمىغان ئۆمەر: «ۋاي !...» دەپ سالغاندى، تازچاق پوقاق ئۇنىڭ ئاغزىنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— زۇۋانىڭنى چىقارغۇچى بولما، شوۋىچى، بولمىسا قوۋۇرغىلىرىڭنى سۇندۇرۇۋېتىمەن ! — دەپ شىۋىرلىدى. دەماللىققا ئۆزىنىڭ قانداق بالا - قازاغا يولۇققانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئۆمەرنى ھوجرىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈشتى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئەتراپقا زەن سالدى. ئىككى كۈندىن بېرى تازىلانغان ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بۇ ھوجىرا راستلا ئىسكەتكە كىرىپ قالغاندى. تام ئويۇقلىرىغا تىزىلغان چىنە - قاچىلار ۋالىلداپ تۇراتتى. مورا بېشىدىكى قاراچىراغنىڭ يورۇقىدا ئوتقاشتەك گىلەملەر ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار يوتقان - كۆرپىلەر پارقىرايتتى. ئۆي ئىچىدە توي قىلغان قىز - يىگىتتىن باشقا يەنە بىر خوتۇنمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. يىگى كېلىن يېتىشقا ئالدىراپ كەتتىمۇ نېمە، غىجىم رومىلىنى يېرىم كۆتۈرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان خوتۇنغا زەردە بىلەن كۆز سۈزدى:

— ماڭا يەڭگە كەتمەيدۇ جۇما، يىگىتنى كۈتۈشنى سەندىن ئوبدان بىلىمەن، ماڭ چىق !

يىڭى كېلىن ھېلىقى خوتۇننىڭ گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى گۈپىلا يېپىۋىدى، ئۆمەرنىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى. ئۇ قېچىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ساھىبىگىنىڭ ھېلىقى ئىككى ئىتىدىن قورقۇپ قالدى. ئۇ دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چاندۇرماي قايرىپ باقتى، كۆردىكى، ساقاللىق بىلەن تازچاق پوقاق ھويلىغا ياققان گۈلخان ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار كۆزدىن يوقالمىسا بۇ ھويلىدىن ساق

چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئۆمەر ئىلاجسىز ياۋاشلىق بىلەن بويۇن ئېگىپ تۇردى. بىراق، نىكاھ ۋاقتىدا ئىسمى ئاتالغان «زىياخان» ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپىلىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىسىمنى قەيەردىدۇر ئاڭلىغاندەكلا قىلاتتى. ئۆمەر ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىر: «نىسابىبىنىڭ زىياخان دېگەن مېيىپ سىڭلىسى بار» دېگەن سۆزنى قاچاندۇر بىر چاغدا ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما، زىياخان ئۆمەردەك ئىككى پارچە كەلگىنى بىلەن، ئاقساق، توكۇر، چولاق ياكى گاچا ئەمەس ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ غىجىم رومىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، كېلەڭسىز دۈخاۋا كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى. نېپىز يىپەك ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا قالغاچقا، بايىقىدىن زىلۋاراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېگىز، يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك تۇراتتى. ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن سېلىنغان يەردە چاچلىرىنى چۇۋۇۋاتقان زىياخاننىڭ گۆشكا چىراغ نۇرىدا ئاياللىق سىيماسىلا غۇۋا كۆرۈنەتتى، شۇنداقلا مورا بېشىدىكى چىراغقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ يۈزى ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. ئۆمەر جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بىر ـ بىرىنى يىغلىماقچىمۇ بولدى. ئەمما، ساھىبىبەگنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىرەر ھىيلە ئىشلىتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. زىياخان بولسا يوتقان ـ كۆرپە ئۈستىدە، كۆيۈ ئوغلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. كېچە بىر چاغ بولۇپ قالدى. زىياخان شەپە بېرىپ بىر ـ ئىككى قېتىم يۆتىلىپ قويدى. ئاخىرىدا سەۋر ـ تاقىتى بىر يەرگە باردى بولغاي، ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ ئۆمەرگە گۈلەيدى:

— ھەي بالا، خوتۇننى ئۆرە تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغىلى ئالغانمۇ؟ — ئۇنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى، — ياكى بىرنېمەڭنى مۈشۈك يەپ كەتكەنمۇ؟ قانداق لۈم ـ لۈم نېمىسەن؟

— قورقۇۋاتىمەن...

— نېمىدىن، مەندىنمۇ؟

— ياق، دېرىزە تۈۋىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئاۋۇ ئىككى ئوغرىدىن...

— نېمە، ئىككى ئوغرى؟

زىياخان دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ قارىدى ـ دە، «ئاناڭنى ھەزىلەكلەر !...» دەپ تىللىغىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ نەق بوسۇغىدىلا تىل سالدى:

— ھەي لامزەللە ھېجىقىزلار، لوقمىسىز قالغان لالما ئىتتەك دېرىزىدىن نېرى كېتىشەلمەيسىنا؟! ئەگەر مېنىڭ رىزقىمغا كۆز قىزارتىشقان بولساڭ، ئۆيگە كىرىش، بىللە يەيلى!...

دۇنيادا ئەر كىشى ئۇچۇن بۇنىڭدىن سېسىق، بۇنىڭدىن قاباھەتلىك تىل يوق ئىدى. ساقاللىق بىلەن تازچاق پوقاق نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىغىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى.

زىياخان ئۆيگە كىرگەنچە ئۆمەرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرىگەندى. ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. ئابايىقى ئاچچىقى تېخى تارقىمىغاچقىمۇ، ئۇ بىردىنلا غەزەپكە كەلدى:

— ھەي گۇينىڭ بالىسى، ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟!

— مەن... مەن ئۇنداق ئەسكى ئىشلارنى بىلمەيمەن...

— بىلمىسەڭ، مەن ئۆگىتىپ قويىمەن...

— جېنىم ئاچا، ما... ماڭا رەھىم قىلىڭ!...

— ھەي توخۇ پوقى، مېنى ئاچا دەيسىنا... مەن دېگەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ!

— مەن... مەن تېخى كىچىك تۇرسام...

ئۆمەر قورققىنىدىن بېشىنى مۈرىسىگە چۆكۈرۈپ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ زىياخاننىڭ يۈزىگە زادىلا قارىمىدى. قارىغان تەقدىردىمۇ ئۇلار چىراغ قاراڭغۇسىدا

تۇرغاچقا، بىر - بىرىنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا چالا - پۇچۇق كۆز تاشلىغان بولسىمۇ، جىددىيلىك، قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— ھەي، ئون تۆت ياشلىق ئوغۇل بالىنى كىچىك دېگىلى بولامدۇ؟ ماڭ دەيمەن...

— يا... ياق !

— مانا ئەمىسە، شوۋىچى !

زىياخان ئۆمەرنى دەس كۆتۈردى - دە، گۇس - گۇس دەسسىگىنىچە بېرىپ، يوتقان ئۇستىگە گۇلۇپپىدە قىلىپ تاشلىدى. ئۇ قاپقارا، يوغان قولىنى ئۆمەرنىڭ بوينى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ پېشانىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، سول قولىنى شارتلا قىلىپ ئۇنىڭ تامبىلى ئىچىگە تىقتى. ئۆمەر قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئىككى يوتىسىنى چىڭ قىسىۋالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ زىياخانىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىگە شۇنچە يېقىن تۇرغان قاپقارا چوقۇر يۈزىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ چەكچەيدى، بولۇپمۇ زىياخانىنىڭ قىپقىزىل گۆش قايناپ چىققان قارىغۇ كۆزى بىلەن ئالىغاي كۆزى ئۇنى شۇنچىلىك قورقۇتۇۋەتتىكى، ئۇ دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. زىياخان ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قايتىدىن زورلاپ ياتقۇزۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بېتىۋالدى.

— ھەي مۇناپىق، مەن سېنى تىرىك يۇتۇۋەتمەيمەن، نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ — ئۇنىڭ تامبىلى ئىچىگە يەنە قول تىققان زىياخان باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتكەنىدى، — ناھايىتى شۇ... ئازراق كۆڭۈل ئاچىلى دېدىم.

— سىي... سىيگۈم كېلىپ كەتتى...

— نېمە، سىيگۈم؟

— ۋايجان... ۋايەي، تەرىتىم قىستاپ كەتتى...

— يالغان ئېيتما، گۈي...

— ئەمىسە، يوتقان... يوتقانغا چىقىرىۋەتسەم مەيلىمۇ؟ ۋاي قورسىقىم! ...

— ئۇياقتىن تېگىپ، بۇياقتىن پوقىۇڭنى تازىلامتىم سەن تازنىڭ؟ قوپە كۆتىنىڭ پەجىمى يوق موت - موت! ...

زىياخان ئۆمەرنى ئالدىغا سېلىپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئۆمەر بىرنەچچە قەدەم ماڭار - ماڭمايلا، ئۇ، «ئەشەگە سىيە!» دەپ ۋارقىرىدى، ئۆمەر:

— قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى، تەرەت قىلىمەن، — دەپ قورسىقىنى تۇتتى. يوتقانغا ئالدىراۋاتقان زىياخاننىڭ جەھلى قاتتى بولغاي: «تازا شاتىراق موزايمۇ نېمە بۇ؟» دەپ غوتۇلدىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تەرەتخانا بۇ چوڭ قورۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كوچا تېمىغا پاسىلداش بولۇپ، باغقا سۇ باشلىغاندا بىر تام ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە، تامنىڭ ئورنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن چىتلاپ قويۇلغانىدى. ئۆمەر ئۇچ تەرىپى بورا بىلەن قورشالغان تەرەتخانىغا كىرىپ كەتتى، زىياخان بورا ئۈستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۆمەر ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىز بۇنداق دېۋەيلەپ تۇرسىڭىز، قانداق تەرەت قىلالايمەن؟! نېرى كېتىڭ بېشىمدا قاراپ تۇرماي!

— ئەجەب غەلۋەڭ تولا نېمىكەنسەن!

زىياخان تەرەتخانىدىن نېرى كېتىشى بىلەن، ئۆمەر ئۆملىگەن پېتى ئۆرۈلگەن تام تۈۋىگە باردى - دە، چىتلاقنى قايرىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغىمۇ قارىماي شىڭلۇجى جاڭگاللىقىغا قاراپ قاچتى. بۇ كېچىدە سەلەي مىرابنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشسە، ئۆزىنى - ئۆزى تۇتۇپ بەرگەندەك ئىش بولاتتى. شۇڭا، ئۇ يۈگۈرە - يۈگۈرە ياقۇم، پەيزاۋات كەنتلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، راۋات

ئۈستىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. يۈگۈرۈۋېرىپ ئۇنىڭ ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان ۋە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سېلىپ بىرلا سىقىۋىدى، شىرىلداپ سۇ قۇيۇلدى. كەچ كۈزنىڭ دولىنى قورۇيدىغان شامال‌لىرى ئۇنى بىردەمدىلا تىترىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا سوغۇقتىن دالدا بولغۇدەك بىرەر جاي ئەنقانىڭ سۈتىدەك تۇتىيا بولۇۋاتاتتى. جاڭگالنىڭ قۇملىرىنى ئۇچۇرۇپ چىقىۋاتقان تىنىمسىز سوغۇق شاملى ئۇنى ھەرىدەك چېقىشقا باشلىغانىدى. ئۆمەرنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى، ئوغرىلىغان كاۋا، قوغۇن، زاغرا، كاكچىلارنى يوشۇرۇپ قويىدىغان توغراق كاۋىكى ئۇنىڭ يادىغا كەچكەنىدى. شۇڭا، ئۇ راۋات ئۈستىگىدىن ئۆتۈپ، جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. قۇملارنى كۆزلەرگە ئۇرۇپ چىقىۋاتقان شامال بارا - بارا بورانغا ئايلاندى.

ئۆمەر توغراقنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇنداق نەچچە مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي توغراقلار جاڭگالنىڭ ھەممە يېرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ غوللىرى شۇنچىلىك يوغان ئىدىكى، نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيتتى. قوۋزاقلىرى غودۇرلىشىپ قۇرۇغان شاخ، ئارا غوللىرى قاقشاللىشىپ كەتكەن بۇ توغراقلار كېچىدە ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قالاتتى. بەزىلىرىنىڭ كونتەكلىشىپ كەتكەن كاۋاكلىرىغا بىر نەچچە ئادەم پاتاتتى ۋە بەخۇدۇك ئۇخلىيالايتتى. ئۆمەر ئاستىنى ئازغان، قوڭغۇراقتىكەن، جىغان، ياۋا باداملار قاپلاپ كەتكەن قېرى توغراقنىڭ تۈۋىگە ئارانلا يېقىنلىشىپ باردى. ئۇ توغراقنىڭ غولى بۆلەكچىلا يوغان بولۇپ، خۇددى دوك ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۆمەر شاخ - پۇتاقلارغا دەسسەپ ئىككى غۇلاچتەك ئېگىزلىككە چىقتى - دە، ئۇ يەردىن توغراقنىڭ ساپسېرىق يوپۇرماقلار يېپىۋالغان، خۇددى كۆپىنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدىغان كاۋىكىغا

چۈشتى. بۇ كاۋاك ئادەم بويى چوڭقۇرلۇقتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى يۇسۇپ بۇرۇنلاردا بوران ـ چاپقۇنلاردا كىرىپ ياتقاندا، ئاستىغا يۇمشاق ئوت ـ خەسلەرنى سېلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ كاۋاك خۇددى قۇش ئۇۋىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ يەردە بوراندىن، كۆزگە قادىلىپ كىرىدىغان قۇم ـ توپىلاردىن دالدىلانغىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغاچقا، كىيىم ـ كېچىكى يېنىك ئۆمەر ئۇ يەردە يەنىلا توڭلاپ ئۇخلىيالمىدى. شۇڭا، ئۇ قايتا پەسكە چۈشۈپ، قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەردىن بىر قۇچاق يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇلارنى چىغدا باغلىدى ـ دە، توغراققا ئاچىقتى. ئۇ ئۆزى كاۋاكقا سەكرەپ چۈشۈۋالغاندىن كېيىن كاۋاكنىڭ ئېغىزىغا ئۇ بىر باغلام قۇرۇق ئوتنى كەپلەپ قويدى. شۇندىلا ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆز تىنىقىدا ئىسسىپ، ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاپ كەتتى...

## ئۈچىنچى باب

# نىجاتلىق يولىدا

تاڭ سەھەر. بوران ئاللىقاچان جىمىققان، شىڭگىلۇجى جاڭگاللىقىدىكى توغراق، قارىياغاچ، جىگدە، ياۋا بادام، ياۋا ئامۇتلارنىڭ، يەنە قانداقتۇر تىكەنلىك، تىكەنسىز چاتقاللارنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ، شاخ ۋە تاللىرى يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. ياش توغراقلارنىڭ ئۇچلىرىدا بىرەر - يېرىم تالدىن قالغان زەپىران ياپراقلار بولسا كۆك ئاسمان، يېشىل كائىنات، ھارارەتلىك قۇياش بولغان كۈنلەرگە، ئەدناسى ھاياتلىقتىن ئايرىلىشقا چىدىمىغاندەك توختىماي پىلدىرلايتتى. كېچىدىكى بوراندىن ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۆز ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كەتكەن ياۋا توشقانلار، قۇملۇق كىرپىلىرى، لەخمەنتاقتاق، سېرىققۇيرۇقلار ياۋا قومۇشلار ۋە قۇملۇق چاكاندىلىرى ئىچىدە ھېلىمۇ شەپە بەرمەيۋاتاتتى. ناگان - ناگاندا چۆچۈپ ئويغانغان قۇشلار ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلاپ قوياتتى. قىسقىسى، شىڭگىلۇجى جاڭگاللىقى مۇسىبەت تونىنى كىيگەن موماي - بوۋايلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ كۆڭۈلسىز پەسىلدە قەبرىلەردەك چوقچايغان قۇم بارخانلىرىدا، غازاڭلىقتا ئايلانغان قەدىمىي جاڭگاللىقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئاندا - ساندا ئۈنۈپ قالىدىغان سۆسۈن رەڭ كاككۇككۈلىگىلا ئوخشايدىغان بىر كىچىك ناتىۋان قىز توغراقنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىچە ياش تۆكمەكتە ئىدى. بۇ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى

كىچىككىنە ئاسىمگۈل ئىدى! ئۇنىڭ پۇشايمانلىق ياشلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۈلۈشكۈن نېمىشقىمۇ ئۆمەرگە باتناپ قويلىرىنى ئايرىپ باققان بولغىيدى؟ مانا ئۇ تۈنۈگۈن بىر كۈن، بۈگۈن بولسا شۇ كەمگىچە كەلمىدى. تۇۋا، ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ كەلمىسە، بۇ جاڭگال دوزاختەك سۈرلۈك بولۇپ كېتىدىكەنا؟ بۇ يەرنىڭ تىلتۇمارلىرى، زىنىخ ـ مەڭزىلىرى، ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان قىپقىزىل خاللىرى ئەسلىدە شۇلار ئىكەن ـ دە! ئۇلار ئەمدى ئاسىمگۈلنى بۇ يەردە تىكەندەك يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى كۆچكەن يۇلتۇزدەك بىر دەمدىلا غايىب بولدى. بۇ ئىككى قويچى بالا بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسى شادلىققا، ئۈمىدكە، يەنە قانداقتۇر بىر خىل شېرىن ھەم تاتلىق خىياللارغا تولغانىدى. بۇ خىياللار ئۇنى كۈندە نەچچە رەت سۆيەتتى، ئەركىلىتەتتى، باشلىرىنى سىلايتتى. تېخى سەت گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلىپ ھۇپپىدە قىزارتىۋېتەتتى... بۇ راستىقۇ؟ ئۇ ئۆمەرنىڭ تاتلىق لەۋزىدىن ئۈمىدلەنگەن، كۆڭلىدە ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك ئاجىزغىنا بىر ئىشەنچمۇ تۇغۇلغانىدى. لېكىن، تۈنۈگۈن كەچ كەنتتە «ساھىبىبەگنىڭ قىزى زىياخان بىلەن ئەيسا داموللامنىڭ كىچىك ئوغلى ئۆمەرنىڭ تويى بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالدى، گېلىدىن نان تۈگۈل، سۇمۇ ئۆتمىدى. ئۆمەر تېخى كىچىك تۇرسا؟ بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداق كىرىپ قالغاندۇ؟ تاينىلىق ئاشۇ باينىڭ قىزىنىڭ ئۇنىڭغا نەزەر كۆزى چۈشۈپ، ئاتا ـ ئانىسىغا: «تەگسەممۇ تېگىمەن، تەگمىسەممۇ تېگىمەن، بولمىسا ئۆلىمەن» دەپ تاۋان تاشلاپ تۇرۇۋالغان گەپ. بولمىسا «ئۆلۈمنىڭ يىغىسى، تويىنىڭ نەغمىسى بولىدۇ» دېگەندەك، بۇ ئىشنىڭ ئاللىبۇرۇنلا بىرەر شەپىسى بولماسمىدى؟ تۇۋا، تۇۋا! ماۋۇ ئۆمەر دېگەن دوقا باش ئەمدى يېڭى ئالغان خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ

ئولتۇرامدىغاندۇ؟ يۇسۇپ نەگە يوقالغاندۇ؟ ئۇ بوۋىسىنىڭ نەزىر - چىرىغىنىڭ غېمىدە يۈرەمدۇيا؟

ئاسىمگۈل قوي - ئۆچكىلىرىنى بالدۇرراق ئەكېتىپ، سەلەي مىرابىنىڭ قورۇسى ئالدىدا يۇسۇپنى ساقلىماقچى، ئۇ ئارقىلىق ئۆمەرنىڭ خەۋىرىنى ئالماقچى بولدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇ يۆلىنىپ تۇرغان توغراق ئۈستىدىن بىر باغلام قۇرۇق ئوت ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ، كېيىن ئاياغ ئاستىغا دومىلاپ چۈشتى. ئاسىمگۈل چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال يۇقىرىغا قارىدى، ئۈستىباشلىرىغا ئۇششاق ئوت ئۇۋۇندىلىرى چاپلىشىپ كەتكەن ئۆمەر توغراقتىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئاسىمگۈل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى.

— ئۆ... ئۆمەر، سەن... سەن مەشەدە تۇنىدىڭمۇ؟ — ئاسىمگۈل دۇدۇقلاپ كەتتى، — سېنىڭ تويۇڭ بولمىدىمۇ؟

— بولۇشى بولدى، بىراق مەن قېچىپ چىقتىم.

— شۇڭا، يۇسۇپنىڭمۇ قېشىغا بارالمايسەن - دە؟

— ئۇ يەرگە بارسام ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بەرمەمدىم؟

— راست، خەقلەر ساھىبىگەنى بەك زالىم ئادەم دېيىشىدىكەن.

ئۆمەر تۈنۈگۈن چۈشتىن باشلاپ تا قاچقانغا قەدەر بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئاسىمگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ زىياخانىنىڭ بەتبەشىرە سىياقىنى ئۆمەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ كۆڭلىدە خۇش بولغان بولسا، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئىچىنى ئىلەشتۈرۈۋەتتى. ئاسىمگۈل ئۆمەرنىڭ ئەقلىنى جورۇپ، ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ چىققانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كۈلگىنىچە ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— ئاسىمگۈل، مەن قويلىرىڭغا قاراپ تۇراي، سەن بىر ئامال قىلىپ يۇسۇپنى چاقىرىپ كەلسەڭچۇ!

— ماقۇل، — ئاسىمگۇل بىردىنلا يالتىيىپ قالدى، — يەنە... يەنە شۇ تاغ ئارقىسىغا قېچىشنى مەسلىھەت قىلامسىلەر؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە مەنچۇ؟

— سەن توغرۇلۇقمۇ سۆزلىشىمىز.

— يالغان! ئالداۋاتىسەن...

— مەن ئاخشامقى تويدىن جىق ئىشلارنى بىلىۋالدىم... كۆكۈلنىڭ ئىزدىگىنى باشقا بولىدىكەن، كۆكۈل خالىمىغان ئىش دوزاخ ئازابى ئىكەن ۋە بەك قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

— ئەمىسە، گېپىڭ راستمۇ؟

— يۇسۇپ قېتىلسا ئۇچىمىز بىللە كېتىمىز، ئەگەر ئۇ ئۇنىمىسا ئۆزى بىلگىنىنى قىلار، — ئۆمەر قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى، قىز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، — مەن سېنى باشقا يۇرتلارغا ئەكېتىمەن، قانداق، بولامدۇ؟

— بولماستىكى ئەمىسە... ئاچامنىڭ زۇلمىدىن سېنىڭ تايىقىڭ ئەلا بولار.

— مەن مەزلۇم خەقنى ئۇرىدىغان باغرى تاشلارغا ئوخشايمەنمۇ؟

— ياق، سەن قويچىغا ئوخشايسەن، — ئاسىمگۇل قىزارغىنىچە ئاياغ ئاستىغا قارىدى، — ئەمىسە مەن كەتتىم!

ئۆمەر قىزنىڭ پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان سىياقىغا قاراپ: «مەن چوڭ بولسام، ئۇنى چوقۇم ئالىمەن» دەپ پىچىرلىدى. ئاندىن ئۇ ئەتراپىغا زەن سالغاچ، قۇم بارخانلىرى، قويۇق چاتقاللىقلارنى دالدا قىلىپ مېڭىپ، بىرەر كىمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان دەرھال يوشۇرۇنۇپ، راۋات ئۆستەڭنىڭ تەتۈر سۆگەتلەر قاپلىغان پىنھان ئېقىنىغا باردى. ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پوتىسىدا سۇرتكەندىن كېيىن قېرى توغراقنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەنىلا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. ساھىبىبەگنىڭ چىشىغا تەگكەن ھەرقانداق ئادەم

ياخشى كۈن كۆرمەيتتى. ئەگەر ئۆمەرنى تۇتۇۋالسا ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆلگۈدەك دۇمبالاپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ قويۇپ ۋە شۇ ھالەتتە قىزى زىياخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى.

ئۆمەر توغراقتا چىقىپ كاۋاكتا كىرىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپنى كۆزەتتى، ئاندىن پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا زىياخاننى مەجبۇرىي تاڭغاندىن كېيىن ئاسمىگۇل ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى؛ بولۇپمۇ بىر يىل ئالدىدىكى «روزىلەم» دېگەن ناخشىنى مۇڭ بىلەن ئېيتقان، مۇلايىم، رومىلىنى چېكىلەپ چىگكەن، ئۇياتچان قارا كۆزلىرى يەر بېقىپ تۇرغان ئاشۇ ئوماق قىز دەممۇدەم كۆز ئالدىدا ئايان بولۇپ تۇردى. ئەدناسى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىدا ھال رەڭ مەرۋايىتتەك يالتىرىغان تەر تامچىلىرى ماڭلاي چاچلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىغا قەدەر بولغان كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاخشام توغراق كاۋىكىغا كىرىپ ياتقاندىلا، خىيال يىپلىرى ئۇنى ئاسمىگۇلگە چىڭ باغلاشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، ئابايا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «مەن سېنى باشقا يۇرتلارغا ئەكېتىمەن» دەپ ئاسمىگۇلنىڭ كۆڭۈل بېغىنى ياشنىتىۋەتكەنىدى.

ئۆمەر سىرلىق ھەم تاتلىق خىياللارنىڭ تورلىرىغا چىرمىلىپ ئولتۇرىۋەرگەنمۇ بولاتتى، ئەمما زىل ۋە مۇلايىم بىر ئاۋاز ئۇنى چاقىردى. ئۇ توغراق كاۋىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئاسمىگۇل بىلەن يۇسۇپنى كۆردى ۋە خۇشاللىقىدىن شاپۇر - شۇپۇر چۈشۈپلا ئاغىنىسىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان بىر چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە ئۆمىلەپ كىردى. جىگدە، ئازغان، جىغان ۋە ياۋا بادامدەك ئىنچىكە غوللۇق دەرەخلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇ چاتقال خۇددى چەللە باراڭغا ئوخشاپ قالغانىدى. تېخى يىللاردىن بېرى يامىشىپ چىقىۋەرگەن يۆگىمەچ، سېرىقيۆگەي، بوغمىئوت قاتارلىقلارنىڭ

قاتمۇقات بولۇپ كەتكەن سامان غوللىرى كاللەكلىشىپ، بىرنەچچە قەدەم ئارىلىقتىكى ئادەمنىمۇ كۆرسەتمىگۈدەك دەرىجىدە بولۇپ، يەر باغاشلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى. يۇسۇپ، ئۆمەر، ئاسىمگۈللەر ئەپلىك يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەرلىرىنى سۈرتۈشتى. بۇ يەر شامال ئۆتۈشمەيدىغان بولغاچقا، تىنچىق ئىدى. يۇسۇپ پوتىسىغا تۈگۈۋالغان زاغرىنى يېشىپ ئۆمەرگە سۇندى ـ دە: «قېچىپ چىققانلىقىڭنى ئاڭلاپ ئېلىۋالغان» دەپ قويدى.

— مەن ئاسىمگۈلنى سەلەي مىرابنىڭ قورۇسىغا قانداق كىرەر دەپ ئەنسىرىۋىدىم، — دېدى ئۆمەر يۇسۇپكە قاراپ، — ھېلىمۇ ياخشى سەن بىلەن كۆرۈشەلەپتۇ.

— بۇ قىزمۇ يامان ئىكەن، قورۇغا ئۇسۇپ كىرىپلا، ھويلا باقىدىغان نىيازكامغا: «يۇسۇپكام بىلەن شىڭلوجى جاڭگاللىقىدا قوي باقاتتۇق، بىر پاقلىنىم تۆت كۈن بولدى يوق، سەلەي بېگىمنىڭ قويلىرىغا قېتىلىپ كېلىپ قالدىمىكىن دەپ كېلىۋىدىم» دەپتىكەن، نىيازكام ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئەكەپتۇ.

ئۆمەر يۇسۇپكە تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى سۆزلىمەكچى بولىۋىدى، يۇسۇپ يولدا كەلگۈچە ئاسىمگۈلدىن ھەممىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئەمما، كېچىدىن مەھەللىدە بولغان ساراسىمىنى ئۆزى سۆزلەپ بەردى. ساھىببەگنىڭ ئادەملىرى ئۆيمۇئۆي بېسىپ كىرىپ، باغ ـ ھويلا، ئۆگزە، ئېغىل ـ قوتانلارغىچە ئاختۇرۇپ، ئۇ يەرلەرنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتكەنىدى. سەلەي مىرابنىڭ دەرۋازىسى ئوتتۇرا كېچە بىلەن ئەنسىز ئۇرۇلۇپ، كۆدە قۇلاق، ئالا پاچاق ئىتلارنى يېتىلىگەن بىرنەچچە ئادەم ئېتىلىپ كىرگەن، يۇسۇپنىڭ ئەسكى يوتقان، كونا جۇۋىلىرىنى، ھەتتا ياتقان يېرىدىكى كىگىزلىرىگىچە تالاغا ئېتىپ: «ئۆمەرنى تېپىپ بەر!» دەپ ۋارقىراپ كېتىشكەنىدى. ئەگەر باستۇرۇپ كىرگەنلەر ئىچىدىكى بەتبەشىرە ساقاللىق بىلەن تازچاق پوقاقلار

زەنجىرلىرىنى بىلىگە باغلىۋالمىغان بولسا، ئۇلار يېتىلىۋالغان ئىتلار خار - خور قىلىپ ئېتىلىپ كەلگەن پېتى يۇسۇپنى بىردەمدىلا تالىۋەتكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالغان سەلەي مىراب ئىتلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغاچ:

— بۇ بالىنىڭ بوۋىسى تۈنۈگۈنلا قازا قىلدى. قوي باققىلى چىقمىغىنىغمۇ بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆمەرنى نەدە يۈرۈپ كۆردۇ؟ — دەپ يىلىنغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئىتلىرىنى سۆرىشىپ چىقىپ كېتىشكەندى.

— يۇسۇپ، — دېدى ئۆمەر ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئەمدى مېنىڭ بارار - تۇرار يېرىم قالمىدى. بۇ چاغقىچە سېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ساقلاپ كەلدىم. ئەگەر كەتكۈڭ بولسا ئۇچۇق گېپىڭنى قىل، بولمىسا مەن ئاسمىگۈلنى ئېلىپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىمەن.

— نېمە، ئاسمىگۈلنى ئېلىپ؟ — يۇسۇپ يالتىتىدە قارىغانىدى، قىز ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى، — مەن باشقا بىر نېمە دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن بوۋامنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى قىلماقچى. شۇڭا، ئۇچ - تۆت كۈن سەۋر قىلىپ بەرگەن بولساڭ. ھە، توغرا، يەنە بىر خۇش خەۋەرمۇ بار.

— نېمە خۇش خەۋەر ئىكەن ئۇ؟

— يەكەن دارىلئېتامىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لېتىپ نۇجۇر بوۋامنىڭ نامىز كۈنى كەلدى. ئۇ باغئېرىقتا ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنىكەن.

— باغئېرىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى سازلىقتا چۈشۈپ كېتىدىغان يارلىق ئۇستىدە بىغى بار مومايىنىڭ بالىسىغۇ؟

— شۇ، شۇ!...

نامىز كۈنى سەلەي مىرابنىڭ قورۇسىغا جامائەت توپلانغانىدى. ئۇلار جىنازا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يىغلاۋاتقان يۇسۇپنى ئېچىك - تۇمشۇقلىرىدا ئىما قىلىپ، بىگىز بارماقلىرىدا كۆرسىتىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ

كۆسۈرلىشاتتى. ساقاللىرىنى سىيپاپ، ياشلىرىنى يەڭ ئۇچىدا ئېرتىشاتتى. جامائەت ئوتتۇرىسىدا قول باغلاپ تۇرغان لېتىپ نوجۇرمۇ پات ـ پاتلا كۆز ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ، قول ياغلىقىنى كۆزلىرىگە باساتتى. ئادەملەرنىڭ ئېيتقانلىرى قۇلىقىغا كىرگەنسېرى، ئۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى.

ـــ ئەجەب ئىچ كۆيەر، دىلى يۇمشاق بالا بولدى.

ـــ ئۇ پالەچ بولۇپ قالغان بوۋىسىنى بېقىش ئۇچۇنلا ئوقۇشىنى تاشلاپ، سەلەي مىرابقا يىللىقچى بولۇپ ياللانغان ئەمەسمۇ!

ـــ بوۋام دېسە مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلەتتى بۇ يېتىم.

ـــ ئۆزى ئاچ يۈرسە يۈرەتتىكى، بوۋىسىغا يېگۈزەتتى.

بۇ مەدھىيەلەردىن ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك بىر قەلبنى كۆرگەندەك بولغان لېتىپ نوجۇر جىنازا ئەتراپىدا بىر ياغاچقا تايىنىۋېلىپ زار ـ زار يىغلاۋاتقان يۇسۇپكە يەنە قارىدى...

ـــ ياخشى باقالمىدىم، بوۋا، جېنىم بوۋا، «يالغۇز قالدىغان بولدۇڭ» دەپ يىغلىغانىدىڭغۇ، بوۋا... ئەمدى مەن كىمنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويارمەن، بوۋا؟ ياتقان يەرلىرىڭنىڭ توپىسىنى كۆزۈمگە سۈرتەيمۇ، بوۋا؟ ...

بۇ ئەسنادا لېتىپ نوجۇرنىڭ قۇلىقىغا مۇنۇ سۆزلەر كىرىپ قالدى:

ـــ سەلەي مىراب بوۋاينىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەر ـ ھە؟

ـــ مېيىت ھويلىسىدىن چىققاندىكىن ...

ـــ ھەي تاڭەي، ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ يۇسۇپنىڭ گەدىنىگە بىرمۇنچە قەرز ئارتىپ قويارمىكىن...

بوۋاينى يەرلىكىگە قويۇپ تۇپراق بېشىدىن قايتقان جامائەت يۇسۇپنىڭ ئۆيىنى پەتىلەپ قۇرئان ئوقۇپ قايتىشتى. لېتىپ نوجۇر يۇسۇپنى چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— يۈسۈپ ئۇكا، بوۋاڭنى دەپ ئوقۇشۇڭدىنمۇ قاپسەن، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— بېشىمنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىمەن.

— يەنە ئوقۇغۇڭ يوقمۇ؟

— بىزدەك نامرات بالىلارغا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ؟

— ئۇنداق دېمە. ئەگەر ئوقۇغۇڭ بولسا، سېنى دارىلئېتامغا ئەكېتەي. ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ياتاقتىن تارتىپ ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ.

— بولارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟! قېنى ئەتىگىچە ئويدان ئويلان، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن. توغرا، بوۋاڭنىڭ نەزىرىنى قانداق قىلماقچى؟

— سەلەي مىرابقۇ: «ئەنسىرىمە، مەن قىلىپ بېرىمەن» دەيدۇ. ئەمما، مەن بۇ يەردىن كېتىدىغان تۇرسام، ئۇنىڭ ئالدىدا تىلىم قىسقا بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— توغرا ئويلاپسەن. نەزىرگە قانچىلىك بىرنېمە كېتەر؟

— لېتىپكا، ئاڭلىسام، باغئېرىقتىن كىچىك چىقىپ كېتىپتىكەنسىز، — يۈسۈپ كۆزىدىكى ياشنى ئالىقىنىدا سۈرتتى، — بۇ يەردە نامراتلارنىڭ نەزىرىسى قانچىلىك بولماقچىدى، چاي بىلەن بىرەر - ئىككى دەستە كاكچا نان قويىمىز، ئاندىن ئۈچ ئادەمگە بىر ئاياقتىن ئۇماچ تارتىمىز شۇ.

— ئۇنداقتا؟

— ئىككى چارەك بۇغداي، بىر چارەك قوناق بولسا يېتىدۇ.

يۈسۈپ كېچىچە ئويلىنىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولغۇچە دارىلئېتامدا ئوقۇشنى لايىق تاپتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئۈمەرگىمۇ مايدەك ياقاتتى. ئەگەر لېتىپ نۇجۇر ئۈمەرنىڭ بېرىشىغا قوشۇلمىسا، يۈسۈپ ئۆزىنىڭمۇ بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. دېگەندەك، لېتىپ نۇجۇر ئەتىسى ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈمەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامانلا قوشۇلدى. ئۇ

قايتىــدىغان چــېغىدا يۈسـۈپنىـڭ قـولىغـا تـۆت يۈز سومـلـۇق قىپقىزىل گۇەنجىڭ تىزىسىدىن بىرنەچچىنى تۇتقۇزۇپ:

— نەزىر ئۇچـۇن سەلەي مـىـرابتىن قـەرز ئالما، بـولمـىـسا تىلىنىڭ قىسقا بولۇپ قالىدۇ، — دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

يۈسۈپ ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈلگە بولغان ئىشلارنى ئاشۇنداق سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر قـەۋەتلا خۇشال بـولۇپ كەتتـى. ئەمما، ئـۇ سۆلتىيىپ قالغان ئـاسىمـگـۈلگە قاراپ خـىجىل بـولدى بولغـاي، يۈسۈپكە قايرىلدى:

— يۈسۈپ، ئاسىمگۈلمۇ بارسا بولارمۇ؟

— ئۇ دېگەن يېتىمـلەر مەكتـىپى ئـىكەن، ئاسـىمگۈلـمۇ يېتىمغۇ، شۇڭا ئۇنىمۇ بىللە ئاپىرايلى.

— راسـتمۇ؟ — ئاسـىمگـۈل كـۆزلىرىـدىـن ياش تۆكـۈلـۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ كۈلدى، — سىلەر نېمىدېگەن ياخشى ! مـەن ئىككىڭلارنى ئۆمۈر بويى ئاكا دەيمەن.

— مېنى ئاكا دېسەڭ بولىـدۇ، لېكىن بۇنى... — يۈسـۈپ ئـۆمـەرنى ئـىـمـا قـىـلـدى، — ئـاكـا دېسـەڭ قـامـلاشـمـاس، ھېچبولمىغاندا...

— ھۇ بېشـىڭنى يەيـدىغان ئاغـزى مەينەت تـاز... ئادەمنىـڭ ئۇياتقۇسىنى كەلتۈرۈپ دەۋاتقان گېپىنى قارا !

ئاسىمـگۈل يۈسۈپـنىڭ قۇلـىقىـنـى چىڭ تـۇتـۇۋالغانـىـدى، يۈسۈپ: «توۋا قىلدىم، ئەمدى ھەرگىز دېمەيمەن !» دەپ ئۇنىڭدىن ئارانلا قۇتـۇلدى. ئۇ ئورنـىدىن تۇرۇپ ئـېڭىشـكىنـىچە چاتـقـال ئارىسىدىن چىقتى - دە، ئۆمەرنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى:

— ئۆمەر، مەن بوۋامنىڭ نەزىرىسـىـنى ئۆتكـۈزۈپ بولغۇچـە بىرقانچە كۈن مۇشـۇ تـوغراق ئـىچـىدە كۈنـۈڭـنى ئۆتكـۈزۈپ تۇرغىن، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئاسىمگۈلگە قارىدى، — مەن بۇگۈن كەچتىلا ئاسىمگۈلدىن بىر قاپاق سۇ بىلەن نان، يەنە قورۇق يەل - يېمىش ئەۋەتىمەن، ئارىلاپ تاماقمۇ ئەۋەتىپ تۇرىمەن.

— سېنى جاپاغا قويىدىغان بولدۇم.

— مەنمۇ ئارىلىقلاردا ئاچامدىن ئوغرىلىقچە يېمەكلىك ئەكېلىپ بېرىمەن.

— ھە راست، نەزىر كۈنى لېتىپ نۇجۇر چوقۇم كېلىدۇ. مەن ئاسمگۈلنىڭ قارا يېتىم ئىكەنلىكىنى، ئوقۇشتىن قېلىپ ھازىر ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى چوقۇم قايىل قىلىمەن.

— رەھمەت، يۇسۇپكا، خۇدايىم بىر جېنىمغا ئون جان بېرەر.

— توۋا دېگىنە، بىر جاننى باقالماي تۇرغاندا، ئون جاننى قانداق باقىمەن؟

ئۇلار ئۇچىلىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

## تۆتىنچى باب

# دارىلئىبتام

دارىلئىبتام كونىشەھەردىكى «ئالتۇن دەرۋازا» دەپ ئاتالغان چىلتەنلىرىمىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئەتراپىدا ھېچقانداق دەل - دەرەخ يوق ئەڭ ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. چىلتەنلىرىمىنىڭ ئۆزى مازارلىق بولغاچقا، دارىلئىبتامنى ئەتراپى كونا قەبرىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بەكمۇ چوڭ خارابىلىك ئوراپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھەر جۈمە كۈنى ۋە كىشىلەر ئۇلۇغ دەپ بىلىدىغان باشقا كۈنلەردە — ھېيت كۈنلىرىدە، نورۇز بايرىمىدا، رامىزان ئايلىرىدا چىلتەنلىرىمگە ۋە باشقا ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا ئاتالغان دۇئا - تىلاۋەت، خەتمىقۇرئان، زاراخەتمە ۋە نەزىر - چىراغلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. تۇغماس ئاياللار پەرزەنت تەلەپ قىلىپ كېلىپ، تۇغ - ئەلەملەرگە ۋە قاقشال ياغاچلارغا رەڭلىك لاتىلارنى چىگىشەتتى. كۆشەندىلەر بىر - بىرىگە بالا - قازا تىلەپ، تەمەچ ئوشتۇيتتى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىسرىق سالىدىغان رەسىم - قائىدىلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، بۇ مازارلىققا جايلىشىۋالغان گاس - گاچا مېيىپلەر، ئىگە - چاقىسى يوق قېرى - چۈرىلەر، دىۋانىلەر، چاچ - ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن ئاشىقلار، دەرۋىشلەر، داستان ئېيتىدىغان، قىسسە سۆزلەيدىغان ۋايىزلار، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئالىقان سىزىقلىرىغا قاراپ تەقدىرىدىن بېشارەت بېرىدىغان مۇنەججىملەرمۇ كۆپ

ئىدى. ئۇلار تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەرگە قوياشتەك ئۇزۇن ئۆمۈر، چەكسىز بەخت ۋە يەتتە جەننەتنى تىلەپ دۇئا قىلىشاتتى ـ يۇ، ئۆزلىرى بولسا بىر كۈن كەچكىچە ئۇ يەردە تۇپا ـ توزانغا كۆمۈلۈپ، گۆردىن ھېلىلا چىققان ئەرۋاھتەك بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىباشلىرى ئىت تالىغاندەك جۇل ـ جۇل بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن بەتتەر قاسماق ۋە پاسكىنا ئىدى... چىگىچلىشىپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىدا پىتلار ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرىنى بولسا كۆڭۈل ئېلىشقۇدەك دەرىجىدە جاراھەت يارىلىرى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، جاراھەتتىدىن ساپسېرىق يىرىڭ تەپچىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەر كۈنى چۈشتە ئۇلارغا بىر ۋاخلىق تاماق تارقىتىپ بېرەتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدىغان تۇپىلاڭ يول بارغانسېرى يۇقىرىلاپ دۆڭگە جايلاشقان دارىلئېتامغا تۇتىشاتتى. دارىلئېتامنىڭ ئۇدۇلىدىكى پەسلىكتە قازىخانا بولۇپ، ئۇنىڭ خىشلىق قوۋۇقى ئۈستىدە چاغاتاي يېزىقىدا «مەھكىمە شەرئى» دەپ يېزىلغان ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكا بار ئىدى.

ئەمدى دارىلئېتام دەپ ئاتالغان بۇ يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپىگە كىرىپ باقايلى. بۇ مەكتەپنىڭ چاققانغىنا ھويلىسى بار ئىدى، ۋاسكېتبول مەيدانىدا كونىراپ، چەمبەرلىرى داتلىشىپ كەتكەن ئىككى گار چوقچىيىپ تۇراتتى. مەكتەپ مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان بىنالارنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكىسى ئوغۇللارنىڭ، شىمال تەرىپىدىكىسى بولسا قىزلارنىڭ ياتىقى ئىدى. ياتاقلار يەنە يۇقىرى ـ تۆۋەن سىنىپلار ئايرىمىسى بويىچە ئايرىلاتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئوقۇتۇش بىناسى گەرچە بىر قەۋەتلىك بولسىمۇ، باشقا بىنالارغا قارىغاندا كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ھەم دېرىزىلىرى چوڭ بولغاچقا، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى قاتار ئۆيلەر

سەكسەن ئېغىزدەك بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە مەكتەپ خادىملىرىنىڭ ياتاقلىرى ۋە ھوجرىلىرى ئىدى. ھويلىدىكى ۋاسكېتبول مەيدانىدىن باشقا، ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا يەنە تۆت تەرىپىگە تىرەكلەر قويۇلغان ئىككى لىم بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا قوش كىشىلىك ئىلمەكگۈچ ئېسىلىپ تۇراتتى. ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ كۆچەت تىكىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا قولدا سۇ قۇيۇلىدىغان بولغاچقا، ئانچە ئايىنىپ كېتەلمىگەنىدى. مانا ئاشۇ كۆچەتلەرنىڭ يېنىدا مەكتەپ فورمىسى كىيگەن ئۆمەر بىلەن يۇسۇپ دەپتەر، كىتابلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

ئۆمەر، يۇسۇپ، ئاسىمگۇللەر مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن لېتىپ نۇجۇر ئۇلارنىڭ ئانكېتىنى تولدۇردى، ئانكېتىلارغا مەكتەپنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، بۇ ئۈچەيلەننى غەدىگەرلىك بازىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم نىياز ئۆمەر، يۇسۇپ، ئاسىمگۇللەردىن گەپ سوراپ، ئۇلارنى ماختاپ كەتتى ۋە ئانكېتىقا تامغا بېسىپ تەستىقلاپ بەردى. ئۇلار مەكتەپكە كەلگەن ھامان خوجىلىق مۇدىرى خەلپىدىن ئابدۇكېرىم نىياز تەستىقلاپ بەرگەن ئانكېتىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا دارىلئېتامنىڭ فورمىسى: ئالتە بۇرجەكلىك كۆك شەپكە، كۆك كالتە چاپان بىلەن ئىشتان ۋە قارا لاتا خەي تارقىتىپ بەردى. مانا شۇنىڭغىمۇ يېرىم يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇلار 1942 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى كەلگەنىدى. ھازىر يىل ئاتلىغان، ماي ئايلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. ئىلمىي بۆلۈم تەرىپىدىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، ئۆمەر تۆتىنچى سىنىپقا، يۇسۇپ بىلەن ئاسىمگۇل ئىككىنچى سىنىپقا تەقسىم قىلىنىدى. دەرستە يېتىشەلمەيۋاتقان يۇسۇپ بىلەن ئاسىمگۇل ۋاقىت چىقسىلا، ئۆمەردىن دەرس ئۆگىنەتتى. لېتىپ نۇجۇر مۇئەللىم ھېساب، تەبىئەت ۋە تىل

دەرسىنى، ساھىبىنەزەر مۇئەللىم دۆلەت تىلى① نى، تـوختىگـۇل مۇئەللىم تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرىنـى بېرەتتـى. ئۆمەر ئوتـتۇن ساتقان چاغلىرىدىلا خەنزۇچە ئۆگىنىشنى كۆڭلىگە پـۈككەنىـدى، شۇڭا ئـۇ تـىرىشـىـپ يۈرۈپ ئاسـانـلا ئۆزۈپ كـەتـتـى. لېـكـىـن، يۈسۈپنىڭ تارىخ دېسە بېشى ئاغرىيتتى، ئاسىمگۇل خـەنزۇچىغـا تىلى كەلمەي جىلە بولاتتى. ئاسىمگۇل مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى ئاپپاق تولۇپ، قاش - كۆز، كىرپىكلىرى خـۇددى ئاق قـەغەزگـە تۆكۈلـگـەن سىيـاھـتەك بولـۇپ، ھـۆسـنـىـگـە ھۆسـن قـوشـۇپ، پۆلەكچىلا بەرنا قىز بولۇپ قالدى.

— ئۆمـەر، مۇشۇ تارىـخ دېگەن نېـمىدىـن ئـەجەب كۆڭـلـۇم قالدىغۇ، — دېدى زوڭزىيـىـپ ئولـتـۇرغان يۈسـۈپ، — خـان - پـادىشاھلار ئـۇنداق ئۆرۈشقـان، دېھقـانـلار قوزغـلـىڭى مـۇنـداق بولغان، پالانى - پوكۇنـىـنى دارغا ئاسـقان دەپ ھەجىـلەۋەرگەنگـە ئۇلار قايتىدىن تىرىلىپ قالارمىدى؟ بىزنـىڭ ئۇلار بىـلەن نېمـە چاتىقىمىز؟...

— ھەي ساراڭ، ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ ۋە ئـۆزگىنىـڭ تارىـخىنى بـىلمـىـسە قانداق بـولـىدۇ. روناق تـاپالمايدۇ - دە! — ئۆمەر قوللىرىنى شىلتىدى، — ئوبدان ئوقۇ، ئۇنىڭ پايدىسىنـى كېيىن كۆرىسەن.

ئون بـەش ياشلـىـق ئۆمەر يۈسـۈپكە تارىـخ مۇئەلـلـىمىدىـن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە نەسىھەت قىلاتتى، ئـۇنىڭ نېـرىسىغـا ئۆتۈپ چۈشەندۈرەلمەيتتى. ئىككى ئاغىنىنىڭ نىشانى ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرى ئوخشاش بولۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلار مۇئەللىم بولۇشماقچى ئىدى.

— يۈسۈپ، دارىلمۇئەللىمىنغا ئالتىنچى سىنىپنى پۈتكۈزسەك، يەكەننىڭ ھەرقـايسى ناھىيە - يېـزىلىـرىدىكى مـەكـتـەپلـەرگـە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىدىكەن. سېنىڭ نەگە بارغۇڭ بار؟

— مېنىڭ تارتىشىدىغان ئۆرۈق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىم

---

① دۆلەت تىلى — خەنزۇ تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

يوق، ــ دېدى يۈسۈپ نەگىدۇر تىكىلىپ، ــ شۇڭا نەگە ئەۋەتسە شۇ يەرگە بارىمەن، سەنچۇ؟

ــ مەنمۇ، ــ ئۆمەرنىڭ قاشلىرى مىژژىدە تۈرۈلدى، ــ نەگە ئەۋەتسە شۇ يەرگە بارىمەن، بىزگە مۇشۇنداق ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن، ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ئىسسىق ماكان بېرىپ، يېڭى هايات ئاتا قىلغانلارنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىدىن چىقىمەن.

ــ سىلەرنىڭ مۇڭلۇق تۇرگەيدىغان چاغمۇ بولامدۇ؟ ــ ئاسىمگۈل ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى، ــ ئۆمەر، مۇئەللىم خەنزۇچىدا ئون نەچچە جۈملە يېزىپ بەرگەنىدى، ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغىنا!

ــ سىلەر دەرس تەكرارلىغاچ تۇرۇڭلار، ــ يۈسۈپ ئورنىدىن تۇردى، ــ مەن ياتاققا كىرىپ چىقاي.

ئاسىمگۈل كەلگەن هامان يۈسۈپ بىرەر ئىشنى باهانە قىلىپ كېتىپ قالاتتى. ئەمما، ئۆمەر قىزنىڭ كۆڭۈل چاچىدىغان گەپلەرنى قىلىشىغا يول قويمايتتى ۋە ئادەم هېيىقىقۇدەك دەرىجىدە تەمكىنلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئاسىمگۈل دەرستىن تاشقىرى گەپلەرنى قىلىشتىن هەزەر ئەيلەيتتى. هازىرمۇ ئۇ مەشىق دەپتىرىنى ئېچىپ، ئۆمەرگە تۇتقۇزدى.

ــ مەن دەسلەپ خەنزۇچىسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىمەن، ــ دېدى ئۆمەر جىددىي قىياپەتتە، ــ سەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خەتنى خەنزۇچە ئۆزۈڭ توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشنى ئۆگىنىسەن.

ــ ماقۇل. ئەمىسە سورا!

ــ گېگې چى خېيما.

ــ ئاكام قارا ئات مىندى.

ــ دىدى چى بەيما.

ــ ئىنىم ئاق ئات مىندى.

ــ بەيما پاۋ، خېيما تياۋ، بابا ـ ماما خاخا شياۋ...

— ئاق ئات چاپتى، قارا ئات سەكرىدى، دادام - ئانام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى...

— مانا، ئوبدان ئۆگىنىپسەنغۇ؟

— تەرجىمىسىنى قىلالايمەن، لېكىن خەنزۇچىسىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي تاياق يەيمەن، قاراپ باقە قولۇمغا !

ئۆمەر ئاسىمگۈلنىڭ قىپقىزىل ئىششىپ كەتكەن ئالىقىنىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— هە، ساھىبنەزەر مۇئەللىم بىستەل① دە ئۇردىمۇ؟

— دوسكىغا بىر سۆزنى يازالمىسام بەشنى، توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسام ئۈچنى ئۇردۇ.

ئۆمەر باغئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەنزۇچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەنلىكى ۋە دارىلئېتامغا كەلگەندىن كېيىنمۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن باللاردىن خېلىلا ئالدىدا ئىدى. ئۇ ئوقۇشلۇق كىتابتىن ئۆتۈلمىگەن دەرس تېكىستلىرىنىمۇ يېزىپ ئوقۇپ بېرەلەيتتى، شۇڭا ساھىبنەزەر مۇئەللىم ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىۋاتاتتى. ساھىبنەزەرنىڭ ئەلەمنىسا ئىسىملىك بىر ئاشنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىسى مەكتەپ هويلىسىدا، دەرۋازا ئالدىدا ۋە دېرىزە تۈۋىدە كۆرۈنگەن هامان، ئۇ: «ئۆمەر، باللارنى تەكرارغا سېلىپ تۇرغىن !» دەپ يوقاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى دەرستە چىڭ تۇتقىنىغۇ ياخشى، لېكىن كىچىككىنە بىر قىزنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ مۇنداق ئىششىتىۋەتسە بولامدۇ؟ ئۇنى بىر ئامالالاپ چەكلىمىسەم بولمىدى. بىراق، بۇنى ئاسىمگۈلگە ئۇقتۇرماي قىلىشىم كېرەك.

— ئاسىمگۈل، ياتىدىغان ۋاقتىڭدا پىرقىرىما پانۇسنىكى خەتلەرنى ئۆگەنمەيۋاتامسەن؟

— ئۇ خەتلەرگە بىرەر - ئىككى مىنۇت قاراپ تۇرسىلا ئۇخلاپ قالىدىكەنمەن.

---

① بىستەل — ياغاچتىن ياسالغان پالاق.

— ئەمسە يېتىۋالماي ئولتۇرۇپ ئۆگەن.

دارىلئېتامدا خەنزۇچە ئۆگىنىش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ئىدى. ئون كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ تورۇس لىمىدا ئېچىگە شام يېقىلغان ئون ئىككى قىرلىق پانۇس ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر يۈزىگە ھەر كۈنى ئۆتۈلگەن خەنزۇچە خەتلەر ئالماشتۇرۇپ چاپلىناتتى. پانۇس ئۆز ئورنىدا توختىماي پىرقىراپ تۇرغاچقا، ئوقۇغۇچىلار خەتلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشاتتى. ئۆمەر دارىلئېتامغا يېڭى كەلگەن چاغدىن باشلاپلا پىرقىراتما پانۇستىكى خەتلەرنى بىردە يېتىپ، بىردە ئولتۇرۇپ كۆزلىرى ئېچىشىپ كەتكۈچە ھەجىلەپ ئوقۇيتتى، پەقەت پانۇس ئىچىدىكى يېرىم شام ئۆچۈپ قالغاندىلا ئاندىن بېشىنى ياستۇققا قوياتتى.

بىر كۈنى يۈز بەرگەن تاسادىپىي بىر ئىش ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن پىلانىغا يول ئېچىپ بەردى. يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان، ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىر پەندىن تاپشۇرۇق بېرىلىپ نومۇر قويۇلۇۋاتقان ھالقىلىق پەيت ئىدى. ساھىبنەزەر بىرقانچە ئوقۇغۇچىنى دوسكىغا چىقىرىپ، بۇرۇن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى يازدۇردى ۋە: «توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇپ بېرىڭلار!» دېدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يازغان جۈملىلىرى بىلەن خام سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇدى. ساھىبنەزەر ئۇلارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن ئالغان نومۇرلىرىنى ئېلان قىلغاچ، نومۇرلارنى سىنىپ ژۇرنىلىغا بېكىتتى.

— ئايشەم تۆتتە مىنۇس، توختىخان ئۈچتە پىلۇس، روسۇل تۆت، — ساھىبنەزەر بېشىنى كۆتۈردى، — بۈگۈن بەش ئالغان بالىدىن بىرىمۇ چىقمىدى. يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى، سىنىپىمىزدىن خەنزۇ تىلى دەرسىدە ئەلاچىلار چىقمامدۇ نېمە؟

ساھىبنەزەر دوسكىغا يېڭى دەرس تېكىستىنى يېزىپ، ئاھاڭى بىلەن ئوقۇپ تۇراتتى، ئوچۇق دېرىزىدىن ئەلەمنىسا

كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كۆك سىيامبۇ تامبىلى كۆڭلەك ئېتىكى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلەمنىسا ئوقۇتقۇش بىناسى ئالدىدىكى ئىلەڭگۈچنىڭ تۇۋرۈكىگە يۆلەنگەن ھالدا ساھىبنەزەرگە لەپپىدە قىلىپ كۆز تاشلاپ قويدى ـ دە، ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئۆمەر، سەن ئالدىغا چىقىپ، دوسكىدىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا بىرقانچە قېتىمدىن ئوقۇپ بەر! — دېدى ساھىبنەزەر ئالدىدىكى يوقلىما، خاتىرە، كىتابلارنى ئاختۇرغان بولۇپ، — ئاندىن تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى يىغىۋال. ياتاقتا بىر ماتېرىيال ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، مەن چىقىپ ئەكىرەي.

— ماقۇل، مۇئەللىم!

ئۆمەر دوسكا ئالدىدىكى پەشتاقتا چىقىپ يېڭى دەرس تېكىستىنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە بالىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى يىغىۋالدى. ئۇ بىر دەستە دەپتەرنى قولتۇقلىغىنىچە دېدى:

— ساۋاقداشلار، دوسكىدىكى تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرگەچ تۇرۇڭلار! مەن تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى مۇئەللىمگە ئاپىرىپ بېرەي.

ئۆمەر تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى باھانە قىلىپ ساھىبنەزەر مۇئەللىمنى بىر رەسۋا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، يېقىندىن بېرى ئەلەمنىسا مەكتەپنى قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلىۋېلىپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ساھىبنەزەرنى ئالدىغا سېلىپ ئاچىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ غەزىپى كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ياتاق ئىشىكى ئالدىغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەلگەن ئۆمەر نازلىق ئەركىلىگەن، ئىڭرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ باققانىدى، ئىشىك ئاۋازسىزلا ئېچىلىپ كەتتى. بۇ شەھۋەتخورلار جىددىيلەشكىنىدىن ئىشىكنىڭ ئىلغۇسىنى سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ

قىلىشقانىدى.

— مۇئەللىم ! — ياتاقتا ۋارقىراپلا كىرگەن ئۆمەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قولىدىكى تاپشۇرۇق دەپتەرلەرمۇ يەرگە پالاققىدە چۈشۈپ چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىلىسى قىپىيالىڭاچ بولۇپ، ئەلەمنىسا ساھىبىنەزەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى.

— ۋايجان ! — ئەلەمنىسا قاتتىق چىرقىرىغىنىچە كونا چىت يوتقاننى بولۇشىغا تارتىپ ئۈچىسىغا ئارتقانىدى، ئاستىدا تۆكلۈك، ئۈستىدە ئاپپاق تۇرغان پاچاقلار يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى. ئۆمەر ئارقىغا قايرىلىپلا ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. توۋا، خوتۇنلار نېمانداق يامان بولۇپ كەتكەن - ھە ! غىلىتاڭ ئەرلەرنى بېسىۋالامدىغاندۇ؟ ھېلىقى بىر چاغدىمۇ زىياخان ئۆمەرنى دەس كۆتۈرگىنىچە يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. تېخى قولىنى ئۈچرىغان يەرگە ئۇزارتالايدىكەن بۇ خەق، ئۇلار نېمانداق قىلىدۇ - ھە؟

شۇ كۈنى ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشكەندە، لېتىپ نۇجۇر ئۆمەرنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە مەكتەپ مۇدىرى ئەسرۇللامۇ بار ئىدى. ئەسرۇللا يۈزى دۈپدۈگىلەك ۋە سېمىز، ئۆڭى ئاپپاق ۋە پاكىز ئادەم ئىدى. قاپقارا كۆتمەك قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. يىرىك ۋە قويۇق چاچلىرى چارلاشقان بولسىمۇ، قورۇقسىز، سىدام يۈزىگە قاراپ ئۇنى ھېچكىم ئەللىك ياشقا كىردى دېمەيتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئوتتۇز ئالتە ياشلىق لېتىپ نۇجۇر چوڭ چىراي كۆرۈنەتتى. لېتىپ نۇجۇرنىڭ سەل قارىغا مايىل بادام يۈزى دائىم تەمكىن تۇستە بولۇپ، دۈپدۈگىلەك چوڭ كۆزلىرى ئادەمگە ئېغىر نەزەردە تىكىلەتتى، ئەمما ئۇ سىن - سىپاتى قامالاشقان، ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى.

— ئۆمەر، ساھىبنەزەر مۇئەللىم سىنى دەرس ئۆتكىلى سىر-لىپ قويۇپ ئۆزى سىنىپتىن چىقىپ كېتىدىكەن، بۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەسرۇللا مۇدىر جىددىي تەلەپپۇزدا، — قېنى سۆز-لەپ باقە، دائىم شۇنداق ئىش بولۇپ تۇرامدۇ؟

— دائىملا شۇنداق ئەمەس، مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاندا بولۇپ قالىدۇ.

— قانداق مۇھىم ئىش ئىكەن ئۇ؟ — ئەسرۇللانىڭ ئاۋازى جىددىيلەشتى، — قېنى دەپ باقە؟

— بىرەر مۇھىم ماتېرىيالى، كىتاب ۋە قەلىمى ياتىقىدا ياكى ئىشخانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغاندا...

— باشقا مۇئەللىملەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالمايدىكەن، ئەجەب ساھىبنەزەرنىڭلا ئۇنتۇلۇپ قالىدىكىنا؟...

— بۇنى بىلمىدىم، مۇدىر، ئۆزىدىن سورىسىلا بولىدۇغۇ؟

ئۆمەرنىڭ سۇس تىترەۋاتقان قوللىرى، غىل - پاللىشىۋاتقان كۆزلىرى، ھەرىكىتىدىكى بىسەرەمجانلىقى ئۇنىڭ راست گەپ قىلمايۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇ راست گەپنى قىلىپ قويسا، مەكتەپنىڭ تۈزۈمى بويىچە ساھىبنەزەر ئوقۇتقۇچىلىقتىن قوغلاندى قىلىناتتى. ئۇنىڭ يېڭىشەھەردە خوتۇنى، ئالتە ياشلىق قىزى تۇرۇقلۇق، يەنە ئاشنا ئوينىشى ئەخلاق جەھەتتىن يامان ئىش ئىدى. ئەمما، ئۇ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، خەنزۇچە ئۆگىتىشتە قوللانغان ئۇسۇل - چارىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلاتتى. كۆندىلىك ئۆتۈلگەن خام سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا كېچىسى يېتىش ئالدىدا پانۇس ئارقىلىق ئۆگىتىشمۇ شۇنىڭ ئويلاپ تاپقان ئامالى ئىدى.

— ئوقۇغۇچىلارنى دەرس تەكرارلاشقا، مۇزاكىرىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ياردەملەشتۈرۈش ياخشى ئىش، — دېدى لېتىپ نۇجۇر تەمكىن قىياپەتتە، — بىراق ئوقۇتقۇچى سىنىپتىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ

ناشايان ئىشلارنى قوغلاشسا، بۇ مەكتەپنىڭ تۈزۈمىگە تۈپتىن خىلاپ بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئېيتىپ باقە، بۈگۈن چۈشكە يېقىن، — ئەسرۇللانىڭ كىچىك كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇنىڭ ياتىقىدا نېمە ئىش كۆردۈڭ؟

— ھېچ... ھېچ ئىشنى كۆرمىدىم، پەقەت...

— ھە، پەقەت نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— مېنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئاپىرىپ بېرىش باھانىسىدە مۇئەللىمگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — ئۆمەر ئەپچىل يالغاندىن بىرنى توقۇدى، — ساھىبنەزەر مۇئەللىم ئاسىمگۈلنىڭ ئالقىنىنى بېستەلدە ئۇرۇپ ئىششىتىۋېتىپتۇ، بۇ قىز ھەر قېتىم ئالقىنى ئىششىپ كېتىپ بىرنەرسىلەرنى تۇتالماس بولۇپ قالغاندا، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: «ئاكا، ئوقۇمايمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالىدۇ.

— ئاسىمگۈل دېگەن كىم ئۇ؟ — سورىدى ئەسرۇللا.

— ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، — جاۋاب بەردى لېتىپ نۇجۇر.

— ئاسىمگۈل سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — ئەسرۇللانىڭ تەلەپپۇزى قاتتىقراق چىقتى.

— بىز يەتتە - سەككىز يېشىمىزدىن باشلاپ شىڭلۇجى جاڭگاللىقىدا بىللە قوي باققان يېتىم بالىلارمىز. ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىمغا ئوخشاشلا.

— ھە، ساھىبنەزەرنىڭ ياتىقىغا كىرسەڭ، ئۇ كىم بىلەن بىللە ئىكەن؟ — ئەسرۇللا ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى، — كۆرگەنلىرىڭنى ئېنىق سۆزلە.

— مۇئەللىم ساندۇقتىن بىرنەرسە ئىزدەۋېتىپتىكەن.

— نېمە، يالغۇزمىكەن، — لېتىپ نۇجۇر مۇدىرغا قاراپ قويدى، — بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— راست.

— ئەمىسە، ئۇنىڭ ياتىقىدىن نېمىدەپ يۈگۈرۈپ چىقتىڭ؟ — ئەسرۇللا ئاسماقچىلاپ سورىدى، — نېمىشقا چىرايىڭ تاتىرىپ سىنىپقا كىردىڭ، پارتاڭغا باش قويۇپ تۇنجۇقۇپ كەتتىڭ، باشقىلار: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىسا، ئاچچىقلاپ ئۇلارغا چىچىلدىڭ؟

— مەن ساھىبنەزەر مۇئەللىم بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم.

— نېمىدەپ تاكاللىشىپ قالدىڭلار؟ — لېتىپ نۇجۇر ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى.

— «ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئاسىمگۇلنىڭ ئالدىنىغا بېستەل بىلەن يەنە ئۇرىدىكەنسىز، مەن سىزگە ھەرگىز ياردەملەشمەيمەن» دېسەم، ئۇ مېنى: «سىڭلىڭنى دەپ مەكتەپنىڭ تۈزۈمىنى بۇزاتتىڭمۇ، يوقال ئەبلەخ!» دەپ تىللىدى. ئۇنىڭ ھاقارىتى ماڭا ئېغىر كېلىپ، ياتىقىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ سىنىپقا كىرگەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم.

— سەن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە، ئۇ يەردە بىر چوكان يوقمىكەن؟

— ئەلەمنىسانى دەمسىز؟

— تېخى ئىسمىنىمۇ بىلىدىكەنسەن.

— ئۇ چوكان بىر قېتىم ماڭا: «سىڭلىڭىز ئەلەمنىسا كەپتىكەن، كېتىپ قالدى دەپ قويىسىڭىز» دېگەنىدى. ئۇ چاغدا مۇئەللىم ئىشخانىدا مەجلىسكە قاتنىشىۋاتاتتى.

— سىڭلىسى؟ — ئەسرۇللا لېتىپ نۇجۇرغا قاراپ قويدى، — بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— ئۇ چوكان باشقا بالىلارغىمۇ: «خاپا بولماي ئاكامنى چاقىرىۋەتسىڭىز» دېگەن تۇرسا؟

ئۆمەر مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا «ئۇھ» دېگىنىچە

پېشانىسى، يۈزى ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتتى. ئۇ راستىلا قورققانىدى. لېكىن، گېپىنى ئالدىن ئويلىنىۋېلىپ قىلغاچقىمۇ سۆزلىرى راستتەكلا چىقتى. تېخى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى. ئۆمەر مەكتەپ مەيدانىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ياتىقى ئالدىغا كېلىۋىدى، كىمدۇر بىرىنىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپلا، تەشۋىقات دوسكىسىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ساھىبنەزەر مۇئەللىمنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆمەرگە ياتىقىنى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. ئۆمەرمۇ ئالىقىنىغا بېشىنى قويۇپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا... دېگەندەك مەنىنى بىلدۈردى. دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلار ئۇخلاش تەييارلىقى قىلىۋاتقان چاغدا ئۇ مۇئەللىمنىڭ ياتىقىغا ئاستىلا كىرىۋالدى.

بۈگۈنكى شەرمەندىچىلىكتىن دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشكەن ساھىبنەزەر ئەلەمنىسانى ياتاقتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنى «ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما !» دەپ ھەيدىۋەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇنىڭ قورقۇنچى بېسىلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەكىنگەندەك گاراڭلا بولۇپ قالدى. ئەمدى خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىشىغۇ بىرەر يەردىن قارا ئىش بولىشىمۇ تېپىپ ئىشلەر. لېكىن، بۇ سەتچىلىك تالا ـ تۈزگە يېيىلىپ كەتسە، خەقلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر نومۇسلۇق ئىش بولامدۇ؟ ئەڭ يامىنى، خوتۇنى بىلەن قىزى ئالدىدا يۈزىنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ «ئەھلى ئىلىم ئوغلىمىز بار» دەپ ماختىنىدىغان ئاتا ـ ئانىسى، جەددى ـ جەمەتى ئۇنىڭ بۇ چۈپرەندە قىلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن قىيامەتلىك كېچىپ كېتەر ! ... قىسقىسى، ئۆمەرنىڭ بىر ئېغىز گېپى ساھىبنەزەرنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيتتى. قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك، تېخى ئۇ لېتىپ

نۇجۇرنىڭ ئۆمەرنى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇمىدىنى تۇزانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىراق، مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىققان ئۆمەرنىڭ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك يۈز ئىپادىسى ئۇنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئىشەنچ چىرىغىنى پەرلەپ قايتا ياندۇرغاندەك بولغانىدى. تىزلىرى تىترەپ، كالپۇكلىرى توختىماي مىتىلداۋاتقان ساھىبنەزەر سەل قورققان ھالدا كارىۋىتىدا ئولتۇرغان ئۆمەرگە ئېگىشتى:

— ئۆمەر، ئۇلارغا ھېلىقى... ھېلىقى ئىشلارنى...

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىم، — دېدى ئۆمەر ئىپادىسىز كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇلار خېلىدىن بېرى سىزنى كۆزىتىپ كېلىۋېتىپتىكەن، مېنىڭ ياتىقىڭىزدىن يۈگۈرۈپ چىققىنىمدىن، سىنىپتا جىمىپ كېتىشىمدىن، چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كېتىشىدىن گۇمانلانغان سىنىپ ھەيئەتلىرى بۇ ھالىتىمنى مۇدىرغا يەتكۈزۈپتۇ.

— مۇنداق دېگىن.

— يەنە بىرنەچچە بالا ئەلەمنىسانىڭ ياتىقىڭىز تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى دېرىزىدىن كۆرۈپتىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ساھىبنەزەرنىڭ كۆزلىرى چەمچىقلاپ كەتتى، — ئۇنداقتا ئەسرۇللا مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر لېتىپ نۇجۇرلار سەندىن نېمە دەپ سورىدى؟ سەن قانداق جاۋاب بەردىڭ؟

ئۆمەر ئۇنىڭغا مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئەلەمنىسانى خېلى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتە قىلىپ، ئۆزىنى تەرلىتىۋەتكەنلىكىدىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىگە قەدەر تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ساھىبنەزەر ئۇنى تۇيۇقسىزلا قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە پەزىلىتىگە ئىچىدە يىنىش - يىنىشلاپ ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن نومۇس قىلىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغۇدەك بولدى. ئۇ

بىر ئوقۇتقۇچى، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىنىم ـ بىلىم سالغۇچى ئۇستاز تۇرۇقلۇق، مۇشۇ ئوقۇغۇچىلىكىمۇ بولالمىغانىدى. ئۆمەردىكى بۇ خىل ئادىمىيلىك خىسلەتتىن ئۇنىڭدا نەچچە سىر، قانچە مىسقال تېپىلار؟

— مۇبادا رەھبەرلەر مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالسا، — دېدى ساھىبنەزەر ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىگە خىجالەتچىلىك بىلەن قاراپ، — ئىككىمىزنىڭ ئاسمىگۇل توغرۇلۇق ۋارقىرىشىپ قالغانلىقىمىزنىلا ئېيتاي.

— بىراق، مېنىڭ سىزگە قويىمدىغان ئىككى تۇرلۇك تەلىپىم بار، — دېدى ئۆمەر قەيەرلەرگىدۇر قاراپ خورسىنىپ، — بۇنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بەرمىسىڭىز، مەن مەكتەپ باشلىقلىرىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىمەن.

— قېنى دېگىن، قانداقلىكى تەلىپىڭ بولسا ئورۇنلايمەن.

— بىرىنچىسى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاسمىگۇلنىڭ ئالىقىنىغا بېستەل بىلەن ئۇرمايسىز.

— بۇنى دېيىش كېتەمدۇ؟ ئاتايىقى سۆزلىرىڭدىنلا مەن ئۇنى ھېس قىلىپ بولغان.

— ئىككىنچىسى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى يېلىم چوتكىسىدەك خوتۇن بىلەن ئالاقە قىلمايسىز.

— مەن ئۇنى بىراقلا ھەيدىۋەتتىم. ئۇ ئەمدى ھەرگىز كەلمەيدۇ.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشىنىشىم ناتايىن، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىشەھەردىكى ئۆيىڭىزگە بارامسىز ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، بۇرادەرلىرىڭىزنى يوقلامسىز، بىر سايىنىڭ ئارقىڭىزدىن قالماي ئەگىشىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئىككى باشلىقنى ئالداپ خالتا كوچىغا باشلاپ كىرەلىگەن، مەكتەپ ئىچىدە يۇز بەرگەن چوڭ بىر بۇزۇقچىلىقنى ياپالىغان مەندەك بىر بالىغا ھەرگىز سەل قارىماڭ. چۇنكى، مېنىڭ سەككىز يېشىمدىن باشلاپ

يېتىمچىلىكتە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يوروپ، كۆرمىگىنىم قالمىغان. مەن تازا پىشىپ قاتماللىشىپ كەتكەن قاغدالمىلاردىن بولىمەن !

ــــ ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، ئەسرۇللاكام، لېتىپ نوجۇرلاردەك ئەل خىزمىتىگە كامىل، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى مول ئادەملەرگە تەمتىرىمەي، ھودۇقماي تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىپ ئىشەندۈرەلىگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇغانىدىم.

ــ يەنە بىر گەپ، ھېلىقى ئەلەمنىسا دېگەن چوكاننى بىر تۇغقان سىڭلىم ياكى ئىككى تۇغقان جىيەنىم دەمسىز، بولمىسا قېيىنسىڭلىم دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇنداقراق دەپ چۈشەندۈرەرسىز. مەن بۇ گەپنى سىنىپتىكى بىرقانچە بالىغىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن.

ــــ ماقۇل، رەھمەت !

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ساھىبىنەزەر خەنزۇ تىلى دەرسىنى تولىمۇ ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. بالىلارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ سىلىقلاشتى. دەرس مۇنبىرىدە ھېلىقى بېستەل كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تېتىك، جانلىق بولۇپ قالغانلىقى، دەرسنى خۇشال ئۆتۈشى ھېلىقى سەتچىلىك بورىنىنىڭ تىنچ ـ ئامان ۋە خەتەرسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. دارىلئېتامدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم گىمناستىكا ئوينىلاتتى. تەنتەربىيە مۇئەللىمى تاشمەت پۇشتەكنى چېلىشى بىلەنلا بالىلار مەيدانغا چىقىپ، سىنىپلار بويىچە رەت ـ رەت تىزىلىپ بولاتتى. ئاندىن ئۇ پۇشتەكنى چىرقىرىتىپ گىمناستىكىنى باشلايتتى. ئۆمەر ساھىبىنەزەر بىلەن سۆزلەشكەنىنىڭ ئۈچىنچى ئەتىگەنلىكى گىمناستىكا ئاياغلاشقاندا، ئاسمگۈل ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئالىقانلىرىنى تارتىنىپقىنا ئىشقىلاپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى:

— ئۆمەر، ساھىبىنەزەر مۇئەللىم: «خاپا بولماڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئالىقىنىڭىزغا بىستەل بىلەن ئۇرمايمەن» دەپ مەندىن ئەپۇ سورىدى.

ئۆمەر ئاسمىگۈلنىڭ ئاپپاق توقاچتەك يۈزىگە، قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك قاپقارا قاشلىرىغا، قىلىن ئەگمە كىرپىكلەر ئارىسىدا خۇمارلىشىپ تۇرغان شوخ كۆزلىرىگە ۋە خۇشپىچىم سىيماسىغا زوقلانغىنىچە تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇنىڭدىن قىزىرىپ كەتكەن سەھرا قىزى ئۆمەرگە تاتلىققىنا ئالايدى:

— مېنى كۆرمىگەندەك نېمانچە قارايسەن؟ — ئۇ تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلىدى، — مەن قاراپ كۆزلىرىم تېلىپ كەتسە قىلچە چاتىقىڭ يوق، تۇرۇپلا چۈشەكەپ قالغاندەك چەكچىيىپ قاراپ كېتىدىكەنسەن، سېنىڭ بۇ قاراشلىرىڭغا كىم خۇشتار بولۇپ قاپتۇ؟

— بۇنداق سەپرايىڭنى ئۆرلەتكۈدەك نېمە قىلدىم مەن؟ — ئۆمەر تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ قويدى، — مېنىڭ بۇنداق قارىغىنىم ساھىبىنەزەر مۇئەللىم ساڭا زەن سېلىپ قاراپ: «توۋا، مۇشۇنداق بەرنا قىزنىمۇ ئۇرۇپتىمەن - ھە» دەپ پۇشايمان قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلىقىمدىن بولدى.

— مېنى مەسخىرە قىلغان مۇشۇ ئاغزىڭ مايماق كېتەر ئىلاھىم! — قىز بۇ چاقچاقتا چىدىيالمىدى، — ئاڭلىسام، سىنىپىڭدىكى قىزلارغا دەرس ئۆگىتىمەن دەپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ خەت يازدۇرىدىكەنسەن، ئۇلارنى كۆرسەڭ ئۆچكە يېغىدەك ئوخشايلا ئېرىپ كېتىدىكەنسەن...

— بولدى قىلە، گەپنى كۆپەيتمەي، ئامراقلىق قىلىپ دەپ قويغان گېپىم شۇنچە تىك كەلدىمۇ ساڭا؟ بولدى، ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلماي.

— راستىلا خاپا بولدۇڭمۇ؟ — قىز يېقىملىققىنا كۈلدى، — راستىلا ماڭا ئامراقلىقىڭ كېلەمدۇ؟

— ھەي، ئەمدى مۇئەللىم ئورمايدىغان بولدى دەپ، — ئۆمەر گەپنى ئەپقاچتى، — دۆلەت تىلى دەرسىنى ئۆگەنمىسەڭمۇ بولار.

— ۋاي - ۋۇي، سادىغاڭ كېتەي، ئۆمەر، نېمانچە تاپا - تەنە قىلىسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن تازا ئۆگىنىمەن دېگىنە، ئەمما سەن ھەر كۈنى ماڭا ئاھاڭ بىلەن ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويمىساڭ بولمايدۇ.

— ھېلىمۇ ئۆگىتىپ قويۇۋاتىمەنغۇ؟ سەن ئۆگىنىمەنلا دېسەڭ، مەن ياردەم قىلماي قالاتتىممۇ؟!

— ھەي ئۆمەر، — قىز ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويدى، — ساھىبنەزەر مۇئەللىمنى قانداق قىلىپ ئېلىپتەك قىلىۋەتتىڭ؟

— پوق يېمە، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنى بىر قانداق قىلىۋەتكەن ئىش نەدە بار؟

— سىنىپىڭدىكى باللاردىن ئاڭلىسام...

— ئاسىمگۈل! — ئۆمەر ۋارقىرىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، — ئەگەر مۇشۇنداق ئىلمىكى بار گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ، مەن راستىلا خاپا بولىمەن.

ئۆمەرنى كۆرمىسە ياكى ئۇ ئېتىبارسىز قارىسا، ئاسىمگۈل خۇيى تۇتۇپ باتناپ قالاتتى. ئەمما، بىر يەرگە كەلدىمۇ، قېيىداپ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشاتتى. ئاسىمگۈل بۇ تەتۈرلۈكىدىن ئۆزى ھۇزۇر ئالاتتى. ئۆمەرنىڭ تاياقتەك تۈز مىجەزىدىن، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىشلىرىدىن قەۋەتلا زوقلىناتتى. ئۇلار ئۇچراشقان چاغلاردا ئۆمەر تولاراق ئۆگىنىشلىرىدىن گەپ ئاچاتتى. ئالتىنچى سىنىپنى پۈتكۈزسە، مۇئەللىم بولسا، كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قىزىقىپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆڭۈلگە تالىق بىرەر گەپ ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇۋاتقان ئاسىمگۈل كۆڭلىدە: «يەكەنگە دوتەي بولساڭمۇ نېمە

كاربم، ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇش بولغۇدەك بىرەر گەپلەرنى قىلساڭ بولمامدۇ؟» دەپ چىچىلىپ قالاتتى. ئۆمەر ئۇنچىۋالامۇ گىرى باللاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ كىچىك كەلسە ئاسمىگۇلنىڭ هۆسن - جامالىنى ماختاپ، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. ئەمما، «كۆيۈپ قالدىم»، «ماڭا تېگەمسەن؟»، «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك يالىڭاچ گەپلەرنى قىلمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۆسمۈرنىڭ يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقىنى مۇھەببەت ئوتى بولماي، غايە ئوتى ئىدى. ئۇ ياخشى ئوقۇپ مۇئەللىم بولۇپ، ئۆزىگە ئوخشايدىغان باللارنىڭ مىسكىن كۆڭۈللىرىگە ئىلىم - ھېكمەت شولىلىرىنى چېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ھەرھالدا دارىلئېتامدا ئوقۇتۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامىغا، سىنىپلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇمىي پەنلەردىن باشقا يەنە شۇ زاماننىڭ شارائىتى بويىچە دىنىي دەرسلەر، يەنى قۇرئان، ھەدىس، ھەپتىيەك قاتارلىقلاردىن ۋە دىنىي رىسالىلەر توپلاملىرىدىنمۇ ئالاقىدار مەزمۇنلار مۇۋاپىق نىسبەتتە دەرس قىلىپ ئۆتۈلەتتى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىق بولۇپ، مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەردىن ئومۇمىي پەنلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئەلاچى ۋە ياخشى دەرىجىدە پۈتكۈزگەنلەرنى ئۈيغۇر ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلاتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر مەكتەپتە قېلىپ داۋاملىق ئوقۇغاچ، زەرگەرلىك، مىسكەرچىلىك، ئاشپەز - ناۋايلىق، پىچاقچىلىق، موزدۇزلۇق، تىككۈچىلىك، خاللاپىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك دېگەندەك ھۈنەرلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇلاردىن ئوقۇشتا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن، ئەمما ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە يەنىلا ئاجىزلىق قىلغانلارنى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتچى خادىملىقىغا تەيىنلەيتتى. دارىلئېتامنىڭ

بارلىق ئىقتىسادىي يۈكىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقتا ۋە خىزمەتچىلىككە تەييارلىنىپ مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ مائاشىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۆتۈرەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، چىلتەنلىرىم مازارلىقىغا تويلىشىۋالغان غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ ھەركۈنلۈك چۈشلۈك تامىقىنى تەمىنلەشمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشى ئىدى. قىسقىسى، خەير ـ ساخاۋەت ۋە يېتىم ـ يېسىرلەرگە تەئەللۇق ئىقتىسادىي تەمىنات ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن چىقاتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلمەيتتى. پەقەت يەكەن ۋىلايىتى بويىچە ھەربىر ناھىيە، يەگىلىك، كەنت ۋە مەھەللىلەردىكى خىنى، ۋەخپە، پادىشاھلىق باغ دېگەندەك يەرلەردىن ئېلىنغان ھوسۇل، يەنى بۇغداي، قوناق، مايلىق دان، يەل ـ يېمىشلەردىن بولغان كىرىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلاتتى. قىسقىسى، دارىلئېيتامدىكى يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ ھاياتى ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتكە ئېرىشكەنىدى.

ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆمەر، ئاسىمگۈل، يۈسۈپتەك يېتىم قويچى بالىلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ قالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىلىك ئۆتۈۋاتقان ھاياتىنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتاتتى. ئەمما، باھارنىڭ زىمىستانى، ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بولغىنىدەك، بۇ خاتىرجەم، ئەمىن ھاياتنىڭمۇ كۆشەندىلىرى چىقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى قىزغۇچ بۇژغۇر ساقال، قوچقار مۈڭگۈزىدەك چار بۇرۇتلىرى قۇلىقىغا تاقاشقان، ئورا كۆز، قاش ـ كىرپىكىنىڭ تايىنى يوق، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز، تەمبەل، مىس رەڭ چىراي بىر ئادەم دارىلئېيتامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەسرۇللا مۇدىرنىڭ ئىشىكىنى چەكمەيلا ئىشخانىسىغا ئۇدۇل ئۇسۇپ كىردى. بۇ بۇژغۇر ساقال سالاملاشمايلا، ئىشخانىدىكى ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارغا، كىيىم ئاسقۇچقا، تامغا چاپلانغان قائىدە ـ

ئىزاملار بىلەن جىاڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ سۈرىتىگە مەنسىتمىگەندەك قاراپ چىقىپ، دىمىقىنى قىقىپ قويدى. ئەسرۇللا مۇدىرمۇ مىجەزى چۈس ئادەم بولغاچقا، قازاندىكى قوماچتەك پاراسلاپ ئېتىلغىلى تاسلا قالدى. بوزغۇر ساقالنىڭ بۇ تەكەببۇرلۇقى ئەسرۇللا مۇدىرنىڭ گەجگىسىنى قورۇغانىدى. ئۇ بوزغۇر ساقالغا «ئىشىكىڭىز يىتىپ كەتكەنمىدى؟» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرماي بولمايتتى.

— سىز چىقىپ كېتىپ قايتىدىن كىرىڭ!

— نېمىشقا؟ — بوزغۇر ساقالنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— ئىشىكنى چېكىپ كىرىڭ.

— ھاي پۆپەكباش، سەن تېخى مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن، مەن راۋاچچى بەگلىكىدىكى ئەڭ چوڭ باي ساھىببەگ بولىمەن.

ساھىببەگنىڭ «پۆپەكباش» دېگەن ھاقارىتى يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلغان ئەسرۇللا مۇدىرمۇ ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ساھىببەگ بولامسەن، سايىت باي بولامسەن ياكى ئىت بولامسەن، ئېشەك بولامسەن، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، مەن بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق، — ئەسرۇللا مۇدىر قولىنى شىلتىدى، — بۇ ئىشخانىدىن چىق... بۇ سېنىڭ راۋاچچى بەگلىكىڭ ئەمەس، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دارىلئېتام! ...

ساھىببەگ تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. قامچىسىدىن قان، تىلىدىن زەھەر تامىدىغان بۇ زومىگەرنىڭ قۇلاقلىرى چۈش كىرىۋالغاندەك غوڭشۇپ كەتتى. پاھ، بۇ دۇنيادا ئۇنى «ئىشخانىدىن چىق»، «ئىشىكنى چېكىپ كىر...»، «ئىت بولامسەن، ئېشەك بولامسەن...» دەپ ھاقارەتلىگۈدەك ئادەممۇ بار ئىكەنا؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ تۈك باشنىڭ ئارقىسىدا يۆلەنچۈكى بار ئوخشىمامدۇ؟ ئۇقۇشمايلا يولۋاسنىڭ

بۇرۇتىنى تارتىپ سالدىمۇ نېمە؟ خەقنىڭ: «هازىر كۆپلىگەن ئەمەلدارلار دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىنمۇ ھەق ئالىدۇ» دېگىنى راست ئوخشامدۇ؟ تېڭىرقاپ قالغان ساھىبىەگ دەرھال ھوربدىن چۈشۈپ، چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈردى. لېكىن، ئەسرۇللا مۇدىر ئۇنىڭغا خۇددى قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەمدى... ئەمدى... خاپا بولماڭ ! مەن... مەن ئوينىشىپ...

— ئۆيۈڭگە بېرىپ، خوتۇنۇڭ بىلەن ئوينىشىۋال !

— مەن ئەسلىي بۇ يەرگە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق كەلگەنىدىم.

— ئىشىڭ بولسا يولىدا دېمەمسەن، نېمە بايلىقىڭنى پەش قىلىپ پالاس قاقىسەن؟ سېنىڭ ساھىببەگلىكىڭدىن مېنىڭ بىر تال مويۇم تەۋرەپ قالاتتىمۇ؟

ساھىببەگ ئۆمەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ كۆيۈ ئوغلىنىڭ قىزى زىياخاننى تاشلىۋېتىپ بىر يىلدىن بېرى قېچىپ يۈرۈپ تۇتۇق بەرمەيۋاتقانلىقى، ياقۇمدىكى ئاسمگۈل دېگەن قىزنى نىكاھسىز ئەپقېچىپ خوتۇن قىلىپ يۈرگەنلىكى، بۇنىڭ جىنايەتكە ياتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىراپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى غىل - پاللاشتۇرۇپ ئېلىپ قېچىشلىرىدىن، نەلەرگىدۇر قارىۋېلىشى، ئاۋازىدىكى ھودۇقۇش ۋە دۇدۇقلاشلىرىدىن ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئەسرۇللا مۇدىر بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز ۋاقتىدا لېتىپ نوجۇردىن ئاڭلاپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئۈچ قويچى بالىنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىشقا رەسمىيەتلەرنى تەستىقلاتقىلى ئۈيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بارغاندا، رەئىس ئابدۇكېرىم نىياز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بۇ مۇناپىقنىڭ بايلىقىنى پەش قىلىپ، ئوتتۇز ياشلىق

مېيىپ قىزىنى كىچىككىنە ئۆسمۈرگە زورلاپ تېگىپ نىكاھ قىلغىنىنى قارا ! بۇ توغرۇلۇق ئەگەر مەھكىمە شەرئىگە ئەرزنامە تۇتساق، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ، راسا ئەدىپىنى بەرگىلى بولاتتى، — دېگەنىدى. بۇ گەپ ئىپسىدىن كەچكەن ئەسرۇللا مۇدىر ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قالغان بۇ زومىگەرنى قورقۇتۇپ، ئۇنى تۇۋۇسىغا تاياندۇرماقچى بولدى.

— بۇ قارا يۈز كۈيۈ ئوغلۇمنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. ئاخىر يېقىندىلا ئادەملىرىم ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئاپتۇ، — ساھىببەگ گېپىنى قاتتىق قىرىپ كانىيىنى رۇسلىدى، — ئاڭلىسام، ئۇ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى بوياپ، مەكتىپىڭلارغا ئالدامچىلىق بىلەن كىرىۋاپتۇ. بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتنى سىلەرگە ئارتقۇم يوق.

— قىزىڭىز زىياخان نەچچە ياشتا؟

— بۇ... بۇ... بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ئۆز ۋاقتىدا ئون تۆت ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ خوتۇنى نەچچە ياشتا بولغىيدى، دېگەن سوئال مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى.

— ئە... ئەلۋەتتە ئون... ئۈچ، ئون تۆتلەردە بولۇشى كېرەك.

— «بولۇشى كېرەك» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئۆز قىزىڭىزنىڭ يېشىنىمۇ بىلمەمسىز؟

— ئا... بولدى قىلىڭا، بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟! — ساھىببەگ قول سىلكىدى، — بىر ئەر ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلماي ئايالىنى تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭغا مەھكىمە شەرئىنىڭ جازاسى بولماي قالامدۇ؟ ئۇ ھوشىنى تاپمىسا...

— مەھكىمە شەرئىگە ئاپىرامسىز؟

— ئەگەر بۇ قېتىم مەن بىلەن كەتمىسە، شۇنداق قىلىمەن - دە ! يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

— بەك ياخشى بولدى، بىر ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدىغان

بولدۇق.

— بۇ... بۇ... نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەسلىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم نىياز سىزنى ساقچى ئارقىلىق چاقىرتىپ كېلىپ، مەھكىمە شەرئىيدە سىز بىلەن دەۋالاشماقچى ئىدى. مانا ئەمدى ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن كېلىپ قاپسىز.

— ئۇ... ئۇ... مەن بىلەن... مەن نېمە قىپتىمەن؟

— بۇ ئۆزىڭىزگە ئايان...

— بىل... بىلەلمىدىم... سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— كىچىككىنە ئۇسمۇرگە — ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان بالىغا، — ئەسرۇللانىڭ كۆزلىرى ساھىببەگنىڭ خۇنۈك چىرايىغا خەنجەردەك قادالدى، — ئوتتۇز ياشلىق مېيىپ قىزىڭىزنى زورلاپ چېتىپ قويىسىز، بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى كۆتۈرەمدۇ؟ خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ بۇ ئىشتىن مەھكىمە شەرئىيدىكى قازى - قۇززاتلار خەۋەر تېپىپ، سىزنى «مۇرتەد»، «مۇناپىق» دېيىشىپ كەتتى.

ئىشخانىغا خۇددى ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغان غۇنچۇندەك ئۇسۇپ كىرگەن ساھىببەگ ئەمدىلىكتە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك تۇگۇلۇپ قالدى، تېنىگە تىترەك ئولاشتى... ئۇ بۇ ئىشخانىدىن ئەمدى قانداق چىقىپ كېتىشنى ئويلىنىپ قالغانىدى. ئەسلىدە بۇ ئىشتىن شەھەردىكى كاتتا باشلىقلارلا ئەمەس، بەلكى قازى - قۇززاتلارمۇ خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا پىچاقلىرىنى بىلەپ تۇرۇپتىكەن - دە! قارا، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ كولىغان ئورىسىغا چۈشەيلا دەپ قالغىنىنى!

— چىرايىڭىز نېمانداق ئاقىرىپ كەتتى؟ — ئەسرۇللا ھۇجۇمغا ئۆتتى، — بىر ئۇسمۇرنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلغان جىنايىتىڭىز ئۈچۈن مەھكىمە شەرئىيگە بىرقانچە ئون سەر ئالتۇن - كۈمۈش تۆلىسىڭىز، ئۇلار ئاندىن گۇناھىڭىزدىن

ئۆتەرمىكىن...

— بىرقانچە ئون سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش؟ — ساھىبىبەگنىڭ پېشانىسىدىن چىپپىدە تەر چىقىپ، كالپۇكلىرى تىترىدى، — بۇ... بۇ... قانداق بوپكەتتى؟ مەن... مەن... ئاستا كېتىۋالاي...

— نەگە ئالدىرايسىز؟ كۈيۈ ئوغلىڭىز بىلەن تېخى كۆرۈشمىدىڭىزغۇ؟ جىنىدەك توختاپ تۇرۇڭ!

ئەسىرۇللا چىقىپ كېتىپ كۆپ ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى. ساھىبىبەگ چاترىقىغا ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھالدا ئۇنىڭغا يېلىندى:

— ئەمدى مۇدىر، راست گەپنى قىلسام، — ساھىبىبەگ چوڭقۇر تىندى، — قىزىم زىياخان بىلەن ئۆمەر ئوتتۇرىسىدا نىكاھ بولغاچقا، قىزىمنى قايتا ياتلىق قىلالمىدىم. شۇڭا، بۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىگىلى كەلگەنىدىم.

— بۇنى مەن ئىگە بولۇپ بېجىرىپ بېرەي، ئاندىن سىزنى رەئىس ئابدۇكېرىم نىيازنىڭ قېشىغا ئاپارمىسام بولمايدۇ، ئۇ زاتنىڭ سىز بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار ئىدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، مۇدىر ھەزرەتلىرى، مەن ئۇ زاتنى مۇبارەكتى ئاۋارە قىلماي، ھۆ...كۈمەت ئەربابلىرى دائىم ئالدىراشلا يۈرىسلەر.

ساھىبىبەگنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئىشىك چېكىلدى. مۇدىر چىقىپ كېتىپ، تاشقىرىدا بىرى بىلەن گۇدۇڭلاشتى، كېيىن ئۆمەر ئىككىسى ئىشخانىغا بىللە كىردى. ئۇلارنى كۆرۈپ ساھىبىبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا بىرھازا قادىلىپ قاراپ قالدى ـ يۇ، گەپ قىلالمىدى. لېكىن، ساھىبىبەگ دۇدۇقلاپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكە ئىنتىلدى:

— ئۆ... مەر بالام... مەن... مەن... ئۇ... ئۇ... ئىشلار... ئەمدى... ئەمدى...

— مەن سىلىنىڭ بالىلىرى ئەمەس، — ئۆمەر ئاچچىق

ھاياجاندىن تىترەۋاتاتتى، — نىكاھتىمۇ «ئالدىم» دېگەن گەپ ئاغزىمدىن چىقمىغان. ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرى دېدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە ئۈچ مۇسۇلمان تورۇپتۇق، مەن قىزلىرى زىياخاننى ئۈچ تالاق قىلدىم، ئۇ تالاق بولدى. ئەمدى بىرەر ئەرگە تېگىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ.

ئۆمەر ئەسرۇللا مۇدىرنىڭ كارىدوردا ئۆتكەنكەن گەپلىرىنى دەپ بولۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. پېتىدىن چۈشۈپ لاسىسىدە بولۇپ قالغان ساھىبىبەگ مۇشۇ سۆزگە قاراپ تورغاندەكلا، بېشىنى ئىچىگە تىققان پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. خۇددى بىركىم تۇتۇۋالىدىغاندەك، ئۇ ئارقىسىغىمۇ قارىماي ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىپ قالدى.

بۇ ئىش بولۇپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئاسىمگۈلنىڭ چوڭ ئاچىسى سائادەتخانىنىڭ ئېرى — شەھۋەتخور غوجالىم ئەللىكبېشى ئاسىمگۈلنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ دارىلئېتامغا كەلدى. چۈنكى، دارىلئېتام ئوقۇغۇچىلىرى دەم ئالغان بىر جۈمە كۈنى ئاسىمگۈل ساۋاقداشلىرى بىلەن كونىشەھەر بازىرىغا ئويۇنغىلى كىرگەنىدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى پولك گارنىزونلىرى ئورۇنلاشقان گۈلباغدىن ئۆتۈپ، چوڭ يول بىلەن يەكەن ناھىيەلىك باغچىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ باغنى «مىللەت بېغى» دەپ ئاتىشاتتى. ئاسىمگۈل تۇيۇقسىز شەھەرگە قوي ساتقىلى كىرگەن غوجالىمنى كۆرۈپ قالدى. غوجالىمۇ قېينىسىڭلىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تولۇپ يېتىلگەن غۇنچە بويىغا، يەكەننىڭ سۇت ئالمىسىدەك چىھرىگە، قان تېمىپ تۇرغان ھال رەڭ لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ، تۈكۈرۈكىنى غۇرتىدە يۇتتى. ئاڭغىچە ئاسىمگۈل دوستلىرى بىلەن مىللەت بېغىغا كىرىپ كەتتى. غوجالىم بۇ ئىشنى خوتۇنى سائادەتخانغا يەتكۈزدى، ئۇنىڭ مال بېقىش، بالىلارغا قاراش، ئۆي ئىشى دېگەندەكلەرنى ئۆزى قىلىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ، جاپا ـ

مۇشەققەتتە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشلارنى سىڭلىسى قىلسا بولاتتى دەپ، خوتۇنىنىڭ كۆتىگە ئوت قويدى. بۇ دېۋەڭ خوتۇن ئېرىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ئۇقماي، ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆيۈنگەنلىك دەپ بىلىپ، ئۇنى ئاسىمگۈلنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئەۋەتكەنىدى. بىراق، ئاسىمگۈل مۇدىر ئەسرۇللا، ئىلمىي مۇدىر لىتىپ نۇجۇر ۋە مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خەلىپىدىنلەرنىڭ ئالدىدا غوجالىم ئەللىكبېشىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، ئۇنى رەسۋايىئالەم قىلىۋەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن مەيداندا گىمناستىكا ئويناۋاتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرمەي سوكۇلداپ كېتىۋاتقان غوجالىم خۇددى تۇتۇلۇپ قالغان توخۇ ئوغرىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى...

ئۆمەر، ئاسىمگۈل، يۈسۈپلەر ئەمىن بولغان ئوقۇش ھاياتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن باھار، ياز، قىشلارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ سىن ـ سىپاتى قاملاشقان، مۇرىلىرى كەڭ، ئۆسكىلەڭ، قىزىل يۈزلۈك ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ، ھاياتىدىكى ئون ئالتىنچى باھارنىڭ بوستانلىرىغا قەدەم قويغانىدى. ئاسىمگۈلمۇ بويىغا يېتىشكە باشلاپ، رەسىدىلىك شېخىدا بىر تال غۇنچە بولۇپ تۈگۈلۈۋاتاتتى. مانا بۇ 1944 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. ئۆمەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈشىگە يەنە بىر يىل، يۈسۈپ بىلەن ئاسىمگۈلگە بولسا ئۈچ يىل قالغانىدى. ئۇلار سىنىپ ئۆرلەپ ئوقۇغانسېرى زېھنى ئېچىلىپ، دەرسلەر ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك قىيىن تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، قۇياشلىق كۈندۈزنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى بولغىنىدەك، بۇ دارىلئېتامدىكى يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ بىلىم ۋە ھۈنەرگە ئىشتىياق باغلاپ ئۆتۈۋاتقان خۇشال كۈنلىرىگىمۇ خەۋپ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئاپتاپلىق يازنىغا كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق جۇدۇنلىرى باستۇرۇپ كېلىش

ئالدىدا تۇراتتى. يەكەن دىيارىنىڭ يىراق سەھرا ـ يېزىلىرىدىن تارتىپ شەھەر ئەزىملىرىگىچە، دېھقان ئۆيلىرىدىن دارىلئېتامىنىڭ ياتاقلىرىغا قەدەر ھەممە يەرنى قاپلاپ بىر خىل ئەنسىز، قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. «ئىلىدىن ئالتە ئوغرى چىقىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئېلىشىۋاتقۇدەك...»، «تاشقورغان پارتىزانلىرى قوشراپقا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىۋېتىپتۇ...»، «ئىچكىرىدىكى كوممۇنىست باندىتلىرى دۆلەت ئارمىيەسىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ...» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقالدى. دارىلئېتامدا سىياسەت دەرسىنىڭ سائەتلىرى كۆپەيتىلىپ، ئىچكىرىدىكى كوممۇنىست باندىتلارنى، ئىلىدىكى ئالتە ئوغرىنى، تاشقورغاندىكى پارتىزان قاراقچىلارنى تىللاش ۋە ئەيىبلەش باشلاندى. ئۇلارنىڭ خەلقنى بۇلاپ ـ تالاۋاتقانلىقى، قىز ـ چوكانلارنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلىقى، شەھەر ـ يېزىلارغا ئوت قويۇۋاتقانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، ھەتتا بەزىدە سىنىپلاردىن: «دۆلەت، پىرقە ئۇچۇن جېنىمىز پىدا!»، «جوڭخوا ئېلىنى ئىسسىق قېنىمىز بىلەن قوغدايمىز!»، «سۇنتسىننىڭ تەلىماتلىرى بىزنىڭ كۈچ ـ مادارىمىز...» دېگەندەك شوئارلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ زەرەپشان دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان سوغۇق تۇمانلارنىڭ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ شەپىسى ئىدى! ...

بەشىنچى باب

# باش باھاردىكى سوغۇق

1945 ـ يىلى مارتنىڭ 18 ـ كۈنى، كېچە...

يەكەن دەرياسى بويلىرى تىنچ ئۇيقۇدا ئىدى. بىراق، تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە تەكلىماكان چۆللىرىدىن بوران ئۇچۇپ كەلدى. بوران قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىگە قەھرى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. نەلەردە نېمىلەردۇر قاراسلاپ سۇندى، باغ ـ ھويلىلاردىكى تال باراڭلىرى تاراقلاپ ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۆگزىلەردىكى سېۋەتۇ ئۇسكەنلەر دومىلاپ چۈشتى. قورۇلاردىن ئۇچۇپ چىققان ئەسكى تامباللار دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قېلىپ بايراقتەك لەپىلدەشكە ۋە توختىماي پالاقلاشقا باشلىدى. مارتنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقى ھەرىدەك چېقىپ، ئادەمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. باش باھارنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنى تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن بۇ كېچىدە بىردىنلا يەكەن ئاسمىنىدا مىلتىق ئاۋازلىرى ياڭراپ، بوران ئۇنىڭ «پاڭ ـ پۇڭ»لىرىنى ھەممە يەرگە تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، توخۇ ـ تۇمانلارنىڭ قاقىلدىشى قوشۇلۇپ، مارتنىڭ بۇ كېچىسى ھېچ كۆرۈلمىگەن ساراسىمىگە تولدى. گومىنداڭنىڭ توپ ـ توپ ئەسكەرلىرى مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاسمانغا ئوق ئۈزۈپ، تاپىۇر ـ تۇپۇر يۈگۈرۈشۈپ دارىلئىپتامغا بېسىپ كىردى. ئۇلار بىردەمدىلا ئوقۇتۇش بىناسى، ياتاق، ئاشخانا،

ئىشخانا بىنالىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئىگىلەپ، تەخسىلىك پىلىموتلىرىنى قۇرۇشۇپ، قورالىرىنى ھويلىغا قارىتىشىپ، تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئوغۇل - قىزلار ياتاقلىرىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىيىملىرىنىمۇ كىيىۋېلىشقا قويماي، يېرىم يالىڭاچ ھالدا ياتاقلىرىدىن ھەيدەپ چىقىشتى. قىيا - چىيا، ۋارقىراش - چىرقىراشلار، يىغا ئاۋازلىرى مەكتەپ ئىچىنى بىر ئالدى. ئەسكەرلەرنىڭ «ماڭ، تۇر، تېز، يۈگۈر» دېگەندەك بۇيرۇق ئاۋازلىرى بىلەن مىلتىق زاتورلىرىنى شاراقلىتىشى، دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ يىمقىلىپ چۈشكەنلەرنىڭ داد - پەريادى، خىلمۇخىل ئېچىنىشلىق ئاۋازلار بۇ بورانلىق تۈندە قىيامەت ۋەھىمىسىنى تارقاتماقتا ئىدى. ئەسكەرلەر نەيزىلىرىنى تەڭلەپ، مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرىدە ئۇرۇپ، مەكتەپنىڭ مەيدانىغا يىغقان ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇ يەردە سوغۇقتىن دىر - دىر تىترىشىپ تۇراتتى. بەزى بويىغا يېتىپ قالغان قىزلار ئىچ كىيىملىرى دال بولالمىغان نازۇك يەرلىرىنى بىلەك، ئالىقانلىرىدا توسۇۋالغانىدى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ ۋە ئاسىمگۈللەر مەيداندا چىرايلىرى تاتارغان ھالدا تىترىشىپ تۇرۇشاتتى. ئاڭغىچە ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى بولسا كېرەك، ئۇن نەچچە ھەربىي توپ ئالدىغا كېلىپ: «سەن !»، «سەنمۇ بار !»، «ھەي يالاڭباش، سەنمۇ چىق !» دېگەندەك بۇيرۇقلار بىلەن ئون بەش ياشنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئوغۇل بالىلارنى توپ ئالدىغا ئاچىقىپ، ئۇلارنى تۆت رەت قىلىپ تىزدى. بۇ رەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ بار ئىدى. بىر خەنزۇ باشلىق قالغان ئوقۇغۇچىلارنى ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. لېكىن، مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى مىدىرلىماي جايىدا تۇرۇۋەردى. ئاسىمگۈل قوراللىرىنى تەڭلەپ تۇرغان ئەسكەرلەرگە

پەرۋامۇ قىلماي، رەتتە ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا تۇرۇۋاتقان ئۆمەر بىلەن يۇسۇپنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئۆمەر، بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟ — ئاسىمگۈل يىغلامسىراپ سورىدى، — سىلەرنى ئايرىۋېلىپ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ؟

— ئاسىمگۈل، قورقما، — دېدى ئۆمەر تەمكىن هالدا، — بۇلار بىزگە بەلكىم ئاكوپ كولىتىدۇ، يول ياساتقۇزمۇ مۇمكىن ياكى پوتەي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېسەك توشۇتامدۇ، بۇنى هازىرچە بىلگىلى بولمايدۇ.

— ئەگەر بىزنى، — يۇسۇپ ئاستا پىچىرلىدى، — ئەسكەرلىككە تۇتقان بولسىچۇ؟

— ئۇنداق قىلماس! بىز تېخى ئوقۇغۇچى تۇرساق...

— هەي قىز، كەت بۇ يەردىن! — بىر خەنزۇ ئەسكەر ئاسىمگۈلگە قولىنى جوڭۇدى، — نېمانداق ئوغۇللارنىڭ قېشىغا كېلىۋالدىڭ؟

— مەن دەرهال ياتىقىڭلاردىن كىيىمىڭلارنى ئەكېلىپ بېرەي! — ئاسىمگۈل يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. بىر خەنزۇ باشلىق تۆت قاتار تىزىلغان باللارنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ: «باشتىن باشلاپ ساناش!» دەپ بۇيرۇدى. باللار: «بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ ساناشنى باشلىدى. بۇ ساناق رەت بويىچە ئون يەتتىدە توختىدى. ئۆمەر ئىچىدە هېسابلاپ ئەسكەرلەر ئايرىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاتمىش سەككىز چىقاردى. ئائىخچە قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئەسكەرلەرنىڭ توسقىنىغا پەرۋامۇ قىلماي، تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار قوللىرىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ساۋاقداشلىرىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇن سېلىپ يىغلاشتى. مانا شۇ چاغدىلا كىم كىم بىلەن دوست ياكى كۆڭۈل بېرىشكەن بىر جۈپلەردىن ئىكەنلىكى بەكمۇ ئېنىق بىلىندى. ئاسىمگۈلمۇ يۇسۇپنىڭ كىيىم - كېچىكىنى قولىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «خوش!» دەپ مىچچىدە يىغلىۋەتتى. لېكىن، ئۇ

ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولسا ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ، ئۇنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلىغىنىچە هۆڭرەپ يىغلاپ تۆكۈلۈپلا كەتتى.

ئىككى تەرەپتە ئىككى قاتار بولۇپ، قورالىرىنى تەڭلەپ ماڭغان ئەسكەرلەر ئاتمىش سەككىز ئوقۇغۇچىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، يىڭنىشەھەر بىلەن كونىشەھەر سېپىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە ـ يەتتە يۈز مېتىر كەلگۈدەك گەيشياڭ (بازار)دىن يۇگۈرتۈپ ئېلىپ مېڭىپ، يىڭنىشەھەر سېپىلى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇلارنى قوماندانلىق ئىشتابى ئىچىدىكى بىرنەچچە ياتاقتا سولاپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى ياتاقلاردىن چىقىرىپ، قورساقلىرى تويغۇدەك تاماق بەردى. تاماقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرىغا بىردىن تاغارنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلار قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۇقتۇردى.

ـــ هازىر سىلەرگە، ـــ دېدى نىياز ئىسىملىك بىر هەربىي باشلىق، ـــ روتا كوماندىرى لىۇ كۇنجۇڭ ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار!

ئىككى قاتار تىزىلىپ تۇرغان قوراللىق ۋە قورالسىز ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان قارىمۇتۇق، يۈز مۇسكۇللىرى چىڭ، كىرپە چاچ، دىقماقىراق كەلگەن ئوتتۇز يەتتە ـ ئوتتۇز سەككىز ياشلار ئەتراپىدىكى قىسىق كۆز ئادەم ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم چىقتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا مەنسىتمىگەندەك بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كانىيىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

ـــ سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلار سېپىل ئۈستىگە چويۇن پارچىلىرىنى توشۇيسىلەر، يەنە بىر قىسمىڭلار پەستە بازغان بىلەن چويۇن پارچىلايسىلەر. ئېسىڭلاردا بولسۇن، چويۇن پارچىلىرى گۈلە ـ قاق ۋە جىگدە چوڭلۇقىدا بولۇشى كېرەك، چوڭراق بولۇپ قالدى دېگەندىمۇ ياڭاق چوڭلۇقىدىن ئېشىپ

كەتسە بولمايدۇ، — لۇ كۈنجۈڭ بىردەم تولختۇۋېلىپ، ئاياغ ئاستىغا چىش ئارىلىقىدىن «چىرت» قىلىپ تۈكۈردى، — ئۇچىنچى بىر قىسىم بالىلارنىڭ ۋەزىپىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ، زىل ۋە خەتەرلىك. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەقلى - ھوشى جايىدا، زەبەردەس بالىلار لازىم.

لۇ كۈنجۈڭ ئابايىقى نىياز دېگەن باشلىق بىلەن سەل كۆسۈرلىشىۋالدى، كېيىن باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ ئىمىلەرنىدۇر دېيىشتى، ئاندىن بالىلارغا زەن سېلىپ قاراشتى.

— سەن، يەنە سەنمۇ بار! — دېدى نىياز ئۆمەر بىلەن يۈسۈپنى ئالدىغا چىقىرىپ، — ھە، سىلەر نەچچە ياشقا كىردىڭلار؟ ئىسمىڭلارچۇ؟

— مېنىڭ ئىسمىم ئۆمەر، ئاغىنەمنىڭ يۈسۈپ، ئىككىلىمىز ئون يەتتە ياشقا كىردۇق.

نىياز ئاستا كۈسۈرلاپ بىرنېمە دېگەندى، لۇ كۈنجۈڭ خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، خىللاپ يۈرۈپ ئون ئالتە بالىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ھەممە بالىنى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئارقا قورۇسىغا ئەكەلدى. قورۇنىڭ ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن بىر بۇلۇڭىدا خېلىلا ئېگىز قىلىپ دۆۋىلەنگەن چويۇن — كونا قازان، چويۇن مەش، تام ئوچاقنىڭ چويۇن مەنزىسى، چوڭ - كىچىك ئېغىزلىرى بىلەن يەنە تۆمۈر - تەسەك ۋە شىبەن تاشلار تۇراتتى. ئەتراپتا بىرقانچە يەردە تۆمۈرچىلەرنىڭ سەندەللىرى بىلەن بازغانلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. شۇنچە قازان، تاۋا، چويۇن مەش، تام ئوچاقنىڭ چويۇن مەنزىلىرى بىلەن چوڭ - كىچىك يۇملاق ئېغىزلىرىنى ئۇلار نەلەردىن، كىملەرنى قاقشىتىپ ئېلىپ كەلدى، بۇنى ئۇققىلى بولمايتتى.

بالىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، بەزىلىرى بازغان بىلەن سەندەلدە چويۇن پارچىلاشقا، بەزىلىرى بولسا چويۇن پارچىلىرىنى تاغارغا قاچىلاپ سېپىل ئۈستىگە توشۇشقا .

باشلىدى. ئۆمەر بىلەن يۈسۈپلەرنىڭ گۇرۇپپىسى بىرنەچچە خەنزۇ تېخنىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۆگىتىشىدە يەرلىك زەمبىرەك (تۇپاۋ)نىڭ ئىستوۋۇلىغا مىلتىق دورىسى قويۇپ چىڭداپ، ئاندىن چويۈن پارچىلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. مىلتىق دورىسىنى چىڭداش ئەسۋابىنى قاتتىق ئۇرۇشقىمۇ، كۈچ بىلەن بېسىشقىمۇ بولمايتتى. مىلتىق دورىسى پارتلاپ كەتسە، ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولاتتى. ئۇلار بىر كۈندە بىر ـ ئىككى زەمبىرەككىلا دورا چىڭدىيالايتتى. ئۆمەر بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان لو دەن دېگەن خەنزۇ بالا ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ھەم چىقىشقاق بولۇپ، ئۆمەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ كۇسۇرلاپ جاۋاب بېرەتتى. لو دەن يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ساقال ـ بۇرۇتى بولمىغاچقا، بالا چىراي كۆرۈنەتتى.

— لو دەن، — ئۆمەر بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سوراپ باقتى، — مۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— قارا، بىر كىمگە دېمە، ئىچىڭدە بىل! — دېدى لو دەن ئادىتى بويىچە ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — ھازىر تاشقورغان پارتىزانلىرى قوشراپىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەردە قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇۋالدى.

— ئۇلار شۇنچە يامانمۇ؟

— پاھ، ئات ئۈستىگە چىقىۋالسا قويۇن دېگىنە، قۇيۇن... يېنىڭدا قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالىسەن. قىلىچنى شۇنداقلا شىلتىپ ئۆتۈپ كەتسە، قولۇڭ ياكى بېشىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكىنىنى تۇيمايلا قالىسەن.

ئۆمەر ھەرقانچە قىلىپمۇ لودەننىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. جۇڭگودەك چوڭ بىر دۆلەتنى سوراۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن تاشقورغان پارتىزانلىرىدىن، ئىلىدىكى ئالتە ئوغرى دېگەنلەردىن نېمانچە چۆچۈپ كېتىدىغاندۇ؟ مانا بۇ يىل 7 ـ ئايدا ئۆمەرنىڭ ئوقۇشى پۈتۈپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامغا

ئېرىشەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى تاڭدىكى تۇماندەك تېزلا تارقىلىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى لو دەن قاتارلىق باللار بىلەن زەمبىرەككە مىلتىق دورىسى چىڭداپ، چويۇن پارچىلىرىنى قاچىلايتتى. بۇ ئىشنى زەمبىرەكچىلەر ئۇدلىنىيەسى (بەنى) قورقاق سىلىش، باراڭ كۆرسىتىش ئۇچۇنلا قىلىۋاتاتتى. ئۇلار زەمبىرەكلەرنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېتىپمۇ قوياتتى. زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى پوسكام، قاغىلىقلارغا ئاڭلانغىنى بىلەن، «ئوقلىرى» سېپىلنىڭ ئارقىسىدىكى خەندەككىلا چۈشەتتى. ئۇنىڭدىن قوشراپتىكى پارتىزانلارنىڭ بۇرۇتىمۇ تەۋرەپ قويمايتتى. بۇلار پەقەت «زەمبىرەكلىرى توختىماي ئېتىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنىلا تارقىتالايتتى، خالاس. مانا ئۆمەر بىلەن يۈسۈپلەرنىڭ گازارمىغا كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى. بىراق، قوشراپتىكى تاشقورغان پارتىزانلىرى يەكەنگە بېسىپ كېلەلمىدى. بىر كۈنى ئۆمەر تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان لو دەندىن ئاستا سورىدى:

— لو دەن، تاشقورغان پارتىزانلىرىنى بەك يامان دەۋاتاتتىڭ، سۈغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپلا كەتتىغۇ؟

— ھازىر خوتەندىن يۆتكەپ كەلگەن بىر پولك (تۇەن) ئەسكەر يەكەن كۆۋرۈكىنى قوغداۋاتىدۇ !

— بىر پولك دېگەن قانچىلىك ئەسكەر !

— مىڭدىن ـ بىر مىڭ ئىككى يۈزگىچە.

— پاھ، جىق گەپكەن ـ ھە؟

— تېخى ئاقسۇدىن كەلگەن بىر پولك ئەسكەرمۇ بار. ئۇلار مەكىتنى بازا قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بىر پولك ئەسكەر يەكەن كۆۋرۈكىنى قوغداپ ياتسا، پارتىزانلار يەكەنگە كىرەلمەيدۇ، بۇنىغۇ چۈشەندىم، — دېدى ئۆمەر، — ئەمما مەكىتنى قوغداشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

— قوغلاشما جەڭ بولۇپ قېلىپ پارتىزانلار مەكىت ئارقىلىق تەكلىماكانغا كىرىپ كەتسە، بىر ئىمزۇوت (پەي)

پارتىزانغا بىر پولك ئەسكەرمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، مەكتەپ ئەڭ مۇھىم ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

— مۇنداق دېگىن...

لېكىن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇ ئىككى پارتىزانلار بۇ خىل ۋەزىيەتتە ھېچ ياققا بولمايدىغانلىقىنى قالدى. ئۇلار ئەگەر يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، توخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەكلا بىر ئىش بولاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم قوراللانغان ئىككى پولك قوشۇنى تۇراتتى، پارتىزانلارنىڭ بولسا سانى ئاز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار قوشراپنى تاشلاپ، يەكەننىڭ تۇمشۇقساراي، كاچۇڭ، ئارتاش دېگەن جايلىرىغا چېكىندى. مانا بۇ 1945 - يىلى 7 - ئايلارنىڭ باشلىرى بولۇپ، ئۆمەر بىلەن يۇسۇپلەرنىڭ گازارمىغا كەلگىنىگە توت ئاي بولغان چاغ ئىدى. پارتىزانلارنىڭ يوللىرى تاشقورغان، قەشقەر، قاغىلىقلارغا تۇتىشىدىغان جاي — قوشراپنى بىر مەزگىل بېسىۋېلىشى گومىنداڭنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، ھەربىي دائىرىلەر دارىلئېتامدىن ئېلىپ كەلگەن ئۆمەر، يۇسۇپ قاتارلىق ئاتمىش سەككىز ئوقۇغۇچىنى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەسمىي ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن تېز ۋە جىددىي ھالدا ھەربىي مەشىققە سالدى. ئۇلار دەسلەپتە قورال بىلەن تونۇشۇش، مىلتىق ئېتىش، قىلىچۋازلىق قىلىش، ئېلىشىش دېگەندەك ماھارەتلىرىنى ئىگىلىدى. ئۆمەر بىلەن يۇسۇپ پولكوۋنىك ما يىنفۇنىڭ ئاتلىق پولكىغا ئايرىلىپ، بۇ پولكتىكى ھەر مىللەت ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان زەمبىرەكچىلەر بەشىنچى روتىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئات مەشقى يەكەن شەھىرىنىڭ جاھانباغ (ئايرودۇرۇم) دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ئىنتايىن قىيىن مەشىق بولۇپ، ئاتتىن يىقىلغان ئەسكەرلەرنىڭ باش - كۆزى يېرىلىپ، قول - پۇتلىرى سۇنۇپ كېتەتتى. چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا ئۇچقاندەك يېقىنلىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يالىنى تۇتقانچە مىنىۋېلىش، ئات ئۈستىدە

يېتىش، ئاتنىڭ يېنىغا ۋە قورسىقىغا چۈشۈۋېلىش، ئات چېپىپ كېتىۋاتقاندا قىلىچ ئوينىتىش قاتارلىق خەتەرلىك ھەرىكەتلەر ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەشىقلىرى ئىدى.

پولكوۋنىك ما يىنفۇنىڭ تۆتىنچى پولكىدا بەش روتا بولۇپ، بىرىنچىسى قارا ئاتلىق موڭغۇللار روتىسى ئىدى. روتا كوماندىرى غونچىكجاپ دىقماق، گەۋدىلىك، كۆچتۈگۈر، ئاچچىقى يامان، مىجەزى چۈس ئادەم ئىدى. ئىككىنچى روتا تورۇق ئاتلىق ئۇيغۇرلار روتىسى بولۇپ، روتا كوماندىرى نىياز ئاق سېرىق، چېقىر كۆز، ئېگىز، ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۈچىنچى روتا جەدە ئاتلىق تۇڭگانلار روتىسى بولۇپ، روتا كوماندىرى ما خۇڭپۇ يۈزى دۈپدۈگىلەك، سېمىز، قاش ـ كىرپىكىنىڭ تازا تايىنى يوق، گازىر كۆز، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، جاھىلراق ئادەم ئىدى. تۆتىنچىسى خەنزۇلار روتىسى بولۇپ، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاق ئات مىنەتتى. ئۇلار ئىستانكىۋاي پىلىموت روتىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئىستانكىۋاي ئىككى چاقى بولۇپ، ئالدىدا پولات توسۇقى بار ئىدى، بىر ئادەم مەخسۇس ئۇق لېنتىسىنى تۇتۇپ ئېتىشقا توغرىلاپ بېرەتتى. روتا كوماندىرى گې دېفۇ پېشانىسى تار، ئېڭىكى كەڭ، مىس رەڭ چىراي، قورساق سالغان، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى. لېكىن، ئۇ سەل چوقۇر بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى «گې مازى» دەپمۇ قوياتتى. بەشىنچى روتا ھەر مىللەت ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، مىنگەن ئاتلىرىمۇ قارا، بوز، كۆك، ئالا بويۇن، ئالا تۇياق، ئاق قورساق، ئالا پاچاق ئاتلار ئىدى. بۇلار زەمبىرەكچىلەر روتىسى (پاۋبىڭ ليەن) دەپ ئاتىلاتتى. «82 تىپلىق» زەمبىرەكنى ئاتلارغا ئارتىپ ماڭاتتى. «60 تىپلىق» زەمبىرەكنىڭ پۇتى بولۇپ، ئۇنى ئەسكەرلەر كۆتۈرۈپ مېڭىشاتتى. روتا كوماندىرى لۇ كۇنجۇڭ ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر قىلىچۋازلىققىمۇ ئۇستا چەۋەندازلاردىن بولغاچقا، بەزىدە تاغ ئارىسىدىكى قوغلاشما جەڭلەرگىمۇ قاتنىشاتتى. ئۆمەر بىلەن يۈسۈپ مۇشۇ روتىدىكى

ئەڭ ياش، چەبدەس ئەسكەرلەردىن ئىدى. ئۇلار قارىغا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئات مەشقى قاتارلىقلاردا ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە بەشىنچى روتا كوماندىرى لۇ كۈنجۇڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ھويلىغا يىغدى. بۇ روتا بەش ئىزۋوتتىن تەشكىللەنگەنىدى، بىر ئىزۋوت ئۈچ ئودلىنىيە بولۇپ، ئۆمەر بىرىنچى ئىزۋوت، بىرىنچى ئودلىنىيەگە قارايتتى. ئۇنىڭ ئىزۋوت كوماندىرى شىلەن (شىبە)، ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇرۇسۇل ئىدى. بەش ئىزۋوت ھويلىدا بەش قاتار بولۇپ تىزىلدى. كىرپە چاچ، قىسىق كۆز لۇ كۈنجۇڭ پاختا ئاتقۇچىنىڭ توقمىقىدەك قىسقا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئەسكەرلەرگە «ئولتۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ كىچىكىدىن ئۇيقۇسىز قالغانمۇ، قارىمۇتۇق چىرايى مىس تەلەڭگىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. لۇ كۈنجۇڭ ھەممىگە تەكشى قارىۋېتىپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئەسكەرلەرگە چاس بەردى ـ دە، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— بۇرادەرلەر، بىز ئىككى ئايدەك ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردۇق، — ئۇ گېلىنى سالاپەت بىلەن قىرىپ قويدى، — ئەتە يېڭىشەھەر سىپىلى سىرتىدا قارىغا ئېتىش بىلەن قىلىچۋازلىقتىن سىناق ئېلىنىدۇ. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندىن باشلاپ جاھانباغدا ئات ئۇستىدىكى ماھارەتتىن سىناق ئېلىنىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ يۇقىرى نەتىجە قازىنىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

روتا كوماندىرى لۇ كۈنجۇڭ ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەت ھەققىدە توختالغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن تېنى قۇلاققا ئايلانغاندەك بولۇپ، ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى. ئىلىدىكى ئالتە ئوغرى ئەمدىلىكتە مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەرەمباغ قوماندانلىق ئىشتابى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىدىن مەدەت ئالغان تاشقورغان پارتىزانلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە پاراكەندىچىلىك

سالماقتا ئىدى. قوشراپىنىڭ بىر مەزگىل قولدىن كېتىشى بۇنىڭ ئاددىي بىر ئىسپاتى ئىدى. ئۇلار گەرچە قوشراپتىن چېكىنگەن بولسىمۇ، تۇمشۇقساراي، كاچۇك ۋە ئارىتاشلارنى يەنىلا بېسىپ يېتىۋاتاتتى.

— بۇرادەرلەر، — لۇ كۇنجۇڭ قولىنى شىلتىدى، — ئىلى ئۇغرىلىرى ياكى تاشقورغان باندىتلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ خورىكىنىڭ بۇنچىلىك ئۆسۈپ كېتىشىنى ئىچكىرىدىكى كوممۇنىست قىزىل پاچاقلارنىڭ ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. شۇڭا، ئەتە ۋە ئۆگۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان سىناقتا ۋە ماھارەت كۆرسىتىشتە ئەستايىدىل بولۇڭلار!

روتا كوماندىرى لۇ كۇنجۇڭنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھامان ئۆمەرنىڭ ئىزۋوت كوماندىرى شىلەن: «ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش پۇلى ئۈچۈن گوەنجىڭ تىزىسى تارقىتىلىدۇ، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ئۇزاقتىن بېرى ئېغىر مەشىق، قاتتىق تۈزۈم ھەم ئۇيقۇسىزلىق ئازابىدا تالجىقىپ كەتكەن ئەسكەرلەر مالىيە ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئازغىنا تۇرمۇش پۇلىغا ئېرىشكەن بۇ بىچارىلەرنىڭ بەزىلىرى شەھەردىكى پاھىشىخانا، قىمارخانىلارغا، بەزىلىرى بولسا ئاتا - ئانىلىرىنى ۋە تۇغقانلىرىنى يوقلاشقا مېڭىشتى. ئۆمەرمۇ ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇرۇسۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئابدۇرۇسۇلكا، مەن... مەن... دارىلئېيتامغا بېرىپ كېلەي دېۋىدىم.

— سېنى پات - پات ئىزدەپ كېلىدىغان ھېلىقى تۇمۇچۇقنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ بوپتۇ بارغىن، لېكىن چوقۇم كەچلىك يىغىلىشقا ئۈلگۈرۈپ كەل.

بىر ئايلىق تۇرمۇش پۇلىنى يانچۇقىغا سالغان ئۆمەر تېز - تېز مېڭىپ كونىشەھەر سېپىلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ

چىلتەنلىرىم مازىرىدىكى توپىلاڭ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ دارىلئىپتامغا يېتىپ كەلدى. ئاسىمگۈل ھازىر تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتى. ئوقۇشىمۇ ياخشى ئىدى. ئۆمەرنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ گومىنداڭنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى پولكلىرى ئورۇنلاشقان كونىشەھەر گۇلباغدىكى گارنىزونغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ، ئاخىر ئۆمەر بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ھەر ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنىدە گۇلباغدىكى گارنىزونغا بېرىپ، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ كېلىدىغان بولدى، بىراق ئۆمەر ئەسكەر بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەتلەر يوق دېگۇدەك بولۇپ كەلگەنىدى.

ئۆمەر «4 ـ ئا» سىنىپقا ئاستا يېقىنلىشىپ دېرىزىدىن قىيپاش قارىدى. لېتىپ نۇجۇر دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. بىر ئەسكەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق پۇرسەت تولىمۇ قىممەتلىك بولۇپ، ئۇنى قەدىرلىمىسە بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئاستا چەكتى، لېتىپ نۇجۇر ھايال بولمايلا ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى ۋە ئۆمەرنى قۇچاقلىۋالدى.

— خۇدايا توۋا، نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ قارا سېنى، چوپچوڭلا سۇباتلىق يىگىت بولۇپ قاپسەن...

— بۇ ئەسكەرچىلىك دېگەن بەكمۇ قاتتىق بولىدىكەن، — ئۆمەر كۆزلىرىگە لىق تولۇپ قالغان ياشنى بارمىقىدا سۈرتۈۋەتتى، — مانا بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى.

— ئۇنداقتا مەن ۋاقتىڭنى ئالماي. ئاسىمگۈلنى «مىللەت بېغى»غا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەل.

— ياقەي، بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يەيلى دېگەنىدىم...

— تازا ئوبدان ئويلاپسەن.

لېتىپ نۇجۇر سىنىپقا قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئۆمەر ئارقىغا يېنىپ، تەشۋىقات دوسكىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى، ئۇ بۇرۇن بۇ يەردە ساھىبنەزەر مۇئەللىم بىلەن يوشۇرۇن پىچىرلاشقانىدى. ئۆمەر ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ چىقىشقا

ئۆلگۆرمەي تۆرۆپلا، سىنىپىنىڭ ئىشىكى تاراقىدە ئېچىلىپ، ئاسىمگۈل چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا يالت - يۇلت قاراپ، لېتىپ نۇجۇر دېگەن «بىركىم»نى تاپالمىدى. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا بوينىنى قىسىپ تۇراتتى، تەشۋىقات دوسكىسى ئارقىسىدىكى «بىركىم»نى كۆرۈپ قالدى ھەم قاناتلانغان كەپتەردەك ئۇچۇپ كەلدى - دە، شادلىق ھاياجىنىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي جېنىم... ما ئەسكىنى! ما ئەسكىنى... — ئاسىمگۈل خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى، — بۇ سەنمۇ؟ راستلا سەنمۇ... ھەي قويچى، دەپ باققىنا، بۇ سەنمۇ؟...

خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان قىز ئۆمەرنى دوسكىنىڭ دالدىسىغا ئىتتىرىپ ئاپاردى، ئاندىن ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆمەرنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈۋالدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يىگىتچاق ئالمان - تالمان يىراق - يېقىنغا قاراپ چىقتى:

— ھەي ساراڭ، كۆپكۆندۈزدە... خەق كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

— چاتىقىم نېمە، كۆرسە كۆرىۋەرسۇن! قوينىڭ قۇمىلىقى پۇرايدىغان قويچى، تېخى سۆيۈپ قويغانغا خۇش بوله...

شۇ كۈنى ئۆمەر ئاسىمگۈلنى كونىشەھەر بازىرىغا ئەكىرىپ، داڭلىق گۆشگىردىچى مەتقۇۋان بودەكنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار گىلەم سېلىنغان سۇپىدىكى يېكەندازدا ئولتۇرۇشتى. مۇلازىم بالا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىچىككىنە شىرەنى قويۇپ، لېگەندە گۆشگىردە ئەكەلدى. ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل گۆشگىردىنى ئۇلىنى ھېجىردىكى سوغۇق سۇغا تۇگۇرۇپ ماك قىلىپ يېيىشتى. پاھ، پاھ، مەتقۇۋان بودەكنى بىكارغا داڭلىماپتىكەن - دە! گۆشگىردىنىڭ ئىچىگە غىلىتاك دۇمبە سالغانمۇ نېمە، بىر جام شورپىسى بار ئىكەن دېسە!

كۆتىلار: «قورساق توق، كۆڭۈل شوخ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چېقىشىپ، ياسىما تىلىلىشىپ ماڭغاچ مىللەت بېغىغا كىردى. ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تومۇزنىڭ ئىسسىقى تېخى يانمىغانىدى. باغدىكى تۇخۇمەك، ئەرمۇدۇن، چىنار، قەلەمپۇر، تاغ سۆگىتى، ئاكاتسىيەلەر شاخراپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئاستىغا ئالىقاندەكمۇ ئاپتاپ چۈشمەيتتى. قايسى جەننەتتىن قىلىپ قويغان بولغىيدى، باغنىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىدە قەدىمكى زاماننى ئەسكە سالىدىغان راۋاقلار قەد تىكلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە، بەلدەم ۋە سالاسۇنلىرىغا بەكمۇ كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. باغنىڭ ھەممىلا يېرىدە پىلپىل، گوۋزىبان، تاجىخوراز، تۆگەقۇيرۇقى، سېرىقسەمبە ۋە نامازشام گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل باغنى ئايلىنا - ئايلىنا، ئاخىر سۇزۇك ئېقىن بويىدىكى تاشتا ئولتۇرۇشتى. قىز ئېقىندا يۈزىنى يۇغانىدى، سۇ تامچىلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۇنىڭ يۇمران مەڭزىنى سۆيۈپ چۈشۈپ، خۇددى بىر - بىرىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك ئالدىرىشىپ، ھال رەڭ لەۋلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى، ئۇ يەردىن گويا تۆكۈلگەن مارجاندەك تاراسلاپ، ئولتۇرغان يېرىدىكى تاشقا چېچىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئۆمەرنى ناگىھان بىر ھالدا قالدۇردى. ھېلىقى «روزىلەم» دېگەن ناخشىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتقان قويچى قىزچاق شۇمىدۇ؟ بۇ قىز «ئەجەب تاتلىق كاۋا ئىكەن، كەپتەر گۆشىمۇ شۇنداق تېتىمىدى» دەپ يۈزىگە كاۋىنى سۇۋاپ يېگەن سادىدا، ياۋاش، مۇلايىم سەھرا قىزى ئاسىمگۈلگە ھېچ ئوخشىمايدۇغۇ! ئۇ ئەمدى ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئوماقلا بىر قىز بولۇپ قاپتۇغۇ!

— ئاسىمگۈل، ئەمدى... ئەمدى... — ئۆمەر تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلدى، — سېنى... سېنى ئالاي دېگەنىدىم، سەن ماڭا تېگەرسەنمۇ؟

— ۋاي جېنىم، ماۋۇ ساراڭ نېمە دەيدىغاندۇ؟ — ئاسمىگۈل باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىدى، — خەقلەر مۇشۇ باغدا جىن بار دەيدىغان، ساڭا جىن چاپلاشمىغاندۇ ـ ھە؟

— نېمە دەيدىغانسەن؟ مانا ساپساق تۇرمامدىم!

— ئىسسىتماڭ ئۆرلەپ قالدىمۇيا؟ — قىز قولىنى سوزۇپ ئۆمەرنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى، — ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىكەن...

— ئاسمىگۈل، گەپنى ئەپقاچماي، سوئالىمغا جاۋاب بەر.

— نېمە دېگەنىدىڭ؟ — قىز خۇپسەنلىك قىلىپ قايتا سورىدى، — يەنە بىر دېگىنە؟

— ماڭا تېگەمسەن؟

— زىياخاننى تاشلاپ قاچقاندەك، چىتلاق ئاستىدىن ئۆملەپ چىقىپ قېچىپ كەتسەڭچۇ؟

— ۋايتوۋا، ئۇ دېگەن زىياخان، سەن دېگەن ئاسمىگۈل تۇرساڭ!

قىز ھەرقانچە شوخلۇق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھاياجان ئىلكىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر سۆزنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. راست، بۇ شوخ، شۇللۇق قىز بۇ چاغقىچە ئۆمەرنى خۇددى ئاكىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ كەلگەن. ئۇنى قۇچاقلىسىمۇ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ قويسىمۇ، پەقەت قېرىنداشلىق مېھرى قەلب بوستانىدىكى گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندەكلا بىر ئىش بولغانىدى. يەنە قانداقتۇر لەزىز بىر تۇيغۇ يۈرىكىنى ئەللەيلەپ تۇرۇپ، ئۇنى ئازابلىق ئويلارغا سالاتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ ئازابلىق ئويلار ئۆمەرنىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن يېشىلگەندەك بولدى.

— ئاسمىگۈل، يىغلاۋاتامسەن؟ ئەگەر گېپىمنى خوپ كۆرمىگەن بولساڭ...

— يا... ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يىغلىغۇم

كېلىپ قالدىغۇتالڭ!

— مەن بۇرۇن قەدرىڭگە ئانچە يەتمەپتىكەنمەن، — ئۆمەر سوغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ماڭا سىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىڭنى تونۇتتى.

— سەن... سەن كەتكەندىن كېيىن يۈرىكىم سىقىلىپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالدىم، دەرسلەرمۇ زەنىمگە تازا چۈشۈپ كەتمىدى، — ئاسىمگۈل يۈزىنى قاچۇرۇپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەڭ بولمىغاندا هازىرقىدەك مۇنداق گېپىڭنى ئاڭلىۋالغان بولسامىمۇ مەيلى ئىدى، شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ دۈشكەلەشلىرىدىن، يامان تىللىرىدىن قورقماي، گازارمىغا سېنى ئىزدەپ بارغانىدىم.

كۈن قىيسىيىپ، ئۆز ئۆۋىسىغا ئالدىراۋاتاتتى. ئۇلار تويى قىلىشىدىغانلىقى، ئىككىلىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىپ، بەزىدە قىزىرىشىپ، بەزىدە كۈلۈشۈپ، تېخى تۇرۇپلا بىر - بىرىگە تەلمۈرۈشۈپ قاراپ، چىلتەنلىرىم مازارىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار دارىلئېتامنىڭ ئارقا تېمىغا كەلگەندە، پىنهانراق يەرنى تېپىپ بىردەم تۇرۇشتى.

— ئاسىمگۈل، بۇنىڭدىن كېيىن هەربىي مەشقلىرىمىز كۆپىيىدىغان ئوخشايدۇ، — ئۆمەر ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى يوشۇردى، — شۇڭا پات - پات كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن.

— بولدى، مەن ئۆزۈم هەر جۈمە كۈنى ئىزدەپ بارىمەن.

— بارغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. بىز... بۇنىڭدىن كېيىن مەشقلەرنى تاغ ئارىسىدا ئېلىپ بارىدىغان ئوخشايمىز.

— نەدىكى تاغدا؟

— تۇمشۇقساراي، كاچۇڭ، ئارىتاش تاغلىرىدا.

— نېمە، ئۇرۇشقا قاتنىشامسىلەر؟

— ياقەي، بىزدەك يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۇرۇشقا سالمايدۇ، — ئۆمەر چوڭقۇر تىندى، — ئەمىسە مەن قايتاي، يىغىلىش ۋاقتىغا ئاز قالدى.

ئۆمەر قىزنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگىنىچە بىرھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئاسىمگۇلنى سۆيۈشكە زادىلا جۈرئەت قىلالماي ئارقىغا قايرىلىۋىدى، ئاسىمگۇل ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى. ئۆمەر ئەتراپىغا زەن سالغىنىچە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ يېقىنلاشقانىدى، قىز يۈزىنى شارتىلا قىلىپ تارتىۋالدى.

— ئۇ يەرگە ئەمەس... مەيەرگە ! ... — ئاسىمگۇل پىچىرلىغىنىچە ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى سوزدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئاسىمگۇل بىركىم كۆرۈپ قالسا...

— مەن قورقمىسام، سەن نېمىدىن قورقىسەن؟...

ئۆمەر ئالدى - ئارقىسىغا، پەسلىكتىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ قورۇقلىرىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ، كۆڭلىنى توختاتقاندىن كېيىن سېرىق تۇكلىرى قاريداشقا باشلىغان لەۋلىرىنى قىزنىڭ يۇمران لەۋلىرىگە بوشقىنا تەگكۈزدى، تەككۈزدى - يۇ، بېشى پىررىدە پىرقىرىغاندەك بولۇپ چاندۇرماي تامغا يۆلىنىۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سەزگۈلىرىدە چېقىلغان بىر چاقماق پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك بولغانىدى، شۇندىلا ئۇ تۇنجى سۆيۈشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە سېھرىي بولىدىغانلىقىنى بىلدى...

— ئۆمەر، مېنى ئەپ قىل، — قىز يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى، — تاغ - تۇرالارغا كېتىمەن دەۋاتىسەن، بىز يەنە قاچان كۆرۈشەلەيمىز؟ بۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، سېنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلىدىم. چۈنكى، ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى سېغىنغاندا، ئىككى بارمىقىمىزنى لەۋلىرىمىزگە باساق، ھازىرقى نازۇك، شېرىن ھالەت يەنە تەكرارلىنىدۇ...

ئۆمەرنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققاندەك، ئىككى كۆنلۈك سىناقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلاردىكى پارتىزانلارنى تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ما يىنفۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆتىنچى پولكى

كونىشەھەردىكى گازارمىلىرىدا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئەسكەرلەر ئېگەر، قوشقۇن، تۆشباغ، يۈگەن قاتارلىق ئات جابدۇقلىرىنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي ئاتلارغا ئۆگەتكەن يېتىش، قوپۇش، يىقىلىش، تىزلىنىش (ياربدارنى مىنگۈزۈش) قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىماقتا ئىدى. كونىشەھەر گۈلباغدىكى گازارمىدا تۇرۇۋاتقان قىسىم ئىككى پولك بولۇپ، يەنە بىرى پولكوۋنىك خوڭ يادۇڭنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر بەشىنچى پولكى ئىدى. بۇ قېتىم پارتىزانلارنىڭ قېچىش، مۇداپىئەلىنىش، پىستىرما قويۇش يوللىرىنى توسۇش ئۈچۈن، يەكەن دەرياسىنىڭ سول قانىتىدىكى چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، كەندىلىك قاتارلىق يۇرتلارنى قوغداش ۋەزىپىسىنى خوڭ يادۇڭنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر بەشىنچى پولكى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. زەرەپشاننىڭ ئوڭ قانىتىدىكى تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلارنى بېسىۋالغان پارتىزانلار بىلەن جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى بولسا پولكوۋنىك مايىنفۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆتىنچى پولكى تاپشۇرۇۋالدى. يەكەن دەرياسىنىڭ سول ۋە ئوڭ قانىتىدىكى چىمدۇ، قوشراپ، تۇمشۇقساراي، كاچۇڭ، ئارىتاشلار پۈتۈنلەي تاغ ئىچىدىكى يۇرتلار بولۇپ، جەڭ قىلماق بىرقەدەر قىيىن ئىدى.

ئاۋغۇستنىڭ 18 ـ كۈنى خوڭ يادۇڭنىڭ بەشىنچى پولكى يەكەن دەرياسىنىڭ سول قانىتىدىكى چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، كەندىلىك قاتارلىق تاغلىق يۇرتلارغا قاراپ يولغا چىقتى. يەنە شۇ كۈنى ما يىنفۇنىڭ ئاتلىقلار تۆتىنچى پولكى يەكەننىڭ ئوڭ قانىتىدىكى تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلارغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ يەرلەر يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بولۇپ، ئىككىلا قىرغاقتا دەل ـ دەرەخ، ئازغان، جىغان، ئالىقات، جىگدە قاتارلىق تىكەنلىك چاتقاللار، توغراق، پاختا يۇلغۇن، بەقەم، مۇشا (تاغ سۆگىتى)لار

بىلەن قاپلانغان توقايلىقلار بار ئىدى. ئاتلىق پولك چۈشكەن تۈمشۇق دېگەن تاغنىڭ باغرىدا يول بولۇپ، پەستىكى كەڭ كەتكەن جىغانلىقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يەكەن دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاغ ئۈستى ۋە بەل، غوللارغا قاتمۇقات قاراۋۇللار قويۇلدى. مىڭ ئەسكەردىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن كەڭ كەتكەن جىغانلىق ئىچىگە يوشۇرۇندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالاقىلىشىش ئىززۋۇتىنىڭ قىرىق نەچچە ئەسكىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلاردا تېلېگراما ئاپپاراتى ۋە توك چىقىرىش موتورلىرى بار ئىدى. (موتورنىڭ ئىككى تۇتقۇچىنى ئىككى ئادەم توختىماي بېسىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك چىقىراتتى.)

ئاۋغۇستنىڭ 21 ـ كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. دەسلەپ تۈمشۇقساراي بىلەن چامسال ئوتتۇرىسىدىكى تاغلىقتا ئاتلىق قوغلاشما جەڭ بولدى. قىلىچلار جاڭ ـ جۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. پارتىزانلار ئەسكەرلەرنى قوغلاپ تۈمشۇقسارايغا نىقتاپ كەلسە، ئەسكەرلەرمۇ بىردىنلا جانلىنىپ ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ چامسالغا چېكىندۈرەتتى. چامسال تۈمشۇقساراي بىلەن كاچۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇنى سازلىق، چاتقاللىق ۋە ئازغان، جىغان، ئالىقاتلار ئۆسۈپ كەتكەن جاڭگاللىقلار ئوراپ تۇراتتى، بىر تەرىپى تاغ، يەنە بىر تەرىپى دەريا ئىدى. بۇ كالتە جەڭ پارتىزانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى خېلىلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەندەك كۆرۈندى. نەق شۇ پەيتتە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئومۇمىي ھۇجۇمغا كاناي چېلىندى. پارتىزانلار قورققاندەك بولۇپ بىردىنلا ئارقىغا چېكىندى. ما يىنفۇ پولكىنىڭ غونچىكجاپ موڭغۇل روتىسى بىلەن نىيازنىڭ ئۇيغۇر روتىسى دەريا ساھىلىدا، ما خۇڭچۇ، گې مازى ۋە لۇ كۇنجۇڭلارنىڭ روتىلىرى تاغ باغرىدا غاز قانىتى بولۇپ سەپ تارتىپ، پارتىزانلارنى قورشاپ يوقىتىش جېڭىنى باشلىدى. تاقىر تاغلار، گىياھسىز تۆپىلىكلەر، چوڭقۇر جىلغىلار ئارا

«ئۇر ــ چاپ، قىر ــ ئۆلتۈر!...» دېگەن چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. بىرىنىڭ قولى، يەنە بىرىنىڭ بېشى، ھەتتا ئاتلارنىڭ قۇلاق ــ قۇيرۇقلىرىدىن تارتىپ تۇۋىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشمەكتە ئىدى. مۇشۇ قىيا ــ چىيا ئىچىدە ئۆمەر يۇسۇپنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزەڭگىدە دەس تۇرغىنىچە قىلىچنى بېشىدا ئوينىتىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ــ بىرىگە لەپپىدە قاراشتى ــ يۇ، ئۆتۈپ كېتىشتى، گەپلىشىشكە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

پارتىزانلار قىسمەن ئۆلۈكلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قېچىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن روھلانغان ما يىنفۇ پولكىدىكى بەش روتىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى كاچۇڭ بازىرىغا كىرىپ كەلدى. دەل شۇ پەيتتە پارتىزانلارنىڭ پىستىرمىدىكى غوللۇق قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن ئوققا تۇتتى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلار ئىچىدە مەڭدەپ، ئوڭ ــ سېپىنى تاپالماي قالغان ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلار ئارقا ــ ئارقىدىن يىقىلىپ، كاچۇڭ بازىرى قانغا بويالدى. تىرىك قالغانلىرى ئۆلەر ــ تىرىلىشىگە باقماي قاچقانىدى، پارتىزانلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى قوغلاپ كېلىپ، ئۆتكۈر قىلىچلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى شارت ــ شۇرت ئالغىلى تۇردى. كېسىلگەن بويۇنلاردىن تىرتىلداپ ئېتىلىپ چىققان قان يولنىڭ چېتىدىكى تام ۋە دەرەخلەرگە چاچراپ، چاچرىغان يەرلىرىدىن سارغىيىپ ئېقىشقا باشلىدى. تۆتىنچى پولك ئەسكەرلىرى پارتىزانلارنىڭ قاپقىنىغا دەسسىگەنىدى. ئەسكەرلەر قاچقانسېرى، پارتىزانلار بىر چەتتىن ئوققا تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچتا چېپىپ ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچرىتىۋەتتى. ئۇلار قېچىپ ئۆزلىرىنىڭ بازىسى ئورۇنلاشقان تۇمشۇقسارايغا كەلگەندىلا، پارتىزانلار ئاندىن قايتىپ كېتىشتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە يۇسۇپنىڭ كاچۇڭغا كىرمەي تۇرۇپلا مۆرىسى يارىدار بولدى. قىلىچ ئۇنىڭ مۆرىسىنىڭ بىر پارچە گۆشىنى شىلىۋەتكەن، ئۇ يەردىن قان توختىماي ئېقىپ، بىلەكلىرى ۋە

قورساقلىرىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋەتكەنىدى. ئۆمەر ئاتىنى سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭدى، مۈرىسىنى مەيدىسى بىلەن قوشۇپ چىڭ باغلاپ تاشلىدى. شۇڭا، ئۇلار دەسلەپ چېكىنگەن ئەسكەرلەر بىلەن تۇمشۇقسارايدىكى بازىغا ئەڭ ئالدىدا يېتىپ كەلگەنىدى.

ما يىنفۇنىڭ قوشۇنى بىرىنچى قېتىملىق جەڭدىلا مەغلۇپ بولۇپ، خېلىلا ھالسىراپ قالدى. شۇڭا، چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتالارنى قوغداۋاتقان بەشىنچى پولكنىڭ پولكوۋنىكى خۇڭ يادۇڭ باش قوماندان، سەنمۇجاڭ ۋە قىسمەن روتا كوماندىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، تەجرىبىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى شەرمەندە ئۇرۇش ھەققىدە ئۆز ئارا تاپا ـ تەنە قىلىشقا ۋە ئەيىبلەشلەرگە يول قويۇلمىدى. ھەربىي ئەمەلدارلار ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىككى پولك (ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر) قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كاچۇڭ تاغلىق رايونىدا بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ قىلىش قارارىنى بېكىتتى ۋە ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى زەبەردەس يىگىتلەردىن بىرقانچىنى تاللاپ، قوشراپنى رازۋېدكا قىلىپ كېلىش پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى.

كاچۇڭنىڭ بىر تەرىپى تاغ بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىدە يەكەن دەرياسى شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇراتتى. يېزا ـ كەنت، مەھەللە، ئۆتەڭ، تۇرالغۇلار دەريا بويلاپ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. تاغلىرى ھۆل ـ يېغىن ئاز، تاش ـ تۇپراق ئارىلاش تاقىر بولغاچقا، ئوت ـ چۆپلىرى شالاڭ ۋە پەس ئۆسەتتى.

ئەتىسى كەچتە ئۆمەر ئاغىنىسى يۇسۇپنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بەشىنچى روتا ئۈچىنچى ئىزۋوت ئورۇنلاشقان دەريا بويىدىكى «چېدىرلار مەھەللىسى»دىكى تۇرالغۇسىغا باردى. ئۇ يۇسۇپنىڭ يارىسىنى ئۆزى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. ئۇ تۇرالغۇدا ياردارلارنى تۈنۈگۈن كەچتىلا يەكەن قوماندانلىق ئىشتابى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ

كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە خاتىرجەم بولدى، شۇنداقتىمۇ ئاغىنىسىدىن ئايرىلغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ ئۆتۈكىنى سالاي دەپ تۇراتتى، ئودلىنىكوم (ئودلىنىيە كوماندىرى، يەنى بەنجاڭ) ئابدۇرۇسۇل كىرىپ كەلدى.

— ئۆمەر ئۇكا، ساڭا روتا بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچى، ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالايسەن.

— قېنى دەۋېرىڭ.

ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭغا ھەربىي باشلىقلارنىڭ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كاچۇڭغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى بېكىتكەنلىكىنى دېمىدى. ئۇ ئالتە ئادەمدىن تەركىب تاپقا رازۋېدكىچىلار گورۇپپىسىنىڭ كاچۇڭغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گورۇپپا ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپ، پارتىزانلارنىڭ كاچۇڭنىڭ قايسى تاغ، ئېدىر، جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشقانلىقى، سانى، ئاساسلىق چوڭ قوراللىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ دېدى. رازۋېدكا قىلىشتا خۇددى ئاتلىق پارتىزانلاردەك ياسىنىپ، كاچۇڭ ئاھالىلىرىدىن چاندۇرماي ئەھۋال ئىگىلەش، ھەرگىز تىرىك قولغا چۈشۈپ قالماسلىق لازىم ئىدى.

ئەتىسى سەھەردە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىرىنچى گورۇپپا (ئۈچ ئەسكەر) رازۋېدكىچىلار مىلتىق، قىلىچلىرىنى ئېسىشىپ، جىمجىتلا نەگىدۇر كېتىپ قالدى. ئىككىنچى رازۋېدكىچىلار گورۇپپىسىدىكى ئۆمەر بىلەن ئۈچىنچى ئىزۋوتتىن ئاجرىتىلغان مۇھەممەت، ئابدۇقادىرلارمۇ كاچۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار كاچۇڭ بازىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئابدۇقادىر دەريا بويلاپ ماڭىدىغان، مۇھەممەت كەنت ئارىلايدىغان، ئۆمەر تاغ ئىچىدىكى چارۋىچى ئاھالىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەيدىغان بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ، ئۈچكە بۆلۈندى. ئۇلار تۇمشۇقساراي ئورۇشىدا پارتىزانلاردىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئۇلارنى ھازىرغىچە تاپالماي تاغ ئارىلاپ يۈرىۋاتىمىز دەپ، پارتىزانلارنىڭ

تۇرالغۇسىنى ئىنىقلاپ بىلىۋالىدىغان بولۇشتى. يەنە قاچان، قەيەردە ئۇچرىشىشنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز يوللىرىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۆمەر ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بوك ـ باراقسان بىر باغنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ قايرىلدى. باغ چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، مەي باغلاپ پىشقان قىپقىزىل ئۆرۈكلەر شاخلىرىدا غۇچچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۆرۈكلەرنىڭ بۇنچىۋالا قىزىل بولۇشى بۇ يەرلەردە كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سوغۇق بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۆرۈكلەرنىڭ هازىر ھەممىلا يەردە تۈگىگەن ۋاقتى بولۇپ، پەقەت تاغ رايونلىرىدىلا 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى پىشىدىغان بولغاچقا، كۆرگەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۆمەر ئېتىنى يولنىڭ چېتىدىكى چاتقالغا باغلاپ قويۇپ، باغ تېمىنىڭ شورىسىدىن ئىچىگە ئارتىلىپ چۈشتى. ئۇ چوڭ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئەمدىلا بىر تال ئۆرۈكنى ئاغزىغا سېلىۋىدى، سوقما تام بىلەن ئاھادا قىلىنغان ئۇ تەرەپتىكى باغقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ باغدا بىر توپ پارتىزانلار مىلتىق، قىلىچلىرىنى ئوتلاق ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆرۈك قېقىپ يەۋاتاتتى. ئۇلار چىملىق ئۈستىگە تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، قوشنا باغقا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەندى. ئۆمەرمۇ شاخ ـ يوپۇرماقلار ئارىسىدا كۆزگە ئاسان چېلىقىپ قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ پارتىزانلار قولىغا چۈشۈپ قالغان دۈشمەننى قىلىچ بىلەن چاناپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ قورقۇپ كېتىپ ئۆرۈكتىن ئۆزىنى تاشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ مىلتىقى ئۆرۈكنىڭ ئاچىماق شېخىغا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۆزى خۇددى كاناردىكى گۆشتەك ئېسىلىپ قالدى. يا ئۈستىگە چىقالماي، يا پەسكە چۈشەلمەي قالغان ئۆمەر ئاخىر خەنجىرىنى چىقىرىپ مىلتىق تاسمىسىنى كېسىۋېتىپ، يەرگە «گۈپپىدە» قىلىپ يىقىلىپ

چۈشتى، بىراق مىلتىقى ئۆرۈكتە ئېسىلىپ قالدى. ئۇ قىسىمغا مىلتىقسىز قايتىپ بارسا باشلىقلىرى ئۇنى ئېتىۋېتەتتى. ئۆمەر ئۆرۈككە قايتا يامىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى سوقما تام ئارقىسىدىكى باغدا ئىدى. پارتىزانلار ئومۇلاقمان ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئۆرۈك تېرىپ يېيىشىۋاتاتتى. ئۆمەر قىلىچى بىلەن ئىككى ئاچىماقتا توغرا تۇرۇپ قالغان مىلتىقنى ئىتتىرىپ چۈشۈردى. لېكىن، مىلتىق پايىنىكى بىلەن يەرگە قاتتىق قېقىلىپ چۈشكەن بولغاچقا، «گۈم» قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى. قوشنا باغدىكى پارتىزانلار پاتىپاراق بولۇشۇپ، مىلتىق - قىلىچلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۆمەر ئۆرۈكتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، مىلتىقنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىرلا تارتىپ يەشتى، ئاندىن ئېگەرگە سەكرەپ مىنىپ، چوڭ يول بويلاپ تىكىۋەتتى. ئارقىسىدىن مىلتىقلار قوماچ قورۇۋاغاندەك پاراسلاپ ئېتىلىپ، ئوقلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋلىرىدىن ۋىڭ... ۋىڭ... قىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئاتلىق پارتىزانلارنىڭ ئۇنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئات تۇياقلىرىنىڭ تاپۇر - تۇپۇرلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى، بولۇپمۇ بېشىغا ئاچا مالخاي كىيىۋالغان بىر بۆرۈتلۈك چەۋەنداز ئۇنىڭغا يېقىنلاپلا قالغانىدى. مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى خادا قىلغان ئابدۇقادىر بىلەن مۇھەممەتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئۆمەر ئېتىغا جان - جەھلى بىلەن قامچا سالدى. بىر قولىدا تاسمىسى كېسىلگەن مىلتىق، يەنە بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ئۆمەرنىڭ ئۆزىنىڭ بۆرۈتلۈك چەۋەندازغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. بۇنى بىلگەن چەۋەنداز قىلىچىنى ئوينىتىپ «ئوۋ...» دەپ نەرە تارتقىنىچە ياندىشىپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم قىلىچىنى شىلتىغاندا، ئۆمەر ئاتنىڭ قورسىقىغا ياكى بىقىنىغا چۈشۈۋالاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن «شۇۋ...» قىلغان ئاۋاز ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. بىر قېتىم

ئۆمەرنىڭ بويىنى چىمىدە قىلىپ ئېچىشىپ، ئىسسىق بىرنېمە بويىندىن ئېقىپ چۈشتى. چەۋەندازنىڭ قىلىچ ئويىنىتىشىدىن ئۇنىڭ سولخاي ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۆمەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قايرىپ ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. ئەمدىلىكتە چەۋەنداز قىلىچىنى بايىقىدەك ئويىنىتالمىدى. پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەن ئۆمەر قىلىچىنى بىرلا شىلتىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۆش بېغىنى شارتىلا قىلىپ كېسىۋەتتى. چەۋەنداز ئېگەر ـ توقۇملىرى بىلەنلا يول چېتىدىكى يارلىققا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يازدىمۇ تۇماق كىيىۋالغان يەنە بىر چەۋەنداز يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىلىچلىرىنى جاڭ ـ جۇڭ قىلىپ ئۇرۇشۇپ قوغلاشقىنىچە ئۆزلىرىنىڭ چامسالغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى. بۇ يەردە تۇمشۇقسارايىنى قوغداش ئۈچۈن قويۇلغان ئىككى ئودلىنىيە ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلار قېچىپ ۋە قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە پاي ئوق چىقاردى، ئۆمەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقان پارتىزان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا قېچىپ كەتتى. گەجگىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قىلىچ يارىسىدىن بويۇن ۋە دۈمبىسى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن ئۆمەر ئېگەردىن «گۈپپىدە» ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى، قۇيرۇق ۋە ساغرىلىرى تىلىم ـ تىلىم كېسىلىپ، ساق يېرى قالمىغان، قانسىراپ كەتكەن ئاتمۇ يىقىلدى.

پولكوۋنىك ما يىنفۇ، خۇڭ يادۇڭ باش قوماندان ۋە سەنمۇجاڭ قاتارلىق ھەربىي باشلىقلار قارار قىلغان جەڭ باشلاش كۈنى يېتىپ كەلدى. تۈن نىسپى بىلەن ئالدىن يول ئېچىپ ماڭغۇچى ئىككى ئودلىنىيە رازۋېدكىچىلار كاچۇڭ تاغلىرىغا ئېچكىرىلەپ كىرىپ، پارتىزانلار تەرىپىدىن قاتمۇقات قويۇلغان قاراۋۇللارنى شەپە چىقارماي بوغۇپ ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنىڭ بولسا بىر پىچاق بىلەنلا جېنىنى ئالدى، ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئىمكان بەرمىدى. ئۇلار بارلىق قاراۋۇللارنى ئۇجۇقتۇرغاندىن كېيىن بەلگە ئوقى ئېتىپ، چوڭ قوشۇنغا خەۋەر بەردى. خۇڭ

يادۇڭنىڭ بەشىنچى پولك پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنى ئالدى بىلەن كاچۇڭغا بېسىپ كىرىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن پارتىزانلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. كوچا ـ كويلارغا مەڭدەپ چىقىپ قالغان قېرى ـ چۆرىلەر ۋە ئۇششاق باللارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىغا، قىر ـ چاپ دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان شىددەتلىك چوقانلارغا قوشۇلۇپ، يېرىم كېچىدە قىيامەت ۋەھىمىسى پەيدا قىلغانىدى. قەيەردىدۇر گىراناتلار گۈمبۈرلەپ پارتلايتتى. كىملەردۇر ئاچچىق چىرقىرايتتى، يېقىنلا بىر ئازگالدىن زەئىپ ئىڭرىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئۆلۈكلەر يول، تام، دەرەخ تۈۋلىرىدە، ئېرىق بويلىرىدا پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ياتاتتى. كىچىك، ئورۇق بىر گەۋدە ئۆلۈكلەر ئارىسىدا «ئانا! ...» دەپ نالە قىلىپ يۈرەتتى. بۇ ئەسنادا بويىنى ئاپپاق داكىدا تېڭىلغان ئۆمەر بالىنى يەردىن يۆلۈۋالدى ـ دە، ئېتىغا زەرب بىلەن قامچا سالدى. ئۇ قايسىدۇر بىر كوچىغا كىرىپ، ئۇنى ئۇچرىغان بىر ئۆگزىگە يۆلەپ چىقىرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا دۈۋىلەنگەن ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىپ:

— دەرھال كىرىپ كەت، پەقەت چىقما! — دەپ ۋارقىراپ ئاتلىقلار ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. چۈنكى، بۇ چاغدا بەشىنچى پولك ئاتلىقلار قوشۇنى كاچۇڭ بازىرىغا كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇلار قىيقاس ـ چوقانلار بىلەن قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، قاچقان پارتىزانلارنى قوغلاپ چوڭقۇر جىلغا، قاراڭغۇ قاپتال، تاقىر تۆپىلىكلەردە قىلىچ جېڭى قىلىشقا كىرىشتى. قىلىچ تۇتقان قوللار، ئۇزەڭگىدىكى پۇتلار، ھەتتا تۇماقلىق باشلار ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى. كېسىلگەن باشلاردىكى جۇپ كۆزلەر گويا شادلىقىدىن ئازابى تولا، ئامىتىدىن ئاپىتى كۆپ بۇ دۇنياغا تويمىغاندەك ئوچۇق قالغانىدى. بويۇن، تۇمشۇق، ساغرا، يوتىلىرىغا قىلىچ تېگىپ قانسىراپ كەتكەن ئاتلار «بۇ ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ؟...» دېيىشكەندەك، بېشىنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر

تاشلاپ جان تالىشىۋاتاتتى. كەنت ئىچىدە يوشۇرۇنغان پارتىزانلارنى ئاختۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر ئاھالىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىيىنىماقتا ئىدى. كاچۇڭنىڭ تىك قاسقانلىق تۇماق كىيگەن قىز ـ چوكانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە چىرقىراپ قېچىشاتتى، بەزىلىرى ئارقىدىن ئوق يەپ، كوچىلاردا قانغا چىلىشىپ يېتىپ قالغانىدى.

تۆتىنچى، بەشىنچى پولكنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پارتىزانلارنى قوغلا ـ قوغلا، بىرقانچىلىغان چېقىل، ھاڭ ۋە غوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئارىتاشقا ئاز قالدى. بۇ چاغدا ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىش كانىيى چېلىندى. ئەگەر يەنە ئىلگىرىلەۋەرسە، زىيان ئۆتكەندەكىدىنمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، پارتىزانلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئارقىغا چېكىندى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن ما يىنفۇ بىلەن خۇڭ يادۇڭنىڭ پولكلىرى كاچۇڭدا قالدى. پارتىزانلار ئارىتاش تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ گوياكى تاڭدىكى تۇماندەك غايىب بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئېغىر زىيان تارتقان پارتىزانلار ئارىتاش تاغلىرىنىڭ كۆز يەتكۈسىز كەتكەن چېقىل، ھاڭ قاپتال، چوققىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالدى. پارتىزانلارنىڭ باشلىقى بوز يىگىت بوي ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئۇزۇن، ئەگمە شاپ بۇرۇتلىرىنى قۇلىقىغا يۆگىۋالىدىغان قىرىق سەككىز ـ ئەللىك ياشلاردىكى كۆچتۆڭگۈر، قاۋۇل، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە پەم ـ پاراسەت، ئەقىل ـ ئىدراكتىمۇ يېتۈك ئىدى. 1943 ـ يىلى ئىسھاقبېك ئىككى يۈزچە قوراللىق پارتىزانىنى ئېلىپ قىرغىزىستان ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەل سۆيەر يىگىتلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، گومىنداڭ ئىستىبدات

ھاكىمىيىتى بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بوز يىگىت يەكەن دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدىكى تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارتاش، سول تەرىپىدىكى چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، كەندىلىك قاتارلىق تاغلىق يۇرتلاردىلا ھەرىكەت قىلىپ قالماي، قاغىلىق، ئوپال، ئويتاغلاردىمۇ قاتتىق جەڭلەرنى قىلىپ، گومىنداڭ ئىستىبداتىنىڭ يىلتىزىغا ئوت ياققانىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى ئۆزىگە ساۋاق قىلىپ، قېرىنداشلىرى ئۇچۇن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇڭا، پارتىزانلار پات ـ پاتلا تاغدىن چۈشۈپ، كاچۇڭغا ھۇجۇم قىلاتتى ۋە دۈشمەننىڭ ئاجىز يەرلىرىنى ئىنقىلاپ چىقىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى بىر كېچىدىلا تىرىپىرەن قىلىۋېتەتتى؛ نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ئاتلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، يەنە ئارتاش تاغلىرىغا چىقىپ كېتەتتى. شۇڭا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇچىنچى قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇم پىلانىنى تۈزدى.

بۇ قېتىمقى جەڭ ئارتاش بىلەن چىمدۇدا بولدى. خوڭ يادۇڭنىڭ بەشىنچى پولكى يەكەن دەرياسىنىڭ سول ساھىلىدا، ما يىنفۇنىڭ تۆتىنچى پولكى ئوڭ ساھىلىدا سۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئوڭ ساھىلدىكى ئارتاش دەريادىن خېلىلا يىراق بولۇپ، سول ساھىلغا جايلاشقان چىمدۇ قاغىلىق تەۋەسىگە قاراشلىق ئىدى. بۇ قېتىم ما يىنفۇ پارتىزانلارنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى سىناپ كۆرۈش ئۇچۇن، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇڭگان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بەشىنچى روتىنىڭ كوماندىرى لۇ كۇنجۇڭغا ئارتاشقا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرماقچى بولدى.

— ئەسلىدە بۇ ۋەزىپىنى، — دېدى ما يىنفۇ دىقماققىنا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، — ئۇيغۇر، موڭغۇل، تۇڭگان، خەنزۇ روتا كوماندىرلىرى نىياز، غونچىكجاپ، ما خۇڭپۇ، گې دېفۇلار

تالاشقـانـدى، لېـكـىن ئۇلارنـىڭ بىرى ئـالدىراڭـغـۇ، يەنە بـىـرى پەمسىز؛ نىياز، غوئچىكجاپلار بولسا قىپقىزىللا قان بىرنېمىلـەر! سېـنى چوڭقـۇر پـىكـىـرلـىك، جـىـگەرلـىـك، كـەسكـىـن، ئـۇرۇش تەجرىبىرىلىرىگە باي دەپ بىلگەچكە، ئارىتـاشقا ھۇجـۇم قىلـمىش ۋەزىپىسىنى ساڭا تاپشۇرۇشنى لايىق تاپتىم. پارتىزانلارنىڭ زادى قانچە جىڭ، نەچچە سەر كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، دەبدەبە بىلەن ھۇجۇم ۋەھـىـمـىسى كۆتـۈرۈڭلار، مانا بـۇنى «جىلـە قىلـىـپ ئۇۋىسـىـدىن چـىقىرىش» دەپ ئـاتايـمـىـز. شۇنـدىـلا ئـۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئوت كۈچى توچكىلىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

— خوپ!

لۇ كۇنجۇڭ ئىككى پۇتىنى جۇپلەپ، ئالىقىنىنى چېكىسىگە ئېلىـپ سالام بەرگەنـدىن كېيـىـن چـىقـىـپ كەتـمـەكچى بولـدى. لېكىن، پولكوۋنىك ما يىنفـۇ ئۇنى «توخـتا!» دېگەنـدەك قولـىـنى كۆتـۈردى. ئۇ گـىلـىـزىلـىـك سىگـارتـىـنى تـۇتـاشتـۇرۇپ بـولـۇپ، خېلىغىچە گەپ قىلـمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بىر چېكىتكە تىكىلىپ جىمىپ كېـتىشى نـازۇك بىر مەقسەتنى قـانداق ئىپـادىلەشـنى ئويلاۋاتقانلىقىـدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئاڭلىسام، مۇسۇلمانلار مۇسـۇلمانلارغـا ئاسانلـىقچە ئـوق چىقارمايمىش، شۇڭا روتاڭلاردىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلىـرىڭنىـڭ سىياقىغا كىرىۋال! ... — ما يىنفۇ لۇ كۇنجۇڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى، — چۈنكى بۇ ئۇرۇش! ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئـۇقتۇم، كـۆڭـۈل بۆلگـىـنـىـڭـىـزگە رەھـمـەت! — لـۇ كـۇنجۇڭنـىـڭ قاپىـقى مـىـژژىـدە تۈرۈلدى، — مـېـنىـڭ روتـامـدا ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ...

— ياخشى، شـۇنداقتـىـمـۇ خەنـزۇ ئـەسكەرلـەرمـۇ سەپتـىـن قالماسلىقى كېرەك.

— بىلىمەن. ئۇلارنى سەپنىڭ ئارقىسىغا توغرىلايمەن. بۇمـۇ ئەلۋەتتە بىر خىل تاكتىكا!

— نېمە بىلجىرلايسەن؟ — ما يىنغۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، — بۇنداق يالىڭاچ سۆزلەر ھەربىي ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقماسلىقى كېرەك.

— خوپ، ما تۇەنيۇ جانابلىرى.

ئارىتاشقا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان لۇ كۇنجۇڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى تاغ باغرىدىكى چوڭقۇر جىلغىغا ئەكەلدى. ئارىتاش قاغىلىقتا، يەكەنگە ۋە تاشقورغانغا تۇتىشىدىغان مۇھىم ئىستىراتېگىيەلىك ئورۇن بولغاچقا، پارتىزانلار ئەتراپى تىك چېقىل، چوڭقۇر ھاڭ ۋە قورام تاشلار بىلەن قورشالغان تاغ ئۈستىگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ زاستاۋى قاتمۇقات تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ياداڭلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا تاغ - تاشلارنى غولىتىپ كەلگەن قىيان سۇ قاپسىلىپ قېلىپ چوڭ كۆل ھاسىل قىلىپ، سۇ تارتىلغاندىن كېيىن لاي - لاتقىلار تىنىپ تۈپتۈز مەيدانغا ئايلانغان جاي ئىدى.

تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرى بىنەپشە رەڭدە تاۋلىنىپ، ئاي تۇغۇش ئالدىدا تۇراتتى. تاغ ئاسمىنىنى قاپلىغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى بىر تۇتاش نۇر پەردىسىگە ئايلانغانىدى. لۇ كۇنجۇڭ ئىزۋوت كوماندىرلىرىغا ئالدىراپ ئوق چىقارماسلىق، تاماكا چەكمەسلىك، ئۆزئارا گەپلەشمەسلىك قاتارلىق ئۇرۇش ئىنتىزاملىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئىزۋوتلارنىڭ ئاتلىنىش تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇردى. شىلەنىڭ بىرىنچى ئۇيغۇر ئىزۋوتى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدىغان، ئاندىن ئۇيغۇر، تۇڭگان، خەنزۇ ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان باشقا ئىزۋوتلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بولدى. بىرىنچى ئىزۋوتنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئۆمەر تۇرۇشلۇق بىرىنچى ئوفىتسېرنىڭ ئوفىتسېركومى ئابدۇرۇسۇل ئەڭ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىشقا بەلگىلەندى. لۇ كۇنجۇڭ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭ

ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاي تولغدى. ھەرە چىشىدەك بولۇپ چوقچىيىپ تۇرغان سانسىز چوققىلار، يۇلتۇزلارغا تولغان نىل رەڭلىك ئاسمان، چوڭقۇر جىلغا، تاقىر يانباغىرلار كۆكۈچ نۇر ئىلكىدە مانانلاشتى. تاغ قاپتاللىرى، ئۆڭكۈرلەر، بەكمۇ چوڭ غارلار، چوقچايغان قورام تاشلار، ناگان ـ ناگاندا ئۇچرايدىغان بۆرە قوغۇنى، پاقىپاق چاتقاللار ۋە سىرلىق ئاي نۇرىدا خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. لۇ كونجۇڭنىڭ بىر روتا ئەسكىرى ئارىتاش تېغىنىڭ قۇلۇلىنىڭ قېپىدەك چۆرگۈلىمەچ داۋىنىنى ئايلىنىپ يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزى كانىۋاي، كانايچى، خەۋەرچى قاتارلىق سەككىز دەك ئادىمى بىلەن تاغ جىلغىسىدا قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ «مەن ئارقىدا ھەممىڭلارنى كۆزىتىپ ماڭىمەن» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغان ئەسكەرلەر يېرىم ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىغا، ياق، دەل ئەجەلنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى... بەش ئىزۋوت ئادەم ئاز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەسكەرلەر دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە تاغ غولىدىكى چىغىر يولدا بىردىن تىزىلىپ، بىرى بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ تېز ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئىزۋوت كوماندىرى شىلەن ئەڭ باشتا بولغاچقا، ئۇ يوگۇرسە، كەينىدىكىلەرمۇ يوگۇرۈيتتى، ئۇ توختىسا، توختايتتى. شىلەننىڭ ئارقىسىدا يوگۇرۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل كەينىدىن ئىز بېسىپ يوگۇرۇۋاتقان ئۆمەرگە پات ـ پاتلا قاراپ قوياتتى. ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئاي نۇرىدا قىزغۇچ يالتىراۋاتقان كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. نەچچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىردىن تىزىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇن يانباغىردىكى چىغىر يولدا بىردىنلا خۇددى قوناق ئېگىزلىقىدىكى مونەدەكتەك بولۇشۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ھەممىنىڭ چىرايى پەرىشان، چەكچەيگەن

كۆزلىرىدىن، ھەتتا تىنىقلىرىدىن ئەجەل ۋەھىمىسى چىقىپ تۇراتتى. باش ئۇستىدىن ناگان ـ ناگاندا «چىۋ... چىۋ...» قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن تۈن قۇشلىرى ئۇلارنى چۆچۈتىۋېتەتتى، قايسىدۇر ھالڭ ـ چېقىللاردىن كەلگەن بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى يۈرەكلىرىنى مۇزلىتاتتى.

— پاھ، نېمىدىگەن جىمجىتلىق! — ئابدۇروسۇل تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس!

— راست، — ئۆمەرمۇ بوش پىچىرلىدى، — ئەجەب قورقۇنچلۇق ـ ھە؟ بۇنداق جىمجىتلىق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىۋېتىدىكەنا.

— بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، مەن نېمە قىلسام، سەنمۇ شۇنى قىل!...

— ئۇقتۇم.

ئۆمەر پات ـ پات سەپنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتقان يۇسۇپنى ئىزدەپ قارايتتى ـ يۇ، لېكىن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇلار بىر روتىدا بولغىنى بىلەن، يۇسۇپ تۆتىنچى ئىزۋوتتا، ئۆمەر بىرىنچى ئىزۋوتتا تەۋە ئىدى. ئۇ يەنە يۇسۇپنى ئىزدەپ ئەمدىلا بويىنىنى سوزۇپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئابدۇروسۇل ئۇنى جەينەكلەپ، ماڭ دەپ بەلگە بەردى. قوشۇندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاغ باغرىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ ماڭماقتا ئىدى. چىغىر يولنىڭ ئۇستى تەرىپى چوقچايغان قورام تاش، چېقىل، قىيا، غارلار بولۇپ، تۆۋەن تەرىپىدىكى سىلىق ۋە تاقىر يانتۇلۇق جىلغىنىڭ قاپقاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن غايىب بولغانىدى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا، تېيىلىپ كەتسە، ئادەم ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە جىلغىغا يۇمىلىنىپ چۈشۈپ كېتەتتى.

لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى يا ئالدىغا، ياكى كەينىگە، ھەتتا ئوڭ ـ سولىغا چېكىنەلمەيدىغان ئەڭ خەتەرلىك يول ئېغىزىغا يېتىپ

كېلىشى بىلەن تەڭ تۆت تەرەپتىن تاراسلاپ ئېتىلغان ئوق بورىنى ئىچىدە قالدى. ئەسكەرلەر خۇددى كاچۇڭنىڭ تاغ ئۆرۈكلىرىدەك پەسكە قاراپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. پارتىزانلارنىڭ ئوت كۈچى ئىشقا چۈشۈشى بىلەنلا، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنى بىرلا جەينەكلەپ قويۇپ پەسكە قاراپ يۇمىلاندى، ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلار قەيىرىنىڭ ئېچىشقان، نەرىنىڭ ئاغرىغىنىنى تۇيمىغان ھالدا قاراڭغۇ جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك يۇمىلاپ چۈشۈپ كەلگەن جەسەتلەر جىلغىدا ئۈست ـ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، تاغ شامىلىدا ئاستا ـ ئاستا ئۇيۇشقا باشلىدى... مانا بۇ يىگىتنىڭ كاچۇڭ ئۆرۈشىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئالغان ئىنتىقامى ئىدى.

## ئالتىنچى باب

# ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر

تىمتاسچىلىق. يىراقتىكى قاتمۇقات تاغلار خىرە تۇمان پەردىسى ئىچىدە غۇۋالاشقان بولۇپ، غول، قاپتال، ئىدىرلار ئاقۇچ مانانغا چۆككەنىدى. لېكىن، سانسىزلىغان چوققىلار ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن كۈننىڭ شولىسىدا قىزغۇچ پارقىراپ تۇراتتى. چوڭقۇر پەسلىكتىكى تاشلىق ساي، تىكەنلىك يانباغىر ۋە چاتقاللىقلارنى ئۆز باغرىغا ئالغان سۇس كۆكۈچ تۇمانمۇ ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىپ يوقالماقتا ئىدى. ئەمما، تاغ شامىلى «ياسقاق» دەپ ئاتىلىدىغان جىلغىدىن كېلىۋاتقان قاڭسىق قان ھىدىنى دەممۇدەم دىماقلارغا ئۇراتتى. دەرۋەقە، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن ياسقاق جىلغىسى جەسەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن يامراپ چىققان قان خېلى بىر يەرلەرگىچە ئېقىپ كەلگەنىدى. پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ، بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ ياتقان ئەسكەرلەر نەچچە يۈز قەدەم ئارىلىقتا سوزۇلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قاياقلارغىدۇر قادىلىپ قاراپ قالغانىدى. پارتىزانلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى شۇ ھالىچە تاشلاپ كېتىشكەنىدى.

تاڭ ئالدى قاراڭغۇلۇقىدىن تاكى كۈن چىققۇچە ئۆلۈكلەر ئاستىدا ياتقان ئۆمەر ئۇستىدىكى جەسەتلەرنى ناھايىتى تەسلىكتە ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئودلىنىيە كوماندىرى

ئابدۇرۇسۇلمۇ ئۆمەرلەپ قوپتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدىكى، چاپىنىدىكى ئۇيۇپ قالغان قانلارنى كۆرۈپ، بىر تاشقا يۆلىنىپ ئاستا ئىڭرىدى:

— ئۆمەر، ساڭا... ساڭا... ئوق تەگكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئوق تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم، بىراق... جەينىكىم بىلەن يۈزۈمنىڭ تېرىسى خېلى بەك سويۇلۇپ كېتىپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر... — ئابدۇرۇسۇل قان قېتىپ قالغان ئېڭىكىنى سىلىدى، — ماڭىمۇ ئوق تەگمەپتۇ. بىراق، تىزىم، يوتام، بېشىم بىر نېمىگە قاتتىق تەگكەنمۇ نېمە، سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئابدۇرۇسۇلكا، چاپسانراق كېتەيلى، پارتىزانلار يەنە كېلىپ قالمىسۇن.

— ئەخمەق، — ئابدۇرۇسۇل كۈلگەندى، يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى، — ئۇلار ئاللىقاچان غايىب بولغان بولماي!

— نېمىشقا؟

— ئۇلار ئاز ئادەمنى ئۆلتۈردىمۇ؟ شۇڭا، چوڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلىماي غايىب بولۇشى كېرەك - دە!

— ئابدۇرۇسۇلكا، — ئۆمەر چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — قارا، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا بىرسى مىدىرلاۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئۆمەر جەسەتلەرنى تارتىشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەكتىدىن مۇرىسى يارىلانغان ئىمزۇوت كوماندىرى شىلەنني تارتىپ چىقىرىشتى. ئۇنىڭدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىرايى كەسلەنچۈكتەك بەترەڭ بولۇپ كەتكەندى. ئابدۇرۇسۇل چاپىنىنىڭ يېڭىنى قولتۇقىدىنلا سۆكۈۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شىلەننىڭ مۇرىسىنى چىڭ باغلاپ تېڭىپ قويدى. بۇ چاغدا ئۆمەر جەسەتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، تۆتىنچى ئىمزۇوت ئەسكەرلىرى ياتقان يانتۇ تاشلىققا باردى. پۇت - قوللىرى، باش - گەۋدىلىرى گىرەلىشىپ، بەزىلىرى ئوڭدا،

بەزىلىرى دۈم، پۈكۈلۈپ ـ قاتلىشىپ قالغان جەسەتلەردىن قاڭشىق قان ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىرخىل فورمىدا بولغاچقا، ئۆمەر دۈم ياتقانلارنىڭ يۈزىنى قايرىپ قارايتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ جەسەتنى كۆرۈپ چىققان بولسىمۇ، يۈسۈپنى تاپالمىدى. بۇ ئەسنادا ئۇ يېقىنلا يەردىن چىققان بەكمۇ زەئىپ ئىڭرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۆمەر تىكەنلىك چاتقاللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ قالغان ئۈچ جەسەتنىڭ قېشىغا باردى. ئىڭراۋاتقىنى ئەڭ ئاستىدا دۈم ياتقىنى ئىدى. ئۆمەر ئىككى جەسەتنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئىڭراۋاتقان ياردارنىڭ قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلىنىپ قالغان بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئوق ئىزى يوق بولۇپ، ئۈستىگە ئارتىلىپ قالغان جەسەتلەردىن ئاققان قان ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قانغا مىلەپ قويغانىدى، مىلىچلاپ كەتكەن يۈزىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

— مېنى... مېنى، — ياردارنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكى تەلەپپۇزىدىن بىلىندى، — ئېلىپ كەت! ... ئۆتۈنۈپ قالاي...

ئۆمەر گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. باياتىن بېرى شۇنچە ئۆلۈكنى كۆردى، سىنچىلاپ قارىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر، تۇڭگان، شىبە مىللىتىدىن بولغان ئەسكەرلەر ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغا قەدەر بىرەرمۇ خەنزۇنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئەمما، لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلاردىن بولغان ئەسكەرلەر ئاساس، قالغان مىللەتلەردىن بولغان ئەسكەرلەر قوشۇمچە قىلىنغان روتا بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئۆمەرنى راستتىنلا ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى.

— سەن كىم؟ — ئۆمەرمۇ خەنزۇ تىلىدا سورىدى.

— مەن... مەن... — ياردار ئېغىر ھاسىرىدى، — لو دەن... سەن... سەن... ئۆمەرغۇ؟

— نېمە، سەن لو دەنمۇ؟

ئۆمەر ياربدارنىڭ قولتۇقىدىن سۆرەپ، ئۇنى تىكەنلىكتىن ئاچىقتى. زېھنى ئۆتكۈر ئوقۇرمەننىڭ يادىدا بولسا كېرەك، بۇ ياربدار ئەسكەر دارىلئېتامنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سېپىل ئۈستىگە چويۇن پارچىلىرىنى توشۇغاندا، ئۆمەرگە زەمبىرەككە ئوسكولكا قاچىلاپ، دورا چىڭداشنى ئۆگەتكەن يىگىرمە ياشلاردىكى تۆز كۆڭۈل، ياۋاش بالا لو دەننىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ قېتىم لۇ كونجىۇڭ قوم ئارىلاشتۇرۇشنىڭ قۇربانى قىلىپ، بىر نەچچە خەنزۇ ئەسكەر قاتارىدا ئۇنىمۇ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغۇزغانىدى. ئۆمەر كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يىرتىپ ئېلىپ، لو دەننىڭ ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن يوتىسىنى چىڭ بوغۇپ تېڭىپ قويدى، ئاندىن قولىغا ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەن بىر تال ياغاچنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئاۋۇ يەردە بىزنىڭ هايات قالغان ئادەملىرىمىز بار، شۇ يەرگە بارغاچ تۇر! — دېدى ئۆمەر ئابدۇرۇسۇل بىلەن شىلەننى كۆرسىتىپ، — مەن ئاغىنەم يۇسۇپنى ئىزدەۋالاي.

ئۆمەر ئانچە كۆپ ئىزدىمەيلا يۇسۇپنى تېپىۋالدى. ئۇ بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا پۇتلىرىنى سۇنغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ، ئۇخلاپ قالغاندەكلا ئولتۇراتتى. ئەمما، سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ جەينىكىنى چىڭ قاماللىۋالغان بولۇپ، بارماق ئارىلىقلىرىدىن چىققان قان قېتىشىپ قالغانىدى. ئېخى بىر قۇلىقىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىنى ئوق ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، يۈزىنىڭ سول تەرىپى قىپقىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى، ئوڭ قۇلىقىدىن سېرىق سۇدەك بىرنېمە هېلىهەم سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى.

— يۇسۇپ! — ئۆمەر ئاغىنىسىنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ بوشراق تۈرتتى، — يۇسۇپ، ساڭا بىرنېمە بولمىغاندۇ - هە؟

— سەن... سەن... كىم؟ — يۇسۇپ قورققىنىدىن مەڭدەپ كۆزىنى ئاچتى، — ئۆ... مەرمۇ سەن...

— جەينىكىڭگە نېمە بولدى؟

— ئوق تەگدى. سۆڭەكنى چىقىۋەتتىمكىن، تىلىپ، چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئاغىنىسىنىڭ قولىنى تېڭىپ تۇراتتى، ئابدۇرۇسۇل شىلەننى يۆلەپ ئەكەلدى. ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئۆمەر ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ھايات قالغانلاردىن يەنە بەش ئەسكەرنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ئۈچى ئۇيغۇر، ئىككىسى موڭغۇل ۋە تۇڭگان ئىدى. ئەمما، يەنە بىرنەچچە ئەسكەر سەكراتتا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا جان تالىشىپ تىترەۋاتاتتى. ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ۋە ئېلىپ كېتىشنىڭ زادىلا ئامالى يوق ئىدى. شىلەن ئۆلۈكلەر ئاستىدا قالغان بىر دانە گېرمانكا مىلتىقنى ئالدى ـ دە، ئۇلارنى ئۆلۈم ئازابىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئەق يۈرىكىنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ ئېتىۋەتتى.

ئۆمەر لودەننى، ئابدۇرۇسۇل شىلەننى، يۈسۈپ بىر موڭغۇل ئەسكەرنى يۆلىگەن ھالدا ئىككى يۈزدەك جەسەت ياتقان جىلغىدىن ئايرىلدى. خۇددى مۈشۈنداق بولارنى ئالدىن بىلگەندەك، لۇ كۈنجۈڭ كانۋاي، كانايچى، خەۋەرچى قاتارلىق سەككىزدەك ئادىمىنى ئېلىپ ئاخشاملا تىكىۋەتكەنىدى.

ئارىتاش جېڭىدە گومىنداڭنىڭ بىر روتا ئەسكىرىنى يوقاتقان پارتىزانلار دۈشمەننىڭ كېيىنكى ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ باش ئىشتابىدىن باشقىچە بىرەر بۇيرۇق كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ، زەرەپشاننىڭ ئىككى قانات ساھىلىدىكى تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۈڭ، ئارىتاغ، چىمدۇ، قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۈچبەلتە، قىزىلقىر ۋە كەندىلىك دېگەن يۇرتلارنى تاشلاپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. ما يىنفۇ، خۇڭ يادۇڭلارنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى پولكلىرى ئارىتاشتىكى قانلىق مەغلۇبىيەتتىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى ۋە يەكەن كونىشەھەر گۇلباغدىكى گازارمىسىغا يېنىپ كەلدى. بەلكىم ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، گۇلباغنىڭ

ئوتتۇرىسىدا چوڭ يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سول تەرىپىدە تۆتىنچى، بەشىنچى پولكلارنىڭ گازارمىسى ئورۇنلاشقانىدى. ئۆمەر تېخى يازدىلا ئاسىمگۈل بىلەن مۇشۇ يولدا پىچىرلىشىپ مېڭىپ، «مىللەت بېغى»غا ئوينىغىلى بارغان ئەمەسمىدى؟!

بۇگۈنكى دەم ئېلىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلگەن ئۆمەر تاقەتسىزلەنگەن ھالدا دارىلئېتامغا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئارىتاشتىكى جەڭدىن قايتىپ كەلگەن بىر ئايدىن بېرى گارنىزوندىن بىر قەدەممۇ نېرى بولالمىدى. ئاسىمگۈل كۈندە دېگۈدەك كەلگەن بولسىمۇ، دەرۋازىدىكى پوستلار ئۇنى ھەرگىز كىرگۈزمىدى، ھەتتا ئۆمەرنى چاقىرتىپ بەرگىلىمۇ ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئارىتاش ئۇرۇشىدا قىرىلىپ كەتكەن سەپداشلىرى ئۈچۈن قوماندانلىق ئىشتابىغا ئەرز قىلغان بۇ ئەسكەرلەر بىراقلا نەزەربەندكە ئېلىنغانىدى. پولكوۋنىك خۇڭ يادۇڭ: «ئۇرۇش دېگەندە ئېغىر تالاپەتتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئۆلۈم - يېتىم، يېڭىش - يېڭىلىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ...» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ لۇ كۈنجۈڭنى جازالاپ بېرىش ھەققىدىكى تەلىپى ۋە تۇتقان ئەرزلىرىنى يوللۇق دېدى، بىراق: «ئۇرۇش تاسادىپىيلىقنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق تەجرىبىلىك قوماندانىنىڭمۇ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ...» دەپ بۇ ئېيتقانلىرىنى دەلىللەپ ھەرخىل جەڭ ھېكايەتلىرىنى سۆزلەپ، قىسىمدىكىلەرنىڭ ئاچچىقىنى ئاستا - ئاستا ياندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەرز تۇتقۇچى ئەسكەرلەر پەسكويغا چۈشۈپ، جىمىپ قېلىشتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان گارنىزون باشلىقلىرى بۇگۈن چۈشتە ئەسكەرلەرگە زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنى يېرىم كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەنىدى.

قىشلىق كىيىملەر ئىچىدە چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەن ئۆمەر دارىلئېتامنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ سىنىپ تەرەپكە

ئەمدىلا قايرىلىۋىدى، مەكتەپ ئاشخانىسىدىن كېلىۋاتقان ئاسىمگۈلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن تىپچەكلەپ كەتتى. قىزنىڭ قولىدا تاماق يەيدىغان ھېجىرى بىلەن ياغاچ قوشۇقى بار ئىدى. قىزنى قەۋەتلا سېغىنىپ كەتكەن ئۆمەر ئۇنى نېمىدەپ چاقىرىشنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ يوغان بىر تۈپ سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ ئاستا تولىدى:

— ھوي، سەت قىز بالا، ماڭا تېگەرسىزمۇ؟

تونۇش ھەم ئۆزى ئۈچۈن چەكسىز سۆيۈملۈك بولغان بۇ ئاۋازدىن سىمابتەك ئېرىپ كەتكەن ئاسىمگۈل بىسەرەمجان كۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە تىكىپ، ئۇنى ئىزدىدى... ئۇ ئاخىر سۆگەتنىڭ ئارقىسىدىكى شەپىنى سېزىپ قالدى. ئاڭغىچە ئۆمەرمۇ تاغ شامىللىرىدا قارايغان يۈزى بىلەن ئات ئۈستىدە تاۋلانغان قامىتىنى ئايان قىلدى. ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كەلگەن قىز ھېجىر، قوشۇقلىرىنى بىراقلا تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. ئۆمەر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— ھۇ خوتۇنسىز قالغۇر ئەسكى... قىز بالىغا تەلمۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەرسەن ئىلاھىم، — ئاسىمگۈل كىچىك مۇشتلىرى بىلەن ئۆمەرنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەتتى، — ئەمدى ساڭا تەگمەيمەنغۇ تازا! راستىلا تەگمەيمەن...

— راستىمۇ؟ نېمىشقا ئەمدى؟

— مېنى سەت قىز بالا دېگەندىكىن...

— خاتا ئاڭلاپ قاپسەن، چىرايلىقىم، مەن سېنى ئەددەسىز ئۆز دېگەن تۇرسام...

— يالغان! مۇشۇ ئىككى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم...

— ئەمىسە ئەڭگىزىڭ ئېشىپ قالغان چېغى...

— سەن مېنى سوغۇقى ئېشىپ كېتىدىغانغا قېرى ئايال كۆردۈڭمۇ؟ ھەي ماياق پۇرايدىغان قويچى تاز! ...

ئاسىمگۈل يەنە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇنى ئۇرغىلى تۇرۇۋىدى، ئۆمەر ئەتراپىغا قاراپ ئىزا تارتىپ قالدى بولغاي،

ئاستا پىچىرلىدى:

— باشقىلار بىزگە قارىشىۋاتىدۇ...

— قاراشسا، قارىشىۋەرسۇن... مەن دېگەن سېنى كۆرمىگىلى قانچە زامان بولۇپ كەتتى - ھە؟

— ئەمىسە ئىككىمىز: «بىز كۆرۈشمىگىلى ئۈچ ئايدىن ئاشتى...» دەپ تەڭلا ۋارقىرايلى، بولامدۇ؟

— قىلىن !...

— ئاسىمگۈل، مېنىڭ يېرىم كۆنلۈكلا ۋاقتىم بار، — دېدى ئۆمەر قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — سەن دەرھال بېرىپ لېتىپ نۇجۇر مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ كەل، ئەڭ ياخشىسى راست گەپ قىلساڭ، رۇخسەت بېرىدۇ.

— شەھەرگە كىرەمدۇق؟

— ھېلىقى سامىسخانىغا.

— ياق، مەتقۇربان بودەكنىڭ سامىسىسىنى يەۋەرمەيلى، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ لەڭمەن يەيلى.

— سەن دېگەندەك بولسۇن !

ئاسىمگۈل خۇشاللىقىدا ئۇچقاندەك كېتىپ، بىردەمدىلا يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇشىدىن لېتىپ نۇجۇرنىڭ چاقچاق قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۆمەر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاستا سوراپ باقتى:

— كۆزلىرىڭ كۈلۈپ، يۈزۈڭنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، لېتىپ نۇجۇر مۇئەللىم بىرنېمە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟

— بولدى سورىمىغىنا، — ئاسىمگۈل يۈزىنى ئۆرۈدى، — ئەپەندى دېگەنمۇ قېلىن بولىدىكەن.

— لېتىپ نۇجۇر مۇئەللىم ھەممە ئىشقا ئىلمىي قارايدۇ، گېپى ئوچۇق.

— ئوچۇقلۇقى قۇرۇپ كەتسۇن ! خۇددى مەن سېنىڭ بىر يېرىڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدىغاندەك، «مانتا شوپۇلاپ يۈرمەڭلار

يەنە» دەۋاتىدۇ...

— ھا - ھا - ھا... — ئۆمەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ مۇئەللىم ھېلىقى چاغدا تەشۋىقات دوسكىسىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، كېيىن دارىلئېيتامنىڭ ئارقا تېمىدا سۆيۈشكەنلىرىمىزنى كۆرۈپ قالغان چېغى...

— ھۇ يۈزى قېلىن جۇۋايىنىمەك، شۇ چاغقىچە ئۇنتۇپ قالمىدىڭمۇ ئۇ ئىشلارنى؟...

— ئۆزۈڭ: «بىر - بىرىمىزنى سېغىنغاندا ئىككى بارمىقىمىزنى لەۋلىرىمىزگە باسساق، ھېلىقى نازۇك، شېرىن ھالەت تەكرارلىنىدۇ...» دېمىگەنمىدىڭ؟...

— ئۇ چاغدا، — ئاسىمگۈل يىغلىدى، — تۇمشۇقساراي، ئارىتاشلارغا بارىدىغان بولدۇق دېۋىدىڭ، مەن قەۋەتلا ئەنسىرىگەن. چۈنكى، ئۇ يەرلەردە پارتىزانلار تۇرسا... ئەسلىدە مەن ساڭا تاتلىققىنا ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن دېگەن ئۈمىدتە...

— رەھمەت ساڭا... سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازىمەن... ياخشى كۆڭلۈك ماڭا تېگىل بولدى. قان ھىدى بۇقسىغان، قول - پۇت، باشلار ئۈزۈلۈپ چۇشكەن، ئەزرائىل بېشىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە ئىككى بارمىقىمنى لەۋلىرىمگە قانچىلاپ باسقىنىمنى بىلمەيمەن... سېنىڭ ئاشۇ گەپلىرىڭ ئۇچۇنلا ئاللا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى...

ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل يەكەن كونىشەھەردىكى بوس قاپلاپ كەتكەن بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتى. ئۇلار لەگمەننى بارماقلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يەۋېتىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاسىمگۈل كاچۇڭ، تۇمشۇقساراي، قوشراپ، چىمدۇ، ئارىتاشلىق ئۇقۇغۇچىلاردىن تاغ - تۇرلاردا بولۇۋاتقان غەلىياننى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆمەر بىلەن يۇسۇپلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدى. بىر - بىرىدىن ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر مەكتەپتە ھەركۈنى دېگۈدەك تارقىلاتتى. ئۇ خەۋەرلەرنى تاغلىق باللار تارقىتاتتى. شۇڭا،

ئاسىمگۈل ئۆمەردىن ئەنسىرەپ قالغانىدى، كىچە ـ كىچىلەپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى؛ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالسا قارا بېسىپ، ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى. شامۇ سەھەرلەردە ئۇ ئۆمەرگە ئاللادىن ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ يېتىپ، تولا يىغلاپ ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى.

— بىلەمسەن، ئۆمەر، ئەگەر ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا، مەن... مەن... — قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — يەكەن دەرياسىغا ئۆزۈمنى راستلا تاشلىغان بولاتتىم...

— سەندەك بىر ئاق كۆڭۈل يېتىم قىزنىڭ ئاھ ـ زارى ئۈچۈن بولسىمۇ، خۇدايىم مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، — ئۆمەر قىزنىڭ لەڭمەن يۇقى قولىنى سىلاپ قويدى، — ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، يامان خىياللاردا بولما. خۇدايىم ھىممەت ئالىقىنىنى ھەركىمنىڭ نىيىتىگە بېقىپ ئاچىدۇ!

— ھە راست، كاچۇڭ ئۇرۇشىدا بىزنىڭ سىنىپتىكى بىر قىزنىڭ توققۇز ياشلاردىكى ئوغۇل ئۇكىسىنى خۇددى ساڭا ئوخشاش بويىنىنى تېڭىۋالغان ياش بىر ئەسكەر ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىرىۋېتىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ. سىنىڭ بوينۇڭدىكى ئاق داكىنى كۆرۈپ، بۇ ئىش ئېسىمگە كەچتى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۆمەرنىڭ ئاشۇ ئەسكەر مەن ئىدىم دېيىشكە تىلى بارمىدى، — ئۇرۇش مەيدانىدا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

— ئۆمەر، ئاڭلىسام، سىلەر يەنە ئۇرۇشقا بارىدىكەنسىلەرغۇ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— مۇئەللىملەردىن.

— ئۇلار نېمە دېدى؟

— ھازىر پارتىزانلار قاغىلىقنى بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەپتۇغۇ؟

— بۇ ھازىرقى ئىش ئەمەس، تۇمشۇقساراي، چامسال،

كاچۇڭ، ئارىتاشلاردا بىر قوغلاپ، ئۇلار قىچىپ، ئۇلار قوغلاپ بىر چىكىنىپ، قوغلاشما جەڭ قىلىپ يۈرگەن چاغلاردىلا پارتىزانلارنىڭ بىر قانچە قاغىلىقنى بىسىۋالغانىدى.

— شۇلاردىن قاغىلىقنى تارتىۋالغىلى بارىدىكەنسىلەرغۇ؟

كاچۇڭ، ئارىتاش ئۇرۇشلىرى راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا پارتىزانلار بىر كىچىدىلا قاغىلىقتا بىسىپ كىرىپ، ساقچىخانا، قوراللىق ساقچى قىسىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترەتلىرىنى تارمار قىلغاندىن كىيىن هاكىم، يۈزبېشى، مىڭبېشى، قازى - قۇززات، يەرلىك پەگلەرنى بىكىتىپ، هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. قاغىلىقنىڭ شىخىپۇ دىگەن تاغلىق يىزىسىدىن ھەسەنبەگ دىگەن ئادەمنى ئەكىلىپ هاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

— بىز ئۇلاردىن قاغىلىقنى تارتىۋالغۇچە ئۆزلىرى چىقىپ كەتكەن تۇرساق؟ — دىدى ئۆمەر ئاش سۈيى ئىچىۋىتىپ، — پارتىزانلار قاغىلىقتا پەقەت ئۈچ ئايلا هاكىمىيەت يۈرگۈزەلىدى.

— نىمىشقا؟

— ئارقا تەرىپىدىن خوتەن پولكىنىڭ قورشاۋ قىلىشى، ئالدىدىن يەكەن مۇنتىزىم پولكىنىڭ تەھدىتى ھەم يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئىگىلىۋىلىشى بىلەن ئۇلار ھەر خىل دوقاللارغا دۇچ كىلىپ، ئاخىر قاغىلىقنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمىسە، بۇنىڭدىن كىيىن ھىچ يەرگە بارمامسىلەر؟

— قىزىق ئىكەنسەن، «ئەسكەرنى ئون يىل بىقىپ، بىر كۈن ئۇرۇشقا سال» دىگەن گەپ بار. بۇلار بىزنى بىكار باقامدۇ؟

— شۇڭا، سىلەرنى ھەر كۈنى مەشىققە سالىدىكەن - دە!

ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، كەچكى گۈگۈم تورلىرىنى يىيىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى دىيىشكەچ، چىلتەنلىرىم مازارىدىن ئۆتۈپ، بارغانسىرى ئىگىزلەۋاتقان دۆڭ يولغا چىقتى. ئاسىمگۈل پات - پاتلا قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ قوياتتى.

— تۇۋا، قىش كۈنلىرى نېمىدىگەن قىسقا ـ ھە؟ — دېدى ئاسىمگۈل، — بىر دەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكەن.

— بولمىسا مانا مارتمۇ كىرىپ قالدى، سوغۇق بوشىماي تۇرىدۇ.

— ئۆمەر، مەن ئۆتكەن ھەپتە ياقۇمدىكى سائادەتخان ئاچامنى يوقلاپ كەلدىم، — ئاسىمگۈل چوڭقۇر تىنىپ قويىدى، — ئاچامنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىر ئىكەن، توختىماي يۆتىلىدۇ، بەزىدە ھال رەڭ بەلغەم تۈكۈرىدۇ.

— ھېلىقى شەھۋەتخور غوجىلىم ئەللىكبېشى داۋالاتسا بولىدۇغۇ؟

— تېۋىپلارغا ئاپىرىپتىكەن، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپسىلەر، دەپتۇ.

— ياقۇمغا بېرىپ قونمىغانسەن؟

— بىر كېچە قوندۇم، لېكىن غوجىلىم ئاكام خېلى سىلىق ـ سىپايە بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇ باشقا بىرنېمە دېمىدىمۇ؟

— دېمەي قالامدۇ؟ — ئاسىمگۈل بېشىنى چايقىدى، — ئۇ: «قىز بالىغا ئوقۇپ نېمە كەپتۇ. ئوقۇماڭ، ئاچىڭىزغا ھەمقان بولۇڭ، مەن نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ بېرەي...» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى كۆپ قىلدى. قارىسام، خېلىلا پېتىدىن چۈشۈپتۇ.

— ئۇن بىر ياش چېغىڭدا نىيىتىنى بۇزغان ئادەم، ھازىرقى بەرنالىقىڭغا كۆز قىزارتماي قالارمۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟

— ھەرھالدا يالغۇز بارما، مەن سېنىڭدىن گەنسىرەيدىكەنمەن.

— ئاچامنىڭ كېسىلى ئېغىر تۇرسا، بارماي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىسا، سېنىڭ مەشىقىڭ تۈگىمىسە.

— بۇگۈنكىدەك دەم ئالىدىغان كۈنلىرىمۇ بارغۇ؟

— ۋاي ـ ۋۇي، نەچچە ئايدا بىر قېتىمغۇ ئاران، نېمانداق

تولا مەشىق ئۇ.

ئۆمەر پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرمۇنچە ئەھدە قىلىپ، ئاسمگۇل بىلەن خوشلاشتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ھەربىي مەشىقنىڭ راستلا كۆپ ۋە ئېغىرلىقىنى ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئارىتاش ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، بىر كاناي چېلىنىش بىلەنلا، توت يۈز پاي ئوق، ئىككى جۈپ گىرانات، سوخار خالتىسى ۋە مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈشكە چىقىپ، كونىشەھەردىن يۈگۈرگىنىچە يېڭىشەھەرنى ئايلىنىپ ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە چېلىق ـ چېلىق قارا تەرگە چىلىشىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇلارغا ئىككىنچى كاناي چېلىنغۇچە يېنىپ كېلىپ بولۇش شەرت ئىدى. تېخى چۈشتىن كېيىن جاھانباغ ئايرودۇرۇمىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئات مەشىقىگە قاتناشمىسا يەنە بولمايتتى. ھازىر لۇ كۇنجۇڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى نىيازنىڭ ئىككىنچى ئۇيغۇرلار ئىزۋوتىغا قېتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئابدۇرۇسۇل يەنىلا ئودلىنىيە كوماندىرى ئىدى. گازارما ئىچىدە پولك، روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيەلەرنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەربىي باشلىقلارنىڭ قايتىدىن تەيىنلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلار بولۇۋاتاتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر شۇ بولدىكى، گومىنداڭنىڭ قەشقەر ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملىرى تاشقورغان پارتىزانلىرى بىلەن ئوپال، ئويتاغ ۋە گەز دەرياسى بويلىرىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، بىر پولك ئەسكەردىن ئازغىنە ئادەم ھايات قايتىپ كەلگەنىدى. پارتىزانلارمۇ دەھشەتلىك چىقىم تارتقان، ھېچقانچە ئادىمى قالمىغان، قېلىپ قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى تاشقورغانغا كېتىپ، قالغانلىرى قىرغىزىستانغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئېغىر تالاپەت تارتقان ھەربىي باشلىقلار ئارىسىدا بۇ ئىش توپەيلىدىن ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر تارقالغان. «ئۈچ مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسى كېتىدۇ...» دەپ ئۆزىنى

ئۆزى بەزلىگەنلەرمۇ بولغان. ئىشقىلىپ، «ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان كۆپىيىدۇ» دېگەندەك، پارتىزانلارنىڭ ھەرىكىتى جىمىقان ھامان لاپ ئۇرۇپ ماختىنىدىغانلار، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلارمۇ چىقىشقا باشلىغانىدى.

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاپپاق چېچەكلەرگە پۈرگەنگەن ماي ئېيىمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئۆمەر ئابدۇرۇسۇلدىن يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. ئاسىمگۈل ئىككىسى ياقۇمغا يۈرۈپ كەتتى. كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان سائادەتخان ئۇلارنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ، كۆز يېشى قىلدى. ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاسىمگۈل يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆگرە ئەتتى. غوجالىم ئەللىككېيشى ئۆمەردىن يوشۇرۇنچە قىزنىڭ ئالمىدەك كۆتۈرۈلگەن چىڭ كۆكسىلىرىگە، تېرىسىدە تولغان بىلەكلىرىگە، چىرايلىق ساغرىسى ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىشىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈمە چېچىغا، سۈت قۇيۇپ ياققان سەھرا توقىچىدەك ئاپپاق چېھرىگە، ھەتتا سىياھتەك قاپقارا قاش، كىرپىك، كۆزلىرىگىچە يەۋەتكۈدەك بولۇپ قاراپ، تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆمەرنىڭ سۈرلۈك قوشۇمىسىغا، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئەيمەنگىنىدىن يالغان يۆتىلىپ قوياتتى.

ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل گۈگۈم چۈشمەستىن بۇرۇن قايتقان بولسىمۇ، شەھەرگە كىرگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۆمەر قىزنى دارىلئېيتامغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئاندىن گارنىزونغا قايتتى. ھازىر ئەسكەرلەر ئارىسىدا «پولكوۋنىك ما يىنفۇ قەشقەر كورپۇس ئىشتابىغا يۆتكىلىپ كەتكۈدەك...» دېگەندەك گەپلەر تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، «ما يىنفۇ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋۇخەنگە بارىدىكەن» دېگەن يەنە بىر گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىرقانچە سورۇندا شۇنداق دېگەنىدى. ئەگەر ما يىنفۇ كەتكۈدەك بولسا، تۆتىنچى پولكقا كىم باشلىق بولار؟ دېگەن

سوئال ئەسكەرلەرنىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر خۇڭ يادۇڭدەك ئادەم بولسىغۇ ئەسكەرلەرنىڭ تەلىيى. مۇبادا لۇ كۇنجۇڭدەك قارا نىيەتنىڭ قولىغا قالسا، ھەممىسىنى نەس باسقىنى شۇ - دە !...

ئۆمەر خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپپاق ئايدىڭ ئىدى. ئېھتىمال يازغۇچى، شائىرلارنىڭ «ئاق كېچىلەر» دەپ تەرىپلىگىنى يەكەننىڭ ماي ئېيىدىكى مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىلەر بولسا كېرەك. پاھ ! كوچىلار، ئۆستەڭ بويلىرى، سېپىل ياقىلىرىدا ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرى، رەستىلەر، باغلار، نوردىن بوغۇق كوركىراپ چۇشۇۋاتقان سۇلار، ئۆگزىلەرگە ياماشقان كاۋا پېلەكلىرى، باراڭدىكى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن ئۈزۈم باشاقلىرى... ھەممە نېمە سۈت تۆكۈۋەتكەندەك ئاپپاقچىلىق !...

ئۆمەر كونىشەھەر سېپىلىنى ياقىلاپ ئاپپاق پاختىدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى قاتار ئۆرۈك دەرىخى ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى يىراقتىكى ئىككى كۆلەڭگىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىرەر يۈز قەدەم ئارىلىقتا نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئاۋازلىرىنىڭ تەمكىن، قەدەملىرىنىڭ سالماق، تەق - تۇرقىنىڭ سالاپەتلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي ئاۋام ئەمەسلىكىنى تۇيغان ئۆمەر ئۆزىنى دەرھاللا يوغان بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئاڭغىچە ھېلىقى ئىككى ئادەم گاھىدا جىمىپ قېلىپ، گاھىدا سۆزلىشىپ يېقىنلاپ كەلدى - دە، ئۆمەر دالدىلانغان ئۆرۈك دەرىخىدىن يەتتە - سەككىز قەدەم نېرىراقتا كېلىپ توختىدى. پاكارراق، لېكىن تەمبەل، ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە يۇڭ جىلىتكە كىيىپ پۇقراچە ياسىنىۋالغىنى پولكوۋنىك ما يىنفۇ بولۇپ، ئۇنىڭ تاسمىلىق ئاسما ئىشتىنى يوغان قورسىقىنى چاندۇرماي يوشۇرۇپ تۇراتتى. يېشىل موۋۇتتىن تىكىلگەن ھەربىيچە ئەمەلدارلار چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان ئېگىز، قامەتلىك، مۇرىلىرى كەڭ يەنە بىرى

خوْڭ يادوْڭ ئىدى. ئوْنىڭ موْرىسى ۋە ياقىلىرىدىكى پاگونلىرى بىلەن شەپكىسىدىكى كاكارى ئاي يورۇقىدا ئالتۇندەك پارقىراپ توْراتتى.

— خوْڭ بوْرادەر، مەن كېتىش ئالدىدا يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى داۋاتىمەن، — دېدى ما يىنفوْ چوڭقۇر تىنغان هالدا، — چوْنكى سەن بىلەن كۆپتىن بۇيان بىللە بولدۇق، ئۇرۇشلاردا هايات - ماماتلىقنىڭ تەمىنى تەڭ تېتىدۇق. قېنى ئوْنداق ئەمەس دېيەلەمسەن؟ ياق، ياق! سەن ماڭا ئۆزۈمنىڭ بەش بارمىقىمدەك ئاشكارا.

— بېيجىڭدىكى «4 - ماي» هەرىكىتى، جايلاردىكى ياپونغا قارشى نامايىشلار باستۇرۇلغان، لوْگوْچياۋ ۋەقەسىدە شەرمەندىلەرچە يول قويۇلغان ئاشوْ چاغلاردا، — خوْڭ يادوْڭ چېچىلىپ قالدى، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىئارام بولغان، بىراق بىز دە نېمە ئامال؟

— شەرقىي شىمالدىكى ئوْچ ئۆلكە قولدىن كەتكەندە، — ما يىنفوْنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن قىسىلدى، — قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇقكى، قوشراپ، قاغىلىقنى ئىگىلىۋالغان پارتىزانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتۇق! ياپون دېگەن ئوْ بىر تاجاۋۇزچى - دە!

— بەلكىم جياڭ ۋېيوْەنجاڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلارنى، نامايىش كۆتۈرگەنلەرنى كوممۇنىستلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى دەپ قارىسا كېرەك...

— ياق، ياق، مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، بۇ ئوْنداقمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس... — ما يىنفوْ باش چايقىدى، — سەن بىلەن بىز ئوْچ يۈز ئاتىمىش كۈن قارغاپ كەلگەن ئاشۇ كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ هەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قازانغان غەلىبىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ماۋزېدوْڭنىڭ قارا مىلتىق بىلەن تېرىققا تايانغان ئاشوْ نامرات قوشۇنىنى تەڭرى ئەمەس، بەلكى خەلق قوللاۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ نامرات خەلق!

كوممۇنىستلار خەلقنىڭ مەيلىنى ئۇتتۇۋالدى.

— ھېلىمۇ ياخشى ياپونىيە تەسلىم بولدى، بولمىسا دۆلىتىمىز بۇ چاغقىچە نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش.

ما يىنفۇ بىلەن خۇڭ يادۇڭ پارىڭىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۆمەر ئۇچۇن خۇددى چاڭقىغاندا سۇنغان بىر يۇتۇم سۇدەك بىلىنىۋاتاتتى. بۇ چاغدا خۇڭ يادۇڭ: «بولدى، بۇنداق چوڭ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ گەپنى يۆتكەپ قايناپلا كەتتى... دەرۋەقە، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات ئىشىدا غەزىپىنى باسالماي كېلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەرگە قىشتا قىشلىق كىيىم، ئۆتۈك، يازدا يازلىق كىيىم ۋە خەي تارقىتىلاتتى، بىر يىلدا يەنە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىچ كىيىم تارقىتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر پەسىلدە لۆڭگە، سوپۇن، كۆرۈشكا قاتارلىقلار، ھەر ئايدا پارچە خىراجەت ئۈچۈن تۇرمۇش پۇلى بېرىلەتتى. ھازىر تەمىناتنىڭ ئۇنداق تۈرلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، بەزىلىرى يوقىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ، روھى كۈندىن - كۈنگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرى بولمىغاچقا، كۆپلىرىنى پىت بېسىپ، بەدەنلىرى قوتۇرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار گازارمىنىڭ ئاپتاپ چۈشكەن پىنھان جايلىرىدا ۋە ياتاقلاردا كۆڭلەك - تامباللىرىنى تەتۈر ئۆرۈشۈپ، پىت باقاتتى. قان ئۇيۇپ كەتكەن تىرناقلىرىغا تۆكۈرۈپ ئۇنى تامغا ۋە يەرلەرگە سۈرۈشەتتى. تۇرمۇشتا قىينىلىش ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، ئەسكەرلەر ئىچىدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىش ۋە ئېلىپ - سېتىش كوچىلىرىغا كىرىپ كېتىش ئىشلىرى ئەۋج ئالدى. بۇنداق قىلىشنى خالىمىغانلار ئەسكەرلىكتىن قاچتى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن

قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى جادۇغا بېسىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. بۇ ھەقتە خۇڭ يادۇڭ قەشقەر كورپۇس ئىشتابىغا قايتا ـ قايتا مەلۇمات يوللىدى، تېلېفوندا سۆزلەشتى، تېلېگرامما بەردى. لېكىن، ھېچقايسى ھەربىكىتتىدە كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى.

— ئۇلار ئەسكەرلەرگە ئايدا بىرلىدىغان بىر تەڭگە، ئۈچ ـ تۆت ئايدا بىر قېتىم تارقىتىلىدىغان بىر گۇەنجىڭ تىزىسى، — خۇڭ يادۇڭ ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ھەم ئۇلارنىڭ باشقا تەمىناتلىرىغا خىيانەت قىلىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمدىغاندۇ؟

— شۇڭا، ئەسكەرلەر قىمارغا بېرىلىپ كەتتى، — دېدى ما يىنفۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇتتۇرۇۋۇەتكەنلەر سەپداشلىرىنىڭ مىلتىقلىرىنى، ئۇخلاپ قالغاندا سېلىپ قويغان كىيىملىرىنى ئوغرىلاپ سېتىۋاتىدۇ. تېخى ئاخشىمى پاترونغا چىققانلار تەرتىپ ساقلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پاھىشىخانا، قىمارخانىلارغا كىرىپ كوللېكتىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىۋاتىدۇ.

ماي ئېيىنىڭ جانغا راھەت سالقىن شامىلى تەنلىرىگە ھۇزۇر ئاتا قىلغان بۇ ئايدىكى كېچىدە پاراڭلىشىپ قورساق كۆپۈكلىرىنى چىقىرىپ كېلىۋاتقان ئىككى پولكوۋنىك سىپىل ياقىلاپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، تاماكىلىرىنى قاتتىق شوراپ ئۇنىڭ يورۇقىدا قول سائەتلىرىگە قاراشتى ـ دە، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ دېگەندەك، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى، ئاندىن ئارقىغا ياندى.

— بۇرادەر، — دېدى ما يىنفۇ پەس ئاۋازدا، — مەن كەتكەندىن كېيىن ئەسكەرلەرنى چوقۇم رەتكە سالىدۇ، ھەربىي ئاتامانلارمۇ قايتىدىن بېكىتىلىدۇ. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، لۇ كۇنجۇڭنى پولكىڭغا يولاتقۇچى بولما.

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس ـ دە !

يۇقىرىدىن بەلگىلەپ چۈشۈرۈپ بەرسە، بىرنېمە دېمەك تەس.

— سەنمۇ باشقىلاردەك ھەرىكەت قىلىپ يۇقىرى - تۆۋەن چاپىماسەن؟! — ما يىنفۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى، — ئۇ ئاجايىپ قارا نىيەت بىرنېمە، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھەربىي رايونغا، ئىشتاب باشلىقى، كورپۇس كوماندىرلىرىغا داۋاملىق چېقىم يوللاپ تۇرىدۇ.

— ئۇ سېنىڭ پولكىڭدا روتا كوماندىرى بولغانغۇ؟ ئۆزۈڭ نېمىشقا ئۇنىڭ كەشنى توغرىلىيالمىدىڭ؟

— يۇقىرىدىكى باشلىقلار ئۇنى قوللايدۇ، — ما يىنفۇ ئاستا شىۋىرلىدى، — بۇ قېتىم ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئارتىلاش ئۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدىم، ئۇ ئەسكەرلەرنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى ئۇرۇشقا قاتناشماپتۇ ئەمەسمۇ !

— ئۇ سېنىڭ: «مۇسۇلمانلار ئاسانلىقچە بىر - بىرىگە ئوق چىقارمايدىكەن، سەنمۇ شۇلارنىڭ قېتىغا كىرىۋال» دېگەن سۆزۈڭدىنلا نىيىتىڭنى بىلىۋالغان. شۇڭا، «مۇسۇلمانلار بىر - بىرىگە ئوق چىقىرامدۇ - يوق، كۆرۈپ باق» دەپ سېنىڭ زىتىڭغا تېگىپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا تىزىپ ئوققا يەم قىلىپ بەردى.

— مەن ئۇنى يەنىلا سەل چاغلاپتىمەن، — دېدى ما يىنفۇ خاپىغان قىياپەتتە، — باشتىلا ئۇنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىش كېرەك ئىكەندۇق، ئۆزۈمدىن ئۆتتۈپ كەتكەن.

— بولدى، ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — خۇڭ يادۇڭ تاماكا تۇتاشتۇردى، — سەن يىراقتا سەپەر قىلىۋاتىسەن. قېيىنسىڭلىڭنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارىسەن، پۇل - پۇچەك جەھەتتىن تەييارلىقىڭ قانداق؟

— خاتىرجەم بول، ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «تىنىچ چاغدا ئاسارئەتىقە، مالىمانچىلىقتا ئالتۇن يىغ» دەپتىكەن. شۇڭا، يىغىپ قويغان ئاز - تولا ئېرىغ مېلىم بار.

ئەتىسى گازارمىنىڭ مەشىق مەيدانىغا تۆتىنچى، بەشىنچى

پولكنىڭ ئەسكەرلىرى يىغىلىپ رەتلىك تىزىلىپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈپ، پولكوۋنىك ما يىنفۇنى ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن ئۈچ كۈنگىچە ئەسكەرلەرنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ يېڭىشەھەردىكى قوماندانلىق ئىشتابى كۆلۈبىغا كىنوغا ئاپىرىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. يىلىغا بىرەر - ئىككى قېتىم بولىدىغان مۇنداق ئىش ئەسكەرلەرنى خۇشال قىلاتتى. لېكىن، ئۆمەرنىڭ كىنو بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئاۋازسىز كىنولار قويۇلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ستالىنگراد»، «بېرلىننىڭ تەسلىم بولۇشى»، «گۈزەل ۋاسلىسا» قاتارلىق كىنولىرىنىڭ ئېكراندا پەقەت سۈرىتىلا كۆرسىتىلەتتى. بۇنداق ئاۋازسىز كىنولارنى كۆرگەندە ئۆمەرنى ئۇيقۇ باساتتى. بىراق، ھەربىي ئىنتىزام بويىچە بارمىسا بولمايتتى، بۈگۈنمۇ ئۇ كىنوغا ئىلاجسىز كەلدى.

يەكەن قوماندانلىق ئىشتابى كۈلۈبى بىرەر مىڭ ئادەم سىغقۇدەك چوڭ كۈلۈب بولۇپ، ئۇ ناھايىتى زور لىم ياغاچلارنى تۆمۈر ئىسكاپ ۋە چەمبەرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چىتىپ، ئۈستىنى چېدىرسىمان قىلىپ ياسالغانىدى. ئەسكەرلەر كۈلۈپ ئىچىدە ئىنزۋوت، ئودلىنىيەلەر بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇشاتتى. ئېكراندا «گۈزەل ۋاسلىسا» دېگەن چۆچەكسىمان كىنو ئاۋازسىز قويۇلۇۋاتاتتى. ئۆمەرنى بىردىنلا مۈگدەك باستى، ئۇ قاپىقىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئوق، گىرانات، قىلىچ، مىلتىق، سوخار خالتىلىرىنى ئېسىپ، كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنى پو - پوغا يۈگۈرۈپ ئىككى قېتىم ئايلانغان، چۈشتىن كېيىن ئات مەشىقىگە قاتناشقانىدى. ئېغىر ھاردۇق يەتكەنلىكتىن، يېنى يەر تارتىپ ياتقۇسى كېلىپلا تۇراتتى. ئۇ كۈلۈب ئىچىدە ئۇخلاپ قېلىپ خورەك تارتىپ سالسا، كوماندىرلاردىن تىل ئىشىتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئاستىلا تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۆمەر ئېرىق قىرىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىپ، قىلىچىنى ئاستىغا باستۇرۇپ، مىلتىقىنى قۇچاقلاپ

ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئاز ئۇخلىدىمۇ، كۆپ ئۇخلىدىمۇ، بىلەلمەي قالدى، ئەمما قاتتىق چىلىنغان پۇشتەكتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كۆلۈپ ئالدىدىكى مەيداندا ئەسكەرلەر تاپۇر ــ تۇپۇر يۈگۈرۈشۈپ سەپكە تىزىلىۋاتاتتى. كىنو تۇگەپ قايتىش ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنى بىلگەن ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپلا، بېشى پىررىدە قېيىپ، دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ قالدى. چۈنكى، ملتىقى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا، ئوغرى ئاستىغا بېسىپ ئولتۇرغان قىلمچنى ئالالماي، ملتىقنى ئېلىپ كەتكەندى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، چىرايى ئاقىرىپ، دەرەخنىڭ قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان غولىغىلا ئوخشاپ قالدى. چۈنكى، قورالىنى يىتتۇرگەن ئەسكەرنى قىسمدا ئېتىپ تاشلايتتى. پۇت ــ قولىدا جان قالمىغان ئۆمەر ئىلاجسىز بېرىپ سەپكە تىزىلدى. ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭ بىسەرەمجان كۆزلىرىگە، بىنورمال ھەرىكەتلىرىگە بىرلا قاراپ، ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى بولغاي، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ــ ملتىقىڭ قېنى؟

ــ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، ــ ئۆمەر گېپىنى يىغلامسىراپ ئارانلا دېدى، ــ ئۇخلاپ قاپتىمەن...

ــ بولدى، گەپ قىلما. گازارمىغا بارغاندىن كېيىن سېپىلنىڭ قوۋۇقىغا چىققىن!

تۆت قاتاردىن تىزىلغان ئەسكەرلەر پو ــ پوغا يۈگۈرۈپ، كونىشەھەر گارنىزونىغا كىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئورۇنلىرىنى سىلىپ يېتىشقاندىن كېيىن ئۆمەر ئاستا چىقىپ سېپىل قوۋۇقى ئەتراپىدا ئودلىنكومنى ساقلىدى. ئابدۇرۇسۇلمۇ ھايال ئۆتمەيلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا سىنچىلاپ نەزەر سالغاندىن كېيىن، قوپال ئورالغان تاماكىسىنى چىشلەپ سەرەڭگە چاقتى. سەرەڭگە يورۇقىدا ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن قارىمۇتۇق چىرايى ۋىللىدە يورۇدى.

— ئۆمەر، بۆرۆن ئوغرىلىق قىلىپ باققانمۇ؟
— قىلمىغان، يا، ياق... قىپتىكەنمەن.
— نېمە ئوغرىلىغان؟
— شىڭلوجى جاڭگاللىقىدا قوي باققاندا، كاۋا، كەپتەر، توخۇ ئوغرىلىغان. تېخى، — ئۆمەر غەلىتىلا ھىجايدى، — بەزى بايلارنىڭ قازناقلىرىنىڭ تۆڭلۈكىدىن ئۇچلۇق يۇلغۇن تايىقىنى كىرگۈزۈپ سانجىپ، زاغرا، كاكچا، شاپتۇللارنى ئالاتتۇق.
— ئۇنى ئوغرىلىق دېمەيمىز، باللىقتىكى شوخلۇق دەيمىز، — ئابدۇرۇسۇل تاماكىنى قاتتىق شورىدى، — ھەقىقىي ئوغرىلىقنىڭ ۋەھىمىسىنى ۋە ھاياجان لەززىتىنى بۆگۈن تېتىيسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟
— نېمە ئوغرىلايمىز؟
— مىلتىق! مىلتىقتىن بىرنى ئوغرىلىمىساق، ئاشۇ كىچىككىنە جېنىمىزنى قانداق ساقلاپ قالىمىز؟
— ئۇنداقتا، مىلتىقى ئوغرىلانغان ئەسكەر مېنىڭ ئورنۇمدا جازالىنامدۇ؟
— ياق! مىلتىق جازىسىدا تىزىلغان قوراللارنى ئوغرىلىساق، ھېچكىمگە گۇناھ كەلمەيدۇ.
— ئەمىسە، قورال ئامبىرىغا كىرىمىزمۇ؟
— ياق، ھازىر بىلىپ قالىسەن.
ئۇلار ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سېپىل ياقىلاپ بىر دەم يۈرگەندىن كېيىن، يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىپ، دەرۋازىدىكى پوستلارغا قاراپمۇ قويماي، گارنىزون قورۇسىغا ئىشەنچلىك قەدەم ئالدى. چۈنكى، ئۇلارغا ئوخشاش فورما كىيگەن ئەسكەرلەر قورۇغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنى گارنىزون قورۇسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان خەۋەرلىشىش ئىزۋوتىنىڭ ياتاق بىناسى ئالدىغا ئەكەلدى. كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان بۇ بىنا خۇددى كۇلۇبتەك ئۇزۇن كەتكەن بولۇپ، دېرىزىلىرى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئىدى.

ئابدۇرۇسۇل قاپارتما گۇل چىقىرىلغان خىشلارغا دەسسەپ، كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن بويۇنداپ قارىدى، ياتاقتىن چىقىۋاتقان ئاچچىق تەر ھىدى ئۇنىڭ بۇرنىغا گۇپلا قىلىپ ئۇرۇلدى. قاتارىسىغا قويۇلغان كارىۋاتلاردا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ھەر خىل قىياپەتلەردە ياتقان ئەسكەرلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن، يوتىسىدىن يۆلەپ ئۇنى دېرىزىگە چىقىرىپ قويدى. دېرىزە سىرت تەرەپتىن ئېگىز بولغىنىنى بىلەن، ئىچى پۇت سۇنسا يەتكۇدەكلا پەس ئىدى. ئۆمەر تاختايلىق چوڭ ياتاقتا يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بۇلۇڭدىكى مىلتىقلار تىزىلغان جازىغا قاراپ ماڭدى. ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭغا: «قورقساڭلا چوقۇم چاتاق چىقىرىپ قويىسەن، شۇڭا ئۆزۇڭگە ئىشىنىپ، دادىل بولساڭ، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دېگەنىدى. بىراق، ئۇ قانچە دادىل بولاي دېسىمۇ ئامال بولمايۋاتاتتى، يەنىلا قول - پۇتلىرى تىترەپ، يۇرىكى سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرلەردىن بىرەرى ئۆرۈلۈپ ياكى يۆتىلىپ قالسا، ئۇ دەرھال ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئورنىدىن ئاستا تۇراتتى. دېرىزىدىن بېشى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭغا: «تېز بول، ئال !» دېگەندەك ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. ئۆمەر مىلتىقتىن بىرنى جازىدىن چىقاردى - دە، يەنە ئاستا مېڭىپ كېلىپ ئۇنى دېرىزىدىن ئابدۇرۇسۇلغا سۇنۇپ بەردى. لېكىن، ئابدۇرۇسۇل قوزۇقتىكى قىلىچنى ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى. ئۆمەر ئىككىنچى قېتىم كەينىگە يېنىپ كېلىپ، قىلىچقا قول ئۇزارتاي دەپ تۇراتتى، بىر ئەسكەر قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، توكلۇك مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى - دە، تورۇسقا قاراپ پۇۋۇلىگىلى تۇردى. بۇ چاغدا دېرىزىدە ئابدۇرۇسۇلنىڭ بېشى يەنە پەيدا بولدى. ئۇ: «ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇر، ئال !» دەپ قول ئىشارىسى قىلدى. ئۆمەر قىلىچنى ئېلىپ قايتىپ دېرىزە تەكچىسىگە چىقتى، ئاندىن ئابدۇرۇسۇلنىڭ

مۇرىسىگە دەسسەپ پەسكە چۈشتى. ئۇلار مىلتىق، قىلىچلارنى ئېسىپ، دەرۋازىدىن خۇددى پاترونغا چىققان ئەسكەرلەردەك ئىشەنچلىك چىقىپ كەتتى.

— سىنىڭ ئۇرۇشتىكى چەبدەسلىكىڭگە قاراپ، خېلى يۈرەكلىك نېمىكەن دېسەم، بەكلا قورقۇنچاق ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئابدۇرۇسۇل يولدا كېتىۋېتىپ، — جاننى ئالغانغا ئېلىپ كىرگەنىكەنمىز، بىرەر - ئىككى تال مىلتىق ياكى قىلىچنى ئوشۇقراق ئالساق، بېشىمىزنى يارماس ئىدى.

— قىلىچنى ساتساڭمۇ خېلى پۇلغا ئالىدۇغۇ؟ نېمانچە تويماسلىق قىلىسەن؟

— بىر قىلىچنىڭ پۇلى قىماردا قانچىلىك بىرنېمە ئىدى، بىر - ئىككى قېتىم دوغا تىكسەڭلا تۈگەيدۇ ئەمەسمۇ.

ئۆمەر ئەسكەر بولغان بىر يىلدىن بېرى نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى ئايدىڭ كېچىسى خۇڭ يادۇڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جەڭچىلەر ۋە كوماندىرلارنى ئانچە ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان بولغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئايلىق تۇرمۇش پۇلى ۋە ھەر خىل تەمىنات راسخوتلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار قىسىۋېلىپ خىيانەت قىلىۋاتاتتى. بۇ راسخوتلارنى ئايلاپ - ئايلاپ بەرمەيدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر كىيىم - كېچەككە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا موھتاج ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىلىرىگىمۇ ئانچە - مۇنچە بىرنەرسىلەرنى ئەۋەتمىسە تېخى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇلار بىرنى ئىككى قىلغىلى بولارمىكىن دەپ، ھەددەپ قىمارخانىلارغا يۈگۈرۈيتتى، ھېچ ئامال قىلالمىغانلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلاتتى.

يەكەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەردە ئەسكەرلەر ئەڭ ھوقۇقلۇق مۇشتۇمزورلاردىن ئىدى. ئۇلار شەھەر ئىچىدە تەرتىپ ساقلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پاھىشىخانا، قىمارخانا، قاۋاقخانىلارغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ پۇل، كىيىم - كېچەك

ۋە ھەر خىل مۆلـۈكلىرىـنى بۇلايتـتى، قارشىـلىق قىـلغانلارنى ئۇراتتى ياكى قامايـتتى، ھەتـتا كومانـدىرلار بىلـەن ئەسكەرلـەر قىـمارخانـىلارغا كىـرىـپ ئولتـۇرۇۋېلىپ ئـۆزئـارا قىـمـارمۇ ئوينـىشاتتـى. پۇللـىرىنى ئۇتـتۇرۇۋەتكەنـلەر مىـلـتىق، نـەيـزە، قىلىچلىرىنى دوغا تىكەتتى. ئۇتۇۋالغانلار مىلتىق بىلەن ئوقنى ئوۋچىلارغا، نەيزە، قىلىچلارنى پىچاقچىلارغا ساتاتتى. پىچاقچىلار ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى تالىشىپ تۇرۇپ ئالاتتى. چۈنكى، پـولات ياخشـى بولغـاچقا، پىـچاقچىـلار ئـۇلاردىن پىـچاق، ئۇستـىـرا، قەلەمتىراشلارنى سوقۇپ ساتاتتى. بولۇپمۇ، ئون بەش كۈندە بىـر كېلىدىغان كېچىسى پاترونغا چىقىش نۆۋىتى كەلگەن ئەسكەرلـەر ئۈچۈن يانچۇق تومىلاشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى ھېسابلىناتتى.

ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئۆمەر مىـلـتىق بىـلەن قىلـىچ ئوغرىـلاپ ھەپتە ئۆتكەندە، ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇرۇسـۇلغا كېچىلىـك پاترونغا ئادەم بەلگىلەش بۇيرۇقى چۈشتى. ئۇ ئارىتاش ئۇرۇشىدا ئـامان قالـغـان سەپداشـلىرىـدىـن ئـۆمەر، ئـاقـنىيـاز، نىـزام، ئابدۇقادىرلارنى ئۈچ سائەتلىك پاتـرونغا بەلـگىلـىدى، ئاقسۇلـۇق ئاقنىيازنى پاترون باشلىقى قىلىپ قويدى. پاترونغا چىـقىدىغان بۇ تۆت ئەسكەر خۇشلۇقـىدا كەچلىـك تامىقـىنى يەپ، مـىلتـىق، قىلىچلىرىنى ئېسـىـپ تەييار بـولۇپ تۇراتتـى، ئابدۇرۇسۇل تـۆت قـورالـلـىـق ئـەسـكـەرنى بـاشـلاپ كـەلـدى ـ دە، ئـۇلارنـىـڭ يانـچۇقلـىـرىدىكى ئـاق تەڭگە، گـۈەنجىڭ تـىزىـسـى، تـىللا، يـەنـە ئۇششاق ئالتۇن پارچىلىرىنى يىغىپ ئاقنىيازغا تۇتقۇزدى.

ــ بىزدىن يەمچۈك قىلىشقا يىغىلغىنـىمۇ شۇنچىلـىك، ــ دېدى ئابدۇرۇسۇل قوللـىرىنـى يېيـىپ، ــ ھېلـىمۇ ئاز ئەمـەس جۇمۇ ! بۇنىڭغا سىلەرمۇ يېنىڭلاردا بارىنى قوشۇڭلار.

ــ بۇنچىلىك نەرسە بىلەن، ــ ئاقنىياز ئېغىر تىنـدى، ــ كاتتا سودىگەرلەر بىلەن كەسپىي قىمارۋازلارنى قىمارغا تەكلىپ قىلساق، ئۇلار بىزنى پوش دېمەيلا سالسىچۇ؟

ــ مىـلتىـقنىـڭ ئـىستـوۋۇلـىنى پـېشانـىـسىگە تـىرەپ،

مېڭىسىنى چۇۋۇۋەت!

— بىز ئۈتكەندە ئۈچ تىللانى يانچۇقىمىزدىن چىقارماي جىرىڭلىتىپ يۈرۈپ، چوڭ قىمارۋازلارنىمۇ قىزىقتۇرۇپ ئوينىغان، — دېدى رېشىت ئىسسىملىك پاكار، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى كۆك كۆزلۈك ئەسكەر، — بۈگۈن يىغىلغان مۇشۇ ئالتۇن، تىللا، ئاق تەڭگىلەرنى بۆلۈشۈپ يانچۇقۇڭلارغا سېلىپ، سىلەرمۇ ئاشۇ قىزىقتۇرۇش ھىيلىسىنى قوللانامسىلەر؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — چىمچىق كۆز، قارا مەدەك، قىڭغىراق بۇرۇن ئابدۇقادىر رېشىتنىڭ ئۈپكىدەك ھال رەڭ تەلەتىگە تىكىلدى، — پۇللۇق سودىگەرلەر بىزنى تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال، قۇرۇق سۆلەت ئەسكەرلەر دەپ مەسخىرە قىلىشىدىكەن.

— نېمە، نېمە؟ نېمە دېگىنىكەن ئۇ؟ — ئابدۇرۇسۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— سورۇن تۈزگۈدەك ھەمىيىنىڭلار يوق دېگىنى بولامدۇ! — ئۆمەر كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئاناڭنى!... ماڭا شۇنداق دېگەن بولسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەتتىم ئۇ زەيپانىلەرنىڭ!

— ھەي ئاغىنىلەر، قۇشقاچ تۇتىمىز دېسەكمۇ بىر سىقىم تېرىق كېتىدۇغۇ؟ — رېشىتنىڭ كۆك كۆزلىرى قىسىلدى، — پەم ئىشلەتسەڭلار، بايلار بۈگۈن دۇنياسىنى تاۋۇكاغا تۆكمەي قالمايدۇ.

— قالغىنىغا مىلتىق، نەيزە، قىلىچ، ئوقلىرىمىز بار، شۇلارنى دوغا تىكمەمىز دېمەمسىلەر؟ — ئابدۇرۇسۇل سەل تېرىكتى، — قورال - ياراغ، ئوق - دورىغا قىزىقمايدىغان قىمارۋاز بولمايدۇ. گەپىڭ پوسكاللىسىنى دەڭلار، قايسى قىمارخانىغا بارىسىلەر؟

— قۇۋۇانخان جالاپىنىڭكىگە! — دېدى ۋىجىك، ئورۇق، ئېڭىكى بىلەن بۇرنى ئۇچلۇق كەلگەن، ئوتتۇز ئۈچ ياشلاردىكى

نىزام، — «ئاللا بەردى، نەق بەردى» چايخانىسىغا بارساقمۇ بولىدۇ.

— قويە ئۇنداق پىتخانىنى! — ئابدۇقادىر قول سىلكىدى، — ئولتۇرۇپ بولغۇچە ئادەمگە پىت يامىشىدۇ، قىمشىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ.

— مېنىڭچە، — ئابدۇرۇسول بىر دەم تۇرۇۋالدى، — شاھىمقۇل بەچچىنىڭ «ئامەت يار» قونالغۇخانا① سىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئىچىدىغان چېيى، چېكىدىغان نەشىلىرىگىچە تەييار، كاتتا سودىگەرلەر ئادەتتە شۇ يەردە بولىدۇ.

— تېخى ئىچكىرىكى ھۇجرىلىرىدا، — رىشىت سەتلا ھىجايدى، — يەنە باشقا نەرسىلىرىمۇ بار دەڭلار! ھى - ھى - ھى...

— ئەمىسە، پاترونىغا چىققانلاردىن ئاقنىياز، ئابدۇقادىر، نىزاملار قىمار ئوينايدۇ، — دېدى ئابدۇرۇسول جىددىي قىياپەتتە، — ئۆمەر قىمار ئويناشنى بىلمىگەچكە بىزگە پات - پات ئۇتتۇرغان - ئۇتقان ئەھۋاللاردىن، تاۋكاغا ئالتۇن - پالتۇن دېگەنلەر چۇشۇۋاتامدۇ، يوق، بۇلاردىن ئىشارەت ئارقىلىق بەلگە بېرىپ تۇرىدۇ.

ئاقنىياز ئۈچ ئەسكەرنى باشلاپ، شاھىمقۇل بەچچىنىڭ «ئامەت يار» قونالغۇسىغا قاراپ كېتىپ قالدى. ئابدۇرۇسول تولۇق قوراللانغان ئۈچ ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، «ئامەت يار» قونالغۇخانىسىنىڭ قىيپىقىزىل پانۇسلار ئېسىلىپ كەتكەن دىۋەززۇنلۇق ئىشىكى ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار چىراغلىرى قىزغۇچ يورۇپ تۇرغان ئۆيلەرگە، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىغا پات - پاتلا قاراپ قويغاچ، تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

يەرلىك ئۇسلۇبتا سېلىنغان چاقىقانغىنا بۇ بىنا كونىراپ

① قونالغۇخانا — كېچىلىك بەزمىخانا.

قالغاندى، كوچىغا ئۇسۇپ چىققان بالكوندىن ئادەم مېڭىپ ئۆتسە، بالكوننىڭ قاغجىراپ كەتكەن تاختايلىرى يىغلىغاندەك، ئىڭرىغاندەك، يېلىنغاندەك بىر ئاۋازدا غىچىرلايتتى. ئەسلىدە قوۋانخانىنىڭ «ئاللا بەردى، نەق بەردى»سىنىڭ چايخانا ئىكەنلىكى، شاھىمقۇلنىڭ «ئامەت يار»ىنىڭ قونالغۇ ئىكەنلىكى راست ئىدى، ئەمما ئۇلار دەرۋازىلىرىغا «چايخانا»، «قونالغۇخانا» دەپ يوغان يېزىپ قويغىنى بىلەن، ئىچىدە قىمارخانا، پاھىشىخانا، نەشىنى چىلىم بىلەن ياكى غاڭزىلاردا چېكىپ ھوزۇرلىنىدىغان كەيپخانا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئەگەر ھۆكۈمەت گۇمانلىنىپ، تەكشۈرگۈچىلەر كەلگۈدەك بولسا، چايخانىدا بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ چاي ئىچىۋاتقانلارنى، پەتنۇستا چەينەك ـ پىيالىلەرنى توشۇۋاتقان مۇلازىملارنىلا كۆرەتتى، تونۇردىن يېڭى چىققان ئىسسىق ناننىڭ ھىدىنى ھىدلايتتى. قونالغۇخانىدا بولسا ئۇزۇن ـ چىلاپچىلارنى، گىلەم سېلىنغان سۇپىلارنى، تاملارغا يۆلەپ قويۇلغان مامۇق ياستۇقلارنى كۆرەتتى ـ دە، رازى بولۇشۇپ چىقىپ كېتەتتى. چۈنكى، قوۋانخان بىلەن شاھىمقۇل دېگەنلەر سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئادەملەر ئىدى. بۇ دۇنيادا پۇل تېپىپ باي بولۇشنى كۆزلىگەنلەرنىڭ ھالال ئىش قىلىدىغىنى تولىمۇ ئاز بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ پىستە، خور ـ خور، كاپكاپ دەپ ئاتىلىدىغان كۆچۈكلىرى بولۇپ، ناھايىتى ھوشيار ئىدى. بىرەر ئىشنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغۇچە، ئۇلار قاۋاپ ئىگىلىرىگە بەلگە بېرەتتى... ئىگىلىرى بولسا قانۇنسىز ئىشلىرىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يىغىشتۇرۇۋېتىپ، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق بولۇشۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندە بولسا، ئارقىلىرىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى.

— ئابدۇرۇسۇل، ھېچ شەپە يوققۇ؟ — سورىدى رېشىت سەل جىددىيلەشكەن ھالدا، — بىزنىڭكىلەر ئۆتقان بولسا، ئالتۇن ـ

كومۇشلەرنى يەنە بىزدىن يوشۇرۇپ يۈرمىسۇن.

— پوق يېمە، ئاقنىياز ئۇنداق قىلمىدىغانلاردىن ئەمەس.

— ئاقنىيازغۇ بولىدۇ، لېكىنزە ئابدۇقادىر بىلەن نىزام ئىككىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئالا كۆڭۈل.

— نېمە؟ سىلەر ئۇچىڭلار ناھايىتى يېقىن ئىدىڭلارغۇ؟

— ئەمدى شۇ... — رېشىت دىمىقىپ قالدى، — بۇرۇن... بەزىدە...

— رېشىت، نېمانچە چىڭقىلىسەن؟ ئېتىلىپ كەتمە يەنە! — دېدى ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كاچۇڭلۇق ئەسكەر مۇسا، — پۇل - پۇچەك ئۇچراپ قالسا، بىر - بىرىڭلارنى تونۇمايدىغان بولۇپ كېتىدىكەنسىلەر - دە!

— ئابدۇقادىر، رېشىت، نىزاملار لۇ كونجۇڭنىڭ قولىدا تۇرغان چاغدا بىر - بىرى بىلەن ئاجايىپ يېقىن ئىدى، — دېدى لوپلۇق ئەسكەر قۇربانىياز كۆڭۈل ئاياشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، — لۇ كونجۇڭنىڭ روتىسى قىرىلىپ، ئۆزى ئەمەلسىز قېلىنۇندى، ھەممىسى ئىگىسىگە قاۋىغان ئىتتەك ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. ئەمدى ئالتۇن - كومۇشنىڭ دېرىكى بولۇۋاتقاندا، بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈمەي قالامدۇ؟

— ئاغزىڭنى يىغ، قۇربانىياز، كاللاڭغا ھېزى بول! — رېشىت مىلتىقىنىڭ زاتورىنى قايرىدى، — مەن ئىگىسىگە قاۋىغان ئىت بولسام، باشقىلارنى تېخىمۇ ئوڭاي چىشلەيمەن!

— سېرىق! ئۆز ئادەملىرىڭگە مىلتىقنىڭ زاتورىنى قايرىغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — ئابدۇرۇسۇلنىڭ يوغان كۆزلىرى چەكچەيدى، — قىمارغا دەسمايە سالدى دېمىسەم، سېنى پاترونغا بەلگىلەپ نېمە قىلاتتىم؟ سېنىڭ پوقۇڭ دورا بولۇپ قالغانمىدى ماڭا؟

— بولدى، خاپا بولمىساڭچۇ! — رېشىت ئابدۇرۇسۇلنىڭ يوغان مۇشتلىرىغا قاراپ قويدى، — ئاڭلىغانسەن ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى؟

— يالغان ئەمەسقۇ؟ بۇرۇن ئابدۇقادىر، نىزام ئۈچىڭلار خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك يېقىن ئۆتەتتىڭلار. ئەمدى ئەجەب بىر - بىرىڭلارغا ئىشەنمەيدىغان، يوق يەردە يامان گېپىنى قىلىشىدىغان بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟

رېشىت زۇۋان سۈرەلمەي قالدى، قانداقتۇر دىمىققاندەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئېلىپ قاچتى. ئابدۇرۇسۇل ئەسكەر بولغان ئۈچ يىلدىن بۇيان رېشىت، ئابدۇقادىر، نىزاملار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىگەنىدى. رېشىت لۇ كۇنجۇڭنىڭ كانىۋيىي بولۇپ، داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭغا ئابدۇقادىر بىلەن نىزام، يەنە ئىززۇت كوماندىرلىرىدىن لى چۇڭيىڭ بىلەن دۇ شىڭسەنلەرمۇ ھەددىدىن زىيادە بەيئەت قىلاتتى. ئۇلار ھەممىسى لۇ كۇنجۇڭنىڭ يېقىن ئادەملىرى ئىدى. ھەر قېتىم قاچقۇن ئەسكەرلەرنى جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرگەندە، لۇ كۇنجۇڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ناملىرى بىلەن ئەمەس، قانداقتۇر مەخپىي نومۇرلار بىلەن چاقىراتتى. ئۇ تووۋلىغان ھامان ئۇلار سەپتىن چىقىپ مەيداندا تەخ بولۇپ تۇراتتى. ئىككىنچى قېتىملىق بۇيرۇقتا ئۇلار ئالدىدىكى جادۇنىڭ دەستىسىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتەتتى - دە، قاچقۇن ئەسكەرنىڭ بوينى «كارتتىدە» ئۈزۈلۈپ، بېشى يۇمىلىنىپ چۈشەتتى. بوينىڭ ۋە باشتىن تىرتىلداپ چىققان قان ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەرنى ۋە تامنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋېتەتتى.

توغرا، ئەسكەر دېگەننىڭ بۇيرۇقنىڭ قۇلى! ھەربىي تۈزۈمدە باشلىقنىڭ لەۋزى قانۇن بولىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ مەخپىي نومۇرلار بىلەن چاقىرىلىشى ئابدۇرۇسۇلنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويغانىدى. بۇ قېتىم لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى ئارتاش ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر، نىزام، رېشىت، ئابدۇرۇسۇل، ئۆمەر ۋە يۇسۇپلەر، ئىززۇت كوماندىرلىرىدىن لى چۇڭيىڭ بىلەن دۇ شىڭسەنلەر باشقا روتا ۋە ئىززۇتلارغا قوشۇۋېتىلدى. ئۇلار بۇرۇن بىر روتىدا بولغىنى بىلەن،

ئىزۋوت، ئودلىنىيەلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئىدى.

ــ ئابدۇرۇسۇل، قارا! ــ دېدى رىشىت بالكوننى كۆرسىتىپ، ــ ئۆمەر ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ.

ــ يۇرۇڭلار! ــ ھەممىسى پاترونلۇق بەلگە لاتىلىرىنى بىلەكلىرىگە تاقىشىپ، يوگۇرۇشكىنىچە قورۇغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىدىن تىۋىش چىقارماي ئۆتوپ، ئۆمەر تۇتقۇچىغا قول ياغلىق چىگىپ بەلگە قىلىپ قويغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى ۋە ئىشىكنى بىر تەپكەنچە ئېچىۋېتىپ ئۆيگە بېسىپ كىردى.

ــ ھەممىڭ قولۇڭنى كۆتۈرۈش! تىزلان!... قوللىرىڭنى بېشىڭغا قويۇش!...

سۇپىسىز گىلەم سېلىنغان بۇ خانىدا بىرنەچچە ساقاللىق، تاقىرباش، يوغان قورساق سودىگەر بىلەن فورمىلىرىنى سېلىۋېتىپ كۆڭلەكچان بولۇشۇۋالغان ئاقنىياز، ئابدۇقادىر، نىزام ۋە ئۆمەرلەر تاۋكانى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ قىمار ئوينىشىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تىترەشمەكتە ئىدى. تاۋكادا چېچىلغان تۆت ئوشۇق، تەڭگە پۇللار ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش پارچىلىرى تۇراتتى، بىر چەتتە دەستىلەكلىك گۆھەنجىلىك تىزىسىمۇ بار ئىدى. ئابدۇرۇسۇل ئىشارەت قىلىۋىدى، كاچۇڭلۇق ئەسكەر مۇسا بىلەن لوپلۇق ئەسكەر قۇربانىياز ئىككىسى تاۋكادا چېچىلىپ ياتقان تەڭگىلەرنى، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە گۆھەنجىلىك تىزىلىرىنى يىغىۋالدى.

ــ ھەممىڭ كىيىملىرىڭنى كىيىش! سەن نېمىلەرنى بىر يىل نازارەتتە ئىشلىتىپ، ئادەم بولۇشقىنىڭغا تويغۇزۇشمايدىغان بولسام...

ــ جېنىم ئاكا، رەھىم قىلىڭ! ــ ئاقنىياز بىلەن ئابدۇقادىر تىزلىنىپ تۇرۇپ يېلىندى، ــ بىز يانچۇقىمىزدىكى ھەممىنى بېرەيلى.

— سەنلەرنىڭ قايسى قىسىمدىن ئىكەنلىكىڭلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلىمىز.

— جېنىم قېرىندىشىم، — بومبا ساقال، قورساقلىق بىرسى يىغلامسىراپ گەپ قىلدى، — ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان ئىكەنمىز، بىر رەھىم قىلىڭ!

— ھەي پوق ساقال، — ئابدۇرۇسۇل ئۇنىڭغا مىلتىقنى تەڭلىدى، — مۇسۇلماندىن گەپ ئاچىسەنا تېخى؟ قىلغان بۇ ئىشىڭ مۇسۇلمانچىلىققا ياتامدۇ؟ مۇسا، رېشىت، قۇربانىنياز، بۇلارنى ئاپىرىپ سولاپ قويۇڭلار، ئەتە سەھەر چوڭ مەسچىت ئالدىدا بامداتتىن يانغان جامائەت بۇلارنى چالما - كېسەك قىلسۇن!

ياتاق ئىچىدە بىردىنلا يىغا - زار كۆتۈرۈلدى، ئاھ - ئۇھلار باشلاندى. باي سودىگەرلەر يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئىچىدىكى بىرنەرسىلەرنى ئۆي ئوتتۇرىسىغا تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇلار «بىزنى ئېلىپ كەتمىگەن بولساڭلار» دەپ يالۋۇرۇپ يىغلاشماقتا ئىدى.

— ئاكا، بۇلارغا بىر قېتىم رەھىم قىلساق قانداق؟ — دېدى رېشىت ئۆزىدىن كىچىك ئابدۇرۇسۇلنى ئەتەي ئاكا دەپ، — بۇلارمۇ ئېزىپ - تېزىپ بىر قېتىم قىلىپ ساپتۇ بۇ ئىشنى...

— راست، راست! — ۋارقىراشتى ئۇلار، — بۇ يەرگە پوق يەپ كىرىپ قاپتىمىز...

— ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن پوق يېمەي، نان يېيىش! — ۋارقىرىدى ئابدۇرۇسۇل ھەيۋە قىلىپ، — بوپتۇ، سەنلەرنى بىر قېتىم كۆرمەسكە سالاي! بىراق، ماۋۇ ئىت پوقى ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ھەيدەپ كەتمىسەم بولمايدۇ...

ئابدۇرۇسۇل تورۇسقا قارىتىپ «گۇم، گۇم» قىلىپ ئىككى پاي ئوق چىقاردى. سودىگەرلەر ۋە بايلار ئالىتاغىل چىرقىرىشىپ، تىزلانغان يېرىگىلا يىقىلىشىپ دۇم

يېتىۋېلىشتى. ھەممە ئەسكەرلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل سودىگەرلەر بىلەن بايلارنىڭ بارماقلىرىدىكى بىرىليانت كۆزلۈك، زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكلىرىنى بىر - بىرلەپ سوغۇرۇۋالدى، ئاندىن كۆڭلى تىنغان ھالدا ئۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقتى.

ئۇلار قونالغۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۆرۈكلۈك قاتارلىرىنى بويلاپ مېڭىپ، بىر دالدا يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى، ئاندىن تاۋكادىن تېرىۋالغان نىكولاينىڭ تىللاسى، جۇڭگونىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگىسى، يەرلىك كۈمۈش تەڭگىلەر، زىخچە ۋە كاللەك ھالەتتىكى ئۇششاق ئالتۇن پارچىلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى. سودىگەرلەرنىڭ يانچۇقلىرىدىن سوغۇرۇۋالغان تېرە ھەميانلارنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، مەرۋايىت ۋە كەھرىۋالارنى ئېلىشتى. بۇلانغان نەرسىلەر ئىچىدە تېخى يېتى بۇزۇلمىغان ئىككى كاللەك گۆەنجىنىڭ تىزىسىمۇ بار ئىدى.

ئۇلار بۈگۈن كېچىدىكى «تاپاۋەت»نى پۇلغا سۇندۇرۇپ سەككىز يەرگە ئايرىدى. بۇ ئىشقا باشچىلىق قىلغانلارغا ھەم كۆپرەك دەسمايە سالغانلارغا ئاز - تولىدىن پۇل قوشۇپ بېرىلدى، بۇنىڭغا ھەممىسى رازى بولدى.

ھەرھالدا بۇ سەككىز ئەسكەر بۇ ئىش بىلەن خېلى ئەتلىنىپ قالدى. يەنە بىر قېتىم كېچىلىك پاترونغا چىقىش ۋەزىپىسى يەنە ئۇن بەش كۈندىن كېيىن كېلەتتى. ئاڭغىچە ئۇلار تۇرمۇشىنىمۇ تۈزۈك ئۆتكۈزەلەيدىغان، ئائىلە، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىغىمۇ بىرنەرسە ئەۋەتىپ بېرەلەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى.

## يەتتىنچى باب

# باھاردا توزۇغان چېچەك

تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇك، ئارىتاش، چىمدۇ، قوشراپلاردىكى قوغلاشما جەڭلەردە ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆپ بولۇپ، گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قوشۇنى خېلىلا چىقىمغا ئۇچرىغانىدى. شۇڭا، ئورۇشتىن كېيىن پولك، روتا، ئىزۋوتلار تەرتىپكە سېلىنىپ قايتىدىن تەشكىللەندى. ئۇلارنىڭ كوماندىرلىرى قايتىدىن بېكىتىلدى. ئەسكەرلەر قارىغا ئېلىش، قىلىچۋازلىق، يۇگۇرۇش، ئات مەشقى قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىدى. خوڭ يادۇڭنىڭ بەشىنچى پولكى بەش روتىدىن(بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەردىن) تەركىب تېپىپ يەتتىنچى پولكقا، ما يىنفۇنىڭ تۆتىنچى پولكى سەككىزىنچى پولكقا، يەنى خوتەن پولكىغا ئۆزگەرتىلدى. خوتەن پولكىغىمۇ بەش روتا ئەسكەر تولۇقلاپ بېرىلدى. لۇ كۇنجۇڭ خوتەن پولكى ئىككىنچى روتىسىنىڭ كوماندىرى بولدى. يېڭىدىن ئۆزگەرتىلگەن يەتتىنچى پولكنىڭ پولكوۋنىكى ئاقسۇدىن يۆتكەپ كېلىنگەن جاۋ خەنچېڭ بولدى، مۇئاۋىن پولكوۋنىكى خوڭ يادۇڭ ئىدى. سەككىزىنچى پولك بولۇپ ئۆزگەرگەن يېڭى پولكقا ما يىنفۇنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن لۇ گۇاڭچيەن دېگەن بىرى پولك باشلىقى بولدى. مۇشۇ تەڭشەشتە ئۆمەرنىڭ ئاغىنىسى يۇسۇپ خوتەن پولكىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ قالدى.

خوتەن پولكىنىڭ قارىمىقىدا بەش روتا بولغىنى بىلەن،

ئۇنىڭغا تەۋە پىلىموت روتىسى قاغىلىق بىلەن ھىندىستان چېگراسىدىكى شەيدۇللا دېگەن تاغ ئېغىزىدا چېگرا قوغداشتا ئىدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسىنىمۇ قوماندانلىق ئىشتابىدىن يەكەندە ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى يەتتىنچى پولكنىڭ پولكوۋنىكى خوڭ يادۇڭنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇردى. چېگرادىكى پىلىموت روتىسىمۇ يەتتىنچى پولكنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇڭا، پولكوۋنىك لۇ گۇاڭچيەن ئۈچ روتا (يەتتە يۈزدەك) ئەسكىرىنى ئېلىپ خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى. يۇسۇپمۇ سەككىزىنچى پولكقا تەۋە ئەسكەر بولغاچقا، خوتەنگە كېتىپ قالدى. بۇ قېتىمقى چوڭ تەڭشەشتە ئۆمەر يەنىلا لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، بۇ روتىنىڭ ئۈچىنچى ئىنزۋوت، بىرىنچى ئودلىنىيەسىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنزۋوت كوماندىرى ۋاڭ جىڭگۇي، ئودلىنىيە كوماندىرى شىيائېر (شىبە) ئىدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى بۇرۇنقىدەكلا ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە، تۇڭگان ئەسكەرلەردىن ئۇيۇشقان بىر گەۋدە بولدى، ھەتتا بۇرۇنقى ئىنزۋوت كوماندىرلىرىدىن لى چۇڭيىڭ بىرىنچى ئىنزۋوتقا، دۇ شىڭسەن تۆتىنچى ئىنزۋوتقا كوماندىر قىلىپ تەيىنلەندى. رېشىت يەنىلا كانۋايلىق ۋەزىپىسىدە قالدى. ئابدۇقادىر بىلەن نىزام لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بولغاچقا، لى چۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى ئىنزۋوتىدا خەۋەرچىلىك خىزمىتىگە بېكىتىلدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسىدا غېرىبسىنىپ قالغان ئۆمەر يالغۇز ئودلىنىيە كوماندىرى شىيائېر بىلەنلا ئەپ ئۆتەتتى. شىيائېر قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بار جىگەرلىك يىگىت ئىدى. شىيائېر، ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇللار بۇرۇنقىدەكلا ئودلىنىيە كوماندىرلىرى بولۇپ، ئۆزئارا يېقىن بۇرادەرلەردىن ھەم سىرداش دوستلاردىن ئىدى. بۇنى ھەممە بىلەتتى. ئۇلار كۈندىن ـ كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۆمەرگە ھەر خىل چاقچاقلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. دېمىسىمۇ ئۆمەر ئاغىنىسى

يۇسۇپتىن ئايرىلىپ، خۇددى توكۇردەك ياكى ئەمادەك بولۇپ قالغانىدى، ئەمما ئەسكەرچىلىكتە ئامال يوق ئىدى. ئەسكەر دېگەن ھەممىگە ئىشلەتكىلى بولىدىغان قورالغىلا ئوخشايتتى. ئىگىسى ئۇنى كىمگە چەنلەپ ئاتسا، ئۇ نەق شۇنىڭغىلا بېرىپ تېگەتتى، چەنلەنگەن نىشان گەرچە ئۇ ئەسكەرنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بولسىمۇ.

بۇ قېتىمقى تەڭشەشتە كۆچالىق لا فېڭشياڭ مۇھەممەت، لوپلۇق قۇربانىياز، ئاقسۇلۇق ئاقنىياز، كاچۇڭلۇق مۇسالارمۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسىغا تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار لى چۇڭيىڭ، دۇشىڭسەنلەرنىڭ ئىزۋوتىدا بەزىلىرى ئەسكەر، بەزىلىرى ئودلىنىيە كوماندىرى ئىدى. رېشىت، ئابدۇقادىر، نىزاملار ئاقنىياز بىلەن قۇربانىيازنىڭ لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئارىتاش ئۇرۇشىدا يېڭىلگەنلىكىنى مەسخىرىلەپ، ئۇنى تىللىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى قىمار كېچىسىدىكى ئۆچىنى ئالماقچى بولۇشتى. لۇ كۇنجۇڭمۇ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ: «بۇنىڭ ھېسابى چوقۇم ئېلىنىدۇ» دەپ قويىدى.

تەڭشەشتىن كېيىن ئىنتىزام، تۈزۈم ـ قائىدىلەر چىڭىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، تەمىنات كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقى تويمايدىغان، ۋاقتى ـ قەرەلىدە مۇنچىغا چۈشۈپ كىيىم يەڭگۈشلىيەلمەيدىغان، تاماكا چېكىدىغانلار باشقىلارنىڭ سېلىپ قويغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرىدىغان، سەپداشلىرىنىڭ ملتىق ـ قىلىچلىرىنى ۋە كىيىم ـ كېچىكىنى ئوغرىلاپ ساتىدىغان، قىمار ئوينايدىغان ئىشلار ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئەسكەرلەرنىڭ قېسىمدىن قېچىشى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئودلىنىيە كوماندىرى شيائېر ئۆمەرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن

كېيىن گېپىنى باشلىدى:

— ئۆمەر، مۇنداق ئىش ئىدى، يېگىسارلىق تاشتوختى، گۇما ساغانلىق ساۋۇت، پوسكاملىق ئىمرۇللالار قاچتى، — شىيائېر ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ جىمىپ قالدى، — كومروت لۇ كۇنجۇڭ ھەربىر ئودلىنىيەدىن بىردىن ئەسكەر چىقىرىپ ئاتلىق قوغلاڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇڭا، بىزنىڭ ئودلىنىيەدىن سېنى ئويلاشتىم.

— مەن بۇ چاغقىچە قانداقلىكى ۋەزىپە بولسا ئورۇنلاپ كەلدىم، — دېدى ئۆمەر خىجىللىق بىلەن، — بۈگۈن... بۈگۈن سىزدىن رۇخسەت سوراي دېگەنىدىم...

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ئاسىمگۈلنىڭ ئاچىسىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، بۈگۈن - ئەتىلىكىلا قالدى، شۇڭا يوقلاپ كېلەيلى دېگەن.

— ئۇلۇشكۈن دەرۋازىدىكى پوستلار بىلەن ئۇرۇشقان قىزمۇ؟

— شۇ، شۇ! سىزمۇ كۆرۈپتىكەنسىزغۇ؟

— ئۇ... سېنىڭ قىز دوستۇڭ ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، — ئۆمەر قىزىرىپ كەتتى، — ئۇ ھازىر سىرتتا مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن بېرىۋەر، مەن باشقىسىنى بەلگىلەي.

— رەھمەت، كوماندىر، — ئۆمەر ئالىقىنىنى چېكىسىگە ئېلىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

شىيائېر چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۆمەرمۇ پاكىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساقال ئالدىغان ئەينىكىگە قارىۋېتىپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ بولغۇچە، ئاسىمگۈل ئۆمەر دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پوستلارغا قاراپ، جىمىمدە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆمەر ھەرقانداق چاغدا ئادەم بار يەردە ئەسكەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن قۇچاقلىشىشىغا رۇخسەت

قىلىنمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ قويغانىدى. ئۇلار كارنىزنى تۇرۇشلۇق گۇلباغدىن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئۇستەڭ بويىدىكى بۇككىدە سۆگەتلىك ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردە قانغۇچە سۆيۈشۈۋالدى، ئاندىن ياقۇمغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— ئۆمەر، مەن ساڭا نەچچە قېتىم يالۇۋۇردۇم، — دېدى ئاسىمگۈل تۇمشۇقىنى دومسايتىپ، — ئەسكەرلىكتىن چىقىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟ مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىكەنمەن. تېخى سىلەرنى پات - پاتلا يۆتكەپ، ئورنۇڭلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن.

— مېنى ئەسكەر بولۇشقا خۇشتار دەمسەن؟ — ئۆمەرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۇلار بوشاتقىلى ئۇنىمىسا، قاچسام تۇتۇۋېلىپ جادۇغا باسسا! مانا بۇگۈنلا قاچقان ئۈچ ئەسكەرنى تۇتۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئاتلىق ئەسكەر يولغا چىقتى.

— ئۇلار قاچقانلارنى تۇتۇۋالسا جادۇغا باسامدۇ؟

— قۇلىقىڭغا قوغۇشۇن قۇيغاندەك نەچچە قېتىم دەيمەن، جادۇغا باسقانىنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئاندىن مېنى نېمىگە سايە قىلىۋاتقىنىڭنى چۈشىنەتتىڭ. مەن قېچىپ نەگە باراليتتىم، سەن بولساڭ ئوقۇۋاتساڭ!

ئاسىمگۈل دېگەن گېپىگە ئۆكۈنگەن هالدا جىمىپ قالدى. ئۇ راستتىنلا قورققانىدى. ئۆمەر ئەسكەر بولۇپ ئىككى ئاي بولار - بولماي ئەسكەرلىكتىن قاچقان يەكەن تېرەۋاغلىق ياسىن بىلەن يەكەن ئېلىشقۇلۇق ئوسماننىڭ جادۇغا بېسىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. پىچاننىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جادۇ دەستىلىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتارىسىغا قېقىلغان تۆمۈر قوزۇقلار... ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئادەمنىڭ بويىنى... جادۇنىڭ بويۇنغا تېگىپ تۇرغان يالتىراق تىغى... جادۇنىڭ دەستىسىگە دەسسەش بىلەن تەڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكەن باش... ئەتراپقا چاچراۋاتقان قان... بۇلارنىڭ بايانى، كۆرۈنۈشلىرى ئاسىمگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىن هازىرغىچە

كەتمىگەنىدى.

— بولدى، خاپا بولما! دەپ ساپتىمەن... — ئاسىمگۈل يەرگە قارىدى، — ئەسكەر دېگەن ئۇرۇش قىلىشقىلا يارالغاندەك، نەدە ئۇرۇش - جېدەل بولسا، سىلەرنى شۇ يەرگە ئاپىرىدىكەن. «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دېگەندەك، ساڭا ئالمادىس بىر ئىش بولۇپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— خاتىرجەم بول! ھېلىقى چاغدا دېدىمغۇ؟ — ئۆمەر قىزنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلىدى، — سېنىڭ ئاشۇ ياخشى نىيىتىڭ، پاكىز تىلەكلىرىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇدايىم مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل غوجالىم ئەللىكبېشىنىڭ قورۇسىغا كۈن ئېگىلگەندە كىرىپ كەلدى. سائادەتخان تىلىدىن قالغانىدى، ئۇلارنى تونۇمىدى. ئۇ ئوچۇق، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتقان كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە يۇقىرىغا تىنىپ ياتاتتى. ئۆمەر، ئاسىمگۈللەر كېسەل كۆرۈش ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى قويۇپ، كېسەلنىڭ قېشىدا يەنە بىردەم ئولتۇرۇشتى. غوجالىم ئەللىكبېشى ئاسىمگۈلگە ئوغرىلىقچە قاراشقا باشلىدى. قىزنىڭ تولۇق يېتىلگەن بەدىنى، ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن كەپتەردەك چىرايلىق كۆكسى، يۇمران قوش ئېگىكى، قېلىن كىرپىكلەر ئارىسىدا خۇمارلاشقان كۆزلىرى، ئاپپاق چېھرى كۆزىگە تاشلانغانسېرى، ئۇ بىئارامىلىق ئىچىدە ئولتۇرالمايلا قالدى، ھەتتا خىيالەن ئاسىمگۈلنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرىنى سىلىدى، نەلەرنىدۇر مۇجۇدى، يۇمران، سىلىق يوتىلىرىنى تارتىشتۇردى... «ئەگەر ئۇنى بىرلا قېتىم چىرقىرىتالىسام، كېيىن ئۇ ئۆزىلا يۇمشايتتى» دېگەن شۇم نىيەتلىك خىيال ئۇنىڭ قارا كۆڭلىدە قۇترىماقتا ئىدى.

— بىز قايتايلى، — ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل ئورنىدىن تۇردى، — بىز يەنە كېلىپ تۇرىمىز.

ئۇلار ئۇزاپ چىققاندا، غوجالىم ئەللىكبېشى دەرۋازا ئالدىدا قېلىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئاسىمگۈلنىڭ قارىسى يوقالغۇچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغاچقىمۇ بىردەمدىلا كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆمەر بىلەن ئاسىمگۈل شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە خوپتەن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى مەسچىتلەردىن قېرى مەزىنلەرنىڭ زەئىپ ئاۋازدا توۋلىغان ئەزانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۆمەر ئاسىمگۈلنى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ، كونىشەھەردىكى گارنىزونغا قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە گارنىزوندا ۋەھىمىلىك پۇشتەك ئاۋازى چىرقىراپ، «تىزۋىگا» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھەممە ئەسكەر يىغىلىپ، گارنىزون قورۇسىدا چەمبەرسىمان تىزىلدى. بۇنداق تىزىلىش بىرەر جىددىي ئىشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇ ئارىلىقتا قوغداش بۆلۈمىنىڭ بىرقانچە ئەسكىرى يۇمىلاق مەيدان ئىچىگە ئۈچ دانە جادۇنى كۆتۈرۈپ ئەكەلدى. ئەسلىدە تۇنۇگۈن قاچقۇنلارنى قوغلاپ كەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تاشتوختى، ساۋۇت، ئىمرۇللالارنى پىيالىمىنىڭ سېپىدىن تۇتۇپ كەلگەنىكەن. لۇ كۇنجۇڭ مەيدان ئىچىدە ئەسكەرلىكتىن قېچىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكى، قاچقۇنلارنى ھەربىي قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىماي بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ئاغزىغا كۆشۈك سېلىنغان ئۈچ قاچقۇن ئەسكەرنى ئەكېلىشتى. ئۇلارنى دەرھال يېقىتىپ، بويۇنلىرىنى سەل ياتتۇ قىلىپ جادۇ بىسىغا توغرىلاشتى. ئۆمەر كۆزىنى يۇمۇپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، جازا مەيدانىغا قارىمىدى. بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشسىز جەسەتلەرنى پۇتلىرىدىن سۆرەپ ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى

بولسا چېچى بار باشلارنى چېچىدىن، تاقىر باشلارنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— مانا كۆردۈڭلارمۇ؟! — ۋارقىرىدى لۇ كۇنجۇڭ، — ئەسكەرلىكتىن قاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. دۆلەت ۋە پىرقە مەنپەئەتىنى ئۇلۇغ بىلمەي، ئۇنى قوغدىماي قاچقانلار ۋەتەن خائىنلىرىدۇر. ئۇنداق خائىنلارغا بىر پاي ئوقمۇ زايە كېتىدۇ. شۇڭا، باش قوماندانلىق ئىشتابىتىن: «كىمكى قاچقان ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا بىر تاغار ئالىي دەرىجىلىك ئۇن ۋە بىر بايتال تېپى بىلەن قوشۇپ مۇكاپات بېرىلىدۇ...» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ ئۇقتۇرۇش يەكەن كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرنىڭ رەستىلىرىگە چاپلىنىدۇ. يەنە ھەربىر بەگلىك، كەنت، مەھەللىلەرگىچە تارقىتىلىدۇ.

لۇ كۇنجۇڭ ئېيتقان بۇ ئۇقتۇرۇش جاي ـ جايلارغا تارقىتىلىپ، رەستىلەرگە چاپلانغاندىن كېيىن غەلىتە ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. قانداقتۇر ئادەملەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشۇپ، ئازراقىنا زىددىيىتى بار ئادەملەرنى ھۆكۈمەتنىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى بولۇشۇپ ياكى ۋەدە قىلىنغان بىر تاغار ئۇن بىلەن تېپى بىللە بايتالنىڭ تەمەسىدە باشقا يۇرتلاردىن ئىش ئىزدەپ كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى، ئەلك بولمىغاندىمۇ ياماقچى، تامچى، سۇۋاقچى دېگەندەك شەھەرنىڭ ياۋاش پۇقرالىرىنى: «بۇ قەشقەردە ئەسكەر ئىدى»، «خوتەندە قوغداش خادىمى بولغان»، «بۇ ئاقسۇ پولكىنىڭ ئەسكىرى، ئىلى ئوغرىلىرىدىن قورقۇپ قېچىپ كەلگەن...» دېيىشىپ، يالغان چېقىم بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئاخىر بولماي ئابدۇرۇسۇل، ئاقنىياز، ئۆمەر قاتارلىق ئۇيغۇر كوماندىر ـ ئەسكەرلەر ئۇنداقلارنىڭ بىرقانچىسىنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق، ئىنچىكە سوراق قىلدى. سوراق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مەقسەتلىرى ئاشكارىلاندى. بۇنى ئاڭلىغان لۇ كۇنجۇڭ «تامادى !...» دەپ ۋارقىراپ، «ئۇلارنى قىغقا كۆمۈڭلار !» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گارنىزوندىكى يېڭى سەككىزىنچى پولك ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بولغاچقا، مىڭلىغان ئاتنىڭ ھەر كۈنلۈك تېزىكى دۆۋىلىنىۋېرىپ، تاغدەك ئېگىزلەپ كەتكەنىدى. بۇنداق چىڭدىلىپ كەتكەن قىغنىڭ ئىچى قىزىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆمۈلگەن ئادەملەر ئىككى كۈن ئۆتمەيلا گۆشى ئۈيان، سۆڭىكى بۇيان بولۇپ ئاجراپ، چارلىشىپ كۆيۈپ كېتەتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن چېقىممۇ توختاپ قالمىدى، ئەسكەرلىكتىن قېچىشمۇ توختاپ قالمىدى. گەنسۇلۇق ئىككى خەنزۇ ئەسكەر قاچقانىدى، تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئون بەش كۈن سولاپ قويۇلۇپ ئاندىن قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن زەردىسى قاينىغان لوپلۇق ئەسكەر قۇربانىنياز يېڭى يەتتىنچى پولكنىڭ پولكوۋنىكى خوڭ يادۇڭغا: «لو كۈنجۈك ئەسكەرلەر ئىچىدە مىللەتچىلىك قىلدى» دەپ ئەرز سۇندى. قۇربانىنيازنىڭ بۇ جۈرئىتىدىن غەيرەتكە كەلگەن ئۆمەر ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، ئىشتابتىكى ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن پولكوۋنىك جاۋ خەنچىڭ مۇئاۋىن پولكوۋنىك خوڭ يادۇڭ ۋە باش قوماندان لو كۈنجۈڭنى چاقىرىپ ئەكىرىپ ئۇنى خېلىلا ئىسكەنجىگە ئالدى. خوڭ يادۇڭ لو كۈنجۈڭغا: «ئەگەر مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىرەر توقۇنۇش بولۇپ قالسا، سېنى ئېتىپ تاشلايمەن!» دەپ ۋارقىرىدى. لو كۈنجۈڭ باشلىقلار ئالدىدا «خوپ!» دەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىچىدە قۇربانىنياز بىلەن خوڭ يادۇڭنى قىساس تۈگۈچىگە چىگىپ قويدى، بولۇپمۇ ھېلىقى بىر چاغدىمۇ ئۆزىنى مەسخىرىلىگەن قۇربانىنيازدىن دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

يۇقىرىنىڭ بېسىمى، تۆۋەننىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن قورققان لو كۈنجۈڭ ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھالدا، قاچقان ئىككى خەنزۇ ئەسكەرنىڭ بىرىنى جادۇغا بېسىپ، يەنە بىرىنى «ئەگەشكۈچى» دەپ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ، ئۇنى گارنىزون

قورۇسىدا رىجىم ئاستىدا ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ جازالىنىشىمۇ ئەمەلىيەتتە ناھەق ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىشلار ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم باش قوماندان ئىشتابىغا كىرىپ، جاۋ خەنچىڭ ۋە خۇڭ يادوڭلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ئەسكەرلەرنىڭ قېچىش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي يوقىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. قورساق، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئائىلىسىنىڭ غېمى ئەسكەرلەرنىڭ كۆتۈرۈپ قويقۇسىز ئېغىر يۈكى بولۇپ قالغانىدى. ھەربىي قوشۇن دېگەن دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ تۈۋرۈكى، ئەسكەرلەر دېگەن ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان ئاساسلىق كۈچ تۇرسا، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلار ئەقەللىيسى تۇرمۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىسە، قاچماي قانداق قىلىدۇ؟ ئەسكەرلەرنىڭ يوقىرىدىن بېرىلىۋاتقان ئايلىق تۇرمۇش پۇلى زادى كىملەرنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ؟... يىلىغا نەچچە قېتىم تارقىتىلىدىغان ئىچ كىيىملەر، سوپۇن، لۆڭگە، كۇرۇشكا، چىش پاستىسى، ھەتتا پۇتقا يۆگەيدىغان پايتىما ھەم گوجەيلەر نېمىشقا ئەسكەرلەرگە بېرىلمەيدۇ؟ ئۇلارنى تارقىتىشنىڭ توختىتىلغانلىقى ھەققىدە يوقىرىدىن چۈشكەن بىرەر ھۆججەتمۇ بارمۇ؟...

ھودۇقماي، تەمتىرىمەي دېيىلگەن بۇ گەپلەر خۇڭ يادوڭنىڭمۇ كۆڭلىدىكى تۈگۈچلەر ئىكەنلىكى ئۆمەرگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ھېلىقى ئۆرۈك چېچەكلىگەن ئايدىڭ كېچىدە ئۇ خىيانەتچى ھەربىي ئەمەلدارلار ھەققىدە قايناپ ـ تېشىپ سۆزلىمىگەنمىدى؟ ئۇلارنى «نومۇسنى بىلمەيدىغانلار...» دەپ تىللىمىغانمىدى؟ ئۆمەر پەقەت شۇلارنىلا ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويدى، خالاس. ئۇنىڭ قورقماي بۇ گەپلەرنى دېيەلىگەنلىكىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

— سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟ — خۇڭ يادوڭنىڭ ئېگىز گەۋدىسى لىككىدە كۆتۈرۈلدى، — ئەجەب گەپنى قورقمايلا

قىلىسەنا؟

— ئېتىم ئۆمەر، لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسىدىن. كەچۈرۈڭ، پولكوۋنىك. سىزنىڭ بىر قېتىملىق يىغىندا دېگەن «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» دېگەن سۆزىڭىز ھازىرغىچە ئېسىمدە.

— ئوقۇغانمۇ سەن؟ — خۇڭ يادۇڭنىڭ چوڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— دارىلئېتامنى پۈتكۈزگەن.

ئۆمەر بىلەن بىللە كىرگەن ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئاقنىيازنىڭ چىرايى قورققانلىقىدىن ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى. ئۇلار ئىشخانىدىن پاتراق چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ قالدى بولغاي، بىر - بىرىنى جەينەكلىشىپ ئاستا ئارقىغا سىلجىشتى.

ھەربىي ئىنتىزام ئىنتايىن قاتتىق ھەم زىل پەيتلەر ئىدى. ئەسكەرلەر قوماندانلىق ئىشتابى ئىشخانىسىغا «پىكرىم بار» دەپلا خالىغانچە كىرەلمەيتتى. جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا ئېتىپمۇ تاشلىناتتى. ئەمما، «لۇ كۇنجۇڭ ئۇستىدە ئەرزىمىز بار» دېگەچكە، خۇڭ يادۇڭ ئۇلارغا «كىرسۇن!» دەپ ئىجازەت بەرگەنىدى. بىراق، ئۆمەر بۇ تەۋەككۇلچىلىكى بىلەن جېنى سۆيۈنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق جان پىدالىق قىلىشى قاچقان بىر خەنزۇ ئەسكەرنى جادۇغا باستۇرۇش، يەنە بىرىنى رېجىمدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلەش، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەسكەر بىلەن قوماندان، پۇقرا بىلەن ئەمەلدار، نامرات بىلەن باي ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىكەن - دە! ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى يۈكى ئېغىر ھارۋىنى بىللە تارتماق بولۇشقان دۇغداق، توشقان ۋە ئۆردەككە ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىرى ھارۋىنى ئاسمانغا قاراپ تارتسا، بىرى جاڭگالغا، يەنە بىرى بولسا سۇغا قاراپ تارتىدىكەن. ئۇلارنىڭ نىيەت يىقىدىن بىرلىككە كەلمىكى مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ...

ئەسكەرلەرنىڭ قېچىشىنى جادۇمۇ توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىسىم رويخەتتىكى ئادرېس بويىچە قاچقانلارنىڭ يۇرتى، مەھەللىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ قامىدى. قاتتىق قىيناش ئارقىلىق سوراقتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى مېيىپ بولۇپ قالدى. بۇ ئۇسۇل خېلىلا ئۈنۈم بەردى. چۈنكى، قاچماقچى بولغان ئەسكەرلەر ئۆزىنى دەپ ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىپ بېرىشنى خالىمىدى. ئەسكەرلەر ئامالسىزلىقتىن قاتتىق تەڭلىكتە قالدى. ئۇلار بىرەر ئۇرۇشنىڭ بولۇشىنى خالاپ قېلىشتى. مەيلى ئىدى بىرەر غايىب ئوق نېسىپ بولۇپ ئۆلۈپ كەتسە، شۇندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنى قىيناۋاتقان بۇ دۇنيادىن بىر يوللا قۇتۇلغان بولاتتى.

ئۆمەرمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇش، ئەسكەرلىك ئەسلىھەلىرىنى يۈدۈگەن ھالدا پو - پوغا يۈگۈرۈش، ئات مەشقى قىلىش، قارىغا ئېلىش، يۇملاش، ئۆمىلەش، قوچاقلاشما جەڭ ئېلىشىشلىرى قىلىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بەزىدە يىغىن ئېچىلىپ «ئەسكەرلىكتىن قېچىش خائىنلىقتۇر» دېگەن تېمىدا لېكسىيەلەر سۆزلىنەتتى. كۈنلەپ ياتاقتا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆگىنىش، پوزىتسىيە بىلدۈرۈش، قەلب تاپشۇرۇش، ئەھدىنامە يېزىش دېگەنلەر ئېلىپ بېرىلاتتى. بىرەر سائەتلىك رۇخسەت سوراپ سىرتقا چىقىشقا بولمايتتى. ئاسىمگۈلنىڭ ئاچىسى سائادەتخاننىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى، ئۈچ نەزىرلىرىدىمۇ ئۆمەر ئاسىمگۈل بىلەن بىللە بولالمىدى. مانا ئەمدى سائادەتخاننىڭ يەتتە نەزىرىمۇ بولاي دەپ قالدى، ئۇ قاتنىشالمىسا قانداق بولغىنى؟ بۇرۇنلاردا ئودلىنىكومغا دەپ قويۇپ بىرەر - يېرىم كۈن رۇخسەت ئالغىلى بولاتتى. يېقىندىن بېرى رۇخسەتنىمۇ كومروتتىن سوراش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. قوماندانلىق ئىشتابىدا باشلىقلار

ئالدىدا قىلىنغان گەپ ـ سۆزلەردىن كېيىن، ئۆچەكشىپ قالغان لۇ كۈنجۈڭنىڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىچكىرىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ھەر كۈنلۈك غەلىبە خەۋەرلىرى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان، ئىلى تەرەپتە ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئىنچىكە ۋەزىيەتتە قاچقان ھەرقانداق ئەسكەر دەرھال ئېتىلاتتى ياكى جادۇغا بېسىلاتتى. ئاسمىگۈلدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقان ئۆمەر نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

بۈگۈن سائادەتخانىنىڭ ئۆلۈپ يەرلىككە قويۇلغىنىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئىدى. دارىلئېتامنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لېتىپ نۇجۇر ئەتىگەندىلا گۈلباغدىكى گارنىزون ئىشتابى ئالدىغا كەلدى. ئۇ قاراۋۇللار ئارقىلىق ئۆمەرنى چاقىرتماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاقنىياز كېلىپ قالدى.

— بۇرادەر، ئۆمەر ئەيسا بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، چاقىرىپ قويالارسىزمۇ؟ — لېتىپ نۇجۇرنىڭ چىرايىدىن تەڭلىكتە قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭغا بېرىدىغان مۇھىم بىر خەت بار ئىدى.

— ھازىر ئۇلار جىددىي يىغىن ئېچىۋاتىدۇ، — دېدى ئاقنىياز ئاستاغىنا، — ئۇنىڭسىزمۇ ئەسكەرلەرنى سىرتتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرمەيۋاتىدۇ، بۇ نىزام يېڭىدىن يولغا قويۇلدى.

— خەتتىن باشقىمۇ جىددىي بىر ئىش بار ئىدى، — لېتىپ نۇجۇر ئېغىر تىندى، — بىرەر ئامالىنى قىلغىلى بولماسمۇ؟

— ئاكا، ھەربىي تۈزۈمنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلمەيدىلا، — ئاقنىياز چوڭقۇر خورسىندى، — مەن يەتكۈزۈپ قويساممۇ بولامدۇ؟ ئۆمەر بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن، ئاكا ـ ئىنىلەردەك ئۆتىمىز.

لېتىپ نۇجۇر بىردەم سۈكۈت ئىچىدە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاقنىيازغا مېيۇسلۇك بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ سەمىمىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ

ئىشەنگەندىن كېيىنلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشسەممۇ بۇ خەۋەرنى يوزتۇرا دېيەلىشىم تەسكە چۈشەتتى، — لېتىپ نۇجۇر «ئۇھ» دېگىنىچە ئەتراپىغا ئىپادىسىزلا قاراپ قويدى، — غوجالىم دېگەن مۇناپىق هايۋان ئاسىمگۈلگە باسقۇنچىلىق قىپتۇ.

— نېمە؟ — ئاقنىيازنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاچىسىنىڭ ئېرىمۇ؟

— سىزمۇ بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۆمەر سائادەتخانىنىڭ ئۆلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئەسكى ئادەم ئىكەنلىكى، ئاسىمگۈلدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ماڭا دەپ بەرگەن.

— قىز بۇ خورلۇققا چىدىماي، ئۆزىنى يەكەن دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. هازىر ياقۇملۇقلار ئاسىمگۈلنىڭ جەسىتىنى ئىزدەۋاتىدۇ.

— قاچان بولغان ئىش ئىكەن؟

— مەن تۈنۈگۈن ئانامنى كۆرگىلى خۇشئاۋات كەنتىگە بارغانىدىم، — لېتىپ نۇجۇر كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — بىردەمدىلا ياقۇم، پەيزاۋات، باغئېرىق مەھەللىلىرىدە «ئاسىمگۈل ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالدى» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. ئۇ قىز ئەتىگەندىلا چاچلىرى چۇۋۇلغان هالدا كېلىپ ئانامغا بىر پارچە خەتنى بېرىپ، «ئۆمەر كەلسە بېرىپ قويارلا !» دەپلا كېتىپ قاپتىكەن.

لېتىپ نۇجۇر تۆش يانچۇقىدىن تۇمارچە قاتلانغان خەتنى ئېلىپ ئاقنىيازغا سۇندى. ئاندىن ئۇ:

— ئۆمەرنى سىزگە تاپشۇردۇم، ئۇ ئاچچىقىدا ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە، — دېدى - دە، خەتنى بېرىپ بېشىنى سالغىنىچە كېتىپ قالدى. ئاقنىياز قاقشان قوزۇقتەك ئورنىدىن قوزغالماي، لېتىپ نۇجۇرنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ،

گارنىزون ئىككىنچى ئاشخانىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، دۈۋىلەپ قويۇلغان ئوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كۆتەكتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى، ئەگەر ئاسىمگۇل خېتىدە ئۆزى ئۇچۇن قىساس ئېلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان بولسا، خۇددى لېتىپ نۇجۇر ئېيتقاندەك، ئۆمەرنىڭ قارامىلىق بىلەن بىرەر ھادىسە تۇغدۇرۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، ئاقنىياز بىرەر خەتەرنىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۇچۇن، ئاۋۋال ئۆزۈم كۆرۈپ باقاي دەپ تۇمارچە خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتى. بەختسىز قىزنىڭ خېتىدە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«قويچى ئاكا، مەن كېتىدىغان بولدۇم. مۇشۇنداق ئايرىلار چاغدا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ھەسرەت، يالغۇزلۇق، ئايرىلىش ھەم خورلۇق ئازابلىرى يۈرىكىمنى قۇرتتەك يەۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە بىردىنلا شىڭگىلۇجى جاڭگاللىقى، ياۋا قومۇش قاپلىغان قۇم بارخانلىرى، قويۇق چاتقاللىقلار ئارا قوي باققان چاغلىرىمىز... ئوغرىلىغان كاۋا، توخۇ - كەپتەرلەرنى قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ يېگەنلىرىمىز... ھېلىقى قېرى توغراقنىڭ مېھرى ئىللىق «ھۇجرىسى»، كەچتىكى قان قۇيۇلغاندەك قىپقىزىل ئاسمان، مەرىشىۋاتقان قوي - ئۆچكىلەر كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئاھ خۇدا! جەننەت ھۇزۇرىنى سۇرگەن ئاشۇ چاغلار بالىلىق ھاياتىمىزنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرى ئىكەن... شۇ تۇرقىدا: «مېنى ئاسىمگۇل غەزەل دېيىشىدۇ»، «غەزەلنى بەك غېرىب ئېيتىدىكەنسىز...»، «مەن تۇنۇگۇن كەچتە سۇ قايناققا يېرىم زاغرا چىلاپ يېگەنچە...»، «مەن ئاكامنىڭ مالىيى...»، «مەنمۇ ئاچامنىڭ دېدىكى...» دېگەن سۆزلىرىمىز قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولۇۋاتىدۇ... بولدىلا، بۇ گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلماي. دەرۋەقە، سېنىڭ ئەقىل كۆزلىرىڭ ھەممىنى كۆرۈپتىكەن! يۈرىكىڭ باشتىلا ھەممىنى سېزىپتىكەن... شۇڭا، ھەر قېتىم: «ياقۇمغا بارىمەن» دېسەم، بىر ئاماللاپ ۋاقىت چىقىراتتىڭ، ئەگەر يالغۇز - يېرىم كېتىپ

قالسام، ئەنسىرەپ ھالىڭ قالمايتتى. سەن بەكمۇ چوڭقۇر ھەم يىراقنى ئويلاپتىكەنسەن. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مېنى غەپلەت بېسىپ: «غوجالىرىم ئاكام ياۋاشلىشىپ قالدى. ياش چوڭايغانسېرى ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ بىخۇدلۇق قىپتىمەن. ئاچام سائادەتخان كۆز يۇمۇپ، يەتتە نەزىرىسى بېرىلگەن كۈنى كەچتە مەن كەتمەكچى بولدۇم. بىراق، مەھەللىدىكى ئايالىلار: «قىرىق نەزىرىگىچە تۇرمىسىڭىز قانداقمۇ قېرىنداش بولغان بولىسىز؟ سائادەتخان سىزنى باقمىغانمىدى؟» دېيىشىپ تاپا ـ تەنە قىلدى. مەن: «ھېلىمۇ بىر ھەپتە دەرستىن قالدىم، كەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ چىڭ تۇردۇم. قاياقتىندۇر غالىۋاراپ كەلگەن كىچىك ئاچام سالامەتخان قوللىرىنى شىلتىپ: «ھوي، بىز يەرگە چامغۇر كۆممىدۇق، پۇتۇنسۇرۇك ئاچىمىزنى كۆمۈپ قويدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دېسەڭ، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ قونۇپ ئاندىن ماڭ! ...» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. يەتتە نەزىر بېرىلگەن كېچىسى ئۇ مېنىڭ بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە بىللە ياتتى. لېكىن، ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە بىر ئېغىر گەۋدە ئۈستۈمگە مىنىۋالدى. ئۇ ئاغزىمنى ئالقىنىدا چىڭ بېسىۋېلىپ ۋارقىرىغىلى قويمىدى. ئۇنىڭ: «ھەي قانجۇق، دارىلئېتامدا مېنى رەسۋايىئالەم قىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ ئەسرۇللا مۇدىر، لېتىپ نۇجۇر، خەلىپىدىن دېگەنلەر مېنى تىللاپ پوقىغا كۆمۈۋەتتى... ئەمدى سېنى نومۇستىن ئاغزىڭنى ئاچالمايدىغان، ھەتتا ماڭا يېلىنىپ تېگىدىغان قىلىۋەتمىسەم، غوجالىرىم ئەللىكبېشى بولماي كېتەي!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئىچىدە ماڭا غوم ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. مەن قاتتىق بولجۇنۇپ ئۇنى ئۇرماقچى، مورلىماقچى، چىشلىمەكچى بولدۇم. ئەمما، چېكەمگە بىرنىمە شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، كۆڭلەك ـ تامباللىرىم سىيرىلىنغان، ئوڭ

قاپقىم تۇخۇمدەك ئىششىغان هالدا ياتىمەن، يېنىمدا ھېچكىم يوق. سالامەتخان ئاچامنىڭ ئورنىدا يوتقان - كۆرپىلىرى بوش تۇرىدۇ... ئۇ مېنىڭ كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەندىلا چىقىپ كەتكەنىكەن. چىراغنى ياندۇرۇپ ئورنۇمغا قاراپلا قورقۇپ چىرقىرىۋەتتىم...

ئۆمەر، بۇ نېمىدېگەن رەزىل دۇنيا ! ئادەملەر بولسا ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىپلاس ۋە قاباھەتلىك ئىكەن. مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم بولغان ئاچام مېنى قانچىلىك پۇلغا ياكى نەرسىگە سېتىۋەتكەندۇ؟ تۇنۇگۇن كېچە سالامەتخان ئاچام مەن بىلەن بىللە ياتقاندا قولىدىكى قاشتېشى بىلەزۈكنى كۆرسىتىپ: «ئاچىڭىزدىن قالغان تەۋەررۇك، ئەمدى بۇ سىزگە قالسۇن دەپ غوجالىم ئاكام بەردى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ تاش بىلەزۈككە مېنى تېگىشىۋەتكەنلىكى، ئۆز سىڭلىسىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى، ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى ساتقانلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى. ئادەملەرنىڭ ئادەملىكى بىلەن ھايۋانلىقى ئۇلارنىڭ نەپسىنى يىغىش - يىغالماسلىقىدا مەلۇم بولىدىكەن. ئۇ دادامدەك بىر ئەرگە مېنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىشكىنى ئېچىپ بېرىپ چىقىپ كەتكەندە، ۋىجدان ئازابى تارتمىغانمىدۇ؟ يۈرىكى ئېچىشمىغانمىدۇ؟ خۇدادىن قورقمىغانمىدۇ؟...

خوش، ئۆمەر ! ناپاك بولدۇم. بۇ پاسكىنا يۈزۈم بىلەن سېنىڭ سەممىمىي، پاك يۈزۈڭگە قارىيالمايمەن. غوجالىم مېنى تولىمۇ بوزەك چاغلاپتۇ. ئۇ: «يۈزى تۆكۈلگەن يېزا قىزى نومۇس زورىدىن غوۋغا كۆتۈرەلمەيدۇ...» دەپ خاتا ئويلاپتۇ. راست، مەن بۇلغاندىم، شۇڭا كەتمەكچى. ئەمما، كېتىش ئالدىدا شۇنداق چۇقان كۆتۈرىمەنكى، ئۇ ھايۋاننى باغئېرىق، ياقۇم، پەيزىۋاتلاردىلا ئەمەس، بەلكى راۋاچچى بەگلىكىدە، ھەتتا پۈتۈن يەكەن دىيارىدا باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمەن !... ئۇ ئىپلاس ئەھلى جامائەتنىڭ، يۇرتنىڭ لەنەت - نەپرىتى ۋە قارغىشلىرى ئاستىدا قالسۇن !

خوش، تۆنجى ئىشقىم چېچەكلىرىگە ئاشىنا بولغان قويچى يىگىت !»

— مۇناپىق، توڭگۇز ! — ئاقنىياز غەزەپتىن ۋارقىرىۋەتتى، — نومۇس قىلماي ئۆزىنىڭ قېپىنىسىڭلىسىغا چىقىلغىنىنى قارا، ھۇ ھايۋان !

مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەن ئاقنىياز خەتنى قاتلاملىرى بويىچە بۇرۇنقىدەك تۇمارچە قىلىپ قاتلىدى. ئۇ خەتنى ئۆمەرگە بېرىش - بەرمەسلىك ھەققىدە خېلىلا ئىككىلەندى، ئەمما يەنىلا بېرىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئۆمەر بۇ پاجىئەدىن بەربىر خەۋەر تاپماي قالمايدۇ. لېتىپ نۇجۇرمۇ ئاسىمگۈلنىڭ خېتى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا گەپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرماي بولمايدۇ. ئاسىمگۈلنىڭ خېتىنى ئوقۇپ پۈتۈن تېنى لەرزىگە كەلگەن ئاقنىياز ئەسكەرلەر ياتىقىغا كىرىپ ئۆمەرنى باشلاپ چىقتى. ئۇلار ئاتخانىنىڭ تاختاي پەلەمپىيى بىلەن لاپاس ئۈستىگە چىقتى. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان لاپاسقا تورۇس بىلەن تەڭ پىچان بېسىلغان بولۇپ، ئات باقارلار ھەر كۈنى تېگىشلىك پىچاننى چۈشۈرۈپ تۇرغاچقا، ئۇ يەر - بۇيەرلىرى كونتەكلىشىپ قالغانىدى. ئاقنىياز بىلەن ئۆمەر يۇمشاق پىچاندا يانمۇيان ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە قاراپ غەلىتىلا كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. شۇنداقتىمۇ، ئاقنىياز خېلىغىچە گەپ ئاچالمىدى. ئۆمەر ئاقنىيازنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى.

— ئاقنىياز ئاكا، نەچچە كۈندىن بېرى قاپىقىم تارتىپلا تۇرىدۇ، قانداق گەپ بولسا ئۇدۇللا دەۋەرگىن. مەن بەرداشلىق بېرەلەيمەن.

— ئۆمەر ئۇكا، — ئاقنىياز قولىنى ئۆمەرنىڭ دولىسىغا قويدى، — سەن غەيرەتلىك يىگىت، يەنىلا غەيرەت قىلىپ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال !

— سېنىڭ كۆزلىرىڭ ماڭا قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى دەپ بولدى، ئەمدى چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. «چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەس» دېگەن گەپ بارغۇ؟!

ئاقنىياز ئېغىر تىنغان ھالدا ئاياغ ئۇچىغا باققىنىچە ئاسمگۇلنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغانلىقىنى، ھازىر ياقۇملۇقلارنىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۆمەرگە دەپ بەردى. ئۆمەرنىڭ چىرايى خۇددى تاش ھەيكەلدەك بىر دە قارىداپ، بىر دە كۆكىرىپ، كۆزلىرى نەگىدۇر قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ژاڭاقلىرى لىپىلدايتتى. يۈرىكى گاھ بېغىشىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلىسە، تۇرۇپلا توختاپ قالغاندەك جىمىپ كېتەتتى، يەنە قايتىدىن كۆكرەكلىرىنى يېرىۋەتكۈدەك بولۇپ گۈپۈلدەپ ئۇراتتى.

— ئۆمەر، بۇ خەتنى ياتىقىڭغا كىرىپ ئوقۇغىن، — ئاقنىياز تۇمارچە خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇنى ئاسمگۇل شۇ كېچىسى يېزىپ، لېتىپ نۇجۇرنىڭ ئانىسىغا بېرىپ قويغانىكەن.

ئۆمەر خەتنى گەپ - سۆزسىزلا ئالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار غىچىرلاپ تۇرغان پەلەمپەي ئارقىلىق ھويلىغا چۈشتى. ئاقنىياز ئۆمەرگە سەۋر قىلىش، تەمكىن بولۇش، قىزىققانلىق بىلەن ئىش چىقىرىپ قويماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ياتىقىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

بۈگۈن ئەسكەرلەر جاھانباغدا ئات مەشقى ۋە باشقا جەڭ مەشىقلىرىنى قىلىۋاتاتتى. ئۆمەر ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندىلا يۈزى قىپقىزىل ئېسىلىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىدى. ئودلىنىكوم شىيائېر ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ: «سەن بۈگۈن ياتاقتا ئارام ئال !» دەپ ئۇنى قالدۇرۇپ قويدى. ئاقنىيازنىڭ ئودلىنىيەسى بۈگۈن گارنىزون ئىچىدە نۆۋەتچى قاراۋۇللۇقنى ئۆتەۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇمۇ ئەتراپىنى چارلاپ يۈرەتتى. ئاقنىياز ئەسكەرلەر ياتىقى، ئىشتاب بىناسى، ئاتخانىلارنى ئارىلاپ

چىقىپ، قاراۋۇللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياتىقىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇراتتى، ئەسكىرى لو دەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن خىلىغىچە سۆزلىيەلمەي قالدى.

— ئودلىنىكوم، دوكلات... ئۆمەر توسقىنىمىزغا قارىماي، دەرۋازىدىن ئاتلىق قېچىپ چىقىپ كەتتى.

— ھەرقايسىڭ ئىشەك باقتىڭمۇ؟! — ئاقنىياز غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ئۇ قورالىنى ئاپتۇمۇ؟!

— مۇرىسىدە گېرمانكا مىلتىقى بار.

— ئەمدى ئىزۋوت كوماندىرى لۇ چۇگيىڭغا، كومروت لۇ كۇنجۇڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

— بىزمۇ ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە قوغلاپ باردۇق، لېكىن يېتىشەلمىدۇق.

ئاقنىياز بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. قاراۋۇللارنىڭ بۇيرۇق قىلغاندا توختىمىغان، بويسۇنمىغان ھەرقانداق ئادەمنى، ھەتتا ئۇ ھەربىي ئەمەلدار بولغان تەقدىردىمۇ ئېتىش ھوقۇقى بار ئىدى. لېكىن، لو دەن ئوق چىقىرالمىغان، چۈنكى ئارىتاشتىكى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئۆمەر يوتىسى ئېغىر يارىلانغان لو دەننى جەسەتلەر ئارىسىدىن ئاچىقىپ، ئۇنى يۇدۇگىنىچە ئىشتابقا ئەكەلگەنىدى. بۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل يىگىت يەنىلا ئاشۇ ساخاۋەتنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بىراق، لۇ كۇنجۇڭ ئۇنىڭ ئوق چىقارمىغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى ئېتىۋېتىشتىن يانمايتتى.

— سەن بىلەن قاراۋۇللۇقتا بىللە تۇرغان قۇربانىياز ئىككىڭلار تەڭلا ئوق چىقاردىڭلار، لېكىن تەگمىدى، شۇنداقمۇ؟...

— يا... ھە، ھە... شۇنداق، شۇنداق، — گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن لو دەن ياتاقتىن قاڭقىغان توپتەك چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ھايال ئۆتمەيلا دەرۋازا ئالدىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. ئاڭغىچە ئاقنىياز ئاتخانىغا كىرىپ ئېتىنى ناھايىتى چاپسان توقۇپ چىقتى، مىلتىق، قىلىچلىرىنى

ئاستى ـ دە، دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، لو دەن بىلەن قوربانىيازغا:

— كومروت لۈ كۈنجۈڭغا، ئىزۋوت كوماندىرى لى جۈڭيىڭغا مېنى: «ئۆمەرنى قوغلاپ كەتتى» دەپ قويۇڭلار ! — دېدى ـ دە، ئېتىغا زەرب بىلەن قامچا سالدى.

بۇ چاغدا ئۆمەر قىپقىزىل قاغا جىگدىلىرى مەرۋايىتتەك ئېسىلىپ كەتكەن چاتقاللىق ھەم توپىلاڭ يوللاردا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئېتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ، قۇيۇندەك چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. قوشۇمىسىغا يىغىلغان توم قاشلىرى خۇددى ئەجەل سايىسىدەك قاپقارا، سۇرلۇك ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان كۆكۈچ كالپۇكلىرى ھىم يۇمۇلغان بولۇپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلايتتى:

— ئاسىمگۈل، ئاھ ئاق كۆڭۈل ئاسىمگۈل ! سەن يەنىلا ساددىلىق قىپسەن. غوجالىمدەك قاباھەتلىك مەلئۇنلارنى قارغاپ ئۆلتۈرەلەيتتىڭمۇ؟ ئۇلار ئەل ـ جامائەتنىڭ قارغىشلىرىدىن قورقۇپ كېتەتتىمۇ؟ ياق ! ئۇلارنى پەقەت بىر پاي ئوقلا جەھەننەمگە ئۇزىتالايدۇ... بىلەمسەن، غوجالىم، كىچىك ئاچاڭ سالامەتخانلار ئەمدى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان لەنىتىلەر ! ئۇلارنىڭ لەختە ـ لەختە، چىلىق ـ چىلىق قانغا چىلىشىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگىنىمدىلا، ئاندىن ساڭا: «قويچى قىز ئاسىمگۈل، خاتىرجەم يات، جايىڭ جەننەتتە بولسۇن ! ...» دېيەلەيمەن.

ئۆمەر كەنتكە كىرىش بىلەنلا ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقاردى. كىشىلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. بىرمۇنچە كىچىك بالا، يېزا ياشلىرى توپا ـ توزانلارنى پۇرقىرىتىپ يۈگۈرۈپ غوجالىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئېغىشتى. ئۆمەر ئېتىنى دىۋىتىپ بىرنەچچە قەدەمدە بىر قېتىم مىلتىق زاتورىنى شاراقلىتىپ «گۇم، گۇم» قىلىپ ئوق چىقىرىپ ماڭاتتى. ئۇ غوجالىم ئەللىكبېشىنىڭ دەرۋازىسىنى مىلتىق

پايىنىكىدە ئۆرۈپ ئاچقاندىن كېيىن ئات بىلەنلا هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغان بىر توپ ياشلار ۋە باللار ھەر قېتىم مىلتىق ئېتىلغاندا، باشلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى ياكى تام تۈۋىگە قاراپ قاچاتتى.

— غوجالىم، چىق بۇياققا ! — ۋارقىرىدى ئۆمەر بىر قولىدا مىلتىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئەگەر چىقمايدىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە ئوت قويۇۋېتىمەن !

ئۆمەر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى، دېرىزىنىڭ ئەينەك، راملىرى پارچىلىنىپ چۈشتى. شۇ چاغدىلا غوجالىم ئۆيدىن ئۆمىلەپ چىقتى ۋە ئاتنىڭ ئالدىدا تىزلاندى:

— جېنىم ئۇكام ئۆمەر ! ...

— ئىپلاس ! — ئۆمەر گۈملا قىلىپ ئېتىۋىدى، غوجالىمنىڭ چوققىسىغا قوندۇرۇۋالغان دوپپىسى ئۇچۇپ كەتتى، — كىم سېنىڭ ئۇكاڭ ئىكەن؟!

— ئۆمىراخۇن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن، — غوجالىمنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياش، بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان پوتلىلار ئىڭىكىنى بويلاپ سارقىۋاتاتتى، — مەن يوق يەپتىمەن... مەن ئازدىم...

— يېتىم - يېسىر، ئىگە - چاقىسىز، ياۋاش - ئاجىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلساڭ، ئىگىسى يوق، سورىقى يوق جاھانمىكەن بۇ؟... — ئۆمەر بىر تىزىق ئوقنى مىلتىققا قارسلا قىلىپ سالدى - دە، گۈم - گۈم قىلىپ ئېتىشقا باشلىدى، غوجالىمنىڭ ئىككى يېنىدىن توپىلار پۇرقىراپ ئۇچۇپ چىقتى. بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ئادەملەر ۋارقىراشقىنىچە هويلىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا قاراپ قاچتى. غوجالىممۇ قورققىنىدىن ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى.

— ۋايجان ! ... — غوجالىم توپىغا پۇچىلاندى، — ماڭا رەھىم قىل، مەن توۋا قىلدىم... مىڭ توۋا، ئونمىڭ توۋا !...

— سەن جاھاننى تووۇنغا توشقۇزۇۋەتسەڭمۇ، ئاسىمگۇل ئەمدى تىرىلىپ قايتىپ كەلمەيدۇ، مەنمۇ قېنىڭنى تۆكۈپ قىساس ئېلىشتىن يانمايمەن!

— جېنىم ئۆمىراخۇن، — غوجالىمنىڭ يۈزى پانتاق بولۇپ كەتكەنىدى، — ئاسىمگۇل: «مېنىڭ قاتىللىرىم زىناخور غوجالىم، مېنى بىر بىلەزۈككە سېتىۋەتكەن ئاچام سالامەتخان» دەپ پۈتۈن راۋاچچىنى ئەچچە ئايلىنىپ، مەسچىت، مەكتەپ، مەھەللىلەردە ۋارقىراپ، چۇقان كۆتۈرۈپ مېنى نومۇستىن ئۆلتۈردى. شۇمۇ يەتمەمدۇ؟

— ياق! — ئۆمەر زاتورنى قايرىدى، — سېنى لەختە - لەختە قان ئىچىگە چىلاپ قويىمەن. شۇ چاغدىلا ئاسىمگۇل ئۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياتىدۇ. ئېيتە قېنى، باشتا نەرىڭگە ئاتاي؟ تاز كاللاڭنى بەش پارە قىلىۋېتەيمۇ ياكى يۈرىكىڭنى تىتىۋېتەيمۇ؟

ئۆمەر مىلتىقنىڭ قاپقارا ئەجەل تۆشۈكىنى غوجالىمنىڭ مېڭىسىگە توغرىلىدى. غوجالىم چىرقىرىغىنىچە باغ تەرەپكە قاراپ قاچتى ۋە گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتلىشىپ يىقىلىپ، يىقىلغان يېرىدىن يەنە ئۆمىلەپ قوپۇپ باغنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى. ئۆمەرمۇ ئېتىنى بىر كىچىك بالىغا تۇتقۇزدى - دە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كىردى.

— زىناخور غوجالىم، ئاچ كۆز جالاپ سالامەتخان! بۈگۈن ئىككىڭلارنىڭ قېنىنى ئىچىمەن!

باغنىڭ تېمىغا ئىككى قېتىم يامىشىپ چىققالمىغان غوجالىم تامغا ئۈچىنچى قېتىم ئەمدىلا ياماشقانىدى، گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يوتىسىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ غەلىتىلا ھۆركىرەپ، تامدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ يەردە ئۆلتۈرۈپ قالدى. ئۇ ئىككى قولىدا يوتىسىنى چىڭ قامالىغىنىچە تاماشا كۆرۈۋاتقان ئالىماندىن مەدەت تىلىدى:

— جامائەت، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ... بىر ئارا تۇرساڭلارچۇ؟!

— سېنى قۇتقۇزىدىغانلارنىڭ جېنى ئون بولسا قېتى مەيدانغا چۈشسۇن !

ئۆمەر ئىككىنچى قېتىمدا غوجالىمنىڭ بىلىكىگە قارىتىپ ئاتقانىدى، ئوق ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تېشىپ ئۆتتى - يۇ، بىلىكىنى زەخىملەندۈرمىدى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان غوجالىم ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئاخىرقى قېتىم يەنە يېلىندى:

— ئۆمەراخۇن، مەن ئۆي، جاي، باغىبارانىڭ، مال - دۇنيالىرىمنى، زادى نېمىنى تەلەپ قىلساڭ، شۇنى بېرەي...

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ؟ مەن پەقەت سېنىڭ جېنىڭنى، ئىت جېنىڭنىلا تەلەپ قىلىمەن.

ئۆمەر مىلتىقىنى غوجالىمنىڭ نەق يۈرىكىگە توغرىلىدى. باغ ئىچى گۆرستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن بولۇپ، توپلاشقانلارنىڭ تىنغىنىمۇ ئاڭلانماي قالدى. ئۆمەرنىڭ بىگىز بارمىقى زامۇكنى ئاستا - ئاستا بېسىۋاتاتتى. مىلتىق گۇم قىلىپ ئېتىلدى، ئەمما ئوق هاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى، چۈنكى ئاقنىياز يېتىپ كېلىپ مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىغا ئۇرۇۋەتكەنىدى.

— ئاقنىياز ئاكا، سەن؟...

— بولدى قىل ! قاراپ باقە قېنى؟

ئۆمەر قايتىلاپ قارىغىنىدا، ئون ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل غوجالىمنى قۇچاقلىۋالغانىدى. بۇ ئەسنادا باغقا بىر چوكان ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىردى:

— ۋاي خۇدايىم، سالامەتخان ئۆلۈپتۇ ! ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتىكەن، بوينى سۇنغان چېغى...

— ئۆگزىگە يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن چىققان بولغىيدى؟ — دېدى كىمدۇر بىرى.

— مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆگزىگە قېچىپ چىقىپتۇ، ئاندىن ئۇ تەرەپتىكى ئۆگزىگە قاراپ سەكرەپتىكەن، ئارىلىقتىكى

لاي ئويمانغا بېشىچە چۈشۈپ كېتىپتۇ...

— خۇدايىم يامانلارنىڭ جاجىسىنى ئاشۇنداق بېرىدۇ، — دېدى ئابايىقى ئادەم ساقىلىنى سىيپاپ، — ئاسىمگۈل ئەجەب يېقىشلىق، شەرم ـ ھايالىق بولغانىدى، ئەجەبمۇ ياش كەتتى...

ئاقنىياز ئۆمەرنى ئالدىغا سېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار ياقۇم، باغئېرىقلاردىن ئۆتۈپ، چەكسىز كەتكەن شاللىقلارغا يېتىپ كەلگۈچە گەپ قىلىشمىدى. پەقەت ئاگان ـ ئاگاندا ئاتنى «چۇھ» دېگەن ئاۋاز ياكى قامچىنىڭ «شىپ» قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئۆمەرنىڭ يۈزىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، ئاقنىيازنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، بالىلىقىدىن تارتىپ بىللە قوي بېقىپ، جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، يېتىمچىلىكتە بىللە چوڭ بولغان بۇ بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ مۇھەببىتى دەسلەپىدە بالىلىق دوستلۇقتىن باشلانغان غۇبارسىز، چىن سۆيگۈ ئىدى. ئەمما، ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان يەرلىك خاقانلار زومىگەرلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى پايخان قىلىۋەتكەنىدى. بۇ كۆلپەتلىك ئايرىلىش بولۇپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە ئەرزىيتتى. شۇڭا، ئاقنىياز ئۆمەرنى ئەيىبلىمەكچى بولغان نىيىتىدىن يانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بەزى گەپلەرنى ئەسكەرتىپ قويمىسا، لودەن بىلەن ئۆزىنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئۆمەر، سەن قېچىپ چىققاندا، — ئاقنىياز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى، — لو دەن بىلەن قۇربانىياز ئارقاڭدىن ئىككى پاي ئوق ئاتتىغۇ دەيمەن؟

— ئاقنىيازكا، خاتىرجەم بولۇڭ! مەن ئۇلارنى ھەرگىز جازاغا قويمايمەن.

— ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سېنىڭ ياخشى بۇرادەرلىرىڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلا بولىدى.

— ئاقنىيازكا، مېنى باغلاپ قويۇڭ! شۇنداق قىلسىڭىز، ھەربىي تۈزۈم بويىچە ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

— ئەسلىدە شەھەرگە كىرىش ئالدىدا شۇنداق قىلاي دېگەنىدىم، — ئاقنىياز يەرگە چۈشۈپ ئېگەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئارغامچىنى ئالدى، ئاڭغىچە ئۆمەرمۇ ئاتتىن سەكرىدى، — تاسادىپىي لۇ كۇنجۇڭ ئارقىمىزدىن ئادەم ئەۋەتىپ قالغۇدەك بولسا ئۇلگۇرەلمەي قالمايلى.

ئاقنىياز ئۆمەرنى چەمبەرچاس باغلىغاندىن كېيىن ئاتقا يۆلەپ چىقاردى. بىرەر يەرلىرىنىڭ چىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارغامچىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تارتىشتۇرۇپ كۆردى، ئاندىن ئۆمەرنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ قوشقۇن تاسمىسىغا باغلىغاندىن كېيىن يولغا چىقىشتى.

— ئاقنىيازكا، بىز بىر ئىشنى سەل چالا قىلغاندەك تۇرىمىز.

— قانداق دەيسەن؟

— ئاسمىگۇلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن خېتىنى ماڭا كىم يەتكۈزگەن بولىدۇ؟

— بۇنى يادىمغا سېلىپ ئوبدان قىلدىڭ، — ئاقنىياز قامچىنىڭ دەستىسىدە گەجگىسىنى تاتىلىدى، — لۇ كۇنجۇڭ مېنىڭدىن گۇمان قىلغىلى ئارانلا تۇرىدۇ. شۇڭا، لىبتىپ نۇجۇر يەتكۈزدى دېسەڭ قانداق؟ قالغان ئىشلارنى مەن توغرىلايمەن.

— بولىدۇ.

بۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر توپ ئاتلىق ئەسكەر توپا - توزان كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆمەرنى تۇتۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. تۆمۈر ئېغىزدۇرۇقلىرىنى كاراسلىتىپ چاپناپ كېلىۋاتقان ھەربىي ئاتلار بىرەر قاچقۇنى تۇتۇش ياكى جەڭگە كىرىش پەيتلىرىدە جىددىيلىشىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەي، چاپچىپ ھەم پۇشقۇرۇپ، قومۇش

قولاقلىرىنى شىڭتايتىپ، ھازىرقىدەك جانلىنىپ كېتەتتى. يېتىپ كەلگەنلەر ئات ئۈستىدە چىرماپ باغلانغان ئۆمەرنى كۆرۈپ لاسىدە بولۇپ قېلىشتى. چۈنكى، بۇنداق ھەربىكەتلەر ئەسكەرلەر ئۈچۈن جانلىق ۋە ئەمەلىي مەشىق بولۇپ، بەزىلىرى مۇنداق ئىشلارنى خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى دەپ بىلىشەتتى.

— ئودلىنىكوم ئاقنىياز، — دېدى ئاتتا سىڭارىيان ئولتۇرغان جۇڭ شۆلياڭ ئىسىملىك بىر يىگىت، — بۇ قېتىم قاچقۇن ئەسكەرنى تۇتۇپ كېلىپ بىر خىزمەت كۆرسەتتىڭ - دە! لۇ كۇنجۇڭ كومروتنىڭ جادۇلىرىمۇ قائىسراپ قالغاندى.

— بۇرادەرلەر، ئۇ قاچقان، لېكىن قاچقۇن ئەسكەر ئەمەس! — ئاقنىياز قامچىسىنى شىلتىدى، — ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن راۋاچچى بەگلىكىگە بارغانلىقىنى ھەم ئۇ يەردە جودا كۆتۈرگەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىسىلەر.

— ئۇنىڭغا تولا چاپان يايمىساڭ قانداق! — دېدى جۇڭ شۆلياڭ دىمىقىدا خىڭىلداپ، — بۇ گېپىڭگە كومروتمۇ بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ.

جۇڭ شۆلياڭ ياغاق يۈز، قىزىل بۇرۇن، بىر كۆزى جىرتاق، يىگىرمە توققۇز ياشلارغا كىرگەن، ئېگىز، ئورۇق يىگىت بولۇپ، لۇ كۇنجۇڭنىڭ چاپارمەنلىرىدىن ئىدى. ئورۇش، چېپىش، ئېسىش، ئۆلتۈرۈش دېسە، ئۇنىڭ جېنى ياشىرىپ كېتەتتى. تېخى ئۇنىڭ ياتاق، ئاشخانا، مەشىق مەيدانلىرىدا بولۇۋاتقان گەپلەرنى تىڭشىغلاپ، ئەسكەرلەرنى يۇقىرىغا چاقىدىغان ھۈنىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاقىدىغان بىرەر گەپ ياكى ئىش تاپالمىغاندا، باشلىقلارنىڭ بۆلۈملىرىگە «پالانى - پالانى ئەسكەرلەر ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشتى» دەپمۇ مەلۇم قىلىپ كىرەتتى. بۈگۈن ئاقنىيازنىڭ ئۆمەرنى باغلاپ تۇتۇپ كېلىشى ھەم ئۇنى ئاقلىشى جۇڭ شۆلياڭنىڭ ئادەم قىيناپ ھۇزۇرلىنىدىغان خۇمارىغا بەرھەم بەرگەندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئاقنىياز «ئاناڭنى! ...» دېگىنىچە بوينىنى تولغاپ ئېتىغا قامچا سالدى.

ئاقىنيازنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى — گارنىزونغا كىرەر ـ كىرمەيلا لۇ كۇنجۇڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئىدى. ئەگەر شۇنداقلا بولسا ئۇ ئۆمەردىن كونا ئۆچىنى ئالماي قويمايتتى. ئۆمەرنىڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ كىرىپ، خوڭ يادۇڭغا داد ئېيتقان ئىشى هازىرغىچە ئۇنىڭ قارا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

ئۆمەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر گارنىزونغا كىرگەندە، كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. ئاتلارنىڭ تاپۇر ـ تۇپۇر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان لۇ كۇنجۇڭ قاياقتىندۇر پەيدا بولدى. ئەمما، ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا يېتىپ كەلگەن لو دەنمۇ ئاقنىيازغا چاس بېرىپ دوكلات قىلدى:

— دوكلات! پولكوۋنىك خوڭ يادۇڭ: «ئۆمەرنى تۇتۇپ كەلگەن هامان مېنىڭ يېنىمغا ئەكىرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى.

— نېمە؟ — لۇ كۇنجۇڭنىڭ كۆتمەك قاشلىرى سەكرىدى، — خوڭ پولكوۋنىك راستتىنلا شۇنداق دېدىمۇ؟ ئۇ ئۆمەرنىڭ قاچقانلىقىدىن قانداق خەۋەر تېپىپتۇ؟

— دوكلات، كومروت! ئۆمەر قاچقاندا، قاراۋۇللار ئىككى پاي ئوق چىقارغانىدۇق، خوڭ پولكوۋنىك ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپلا، شۇنداق دېگەن. ئۇ چاغدا سىز جاهانباغدا ئەسكەرلەرنى مەشىقىقە سېلىۋاتاتتىڭىز.

— بولدى، بولدى، نېمانداق قۇمدەك گەپ قىلىدىغان نېمە سەن؟ — لۇ كۇنجۇڭ ئاياغ ئاستىغا شالاقىدە تۈكۈردى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. بۇ ئەسنادا خوڭ يادۇڭنىڭ ئېگىز قامەتلىك گەۋدىسىمۇ ئىشخانا پەلەمپىيى ئۈستىدە كۆرۈندى. ئۇ مايسا رەڭ ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، قاپقارا چاچلىرى كەينىگە تارالغانىدى. خوڭ يادۇڭ سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىپ، باغلاقلىق ئۆمەرگە مىختەك قادالدى:

— سېنى ئوقۇغان، خېلى بىلىملىك بالا ئىكەن دېسەم،

ئۆمىدىمنى ئەجەب يەردە قويدۇڭا ! ...
— دوكلات، پولكوۋنىك ! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئېغىر كۈن سىزگە كەلسە، سىزمۇ شۇنداق قىلغان بولار ئىدىڭىز.
— پاھ، يوغان گەپ قىلىشقىلا تۆرەلگەن بالىمۇ سەن؟ — خۇڭ پولكوۋنىكنىڭ قاشلىرى يىمىرىلدى، — مېنى ئۆتكەنكىدەك يەنە كەچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئويلاپ قالما. مېڭىڭلار، ئۇنى ئىشخانامغا ئەكىرىڭلار.
خۇڭ يادۇڭ ئارقىدا قېلىپ ئاقنىياز بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ بىر ئاز ھايال بولغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ ئۆمەرنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىككى ئەسكەرگە: «ئۇنى يېشىۋېتىڭلار !» دېگەندىن كېيىن ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئىككى ئەسكەرگە قاراپ، چىقىپ كېتىش ئىشارىسى قىلدى. خۇڭ يادۇڭ ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا تىككىدە تۇرغان ئۆمەرگە خېلى تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىنلا، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.
— قاراۋۇللار سېنى قاچتى دېگەندە غەزىپىمنى باسالماي قالغانىدىم، — خۇڭ يادۇڭ گېلىنى قىرىپ قويدى، — بىراق سېنىڭ قىز دوستۇڭنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆزۈڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، پولكوۋنىك !
— ئەمما، ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزغانلىقىڭغا ئىقرارمۇ سەن؟
— ئىقرارمەن، ھەرقانداق جازاغا تەييارمەن !
— ياخشى، ياخشى. ئەسكەر دېگەن مانا شۇنداق جىگەرلىك بولۇشى كېرەك ! — خۇڭ پولكوۋنىك ئۆمەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ گەپ قىلماقتا ئىدى، — سەن ھېلىقى ئەبلەخنى تۆت - بەش قېتىم ئېتىپ، ياردار قىپسەنۇ، بىراق جان يېرىگە تەگكۈزەلمەپسەن. دەپ باققىنا، قارىغا ئالالمىدىڭمۇ ياكى قورقتۇڭمۇ؟ ئىچىڭ ئاغرىپ قالدىمۇيا؟

— دوكلات، پولكوۋنىك ! قارىغا ئالالمىغان گەپ ئەمەس، — دېدى ئۆمەر ھۆرمەت بىلەن، — قورقۇنچاق ئادەم ئاللانىڭ ئەڭ ناباب بەندىسىدۇر. دۈشمىنىگە ئىچ ئاغرىتمىش بولسا ئۆز ئۆلۈمىنى چىللىغانلىق بىلەن باراۋەر. پەقەت ئۇنى قىيناپ ـ ئازابلاپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغانىدىم، خالاس !

— يارايسەن يىگىت ! ئەر كىشىدە ئەر كىشىنىڭكىدەك يۈرەك بولۇشى كېرەك ! — خۇڭ يادۇڭ ئالىقىنىنى قىلىچتەك قىلىپ ئوينىتتى، — بۇ قېتىم ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۇن كۈنلۈك قاماق جازاسى بېرىمەن، گارنىزون جازا بۆلۈمىگە بېرىپ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل.

— خوپ ! ...

## سەككىزىنچى باب

# قوشراپقا سەپەر

ئون كۈنلۈك جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ چىققان ئۆمەر ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي، كۈنلىرىنى بىر ئۈندە، بىر تۈندە ئۆتكۈزدى. ئاسىمگۈل ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. ئون كۈنلۈك سولاق جەريانىدىمۇ ئۇ قاراڭغۇ كامېردا تورۇسقا بىر قارىغانچە قاچانلاردا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ تاماق توشۇغۇچى قېرى ئەسكەرنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي ياتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن شىڭلۇجى جاڭگاللىقى، مەرىشىۋاتقان قوي - ئۆچكىلەر، قېرى توغراقتىكى پىنھان «ھۇجرا»، قۇمغا كۆمگەن كاۋا، توخۇ، كەپتەرلەر، بايلارنىڭ تۈگۈلۈكلىرىدىن ئوغرىلاپ يېگەن نېمەتلەر، يۈزىگە كاۋا سۈۋىيۈەتكەن تولىمۇ ئوماق سەھرا قىزى... جىگەرلىك، ئاق كۆڭۈل قويچى بالا يۈسۈپ... قىسقىسى، ھەممە - ھەممە ئىش بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. ۋادەرىخ! ئەجەب كۆڭۈللۈك چاغلار ئىكەن ئۇ! ... مېيىپ زىياخاننى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي نىكاھ قىلىپ قويۇشقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى ئۆمەرنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس گۈل - چېچەكلەرنى چېكىپ ئۆتۈپتۇ. «مەن سېنى ئاكا دېسەمغۇ بولار؟»، «ئاچامنىڭ خورلۇقلىرىدىن كۆرە سېنىڭ تايىقىڭنى خالايمەن»، «سەن قويچىغا ئوخشايسەن...» دېگەندەك بالىلىق ئىلتىجالىرى، «ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن يەكەن دەرياسىغا ئۆزۈمنى تاشلايمەن»، «ئەپەندى دېگەنمۇ قېلىن بولىدىكەن، مانتا شوپۇلاپ

يۇرمەڭلار يەنە دېمەمدۇ...»، «بىر ـ بىرىمىزنى سېغىنغاندا، ئىككى بارمىقىمىزنى لەۋلىرىمىزگە باساق... ھېلىقى نازۇك شېرىن ھالەت تەكرارلىنىدۇ...» ـــ مانا بۇلار رەسىدىلىك بوستانلىرىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ئاسىمگۈلنىڭ تىلەكلىرى، ئىدالىرى ئىدى. شۇنداق، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ۋە خۇلقى، كۈلۈشلىرىدىن كۆز بېقىشلىرىغىچە، نازلىق سۆيۈشلىرىدىن دومسىيىشلىرىغىچە... ھەممە ـ ھەممىسى ئۆمەرنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدىن بىر يورۇق يۇلتۇز كۆچكەندەك، كۆڭۈل بېغىدىن بىر ناتىۋان قۇش ئۇچۇپ كەتكەندەك بولۇپ، يۈرەك قەسرى قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنىڭغا ھەممە نېمە مەنىسىزدەك، ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ئاۋارىچىلىكتەك تۇيۇلماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسكەرلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان كۇسۇر ـ كۇسۇرلارغا قۇلاق ياپتى، ئەپقاچتى گەپلەر بىلەنمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئەسكەرلەر ئىچىدە دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى ئورۇشتىكى مەغلۇبىيەتلىرى، كوممۇنىستلار بارغانسېرى زورىيىپ، ئازاد رايونلارنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقى، ئىلى ئۇچ ۋىلايەت ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنى ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقى، ھازىر تاشقورغاندىمۇ پارتىزانلارنىڭ قايتىدىن ئۇيۇشۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرەتتى. تېخى بۇلار ئاز كەلگەندەك، نەچچە كۈندىن بېرى: كوممۇنىست باندىتلىرى ياكى ئىلى ئوغرىلىرى بولسۇن، قايسىسىلا بۇ يەرلەرگە كەلسە، گومىنداڭغا ئەسكەر بولدۇڭ دەپ، ئاتىدۇ، چاپىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، ئاسىدۇ... دېگەندەك قورقۇنچلۇق گەپلەرمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەسكەرلىكتىن قېچىش دولقۇنى يەنە كۆتۈرۈلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، كورلا، توقسۇنلاردىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئۆز يۇرتىغا قاچسا سۇسىز چۆللەردىن چىقالماي بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، يەكەننىڭ كاچۇڭ، چىمدۇ، كەندىلىك،

قىزىلقىر قاتارلىق تاغلىق يۇرتلىرىغا بېرىپ يوشۇرۇندى. يەنە بەزىلىرى تاشقورغاندا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، گومىنداڭنى ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئىچىدە ۋەھىمە تارقىتىپ، ئۇلارنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بۇنداق خەۋەرلەرنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنغان بولسىمۇ، گومىنداڭ باش قوماندانلىق ئىشتابى بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. لېكىن، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، بۇ خەۋەرلەرنىڭ خۇڭ يادۇڭ پولكىنىڭ خەنزۇ ئەسكەرلەر ئۇچىنچى روتىسىدىن چىقىۋاتقانلىقى دائىرىلەرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇچىنچى روتا ئەسكەرلىرى خېلىلا كۆپىيىپ قالغانىدى. چۈنكى، پولكوۋنىك خۇڭ يادۇڭ «قەشقەر ھەربىي رايونىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن»، «خوتەن پولكىدىن، ئائىلىسى يەكەندە»، «مەكتەپنى قوغداۋاتقان ياردەمچى قىسىمدىن» دېگەندەك تونۇشتۇرۇشلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن، ئەمەلىيەتتە نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان خەنزۇ ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىۋېرىپ، ئۇلارنى ئۇچىنچى روتىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئۇچىنچى روتىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭمۇ ئۇلارنى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلمايلا، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ياتاق، تاماقلىرىنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتى. ھەر خىل تونۇشتۇرۇشلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى خۇڭ يادۇڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇچىنچى روتىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭمۇ خۇددى دۆم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاندەك، ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كوماندىر ئىدى.

ئۆمەر ئۇلۇشكۈن كېچە ئېلىپ بېرىلغان مانېۋىردا جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. بۇنداق مانېۋىر تاغدىمۇ، شەھەردىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پات - پاتلا ئېلىپ بېرىلاتتى. تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە كىملەردۇر كوچا -

كويلاردا مىلتىق، پىلىموت ئېتىپ، گىرانات تاشلاپ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئەتراپتىكى كەنت، بازار، مەھەللىلەردىكى ئاتلار كىشنەپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، توخۇ ـ تۇمانلار قاقاقلىشىپ، ئىتلار قارىقويۇق قاۋىشىپ كېتەتتى. ۋاڭ ـ چۇڭ، ساراسىمىگە تولغان كېچىدە كىملەردۇر «زىۋازى كەلدى !» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋارقىرايتتى. ئاندىن بىر كاناي چېلىنىش بىلەن تەڭ، مەڭدەپ كەتكەن ئەسكەرلەر كۆڭلىكىنى پۇتىغا، ئىشتىنىنى بېشىغا كىيىشىپ، ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كېتەتتى. ئورنىدىن ۋاقتىدا تۇرۇپ تىزىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئەسكەرلەر تاياق يەيتتى. بۇنىڭ ۋەھشىيىتى شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، تاياق يېگۈچى دۇمبا ـ تېپىك، تاسما بەلباغ ۋە تاياقلار زەربىسىدىن يېتىپلا قالاتتى، ھەتتا مېيىپ بولۇپ قالىدىغانلارمۇ بولاتتى. بۇنى «تىرۋوگا» دەپ ئاتىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ مانېۋىر ئىدى. ئودلىنىكوملار كۆڭلى يېقىنلارنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى. ئەمما، دىجورنى ئەسكەرلەر ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياتاقلارنى تەكشۈرۈپ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچ كىيىمىدىن باشقىسىنى سالدۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەن ھامان مانېۋىردىن خەۋىرى بارلار ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيىشىۋېلىپ ياتاتتى.

ئۈلۈشكۈنكى بىر كۈنلۈك ئېغىر مەشىقتىن لايدەك ئېزىلىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئۇخلاۋاتقاندا، «زىۋازى كەلدى !» دېگەن ۋارقىرىغان ئاۋازلار چىقىپ، كېچە بىردىنلا ۋەھىمىگە تولدى. كانايلار چېلىندى، سىرتتا گۈلدۈر ـ گۈپپىڭ قىلىپ گىراناتلار پارتلاپ، ئوقلار ئېتىلدى. گارنىزون ئەتراپى خۇددى قوماچ قورۇغاندەك بولۇپ كەتتى. ياتاقتا بىر توپ ئەسكەر بېسىپ كىرىپ، تېخى كىيىنىپ بولالمىغان يېرىم ـ يالىڭاچ ئەسكەرلەرنى تاياق، قامچا، تاسما بەلباغ، مىلتىق پاينەكلىرىدە ئۇرۇپ كېتىشتى. ئىشتىنى تىزىدا، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىكسىز ئۆمەرنى يەردىن قوپقىلى قويماي، يۇمىلىتىپ يۇرۇپ

خىلىلا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قاناپ، چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئۇرۇۋاتقان ئىككى ئەسكەر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇق، ئېگىز كەلگەن بىرى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۆمەرنى بېشىغا سالماقچى بولۇپ تۇراتتى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بىلىكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— ھەي گۆي، سەن ئۇنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ ئېزىۋەتسەڭ، لو كۇنجۇڭ بىرنېمىسىنى كېسىپ مۇكاپات قىلىپ بوينۇڭغا تۇمارەدەك ئېسىپ قويارمۇ؟

— بۇ... بۇ... دېگەن تېرۋوگا تۇ... تۇزۇمى تۇرسا... كىم ئەزمىلىك قىلسا ئۆزىنىڭ شورى بولمامدۇ؟

تېرۋوگا بولغاچقا، چىراغلار ياندۇرۇلمىغان، ياتاقلار قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆمەر دېرىزىدىن چۈشكەن كۆڭگا يورۇقتا ئابدۇقادىرنى ۋە ئۇنىڭ بىلىكىنى قاماللاپ تۇرغان ئاقنىيازنى پەرق ئېتەلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تاسما بەلباغنى ئىككى قاتلاپ تۇتۇۋالغان نىزام پاكارمۇ تۇراتتى.

شۇ كۈنى تېرۋوگا ئاياغلاشقان ھامان لو كۇنجۇڭنىڭ كانۋېيى رېشىت كۆك كۆز ئابدۇقادىر بىلەن نىزام پاكارنى چەتكە تارتىپ زەردە بىلەن پىچىرلىدى:

— ئاشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى لو كومىروتقا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟

— ئاقنىياز دېگەن نېمە قاياقتىن پەيدا بولدى، مىلتىقنى تۇتۇۋالدى، ئۇ تېخى لو كومىروتنىمۇ قوشۇپ تىللىدى.

— يەنە شۇ ئىكەن ـ دە! — رېشىت كۆك كۆز چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — لو كومىروت: «بۇ قېتىم ئۆمەر دېگەن گەپ خالتىسىنىڭ ئەدىپىنى ئېسىدىن كەتمىگۈدەك قىلىپ بېرىڭلار!» دېگەن تۇرسا...

— رېشىت كانۋاي، پۇرسەت دېگەن جىق، — دېدى نىزام پاكار كۈچۈكلىنىپ، لو كومىروت خاتىرجەم بولسۇن، بىر كۈنى

ئۆمەرنىڭ ئەدىپىنى ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگۈدەك قىلىپ بېرىمىز.

— بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىشمىسىلا بولاتتىغۇ، — رېشىت كۆك كۆز ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — هازىر جاۋ خەنچىڭنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەتتى. يەتتىنچى پولك خۇڭ يادۇڭ دېگەن غورا قاپاقتا قالدى.

— ۋوي، چاتاق بوپتۇغۇ؟ — ئابدۇقادىرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — خۇڭ يادۇڭ ئۆمەرگە ئامراقمىشقۇ؟

— ئامراق بولمىسا، ئاتلىق قاچسا، بىر خوتۇننىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولۇپ، بىر ئادەمنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا ئارانلا ئون كۈنلۈك قاماق جازاسى بېرەمدۇ.

— تېخى بىرنەچچە يىغىندا، — دېدى نىزام «چىرتتىمدە» تۈكۈرۈپ، — ئۇ ئۆمەرنى ماختىغان تۇرسا.

— شۇڭا، — رېشىت ئەتراپىغا يەنە قارىدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەرگە ئاشكارا چېقىلىشتىن ساقلىنايلى، بولمىسا ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالىدىغان ئوخشايمىز.

جاۋ خەنچىڭ قەشقەرگە يۆتكىلىپ ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتتى بولغاي، خۇڭ يادۇڭنى يەكەن يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىدىن چاقىرتتى. خۇڭ پولكوۋنىك قائىدە بويىچە ئەمەلدارلىق بەلگە - ئۇنۋانلىرى قادالغان يېشىل رەڭلىك ھەربىي فورمىسى ئۈستىدىن ماش رەڭلىك پەلتوسىنى كىيدى. بولۇپمۇ، قاسقانلىق شەپكىسى ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك قىلىپ كۆرسەتتەتتى. خۇڭ يادۇڭ قولاق ئەتراپىدىكى چاچلىرىنى شەپكە ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرغاندىن كېيىن ئەينەككە بىر قارىۋېتىپ سىرتقا چىقتى. نويابىر ئېيى كىرىپ قالغاچقا، هاۋا سوۋۇپ قالغانىدى. كونىشەھەر گازارمىسى ئىچىدىكى ۋە سېپىل سىرتىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى يوپۇرماقلىرىنى تاشلاپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان، لېكىن ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە چوقچىيىپ تۇرغان توغراقلار بولسا يەنىلا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. كېچىنىڭ سوغۇقىدا قىزىرىپ كەتكەن ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى كەچكى

گۆگۈمدا ئوتقاشتەك كۆرۈنەتتى. خۇڭ پولكوۋنىك: «ياڭ قوماندان بىكارغا چاقىرمايدۇ، كەچ كۈز بولغاندا بىرەر ۋەزىپە بار ئوخشىمامدۇ؟» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ، قوماندانلىق ئىشتابقا قەدەم ئالدى. ئۇ قارا بۇلغار مىخلانغان ئىشىكنىڭ قوڭغۇراق يىپىنى تارتىپ، ئىچىدىن ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى. ئىشخانا كەڭ، ئازادە بولۇپ، تامدا جياڭ جيېشىنىڭ گېنېراللىسىمۇسلۇق فورمىسىنى كىيگەن سۈرىتى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۆلەت بايرىقى بىلەن گومىنداڭ پارتىيە بايرىقى قادالغانىدى. ئېگىز، ئات يۈزلۈك، تاقىر باش، ئورۇقلۇقىدىن كىيىۋالغان ھەيۋەتلىك ھەربىي فورمىسى خۇددى قوزۇققا ئېسىپ قويغاندەك سېلىنىپ تۇرغان، چار قىرقىم بۇرۇتلۇق قوماندان ياڭ لېدى ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇڭ يادۇڭغا قولىنى سۇندى. ئۇنىڭ: «ھە، خۇڭ بۇرادەر، تېنىڭ ساقتۇ؟» دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇلار تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ياشلىرى ئەللىكتىن ھالقىغاندەك قىلاتتى. بىراق، ئەمەلنىڭ ھۆرمىتى بولسا كېرەك، ياڭ لېدى «سەن» لەپ سۆزلىسە، خۇڭ يادۇڭ «سىز» لەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇلار ئالدىغا پاكارغىنا چاي شىرەسى قويۇلغان خورما رەڭ دىۋاندا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. ئارىلىقتا بېشىدىكى ئىسپانكىسىنى يانتۇراق قوندۇرۇۋالغان، دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن، ھەربىيچە كوپتىسى ئۈستىدىن تاسما بەلباغ باغلىغان، ئەرەنچە ئىشتىنى يارىشىپ كەلگەن ھەربىي چوكان پەتنۇستا ئىككى ئىستاكان چاي ئەكىرىپ شىرەگە قويدى. ياڭ لېدى كىرگەن سەتەڭ چوكان بەللىرىنى تولغاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— تاغ تۇرالاردا قوغلاشما جەڭ قىلغانغىمۇ بىر يىل بولۇپ قالاي دەپتۇ، راسا زېرىككەنسەن - ھە؟

— ھەربىي دېگەن جەڭگاھنىڭ ئادىمى، ئۇ بىكار قالسا، خۇددى ئىش تاپالماي رەستىلەردە كەتمىنىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان مەدىكارغىلا ئوخشاپ قالىدىكەن.

— سىنىڭ دېمەيدىغان گېپىڭ يوق - دە!

— تەرەببال چاقىرتقىنىڭىزغا قارىغاندا، مۇھىم يوليورۇق بار ئوخشىمامدۇ؟

— سەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان خوتەن پولكىنىڭ پىلىموت روتىسى هازىرغىچە قاغىلىقنىڭ هىندىستان بىلەن بولغان چېگرا ئېغىزى شەيدۇللادا تۇرۇپ ئۇ يەرنى قوغداۋاتىدۇ، — ياڭ لېدى بىر تال تاماكا سۇنغاندى، خۇڭ يادۇڭ ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى، — سىنىڭ مۇشۇ ئىشىڭ ياخشى جۇمۇ، مەن قېرىغانسېرى «خوتۇنغا تۇرامسەن، تاماكىغىمۇ دېسە، تاماكىغا» دېگۇدەك كىرىشىپ كەتتىم دېسە. هە، نېمە دەۋاتاتتىم؟

— «چېگرا ئېغىزى شەيدۇللانى قوغداۋاتىدۇ» دېگەندەك قىلدىڭىز.

— توغرا، توغرا، سىنىڭ زېھنىياتىڭ راۋۇرۇس جۇمۇ. ئەمدى قارا، هەربىي مىزان بويىچە پىلىموت روتىسىنىمۇ ئالماشتۇرۇپ ئۇ يەردىن يۆتكىسەك بولاتتى. بىراق، بۇ روتىدىكىلەرگە شەيدۇللا تاغ ئېغىزىنىڭ تاش - تۇپرىقى، ھەتتا ھەربىر تۇپ ئوت - گىياھىغا قەدەر تونۇش بولۇپ كەتتى. يەنە تېخى يۇقىرىنىڭ «شەيدۇللادىكى چېگرا زاستاۋنى كۈچەيتىشكە بولىدۇكى، ئاجىزلىتىشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقىمۇ بار.

— شۇنداقمۇ؟

— كوممۇنىستلار ۋە ئۇچ ۋىلايەت قاراقچىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىلىرىدىن چۆچۈگەن بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ شۇ يەردىن چەت ئەلگە قېچىش ئېھتىمالى بار.

— هىندىستانغىمۇ؟

— شۇنداق، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىدىن پاناھلىق تىلىمەكچى ياكى ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە ئۆتۈپ كەتمەكچى.

— ئۇنداقتا، ماڭا باشقا ۋەزىپە بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەببەللى، — ياڭ لىبدى تاماكىسىنى كولدانغا بېسىپ، بىر ئوتلام چاي ئىچتى، — سەن بىر روتا ئەسكەرنى قوشراپقا ئەۋەتمىسەڭ بولمىدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قوشراپ قاغىلىق، يەكەن، خوتەن، تاشقورغانلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم تۈگۈن! تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ياكى ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىنىڭ مۇشۇ مۇھىم ئېغىزدىن كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

— قوشراپتا ئەسكەر تۇرغۇزغۇدەك بىرەر كەپمۇ بولمىسا، ئىككى يۈزدىن كۆپ ئەسكەر ۋە ئاتلارنى نەدە تۇرغۇزىمىز؟

— بۇنى ئوبدان سورىدىڭ. سىلەر بۇ قېتىم ئۇ يەرگە گازارما سالغىلى بارىسىلەر، — ياڭ لىبدى شىرەگە چېكىپ قويدى، — گازارما پۇتكۈچە، ئەسكەر ۋە ئاتلارنى قوشراپنىڭ بەگلىرى، مىڭبېشى، يۈزبېگى، تۇتۇق بەگلىرى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بىكار قىلىپ تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

— گازارما سالغىلى.

— شۇنداق، قوماندانلىق ئىشتابىدىن ئادەم بېرىپ سۆزلىشىپ كەلدى. قوشراپنىڭ ئاتامانى توختىبەگ ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرماقچى، — ياڭ لىبدى خوڭ يادۇڭنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — مېنىڭچە، ئۇ يەرگە يەنىلا خوتەن پولكىنىڭ ئىككىنچى روتىسىنى ئەۋەتسەڭ قانداق؟

— لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسىمۇ؟

— شۇنداق، بۇ قېتىم توختىبەگ يەرلىك مىڭبېگى، يۈزبېگى ۋە تۇتۇق بەگلەرنى سەپەرۋەر قىلماقچى. خەلقنى تاش-تۇپراق، ياغاچ، سامان، شېغىل، بورا توشۇتۇپ ھاشارغا سېلىشتا قاتتىق قوللاق قوماندىر بولمىسا بولمايدۇ.

— لېكىن، ئۇ ھەدېسىلا ئادەم ئۆلتۈرۈش كويىدا يۈرىدىغان بىرنېمە تۇرسا؟

— شۇڭا، شۇنىڭ روتىسى بارسۇن دېدىم-دە! گازارما

سېلىشنى ئويۇن چاغلاپ قالدىڭمۇ؟
— ئۇنىڭغا ئەسكەرلەرنىڭ خېلىلا ئۈچمەنلىكى بار. بىرەر ئىش توغۇلۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.
— ماڭىدىغان چېغىدا ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ قوي. شۇنداق بولسۇن!
نېمىگىدۇر ئالدىراپ تۇرغان ياڭ لېدى ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، خۇڭ يادۇڭنىڭ «گېپىم تۈگىمىدى» دېگەندەك قوزغالماي تۇرۇشىغا قاراپ، ئۇ يەنە ئولتۇردى. خۇڭ پولكوۋنىكنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر خاپىغانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ياڭ لېدىغا سىر ئەمەس ئىدى. چۈنكى، خۇڭ يادۇڭ ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن بىر — ئىككى قېتىم ئاغزاكى سۆزلەشكەن ھەم يازما ماتېرىيالمۇ يوللىغانىدى، بىراق ياڭ قوماندانىدىن ئۇ كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك جاۋاب ئالالمىغانىدى. خۇڭ يادۇڭنىڭ ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرۇشىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى.
— جېنىم بۇرادەر، سەن مېنى تەڭلىكتە قويۇپ قىيىنغىنىڭ بىلەن، مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ھازىر دۆلەت، پىرقىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. ئۇلارغىمۇ نېمە ئامال؟
— ئەسكەرلەرمۇ ئادەم، تاش ياكى ياغاچ ئەمەس، ئۇلارغىمۇ تۇرمۇش كېرەك! — خۇڭ يادۇڭ ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — قاچسا قاچتى دەپ جازالىساق، قاچماي ساداقەت كۆرسەتسە تۇرمۇشتىن قىينىساق، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى مېھماندارچىلىققا بېرىپ كۆرپىگە سىيىپ قويغان بالىدەكلا خىجىلچىلىق ئىچىدە قالدىم.
— چىدىغىن، بۇرادەر، چىدىغىن! ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ. ئاڭلىساق، ماۋزېدۇڭمۇ ئەسكەرلىرىنى باقالماي يەنئەندە دېھقانچىلىق قىلدۇراتقانمىش.
— ئەگەر پولكوۋنىك ما يىنفۇ ۋۇخەندە يېتىۋالمىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا پولكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلاتتىم.
— بۇرادەر، ئەمدى ما يىنفۇنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما!

— نېمىشقا؟
— كاللام مۇرەمدە ئۇزاقراق تۇرسۇن دېسەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۇنتۇپ كەت!
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ گەپىڭىز ئوچۇقىنى دەڭ، دۇدمەل گەپلەر بىلەن ئادەمنى قايمۇقتۇرماي.
— سېنىڭ مۇشۇ تەرسا مىجەزىڭنىزە!— ياڭ لېدى ئۇنىڭغا ئېگىشىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى،— سابىق تۆتىنچى پولكنىڭ پولكوۋنىكى ما يىنفۇ ئازادلىق ئارمىيەگە تەسلىم بوپتۇمىش...
— نېمە؟— خۇڭ يادۇڭ چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى،— مەن تېخى ئۇنى قېيىنسىڭلىسىنىڭ تويىدىن كېيىن دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ۋۇخەن گارنىزونىدا قېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.
— نەدىكىنى، ئۇنىڭ توي توغرۇلۇق دېگىنىمۇ ئەسلىدە بىر ھىيلە ئىكەن. ئۇ مەشەدىن كېتىپلا، پىڭ دېخۇەي ئارمىيەسىگە بېرىپ قېتىلغان گەپ.
خۇڭ يادۇڭ قوماندانلىق ئىشتابىتىن ئېغىر ھەم چىگىش خىياللار ئىلكىدە قايتىپ چىقتى. ئۇ نىل رەڭلىك ئاسماندىكى ئاي ئورغىقىغا قاراپ چوڭقۇر تىنىدى. يەكەن دەرياسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان نويابىرنىڭ ئاچچىق شاملى ئۇنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى ھەرىدەك چاقاتتى. خۇڭ يادۇڭ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ئۆرىدەۋېتىپ: «ھەي تەڭرىم! ...» دەپ نالە قىلدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ پىغانى ئۆرلەپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۆرۈك گۈللىگەن چېچەك پەسلى، ئايدىڭ كېچە، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئارقىسىدا ما يىنفۇ بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆھبەت ئۇنىڭ ئېسىگە كەچكەنىدى: «شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتكەندە، قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇقكى، قوشراپ، قاغىلىقنى بېسىۋالغان ئازغىنا پارتىزانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتۇق! ياپونىيە دېگەن ئۇ بىر تاجاۋۇزچى تۇرسا...»،

«ماۋزېدۇڭنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قارا مىلتىق بىلەن
تېرىقتا تايانغان ئاشۇ قوشۇننى تەڭرى ئەمەس، خەلق
قوللاۋاتىدۇ... كوممۇنىستلار خەلققە ھەمقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
مەيلىنى ئۇتۇۋالدى...»، «ئېسىڭدە بولسۇن، لۇ كۇنجۇڭنى
پولكىڭغا ھەرگىز يېقىن يولاتقۇچى بولما! ...»

خۇڭ يادۇڭ يېڭىشەھەر سېپىلى بىلەن كونىشەھەر سېپىلى
ئوتتۇرىسىدىكى «گەيشياڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بازار ئىچى بىلەن
ئاستا مېڭىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. پاكار - پاكار دۇكانلار،
ئاھالىلەرنىڭ ۋەيرانە ئۆيلىرى زىچ جايلاشقان ئالتە - يەتتە يۈز
مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېلىدىغان بۇ بازارنىڭ ئەگرى - بۈگرى
كوچىلىرىدا، رەتسىز، پاسكىنا رەستىلىرىدە توپ - توپ لالما
ئىتلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى. جاھان بۇنداق
مالىمان چاغلاردا كېچىدە يالغۇز يۈرۈش، بولۇپمۇ خۇڭ يادۇڭدەك
ھەربىي ئەمەلدارلار ئۈچۈن تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. خۇڭ يادۇڭ
كانۋېينى بىللە ئېلىۋالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئۇ بازار
رەستىسىدىن تېنى ئەيمەنگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ،
ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ما يىنفۇ ھېچ چىقمايۋاتاتتى.

— ھىم، ما يىنفۇ شۇ چاغلاردىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن
ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىكەن - دە، — پىچىرلىدى خۇڭ يادۇڭ، —
ئۇنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ قىمارغا، ئوغرىلىققا، نەشىگە،
بۇلاڭچىلىققا بېرىلىپ كېتىش سەۋەبلىرى توغرۇلۇق
ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەت ئەمەسمۇ؟...

خۇڭ يادۇڭ گازارمىغا كىرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا يۈرىكى
سىرقىراپ، پۈتۈن تېنى مۇزلىغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ
دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازاننىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگەندەك
بولغانىدى. ما يىنفۇ كەتكەن يەتتە - سەككىز ئايدىن بېرى خۇڭ
يادۇڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم تېلېگرامما ئارقىلىق سۆزلەشتى.
خۇڭ ساۋ ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇنىڭدىن ئىككى قېتىم خەت
ئېلىپ كەلدى. خەتلىرىدە ما يىنفۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت

ئارمىيەسىنىڭ ۋۇخەن قورۇقلۇق قىسمىدا قالغانلىقىنى دېگەنىدى ھەم «يېقىندا قەشقەر، خوتەن، مەكتەپلەردە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن قىسمەن ئەسكەرلەر تونۇشتۇرۇش كۆتۈرۈپ ئالدىڭغا بارىدۇ، سەن ئۇلارنى بىرەر روتاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسەن، ئۇلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم بولىدۇ، بەزىلىرى بولسا يېقىن تونۇشلىرىمنىڭ باللىرى...» دەپ يازغانىدى. ئەگەر ما يىنفۇ «ئۇ» تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ تونۇشتۇرغانلىرى زادى كىملەردۇ؟ ! ۋاي شورۇم قۇرۇسۇن. ئەسكەرلەر ئىچىدە تارقالغان ھېلىقى خەۋەرلەر ئەسلىدە...

ئاخىرىنى ئويلاشقا خۇڭ يادۇڭنىڭ قۇربى يەتمىدى... راستىنى ئېيتقاندا ئۇ قورقتى. ئەمدى بۇ تۇۋاقنى ئېچىشقا ھەرگىز بولمايتتى، يېپىقلىق تۇۋاق، يېپىق پېتى قېلىۋەرسۇن. ھېلىقى خۇڭ ساۋ دېگەن جەينەكتەك يىگىت يەنە كەلسە، ئەمدى ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك... ئۇ چوقۇم... ھە، خەتەرلىك يىگىتتەك قىلىدۇ...

ياڭ لېدىنىڭ ما يىنفۇ ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن تۇيۇقسىز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالغان، جىددىيلەشكەن خۇڭ يادۇڭ دەسلەپتە تاققا ـ تۇققا خىياللارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى ۋە ما يىنفۇنى ئەيىبلىگۈدەك بىرەر سەۋەب تاپالمىدى. ئۇ ئىككىنچى روتىنىڭ كوماندىرى لۇ كۇنجۇڭنى، مۇئاۋىن كوماندىرىنى، ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن ۋاڭ جىڭگوي، لى چۇڭيىڭ، دۇ شىڭسەنلەرنى، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن شيائېر، ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇل، بىر كۆزى جىرتاق، ياغاق يۈز جۇڭ شۆلياڭ قاتارلىقلارنى چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ روتىسىنىڭ گازارما سېلىش ئۈچۈن قوشراپقا ماڭدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرى نېمىدۇر دېيىشىپ، كۇسۇرلىشىپ كېتىشتى.

— بۇ قېتىم قوشراپقا يەنىلا ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى بولۇپ ئاتلىنىمىز، — دېدى خۇڭ يادۇڭ جىددىي تەلەپپۇزدا، —

بىر ئىزۋوت چېگرا ئېغىزلىرىدا نۆۋەتلىشىپ قوغداش ئېلىپ باردۇ. قالغانلىرىمىز يەرلىك خەلق بىلەن بىرلىكتە گازارما سېلىشقا قاتنىشىمىز.

خوڭ يادوڭ يەرلىك خەلقنى ئىشقا سالغاندا، ئۇلارنى ئۇرماسلىق، تىللىماسلىق، خوتۇن - قىزلىرىغا يامان نىيەتتە بولماسلىق ۋە ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق قىلماسلىق ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى. ئۇ گەرچە بۇ گەپلەرنى بارلىق كوماندىرلارغا قارىتىپ دەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، خۇددى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى لو كۇنجۇڭغا ھۆل تاياقتەك تېگىۋاتاتتى.

لو كۇنجۇڭ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، ئىككىنچى روتىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەرنى دەرھال ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەلۋەتتە، ھەربىي بۇيرۇق قانۇندەك شەرتسىز ئورۇنلاشقا تېگىشلىك نەرسە ئىدى. شۇڭا، ئىككىنچى روتىنىڭ ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. بىراق، ئەتە سەھەر قوشراپقا ئاتلىنىمىز دېگەن كېچىسى، كاچۇڭلۇق مۇسا، كېرىيەلىك ۋەلى، قاغىلىقلىق ھوشۇر، كۇچالىق لا فېڭشياڭ مۇھەممەت، ئاقسۇ ئايكۆللۈك مۇھەممەت (مۇ جىڭسەي) قاتارلىقلار يەكەننىڭ كاچۇڭ، ئارتاش قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. چۈنكى، قوشراپقا ئاتلىنىش ۋاقتى بەلگىلىنىپ بولغانىدى.

تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن لو كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسى يولغا چىقتى. ئۇچىسىغا سوخار خالتىسى، ئوقدان، مىلتىق، ئىككى جۈپتىن گىرانات يۈكلەنگەن، قىلىچ تاقىغان، ئېگىرى ئارقىسىغا بەش قىرخام غانجۇغىلانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئاش - ئوزۇق، يەم - خەشەك ۋە ئېغىر قوراللار ئارتىلغان ئاتلارنىڭ ئاچچىق تەرى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. يەكەن دەرياسىنىڭ

ئۇلۇغ تەرىپىدىكى تاقىر تاغلارغا جايلاشقان كاچۇڭنىڭ يەكەن بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاتمىش بەش كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. دەريانىڭ سول قانىتىغا، كۆنپېتىش تەرەپكە جايلاشقان قوشراپ كاچۇڭغا روبىرو بولۇپ، ئۇ يەر كاچۇڭدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. قوشۇن دەريانىڭ ئۇلۇغ تەرىپىدىكى هارۋا، ئۇلاغ يولى بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۆمەر ئاچچىق خىياللار ئىلكىدە يول بويى نەلەرگىدۇر تىكىلگەن هالدا ئۈن ـ تىنسىز كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېنىدا كېتىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چاقچاقلىرىنى ياكى سورىغان سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇراتتى. پەقەت ئاسىمگۈل بىلەن تونۇشقان ئاشۇ يىللار، شىگىلۇجى جاڭگاللىقىدىكى باللىق ئەسلىمىلەر، دارىلئېتامدىكى ئوقۇغۇچىلىق چاغلار، مىللەت باغچىسىدىكى تاتلىق ئۇچرىشىشلار خۇددى باهار ئاسمىنىدىكى تۇرنىلاردەك بىر ـ بىردىن تىزىلىپ ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانلىرىدىن سايراپ ئۆتەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئاشۇ چىمەنلىك باغلىرىنى ئاۋات قىلىدىغان سەهرا قۇشى ئاسىمگۈل كۆز يەتمەس، بارسا كەلمەس تامانغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۆمەر ئۇچۇن هازىر هەممە نېمىنىڭ هېچ مەنىسى يوقتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەسكەرلىكتىن بىزار ئىدى. ئۇنىڭ باللىق چېغىدىن تارتىپ كۆڭلىدە يالقۇنلاپ كەلگەن غايە ئوتى — ئوقۇتقۇچى بولۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى تالىمەجنۇننىڭ پوتلىسىدەك توزۇپ كەتتى. ئاسىمگۈلنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ئۇنى باشقىچىلا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. «دۇنيادا ئۇرۇش بولمايدىغان، كىشىلەر ئەركىن ـ ئەمىن ياشايدىغان زامانلارمۇ بولارمۇ؟»، «قىز ـ يىگىتلەر ئارزۇ ـ ئارمان رىجىلىرىگە يېتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟»، «زورلۇق ـ زومبۇلۇق، زۇلۇم ـ سىتەملەر بولمىغان ئۇ بەختىيار زامانلار نەلەردىدۇ؟» دېگەندەك ئوخشاش خىياللار ئۆمەرنى چىرمىۋېلىپ، ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر، تەمكىن، سالماق هەم خىيالچان قىلىپ قويىۋاتاتتى. ئۇ ئايغى

چىقماس چىگىچ خىياللار ئىلكىدە ئاتلىق مېڭىپ، تۆمشۇقسا راي بىلەن چامسالىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۆن قايرىلىش پەيتىدە كاچۇڭغا يېتىپ كەلگەنلىرىنى سەزمەيلا قالدى. جىددىيلىك ۋە جۇشقۇنلۇقتا ئادەتلىنىپ قالغان جەڭ ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئوك تەرەپكە ــ يەكەن دەرياسىغا قايرىلدى. نويابىرنىڭ باشلىرى بولغاچقا، دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ، كىچىك تارامىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، بەزى يەرلىرى يېيىلىپ ئېقىۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئاياغلىرىنى سېلىپ سۇغا كىرىشتى. ئۇلار قارشى قىرغاقتا ئۆتۈپ بولغۇچە پۇتلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتتى. بەزى يول بىلىدىغان ئەسكەرلەر كەچكى گۇگۇم مانانلىرىغا چۆكۈۋاتقان تاغ تۇرالارغا قاراپ: «قوشراپقا يەنە بىر كىلومېتىر دەك قالدى» دېيىشتى. لېكىن، ئاتلارنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، بۇنى ئۇلارنىڭ قارنىنىڭ تارتىلىپ، ئىككى يېقىنىدا پەيدا بولغان چوڭقۇرلۇقتىن بىلگىلى بولاتتى. ئەسكەرلەرنىڭمۇ قورسىقى ئاچتى، شۇڭا ئۇلار سوخار خالتىلىرىدىن كۆرۈشكىغا تالقان تۆكۈپ، ئۈستىگە سۇدانلىرىدىن سۇ قۇيۇشتى. ئاتلارمۇ باشلىرىغا كىيدۈرۈپ قويغان توۋرىلىرىدىن كورۇسلىتىپ قوناق، ئارپىلىرىنى يېيىشكە باشلىدى.

قورسىقىنى ئاز ـ تولا پوملىۋالغان ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلار خېلىلا روھلانغان ھالدا يولغا چىقىشتى. قوشراپ تاغلىق رايون بولۇپ، يۇرت ئوتتۇرىسىدا كەنت ـ مەھەللىلەرنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ جىلغا بار ئىدى. بۇ ئۈچ يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى تاشلىق جىلغىدا بىر ئېقىن سۇ قانچىلىغان تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى. بۇ جىلغا قوشراپتىن ئۆتۈپ تاشناتا دېگەن يۇرتقا يېقىنلاشقاندا بارا ـ بارا تارىيىپ يۈز مېتىرچە قالاتتى.

ئىككىنچى روتا قوشراپقا كىرىپ كەلگەندە، تاغ ئىچىدىن يامراپ چىققان قاراڭغۇلۇق كەنت ـ مەھەللە، كوچىلارنى ئۆز باغرىغا ئالغانىدى. توق قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان

ئاسمان سەتھىدە قاتمۇقات تاغ ئىزنالىرى خۇددى ھەرە چىشىدەك بولۇپ، ئېگىز - پەس ۋە غۇۋۋا كۆرۈنەتتى. تاغ يامىزالىرىدىن، يانپاش غوللاردىن بىردىنلا سوغۇق شامال ئۇرۇلدى، يېلىڭ - يۇپۇڭ ئەسكەرلەر توڭلاشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى. كەڭ جىلغىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇلارنىڭ شاۋقۇنى، قىرغاقلارغا ئۇرۇلغان چاغدىكى شاپىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەسنادا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ۋە يۇلغۇن تاللىرىدىن توقۇپ ياسالغان رەتسىز، پاكار ئۆيلەر قاتارى تەرەپتىن تاغلىقلاردىن ھەر خىل كىيىنگەن، ئېگىز - پەس، ئورۇق - سېمىز دېگەندەك تۆت ئادەم جۇۋايۇ يەكتەكلىرىنى پالاقلىتىپ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قولىدا قىزىل شام قەغىزىدىن ياسالغان پانۇس، بەزىسىنىڭ بولسا تاش پانار بار ئىدى. ئاڭغىچە، لۇ كۇنجۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېگىز قاسقانلىق شەپكىسىنى باشقىدىن كىيىپ، كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. بۇنداق چاغلاردا ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىدا ئۈنۈپ بولاتتى. چۈنكى، ئۇ يول بويى ئۇنىڭغا تىلماچلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پەھلىۋان ئەزىمەتلەر، — دېدى ئېگىز، مىس رەڭ چىراي، تەتۈر ئۇستىخان، كەتمەن ساقال بىرى تاش پانارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ھارماي - ئاچماي كېلىشتىلىمىكىن؟ يول ئازابى، گۆر ئازابى دەپتىكەن، ماشايىخلار...

— توختىبەگ دېگىنى قايسىڭ بولىسەن؟ — لۇ كۇنجۇڭ كىبىر بىلەن گىدەيدى. ئۆمەر ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بولىۋىدى، ئابايىقى كەتمەن ساقال ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم چىقتى - دە:

— خوش، خوش... پېقىر مەن بولىمەن! — دەپ كۆچۈكلەندى.

— ئەسكەرلەر تاڭ سۈزۈلمەستە يولغا چىققان، ھازىرغىچە

سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ ھالى قالمىدى. قانداقراق ئورۇنلاشتۇرماقچىسەن؟

— خاتىرجەم بولسىلا، قوماندان، — توختىبەگ يېنىدىكىلەرگە قاراپ قويدى، — مانا بۇلار قوشراپ بەگلىكىدىكى لەۋزى قىلىچىنىڭ تىغىدەكلا كېسىدىغان بەگلەر... خىزمەتلىرىدە بولىدۇ.

— ياخشى، ياخشى! دۆلەت، پىرقە ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەپ، سادىق بولغانلارنى جياڭ ۋېييۇەنجاڭ ئاتىمىز ئۇلۇغ بىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلىدۇ.

— بەرھەق، بەرھەق، — توختىبەگ پانارلىق قولىنى كۆتۈردى، — جياڭ دازۇڭتۇڭ جانابلىرى ياشىغاي... مىڭ يىل ياشىغاي!

— جياڭ ھەزرەتلىرى، — پاكار، قورساقلىق، بۆرە تېرىسىدىن جۇۋا كىيىۋالغان يۈزبېگى ھامۇل تارى ئىككى پۈكۈلدى، — بېشىمىزغا سايىۋەندۇر... پىرقە ۋە دۆلەتنىڭ ئاتىسىدۇر!

— بىئەمدۇللا، — ساقال سىيپىدى بېشىغا تۈلكە تېرىسىدىن سەرپۇش تۇماق كىيىۋالغان ئەللىكبېشى قەمىرۇللا قۇززات، — ئادىل پادىشاھ ئاللانىڭ سايىسىدۇر، قۇدرەت ۋە كامالىنىڭ ئەلچىسىدۇر...

— دۆلەت ئاتىسىغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز... ھەمدۇسانا! — قوشراپنىڭ ئىمامى ئەقمەر خوجا لۇ كۇنجۇڭغا قايتا - قايتا تەزىم قىلدى.

— بولدى، بولدى ئەمدى! — ۋارقىرىدى لۇ كۇنجۇڭ، — بۇنداق ياغلىما گەپلەرگە قورساق تويمايدۇ. يەيدىغان تاماق، ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلاندىمۇ، يوق؟

ئۆمەر لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئەسكى ئىشتاندىن بىرنېمە چىققاندەك قوپال سۆزلىرىنى: «ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقى ئاچتى، سەپەردە چارچىدى، شۇڭا تاماق ۋە ياتاقنى قانداقراق

ئورۇنلاشتۇردۇڭلاركىن؟» دەپ ئۆرۈدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىللىرى قايتىدىنلا جانلىنىپ، ئەسكەرلەرنى بەش بۆلەككە بۆلۈپ ئەكېتىپ، ئۇلارغا تاماق ۋە ياتاق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بەگلەر گەرچە كۈلۈپ، قورۇنۇپ، ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ گەپ قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىزلىرى سۇس تىترەپ، يۈرەكلىرى ئەنسىز سېلىپ تۇراتتى. لۇ كۇنجۇڭ بۆلۈنۈپ ماڭغان ئىزۋوتلارنىڭ كوماندىرلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارغا ياتاقخانىلارنىڭ ئەتراپىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ ئىككى قات پوست قويۇش كېرەكلىكىنى جېكىلەپ، كېچىدە ئۆزىنىڭ بېرىپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن كېتىپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن سەگەك، ھىيلە ـ مىكىرگە پىششىق ئادەم بولۇپ، بەگلەرنىڭ بايىقىدەك خۇشامەتلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. قىسقىسى، ئۇ ئۇيغۇر، تۇڭگان، شىبە، موڭغۇللاردىن بولغان جەڭچى ۋە كوماندىرلارغىمۇ ھەرقانچە سادىقلىق كۆرسەتكىنى بىلەن بەرىبىر ئىشەنمەيتتى، گۇمان بىلەن قارايتتى.

لۇ كۇنجۇڭ ئەتىسى قوشراپىنى ئالىقىنىدا ئوينىتىۋاتقان توختىبەگ، ھامۇل تارى، قەمىرۇللا قۇززات، ئەقمەر خوجا قاتارلىق بەگ، يۈزبېگى، ئەللىكبېشى، ئونبېشى ۋە موللىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، گازارما سېلىش ئىشىنى ئۆتتۈرىغا قويىدى. بەگلەر بۇ توغرۇلۇق يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئاتامانلىرىغا ئالللىقاچان ئەھدە قىلىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. ئاندىن ئۇلار قوشراپقا تەئەللۇق تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، قاراقىر، كەندىلىك دېگەن كەنت، ئۆتەڭ، مەھەللە، تورالغۇلارنىڭ ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، گازارمىنى ئىككى ئاي ئىچىدە چوقۇم قۇرۇپ چىقىمىز، دەپ ۋەدە قىلىپ مەيدىسىگە ئۇرۇشتى. لۇ كۇنجۇڭ بۇ ئالۋانغا ئادەم يىغىشتا ئۇلارغا قوراللىق ئەسكەر سەپلەپ بېرىدىغانلىقىنى، كىمكى بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق ياكى قارشىلىق قىلسا، ئۇنداقلارغا دۆلەتنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش

ئىشلىرىغا بۆزغۆنچىلىق قىلدى، دېگەن جىنايەت بىلەن جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

لۇ كۇنجۇگىنىڭ روتىسى قوشراپقا ئورۇنلىشىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا بارلىق كەنت، ئۆتەڭ، مەھەللە، تۇرالغۇلاردا گازارما سېلىش ئىشى بەگ، يۈزبېگى، ئەللىكبېشى، ئونبېشى ۋە موللىلار تەرىپىدىن كۆچەپ تەشۋىق قىلىندى. ئۇلار ئائىلىدىكى ئەرلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانىغا قاراپ، ھەربىر ئائىلىگە بىردىن، ئىككىدىن، ھەتتا ئۈچتىن ھاشار ئەمگىكى ۋەزىپىسىنى ئارتتى. ھاشار ئەمگىكىگە ئاجرىتىلغانلارنى قوراللىق ئەسكەرلەر ئالدىغا سېلىپ قورۇلۇش مەيدانىغا ئېلىپ كېتەتتى. گازارما سېلىش ئۈچۈن يۈز مودىن ئارتۇق كۆلەمدىكى يەر بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئادەملەر ئاشۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاش توشۇيتتى. ھەربىر گۇرۇپپا تاش توشۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا بەش - ئالتىدىن قورالىق ئەسكەر بىللە يۈرەتتى. ھاشارچىلارنىڭ بەزى گۇرۇپپىلىرى قوشراپتىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشناتانىڭ بىرقانچە تاغ چوققىسىغا تاش توشۇيتتى ۋە ئۇ چوققىلاردىكى پوتەي قۇرۇلۇشىدا ئىشلەيتتى.

لۇ كۇنجۇگىنىڭ روتىسىدا بەش ئىنژۇت ئەسكەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئىنژۇتى گازارما قۇرۇلۇشى بىلەن پوتەي ياساشقا نۆۋەت بىلەن نازارەتچىلىك قىلاتتى. دۇ شىگسەننىڭ تۆتىنچى ئىنژۇتى بىر روتا ئەسكەرنىڭ تامىقىغا مەسئۇل ئىدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار يەنە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ھەربىي ئاتنىڭ بېقىلىش، مەشىقلىرىنى پىششىقلاش، سوۋۇتۇش... ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. تاغلىق ئاھالىلەرنىڭ بۇرۇن يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىغا تاپشۇرىدىغان يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ سېلىقى ئەمدىلىكتە لۇ كۇنجۇگىنىڭ ئىككىنچى روتىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. ۋاڭ جىگۇيىنىڭ ئۈچىنچى ئىنژۇتى تاشناتانىڭ تاغ چوققىلىرىدا نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت

قوشۇنلىرى گومىنداڭچىلارنى ئىلى، ئالتاي، چۆچەكلەردە تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. تاشقورغان پارتىزانلىرى قەشقەرنىڭ بەزى ناھىيە بازارلىرىغا پات ـ پاتلا بېسىپ كىرىپ، تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. ئىچكىرىدىكى ئازاد رايونلارنىڭ ئۈزۈكسىز كېڭىيىۋاتقانلىقى كىملەر تەرىپىدىندۇر تەشۋىق قىلىنماقتا ئىدى. شۇڭا، ئىزۋوت كوماندىرى ۋاڭ جىڭگوي تاشناتا تاغ چوققىلىرىدىكى قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتىشتىن تاشقىرى، ھەر كۈنى ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرنى تاغ يۇقىرىسىدىكى كەنت، ئۆتەڭ، تورالغۇلارنى رازۋېدكا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى. ئۇلار ئەتىگەندە چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى. ئۆمەر بۇنداق رازۋېدكىغا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ دۇمبالاشلىرى ۋە تىل ـ ئاھانىتى ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. بىچارە ئادەملەر بېلىدىكى پوتىسىغا تۇگۈۋالغان زاغرىلىرى بىلەن ئارپا كۆمىچىنى قۇرۇق غاجاپ، تالقانلىرىنى كاپ ئېتىپ يەپ، جىلغا سۈيىنى دۇم يېتىپ ئىچىپ يۈرۈپ تاش توشۇيتتى، سامانلىق لاي ئېتەتتى، گازارمىنىڭ ئەتراپىغا قېلىنلىقى بىر يېرىم مېتىر، ئېگىزلىكى بەش مېتىر كېلىدىغان قورغان تام قوپۇراتتى. تاشناتانىڭ تاغ چوققىلىرىدىكى پوتەيلەرمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېگىز كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

تاغلىرى زىچ ھەم ئېگىز، جىلغا يوللىرى بىرقانچە ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تاشناتا مۇھىم ئېغىز بولغاچقا، ئۇ يەردە بىر ئىزۋوت ئەسكەر كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىلاتتى. گەرچە پوتەيلەر تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، قاراۋۇللار ئۆزلىرى تاشلار بىلەن قوپۇرۇۋالغان كۆزىتىش سۇپىلىرىدا تۇرۇشاتتى. تاشناتادىن ئۆتكەندىن كېيىن دامسىيە، ئۈچبەلتە، قىزىلقىر، قاراقىر، كەندىلىك دەپ ئاتىلىدىغان كەنت، ئۆتەڭ، تورالغۇ ۋە مەھەللىلەر بار ئىدى. بۇ

يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ جايلار ئىچىدە كەندىلىك ئوتلىرى پەس ئۆسىدىغان تاقىر تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆيلىرى (قازاق ئۆيى سىياقىدا) تارقاق مەھەللە بولۇپ، بۇ يەر ئارقىلىق توك دېگەن مۇز تاغدىن ھالقىپ تاشقورغانغا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى.

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە دېكابىر ئېيىمۇ كىرىپ قالدى. تاغلىقلارنىڭ سۆزى بويىچە تاڭ - تاڭ سوغۇق باشلانغانىدى. قوشراپ، تاشناتا، دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلىقىر، قاراقىر، كەندىلىكلەردىن ھاشارغا تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىلغا ئىچىدىن يۆتكىگەن تاشلىرىنى گازارما سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش مەيدانىغا ئەكېلەتتى. تاغ قاپتاللىرى، جىلغا يوللىرىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق شامال ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل يۇزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، قۇلاق، بۇرۇن مەڭزىلىرىنى ھەرىدەك چاقاتتى. تاشلانمىغان كۇرەك جۇۋا، يەڭسىز تېرە پىنجەك، يىرتىق پاختىلىق ئۇزۇن تونلارنى كىيىپ، بويۇنلىرىنى ھەر خىل كىر لۆڭگە ۋە ماتالار بىلەن ئورىۋالغان بۇ ئادەملەر قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشى ۋە تىل - تاياقلىرى ئاستىدا دىر - دىر تىترىشىپ مېڭىشاتتى. ئۇلار قوي، ئۆچكە، ئىت، تۇلكە، بۆرە تېرىلىرىدىن ئۆزلىرى تىكىۋالغان سالۋا تەلپەك، قاسقانلىق تەلپەك ۋە ھەر خىل تۇماقلىرىنى قۇلاقلىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەللە رەڭ تون كىيگەنلىرى كۆپرەك بولۇپ، بۇ تونلارنىڭ يۇڭ يىپلىرىنىڭ توم ۋە قوپاللىقىدىن يۇڭنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېگىرىپ، چەكمەن رەختنى ئۆزلىرىنىڭ توقۇغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ھازىر يۇز مولۇق كۆلەمدىكى گازارمىنىڭ بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى قورغان تېمى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە قۇر تېشى قويۇلۇۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە قورغان تام ئىچىدىكى ياتاق، ئىشخانا، ئاتخانا ۋە

ئاشخانا قورۇلۇشلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى. گازارما سېلىنىۋاتقان قورۇلۇش مەيدانىدا قانچىلىغان داش قازاندا سۇ قايناۋاتقاچقا، ئەتراپ ئاپپاق هور بىلەن قاپلانغانىدى. قورۇلۇشقا ئىشلەۋاتقانلار سامانلىق لايغا قىزىق سۇ ئىشلىتەتتى. بولمىسا ئۇلارنىڭ قوللىرى سوغۇقتا ئۇيۇشۇپ قالاتتى، لايمۇ ئاسانلا توڭلىۋالاتتى.

تاغلار ئېگىز ھەم قاتمۇقات بولغاچقىمۇ، قوشراپتا گۆگۈم بالدۇرلا چۈشەتتى. بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا چارلاشقا چىقىپ كەتكەن ئاقنىياز، قۇربانىنىياز، شىيائېر، ئۆمەرلەر دامىسىيە، ئۈچبەلتە، قىزىلقىر، قاراقىر، كەندىلىكلەرنى ئارىلاپ، كەچكە يېقىن ئارقىغا قايتىشتى. ئۇلار قوشراپقا يېقىن قالغاندا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىغا قامچا سالدى. بۇنداق ئەھۋال ئىشلەۋاتقانلار ئىچىدىن بىرەرى قاچقاندا ياكى ئەسكەرلەر بىلەن ھاشارچىلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولغاندا يۈز بېرەتتى. ئەسكەرلەر ئادەتتە چىققان جودانى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ جىمىقتۇراتتى. بىراق، ھازىر تاشلىق جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرەر يۈزدەك ئادەم توپلىشىۋالغان بولۇپ، كىملەردۇر ئۈنلۈك يىغلاۋاتاتتى. ئاقنىياز، قۇربانىنىياز، شىيائېر ۋە ئۆمەرلەر ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، توپ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىردى. يۇمىلاق سورۇن ئوتتۇرىسىدا يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر يىگىت قانغا چىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى چىنە ئاغزىدەك چوڭلۇقتىكى جاراھەتتىن قان ھېلىھەم سىرغىپ ئېقىۋاتقاچقا، تاشلىق يەردە قان خۇددى بېغىردەك بولۇپ ئۇيۇپ قالغانىدى. جەسەتنىڭ ئۈستىگە بىر ئايال يېتىۋېلىپ قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتتى. تېخى يۈز بېگى ھامۇل تارىمۇ جەسەت بېشىدا ئۆرە تۇرغىنىچە كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى يوتىسىدا سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمەي قالغانىدى. ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاستا يېلىندى:

— سىڭلىم ھەزرەتخان، ئوغلۇڭ دايىمىنىڭ ئۆلۈشىگە مەن سەۋەبكار بولۇپ قالدىم... بەگلەرنىڭ تۇغقانلىرى ھاشارغا چىقمىسا، باشقىلارنى زورلاپ چىقارغىلى بولمايدۇ دەپتىكەنمەن.

— ئاھ جېنىم بالام، كېلەر ھەپتە توييۇڭ بولماقچى ئەمەسمىدى؟ — ھەزرەتخان ئۆزىنى كاچاتلىدى، — بۇ يەجۇج - مەجۇجلاردىن قۇتۇلدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ، ئاھ خۇدايىم! ئۇلارنى قاچانمۇ يەر يۇتار؟

— مېنىمۇ ئېتىۋەت! — هامۇل تارى ئۇچقاندەك كېلىپ لۇ كۇنجۇڭغا ئۇستى، — ئاتامىسەن قېنى؟ ئات!

— ئېسىلما، ئەبلەخ، كوماندىرغا ئېسىلما! — كانۋاي رېشىت لۇ كۇنجۇڭغا ئېسىلىۋالغان هامۇل تارىنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى، — يەنە ئېسىلىدىغان بولساڭ ئېتىۋېتىمەن.

— رېشىت، بۇ زادى نېمە ئىش؟ — ئاقنىياز لۇ كۇنجۇڭ، رېشىت، ئابدۇقادىرلارغا قادالدى، — بۇنى كىم ئاتتى؟

— كومروت ئاتتى، قانداق؟ — رېشىت يانپىشىدىكى ماۋزۇرغا قول ئۇزارتتى. ئاقنىيازمۇ دەرھال ماۋزۇرنىڭ قاپقىقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، — ئۇ تاشنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە قاراپ قاچتى، نازارەتچى ئەسكەر ئىككى پاي ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلمىگەندىن كېيىن كومروت ئارقىسىدىن ئېتىۋەتتى شۇ.

— دايىم دېگەن بۇ يىگىت مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئوغلى بولىدۇ، ئۇ كېلەر ھەپتە توي قىلماقچى ئىدى، — دېدى هامۇل تارى يىغلاپ تۇرۇپ، — تويى بولىدىغان يىگىت شەھەرگە مال ئەكىرىپ سېتىپ، توي تەييارلىقىنى قىلمىسا بولامدۇ؟ شۇڭا، ئۇ مەندىن رۇخسەت سورىۋىدى، مەن توختىبەگكە دېدىم، توختىبەگ لۇ كۇنجۇڭغا يېلىندى. لېكىن، بۇ غورا قاپاق تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى...

هامۇل تارى ئېسەدەپ بىرھازا گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ بىر چاغدا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— قاچقان بولسا تۇتۇپ كېلىدىغان، ئورنىغا ئادەم

سەپلەيدىغىنى بىز تۇرساق، ئۇنى نېمىشقا ئاتىدۇ؟ زادى نېمىشقا ئاتىدۇ؟ بىز تاغلىقلارنىڭ ياۋا ئۆچكىدەك، تاغ توخۇسىدەك، سېسىق كۆزەندەكمۇ قەدرىمىز يوقمۇ؟ بىزمۇ ئادەم تۇرساق؟

— يۇرتداشلار، بۇ ئىتنىڭ ئانىسى قىلىشىغا چىداپ تۇرىمىزمۇ؟! — ھەزرەتخان قولىغا تاش ئېلىپ، لۇ كۇنجۇڭغا قاراپ يۈگۈردى، رىشىت بىلەن ئابدۇقادىر ئىككىسى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇلجۇنۇپ ۋارقىرىدى، — ھەي مۇناپىق، بالامنى تۆلەپ بەر! بىز سېنى بۇ تاغقا چىللاپ كەلگەنمۇ؟! يۇرتىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، بىزنى ھاشارغا سېلىپ، تېخى باللىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى؟!

ھەزرەتخان تاشنى غەزەپ بىلەن ئېتىۋىدى، تاش لۇ كۇنجۇڭنىڭ قۇلاق تۇۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭغىچە رىشىت بىلەن ئابدۇقادىر ماۋزۇرلىرىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىشتى، يۈزدىن ئارتۇق تاغلىق قوللىرىغا تاش ئېلىپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن لۇ كۇنجۇڭ ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقاردى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئاقنىياز، قۇربانىياز، شىيائىر، ئۆمەرلەرمۇ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، تاغلىقلارنى توستى.

— يۇرتداشلار، بىردەم سەۋر قىلىڭلار! — ئاقنىياز ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — گۇناھ بىزدە، بىز ناماقۇل بولايلى، لېكىن قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنايلى، بۇ ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىلايلى!

— قېرىنداشلار! — شىيائىر ئۇيغۇر تىلىدا ۋارقىرىدى، — بىز سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئورۇنلايلى! لېكىن، جېدەلنى چوڭايتمۇتسەك، بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسى يوق.

— ئاتا ـ ئانىلار، ئاكا ـ ئىنىلار، ئاچا ـ سىڭىللار! — دېدى قۇربانىياز ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — ئەسلىدە قاچقانلارغا

قورقۇتۇپ ئوق چىقىرىدىغان قائىدە بار، بىراق ئوق تاسادىپىي تېگىپ كېتىپتۇ. بۇمۇ قازايى مۇئەللەق، «قازاغا رىزا» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟...

قۇربانىنىياز قوللىرىنى شىلتىپ، قاش ـ كۆزلىرى جىددىيلەشكەن ھالدا راسا سۆزلەۋاتقاندا، ئادەملەر توپى ئالدىدا قىسىلىپ تۇرغان بىر قىز ئۇنىڭغا ھەۋەس ـ ئىشتىياق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۆمەر قاپقارا قاشلىق، قويۇق كىرپىكلىك، چوڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ بادام يۈزلۈك قىزنى نەدىدۇر كۆرگەندەك ئىدى. توغرا، ئۇنى تاشناتا جىلغىسىدا قوي بېقىۋاتقان چېغىدا كۆرۈپتۇ. ئۇ قىزنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاسمىگۇلگە ئوخشاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا يەنە بىر تاجىك قىزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.

— يۇرتداشلار، قولۇڭلاردىكى تاشنى تاشلاڭلار! — قۇربانىنىياز يېلىنغان ھالدا ئىلتىجا قىلدى، — قان بىلەن قاننى يۇغىلى بولمايدۇ. تاش بىلەن مىلتىققا تەڭ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما تەلىپىڭلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمىز.

قۇربانىنىياز سۆزىنى تۈگەتمەيلا، چىگىچ ساقىلىنىڭ مەينەتلىكىدىن چىرايىنىڭ ئۆڭىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر تاغلىق قولىدىكى تاشنى چەنلىگىنىچە كەلدى ـ دە، قۇربانىنىيازنىڭ ياقىسىدىن بوغدى. ئۇنىڭ ئەلپازى بەكمۇ بۇزۇق، ئۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— گەپ قىلما، يالاقچى! — دېدى ساقاللىق قۇربانىنىيازنى سىلكىشلەپ، — ياغلىما گەپنى ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەن، دايىمنى تىرىلدۈرۈپ بېرەلەمسەن؟!

ساقاللىق تاش تۇتۇۋالغان قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئاقنىياز ئۇنىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئاڭغىچە ئابايىقى قىز ئېتىلىپ كېلىپ ساقاللىقنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ھەي قوتاز پىتى، ياغلىما گەپكە تىرىلمىگەن دايىم سەن تاش بىلەن بىركىمنى ئۇرساڭ تىرىلىپ قالامتى؟! — قىزنىڭ

كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، — دايىمنى كىم ئاتتى، سەن كىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋاتىسەن؟ كۆتۈڭنى بۇرگە چاقسا، چوققاڭنى تاتىلايدىغان نېمە ئوخشىمامسەن؟

— گۇلنۇر، بولدى، سىز ئارىلاشماڭ! — دېدى قۇربانىنياز كونا تونۇشلاردەك تەلەپپۇزدا، — بۇ ئاكىمىز بىلەن ئۆزىمىز سۆزلىشىۋالىمىز.

ئاقنىياز، شىيائىر، ئۆمەرلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئەسلىدە قۇربانىنيازنىڭ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا، «تاغلارنى ئارىلاپ كېلەي»، «تاماق سىڭدۈرىمەن»، «سەگىدەيمەن» دەپ چىقىپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن ـ دە! شۇنداق، سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ تاغلىق قىز گۇلنۇر بىلەن چىقىل تاش دالدىلىرىدا، قاراڭغۇ قاپتاللارنىڭ پىنھان جايلىرىدا ئۇچرىشىپ تۇرغانىدى.

— قۇربانىنياز توغرا دەيدۇ، سىڭلىم! — ئاقنىياز گۇلنۇرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — بۇ ئاكىمىزنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىڭ! سىزمۇ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ئىش قىلىۋاتىسىز.

توپلانغانلارنىڭ بەزىلىرى كۈلۈۋېتىشتى. گۇلنۇر خۇددى بېشىدىكى قىزىل روملىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— ياقىسىنى بوغىدىغانلار قۇربانىنياز بىلەن بۇ ئاكىمىز ئەمەس، — دېدى ئۆمەر، — ئۇلار!

ئۆمەر ۋە باشقىلار تەڭلا قايرىلىپ قاراپ، ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. چۈنكى، توپ ئىچىدە لۈ كۈنجۈڭ، ئابدۇقادىر، رېشىتلار يوق ئىدى، ئۇلار ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. بۇ ئەسنادا قاپقارا مەخمەل چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە ھەر خىل مارجان، كەھرىۋا، ئاق تەڭگىلەرنى قادىۋالغان بىر تاجىك قىزى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاق ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان رومالدا باش ـ بويۇنلىرىنى يۆگىۋالغاچقا، رومال ئىچىدىن ئۇنىڭ كىچىككىنە ئوماق يۈزى ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قىز ئۆمەرگە يالتىمدە

بىر قاراپ قويۇپ، قىزارغىنىچە گۈلنۇرنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

— يۈر، كېتەيلى ! — تاجىك قىزى ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيتتى، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى، تاشناتاغا بېرىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.

— سارا، تېخى كەتمەيسەن ـ دە؟

— ئەرلەرنىڭ ياقىسىنى قاچان قويۇۋېتەركىن دەپ ساڭا ساقلاپ تۇردۇم، — ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى، — يەنە ئېسىلامسەن يا بولدىمۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، نېمانچە تەنە قىلىدىغانسەن؟

ئىككى قىز توپ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ تەڭلا ئارقىسىغا قايرىلدى ـ دە، گۈلنۇر قۇربانىيازغا، سارا ئۆمەرگە لەپپىدە قاراپ، تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن تاجىكلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاشناتالىق قىزلار بولۇپ، بۇ قېتىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىغا ھاشارغا چىققانىدى.

سارا بىلەن گۈلنۇرنىڭ ئۆيلىرى ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، قوي ـ ئۆچكىلىرىنى دائىم بىللە باقاتتى. ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان بۇ قىزلار بىر ـ بىرى بىلەن دائىم مۇڭدىشاتتى، بۇ تاغ ـ جىلغىلاردا تۇزۇككىنە يىگىتلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. دېمىسىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ ئائىلە بىرلىكتە، بىرى بىر جىلغىدا، يەنە بىرى بىرەر قاپتالدا ياكى چاتقاللىقتا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بۇ چارۋىچىلار ئۆزئارا پات ـ پات بېرىش ـ كېلىش قىلىشالمايتتى، پەقەت توي، مەرىكە، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردىلا بىر يەرگە يىغىلىشىپ، قېرى ـ ياش، قىز ـ يىگىت، سەت ـ چىرايلىقلار جەم بولۇشاتتى. مۇنداق پۇرسەتلەردە يىگىتلەر قىزلارغا ساقال تاشلاپ قاش ئاتاتتى، قىزلارمۇ لايىقىدا كۆز ئېتىپ، ھايا بىلەن قىزىرىپ، رازىلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. قىسقىسى، ئۇلار باھارغا ئەمدىلا ئۇلاشقان ئۇچار قۇش، جان ـ جانىۋارلاردەك بىر ـ بىرىگە جورا ئىزدىشەتتى. گۈلنۇرمۇ ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ

بىرىدە قۇربانىياز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ ئىش تولىمۇ تاسادىپىي يۈز بەردى.

لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى قوشراپقا كېلىپ بىرەر ئايمۇ ئۆتمىدى بولغاي، بىر كۈنى كەچكە يېقىن تاغ ئىچىدە دەھشەتلىك بوران ـ جۇدۇن كۆتۈرۈلدى، قار تۇمانلىرى بىلەن قۇم ـ تاشلار ئۇچۇپ، كۆز ئاچقۇرماي قويدى. گۈلنۇرنىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرى بېقىلىۋاتقان يېرىدە بوراندا پىتىراپ كەتتى. بىر ـ ئىككىسىنى تېپىپ قوغلاپ كەلسە، يەنە بىرنەچچىسى قايسىدۇر قاپتال، توقايلارغا قاراپ قاچاتتى. شۇ چاغدا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان قۇربانىياز ئېتىنى جىلغا ئىچىدە چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، پىتىراپ كەتكەن قوي ـ ئۆچكىلەرنى يىغىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنى ماللىرى بىلەن تاشناتاغىچە ئەكېلىپ قويدى. گۈلنۇر شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «ماللارنى سوغۇقتا باققىلى ئاچىقما» دېگىنىگە قۇلاق سالماي، ماللىرىنى ھەر كۈنى ھېلىقى جىلغا ئەتراپىدا باققاچ، قۇربانىيازنىڭ ئۆزىنى يەنە ئىزدەپ كېلىشىنى كۈتتى. ئۇ يېنىدىكى قول ياغلىقىغا چىگىۋالغان قورۇت بىلەن ئىرىمچىكنى پات ـ پاتلا تۇتۇپ سىلاپ قوياتتى. تېخى ئۇ قول ياغلىقمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق قول ياغلىق ئەمەس ئىدى. گۈلنۇر «كەلگۈسىدە بىرەر يىگىتكە نېسىپ بولسام، شۇنىڭغا تۇتارمەن» دەپ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن كەشتىلىگەنىدى.

گۈلنۇر بىر كۈنى كەچتە قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى. «خۇدايىم بەندىسىنى كەچ قويسىمۇ، ئاچ قويماپتۇ» دېگەندەك، ھېلىقى يىگىت تاشلىق سايدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئۇشقىرتىۋىدى (گۈلنۇرغا شۇنداق ئاڭلاندى)، ئات بويىنىنى ئېگىپ، سۈزۈك ئېقىندىن سۇ ئىچىشكە باشلىدى. گۈلنۇر ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ ئاستا يېقىنلاشتى.

ــــ ئاكا، ــــ گۈلنۇر قەۋەتلا قىزىرىپ كەتتى، ــــ ئۆتكەنكى ئىش توغرۇلۇق سىزگە رەھمەت ئېيتاي دېگەنىدىم. شۇڭا، نەچچە

كۇندىن بىرى ساقلىسام، بۇياقلارغا ئۆتمىدىڭىز...
— قانداق رەھمەت ئېيتماقچى؟
— سىزگە قايماقلىق قۇرۇت ۋە ئىرىمچىك ئەكەلگەنىدىم.
— ئەمىسە ئۆزىڭىز يېگۇزۇپ قويۇڭ!
— قانداق يېگۇزىمەن، سىز ئاتتا تۇرسىڭىز؟
— قاراڭ! — قۇربانىنىياز ئۇزەڭگىدىن چىقىپ تۇرغان ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى، — ئەشەگە دەسسىسىڭىزلا، لىككىدە كۆتۈرۈلىسىز.
گۇلنۇر بىر قولىدا ئاتنىڭ يالىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر پۇتنى ئۆتۈك ئۇستىگە ئېلىۋىدى، قۇربانىنىياز ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. قىز قانداق قىچىشنى بىلەلمەيلا قالدى، چۈنكى قۇربانىنىياز ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋېلىپ مەيدىسىگە چىڭ چاپلاپ تۇراتتى.
— مۇنداق قىلسىڭىز... مەن... مەن ئىرىمچىكنى قانداق يېگۈزىمەن؟...
— مانا مۇنداق يېگۈزىسىز...
قۇربانىنىياز گۇلنۇرنى شۇنداق قىزغىن سۆيدىكى، قىز نەپەس ئالالماي ھاسىراپ كەتتى...
قاتمۇقات تاغلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ، بىر پۈتۈن قاپقارا سايىگە ئايلانغانىدى. پەقەت كۆكۈچ تىنىق ئاسماندىكى چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارلا ئېگىز - پەس تاغ ئىزنالىرىنى ئايرىپ تۇراتتى. گۇلنۇر بىلەن سارا تاشلىق ساي ئىچىدىكى ئۇلاغ يولىدا يۈرەككە تالىق سۆزلەرنى قىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قوتاز قۇيرۇقىدەك قاپقارا قاراڭغۇلۇق ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، كۈندۈزى بىر - بىرىگە قارىشىپ قىلالمايدىغان گەپلەرنى، يەنى قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك ئىشلارنى دېيىشمەكتە ئىدى.
— ھەي گۇلنۇر، قىز بالا يىگىت بىلەن سۆيۈشكەندە قانداق

بولىدىكەن؟ — سورىدى سارا قىزىقسىنىپ، — بەك پەيزى بولىدىغاندۇ - ھە؟

— ئۇنى بىر دېمە! — گۈلنۇر تامىقىنى تەمشىپ قويدى، — بەدىنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك لاسسىدە بوشاپ، ملىق - سلىقلا بولۇپ قالىدىكەنسەن. ئەر كىشىنىڭ تىنىقى، كۆچلۈك قوللىرىدىن تارقىغان ئاجايىپ قىزىق ھەم شېرىن بىر نېمە يۈرەك - باغرىڭنى كۆيدۈرۈپ، شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندۇرىدۇكىن، ھوشۇڭدىن كەتكىلى تاس - تاسلا قالىدىكەنسەن...

— يالىڭاچمۇ قۇچاقلىشىپ ياتتىڭلارمۇ؟

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئاشۇ باغ - باغ ئويناش...

— ئەمىسە؟...

— يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما. ئۇمۇ ئاقمۇۋتىدىن قورقىدىكەن، — گۈلنۇر ئارقىسىغا قاراپ قويدى، — چۈنكى ئەسكەرلىكتە تۈزۈم قاتتىق ئىكەن ئەمەسمۇ!

— قانداقمۇ چىدىغانسىلەر؟

— ئەمما، ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن قانغۇدەك ھۇزۇرلاندۇق...

ھۆسن كامالىغا يېتىپ، بەدىنى تولغان تاجىك قىزى سارا ئۆمەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن چىڭ قۇچاقلاشقان، سۆيۈشكەن ئىشلار غايىبانە كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوت ئالغاندەك قىزىپ، يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— گۈلنۇر، — سارا ئاستا پىچىرلىدى، — ئاناڭ بىلەن داداڭ بىلەمدۇ؟

— ساراڭمۇ سەن؟ ئانامغۇ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس گالدۇ - گۈلدۈك مەزلۇم، — دېدى گۈلنۇر جىلە بولغان تەلەپپۇزدا، — دادام بولسا قىپقىزىللا بىر ساراڭ دېگىنە. ئۇنىڭ تەرسالىقى، جاھىللىقى، ئۆكتەملىكى ئۆتمىدىغان بولسا، دىۋە -

ئالۋاستىلارنىمۇ ۋايداد دېگۈزىدۇ.
— ئەمىسە قانداق قىلىسىلەر؟
— ئۇلار قوشراپتا بىرەر يىل تۇرۇپ ئاندىن نۆۋەت ئالمىشىدىكەن، شۇ چاغدا قۇربانىنىياز ماڭا يەكەن شەھەر ئىچىدىن ئۆي تۇتۇپ بەرمەكچى.
— خېلى بولۇپ قالىدىغان يىگىت ئىكەن - ھە؟
— ۋىيەي، سەن بىلمەيسەن، ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭنىڭ پېشىنى تۇتساڭ، شۇنداق روھلۇق، تېتىك، خۇددى قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ قالىدىكەنسەن، — گۈلنۇر ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — قۇربانىنىياز ئالىقانلىرىمنى كۆرۈپ: «بۇنىڭدىن كېيىن تاشنى قولىڭىزدا كۆتۈرمەڭ، مەن سىزگە دۇمبىڭىزگە ئاڭىدىغان ئاسما سېۋەت توقۇپ بېرەي» دېدى. ھەي سارا، ھېلىقى ئۆمەر دېگەن بالا ساڭا يەۋەتكۇدەك قىلىپ قاراپ كەتتى. ئۆتكەندىمۇ قوي بېقىۋاتساق، سېنىڭ قېشىڭدىن ئايلىنىپ كېتەلمەي قالدى. بىر چېكىپ باقامسەنيا؟
— قىز بالا ئوغۇل بالىنى چېكىپ باقامدۇ؟ تولا ئالجوقا سۆزلىمىگىنە! — سارا ئىزا تارتىپقىنا قوشۇپ قويدى، — يىگىتلەر ئاۋۋال سۆز ئاچسا ئاندىن قاملىشار؟
— ئۇنداق پۇرسەت بولماي قالسا قانداق قىلىسەن؟ — گۈلنۇر قولىلىرىنى شىلتىدى، — ھەي سارا، قوي - ئۆچكىلىرىڭنى ئاشۇ بالا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان چوققىغا ئاچىقىپ باقامسەنيا؟
— بولارمۇ؟
— بولمايدىغان نەرى بار؟ ئەسكەر يىگىت دېگەن قىزىل ئىشتان، قىزىل كۆڭلەكنى كۆرسە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سەجدە قىلغۇدەك بولۇپ كېتەر؟
ئۇلار كۆڭۈل پىنھانلىرىدىكى ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان ئاشۇنداق سىرلىرىنى دېيىشىپ مېڭىپ، گۈلنۇرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى. بۇ قىزنىڭ ئۆيى

تەتۈرسۆگەت، مۈشا، قېيىن، يەنە قانداقتۇر ئەۋرىشىم سۈمبۈللار قاپلاپ كەتكەن بىرقانچە كىچىك جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىككى تاغنىڭ تۇتاشقان ئېغىزىدا كونا خارابىلىكتەك چوقچىيىپ تۇراتتى.

— ئەتە ھەممىمىز ھاشارغا چىقمايدىغان بولدۇق - ھە؟ — سوربدى گۈلنۇر چوڭقۇر خىيالغا پاتقان سارادىن، — گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئۆمەر دېگەن ھېلىقى بالا كاللاڭغا كىرىۋالدىمۇ؟

— ھەئە، ھەممىسى دايىمنىڭ ئۆلۈم ئىشى ھەل بولمىغۇچە ھاشارغا چىقمايمىز، دېيىشتىغۇ! — سارا گەپنى ئەپقاچتى، — خوش ئەمىسە! ئەتە ماللىرىڭنى باققىلى چىقامسەن؟

— چىقىمەن.

توققۇزىنچى باب

## قوشراپتىكى تاغ جۇدۇنلىرى

سەھەردىن باشلاپ قوشراپتىكى گازارما سىلىنىۋاتقان ئەمگەك مەيدانىنى، تاش توشۇلۇۋاتقان تاشلىق ساينى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشچى چۈمۈلىلەردەك تىزىلىپ تاش توشۇۋاتقان تاغلىقلار، «ئۇنى ئال، بۇنى قوي، ئانى سۇنۇۋەت !» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان تامچىلار، ياغاچچىلار ۋە لاي ئېتىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت لاي لاي پېتى، تاملار چالا پېتى، ئۆگزىلىرى يېپىلمىغان ئاتخانا، ياتاقخانا، ئىشخانىلار، ئىشىك قاناتلىرى بېكىتىلمىگەن كېشەكلەر... شۇ پېتى ئوچۇق قالغانىدى. قوشراپ ھەربىي گازارما قۇرۇلۇشىنىڭ بۇنداق توختاپ قېلىشىغا لۇ كۇنجۇڭ سەۋەبچى بولدى. ئۇ دايىم دېگەن يىگىتنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن تاغلىقلاردىن ھېچكىم ھاشارغا چىققىلى ئۇنىمىدى. بەگلەرنىڭ نەسىھەت ـ يېلىنىشلىرى، سىلىق ـ سىپايە گەپلىرى خۇددى تاشقا مىخ قاققاندەك ئۇلارغا كار قىلمىدى. لۇ كۇنجۇڭ قورال ئىشلەتمەكچى بولىۋىدى، بەگلەر: «ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەم ئۆزۈمىزنىڭ ئۆلۈكى تاغ تۈرادا قەبرىسىز قالمىسۇن دېسىڭىز، بۇ پەيلىڭىزدىن يېنىڭ !» دېيىشتى. چۈنكى، ھەرقانداق تاغلىقنىڭ ئۆيىدە ئوق ملتىقى، قاپقان، چوماق دېگەندەك نەرسىلەر بولماي قالمايتتى. ئاددىيسى، ئۇلار ماڭار يوللارغا ئوت ـ چۆپلەر ئىچىگە تۆمۈر چىشلىق قاپقانلارنى قۇرۇپ قويۇش ئارقىلىقمۇ

ئەسكەرلەرنىڭ پۇتلىرىنى ئۇزۇۋېتەلەيتتى؛ شۇڭدىلا ئادەتتە سالۋا تەلپەك، كۆرەك جۇۋا كىيىپ، پاچاقلىرىغا يۇڭ جاۋا ئوراپ، پۇتلىرىغا قوتاز تېرىسىدىن قىلىنغان پۇرۇمە چورۇق تارتىپ يۈرىدىغان بۇ تاغلىقلار قارىماققا ياۋاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، غەزىپى تاشسا، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ئادەملەر ئىدى. لۇ كۇنجۇڭ پارتىزانلار بىلەن تومشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلاردا قوغلاشما، قوچاقلاشما ۋە قىلىچۋازلىق جەڭلىرىنى قىلغاندىلا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگەنىدى، بولۇپمۇ ئارىتاشنىڭ قولۇلىسىمان داۋىنىدا قىرىلىپ كەتكەن بىر روتا ئەسكىرىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتەتتى.
مانا ئەمدى غۇلاچ تۇگەپ، غېرىچ قالغاندا، گازارما قورۇلۇشىنىڭ توختاپ قېلىشى ھەممىنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى. ئاخىر يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىغا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن خوڭ يادوڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، يارام ئاتلار بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ بەگلەر بىلەن يۈزتۇرا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىرنەچچە ئۆكۈز سويۇپ، بىرقانچىلىغان داشقازاندا پولۇ ئېتىپ، پۈتۈن تاغلىقلارغا چوڭ نەزىر بەردى؛ ئاندىن دايىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھال سوراپ، ئۇلارغا خېلىلا كۆپ تۆلەم تۆلىدى، شۇندىلا تاغلىقلار بەگلەرنىڭ لەۋزىنى ئىلىك ئېلىپ، ھاشار ئەمگىكىنى قايتىدىن باشلىدى.
خوڭ يادوڭ قايتىدىغان چېغىدا لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسىدىكى ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىنى، ئەسكەرلەرنى، ھەتتا كانۋاي، خەۋەرچى، ئاشپەزلەرگىچە يىغىپ مەجلىس ئاچتى. ئۇ سۆزىدە يەنىلا: «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، لۇ كۇنجۇڭنى ۋە ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئۇچۇقداپ ئۆتتى.
ــ سىلەر تاغ تۇرادا تۇرۇۋاتقان ئىكەنسىلەر، يەنىلا تاغلىقلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشۈڭلار كېرەك، ــ خوڭ يادوڭنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى يىغىن مەيدانىدا قورام تاشتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ــ

ئۇلارنى بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ، خوتۇن ـ قىزلىرىغا بەھۇرمەتلىك قىلغانلار قاتتىق جازالىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يېڭىنە چاغلىق نەرسىسىنى ئوغرىلاشقا، بۇزۇشقا ئەسلا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كۆرۈلىدۇ، ئېغىرلىرىنى ئېتىش كېرەك. چۈنكى، ھەربىي تۈزۈم ۋە ھەربىي قائىدە ـ ئىزاملار كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۈچۈن قانۇن!

خۇڭ يادۇڭ باشتىن ـ ئاخىر ھەربىي قانۇننى تەكىتلەپ سۆزلىدى. ئۇ يەرلىكنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، رەسىم ـ قائىدىلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىقتىن، ھەتتا يېنىكلىك بىلەن قىلىنغان بىر ئېغىز سۆز ۋە كىچىككىنە ھەرىكەتتىنمۇ ئاۋام بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان پاجىئەلەرنىڭ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆپرەك تىلغا ئالدى. ئۇنىڭ سۆز ئۇرانىدىن «ئەسكەرلىكتىن قاچقانلارنى تۈزۈم ـ قائىدىگە يۆلەپ ئۆلتۈردۇڭ، لېكىن ساڭا بىكارغا ئىشلەۋاتقان ئاۋامنى ئېتىشقا نېمە ھەققىڭ بار ئىدى؟» دېگەن پۇراق چىقىپ تۇراتتى. خۇڭ يادۇڭ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ: «قېنى كوماندىرلارمۇ سۆزلەپ باقمىسۇنمۇ؟» دېگەنىدى، قۇربانىنىياز قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھۆرمەتلىك خۇڭ پولكوۋنىك، — قۇربانىنىياز لۇ كۇنجۇڭغا كۆز قىرىنى تاشلىدى، — ھۆكۈمەتكە ھەقسىز ئىشلەۋاتقان ئاۋامنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا ئۆز تەقدىرى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا قىلغان سۆزلىرى، قوغدىنىش ھەرىكەتلىرى يوللۇق بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟

— سەن دېگەن ئۇ ئاۋام ئۆزىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئامالسىزلىقلىرىنى ئېيتسا، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قۇلاق سېلىش كېرەك. ئىلاج بار ئۇلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش لازىم، — خۇڭ يادۇڭ ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ چىقتى، — لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى قۇتراتقۇلۇققا ياتسا، ئۇنى چەكلەش كېرەك، مۇناسىپ تەدبىر

قوللانسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئاۋامنىڭ دۆلەت ۋە پەرقە ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن.

قۇربانىنىياز تاغلىق يىگىت دايىمنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق يەنە ئىنىقراق قىلىپ سورىماقچى بولىۋىدى، ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇللار ئۇنى كۆز ئىشارىتى قىلىپ توختىتىپ قويدى. چۈنكى، بۇ چاغدا لۇ كۇنجۇڭ ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا خۇڭ يادۇڭنىڭ ياپما گەپلىرىمۇ يېتەرلىك بولۇپ، ئۇنى قاربىلاشقا ئاساس بار ئىدى. ئەمدى قۇربانىنىياز خۇڭ يادۇڭنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، ئۇنىڭغا: «لۇ كۇنجۇڭنىڭ تاغلىق يىگىتنى ئېتىشى خاتا بولغان» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى دېگۈزسىلا، لۇ كۇنجۇڭ باشقا مىللەتلەردىن بولغان ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالاتتى.

— خەپ قۇربانىنىياز، — لۇ كۇنجۇڭنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئىچىدە ئۇغا قايىنىدى، — پۇرسەت تېپىپ كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىر يولىلا ئالمايدىغان بولسام، ئىت بولۇپ كېتەي!

لۇ كۇنجۇڭنىڭ قارا نىيىتىنى شەيتانلار قوللىدىمۇ نېمە، خۇڭ يادۇڭ شەھەرگە قايتىپ ئۈچىنچى كۈنى قۇربانىنىياز ئىنتايىن خەتەرلىك بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ گۈلنۇرغا تاش توشۇش ئۈچۈن ئاسما سېۋەت توقۇپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى. ئوقۇرمەننىڭ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، گۈلنۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە چاتقاللىق كىچىك جىلغىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قۇربانىنىياز دەم ئېلىش كۈنى ئاسما سېۋەت توقۇش ئۈچۈن ئاشۇ كىچىك جىلغىلارنىڭ بىرىگە كەلدى. ئۇ تەتۈر سۆگەت، قارىياغاچ، مۈشا ۋە ھەر خىل چاتقاللاردىن يۇمشاق چىۋىق، ئەۋرىشىم تاللارنى كېسىپ كېلىپ دۆۋىلىدى، ئاندىن قۇرۇق شاخلارنى يىغىپ ئوت ياقتى. چىۋىق ۋە تاللارنى قوقاستا پۇچۇلاپ ئۇلار راسا يۇمشىغاندىن كېيىن تولغاپ ئەشتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەسكەرلەرگە ئىككى ۋاخ تاماق بېرىلەتتى. سېۋەتنى توقۇپ پۈتكۈزۈپ بولغۇچە قۇربانىنىيازنىڭ

قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتتى. بۇ ئەسنادا بىر ئاق توخۇ دانلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. «خۇدايىم بەندىسىنى ھەرگىز تەڭلىكتە قويماس» دېگەن شۇ ـ دە. بىر كىم ساخاۋەتلىك ئىش قىلسا، تەڭرىمۇ ئۇنىڭغا شاپائەتلىك قوللىرىنى سۇنىدىكەن. يېقىن ئەتراپتا ئۆي كۆرۈنمىسە، نەدىن كەلگەن توخۇ بۇ؟ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن رىزقىغۇ دەيمەن؟ قۇربانىنىياز تاققا ـ تۇققۇ خىياللار بىلەن دانلاۋاتقان توخۇنىڭ يۈتىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بېقىپ ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن خەنجىرىدە توخۇنى بوغۇزلاپ، ئۇنى بىردەمدىلا يۇڭداپ بولدى. ئۇ توخۇنىڭ ئىچ ـ قارنىنى تازىلاپ بولۇپ، گۈلخان ئۈستىگە قۇرۇق شاخلارنى تاشلىدى. ئوت راسا ئۇلغايغاندا، ياغاچقا ئۆتكۈزۈلگەن توخۇنى قاقلاپ كاۋاپ قىلدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قۇربانىنىياز خام ـ خاتىلا پىشقان توخۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئەمما، ئۇ توخۇنىڭ يېرىمىنىمۇ يەپ بولمىغانىدى، كىمنىڭدۇر «تۇ... تۇ... تۇ...» دېگەن ئاۋازى بىلەن شاخ ـ شۇمبىلارنى شالدىرلىتىپ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى. قۇربانىنىياز توخۇ كاۋىپىنى نەگە يوشۇرۇشنى، قانغا بويالغان پەيلەرنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى، ھەتتا ئۇ مايلىشىپ قارا ـ قۇرا بىرنېمىلەر چاپلىشىپ كەتكەن ئاغزىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. قۇربانىنىياز ئاخىر توخۇ كاۋىپىنى چاتاللىق ئىچىگە تاشلاش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەنىدى، خۇددى كۆلەڭگىدە قالغان سەگۇ تېرەكتەك ئاۋاق، يۈز ـ ئېڭەك، مەيدىلىرىگىچە قىزغۇچ چۈپۈر بېسىپ كەتكەن، چېقىر كۆز، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى سەل دۈمچەكرەك كەلگەن بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ قاراپ قالدى. ئۇ قان يۇقى ئاپپاق پەيلەرنى، ئۈزۈلگەن توخۇ بېشىنى، قۇربانىنىيازنىڭ قولىدىكى يېرىم يېيىلگەن توخۇ كاۋىپىنى كۆردى. ئۇنىڭ قاتمۇقات جىيەكلىك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ـ دە، بىردىنلا ئاسمانغا قاراپ

ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مېنىڭ توخۇيۇم... ئاق توخۇيۇم... تۇغۇمچان توخۇيۇم !... — ئاۋاق دۇمچەك بار ئاۋازىدا ھاڭگىرىغاچ، قولىدىكى تاياق بىلەن قۇربانىنىيازنى قارا - قويۇق ئۇرۇپلا كەتتى، — سەن سېرىق ئىتلاردىن قۇتۇلىدىغان كۇنلەرمۇ بولارمۇ؟ توخۇيۇمنى تۆلە ! ھەي پوداقچى، سەنلەر بوزەك قىلمىغان مەن سالى سەپرا قالدىمىمۇ ئەمدى؟...

— بولدى، ئاكا، ئۇرماڭ ! مەن توخۇيۇڭىزنى تۆلەپ بەرسەم بولىدۇغۇ؟ — قۇربانىنىياز چۇشۇۋاتقان تاياقتىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى، — بولدى قىلىڭ ئەمدى، زادى قانچە پۇل دېسىڭىز بېرەي.

— ئۇنداق سېسىق پۇلۇڭنى ئاناڭغا، ھاماچاڭغا، ئىگىچى - سىڭلىڭغا ئاپىرىپ بەر ! — سالى سەپرانىڭ تايىقى سۇنۇپ كېتىۋىدى، يەردىن يەنە بىرنى ئالدى، — مېنىڭ توخۇيۇمنى تۆلەپ بەر، ئاشۇ تۇغۇمچان توخۇيۇمنى نەدىن بولسا تاپ !

— جېنىم ئاكا، ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلماڭ، بولامدۇ؟

— مەن... مەن... سېنى باشلىقىڭغا دەپ ئاتتۇرۇۋەتمىسەم !

— بىر توخۇ ئۇچۇن ئاشۇنداق قارا كۆڭۈللۈك قىلىشقا ئىمانىڭىز يول قويارمۇ؟

— تېخى مېنى قارا كۆڭۈل دەيسىنا، مۇناپىق؟

بۇ قىيقىرىپ سالى سارالغان، تەرسا، جاھىل ئاۋاق ئۇنى ئۇرۇشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باش، دۇمبىلىرىگە چۇشۇۋاتقان تاياقتىن قۇتۇلالمىغان قۇربانىنىياز سالى سەپرانىڭ تاياقلىق قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ قۇربانىنىيازنىڭ قىسىپ تۇتۇۋالغان قولىدىن قۇتۇلالماي، ئۆزىنى پالاققىدە تاشلىۋېتىپ، پۇت - قوللىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆكتەملىك قىلىشقا باشلىدى.

— ئاكا، مەن ئەتە چۇشكىچە سىزنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاپپاق توخۇدىن بىرنى ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى قۇربانىنىياز

ئۇنىڭغا يېلىنىپ، — لېكىن گارنىزونغا بارغۇچى بولماڭ. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەگەر بارسىڭىز، مېنىڭ جېتىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بولىدۇ...

قۇربانىياز توقۇۋاتقان سېۋىتىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق يېلىنىپ كېتىشى يەنىلا خەقنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىغچە يەپ قويغىنىنى قانخۇمار لۇ كۇنجۇڭنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، بىر چاغدىكى «لۇ كۇنجۇڭ مىللەتچىلىك قىلدى» دەپ قوماندانلىق ئىشتابىغا سۇنغان ئەرز، ئارىتاشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى مەسخىرىلەش، بۇ قېتىم خۇڭ يادۇڭدىن سورىغان سوئاللىرى ئۈچۈن قىساس ئالماي قويمايتتى. تېخى ئۇنىڭ خۇڭ يادۇڭنىڭ «خەلقنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنى ئوغرىلىماسلىق» دېگەن سۆزىنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، قۇربانىيازنى ئېتىۋېتىشى ئېنىق ئىدى.

يەكشەنبىلىك كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى. ئەسكەرلەر بىربىرىنىتىن ياسالغان ۋاقىتلىق گارنىزون ئاشخانىسىغا توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشىۋاتاتتى. دەككە ـ دۈكىدە قالغان قۇربانىياز بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. لېكىن، ئۇ تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇرار ـ ئولتۇرماي هويلىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. سالى سەپرا يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ هۆڭگىرەپ يىغلىغىنىچە داد ـ پەرياد كۆتۈرمەكتە ئىدى:

— هۇ ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار... مەندەك بىر كۆك نامراتنى بۇلاپ ـ تالىغۇچە نومۇس قىلىشساڭ بولمامدۇ؟! ئىلاهىم، مېنىڭ توخۇيۇمنى چاينىاپ يېگەن چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ كېتەر! ئاغزىڭغا هونناق چىقار... ئاه، مېنىڭ توخۇيۇم، تۇغۇمچان مېكىيىنىم! ...

بۇ چاغدا ئاشخانا ئالدىغا ئەسكەرلەر توپلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىلىگە ماۋزۇر ئاسقان لۇ كۇنجۇڭ، ئۇنىڭ

كانۋيى رىشىت، ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن لى چۈكيىڭ، دۆشكەن، ۋاڭ جىڭگۈيلەر، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن جۈك شۆلياڭ، ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇل، شيائىرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۆمەر، ئابدۇقادىر، نىزاملارمۇ سالى سەپرانىڭ غوۋغاسىغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئاڭغىچە قورغان ئىچىدە هاشارغا ئىشلەۋاتقان تاغلىقلارمۇ ئۇ يەرگە بىر - بىردىن كېلىشكە باشلىدى.

— هاي، سېنىڭ توخۇيۇڭنى كىم يەۋالدى؟ — لۇ كۈنجۈڭنىڭ سۆزىنى ئۆمەر ئۈتتۈرلۇق ئۆرۈپ تۇردى، — قورۇق تۆهمەت قىلساڭ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ جۇمۇ!

— سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار يېمەي كىم يەيتتى. تېخى ئۇ: «گارنىزونغا بارغۇچى بولما!» دەپ ماڭا قورقاق سالدى.

— مۇشۇ ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئۇنى تونۇپ بېرەلەمسەن؟

— تونۇمايچۇ! دوزاخقا كىرىۋالسىمۇ ئۇ قارىۋاينى تونۇيالايمەن.

— سىلەر، — دېدى لۇ كۈنجۈك ئىزۋوت ۋە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىغا قاراپ، — ئەسكەرلىرىڭلارنى هويلىغا ئىزۋوت، ئودلىنىيە بويىچە تىزىڭلار، ئاشخانىدىكىلەرمۇ چىقسۇن!

تىزىلىش پۈشتىكى بىرلا چېلىنىش بىلەن، ئەسكەرلەر هويلىدا بىردەمدىلا تىزىلىپ بولدى. قاتتىق سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاپپاق هور يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. سالى سەپرا تاغدىكى ياۋا مولۇندەك رەت ئارىلىقلىرىدا هەممىگە ئالىيىپ، چەكچىيىپ قارايتتى. ئۇ دۆشكەنىنىڭ تۆتىنچى ئىزۋوت، ئىككىنچى ئودلىنىيە ئەسكەرلىرى تىزىلغان ئاخىرقى قاتارغا كېلىپ تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى:

— مانا مۇشۇ!...

لۇ كۈنجۈك ئۇ كۆرسەتكەن قوربانىنىيازنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ شادلىق

ھاياجىنىدا سۇس تىترەۋاتاتتى، ئىچىدە بولسا: «تەڭرىنىڭ مۇنداقمۇ شاپائىتى بولارمۇ؟ ئاھ تەڭرىم، بۇ راست بولۇپ قالسىدى ـ ھە !» دەيتتى.

— قۇربانىنىياز ئالدىغا چىق !

— خوپ ! — قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن قۇربانىنىياز ئالدىغا چىقىپ ئەسكەرچە سالام بەردى.

— بۇ ئادەمنىڭ دېگىنى راستمۇ؟

— راست !

— تانامسەن؟

— تانمايمەن.

— باغلاڭلار !

بۇ يەردە لۇ كۇنجۇڭدىن چوڭ ھەربىي باشلىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى شەرتسىز بەجا كەلتۈرۈلەتتى. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئابدۇقادىر، نىزام، جۇڭ شۆلياڭلار ئېتىلىپ كېلىپ، قۇربانىنىيازنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ كۆكرىكى بىلەن قوشۇپ چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئودلىنىيە كوماندىرى ئاقنىياز بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. ئەگەر لۇ كۇنجۇڭ مۇشۇ نەق مەيداندا قول سالسا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئېتىلىپ چىقسۇنمۇ؟ ئۇنداق قىلسا ئۆزىنىڭمۇ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەگەر لۇ كۇنجۇڭنى ئېتىۋەتسىچۇ؟ ئۇ ھالدا ئۇنىڭ قولىلغۇچىلىرى، لۇ جۇڭيىڭ، دۇشىڭسەن، جۇڭ شۆلياڭ، رېشىت، ئابدۇقادىرلارنىڭ قولىدا ئۆلۈشى مۇقەررەر. قۇربانىنىيازنى بۇ دەھشەتلىك قىياندىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، سامانچىلىك بولسىمۇ ئېسىلغۇدەك بىرەر باھانە تېپىلماسمۇ؟

— بۇرادەرلەر، مانا بۇ ئادەم، — لۇ كۇنجۇڭ سالى سەپراغا قولىنى جوندى، — «ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار» دەپ بىز دۆلەت ئارمىيەسىنى ھاقارەتلىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، قۇربانىنىياز ئۇلۇغ ئارمىيەنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ

ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى قەستەن تۆكتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ھەربىي ئىنتىزام بويىچە قانداق جازا بېرىلىشى كېرەك؟

ئەڭ ئالدىدىكى يەتتە ـ سەككىز ئادەم: «ئۆلۈم !» دەپ ئىلگىر ـ ئاخىر توۋلاشتى. لېكىن، نەچچە قاتار تىزىلغان ئىككى يۈزدەك ئەسكەردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بۇ ئەھۋال لۇ كۇنجۇڭنى دەرغەزەپكە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. شۇڭا، ئۇ ئەسكەرلەر ھۆرمەت ـ تەۋسىيىنى قىلمىدىغان خوڭ يادۇڭنىڭ دېگەنلىرى ئارقىلىق غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى:

— كوماندىر ـ جەڭچىلەر ! پولكوۋنىك خوڭ يادۇڭ جانابلىرىنىڭ نۇتقىنى ھەممىڭلار ئاڭلىغان، — دېدى لۇ كۇنجۇڭ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ، — ئۇ تاغلىقلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش، ئۇلارنى بوزەك قىلماسلىق، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ھۆرمەتلەش، ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزماسلىق ھەققىدە توختىلىپ: «تاغلىقلارنىڭ يىگىنە چاغلىق نەرسىسىنى ئوغرىلاشقا، بۇزۇشقا ئەسلا يول قويۇلمايدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كۆرۈلىدۇ، ئېغىرلىرىنى ئېتىش كېرەك، چۈنكى ھەربىي تۈزۈم كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۈچۈن دەخلى ـ تەرۇزسىز قانۇن !» دەپ جاكارلىغان. قۇربانىنىياز پۇقرالارنى قاقشاتتى، ئوغرىلىق قىلىپ ئارمىيەنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكتى. زادى ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئېتىش كېرەك ! — ۋارقىرىدى دۇ شىڭسەن.

— چاپايلى ! — لى چۇڭخېڭ مۇشتىنى شىلتىدى.

— قەتئىي ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ ! — دېدى ياغاق يۈز ئودلىنىيە كوماندىرى جۇڭ شۆلياڭ.

— ئۆلتۈرۈپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلايلى ! — ئابدۇقادىر ئىككى قولىنى تەڭ كۆتۈردى.

يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمىگەن ئۆمەر ئامالسىز مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاقنىياز، شىيائېر، ئابدۇرۇسۇل،

لو دەئلەرگە تىكتى. لېكىن، ئۇلارنىڭمۇ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۆمەر نېمىشقىدۇر ئەتراپقا بويۇنداپ قارايتتى، كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. راست، گۈلنۇر دېگەن قىز نەگە كەتكەندۇ؟ دايىم دېگەن يىگىت ئۆلگەندە ئۇ قۇربانىنىيازنى قوغداپ، ھەممىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ تۈرگۈنلۈكىگە ئۆمەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىغان، لېكىن مۇشۇنداق زىل ھەم جان قىيىلىدىغان پەيتتە ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

ئۆمەر مۇشۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە ئۆرتىلىۋاتقاندا، لۇ كۈنجۈڭ يېنىدىكى ئوفىتسېرنىڭ قىلىچىنى شارتىلا سۇغۇرۇۋېلىپ، بىسىغا بارماقلىرىنى تەگكۈزدى. ئاڭغىچە جۇڭ شۆلياڭ بىلەن ئابدۇقادىر ئىككىسى چىقىپ، قۇربانىنىيازنىڭ پۇتلىرىغا تېپىپ ئۇنى تىزلاندۇردى. قۇربانىنىيازنىڭ چىرايى گەرچە شاكىلى سويۇۋېتىلگەن تۇخۇمدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لەۋلىرى نېمىدۇر بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. كۆزلىرىدىن قورقماسلىق، ھېچنېمىنى پىسەنتىگە ئالماسلىقتەك جاسارەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. مۇتتەھەملىك بىلەن خېلى كۆپ نەپ ئۈندۈرۈۋالماقچى بولغان سالى سەپرامۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، خۇددى ئات باغلايدىغان ئەگرى مومىدەك ھويلا ئوتتۇرىسىدا دوڭغىيىپ تۇراتتى. بۇ لەنەتگەردى بەندە زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانلىق پەنجىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نېمىلىرىنى يوقىتىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، بىر شاتىراق توخۇ ماجىراسىنى تۇغدۇرۇپ، ئۆزىنى قانداق ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. لۇ كۈنجۈڭ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، يۈكۈنۈپ تىك ئولتۇرغان قۇربانىنىيازنىڭ سول يېنىغا ئۆتتى. ئۇ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ پوخادىن چىقىش ئۈچۈن، قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگەچ سورۇننى بىر ئايلاندى. رەتلىك تىزىلىپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئۈنلۈكرەكمۇ تىنالماي،

ئېغىر سوكۇت ئىچىدە قالغانىدى. خېلىدىن بېرى ئادەم ئۆلتۈرمەي خۇماداپ كەتكەن بۇ ئادىمىي قانخور تىرتىلداپ چىقىۋاتقان قاننى خىيالەن كۆرۈۋاتقاندەك، مىيىقىدا جىلمىيىپ قۇربانىنىيازنىڭ ئارقا تەرىپىدە توختاپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەسكەرلەرنىڭ خېلى كۆپى يەرگە قارىۋالدى، بەزىلىرى كۆزىنى يۇمۇپ، ئېغىر تىناتتى. سالى سەپرا چېغىدا ئىككى ئالىقىنىدا كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، بارماق ئارىلىقىدىن قۇربانىيازغا پات - پات قاراپ قويۇشقا باشلىدى. ئەنە شۇنداق يۈرەكلەر ئەنسىز سېلىۋاتقان، ئېگىز - پەس تىنىقلار ئاڭلىنىۋاتقان، بەزىلەرنىڭ تىزلىرى تىترىسە، يەنە بەزىلەرنىڭ چىشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كاسىلداۋاتقان جىددىي دەقىقىدە دەھشەتلىك چىرقىرىغان بىر ئاۋاز لۇ كۇنجۇڭنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ گارنىزوننىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا بېكىتىلگەن چوڭ دەرۋازىسى تەرەپتىن ئاسما سېۋەت كۆتۈرگەن گۈلنۇرنىڭ قارا بورانىدەك جۇدۇن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىزنىڭ ئارقىسىدا تاجىك قىزى سارامۇ بىللە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— توختا ! ...

گۈلنۇر يىغىلىۋالغان تاغلىقلارنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ، يىقىتىپ، سورۇن ئىچىگە قۇيۇندەك ئېتىلىپ كىردى - دە، ئاسما سېۋەتنى تاشلىۋېتىپ، قۇربانىيازنى قۇچاقلىۋالدى، ئاڭغىچە سارامۇ يېتىپ كەلدى. ئەتراپتىكىلەر ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، ئۇلارغا قادىلىپ قاراپلا قېلىشقانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر سالى سەپرانىڭمۇ گۈلنۇرنى كۆرۈپلا كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ چەكچىيىپ قالغان، تۈك باسقان ئاغزى ئۇچۇقلا قالغانىدى. ئامالسىزلىق ئىلكىدە قالغان لۇ كۇنجۇڭ قىلىچىنى چۈشۈرۈپ گۈلنۇرغا ئېگىشتى:

— ھەي قىز، بۇ... بۇ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

— ھەي قانخور ! — قاتتىق ۋارقىرىدى گۈلنۇر، — مەن سېنىڭ رۇۋانىڭنى ئۇقمايمەن.

لۇ كۇنجۇڭ ئۆمەرگە قارىغانىدى، ئۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېلىپ سورۇنغا كىردى ـ دە، ئۇ: «مەن سىزنىڭ تىلىڭىزنى بىلمەيمەن» دەيدۇ دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئاندىن لۇ كۇنجۇڭنىڭ دېگىنىنى گۇلنۇرغا ئۆرۈپ بەردى.

— ئۇ... ئۇ... — تاغلىق قىز نومۇس كۈچىدىن سەل تەمتىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن يىگىتنىڭ ھاياتى يولىدا ھەممىنى ئۇنتۇدى، — ئۇ... مېنىڭ خۇۋالاشقان يىگىتىم !

ئۆمەر قىزنىڭ سۆزىنى تاھايىتى روشەن ھەم ھەممىگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، لۇ كۇنجۇڭنىڭ پىت كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى:

— قۇربانىنياز دېگەن بۇ ئەسكەر قانداقسىگە سېنىڭ يىگىتىڭ بولىدۇ؟

— ئەسكەر دېگەن خوتۇن ئالمامدۇ؟

— ئۇ... ئۇ... سەن... ئەستا ! ...

گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان لۇ كۇنجۇڭ خۇدۇكسىرەپ ئەتراپىغا قارىغانىدى، بەزىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى ۋە قىزىرىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى چىقاردى.

— لېكىن، ئۇ پۇقرالارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ، ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى.

— يالغان !

— ئىشەنمىسەڭ، — لۇ كۇنجۇڭ بېشىنى چاترىقىغا تىقىپ ئولتۇرغان سالى سەپرانى كۆرسەتتى، — مانا بۇ ئادەمدىن سورا ! ئۇ بۇ ئادەمنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلاپ، كاۋاپ قىلىپ يېگەن، — لۇ كۇنجۇڭ سالى سەپرادىن قايتىلاپ سورىدى، — شۇنداقمۇ؟

— مې... مې... مەن... ئۇقمايمەن... — دۇدۇقلىدى سالى سەپرا.

— نېمە؟... ئۇقمايمەن؟ — لۇ كۇنجۇڭنىڭ قىلىچ دەستىسىنى تۇتقان قوللىرى كىرىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — بۇ... بۇ... ساراڭمۇ نېمە؟ سەن ئەبلەخ؟...

— ئۇ دېگەن ساراڭ ! — گۈلنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — هازىر سەن ئۇنىڭدىن توخۇ زادى كىمنىڭ دەپ سوراپ باقە، ئۇ نېمەدەپ جاۋاب بېرىدىكىن؟

ئۆمەر لۇ كۇنجۇك بىلەن گۈلنۇرنىڭ سوئال - جاۋابلىرىنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپلا قالماي، بەلكى قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ھېسسىياتىنى قوشۇپ كۈچلەندۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ۋە باشقىلارنى تەسىرلەندۇرۇۋەتتى. دېگەندەك، لۇ كۇنجۇك ئىككىنچى قېتىم: «توخۇ زادى كىمنىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، سالى سەپرا: «توخۇ مېنىڭ» ياكى «پالانىنىڭ» دېمەي، چاترىقىغا تىقىۋالغان بېشىنى توختىماي چايقاۋەردى. سورۇندىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان ئاغزىدىن سوزۇلۇپ چۇشۇۋاتقان شۆلگىيىگە قاراپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى. ئاچچىقىدا قارىداپ كەتكەن لۇ كۇنجۇك غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەمىسە، توخۇ زادى كىمنىڭ؟

— مېنىڭ ! — گۈلنۇر ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ۋە دوستى سارانىڭ قولىنى تۇتتى، — ئادىشىم سارانىڭ مېكىيىنى چۈجە چىقارغاندا، ماڭا بېقىۋال دەپ بىرنى بەرگەنىدى. شۇ توخۇ شۇ، ئۇنى ئۆزۈم باققان.

— شۇنداقتىمۇ توخۇنى بىسوراق پىشۇرۇپ يېيىشە، ئەسكەرلەر ئۈچۈن چوڭ جىنايەت بولىدۇ !

— بىسوراق دەپ كىم دەيدۇ؟ — گۈلنۇرغا قۇربانىنىيازنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى مەدەت بولغانىدى، — ئەسلىدە مەن ئۇنى توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلماقچىدىم، ئۇ ئۇنىمىدى. بىراق، ئۇ دەم ئېلىش كۈنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى چاتقاللىقتا ماڭا تاش توشۇيدىغان ئاسما سېۋەت توقۇپ بەرمەكچى بولدى. مەن ئەتىگەندە قويلارنى باققىلى ئاچىققاندا: «قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتسە، ئاشۇ دانلاۋاتقان توخۇنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ يەڭ !» دەپ قويۇپ كەتكەنىدىم.

— ئەجەب گەپكە چېۋەر ئىكەنسەن، — لۇ كۇنجۇك زەھىرى

بىلەن كۆلدى، — ئۇنىڭغا: «كاۋاپ قىلىپ يە» دېگۈچە، ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ پىشۇرۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟

— سەنمۇ ئەجەب ھوشيار يېتىم ئىكەنسەن، — جىنگەرلىك تاغ قىزى لۇ كۈنجۈڭنىڭ ھەيۋىسىنى پىسەنتىگە ئالمىدى، — مەن تۈنۈگۈن سارا بىلەن تەسكەي تاغ جىلغىسىدا مال باقىمىز دەپ كېلىشىپ قويغان. ئۇنىڭغا يالغانچى بولۇپ قېلىشنى خالىمىدىم، شۇنداققۇ، سارا؟

— راست، — سارا ئۆمەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ قىزىرىپ كەتتى، — بۈگۈن ئىككىمىز قوي - ئۆچكىلىرىمىزنى كەچكىچە تەسكەي تاغ جىلغىسىدا باقتۇق.

ئىچىگە ئوغىدەك ئۆيۈپ كەتكەن قىساسىنى قان تۆكۈش ئارقىلىق ئالماقچى بولغان لۇ كۈنجۈڭ لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئالدىدا لەت قىلىپ، ئېغىز ئاچۇرغۇسىز قىلىپ قويۇپ نومۇسقا قويغان مۇنۇ تاغلىق قىزنى پارچە - پارچە قىلىپ چانىغۇەتكۈسى كەلدى. ئۇ ئاچچىقىنى دەماللىققا نەدىن ئېلىشنى بىلمەي، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان سالى سەپرانىڭ كۆتىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى:

— ئاناڭنى.. يوقال ! كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما ! بولمىسا گۆشلىرىڭنى قىيما - چىيما قىلىپ، قاغا - قوزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىمەن ! — لۇ كۈنجۈڭ قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى، — قۇربانىنىيازنى ئەكىرىپ سولاپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ ئىشىنى ئەتە بىر تەرەپ قىلىمىز !

يىغىلىشنى دەرھال توختاتمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. چۈنكى، ھەممە ئەسكەر قاتتىق سوغۇقتا مۇزلاپ كەتكەنىدى، ئۇلار ئاياغلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، يەرگە تېپىپ، قوللىرىنى ھورداپ، دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار تېخى كەچلىك تاماقمۇ يېمىگەنىدى، شۇڭا تارقىلىش بۇيرۇقى بېرىلىش بىلەن تەڭ ھەممىسى ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ چاغدا سالى سەپرا دۈمچەيگەن ھالدا گارنىزون دەرۋازىسىدىن چىقىپ

كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن نومۇسلۇق، بەكمۇ ئۈياتلىق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئىش ئۇلۇم بىلەن ئاخىرلاشقان تەقدىردە، بىر تال قىزى، يالغۇز جىگىرى ئالدىدا ئەبەدىلئەبەد دوزىخي بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئازاب بىلەن ئويلىماقتا ئىدى.

دەرۋەقە، گۈلنۇر ئۆز سۆزلۈك، قورقماس، تۈرگۈن قىز ئىدى. ئۇنىڭغا ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردىن، ھەتتا باشقا يۇرتلاردىنمۇ خېرىدارلىق قىلىپ ئەلچىلەر كەلگەن، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۇنىمىدى؛ ھەتتا قوشراپنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانى توختىبەگ ئۇنى ئىككىنچى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزگەندە، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا رەت قىلدى. لېكىن، سالى سەپرانىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ قانچە كېچە تاپا ـ تەنە قىلدى، نەسىھەت قىلدى، لېكىن قىزىغا گېپىنى يېگۈزەلمىدى. ئاخىر بولماي خوتۇنى سانىخان ئۇندىمەسنى ئىشقا سالدى. ئانىسىنىڭ ئايىغى چىقماس كوت ـ كوتلىرىنى ئاڭلاپ بىزار بولغان گۈلنۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ئاخىر توختىبەگنىڭ مېزىنى تىتىۋەتتى.

— جېنىم ئانا، مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى كەكلىكۋاز، ئىشتاچى دەپ ياراتمايۋاتقىنىم يوق، — دېدى گۈلنۇر ئانىسىغا چېچىلىپ، — بىراق توختىبەگ دېگەن بۇ ئادەمدە ئەرلىك غۇرۇر ۋە ۋىجدان دېگەن نېمە يوق. ئالدىنقى يىلى قوشراپتا گومىنداڭچىلار پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، ئۇ مۇشۇ سېرىق ئىتلارنىڭ كوماندىر ـ ئوفىتسېرلىرىگە قايسىدۇر يۇرتلاردىن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئالداپ ئەكېلىپ... بولدىلا، بولدىلا! بۇ ئىشلاردىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭ بارغۇ؟... مەن... مەن... ئاشۇنداق ئىمانى يوق، غۇرۇرسىز، ئەركەك دېگەن نامنى دەپسەندە قىلىدىغان غىتمەك، تۈزكور مۇناپىققا كېلىن بولمەنمۇ؟...

— ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، بالام، — سانىخان ئۇندىمەس بېشىنى گىلدىڭلاتتى، — شۇڭا ئۇنى قوشراپقا «قىز ـ چوكانلار

شاراپىتىدىن بەگ بولدى» دېگەن گەپلەرمۇ بار ئەمەسمۇ! لېكىن، داداڭ: «توختىبەگ بىلەن قۇدىلىشىدىغان بولدۇم» دەپ ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ تاڭ؟

سالى سەپرا كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قىزى گۈلنۇرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا، تىغدەك ئۆتكۈر سۆزلىرىگە دۇچ كېلىشتىن قورقۇپ، «مىجەزىم» دەپ بالدۇرلا يېتىۋالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سالىنىڭ سەپرالىقى، ساراڭلىقى، تەرسالىقى قوشراپ ۋە تاشناتادىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئاشۇ بولمىغۇر ئۆكتەملىكلىرى بىلەن ئۆيدىكىلەرنى قورقۇتۇۋالغان بولۇپ، ئائىلىدە كۇنجۇتتەك ئىشلارنى باھانە قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قىزى گۈلنۇردىن بەزى ھاللاردا تەپ تارتاتتى، چۈنكى بۇ قىز بەكمۇ قارام ئىدى. توختىبەگ ئىككىنچى ئوغلى ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزگەندە، سالى نەچچە كۈن كاسىلداپ گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، قىزىنى بىر كاچات ئۇرۇۋەتتى. گۈلنۇر دادىسىنىڭ كۆزىگە، كۆزىنىڭ نەق ئىچىگە قاراپ جىلمايغاندەك قىلدى ـ يۇ، بىراق كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆي ئوتتۇرىسىدا قانغا چىلىشىپ يېتىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تامغا بېشىنى ئۇرغانىدى، بېشى يېرىلىپ بولدۇقلاپ قان چىقىپ كەتتى. خەيرىيەت، سالى سەپرا بىلەن سانىخان ئۇندىمەس بارمىغان تېۋىپچى، ئەمچى، تېۋىپلار قالمىدى؛ ئىشقىلىپ، بىرقانچىلىغان قوي ـ ئۆچكىنىڭ بەدىلىگە قىزىنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئەگەر مۇشۇ بىر تال ئارزۇلۇقى تاشلاپ كېتىپ قالسا، بۇ دۇنيانىڭ ئۇلارغا نېمە قىزىقى بولاتتى؟ جىلغا ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان ۋەيرانە روزىغارنى ئىللىق ھارارەتكە، يوپيورۇق نۇرغا تولدۇرۇپ تۇرغىنى ئاشۇ جاپ ـ جاپ قىزىنىڭ مېھرى تۇرسا! سوقۇشسىمۇ، يالاشسىمۇ مۇشۇ جىمجىت جىلغىنى ئاۋات قىلىپ تۇرغان بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ باشقا

بالىلىرىمۇ بولغانمىدى؟ بولغان! بىراق، ئۇلارنى خۇدايىم راست بەرمەپتىكەن، بىرى قارا كېزىك باھانە بولدى ـ دە، قاش ـ كىرپىك، چاچلىرىنى ياستۇقتا تۆكۈپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى؛ باشقىلىرىنىمۇ چېچەك، قىزىل دېگەندەك بالىلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئېلىپ كەتتى. پەقەت خۇدايىمنىڭ راست بەرگىنى مۇشۇ گۈلنۇر بولۇپ قاپتۇ... قارىمامدىغان ئۇنىڭ زېھنىياتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى! دادىسىغا گەپ كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى «ساراڭ»غا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنى، يىگىتىنى، دادىسىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەگەر قۇربانىنىياز ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، سالى ئاشۇ يالغۇز گۆھىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. بۇ ئاياقتا تۇرغان قېتىقتەك ئېنىقلا ئىدى! ئۇنىڭ قانچە يەرلەردىن، يۇرتلاردىن خەۋەردار بولۇپ كەلگەن تۇمىقى قىرلاقلىق يىگىتلەرنى، بەگلەرنىڭ بەگزادىلىرىنى ياراتماي، ئاشۇ قارا قۇمچاق يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغىنىغا قارىغاندا، كۆڭۈل دېگەن بۇ ساراڭ بىرنېمە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ، ھېلىقى غورا قاپاق كوماندىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يۈرۈپ بولسىمۇ قۇربانىنىيازنى سولاقتىن ئاچىقىپ، قىزىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلمىسا، ئۇ دۇنيادا دوزىخىي بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

سالى سەپرا پۇشايمانلىق، ئازابلىق خىياللار قايناملىرىدا شۇڭغۇپ يۈرگەن بۇ قاراڭغۇ كېچىدە يېڭى گازارمىسىنىڭ تاش ـ توپا، لاي ـ سامان، قومۇشلار چېچىلىپ ياتقان چوڭ قورۇسىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇ نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشىپ، تېمىسقىلاپ يۈرۈپ لۇ كۇنجۇڭنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى ۋە توختاپ، ئەتراپىغا بىر قۇر دىققەت بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى بوش شىرىقلاتتى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ بىر باش كۆرۈندى ـ دە: «ئابدۇقادىرمۇ سەن؟ كىر! ...» دېدى ۋە ئۇ كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىكنى «گۈپلا» قىلىپ

ياپتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە گارنىزون قورۇسىدا غەلىتە ئىش يۈز بەردى. قورۇدا «گۇناھسىز قۇربانىنىيازنى چىقىرىپ بەرسۇن !» دەپ يىغىلىپ كەلگەن سالى سەپرا، گۈلنۇر، سارا قاتارلىق تۇنۇگۇنكى تاغلىقلار ھەم ئەسكەرلەر توپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇل، ئابلا، ۋاھىت، شىيائىر قاتارلىق ئودلىنىيە كوماندىرلىرىمۇ بار ئىدى. ئوفىتسېرلار پەلتوسىنى يېپىنچاقلىۋالغان لۇ كۇنجۇڭ: «قۇربانىنىيازنى ئاچىقىپ قويۇۋېتىڭلار !» دەپ قويۇپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى قاراۋۇل يۈگۈرۈشۈپ كىيىتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھاسىراپ، ئىنجىقلىشىپ قۇربانىنىيازنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ تۈنۈگۈنكىدەك باغلاقلىق بولۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى توڭلاپ قالغانىدى. قاش - كىرپىكلىرى ئاپپاق قىروۇ باغلاپ كەتكەن قۇربانىنىياز بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزى يېرىم ئوچۇق ھالدا كىمگىدۇر قېنىقماس ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدە، ئەينەك ساقىدەك يالتىراپ تۇرغان قارىچۇقلىرىدا مەڭگۈ يوقالماس بىر قىساس تىنىپ قالغانىدى...

— قۇربانىنىياز !...

يۈرەكلەرنى يىرىۋەتكۈدەك چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، گۈلنۇر توپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان سوغۇق جەسەتنى قۇچاقلىۋالدى. بىراق، ئۇنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاقمىدى. بىرقانچە تاغلىق بىلەن ئەسكەرلەر ئۇنى جەسەتتىن ئاران ئاجرىتىپ ئەكەتتى. ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇل، شىيائىرلار قۇربانىنىيازنىڭ بەدىنىدىكى توڭلاپ كەتكەن ئارغامچىلارنى كېسىپ تاشلىدى.

— ئۇنىڭغا بىركىم سۇ چېچىۋېتىپتۇ ! — دېدى شىيائىر، — بەكمۇ بىخۇدلۇق قىپتىمىز...

— بىز نېمانداق دۆتلۈك قىلغاندىمىز؟ — ئاقنىياز مەڭزىدىكى بىر تامچە ياشنى بارمىقىدا سۈرتۈۋەتتى، — ئەجەب يېقىشلىق يىگىت ئىدى بۇ !

— ئۇنىڭغا سۇ چاچقانلار ئۆز ئىچىمىزدە، — ئابدۇرۇسۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، — خەپ، بىر كۈنى بىزگىمۇ نۆۋەت كېلەر ! ئاشۇ ئاسىيلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمىسەم ئادەم بولماي كېتەي !...

ئۇلار پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقاچقا، بۇ سۆزلەرنى قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىمىدى. ئەمما، سالى سەپرا ئۆملەپ كەلگىنىچە قۇربانئىيازنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ توڭلاپ كەتكەن يۈز، دۈمبە، مۈرە، بىلەك، تىزلىرىنى سىلاۋېتىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ئاھ خۇدا ! مەن نېمە قىلدىم؟ ئۆز ئادىمىمنى، ئۆز بالامنى ئەرزىمەس بىر توخۇ ئۈچۈن زالىملارنىڭ تۆمۈر ئالىقانلىرىغا سېلىپ بەردىمۇ؟ مەن ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن، ئەمدى بۇ گۇناھىمنى تاڭلا قىيامەتكىچە ياش تۆكسەممۇ يۇيۇپ تۈگىتەلمەيمەن... قىزىم گۈلنۇرمۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ. مەن بىر تۈزكور، ئۆز قېرىنداشلىرىمغا، ئۆز ئىمانىمغا ئاسىيلىق قىلغان پاسىق بولدۇم...

سالى سەپرا ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپ، بۇرۇن، ئاغزىلىرىنى قانىتىۋەتتى. ئاقنىياز بىرقانچە تاغلىقنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ئاران يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ: «قۇربانئىياز دېگەن مېنىڭ بالام، ئۇنى ئۆزۈم دەپنە قىلىمەن» دېگەن تەلپىگە قوشۇلۇپ، مېيىتنى بىللە ئېلىپ كېتىشتى.

ئەتىسى پېشىن نامىزىدا مېيىت نامىزى ئوقۇلغان قۇربانئىياز زاراتگاھلىقتا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىندى. بۇ دۇنيا مانا شۇنداق دۇنيا ئىكەن ! بەزىلەرنى «رىزقى سۆرەپ كەتتى» دېسەك، يەنە بەزىلەرنى «توپىسى تارتقان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزدەيدىكەنمىز. ئىشقىلىپ، نەدە

تۇغۇلۇپ، نەدە ئارام تاپىمىز، بۇنى بىلمەيدىكەنمىز. مانا لوپلۇق يىگىت قۇربانىنىيازنىڭ ياش جىسمى قوشراپىنىڭ تاغ تۇزالىرىغا، تۇپراقلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى... ئەمما، ئۇ يەرلىكىگە قويۇلغان كۇنى كېچىسى يەنە بىر ئىش يۈز بەردى: گارنىزون قورۇسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى قوشراپ ئاسمىنىنى قىپقىزىل نۇرغا تولدۇردى. كىمدۇر بىرى لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىشىكى بىلەن دېرىزە قاپقاقلىرىغا سىرتىدىن ئۇزۇن ياغاچلارنى تىرەپ قويۇپ، قورۇ ئىچىدىكى مەگەن، بورا، قومۇشلارنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ ياتىقى ئەتراپىغا دۆۋىلەپ ئوت قويۇۋەتكەنىدى. قاراۋۇل باشقىلارنى ئويغىتىپ، ئىشىك، دېرىزىلەردىكى تىرەكلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، لۇ كۇنجۇڭنى ياتاقتىن كۆتۈرۈپ ئاچىقتى. ئۇ ئىستىن قارىداپ، تۇنجۇقۇپ، ئوتتا كۆيۈپ چارلىشىپ، ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە بەتبەشىرە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ داۋالاشقا ئېلىپ كېتىلدى. ئۇنىڭ باش، يۈز، قول ـ پۇتلىرى دورىلىق داكىلار بىلەن تېڭىپ تاشلاندى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندىمۇ: «ئۇ قىز چىرقىرىدى...»، «ئەنە چىرقىراۋاتىدۇ...» دەپ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خېلىلا قورقۇپ قالغانلىقى مەلۇم ئىدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ ياتىقىغا ئوت كەتكەن كۇنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ قوشراپتا گۈلنۇرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىشى تاغلىقلارنىڭ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ «ئوتنى گۈلنۇر قويدى» دېگەن پەرىزىنى ئىسپاتلىغاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، بىر قىزنىڭ تۇن كېچىدە شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى شەپە چىقارماي قىلغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەن ئۆمەر سارانى نەدىن بولسا تېپىپ، بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ قىزمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە يۈرەككە تالىق بىر مۇھىم ئىشنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ سەۋەنلىكىم ئۈچۈن تۆۋەنچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سورايمەن. ئەپۇ قىلساڭلار!

خاتىرەڭلەردە بولسا كېرەك، تاجىك قىزى سارا بىلەن ئۆمەر سىرتىدىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى دېيىشەلمەي، ھەتتا تونۇشالماي، «يۈرەك پا - پا، ئۆپكە گىژ - گىژ» بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، گۈلنۇر: «سارا، قوي - ئۆچكىلىرىڭنى ئاشۇ بالا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان چوققىغا ئاچىقىپ باقامسەنيا؟» دەپ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىش، تونۇشۇش يوللىرىنى دەپ بەرگەنىدى. راست دېگەندەك، بۇ ئۇسۇل ئۈيلىغاندىنمۇ ئارتۇق ئۈنۈم بەردى.

قوشراپتا گازارما قورۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن ۋاڭ جىڭگۈينىڭ ئۇچىنچى ئىزۋوتى ئەڭ مۇھىم ئېغىز — تاشناتا تاغلىرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش، يۇقىرىدىكى يۈرتلاردىن دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، قاراقىر، كەندىلىكلەرنى ھەر كۈنى چارلاپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. پەستىن ياكى ئۈستىدىن قارىغاندىمۇ، تاغ چوققىلىرىدىكى پوتەيلەر ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوققىلار ئارىلىقىدىكى چوڭقۇر جىلغىدا بىر ئېقىن بولۇپ، ئۇ يۇقىرى تەرەپتىكى دامسىيە، ئۇچبەلتە، قىزىلقىر، قاراقىر، كەندىلىكلەردىن ئۆتۈپ كېلىپ، ئاياغ تەرىپىدە يەكەن دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. بۇ ئېقىن تاغلىقلار «توك» دەپ ئاتايدىغان مۇز تاغدىن كەلگەچكە، سۈيى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئادەتتە تاغلىقلار بۇ ئېقىننىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭىدىكى ئېقىۋاتقان تارامىلىرىدىن سۇ كېچىپ، قوشراپ، چىمدۈلارغا بېرىشاتتى. لېكىن، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، كەلكۈن پەسلىدە بۇ يەردە قاتناش توختاپ، ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلەتتى. كەلكۈن-دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، ئات - كالا ۋە قوي - ئۆچكىلەرنىڭ تاپلىرىنى ئېقىتىپ كېلىشتىن تاشقىرى، قۇچاق يەتكۈسىز تاشلارنىمۇ گۈلدۈرلىتىپ ئېقىتىپ كېلەتتى. تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلغان چاغدىكى ئاۋازى تاغ ئارىسىدا ياڭراپ، ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، خېلى ئۇزۇن يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مانا ئاشۇ چوڭقۇر جىلغىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەم يۇقىرىدىن ئېنىق كۆرۈنەتتى. پوتەيدىكى قاراۋۇل يولدىن ئۆتكەن بىرەر ئادەمنى كۆرگەن ھامان رەڭلىك بايراقچىلارنى شەرتلىك بەلگە بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆۋەندىكى زاستاۋغا خەۋەر قىلاتتى. زاستاۋدىكىلەر كېلىۋاتقان ئادەمنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىق يولغا چىقاتتى. ئۆمەر پوتەي ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان كۈنلەردە سارا قوي - ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ ئۇ ئەتراپقا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار دەسلەپتە بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى ۋە دەرھال يۈزلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى، ئەمما يەنە قاراشماي بولمىدى... قاراشتى... جىلمىيىپ كۈلۈمسىرەشتى... ئاندىن، ئاندىن... كۆزلىرىدە گەپلەشتى... كۆزلىرىدە گەپلەشمىش ئۇلارنى تاقەتسىزلەندۈردى ۋە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۆمەر پوتەيدىن چۈشۈپ قىزغا يېقىنلاشتى... قىزمۇ خورىزىنى چىللاۋاتقان قىرغاۋۇل مېكىيىنىدەك پۈتىدا يەرنى تاتىلاپ تۇرىۋەردى...

— ئىسمىڭىز ساراغۇ دەيمەن؟ — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى ياغاچ تەڭنىدىكى سۈتنى كۆرگەن مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك غىل - پاللىشىپ كەتتى، — سىز گۈلنۇر بىلەن بەك يېقىن ئاداش - ھە؟

— ئىسمىمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سورايسىزغۇ؟ — سارانىڭ ئۇزۇن ئەگمە كىرپىكلىرى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى، — سىزمۇ قۇربانىنىيازنىڭ دوستى ئۆمەرغۇ؟ سىز توغرۇلۇق ماڭا گۈلنۇر دەپ بەرگەن.

— ئەمىسە، سىزمۇ بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتىسىزغۇ؟ ئېنىقراق بىلىۋالغانىڭ زىيىنى يوقتۇ؟

— ئىسمىمنى نېمىشقا ئېنىقراق بىلىۋالغۇڭىز كېلىپ قالدى؟ — سارا قىزىرىپ كەتتى.

— كېچىلىرى ھەجىلەپ ياتامدىم...

— قېلىن... قىلىقى سەت...

— كېچىلىرى سىزنى ئەمەس، ئىسمىڭىزنى ياد ئېتسەممۇ بولمامدۇ؟

— بەربىر ئوخشاش...

— بوپتۇ ئەمىسە ! ھەر ئىككىسىنى ياد ئېتمەي...

— تاۋى نازۇك... مەن... مەن ياق دېمىسەمىيا؟...

— ئەمىسە، ماقۇل دېدىڭىز - ھە؟

— مەيلى، — ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن سارا تەتۈر قارىۋالدى، — ئەسكى...

ئۇلار ئەنە شۇنداق بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتى، قىسقا مۇددەتشىلاردىن كېيىن ئايدىڭ كېچىلەردە، پىنھان قاپتاللاردا، قورام تاش دالدىلىرىدا پات - پاتلا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى، ئۇچراشمىسا، ھەر ئىككىسى بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، بىر - بىرىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، لۇ كۇنجۇڭنىڭ ياتىقىغا ئوت كېتىپ، گۇلنۇر يوقاپ كەتكەندىن كېيىن سارامۇ ئۇنىڭغا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بۇ ئەھۋال ئۆمەرنى تېخىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويدى. گارنىزونغا ئوت كېتىش ۋەقەسىدە «سارانىڭمۇ قولى بارمۇ، يوق؟» دېگەن سوئال ئۆمەرنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇگۈن كەچ قاراۋۇللۇق نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولۇپ، سارا قوي باقىدىغان تەسكەي تاغ جىلغىسىغا باردى. يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاقىر تاغلاردا ئوت - چۆپلەرنىڭ پەس ئۆسۈشى، دەل - دەرەخلەرنىڭ مول بولماسلىقى بەلكىم قار - يامغۇرنىڭ تولىمۇ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا، ماللار نېپىز ياغقان قارلارنى پۇتلىرىدا چاپچىپ ئوت تېپىپ يېيىشەتتى. لېكىن، بۇ يەرلەرنىڭ قارا سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى.

پۇتىغا قوتاز تېرىسىدىن چورۇق تارتىپ، پاچاقلىرىغا كۆل رەڭلىك بۇغا تېرىسىدىن جاۋا ئورىغان سارا ئۆزى توقۇغان قوپال يۇڭ كىيىملىرىنىڭ ئۈستىدىن يەڭسىز تېرە جۇۋا كىيگەن ھالدا

بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆمەرنى كۆرۈپلا يىغلاپ سالدى.

— نېمە، گۇلنۇرنى سېغىنغان ئوخشىمامسىز؟ — ئۆمەر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاشتا ئولتۇردى.

— ئۇ... ئۇ بىچارە... — سارا ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۆمەرنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، — نەلەردە، كىملەرگە بويۇن قىسىپ يۈرىدىكىن؟...

— ئۇنى ئۆزىڭىز يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز چىدىمايۋاتامسىز؟ — ئۆمەر قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، — سارا، راست گەپنى قىلىڭ، سىز ماڭا ئىشىنەمسىز ياكى ئىشەنمەمسىز؟

— ئىشىنىپ - ئىشەنمەي مەن سىزگە نېمەدەپ بەرسەم بولاتتى؟ — سارا نەگىدۇر قارىۋالدى، — قۇربانىياز ئۆلگەندىن كېيىن گۇلنۇر قوشراپتا تۇرغۇسى كەلمەي شەھەرگە كەتتى شۇ! ...

— بۇ ئىشنى سورىشىمدىكى سەۋەب، سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى ئۆمەر جىددىي تەلەپپۇزدا، — هازىرغۇ لۇ كۇنجۇڭ شەھەردە داۋالىنىۋاتىدۇ. ساقىيىپ كەلسە، ئۇ ئۆزىنى قەستلىگەن ئىشنى سۈرۈشتە قىلماي قالارمۇ؟

— نېمە؟ — سارا سەل چۆچۈپ قالدى، — ئۇنداقتا...

— سىز بولغان ئىشنى ئېيتىپ سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئاندىن مەن بىر ئامالىنى قىلىمامدىم.

قۇربانىياز يەرلىكىگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تارقاپ كېتىشتى. ئەمما، نەدىدۇر يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گۇلنۇر بىلەن سارا يېڭى قەبرە بېشىغا كېلىپ چوقچايدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. گۇلنۇر دادىسىنىڭ بولسا كېرەك، تاشلانمىغان بىر كورەك جۇۋىسىنى كىيىپ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەم كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك بىر چېقىن چىقىپ

تۇراتتى.

— سارا، بىر ھاجىتىم بار ئىدى... قىلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

— قېنى دېمەمسەن؟

— ماڭا بۇ ئىككى دانە ئاق تەڭگە بىلەن بىر تال تىللانى، — گۈلنۇر ئالىقىنىدىكى نەرسىنى سارانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — دادام بىلەن ئانامغا بېرىپ قويغان بولساڭ!

— تىللا؟ — سارانىڭ ھەيران بولغانلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىدى، — نەدىن ئالدىڭ؟ مەن بۇنى بەك ئەتىۋار، قىممەت باھالىق نەرسە دەپ ئاڭلىغان.

— قۇرباننىياز ماڭا تويىمىزدا ئىشلىتىمىز، ئوبدان ساقلاڭ دەپ بەرگەن.

— ئەسكەرلەرگە تىللا تارقىتامدىكەن؟

— ۋاي - ۋۇي، ئەجەب ئاسماقچىلاپ سوراپ كەتتىڭغۇ، باشقا ئەسكەرلەر بىلەن قىمار ئويناپ ئۇتۇۋاپتىكەن.

— ۋاي جېنىم... ئەسكەرلەرمۇ قىمار ئوينامدىكەن؟

— ئۇلارغا قىمار دېگەن قانچىلىك نېمە ئىدى، ئۇلار يەنە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىدىكەن، پاھىشە ئويناپدىكەن، نەشە چېكىدىكەن. قۇربانىياز ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەن.

— ئۇنداقتا ئۇمەر...

— پوق يېمە، «ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسەن، ئۇ ئۇنداق كوچىلاردا يوق ئىكەن.

— گۈلنۇر، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلا بەرسەڭ بولمامدۇ؟

— ئەمدى مەن ئۆيگە كىرمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— بۈگۈن كېچە، — گۈلنۇر ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى شارتىلا قىلىپ ئالدى، — لۈ كۇنجۇڭ دېگەن قانخورنى ئۆلتۈرىمەن.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — سارا چېچىلغان ھالدا ئۇنىڭغا

ئېزىپ ئىچۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى.

بىر ھېسابتا سارانىڭ دىگەنلىرىمۇ توغرا ئىدى. لۇ كۇنجۇڭ دېگەن چېنىققان، كۇچتۇڭگۇر، سەگەك كوماندىر ئىدى. گۇلنۇر ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بولغۇچە، ئۆزى يەر چىشلەپ قالاتتى. تېخى ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ياتقان بولسىچۇ؟ گۇلنۇر ئۆيئىچىگە قانداق كىرەلەيدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟

— كارىم يوق، — گۇلنۇر قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى، — ئۇ ھايۋانغا تاغلىقلارنىڭ كارامىتىنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ.

— گۇلنۇر، مېنىڭچە مۇنداق قىلساق...

سوغۇق شامال چىققىشقا باشلىدى. تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندىكى قىزغۇچ شەپەق ئۆچتى - دە، ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئورغىقى كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوغۇق، كۇمۇش رەڭ نۇرى بىلەن تاغ چوققىلىرىنى بېزىدى، ئاسمانغا گويا تۇمەنلىگەن ئەينەك پارچىسى چېچىۋەتكەندەك بولدى. قوشراپ ئۆيلىرىنىڭ قەغەزلىك پەنجىرىلىرىنىڭ غۇۋا يورۇقى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تاغ چوققىلىرىدىكى قاراۋۇل پوتەيلىرىدە خۇددى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆرۈنىدىغان گۇلخانلار ئايان بولدى. تەسكەي تاغ غولىدا ئوتلاۋاتقان قوي - ئۆچكىلەر ئەمدىلىكتە بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ، گويا سارا بىلەن ئۆمەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئۇلارغا جىمجىت قارىشىپ تۇراتتى. سارانىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى دەرۋەقە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قىلىنغان بەكمۇ خەتەرلىك ھەرىكەت ئىدى. تاش توشۇغان بولۇپ گازارما ئىچىگە كىرىش، ئېگىز دۆۋىلەنگەن مەڭگەن ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىش، ئوتتۇرا كېچىدە لۇ كۇنجۇڭنىڭ ياتقىنىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە ياغاچ تىرەپ ئاچالماس قىلىۋېتىش، ئاندىن ئۆي ئەتراپىغا قومۇش، ياغاچلارنى دۆۋىلەپ ئوت قويۇشتەك ئىشلارنى ئىككى قىزنىڭ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان

ئۆمەر تاغلىقلارنىڭ غۇرۇرى ۋە جاسارىتىگە ھەيران قالدى.

— سارا، ئەگەر بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالسا، — دېدى ئۆمەر كەسكىن ھالدا، — ئوت كەتكەن كېچىسى ئىككىمىز نەق مەشەدە كەلگۈسىدىكى تويىمىز ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، بىز ئوت يالقۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن يۈگۈرۈشۈپ تاغدىن چۈشتۇق. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇنداقتا، سىزگە گەپ كېلىپ قالامدۇ؟

— ماڭا ھەرگىز گەپ كەلمەيدۇ.

— ئەمىسە، خەلقنىڭ بىرنېمىسىنى ئوغرىلىسا، زىيان - زەخمەت يەتكۈزسە، قىز - چوكانلىرىنى بوزەك قىلسا، ھەربىي تۈزۈم بويىچە جازالايدىكەنغۇ؟

— شۇنىڭغا ئىشەندىڭىزمۇ؟ ھەممىسى ياسالمىلىق، — ئۆمەر قوللىرىنى شىلتىدى، — بىرەر قىز - چوكان: «ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى» دەپ داۋراڭ كۆتۈرسە ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زوراۋانلىق ئىشلىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئەرز - داد قىلىنسا، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنىڭ ئابرۇيى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنداقلارنى ئاتىدۇ ياكى چاپىدۇ. بولمىسا پاھىشىخانىلارغا بارغان، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا زىناخورلۇق قىلغان، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان كوماندىر - جەڭچىلەر دېگەن كۆرمىگىلەپ تۇرسا، ئۇلارنى ھەرگىز سۈرۈشتە قىلمايدۇ.

— ئەمىسە، ئۆزلىرىنى ئادىل پادىشاھ قىلىپ كۆرسەتكىنى ئىكەن - دە! — دېدى سارا ساددىلىق بىلەن، — قۇربانىنىيازنى بىر توخۇ ئۈچۈن توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، گۈلنۇر بولسا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتتى. نېمىدېگەن قارا كۆڭۈل، زالىم خەق بۇ؟

— ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلىۋەتكىنى يەنە ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئاسىي - مۇناپىقلار، — ئۆمەر قاراڭغۇلۇق تىقىلغان قاپتاللارغا قارىدى، — سارا، ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن،

تۇختىبەگ دېگەن خۇنسا ياقا يۇرتلاردىن ئىككى ئۇيغۇر قىزنى «ئۆي ئىشى قىلىسىلەر» دەپ ئالداپ ئەكېلىپ، لۇ كۇنجۇڭغا تەقدىم قىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم!

— ئۇ قىزلار تۇختىبەگنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدا ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، مەخسۇس قوغدىغۇچىلار ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز ساقلايدىكەن، — ئۆمەر غەزەپ بىلەن تۇكۇردى، — بىرى لۇ كۇنجۇڭنىڭ مەخسۇس كوماندىرلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى كۈتىدىكەن. يەنە بىر قىزنىڭ ھۇجىرىسىغا ئەسكەرلەر ھەر كېچىسى نۆۋەت بىلەن كىرىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن.

— ئۇ قىزلاردىن كىرگەن كىرىم لۇ كۇنجۇڭنىڭ يانچۇقىغا كىرەر؟

— بۇ تەرىپىنى ئۇقمىدىم.

— ئىلاھىم، يەر يۈتسۇن بۇنداق پەيلى بۇزۇلغان ھۆكۈمەتنى!...

ئۆمەر بىلەن سارا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاغ ئاسمىنىدا پىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ چوڭقۇر تىنىغاندىن كېيىن، قوي - ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ غولدىكى چىغىر يول ئارقىلىق پەسكە چۈشۈپ كەتتى...

# ئونىنچى باب

## زەھەرلىك قول

قوشراپتا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان لۇ كۇنجوڭنىڭ روتىسى 1948 - يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىنىمۇ كۆتۈۋالدى. چوققىلار، قورام تاشلار، چىقىلار، كۆز يەتكۈسىز ھاڭلار، يانپاش غوللار، ئېدىرلىق سايلار، بوز رەڭلىك، كۆكۈچ، سارغۇچ يارما تاشلىق ۋە كۆل رەڭلىك، ھەرە چىشىغا ئوخشاش قاتمۇقات تاغلار يەنىلا ئۆز پېتى، ئۆز رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. پەقەت ئازغان، جىغان، يەنە قانداقتۇر ئاق تىكەنلىك ياۋا مېۋىلەر، يۇلغۇن، توغراق، مۇشا، قىزىل تال، پاخپاق يوپۇرماقلىرىنىڭ غوللىرىغا سۇ يۈگۈرۈپ، ئۇلاردىن تارقىغان بىر خىل پۇراق دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ، تاغ باھارىدىن دېرەك بېرەتتى؛ بولۇپمۇ ئۇ قىردىن - بۇ قىرغا «قى... قى... قى...» قىلىشىپ ئۇچۇشۇۋاتقان قىرغاۋۇللار، ئاپتاپ چۈشكەن غوللاردا «ۋاق - ۋالاق، ۋاق - ۋالاق...» قىلىپ سايرىشىپ چىشلىرىغا قانات سۆرەپ يۈرگەن قىزىل پوكانلىق كەكلىكلەر، بىرى «قى - قۇ... قى...» دېسە، يەنە بىرى «چىياك... چىياك... چىياك...» دېگىنىچە بىر - بىرىنى چىشلىشىۋاتقان ئۇلار ۋە چىل... لەر جانلىنىپ، جۇپ ئىزدەشمەكتە ئىدى.

قان - ياشلار بەدىلىگە پۈتكەن گازارما قوشراپ تاغلىق رايونىدا قەدىمىي قەلئەدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلەي بىلەن چەمبەرلەنگەن قارا دەرۋازا ۋە ئۈچ تەرەپ — قورغان تامدىكى

پوتەيلەر سۇر پەيدا قىلغانىدى. قورغان ئىچىدىكى ياتاقخانا، ئاشخانا، ئاتخانا، ئىشخانىلار رەتلىك سېلىنغان بولۇپ، كەڭتاشا ھويلىسىدا سەكرەش، ئېسىلىش، توپ ئويناش ئەسلىھەلىرى ۋە يۈگۈرۈش مەيدانلىرىغىچە بار ئىدى. ھەتتا تاشناتا تاغلىرىنىڭ خېلىلا كۆپ چوققىلىرىدا، بەل، غوللىرىدىمۇ پوتەيلەر چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۆمەر قاراۋۇللۇقتا تۇرسىلا، سارا قوي ـ ئۆچكىلىرىنى پوتەي ئەتراپىغا ئاچىقىپ باقاتتى. ئىككىسى قىسقا ـ قىسقا سۆھبەتلەرنى قىلىپ، يۈرەكلەرنى سەگىتەتتى. بەزىدە ئۆمەر گارنىزون ئاشخانىسىدىن ئۈستىگە ھورنان قوندۇرۇلغان بىر قاچا گۆشلۈك قورۇما ئەكېلەتتى. تاغدا كۆكتات كەمچىل بولغاچقا، بۇنداق رەڭدار قورۇمىلار بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، سارا ناز قىلىپ يېگىلى ئۇنىمايتتى. كېيىنچە ئۆمەر بۇنداق تاماقلارغا ئۇنى ئوبدانلا كۆندۈردى.

گازارما قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، گەرچە تۇرمۇش شارائىتى ئاز ـ تولا ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەردە ئىدىيە ۋە روھىي ھالەت مەسىلىلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى، بەلكى بۇ مەسىلىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلىشىش، جاسارىتىنى يوقىتىشتەك ئالامەتلەر گەۋدىلىك كۆرۈلۈۋاتاتتى. بۇنىڭغا يەنىلا بىر چاغدا خۇلۇڭ يادۇڭ ھەر خىل تونۇشتۇرۇشلار ئارقىلىق (يەنى پولكوۋنىك ما يىفۇنىڭ تەلىپى بىلەن) قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى روتا، ئىزۋوتلارغا كىرگۈزۈۋەتكەن خەنزۇ ئەسكەرلەر سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئىچكىرىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشى، گومىنداڭنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى، ھەتتاكى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات مەسىلىلىرىگىچە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. خۇددى قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك، يېقىندىن بېرى تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ھەرقايسى تاغلىق رايونلاردا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىستىخىيەلىك ھەرىكەتلىرى، بەزى كىچىك رايون، ئايماق،

كەنتلەرنىڭ ساقچىخانىلىرىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قورال ـ ياراغ، ئاشلىقلىرىنى بۇلاپ كېتىشى ئەسكەرلەر ئىچىدە تېخىمۇ ۋەھىمە پەيدا قىلغانىدى. مۇشۇنداق ئىنچىكە ۋەزىيەتتە لۇ كۇنجۇڭنىڭ تاغلىق يىگىت دايىمنى ۋە قۇربانىنىيازنى ئۆلتۈرۈشى مىللىي ئەسكەرلەرنىلا ئەمەس، خەنزۇ ئەسكەرلەرنىمۇ غەزەپلەندۈردى. بىراق، ئۇلار لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. دېمىسىمۇ، ئىززەت كوماندىرلىرىدىن دۇشەنسەن، ۋاڭ جىڭگۈي، ما بىڭ (خۇيزۇ)، ۋۇ يەنزى؛ ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن جۇڭ شۆليەڭ، ئابدۇقادىر، لو دەن قاتارلىق كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئىككىنچى روتىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، لۇ كۇنجۇڭ رېشىت، ئابدۇقادىر، نىزامىغا ئوخشاش ئىشپىيونلىرىنى ئەسكەرلەر ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ شەھەردە داۋالىنىپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۆگەتكۈچىسىنى تېپىپ چىقىپ، چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن، شەھەردە خۇڭ يادۇڭنىڭ بەرگەن تەنبىھلىرى ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرغانىدى. ئېھتىمال، قوماندان ياڭ لىدېمۇ بەزى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ «جۇڭگو ۋەزىيىتىنى ئوبدانراق تەھلىل قىلىپ، ئاندىن ئاسمانغا مىخ قاقساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن» دېگەن بىر ئېغىز گېپى لۇ كۇنجۇڭنى خېلىلا سەگىتىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ «تۇز يالىغان ئىت قويۇرغۇ ئاستىدا ئۆلىدۇ» دېگەنىدەك، ئاقنىياز، ئابدۇرۇسۇل، ئۆمەر، شىيائىبرلارنى نەق ھەرىكىتى بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىلىرىنى ياڭ لىدې قوماندان بىلەن خۇڭ يادۇڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. ئەلۋەتتە، لۇ كۇنجۇڭ ئەمچەكتىكى مەممە دەيدىغان كىچىك بالا ئەمەس ئىدى. ئۇنى «مىللەتچىلىك قىلدى» دەپ ياڭ قوماندانغا ئەرز يازغىنى قۇربانىنىياز، داد ئېيتىپ يامان

كۆرسەتكىنى ئۆمەر باشلىق بىرنەچچىسى. تاغلىق يىگىت دايىم ئېتىپ تاشلانغاندا، يەنىلا شۇ قۇربانىنىياز، ئاقنىياز، ئۆمەر، شىيائىبىرلار ئوت قويىرۇقلۇق قىلىشتى. قۇربانىنىياز توخۇ ئوغرىلاپ تۇتۇلغاندا، يەنىلا ئاقنىياز، ئۆمەر قاتارلىقلار گۆلنۇرغا ئاستىرتىن گەپ ئۆگىتىپ قۇربانىنىيازنى قۇتقۇزۇۋېلىشتى. ئۇ توڭلاپ ئۆلسە، ئەتىسى «بىخۇدلۇق قىپتىمىز» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى لۇ كۇنجۇڭدىن كۆرۈشتى. زادى بۇ ئەبلەخلەرلا بولسا، بىرەر ئىشنى خاتىرجەم، ئىشەنچلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ يىلاننىڭ بېشى بولغان ئاقنىياز يوقالمىغۇچە، لۇ كۇنجۇڭغا ئارام بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ خېلىدىن بېرى ئابدۇقادىر بىلەن نىزامنى ئۇلارنىڭ ئىزىغا سېلىپ قويغانىدى. بۇ ئىككىسى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جىلغىنىڭ تولكىسىگە ئىغىز سالالايدىغان تەدبىرلىك ئىتلاردىن ئىدى.

جۇڭگو ۋەزىيىتىدىكى زور بۇرۇلۇش شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە چوڭ مەدەت ۋە ئىلھام بولدى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىش لۇ كۇنجۇڭنىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىپ قويدى. ئۇ روتا ئىچىدە «ئۈچ ۋىلايەتچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش»، «ئىچكىرىدىكى كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىنى قېزىپ چىقىرىش» دېگەن ئۆگىنىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىن ئېچىپ، ھەر كۈنى «كىم نېمە دېگەن؟»، «قانداق ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولغان؟»، «قاچىماقچى بولغانمۇ، يوق؟» دېگەندەك سوئال ـ سوراقلارنى قىلىپ، بېسىم پەيدا قىلدى؛ ھەتتا ئۇ خۇڭ يادۇڭ قوبۇل قىلغان ئەسكەرلەردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى ھەر كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم سوراق قىلىپ، دەھشەتلىك قىيناپ، بەزىلىرىنى گازارمىدىكى يەر ئاستى تاش ئۆيلەرگە سولىدى. ۋاڭ خۇڭشىڭ دېگەن بىر يىگىتنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «ئۇ ئۆزىنى ئېتىۋالدى» دەپ ئۆلۈكىنى گازارمىنىڭ قورغان تېمىنىڭ ئارقىسىنى كولىتىپ كۆمدۈرۈۋەتتى.

بۇگۈن ئاپرېل قۇياشى تاغ تۇرانى ئۇبدانلا ئىللىتقان بولسىمۇ، كەچكە يېقىن تاغ چوققىلىرىدىن سۇرۇلۇپ ئۆتكەن ئېغىر قارا بۇلۇتلار قوشراپ ئاسمىنىغا توپلاندى. دەسلەپتە سىمىلداپ ياغقان يامغۇر بىردىنلا قارغا ئايلىنىپ، جۇدۇن بولۇپ كەتتى. گەرچە ماي ئېيى كىرىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، كوماندىر ـ ئەسكەرلەر يەنىلا توڭلاپ ـ دۈگدىيىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار جۇدۇندا شۈمشىيىشىپ ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار تامىقنى ئەمدىلا يەپ بولىۋىدى، بەشئاتارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر ئاشخانىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى ـ دە، «ئوق ئاۋازى قاياقتىن چىقتى؟» دېيىشىپ، بىر كوچىغا كىرىپ كېتىشتى. دېگەندەك، توختىبەگنىڭ قورۇسى ئالدىدىكى يولدا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بىر چوكان قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ توگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، ياقىلىرى يىرتىلغان بولۇپ، خۇددى ئاپقۇر چىنىنى دۈم كۆمۈرۈپ قويغاندەك تولغان ئاپپاق ئەمچىكى كۆڭلەك سىرتىدا تىترەپ تۇراتتى. ئەمما، سول ئەمچىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى جاراھەت ئېغىزىدىن قان بولدۇقلاپ چىقىۋاتاتتى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان لۇ كۈنجۈڭ توپلىشىۋالغان تاغلىقلار ۋە ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى:

ــ ھېچ گەپ يوق، بۇ توك دېگەن مۇز تاغدىن ئارتىلىپ، كەندىلىكنى پاراكەندە قىلغان تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ئايال ئەزاسى، ئۇنى لى جۇڭيىڭ ئىزۋۇتىدىكى رازۋېدكىچىلار قولغا چۈشۈرگەن، ــ لۇ كۈنجۈڭنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقى ھودۇقۇشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ــ سوراق قىلىنىۋاتقاندا قاچقانلىقى ئۈچۈن، قاراۋۇل ئېتىۋەتتى.

لۇ كۈنجۈڭ توپ ئالدىدا چىرايلىرىدىن جىددىيلەشكەنلىكى چىقىپ تۇرغان ئاقنىياز، شىيائېر، ئۆمەرلەرنى كۆرۈپ يۈزىنى دەرھال قاچۇردى ـ دە، قاراۋۇللارغا ۋارقىرىدى:

ــ جەسەتنى ئەكىرىپ كېتىڭلار!

ئايالنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقانلى-
قى چىقىپ تۇراتتى. بۇ توختىبەگ ئالداپ ئەكىلىپ لۇ كۇنجۇڭغا
تەقدىم قىلغان ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى. قاراۋۇللار ئۇلارنى ئىچ-
كىرىكى قورۇدىن ھېچ يەرگە چىقارغىلى قويمايتتى. بۇگۇن لۇ
كۇنجۇڭ «مېھمان» بولۇپ چىققاندىن كېيىن نۆۋەت بويىچە يەنە
بىرى كىرگەندە، چوكان قەتئىي قارشىلىق قىلغان. نەتىجىدە ئۇ-
نىڭ تۇگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، كۆڭلەك ياقىلىرى يىرتىلغان. ئۇلار
ئېلىشىش جەريانىدا ئايال قېچىپ چوڭ كوچىغا چىققان، قاراۋۇل
ئارقىسىدىن ئېتىۋەتكەنىدى.

لۇ كۇنجۇڭنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئاقنىياز بىلەن
شيائېر ئىككىسى بىر كۈنى كېچىدە جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا
قاراپ ماڭغاچ پاراڭلاشتى.

— ئاقنىياز، بىر ئىشنى سىزىۋاتامسەن؟ — دېدى شيائېر
سوغۇقتا قىزارغان يۈزىنى سىيپاپ قويۇپ، — لۇ كۇنجۇڭنىڭ
كۆزلىرى بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— توغرا، ئۇ بىرنەچچە ئودلىنىيە كوماندىرىغا ھەرگىز
ئىشەنمەيدۇ، بولۇپمۇ مىللىيلارغا.

— بەزىدە قىل - قىل قالىمەن ئۇنى ئېتىۋەتكىلى، —
شيائېر چىش ئارىلىقىدىن «چىرتتىدە» تۈكۈردى، — نېمە
ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى زادىلا كونترول قىلالمايمەن دېسە.

— بۇنداق ساراڭلىقنى ھەرگىز قىلما، — ئاقنىياز
شيائېرغا غەزەپ بىلەن قارىدى، — بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ
بەرگەننىڭ پايدىسى نېمە؟

— ئاقنىياز، ۋاڭ خۇڭشىڭ بەك ئوبدان ئادەم ئىدى، —
شيائېر چوڭقۇر تىندى، — ئۇ ئىنتايىن كۆپ نەرسىنى بىلەتتى.
ئۇنىڭ ئىچكىرىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ نامرات يارەنلەرگە
كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتلىرى، شورا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئارمىيەسىگە بېرىۋاتقان ياردەملىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ، كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولغانىدى.

— ئۇنى ئىچكىرىدىكى سەككىزىنچى ئارمىيەنىڭ ئايغاقچىسى دېيىشىدۇ، — ئاقنىياز ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ سۆزلەۋاتاتتى، — بۇنداق ئادەملەر خوڭ يادوڭنىڭ سەككىزىنچى پولكىدىمۇ بار ئىمىش، بولۇپمۇ جاڭ لياڭنىڭ روتىسىدا ئەڭ كۆپ دېيىشىدۇ.

— ئۇنداقتا خوڭ يادوڭ؟ — شيائىر ئەتراپىغا قاراپ قويىدى.

— خوڭ يادوڭ ئىچكىرىگە كەتكەن پولكوۋنىك ما يىنفۇ بىلەن قول بېرىشكەن بۇرادەرلەردىن ئىمىش، — ئاقنىياز تەمكىن سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇ ئادەم ۋۇخەنگە بېرىپلا كوممۇنىستلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇمىش...

— ئەمىسە، كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئەسكەرلەردە گەپ بار ئىكەن - دە؟...

— تىنچ... پەس گەپ قىل ! — ئاقنىياز قاراڭغۇلۇق تىقىلغان قاپتاللارغا سىنچىلاپ قاراپ قويىدى.

ئۇلار تاشناتاغا كىرىپ كېتىمدىغان بېشى كەڭ، ئايىغى تار جىلغا ئالدىغا كەلگەندىلا ئارقىسىغا قايتىشتى. بۇ جىلغىدىكى ئەجەب يوغان، يۇمىلاق - يۇمىلاق سىلىق ئاق تاشلار ۋە ئۇلاردىنمۇ يوغان سارغۇچ خاڭتاشلار پۈتۈن ئەتراپىتا لاي، شېغىللارغا پېتىپ تۇرغاچقا، يىراقتىن قارىغاندا نۇرغۇنلىغان قوي بىلەن تۆگىلەر بىللە ئوتلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاقنىيازنىڭ ئېگىز، كۆكرىكى كەڭ قامەتلىك گەۋدىسى خاتىرجەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچىدە بىر ئىدىش گەپ باردەك قىلاتتى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى لۇ كۇنجوڭ تەرىپىدىن جادۇغا بېسىلغان سەپداشلىرى، ئارىتاغ، كاچۇڭ، چامساللاردا ئۆلگەن يىگىتلەر، يەكەننىڭ تاغلىق رايونلىرىغا قېچىپ كېتىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالغان كاچۇڭلۇق مۇسا، كېرىيەلىك ۋەلى، قاغىلىقلىق هوشۇر، كۇچالىق لا فېڭشياڭ مۇهەممەت، ئاقسۇ ئايكۆللۈك مۇهەممەت (مۇ جىڭسەي)، توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن لوپلۇق قۇربانىنىياز قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا

كېلىۋالغانىدى. بۇ قىساسنى قانداق ئېلىش كېرەك؟ غۇرۇرسىز، قىساسسىز، قورقۇنچاق ئەسكەر قانداقمۇ جەڭگاھ چەۋاندازلىرىدىن بولالىسۇن؟ بىراق، لەنىتى لۇ كۇنجۇك ئۆزىنىڭ باشلىقى تۇرسا، ئۇنىڭدىن قىساس ئالغىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككى قۇتۇپنىڭ ئادىمى بولۇپ ئېلىشىشى كېرەك.

— ئاقنىياز، ئەجەب گەپ قىلمايسەنغۇ، — دېدى شيائېر ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — ئاناڭنى، يۇرتۇڭ ئاقسۇنى سېغىندىڭمۇ؟ قىزىڭنىمۇ راسا كۆرگۈڭ كەلگەندۇ - ھە؟

— كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرنى سېغىنماي مۇمكىنمۇ؟ — ئاقنىياز «ئۇھ» دېگىنىچە چوڭقۇر تىنىدى، — قىزىممۇ كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتى. ئۇ بۇ يىل ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى دېگىنە.

ئاقنىيازنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ ماڭغاندا، خوتۇنى «خېتىمنى بەر!» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەنىدى، ئەمما بەش ياشلىق قىزىنى ئاپپاق چاچلىق ئانا باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، كېتىۋەر، «ئانىنىڭ باغرى جەننەت» دەيدىكەن، قىزىڭ جەننەتتە قالسۇن! — دېگەندە، كۆزلىرى سۇزۈك ياشلار بىلەن تولغان ئاقنىياز ياشلىرىنى سۈرتمەيلا تۇرۇپ:

— ئانا، بۇ ھېلىغۇ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، مېنىڭ قورال تۇتۇپ باققۇم ۋە ئۇنى ئېتىشنى ئۆگەنگۈم بار ئىدى... — دېگەنىدى.

ئاقنىياز بىلەن ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى ئەسكەرلىكتە بىللە يۈرۈپ، نۇرغۇن قېتىملىق جەڭدە ھايات - ماماتلىق سىنۇتلارنى بىللە ئۆتكۈزگەن شيائېرنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يۇرتۇڭنى، ئاناڭنى، قىزىڭنى سېغىندىڭمۇ دەپ سوراپ، خوتۇنى توغرۇلۇق گەپ ئاچمىغانىدى.

— سەنمۇ بوستان شەھەر غولجىنى سېغىنغانسەن؟ — ئاقنىيازمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — داۋاملىق ئىلى

دەرياسى، كىچىككچۇقۇر، چوڭچۇقۇر، ئالتەسۇمۇل، يەتتەسۇمۇل، چاپچال دېسەڭ، كۆزلىرىڭدە پۈتۈنسۇرۇك بىر قۇياش چاقنايدۇ.

— ئۆتى بىر دېمە! مەن ئەسكەرلىككە كەتكەندىن كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكىنىنى، ئوغلۇمنى ھەدەمنىڭ بېقىۋاتقانلىقىنى ساڭا نەچچە قېتىم دەپ بەرگەنىدىم، — شيائىبىرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى بولغاي، بىرھازا گەپ قىلالماي قالدى، — ئۇلارنى سېغىنىمەن دېسەم، تۈزكورلۇق قىلغان بولىمەن. لېكىنزە، ئاشۇ تۇغۇلغان، بالىلىقىم ئۆتكەن يەرلەرنى كۆرگۈم كېلىپ، تۆپراقلىرىغا يۈزلىرىمنى ياققۇم كېلىپ، ھەربىر تاش - گىياھلىرىغىچە تاۋاپ قىلغۇم كېلىپ، ساراڭ بولايلا دېدىم.

ئاشىنىڭ دەم يەپ قالغىنىنى ھېس قىلغان ئاقنىياز ئۇنىڭغا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدە ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ لو كۇنجۇڭنىڭ زوراۋانلىقى، كوماندىر - جەڭچىلەرنى پاھىشە ئاياللارغا كۆندۈرۈپ چىرىتكەنلىكى، گۇرۇھ - مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرغانلىقى، مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق قىلمىشلىرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئاق - قارىنى پەرق قىلماي ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا توختالدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەسكەرلەرنىڭ تەمتات مەسىلىلىرىگىچە راسا ئېيتىپ ئىچۈردى. شيائىبىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەڭسەپ بولغاندەك، «قاچامدۇقيا؟» دەپ سالدى. ئاقنىيازمۇ ئۇنىڭدىن نەق مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— قاچساق نامەردلەرچە قاچمايمىز، — ئاقنىيازنىڭ كۆزلىرى قىسىلغانىدى، — قاچىدىغانلارنى ئاز بولغاندىمۇ بىر ئۇدلىنىيە، بولمىسا بىر ئىنژۇوتتىن ئاشۇرۇپ، ئاتلىق، قوراللىق قاچىمىز، قوغلىغانلار بىلەن ئېلىشىمىز، ئاندىن سېنىڭ يۇرتۇڭغا مۇز داۋان ئارقىلىق ئۆتۈپ كېتىمىز.

— نېمە؟ غۇلجىغىمۇ؟

— شۇنداق. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قېتىلىمىز!

— پاھ، كۆڭلۈمدىكىنى دېدىڭ، مەن خېلى ئۇزاق بولغان بۇ توغرۇلۇق ئويلاپ يۈرگىلى... — شىيائېرنىڭ يادىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، ئاستا پىچىرلىدى، — ئۆمەر ماڭا قېچىش توغرۇلۇق بىر قېتىم ئېيتقانىدى، مەن ئۇنىڭغا: «بىرئاز سەۋر قىلايلى» دېگەن.

— ئاسىمگۈل ئۆلگەندە، ئۇ ماڭىمۇ شۇنداق دېگەن، — ئاقنىياز شىيائېرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — مەن ئەتىدىن باشلاپ... سەنمۇ ئىتلاردىن بەك ئېھتىيات قىل.

— خاتىرجەم بول. مەن ئالاقىلىشىدىغانلار ئىشەنچلىك يىگىتلەر...

ئاقنىياز بىلەن شىيائېر مۆكۈدىشىپ ئارىدىن بىر ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، ماي قۇياشى تاغ تۇرانى ئىللىق نۇرىغا چۆمدۈرۈپ قوشراپ ئاسمىنىدا پارلىدى. ھېلىلا نۆۋەت ئالماشقان ئۆمەر تاشناتا ئۈچىنچى كۆزىتىش پونكىتىدىكى پوتەي ئۈستىدە قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. ئۇ ئاپتوماتىنى كۆكرىكىگە باسقان ھالدا تولىمۇ يىراق تامانلاردىكى مانان باسقان گۈڭگا تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا قارايتتى. ئىسلاشقان ئەينەكتەك غۇۋا يالتىرىغان ئۇ ئىزنالار بەلكىم مەملىكىتىمىز بىلەن ھىندى مەملىكىتىنى ئايرىپ تۇرغان قاراقورۇم تاغلىرى بولسا كېرەك. تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا ياسالغان بۇ پوتەيلەر ئالتە - يەتتە غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولغانلىقى ئۈچۈن جاھاننىڭ ھەممە يېرى كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. بوز رەڭ، كۆل رەڭ، ئاچ قوڭۇر رەڭ، شۇنداقلا يىراقلاشقانسېرى سۇس نىل رەڭ ۋە سۆسۈن رەڭ قاتلاملارنى پەيدا قىلغان ھەرە چىشى شەكىلدىكى قاتمۇقات تاقىر تاغلار... بۇلۇتلارنى تېشىپ چىققان قوزۇقتەك چېقىل تاش ۋە خاڭتاشلار... قارىسا باش قايغۇدەك ھاڭلار، قاراڭغۇ قاپتاللار... قىپقىزىل گىل تاشلىق يارداڭلار... تاغ بەللىرىنى ئايرىپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپپاق تۇمانلار... «چىر... چىر» سايرىشىپ چېقىلدىن ھاڭغا، ھاڭدىن چوققىلارغا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قانداقتۇر تاغ

قوشلىرى... تاشناتاننىڭ تاغ تۇرالىرىغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى. پوتەي ئۈستىدىن جەھەننەم چوڭقۇرلۇقىدىكى جىلغىغا قارىسا، باش قېيىپ، كۆڭۈل ئېلىشاتتى. بىز بىر قېتىم قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جىلغىدا كېلىشۋاتقان ئاتلىق، ئېشەكلىك ياكى پىيادە ئادەم بولسۇن، ھەتتا بىرەر ئىت بولسىمۇ تاغ چوققىلىرىدىكى ھەممە كۆزىتىش پوتەيلىرىدە تۇرغان قاراۋۇللارغا قوڭغۇزدەك، چۈمۈلىدەك چوڭلۇقتا بولسىمۇ ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئاندىن قاراۋۇللار بىردەك ھەر خىل رەڭلىك بايراقچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى زاستاۋغا بەلگە بېرەتتى. زاستاۋدىكى ئەسكەرلەر دەرھال جىلغىدا پەيدا بولغان ئادەمنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالاتتى.

ئاپتوماتنى چىڭ قۇچاقلىغان ئۆمەر چېقىل ۋە قىيا تاشلار ئارا قوغلىشىپ يۈرگەن ئىككى لاچىنغا قاراپ چوڭقۇر تىنغىنىچە «ئۇھ» دەپ خورسىندى. ئۇنىڭ بۈگۈن كەيپىياتى ھەقىقەتەن ناچار ئىدى. تاجىك قىزى سارا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. بۇ قىز تۈنۈگۈن قوي بېقىپ پوتەي ئەتراپىغا كەلدى. ئۇ پوتەي ئۈستىگە قاراپ مەيۈس، مۇلايىم كۆزلىرىنى تىكتۈيدى، ئۆمەرمۇ دەرھاللا پەسكە چۈشتى. سارا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەرگە قارىغىنىچە مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— سارا، سىزگە نېمە بولدى؟ — ئۆمەر ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى، — ئۆيىڭىزدىكىلەر ئارىمىزدىكى ئىشنى بىلىپ قاپتۇمۇ؟

قىز بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە نېمىگە يىغلايسىز؟

— ...

— زادى نېمە بولغانلىقىنى دېمىسىڭىز مەن نەدىن بىلىمەن؟

— مەن... مەن... — سارا تەتۈر قارىۋالدى، — ھامىلىدار بولۇپ قاپتىمەن...

— نېمە؟ — ئۆمەر قىزنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى، — سىز... سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— مەن... مەن... ئاي كۆرمىگىلى ئەللىك كۈندىن ئاشتى. ئاندىن «ھۆ» بولمەن، مايلىق نەرسىلەرنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— سىز مەندىن سورىسىڭىز، مەن كىمدىن سورايمەن؟ — سارا ئېسەدەپ كەتتى، — توي قىلايلى، بۇ يەردە قىلساق ئاتا - ئانام ئۇنىمايدۇ، شۇڭا شەھەرگە كىرىپ قىلساق قانداق؟

قىزنىڭ بىئاماللىق، بىچارىلىك ھەم ئەندىشە چىقىرىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئۆمەرنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. راست، قىزلار ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا يۈزى تۆكۈلىدىغان، شەرمەندە بولىدىغان تۆيۈق يولغا كىرىپ قالغاندا، يەنىلا يىگىتتىن ئۈمىد، چىقىش يولى، ئىستىقبالىنى تىلەپ كېلىدۇ. راست، ئۇلار نېمىدېگەن بىچارە!

— سارا، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ! ئۇقتۇرۇش كەپتۇ، نۆۋەت ئالمىشىپ شەھەرگە يۆتكىلىدىكەنمىز، — ئۆمەر قىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — مەن باشلىققا دەپ ئەسكەرلىكتىن چېكىنىمەن. ئاندىن توي قىلايلى، بولامدۇ؟

— راستمۇ؟

— مېنىڭ سىزگە يالغان ۋەدە قىلغان يېرىممۇ بارمۇ؟

— ئەسكەرلەرنىڭ يۆتكىلىدىغانلىقى راستمۇ؟

— مەن لو دەن دېگەن خەنزۇ ئاغىنەمدىن ئاڭلىدىم، بىزنىڭ كەلگىنىمىزگىمۇ بىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى - دە.

ئۆمەر پوتەي ئۈستىدە بىر چۆرگىلۈپ، ئەتراپنى كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە جايىغا كېلىپ چوڭقۇرلۇقتىكى جىلغىغا كۆز تىكتى. ئۇ سارانىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەسكەرلىكتىن قېچىشنى ئويلىمايدىغان

بولدى. قورسىقىدا بار بىر چوكانىنى ئارقىسىغا سېلىپ نەلەردە قېچىپ، تەمتىرەپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرسۇن؟ بىرەر يەردە ئىشەنچلىك بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئۇ ئىشقا ئەمدىلا كىرىشكەندە تۇتۇلۇپ قالسا، جادۇغا بېسىلىدىغان گەپ، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئېتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ شەھەرگە كىرگەن ھامان خۇڭ يادۇڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئەسكەرلىكتىن چېكىنىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. دارىلئېتامدىكى لېتىپ نۇجۇر بىلەن يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم نىيازلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشسا، سارانى گۈلدەك بېقىپ كەتمەمدۇ؟

ئۆمەر ئەنە شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن پوتەي ئۈستىنى ئايلىنىۋېتىپ چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تاشلىق يولدا كېلىۋاتقاچقا، ئات تاقىسىنىڭ تاشقا تەگكەندىكى ئاۋازى سۈس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر رەڭلىك بايراقچىدىن ئىككىنى ئېلىپ ئېگىز - پەس ئايلاندۇرۇپ، «بىر ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ» دەپ تۆۋەندىكى زاستاۋغا بەلگە بەردى.

زاستاۋنىڭ پوتەيلەرنى كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى نۆۋەتچى قاراۋۇللار ئۆمەرنىڭ رەڭلىك بايراقچىلار ئارقىلىق يەتكۈزگەن مەخپىي ئۇچۇرنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال «ئالدىنى توسۇش ۋە ئېنىقلاش»قا مەسئۇل نۆۋەتچى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. تەييار توقۇقلۇق ئاتلارغا مىنگەن جۇڭ شۆلياڭ بىلەن ئابدۇقادىر زاستاۋدىن چىقىپ، كېلىۋاتقان ئاتلىقنىڭ ئۇدلىنىيە كوماندىرى ئاقنىياز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ جايىدا توختاشتى.

— قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ باقاي دەپ كەپسىز - دە؟ — دېدى ئابدۇقادىر ئېتىدىن چۈشۈپ، — سىز پوتەيلەرنى ئاتلىق ئايلىنامسىز ياكى پىيادىمۇ؟

— ئېگىز - پەس چېقىللاردا ئاتقا بەك جاپا بولۇپ كېتىدىكەن، پوتەيلەرنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاندىكىن

پىيادە ئايلىناي.
— ئەمىسە، ئىتىڭىزنى زاستاۋ قورۇسىغا باغلاپ قويالي.
— رەھمەت سىزگە.
ئابدۇقادىر چىقىل، غول، قورام تاش، ئىگىز - پەس بەللەردە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي كېتىۋاتقان ئاقنىيازنىڭ ئۇچىنچى كۆزىتىش پونكىتىدىكى پوتەيگە قاراپ ماڭغانلىقىنى جەزملىدى. ئۇ يەردە ھېلىلا نۆۋەت ئالماشقان ئۆمەر بار ئىدى. ئابدۇقادىر ئاتلارنى مومىغا باغلاۋېتىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى - دە، ئۆزىمۇ ئۇچىنچى كۆزىتىش پونكىتىدىكى پوتەيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى... بۇ چاغدا ئاقنىياز بىرقانچە خاڭتاشنى ئايلىنىپ، بەزى يەرلەردە ئېڭىشىپ، بەزى يەرلەردە سەكرەپ ھەم يامىشىپ، ئۇچىنچى كۆزىتىش پونكىتىدىكى پوتەي تورۇشلۇق ئىيىقتاپان چوققىسىغا چىقىپ بولغانىدى. پوتەينىڭ ئىشىكى ئىچىدىن ئېتىكلىك بولغاچقا، ئۇ پوتەينىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇستىگە قارىدى، ئۆمەر پوتەي ئۇستىدە ئاپتوماتىنى تۇتۇپ تىك تۇراتتى.
— پاترۇندا بۇنداق خىيالغا چۆكۈپ تۇرساڭ، ئوقنىڭ نىشانى بولۇپ قالىسەن جۇمۇ ! — ئاقنىياز ئادىتى بويىچە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، — سارا ئىلىكىڭنى شورىۋالمىغاندۇ، يامان خامۇش كۆرۈنىسەنغۇ؟
— ئودلىنىكوم، سىز زاستاۋدىن تاغقا ياماشقان چېغىڭىزدىلا بىلىپ بولغانمەن. توختاڭ، مەن چۈشەي، — پەلەمپەيلەرنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازىدىن كېيىن ئۆمەر پوتەي ئىشىكىدە كۆرۈندى، — ئەلۋەتتە، ۋەزىپە باشقا، قىز باشقا، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ئەسكەر ياخشى ئەسكەر بولالمايدۇ.
— بولدى، بولدى، چاقچاق قىلدىم. سىنىڭ ھوشيار، جەڭگىۋار ئەسكەرلىكىڭ ھەممىگە ئايان.
ئاقنىياز يېقىندىن بېرى ۋەزىپىلەرنىڭ ئۇست - ئۇستىلەپ بېرىلىپ، ئۆمەر بىلەن پاراڭلاشقۇدەك ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقى -

نى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىيالمىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ ھا-زىرقى ئەھۋالىنى سورىدى ھەم سارا توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئىلاج بار خۇپىيانە تۇتۇشنى جېكىلىدى.

— ئۆمەر، ئابايىقى چاقچاقنى بىكار قىلمىدىم جۇمۇ، — ئاقنىياز زەن سېلىپ قارىدى، راستىلا چىرايىڭ بەك سولغۇن كۆرۈنىدۇ.

— ئودلىنىكوم...

— بولدى، بولدى، بۇ يەردە پاچاققا ئېسىلۋالغۇدەك بىركىم بولمىغاندىكىن، «ئاقنىياز ئاكا» دەۋەرگىنە! قورۇپ كەتسۇن ئاشۇ ئودلىنىكومىڭ.

— ئاقنىياز ئاكا، مۇشۇ ئەسكەرلىكتىن پاچاقا چۈشكەن پىتتىن بەتتەر سەسكەندىم.

— جىم، — ئاقنىياز ئەتراپىنى تىڭشاپ باقتى، — مەن ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق كەلگەنىدىم. ئېسىڭدىمۇ؟ بىر چاغدا سەن ماڭا قىچىش توغرۇلۇق گەپ قىلغانىدىڭ. مانا ھازىر پۇرسەت پىشتى.

— ئىككىمىز لا قاچامدۇق؟

— قانداق دەيسەن؟ — ئاقنىياز سوئال سورىغان بولۇپ ئويلىنىۋالدى، — ھازىرچە ئىككىمىز...

— ئاقنىياز ئاكا، خاپا بولما، ئەمدى قاچمايمەن.

— نېمىشقا؟

ئۆمەر سارانىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا خۇڭ يادۇڭغا ئەسكەرلىكتىن چىكىنىش ئىلتىماسى سۇنۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. قاچسا بىر ياش قىزنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاقنىيازمۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمىدى، بولۇپمۇ ئۆمەرنىڭ: «قىلغان ئىشىغا ئىگە بولمىغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟» دېگەن سۆزى ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— ئاقنىياز ئاكا، سارا ئىككىمىز ئاسمىنى كەڭ تاغ تۇرادا نادانلىق قىلىپ قويدۇق. ئەمدى چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ، —

ئۆمەر خورسىنغان هالدا يىراقلارغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — قىزلار ئاجىز، بىقۇل، بىنەزەر پىداكارلار ئىكەن، ئۇلار ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن ھەتتا ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلالايدىكەن. لېكىن، بىز ئەرلەرچۇ؟ ئۇلار قىلالىغاننى قىلالايمىزمۇ؟

ئاقنىيازنىڭ كۆز ئالدىغا لەيپىدە گۈلنۇر كەلدى. بۇ تاغلىق قىز قۇربانىنىياز ئۈچۈن ئۇتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە تەييار ئىدى. ئۇ لۇ كۇنجۇڭدەك قانخور ئىبلىستىن قىلچە تەپ تارتماي، قۇربانىنىيازنى «مېنىڭ خۇۋالاشقان يىگىتىم» دېيەلىدى. ئۇ ئەسكەرلەر ۋە تاغلىقلار ئالدىدا لۇ كۇنجۇڭنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى ئويلاپمۇ قويماي، لۇ كۇنجۇڭنىڭ ياتىقىغا ئوت قويۇپ، قۇربانىنىياز ئۈچۈن قىساس ئالدى! مانا بۇ — مۇھەببەت داستانلىرىنى ئوقۇمىغان، ئىشق - سەۋدا دەريالىرىدا ئاقمىغان، كۆيدۈم - پىشتىم دەپ قەسىدىخانلىق قىلمىغان ساددا، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل تاغ قىزىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ئىدى.

— سارا ئۆكسۈپ يىغلاپ، كۆكرىكىمگە باش قويغىنىدا، ئالەمچە قايغۇلۇق خىياللارغا پاتتىم، — ئۆمەرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن چېغى، ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى، — قىزلارغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك ۋە خورلۇق دەشتلىرىگە تاشلاپ ئازابلاش بۇ — ھەقىقىي ئەرلەر بىلەن غىتمەك ھەم رەزىل ئەرلەرنى ئايرىيدىغان، ئۆلچەيدىغان ۋىجدان تارازىسى ئىكەن...

— ئوبدان ئويلاپسەن، ئۇكا! مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ئەركەكلەرنى ئەركەك سانىغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوق، — ئاقنىياز ئۆمەرنىڭ قولىنى قىستى، — سارا بىلەن بەختلىك ئۆتۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

تاغ ئىچىدە ئاسانلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ئاقنىياز بىرنەچچە كۆزنىتىش پوتىيىدىكى قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ - مۇڭدىشىپ زاستاۋغا كېلىپ بولغۇچە زاۋال ۋاقتى

بولۇپ قالغانىدى. ئۇ «ساقلىتىپ قويدۇم، خاپا بولما!» دېگەندەك، ئېتىنىڭ بوينىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، ئۆزەڭگىگە پۇت قويدى. ئات تۇيۇقىدىكى ئورۇس تاقىسىنىڭ تاشقا تەگكەن ئاۋازى چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ئاقنىياز بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق يۈگۈرۈك نەرسە ئوخشايدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزى بىلەن يەتىمچىكە ئۆلىشىپ قالغان ئانىسى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۇ ئەسكەر بولغان يەتتە يىلدىن بېرى خوۋلۇق كۆرمىدى، ئەكسىچە خورلۇقنى كۆپ كۆردى. ئۇ لۇ كۈنجۈك، لى چۇڭيىڭ، دۇ شىڭسەندەك ئەملىي چوڭلارنىڭ كەمسىتىشى، پەس كۆرۈشى، خورلىشىدەك ئازابلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كەلدى. ئەمدى بۇ قېتىم قېچىپ ئامان - ئېسەن يۇرتىغا يېتىۋالسا، مېھرىبان ئانىسىنى بىر ھىدلىسا، سۆيۈملۈك قىزىنى باغرىغا باسسا، شۇ كۇپايە، ئاندىن ئاشۇلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشى، ھۆر زامانغا ئېرىشىشى ئۈچۈن، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئىلى مىللىي ئارمىيەسىگە قېتىلىپ كېتىدۇ.

ئاقنىياز ئۆزىنىڭ قىسمەت - كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ، ئانىسى بىلەن قىزىنى ياد ئېتىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئابدۇقادىر ئەتراپىغا چاندۇرماي كۆز تاشلىغىنىچە گازارمىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ لۇ كۈنجۈڭنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلگەندە، خۇددى لاغايلاپ يۈرگەن ئادەم قىياپىتىدە مېڭىپ، ئۇياق - بۇياقنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «كىرىۋەر!» دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قېتىم سەپسىلىۋېتىپ، بوسۇغا ئاتلىدى. لۇ كۈنجۈك كۈندە كىرىپ، خۇشامەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ كۈچۈكلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئېسىل تاماكىسىنى چېكىپ، ئالىي ھارىقىدىن بىرەر - ئىككى قەدەھ ئىچىپ كېتىدىغان ئابدۇقادىرغا بۇ قېتىم ئالىيىپ قاراپ قويدى، بىراق ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن بىرەر يېڭىلىق بارلىقىنى بايقاپ، ئۈستەل ئالدىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلىپ: «ئولتۇر !» دەپ قويدى. لېكىن، ئابدۇقادىر ئولتۇرمايلا قوللىرىنى شىلتىپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قاراڭ، كومروت، «ھېيلىگەر تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەندەك، ئاقنىياز ئۆز ئاغزى بىلەن تۇتۇلدى.

— نېمە، ئۆز ئاغزى بىلەن؟ — لۇ كۇنجۇڭنىڭ كىچىك كۆزلىرى ئالايدى، — قېنى سۆزلە !

ئابدۇقادىر ئۆزىنىڭ ئاقنىيازنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ ئېيىقتاپان چوققىسىدىكى ئۈچىنچى كۆزىتىش پونكىتىغا چىققانلىقىنى، پوتەي ئارقىسىغا تۈيدۈرماي كېلىپ، ئاقنىياز بىلەن ئۆمەرنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلەپ بەردى. لۇ كۇنجۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ھاياجانلىنىپ، ئابدۇقادىرنى دولىسىدىن تۇتقىنىچە ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاققا ئايلانغانىدى.

— ئۇ قاچىدىغان يېرىنى، ۋاقتىنى، بىللە قاچىدىغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى راستتىنلا دېمىدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە دېمەيدۇ - دە، چۈنكى ئۆمەر «قاچمايمەن» دېگەندىكىن، ئۇنىڭدىن مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس، — لۇ كۇنجۇڭ تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — ئاقنىيازنىڭ ئۆزى ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇ ئاشۇ ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى.

لۇ كۇنجۇڭ ئابدۇقادىرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، تاماكىسىنىڭ ئىسىنى تورۇسقا پۈۋلىگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەپلىك چارە زادى قايسى؟» دەپ پىچىرلىدى. ئەگەر ئاقنىيازنى «قاچماقچى بولدى» دەپلا جازالىماقچى بولسا، ئەسكەرلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ قېلىپ،

قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېهتىمالغا بەك يېقىن. چۈنكى، ئاقنىياز بىلەن ئۆمەر بىر ئۈۋىنىڭ بۆرىلىرى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەرگىز خىرىس قىلىپ ئېغىز سالمايدۇ. «بىز ئۇنداق پاراڭلاشمىدۇق، بۇ ئابدۇقادىرنىڭ تۆھمىتى» دەپ تۇرۇۋالسا، گېپى ـ گەپ بولۇپ ئىز بېسىپ تۇرالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىككى ئادەم. ئەمما، ئابدۇقادىر يالغۇز، ئۇنىڭ تۆھمەتخور، مۇتتەھەم، سۇيىقەستچى بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنداقتا پارتلاشقا پىلتە تاپالماي تۇرغان ئاقنىيازچىلار بىر يولىلا كۆتۈرۈلۈپ چىقسا، قوشراپ گارنىزونى قان بىلەن بويىلىدۇ. بەلكىم، ئۇ چاغدا لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئېرىقىنى ئامالىنىڭ يوقىدىن ياقىلاۋاتقانلار كېچىلىك تامبىلىنى ئاق بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئاقنىياز بىلەن ئۆمەر باشقىلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن، لۇ كۇنجۇڭنىڭ كونا ـ يېڭى پايتىملىرىنى چۇۋۇپ، ئۇنى سازايى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئەڭ دەھشەتلىكى، جادۇغا بېسىلغان، ئېتىلغانلارنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇ چاغدا يەڭلىرىنى شىمايلاپ: «قانغا قان ئالىمىز!» دېيىشىپ ياڭاچلىنىپ مەيدانغا سەكرەپ چۈشىدۇ.

زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ لۇ كۇنجۇڭ تېنى شۈركۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولاقنى يوپۇرۇۋېلىپ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش تېخىمۇ خەتەرلىك؛ قانداق بولۇپ قولۇڭدىكى قامچاڭنىڭ پۇت ـ قولۇڭغا يۆگەلگەن زەنجىرگە، ھوقۇق ئورۇندۇقۇڭنىڭ سوراق ئورۇندۇقىغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالىسەن. شۇڭا، ئالدىن قول سېلىش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، گەرچە بۇ قاراقچىلارنىڭ مەنتىقىسى بولسىمۇ. شۇنداق قىلغانلار ھەرقاچان، ھەر زامان ئۇتۇق قازانماي قالمىغان.

ئاقنىياز بۇ قېتىم قاچماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ، ئۇلاردىن قىساس ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىلى ئوغرىلىرىدىن ياكى تاشقورغان باندىتلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ ماڭىدۇ. شۇڭا، ئاقنىياز دېگەن بۇ يىلان بېشىنى ئاۋال ئۈزۈۋ ـ

ۋېتىپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى چاقالماس قىلىپ قويۇش كېرەك. بۇ ئەڭ ئاقىلانە چارە بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يوقىتىش كېرەك؟ لۇ كۇنجۇڭ ئەمدى ئەسكەرلەرنى گۇمانغا سالمايدىغان، ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنى غەزەپلەندۈرمەيدىغان ئەپلىك چارىدىن بىرنى تاپمىسا بولمايدۇ ـ دە!

لۇ كۇنجۇڭ شۇ كۇنى بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى قاپاقلىرى تۇخۇمدەك ئىششىپ، كۆزلىرى مايمۇننىڭ كۆتىدەك قىزارغان هالدا ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تاماق ئالغان قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كانۋىيى رېشىت ئولتۇرغان شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى. لۇ كۇنجۇڭ ئەتراپتىكى شىرەلەرگە بىر قۇر سەپسېلىپ، خەتەر يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئاقنىياز توغرۇلۇق ئاڭلىغان، بىلگەن خەۋەرلىرىنى تاماق يېگەچ رېشىتقا سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلار قانداق قىلىش ھەققىدە سىرلىق، ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ يېپىق هالدا كېڭەشتى. بۇنداق سىرلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئادەملەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان ئەربابلارنىڭ ئورتاق ھۈنىرى ئىدى.

— كومروت، قاراڭ! — دېدى رېشىت كۆك كۆزلىرىدە ئىشارەت قىلىپ، — ئۇ كېلىۋاتىدۇ.

لۇ كۇنجۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاقنىيازنىڭ تاماق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئاقنىياز، بۇ يەرگە كەل! مانا ئورۇن بار.

لۇ كۇنجۇڭ بىر ئورۇندۇقنى سۈرۈپ شىرەگە يېقىن ئەكەلدى. ئاڭغىچە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل، ئابلالارمۇ تاماقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ پىلانى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىلغانلىقى ئىدى. لۇ كۇنجۇڭ ئىچىدە: «ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتىدۇ، دېگەن شۇ ـ دە!» دەپ

ئويلىدى.

— يۇقىرىدىكى يۇرتلارنى ئارىلاۋاتقان چارلىغۇچىلىرىمىز كەندىلىكتە بىر ئوچۇم قوراللىق باندىتلار بىلەن ئېتىشىپ قاپتۇ، — دېدى لۇ كۇنجۇڭ چاي ئوتلاۋېتىپ، — ھېلىمۇ ياخشى، ئۆلۈش - يارىلىنىش بولمىغان ئوخشايدۇ.

— يېقىندىن بېرى تاشقورغاندىكى پارتىزانلار يەنە تىرىلىپ قېلىشتى، — رېشىت قۇرۇقدالغان قاچىسىنى نېرى ئىتتىرىپ قويدى، — ئۇلار ئارىتاش، كاچۇڭ، چىمدۇ ساقچىخانىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورال، ئاش - ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— چىمدۇ قاغىلىقتا تەۋە يۇرتقۇ دەيمەن؟ — دېدى ئايلا لۇ كۇنجۇڭغا قاراپ، — ئۇ يەرنى قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەسقۇ؟

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — لۇ كۇنجۇڭنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — چىمدۇ قاغىلىقتا تەۋە يۇرت بولغىنى بىلەن يەكەنگە يېقىن. شۇڭا، ئۇ يەرگىمۇ كۆز قىرىمىزنى سېلىپ تۇرمىساق، بىزگە بەرىبىر تەھدىت بولىدۇ.

— تاشقورغان پارتىزانلىرى ئارىتاش ۋە قەشقەردىكى ئوپال بىلەن ئويتاغدا ھەم گەز دەرياسى بويلىرىدا بولغان ئۇرۇشلاردا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، جىمىپ كەتكەنىدى، — دېدى ئابدۇرۇسۇل قوشۇقنى شويلىغا پاتۇرۇۋېتىپ، — ئۇلار يەنە باشقىدىن تەشكىللىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئابدۇرۇسۇلنىڭ پەرىزى توغرا، — لۇ كۇنجۇڭ تاماكا تۇتاشتۇردى، — بۇ قېتىم كەندىلىكتە يۈز بەرگەن ئىشمۇ بۇنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. شۇڭا، قاراۋۇللارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرمىسەك زادى بولمايدۇ.

— مەن تۈنۈگۈن كەچ بىرقانچە كۆزىتىش پونكىتىنى تەكشۈرۈپ كەلدىم، — دېدى ئاقنىياز ئاغزىنى قول ياغلىقتا

سۇرتۇۋېتىپ، — ئۇ يەردە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقانلار ھەقىقەتەن ھوشيار يىگىتلەر ئىكەن.

— ئوبدان قىپسەن، قايسى تاغقا باردىڭ؟

— ئېيىقتاپان چوققىسىغا.

— بۇ يەر گازارمىغا يېقىن، ئوق ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىدۇ، — لۇ كۇنجۇڭ ئاقنىيازغا قارىدى، — بۇگۇن رېشىت ئىككىمىز ئالدىنقى قاراۋۇللارنى تەكشۇرگىلى بارىمىز، سەنمۇ بىللە بارغىن!

— خوپ، كومىروت!

ئۇلار ئاشخانىدىن بىللە چىقىپ ياتاقلىرىغا تارقىلىپ كىرىپ كېتىشتى، ھايال ئۆتمەي بەلتاسمىلىرىنى باغلاپ، يان قوراللىرىنى ئېسىپ ئاتخانا ئالدىغا كېلىشتى. ئېتى بارلار ئېگەرلەنگەن ئاتلىرىنى ئاچىقىشتى. بۇ ئاتلار دالا يۇرۇشىنى سېغىنغاندەك يەر چاپچىپ، قاتتىق كىشنەشتى، تېخى گازارمىدىن چىقار - چىقمايلا قومۇش قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە چىرايلىق پۇتلىرىنى ئوينىتىپ، ئىگىلىرىنىڭ تىزگىن سىيرىشىنىمۇ بوي بەرمەي، بىر - بىرىدىن يول تالىشىپ، بەكمۇ تېز يورغىلاپ مېڭىپ كېتىشتى. تاشلارنىڭ تاراقلىغىنى، ئاتلارنىڭ شوخ كىشنەشلىرى، تاپۇر - تۇپۇر تۇياق ئاۋازلىرى چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە تىك چېقىل، ھاڭ تاش ۋە تاغ يامزاللىرىغا ئۇرۇلۇپ بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يەنە قۇلاقلاردا ياڭرايتتى. خۇددى شامالدەك تېز يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتلار بىردەمدىلا تاشناتانىڭ ئېيىقتاپان چوققىسى ۋە غوللىرىدىكى پوتەيلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. بۇنداق كۆزىتىش پونكىتلىرى تاشناتا تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى دولقۇنسىمان، ھەرە چىشىدەك ۋە ئېگەرسىمان تاقىر چوققىلىرىدىمۇ بار ئىدى.

لۇ كۇنجۇڭ، ئاقنىياز، رېشىتلار ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئوڭغا بۇراپ، «قۇمىلاقساي» دەپ ئاتىلىدىغان خۇددى تۆگە قۇمىلىقىدەك تاشلىقتا قەدەم ئالدى. بۇ ساي خۇددى چۇمۇلە

ئۈۋسىدەك ئەگرى ـ توقاي، ئېچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ، كەلكۈن پەسلىدە ئېقىپ كەلگەن توغراق، مۇشا، بەقەملەرنىڭ قۇم ـ شېغىلغا پېتىپ قالغان غول ۋە شاخلىرى خۇددى نەچچە يۈز يىللىق سۆڭەكلەردەك ئاپپاق ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساينىڭ ئىككى تەرىپى قىيىندى قورام تاشلار، قوزۇقتەك تىك تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك خاڭتاشلار، خۇددى ھېلىلا بېشىڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلاپ قالغان سىلىق سوپۇنتاشلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، مالچىلار بىلەن بۇغا ـ ماراللارنىڭ تولا مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان كۆكۈچ چىغىر يوللارمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ چىغىر يوللار بىردە پەسلەپ، بىردە ئېگىزلەپ، گاھ قىيىپ، گاھ يامىشىپ، بارغانسېرى ئېگىزلەيتتى، ھەتتا قاتتىق ياغقان يامغۇر ھاسىل قىلغان ئېقىنلاردا چورتلا ئۈزۈلگەن يەرلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن، تاغ يوللىرىدا پىشىپ كەتكەن ئاتلار يول پۇراپ، ئەتراپىنى بويۇنداپ ئۈنداق يەرلەردىن لىككىدە سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بىلمىگەن ئادەم ئاتنىڭ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بوجىسىنى تارتسا ياكى قامچا سالسا، ئۆزىنى ئەگەر تىرىك قالسا چوڭقۇر ھاڭ تېگىدە پۈتۈن جىسمى پاچاقلانغان ھالدا كۆرەتتى.

ئاسمان ـ پەلەك ھەيۋەتلىك قارا تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى چىغىر يولدا لۇ كۇنجۇڭ ئالدىدا، ئاقنىياز بىلەن رېشىت ئارقىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىرقانچە ئادەم ۋە ئات پاتقۇدەك بىر يالاڭلىققا چىققاندا، لۇ كۇنجۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئارقىسىدىكى ئاقنىياز بىلەن رېشىتنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ـــ سىلەر ئاستا ماڭغاچ تۇرۇڭلار، ـــ دېدى لۇ كۇنجۇڭ تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ، ـــ مەن سىيىۋالاي، خۇمارىممۇ تۇتۇپ قاپتۇ.

ئەسلىدە لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاقنىياز ئەمدى باشقا ئۆتۈپ قالغانىدى، رېشىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتى. ھايال بولمايلا يېتىپ كەلگەن لۇ كۇنجۇڭ بىر

يۈتىلىپ شەپە بەرگەندىن كېيىن رېشىت ماۋزۇرىنى چىقىرىپ ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاقنىيازنىڭ سول تاغىقىنىڭ ئاستىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق چىقاردى. ئاقنىياز ئارقىسىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشكىنىچە ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ بىردەم تۇردى ـ دە، ئاندىن ئاتتىن ئاجراپ ھاڭغا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — ۋارقىرىدى لۇ كۈنجۈڭ، — ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقار!

قانخور بىلەن ئاسىي ماۋزۇرلىرىغا قاچىلانغان ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تۈگەتتى. تاغنىڭ ئىچى ئەكس سادا بىلەن تولدى. قايسىدۇر بىر قىر ۋە يانباغىرلاردىكى ئۆۋۈلىرىدىن، قىيالاردىن ساڭگىلاپ قالغان يىلتىزلارنىڭ تۆۋىلىرىدىن قىرقىرىشىپ، چىرىلداپ ھەم چاكىلداپ ئۇچۇپ چىققان تاغ قۇشلىرىنىڭ ئاۋازلىرى تاغ ئاسمىنىدا ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. لۇ كۈنجۈڭ بىلەن رېشىت دەرھال ئارقىسىغا ياندى ۋە خېلىدىن كېيىن ھاڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەلدى. پۈتۈنلەي قان ئۆيۈتمىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئاقنىياز ئۇ يەردە خۇددى ئانىسى بىلەن قىزىغا تارتىشقاندەك كۆزلىرى ئوچۇق ھالەتتە ياتاتتى. ئاڭغىچە تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قارىقويۇق ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قاراۋۇللار مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى تۇتۇشقىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كۆزىگە قول ياغلىقىنى تۇتۇپ مىچىلداپ يىغلاۋاتقان لۇ كۈنجۈڭنى كۆرۈپ، دەرھال پۇتلىرىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا چاس بېرىشتى.

— ئەجەب ئىقتىدارلىق ئودلىنىيە كوماندىرى ئىدى، — لۇ كۈنجۈڭ بۇرنىنى تاشلىدى، — باندىتلارنىڭ ئوقىدا ۋاقىتسىز قۇربان بولدى.

— ئالدىنقى قاراۋۇللارنى تەكشۈرگىلى ماڭغانىدۇق، — رېشىت ياشسىز كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى، — مانا مۇشۇ چېقىل

تۈۋتگە كەلگەندە، تۈيۈقسىز تاجىكچە تۇماق ۋە تەلپەك كىيگەن بىرنەچچە ئاتلىق پەيدا بولۇپ، بىزگە ئوق چىقاردى. بىزمۇ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردۇق.

— تۇماق كىيگەنلەر؟ — ئىككى قاراۋۇل ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى، — قارىقويۇق ئوق ئېتىلغاندا، بىز مۇشۇ تەرەپكە قاراپ چاپتۇق. لېكىن، ئالدىمىزغا ئادەم ئۇچرىمىدى. بۇ تەرەپكە ماڭسا، ساپلا قاراۋۇل پونكىتلىرى بار.

— ھەي كالۋالار ! — ۋارقىرىدى لۇ كوئنجۇڭ كۆزلىرىنى غەلىتىلا ئالايتىپ، — يىراقتىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈشكەنسەن؟ ئەڭ بولمىسا توپا - توزانلىرى كۆزلىرىڭگە چېلىققاندۇ ياكى بۇ يەردە ئېشەك ئېقىشتىڭمۇ؟!

— قا... قارىسىنى... يىراق... يىراقتىن، — ئورۇق ئەسكەر قورساقلىق ئەسكەرگە لەپپىدە قاراپ قويىدى، — كۆردۇق، راستقۇ؟

— را... راست... كۆ... كۆردۇق...

بىر ئاتقا مىنگەشكەن ئىككى ئەسكەر ئاقنىيازنىڭ جەسىتى ئارتىلغان ئاتنى يېتىلەپ كەلمەكتە ئىدى. لۇ كوئنجۇڭ بىلەن رىشىت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ يول بويى كۇسۇرلاپ مېڭىشتى. ئىككى قاراۋۇل ئەسكەر كۆزىتىش پونكىتىدىكى پوتەيگە قايتماقچى بولۇۋىدى، لۇ كوئنجۇڭ: «سىلەر قېچىپ كېتىۋاتقان قاراقچىلارنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرگىنىڭلارنى دەپ بېرىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا نىمىدۇر بىرنەرسىنى سېلىپ قويىدى.

ئاقنىيازنىڭ جەسىتى گازارما ئىچىگە كىرىشى بىلەن يىغا - زار باشلاندى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئودلىنىيەسىدىكى ئون نەچچە يىگىت قانلىق جەسەتكە يېپىشىۋېلىپ تۇرغىلى ئۇنىمىدى. بۇ يەردە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل، ئابلا، ۋاھىت، جوڭ شۈلياڭلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بۇ پاجىئەنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمىدى.

ئاقنىيازنىڭ جەسىتى ياتىقىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار مىچىلداپ يىغلىدىكىن، «ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟» دەپ سورىيالمىدى. ئەمما، ياتاقتا تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ كىرگەن شيائېر تۇرغانلارنى ئىتتىرىۋېتىپ كارىۋات ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق تاتىرىپ كەتكەنىدىكى، پېشانە، يۈز، بۇرۇن ئۇچلىرى، ئېڭەك، كالپۇكلىرى، ھەتتا كۆز قارىچۇقلىرىمۇ كەسلەنچۈكتەك رەڭسىز، سۇپسۇر بولۇپ كەتكەنىدى. قاباھەتلىك مەلئۇن لۇ كۇنجۇڭمۇ شيائېرغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. شيائېر ئاقنىيازنىڭ جاراھىتىنى بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىدى:

— رېشىت! ...

— مەن... مەن بار، — رېشىتنىڭ تىزلىرى لاغىلداپ، قوللىرى تىترىمەكتە ئىدى.

— باندىتلار قاياقتىن كەلدى؟

— ئال... ئالدىمىزدىن تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئاقنىياز ئالدىدا كېتىۋاتقاچقا...

— مەن... سېنىڭ... ئاناڭنى شۇ... — شيائېر ئاغزىنى بۇزۇپ شىددەت بىلەن ۋارقىرىدىكى، دېرىزىگە چاپلانغان قەغەزلەر لەگلەكنىڭ دارقىراتمىسىدەك دىرىلداپ كەتتى. ئۇ ۋارقىرىغانچە ئېتىلىپ كېلىپ، رېشىتنىڭ كانىيىدىن بوغدى. ئاندىن ئۇنى ئارقىچە دارقىرىتىپ ئاپىرىپ تامغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ دۈمبىسى بىلەن بېشى تامغا جاڭگىدە تېگىپ، ئۆزىنى لاسسىدە قويۇۋەتتى. ئەگەر شيائېر ئۇنى كانىيىدىن تامغا نىقتاپ تۇرمىغىنىدا، ئۇ يەرگە ئىت تاپىدەك «پالاققىدە» چۈشكەن بولاتتى.

— ھەي مۇناپىق، ئەمىسە باندىتلارنىڭ ئوقى ئالدىدىن تەگمەي، نېمىشقا ئارقىدىن تېگىدۇ؟!

شيائېر يەنە شۇنداق ۋارقىرىغانىدى، ھەممىنىڭ قۇلاقلىرى

ۋاڭىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەلپازى بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.
— ئەگەر دېمىسەڭ، دوزاخقا بېرىپ دە!
شيائېر تاپانچىسىنى رېشىتىنىڭ پېشانىسىگە تاقاپ تەپكىنى باسقانىدى، ۋاھىت ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتقاچقا، ئوق تورۇسقا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ كونترولىلۇقىنى يوقاتقان شيائېر تورۇسقا قارىتىپ بىر دىسكا ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ ھەربىي بۇيرۇقىمۇ كار قىلمايدىغان دەرىجىدە تەلۋىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى ئىككى قاراۋۇل ئەسكەر غىپپىدىلا تىكىۋەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
— شيائېر، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — لۇ كۇنجۇڭ ئەمدىلا گەپ باشلىۋىدى، شيائېر ئۇنى سىلكىۋەتتى:
— بىلىپ قوي، سەن بىلەن مەن ئۇيغۇر ئەمەس، باشقا مىللەت. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ؟ بۇ ئاسىيلىقمۇ؟ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۇرۇشتا دۈمبىسىدىن ئوق يېيىشنى نومۇس ھەم شەرمەندىلىك دەپ بىلىدۇ. ئاقىنيازنى چوقۇم سەن ئاتتىڭ ياكى ئۇ!...
— نېمە؟! سەن... سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما! — لۇ كۇنجۇڭ ماۋزۇرنى قېپىدىن چىقىرىپ بولغۇچە، شيائېر بىر دىسكا ئوقنى ماۋزۇرغا «شاققىدە» سېلىپ لۇ كۇنجۇڭغا تەڭلەپ بولدى. بۇنى كۆرگەن جۇڭ شۆلياڭ تاپانچىسىنى ئېلىپ شيائېرغا تەڭلىدى، ئابدۇرۇسۇل، ئابلا، ۋاھىت يەنە بىرقانچە مىللىي ئەسكەر شۇ ھامان قوراللىرىنى شاراق - شۇرۇق قىلىشىپ جۇڭ شۆلياڭنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.
— ئابلا! — ۋارقىرىدى شيائېر خەنزۇ تىلىدا، — ئۇيغۇر، خەنزۇ، شىبە قېرىنداشلارغا خەۋەر قىل! بۈگۈن قوشراپ گازارمىسىنى قانغا بويايمىز...
— بۇرادەرلەر، بۇرادەرلەر! — لۇ كۇنجۇڭ ھورىدىن

چۈشتى، — ھەممىمىز ئۆز ئادەم، ئاقنىيازنىڭ ئۆلۈمىگە مەنمۇ ئېچىنىمەن. ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار ئالدىنقى قاراۋۇللاردىن سوراڭلار. بۈگۈن مەن سەل قىزىققانلىق قىلىپ قويدۇم. ئەپۇ قىلىڭلار، ئەپۇ قىلىڭلار...

ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا ئوتتۇرا بويلۇق، سىمىزمۇ، ئورۇقمۇ ئەمەس، قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى چوڭ بىر ئادەم پەيدا بولدى. بۇ خۇڭ يادۇڭ پولكى خەنزۇ ئەسكەرلەر ئۇچىنچى روتىسىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم بۇ يەرگە لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئىككىنچى روتىسى بىلەن نۆۋەت ئالمىشىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەشكە كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇ ياتاقتىكى جىددىي تىركىشىشنى كۆرۈپ چۆچۈپ قالدى، شۇنداقلا بۇ ئېغىر، قورقۇنچلۇق پاجىئەگە ئاشۇ كارىۋاتتا قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى كۆڭلىدە مۆلچەرلەپ بولدى. ئۇ خۇڭ يادۇڭنىڭ: «لۇ كۇنجۇڭ قارا نىيەت ئادەم، ئۇنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، دەرھال تۇرغانلارغا قاراپ ھەربىيچە سالام بەردى:

— يىگىتلەر، سىلەرگە خۇڭ تۇەنپۇ پولكى خەنزۇ ئەسكەرلەر ئۇچىنچى روتىسىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭدىن سالام! — جاڭ لياڭ ئالدى بىلەن شىيائېر، ئابلا، ئابدۇرۇسۇل، ۋاھىت قاتارلىقلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ھەي، خۇڭ پولكوۋنىك ئۆمەر دېگەن بىر يىگىتنىڭ گېپىنى قىلغانىدى. بۇ يەردە ئۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— ئۇ ھازىر قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ، — دېدى ۋاھىت كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ.

— قېرىنداشلار، ئاقنىياز بىلەن مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم مۇڭداشقان، — جاڭ لياڭ ئېغىر تىندى، — خۇڭ پولكوۋنىكمۇ ئۇنى «بۇرۇن مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر بولغان، ئىلمىي يىگىت»

دەپ ماختايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەممىمىز ئۇچۇن زور يوقىتىش. ئۇ باندىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى ئۆز كىشىلىرىمىز قەستلىگەن بولسۇن، بەربىر ئېنىقلىنىدۇ. دۇنيادا شامال ئۆتمەيدىغان تام، ئېچىلمايدىغان سىر يوق!

ئەجەلنىڭ پەنجىسى بېشىغا سايە سېلىپ تۇرۇۋالغان ئەڭ قورقۇنچلۇق پەيتتە يېتىپ كەلگەن جاڭ لياڭ لۇ كۇنجۇڭ ئۇچۇن خۇددى قۇتقۇزغۇچى خۇدادەك بىلىندى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا ماۋزۇرنى قېپىغا سېلىپ، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلىگىنىچە يالغاندىن كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەرھابا، مەرھابا، جاڭ لياڭ بۇرادەر! قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا تەشەككۈر... تەشەككۈر...

لۇ كۇنجۇڭ جاڭ لياڭنىڭ دولىسىغا پەپىلىگەچ ئۇنى ياتاقتىن ئاچىقىپ كەتتى. ئەتىسى پۈتۈن روتا بويىچە ئاقنىيازغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شىيائېر تەزىيە نۇتقى سۆزلىگەندە كۆكرىكىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— قەدىناس بۇرادىرىم ئاقنىياز، ھازىرچە سېنىڭ قىساسىڭ مەندە قەرز بولۇپ تۇرسۇن. سېنىڭ جېنىڭنى قىيغان ئۇ ئىبلىسلار دوزاخقا كىرىۋالسىمۇ ئۇ يەردىن تېپىپ چىقىپ، قانغا قان، جانغا جان ئالماي قويمايمەن! — دەپ قەسەم قىلدى.

تەزىيە يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئەسكەرلەر ئۇنى يۈيۈپ - تاراپ كېپەنلىككە ئېلىپ، نامىزىنى چۈشۈردى ۋە ئۇنى زاراتگاھلىققا ئاپىرىپ، قۇربانىيازغا ھەمراھ قىلىپ قوشنا يەرلىككە قويدى.

ئاقنىيازغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدىن كېيىن ئىككىنچى روتا شەھەرگە يۆتكىلىش تەييارلىقىنى قىلدى. ئۆمەر كەچتە سارا بىلەن تەسكەي تاغ جىلغىسىدا ئۇچراشتى.

— سارا، بولدى يىغلىماڭ! مەن سىزنى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئەكېتەلمەيمەن، — دېدى ئۆمەر قىزغا راست گېپىنى قىلىپ، — بىز كەتكەندىن كېيىن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ،

شەھەرگە ماڭغانلار بىللەن بىللە مېڭىڭ. مەن بەرگەن گۆھەنجىڭ تىزىسى ئۇلاغ ياكى ھارۋا كىرا قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. سىز ئۇدۇللا دارىلئېتامغا بېرىپ، لېتىپ نۇجۇر دېگەن ئادەمنى ئىزدەڭ. ئۇ سىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ماڭا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، — قىز ئېسەدەپ كەتتى، — سىز ئەسكەرلىكتىن قاچماڭ، ھەرگىز قاچماڭ... قاچسىڭىز مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالىمەن... ئايرىلىپ قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

— سارا، ماڭا ئىشىنەمسىز؟ مەن سىزدىن قېرىپ مۆكچىيىپ، مانا مۇنداق، — ئۆمەر ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئېڭىشكىنىچە «ئۆھۇ... ئۆھۇ...» دەپ يۆتىلىپ، قېرى بوۋاينى دورىدى، — ئاشۇنداق بولغۇچە ئايرىلمايمەن.

— ياق، ياق، سىز ھەرگىز قېرىمايسىز... — سارا تاتلىققىنا كۈلدى، — مەنمۇ شۇنداق.

— ئىككىمىزنىڭ قېرىماسلىقى ئۈچۈن، كېلىڭ، جانلىرىمىزنى قوشۇۋېتەيلى!

ئۇلار قوي - ئۆچكىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ چىڭ قۇچاقلاشتى. ئەمما، نازۇك قىزىل لەۋلەرگە تۈكلۈك لەۋلەر جۈپلەشكەندە، ئۇ جانىۋارلار نومۇس قىلدىمۇ نېمە، ئوت يېگەن بولۇپ يەرگە قارىۋېلىشتى.

# ئون بىرىنچى باب

## سۈيىقەست

يەكەن كونشەھەر گازارمىسى نەچچە يۈز مولۇق يەرنى ئىگىلىگەن چوڭ قورۇ ئىدى. 1945 ـ، 1946 ـ يىللىرى بۇ يەردە ما يىنفۇنىڭ تۆتىنچى پولكى، خۇڭ يادۇڭنىڭ بەشىنچى پولكى بولۇپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە كوماندىرلار تۇراتتى. ھەربىي باشلىقلارنىڭ ئەمەل دەرىجىلىرى بويىچە بېرىلگەن ئىشخانىلىرى، بۆلۈم ۋە مەجلىسخانىلار ئىشتابنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئاق بىناسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بىنا ئالدىدىكى ئېگىز مومىدا كۈن سۈرەتلىك كۆك بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. ئىشتاب بىناسىنىڭ ئەتراپى دۇپ، تۇخۇمەك، ئاق غوللۇق چىنار، سانا، ئاكاتسىيە، قارىياغاچلاردىن تەركىب تاپقان بۈككىدە دەرەخلىك بولغاچقا، گازارمىنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆت قاتار، ئوڭ تەرىپىدىكى تۆت قاتار جەمئىي ئوتتۇز ئىككى يۈرۈش ئەسكەرلەر ياتىقىنى ئارانلا كۆرگىلى بولاتتى. تېخى بىنانىڭ ئارقىسىدىمۇ كۆك رېشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىنغان تار، ئەمما ئۇزۇن كەتكەن مېۋىلىك باغ بولۇپ، ئۇ خەنزۇلار ئاشخانىسى بىلەن مىللىي ئاشخانىنى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى ئاشخانىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان يايسىمان پەلەمپەيلەر ئارقىلىق چېنىقىش مەيدانىغا چۈشكىلى بولاتتى. ۋاسكېتبول، ۋالىبول، سەكرەش، ئېسىلىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ چوڭ مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە

لاپاسلىق ئاتخانىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەربىي باشلىقلار تۇرۇشلۇق ئۆيلەر، مۇنچا، كۇلۇب، قارتا، بىليارت، شاھمات، دامكا ئوينايدىغان مەدەنىيەت ئۆيلىرى، شۇنداقلا ماگزىنلارمۇ بار ئىدى.

پولكوۋنىك خۇڭ يادۇڭ ئىشتاب بىناسىدىكى ئىشخانىسىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرەر يىلدىن بېرى ھەر كۈنلۈك گېزىتنى قالدۇرماي كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بولۇپمۇ ئىچكى - تاشقى خەۋەرلەر ۋە ۋەزىيەت ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇيتتى ۋە شۇلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزەتتى. گەرچە گېزىتكە كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبىلىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارغانسېرى پاتقاققا پېتىپ قېلىۋاتقانلىقى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى چېكىنىپ چىققان رايون، شەھەرلەر توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللار يېزىلمايدىغان بولسىمۇ، بەزىبىر خەۋەرلەردىن يەنىلا خۇددى بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنى كۆرگىلى بولغاندەك، بەزى ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالغىلى، پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

خۇڭ يادۇڭ بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ياڭ قوماندانىدىن ما يىنفۇنىڭ سەككىزىنچى ئارمىيەگە تەسلىم بولغىنىنى ئاڭلاپ، بىر مەزگىل ئۇنىڭغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك قىلدى، ھېلىقى ۋىجىك خەۋەرچى خۇڭ ساۋنى غايىبانە تىللاپ يۈردى. «ئەگەر ئۇ مېنى يەنە ئىزدەپ كەلسە، مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىمەن» دەپ ئۆزىگە ئەھدىمۇ قىلدى. بۇ غورالداي جېنىدىن تويغاندەك يېرىم يىل ئۆتۈپ يەنە پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ خۇڭ يادۇڭغا يەقەت ئالىقانچىلىك قاتلانغان قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى. ما يىنفۇ خېتىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىشىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ يازغانىدى، بولۇپمۇ ئۇ ھەرقانچە چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۆزىنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ رىزقىغا چاڭگال سالمايدىغانلىقىنى،

ئۆنداق قىلىشنىڭ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا ئۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇشۇ ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىناتىغا دەرىجىمۇ دەرىجە خىيانەت قىلىپ، بۇ تەمىنات ھېسابىغا ئۆزلىرىنى سەمرىتىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى.

ما يىنفۇنىڭ «ھاكاۋۇر قوماندان چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن خەنزۇ ئىدىئومى ئارقىلىق جياڭ جيېشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قامچىلىغانلىقى خۇڭ يادۇڭغا سەل ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىغا خىيانەت قىلىشتەك چىرىكلىشىش ھەققىدىكى ئىبارىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇڭا، ما يىنفۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئەسكەرتكەن: «ئاقىۋىتى يامان بولغان پادىشاھتىن ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغان گاداي ياخشى» دېگەن سۆزدىكى بېشارەت خۇڭ يادۇڭنى ئويلىمىسا بولمايدىغان خىياللار تورىغا چىرماپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى سەگىتىپ قويدى.

خەيرىيەت، بۇ ئىشلارغا بىر يىل بولۇپ قالاي دېدى. شۇنىڭدىن بېرى خۇڭ يادۇڭ ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. كوممۇنىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تەۋرەپ قېلىشى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى مەغلۇبىيىتى جۇڭگودىكى نەچچە يۈز مىليونلىغان ئىشچى - دېھقان ئاۋامنى خۇشال قىلىپلا قالماي، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ «شەرقنىڭ كېسەلمەنى» دەپ ئاتىلىپ قالغان جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە رادىيولىرىدا كەڭ تەشۋىق قىلىنماقتا ئىدى؛ بولۇپمۇ سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو ئىنقىلابىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ياردەم قىلىۋاتاتتى. ۋەزىيەتنىڭ مانا شۇنداق ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى

بىلگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىگەن ھەربىي، مەمۇرىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزۈش مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ توپلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ بېيىۋاتقانلىقى، مال ـ دۇنيا توپلاۋاتقانلىقى خۇڭ يادۇڭنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. ئۇ ئەقەللىيسى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى توغرۇلۇق يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىغا، يۇقىرىسى قەشقەر كورپۇس ئىشتابىغا قانچە ـ قانچە ماتېرىيال يوللىدى، يۇقىرىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشتى، مۇنازىرىلەشتى، جوزا مۇشتلاشتى... لېكىن نەتىجىسى بولمىدى. قوماندان ياڭ لىدىي چېغىدا: «سەن مېنى تەڭلىكتە قويۇپ قىيىنغىنىڭ بىلەن، مەن نىمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ سەۋر قىل، بۇرادەر. دۆلەت، پىرقىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى...» دەپ مۇرىسىنى چىقاردى.

ھازىر ئەسكەرلەرنىڭ چۈشكۈن چىرايلىرىنى كۆرسە، خۇڭ يادۇڭنىڭ چاشقان بولۇپ بىر كامارغا كىرىۋالغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزى ئەسكەرلەر قېرى ئانىسى، ئۇششاق بالىلىرى ھەققىدە يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىسە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگىمۇ تەڭلا ياش يامىشىدۇ. ئەسكەر دېگەن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈۋرۈكى تۇرسا؟... ۋەتەن، خەلق، ھاكىمىيەت دېگەنلەر شۇلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كۆكلەيدۇ ۋە دۇنياغا تونۇلىدۇ... مانا ئاشۇنداق بىر قوشۇننىڭ جان پىداكارلىرىنى يونۇپ، غاجاپ، چىشلەپ يەۋاتقان قانداق قارا كۆڭۈل، پاسىق ھۆكۈمرانلار ئۇ؟ خۇڭ يادۇڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىدى ئەمەس، ئەسكەرلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئېتىلغان، چېپىلغان كوماندىر ـ ئەسكەرلەر ئازمۇ؟

خۇڭ يادۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ھەل بولۇشىنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، قاقشاپ، يېلىنىپ، تىللاپ ـ قارغاپ روياپقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ دەسلەپتە ھېلىقى خۇڭ ساۋ دېگەن «بىر سىقىم»نى ئېتىۋېتىپ، ما يىنفۇ بىلەن بولغان بۇرادەرلىك

كەمىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولماقچىمۇ بولدى، ھەتتا ما يىنغۇ «تونۇشۇم، تونۇشۇمنىڭ تونۇشى...»، «تۇغقىنىم، تۇغقىنىمنىڭ تۇغقىنى...»، قىسقىسى، شورپىسىنىڭ شورپىسى دەپ تونۇشتۇرغان خەنزۇ ئەسكەرلەرنى بىر ـ بىردىن تۇتۇپ سوراق قىلىپ، ئۇلارنى ئاتماقچى، سولىماقچىمۇ بولدى، لېكىن بۇ نىيىتىدىن يالتايدى. بولدىلا، بېگىڭنى دەپ ئۆلەيمۇ، خېنىمىڭنى دەپ ئۆچەيمۇ؟ كىمگە، نېمىگە جان تىكىدۇ؟ جان تىكمەكچى بولغانلىرى يەنىلا شۇ ھېلىقى «مېنىڭمۇ مېنىڭ، سېنىڭمۇ مېنىڭ» دەيدىغان ئاچ كۆز ھۆكۈمرانلارغۇ؟!

گېزىت كۆرۈۋېتىپ بىردىنلا كۆڭۈلسىز خىياللار قاينىمىغا كىرىپ قالغان خۇڭ يادۇڭ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، چۈنكى بىركىم ئىشىكنى چېكىۋاتاتتى.

— كىرىڭ!

ئىشىك ئېچىلىپ لىۇ كۇنجۇڭ، دۇشىڭسەن، لى چۇڭيىڭ، جۇڭ شۆليائىڭ، ۋاڭ جىڭگۇي، ئابدۇقادىر، رىشىتلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار «سالام، خۇڭ تۇەنيۇ!» دەپ ھەربىيچە سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار «قېنى ئولتۇرۇڭلار!» دېگەن ئىجازەتتىن كېيىن، ئورۇندۇق، دىۋانلاردىن ئورۇن ئېلىشتى.

— ھە، بىر قۇر جايلىشىۋالدىڭلارمۇ؟ — خۇڭ يادۇڭ ھەممىسىگە تاماكا تۇتتى، — ئالدىراشلىقتا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرەلمىدىم.

— يوك ـ تاقلىرىمىزنى قويۇپلا، — دېدى لىۇ كۇنجۇڭ يەردىن ئۇستۇن قارىماي، — سىزگە سالام بەرگىلى، خىزمەتلەردىن دوكلات قىلغىلى كىردۇق.

— «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دەپ بىكار ئېيتمىغان، بۇگۇنچە ھاردۇق ئېلىپ ئەتە كىرسەڭلارمۇ بولاتتىغۇ؟

— دەرھال يوليۇرۇق سورىمىساق بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، — دۇ شىڭسەن لىۇ كۇنجۇڭغا لەپپىدە قاراپ

قويدى، ــ شۇڭا دەرھاللا كىرىشىمىز.

ــ تېز تۇتۇش قىلمىساق، كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، ــ دېدى لى چۇڭيىڭ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممىسى باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

ــ سۆز ئۇرانىڭلارغا قارىغاندا، راستىلا جىددىي ئىش ئوخشايدۇ، ــ خۇڭ يادۇڭمۇ باش لىڭشىتتى، ــ قېنى دەپ بېقىڭلار!

ئۇلار كىم نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئالدىن كېلىشىۋالغان بولسا كېرەك، ھەممىسى بىر دەك ئۈچىنچى ئىزۋوت كوماندىرى ۋاڭ جىڭگۇيگە قاراشتى. ۋاڭ جىڭگۇي ئەسلىدە كەم سۆز، باشقىلارنىڭ يۈزىنى ئايايدىغان ئادەم بولۇپ، بىركىمنى بىھۇدە رەنجىتىشنى خالىمايتتى. ھورناندەك يۇمىلاق، ئاپپاق يۈزىنىڭ قىزىرىپ كېتىشى ئۇنىڭدەك قىرىق ياشلىق ئادەم ئۈچۈن ئوشۇقچە ئىدى. ھەرىكەتلىرىنىڭ قولاشماسلىقى، ئېيتالمىسا زورلاپ ئەگىرىشكەنلىكى ھەم سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ ئۆمەر مېنىڭ ئىزۋوتىمنىڭ بىرىنچى ئودلىنىيەسىنىڭ ئەسكىرى، ــ ۋاڭ جىڭگۇي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇۋالدى، ــ ۋاي بولدىلا، گەپنىڭ ئۆزىنىلا دەۋېرەي. ئۇ تاغلىق قىز سارانىڭ قورسىقىغا ئۇندۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كەلدى. ھەربىي تۈزۈمدە، مىزانلىرىمىزدا بۇ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنى دەرھال قولغا ئالمىساق، قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمىز.

ــ راست، ئۇنى دەرھال تۇتۇپ، ــ دېدى ئابدۇقادىر قولىنى شىلتىپ، ــ قاتتىق جازالىمىساق زادى بولمايدۇ.

ــ مەن ئابدۇقادىرنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن، ــ رېشىت قولىنى كۆتۈردى، ــ ئۇنىڭغا ئېغىر چارە كۆرۈپ، ئەسكەرلەرگە ئىبرەت قىلايلى.

ــ ئەسكەرلەرنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈزۈم،

قائۇنلىرىغا سالغاندا، ئۇنى ئېتىش كېرەك! — دېدى ياغاق يۈز جۇڭ شۆلياڭ جىرتاق كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — ئەڭ يېنىك جازا بەرگەندىمۇ، گۇندىخانىغا سولاش لازىم.

باياتىن بېرى سۆزلىگەنلەرنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزلىرىدىن، چارە كۆرۈش تۇغرىسىدىكى تەلەپلىرىدىن، ئۆچمەنلىك چىرايلىرىدىن، قوشراپتىن قايتىپ كېلىپ «ئۇھ» دېمەي تۇرۇپلا ئالدىراپ - تېنەپ كىرىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۆمەرنى دەرھال كۆزدىن يوقاتمىسا، كۆتىنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شۇڭا، خۇڭ يادۇڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۇلارنى گەپكە سالدى. چۈنكى، قۇربانىنىيازنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى تەپسىلات ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېنىق ئىدى.

— ئۆمەرنىڭ ئۇ قىز بىلەن بولغان ئىشى باسقۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغانمۇ ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغانمۇ، بۇنى ئايرىماي بولمايدۇ.

خۇڭ يادۇڭنىڭ بۇ گېپى ھەممىسىنى سەل چۆچۈتۈپ قويدى بولغاي، ئۇلار دەرھاللا بىر - بىرىگە قاراشتى. لېكىن، لۇ كۇنجۇڭ مۇشۇنداق گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك، گېلىنى قىرىپ، كانىيىنى رۇسلىدى.

— دەسلەپتە زورلۇق تۈسىنى ئالغان باسقۇنچىلىق، — دېدى لۇ كۇنجۇڭ قىياق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئەمما قىز داد - پەرياد كۆتۈرگەندىن كېيىن ئاقنىيازچىلار يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، «تويىڭىزنى قىلىپ شەھەرگە ئەكېتىمىز» دېگەندەك ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئۇ قىزنى ئالدىغان.

— ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن شيائېر، ئابدۇرۇسۇل، ۋاھىت، ئابلا قاتارلىق ئاقنىيازچىلار، — دۇ شىڭسەنمۇ سۆز قىستۇردى، — بۇ جىنايەتنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغان. بۇ ھەربىي ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولماي نېمە؟

— بۇ ئاقنىيازچىلارنىڭ، — دېدى لى چۈگىڭ ئالىقىنىغا

ئۇرۇپ، — ئاشكارا مىللەتچىلىك قىلغانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس.

خۇڭ يادۇڭنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇلارنىڭ خۇددى بىر كانايدىن چىقىۋاتقان تۇتۇندەك «ئىبغىر چارە كۆرۈش»، «قاتتىق جازالاش»، «سولاش»، «ئېتىش...» دېگەندەك سۆزلىرى، بولۇپمۇ لۇ كۇنجۇڭ، دۇ شىڭسەن، لى چۇڭيىڭلارنىڭ «ئاقنىيازچىلار...» دەپ قوللانغان ئاتالغۇسى خۇڭ يادۇڭنىڭ غەزىپىنى تاشتۇردى. بۇنداق ئايرىمچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ھەربىيلەر ئىچىدە يۈز بەرسە ۋە يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلسە، ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ. ھەربىي ئۆزگىرىش، قوزغىلاڭ، ئىسيان دېگەنلەر مانا شۇنداق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. زورمۇزور تېڭىلغان بۇنداق سىياسىي ئاتالغۇ كوماندىر - جەڭچىلەردە خورلۇق ئېڭىنى پەيدا قىلىدۇ، خورلۇقتىن غۇرۇر تۇغۇلىدۇ، غۇرۇرنىڭ كۆزى قارىغۇ، ۋاقتى كەلسە دەريا - دەريا قان تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ.

— مەن سىلەردىن بىر ئىشنى سوراي، — خۇڭ يادۇڭ ھەممىسىگە تەكشى قارىدى، — «ئاقنىيازچىلار» دېگەن بۇ قانداق گەپ؟ بۇ گەپ كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقتى؟

خۇڭ يادۇڭنىڭ ئېگىز، قامەتلىك گەۋدىسى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، قاپقارا قويۇق قاشلىرى قوشۇمىسىغا يىغىلدى. ئۇ ئولتۇرغانلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھەممىسىگە بىر - بىردىن قاراپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇ لۇ كۇنجۇڭغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ قارىمۇتۇق چىرايىغا، كىرپە چاچلىرىغا، دىقماقىراق گەۋدىسىگە، ھەتتا تىزلىرىغا قويۇۋالغان تۇكلۇك قوللىرىغىچە قاراپ چىقىپ بىردىنلا چېچىلدى:

— سەن بۇ گەپنى سالمىقىنى دەڭسەپ بېقىپ قىلدىڭمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈنمۇ؟ — خۇڭ يادۇڭ ئۇنىڭغا تىخمۇ بەك ئېڭىشتى، — بۇ سىياسىي ئاتالغۇنىڭ بىر بومبا ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟! قارشى تەرەپ يوق بەتنامدىن

غەزەپكە كېلىپ، راستلا پارتلاپ چىقسا، خۇددى ئارىتاشتىن قاچقاندەك تىكىۋېتەرسەن! سېنىڭ شالتىقىڭنى بىز ئادالايمىزمۇ؟

— ئەمدى ئۇلار... ئۇلار... — لۇ كۇنجۇڭنىڭ پېشانىسىدىن تەر تەپچىدى، — قانداقلىكى ئىشتا... ھەمقان... ھەمقان بولۇۋېلىپ...

— ئالايلى، قايسى ئىشلاردا؟

— تاغلىق يىگىت دايىم ئۆلگەندە، تاغلىقلارنى كۆشكۈرتتى. يەنە...

— ھە، يەنىچۇ؟ ! — خۇڭ يادۇڭ ۋارقىرىدى، — قۇربانىنىيازنى توڭلىتىپ ئۆلتۈرگەندىچۇ؟ !

لۇ كۇنجۇڭ چۆچۈگىنىدىن تىترەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشنى ھېچىنى چىقارمايلا باستۇرۇۋەتتۇق دەپ بىلەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ مەخپىيەتلىكنى خۇڭ يادۇڭنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇلتۇرغان باشقىلارنىڭمۇ چىرايلىرى تاتىرىپ، جىمىقىپ كېتىشتى.

— سەن بۇنى بىزنى بىلمەيدۇ دېمە! تاغلىق قىز گۈلنۇر نەق ئىشتاب بىناسىدا غوۋغا كۆتۈردى. ئۇ: «لۇ كۇنجۇڭنى ئېتىپ بەرمىسەڭلار، گەيشىياڭدا سىپىلىغا ئۇسۇپ ئۆلۈپ بېرىمەن، ھەرقايسىڭنىڭ ياۋۇزلۇقۇڭنى پۈتۈن خەلقئالەم بىلسۇن!» دېدى. ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن ئۇنى ئالداپ - سىلاپ، يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ قايتۇردۇم. لېكىن، ئۇ سېنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىڭنى نەدىن ئۇققان، بىرنەچچە تاغلىقنى باشلاپ سېنى ئۆلتۈرگىلى بېرىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى بىلگەندەك بىز بالىنتسا ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇۋەتكەن! ...

لۇ كۇنجۇڭ ئولتۇرغان يېرىگە مىخلىنىپ قالدى. ئۇ تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، ئارىتاشلاردىكى ئۇرۇشلاردا تاغلىقلارنىڭ نەقەدەر قارام، كۆچتۈگگۈر، جاسارەتلىك ھەم غۇرۇرلۇق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان ئۇن ئالتە -

ئـون يەتتـە يـاشلـىق بـىر قـىزنـىڭ بۇنـچـىلـىـك قـىساسـخـور ئـىكـەنلـىكـىگە ئۇنـىڭ ئەقلـى يەتمـىـدى. شۇنداق، بـۇنـىڭغـا لـۇ كـۇنجۇڭنـىڭ ئەقلـى قانداق يـەتـسۇن؟ چۈنـكـى، گۈلنـۇر ئـۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقنىڭ، تاغۇ تاشلارنىڭ، تاشتـىـن ـ تاشقـا ئۇرۇلۇپ ئاقـىدىغان شوخ سۇلارنىڭ، تـەنگە داۋا تاغ هـاۋاسىنـىـڭ ھەممە تەبـىـئىتـىـنى ئۆزىـگە يىغـقان قورام تاشتـەك مەزمۇت تـاغ قـىزى ئىدى!

— خۇڭ پـولـكـوۋنـىك، «ئـاقـنـىـيـازچـىـلار» دېگـەن گـەپ ئاساسسىزلا چىققان گەپ ئەمـەس، — دېدى ئابدۇقـادىر قورققـان ھالدا، — بىز قوشراپتىن شەھەرگە قايتىمىز دەۋاتقان كۈنلـەردە شيائىر، ئابدۇرۇسۇل، ۋاھىت، ئابلالار قورالـلـىرىنى يـالـىڭاچـلاپ بىزگە تەڭلىدى، ئاندىن بىزمۇ قورالـلىرىمىزنى چىقاردۇق، تـاس ـ تاماس قـالـدۇق ئېتـىـشىپ كـەتـكـىلـى. ھېلـىـمـۇ ياخـشـى روتـا كوماندىرى جاڭ لياڭ ۋاقتىدا كىرىپ قالدى.

— بىر ـ بىرىڭلارغا قورال تەڭلەش دەرىجىسىگە يەتتىڭلار؟ — خۇڭ يادۇڭ ئاچچىق كۈلدى، — ئابدۇقادىر، نېمە ئۈچۈن قـورال تەڭلەشكىنىڭلارنى دېمىدىڭغۇ؟

— بۇ جېدەل ئاقنىـيازنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك بولـدى، — ئابدۇقادىر لۇ كۇنجۇڭنىڭ جىددىي ئىشارىسىگە دىققەت قىلمايلا دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالدى.

— نېمە؟! ئـاقـنـىـيـاز ئـۆلدى؟ بۇ... بـۇ... تـوۋا قـىلـدىـم... مۇمكىنـمۇ؟ زادى مۇمكـىنمۇ؟ ئـۇ... ئۇنى روتا كـوماندىرلـىقىغـا ئۆستۈرىمىز دەۋاتساق؟ — خۇڭ يـادۇڭ شارتلا بۇرۇلـۇپ قاتتـىـق ۋارقىرىدى، — ئۇ... ئۇ زادى قانداق ئۆلدى؟!...

رېشـىـت ئالدىنـقى قاراۋۇللارنـى تەكشۈرگـىلى ئاتـلـىنـىـپ، تاشناتـانىڭ ئىچكىرىسىدىكى قارا تاغ ئېغىزىدا پـارتىزانلارغـا ئۇچراپ قالغانلىق ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپ، مىچچىدە يىغلىدى ھەم دەرھاللا قول ياغلىقىنى كۆزىگە تۇتۇپ پەسكە قارىۋالدى.

خۇڭ يـادۇڭ گۈل تەشتـەكلىرى قـويۇلغـان دېرىزە تۈۋىـگـە

كېلىپ، ئۇ تەرەپتىكى كۆك رېشاتكىلىق مېۋىلىك باغقا قارىدى. ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ئەينۇلىلارنىڭ غورىلىرى چېچەك تاشلىغان بولۇپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ياڭاقتەك، باش بارماقتەك، ئۈرۈقچىدەك بولۇپ يالتىراپ تۇراتتى. باغنىڭ قىر - چۆنەكلىرىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدە، گوۋزىبان، تاجىخوراز، بېدەمۇشكى، پىلپىل، كانايگۈللەر ئەتراپىدا گۈلخۇمار ھاشاراتلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. خۇڭ يادۇڭ ماي ئېيىنىڭ بۇ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىشقا ئالدىراقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتقان كۆزلىرى نەگىدۇر تىكىلىپ قالغان بولۇپ، قۇلاق تۈۋىدە ئاقنىياز بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت قايتا تەكرارلانماقتا ئىدى:

— خۇڭ پولكوۋنىك، رەھمەت سىزگە !

— نېمىگە رەھمەت دەيسەن؟

— ئۆمەرنى ئۆزىڭىز سوراق قىلىدىغان بوپسىز. ئۆمەر ئوقۇغان بالا بولغاچقا، كۆڭلى نازۇك...

— لۇ كۇنجۇڭنىڭ جازاسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ دېمەكچىمۇسەن؟

— ئۆزىڭىز دانا - دە !

— مېنى تولا ئۇچۇرما.

— سىز ئۇچىسىڭىزمۇ قالتىس ئۇچىسىز - دە...

— يۈتلىرى ئۇزۇن تۇرنىدەك دېگىنە...

ئۇ چاغدا ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى. مانا بۇ ئاسىمگۈل ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ ياقۇم كەنتىدىن ئەكەلگەن ئۆمەرنى باغلاقلىق پېتى خۇڭ يادۇڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە دېيىشكەن گەپلەر ئىدى. خۇڭ يادۇڭ ئاقنىياز بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئاقنىياز ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئاقسۇدا بىر مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىلمىي، يەنە بىر تەرەپتىن يۇمۇرلۇق ئىدى. «سىز ئۇچىسىڭىزمۇ قالتىس ئۇچىسىز - دە» دېگەن چاقچاقمۇ خۇڭ يادۇڭنىڭ ئېگىز، قامەتلىك گەۋدىسىگە

قارتىلغان بولغاچقا، خوۋ يادوگمۇ «پۈتلىرى ئۈزۈن تۆرنىدەك دېگىنە» دەپ بۇ چاقچاقنى تەن ئالغانىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قوشراپتىن قايتقان بىر روتا ئەسكەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن گازارما ئالدىغا چىققاندا، خېلى كۆپ كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن. لېكىن ئاقنىيازنى ئۇچرىتالمىغانىدى. ئۇ باشقىلاردىن سوراپ بولغۇچە، كانۋىيى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قەشقەر كورپۇس ئىشتابىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى... باغدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان خوۋ يادوڭ پەس ئاۋازدا: «مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ ماڭا سوغۇق نەزەردە قارىغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە؟» دەپ پىچىرلىدى. لېكىن، ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ نالىنى ئېنىق ئاڭلىدى. چۈنكى، ئىشخانىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. خوۋ يادوڭ ئاستا قايرىلىپ، باش چۆكۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا ئېغىر نەزەردە قارىدى:

— تاغلىق يىگىت دايىم، قۇربانىنىياز، ئاقنىيازلار ئۆلۈپ، تاغلىقلار ۋە مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ ئىشەنچ، ئۈمىدىنى يەرگە ئۇردۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۆمەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئارمىيە ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە نىزا تۇغدۇرۇشتىكى مەقسىتىڭلار نېمە؟ — خوۋ يادوڭ قولىنى شىلتىپ قاتتىق ۋارقىرىدى، — لۇ كۇنجۇڭ، ئېيتقىنا قېنى! پولكوۋنىك جاۋ خەنچىڭ بىلەن ياڭ قوماندان ئالدىدا مەن ساڭا نېمە دېگەن؟

لۇ كۇنجۇڭ بېشىنى تېخىمۇ ئىچىگە تىققىنىچە كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. بىراق، خوۋ يادوڭ بايىقىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك ۋارقىرىدى:

— گەپ قىلە! بولمىسا ھەممىڭنى ھەربىي سوتقا يوللاپ بېرىمەن.

— «مىللىي ئەسكەرلەر بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىرەر توقۇنۇش يۈز بەرسە، سېنى ئېتىپ تاشلايمەن»

دېگەنىدىڭىز.

— بۇغۇ ئېسىڭىدە بار ئىكەن، شۇنىداق تورۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئىش تېرىپىلا يۈرىسەن؟ — ئاچچىق يۇتۇۋالغان خوڭ يادۇڭ چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى، — كەچ بولۇپ قالدى، سىلەرمۇ ياتاقلىرىڭلارنى تازىلاپ ئورۇنلىشىۋېلىڭلار. ئەتە مۇنچىغا چۈشۈپ، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىڭلارنى يۇيۇپ، بىر كۈن دەم ئېلىڭلار، ئاندىن ھەربىي مەشىققە چۈشۈپ كېتىسىلەر.

— خوپ!

ئىشخانىغا بوراندەك نەرە تارتىپ كىرگەن بۇ ئادەملەر خۇددى تۇماندەك لەيلىنىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار كارىدورغا چىققاندا، خوڭ يادۇڭ ھەممىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئۆمەر بىلەن چاتىقىڭلار بولمىسۇن. ئۇنىڭ ئىشىنى مەن ياڭ قوماندان بىلەن مەسلىھەتلىشىمەن، — دەپ گەپىنى ئۇزۇۋەتتى.

لۇ كۇنجۇڭنىڭ قانخورلۇقلىرىنى تولا ئويلاپ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان خوڭ يادۇڭ ئەتىسى ئورنىدىن بەكمۇ خامۇش تۇردى. ئۇ سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇپ سەل سەگىگەندىن كېيىن بىر ئىستاكان سۈت بىلەن بىر دانە توڭلاپ قالغان هورنانىنى يەپ ئىشخانىسىغا ماڭدى. خوڭ يادۇڭ ئىشتاب بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، ساقلاپ تۇرغان ئۆمەر ئۇنىڭغا ھەربىيچە سالام بەردى. شۇنداقتىمۇ، خوڭ يادۇڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مېنى ساقلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، يۈر! — دېدى خوڭ يادۇڭ بىنانىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم قويۇپ، — ياتاققا ئورۇنلىشىۋالغانسەن؟

— تۈنۈگۈن كېلىپلا ئورۇنلاشقان، لېكىن كەچتە سىزنى ئاۋارە قىلماي دېدىم.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئاۋارە قىلىدىغانلار چىقىپ

تۇرىدىكەن.

ئۆمەر ئىشخانىغا كىرگەندە، تامدىكى گېنېراللىسىمۇسلۇق فورمىسىنى كىيىپ، ئۇنۋان بەلگىلىرىنى تاقىغان جياڭ جيېشىنىڭ سۈرىتىگە، خىزمەت ئۈستىلىدىكى دۆلەت بايرىقى بىلەن گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى مودېللىرىغا، بولۇپمۇ سۈرلۈك يۈقىنىڭ ئۇسۇشكە تەييارلانغان ھالەتتە تۇرغان قوڭۇر ھەيكىلىگە قاراپ، سەل قورۇنغاندەك بولدى. ئاڭغىچە خۇڭ يادۇڭ ھەربىي فورمىسىنى ئاسقۇغا ئېسىپ، چېكىلىرى ئازغىنە چارلاشقان قاپقارا چاچلىرىنى ئەينەككە قاراپ تارىۋېتىپ، ئۆمەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ۋوي، تېخىچىلا ئۆرە تۇرۇۋېسەنغۇ؟ قېنى ئولتۇر! — گىلەم سېلىنغان دىۋاندا ئىككىسى يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى، — سەل قارىداپسەن، بويۇڭمۇ ئۆسۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئون يىل بولغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

— بىر يېرىم يىلمۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس جۇمۇ! مانا سەنمۇ باللىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋېسەنغۇ؟

— نېمە، سىز؟

— بولدى قىزارما. تۈنۈگۈن كەچ لۇ كۇنجۇڭ، دۇ شىڭسەن، لى چۇڭيىڭ، ۋاڭ جىڭگوي، ئابدۇقادىر، رېشىت، جۇڭ شۆلياڭلار يېنىمغا كىرىپتىكەن.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىزۋوت كوماندىرى ۋاڭ جىڭگويدىن باشقىسى مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلمايدۇ، — دېدى ئۆمەر يەرگە باققىنىچە، — ھەرقاچان ئۈستۈمدىن دادلاپ كىرگەندۇ؟

— خىزمەت دوكلاتى قىلغىلى كىرىپتىكەن، لېكىن دادلىمايمۇ قالمىدى. بولمىسا سېنىڭ تاجىك قىزى سارا بىلەن بولغان ئىشلىرىڭنى مەن نەدىن بىلەي؟

بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئۆمەر ئىچ يانچۇقىدىن ئاغزى چاپلانغان بىر سېرىق كونۋېرتنى چىقىرىپ خۇڭ يادۇڭغا

سۈندى ھەم ئۇنى جاڭ لياڭنىڭ قوشراپتىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۆزىگە ئادەم يوق يەردە بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

— مەن ئۇنىڭغا سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن، شۇڭا ساڭا ئىشەنگەن گەپ، — خۇڭ يادۇڭ كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى سوغۇرۇۋالدى، — مەن خەتنى ئوقۇپ بولغۇچە، سەن چاي ئىچىپ، ھاردۇقىڭنى چىقارغاچ تۇرغىن.

خۇڭ يادۇڭ چىنە ئىستاكانغا چاي سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيغاندىن كېيىن ئاغزىنى يېپىپ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاتمۇقات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرى خەت ئۈستىدە يۇگۇرگەنسېرى، چىرايى غەلىتە ئۆزگىرىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، زاڭاقلىرى لىپىلداپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتاتتى. خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قايتىدىن كۆرۈپ چىقتى ـ دە، ئاندىن ئۈستەلگە پاققىدە تاشلاپ، بىرھازا پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى. جاڭ لياڭ خېتىدە مۇنداق يازغانىدى:

«ھۆرمەتلىك خۇڭ تۇەنيۇ، يولىۇرۇقىڭىزغا ئاساسەن مەن قوشراپقا كەلگەن كۈنى ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ، ئۇلار قوراللىق ئېلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەنىكەن. بۇ يەنىلا ئاقنىيازنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەن كىچىكچە ئۆمەر، ئابدۇرۇسول، شىيائېر، ۋاھىت قاتارلىق ئون نەچچە كوماندىر ـ جەڭچىنى بىر ـ بىردىن چاقىرىپ، ئاقنىيازنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېنىقلىدىم. بۇنىڭدا ئابدۇقادىرنىڭ «ئاقنىياز شايكا توپلاپ قاچماقچى» دېگەن چېقىمى ئاقنىيازنىڭ ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ، يەنى ئۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار ۋاڭ خۇڭشىڭ دېگەن ئودلىنىيە كوماندىرىنى ئۆزىنى ئېتىۋالدى دەپ قورغان ئارقىسىغا ئاچىقىپ كۆمۈۋېتىپتۇ. تېخى تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ئايغاقچىسى دەپ، توختىبەگ قورۇسىدىن قېچىپ چىققان بىر ياش چوكاننى يول ئۈستىدىلا ئېتىپ

ئۆلتـۇرۇپـتۇ. يەنـە بـىر سـىرلـىق ئىشـنى تەكـشـۈرەلـمـىدىـم. ئەسـكەرلەر قوشـراپتىن قـوزغىلىـپ ماڭغانـدا، توختـىـبەگـنـىـڭ قورۇسىدىن بىر ئايال ۋارقىراپ چىققىنىچە چېقىلغا يـامىشـىـپ، ئەللىـك مېتـىـر ئېگىـزلىكتـىكى چوقـقىدىـن ئـۆزىنى تـاشـلاپ ئۆلۈۋالـدى. بـۇ ئايالـنـى يەرلـىك تـاغلـىـقـلار ئەزەلدىـن كـۆرۈپ باقمىغانىكەن...»

خۇڭ يادۇڭ ئورۇندۇقـتا مىخلـىنىپ قـالغاندەك جـىمجـىت ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايـتـتى، بارماقـلىرىنـى پۈكۈپ سانايتتى. خۇددى بىرەر ساناقتىن ئادىشـىـپ كـەتكەنـدەك، بارماقـلـىرىنـى ئـېچـىـپ يـەنە پۈكـەتـتى. ئۇ ئـۆمـەرنى ئۇنـتـۇپ قالغـاندەك بىرھـازا ئۆز خـىيـالى، ئۆز ھەرىـكـىتى بـىلەن بولـۇپ كېتـىـپ، بىر چـاغدىلا «ئالـتـە ئادەم...» دەپ غودۇڭـشـىپ قويـدى. بولۇپمۇ ئۇ ۋاڭ خۇڭشىڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنى ئېتىۋالغان بـولـۇپ قالغـانلـىقـىغا ھـەيـران بولاتتـى. چـۈنكى، ئـۇ مـەكـتـەپـتـە تۇرۇشلۇق قـىـسـمـنـىـڭ ئەسكـىرى بولۇپ، ئـۇنى خۇڭ يادۇڭ مـا يىنفۇنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن قوبۇل قىلغانىدى.

— ئۆمەر، ۋاڭ خۇڭشىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئېتىۋالـدى؟ — سورىدى خۇڭ يادۇڭ ھەيران بولغان تەلەپپۇزدا، — ئۇ بىرەر خاتا سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولغانمىكەن؟

— ۋاڭ خـۇڭشىڭ ئـۆزىنى ئېـتىۋالغـان ئەمەس، — ئـۆمـەر ئىشەنچلىك ھالدا سۆزلىدى، — ئۇنى لۇ كۇنجۇڭ، دۇ شىڭسـەن، لى چۈڭيـىـڭ ئۈچ ئادەم سـوراق قىلغـان. ۋاڭ خۇڭشـىـڭنىڭ تـاڭ ئاتقۇچە ۋارقىرىغان، چىرقىرىغـان ھەم «مېنـىـڭ ئارقا تـىـرىكـىم يوق» دەپ يىلىنغان ئاۋازلىرىنى قاراۋۇللارلا ئەمەس، سەگەكـرەك يـاتقان ئەسـكەرلەرمـۇ ئـاڭلـىغـان. ئەمـمـا، ئـەتىسـى ئـەتىگـەنـدە سوراقخانىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئاچىقتى. بـاغلاپ قويۇپ سـوراق قىلىنىۋاتقان ئادەمدە قورال نېمە ئىش قىلسۇن؟

— توغرا دەيسەن، — خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆڭلىدىن ۋەھىملىك بىر خىيال كېزىپ ئۆتتى، — ئۇنى نېمە ئۈچۈن سوراق قىلغان؟

ئۆمەر لۇ كۇنجۇڭنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئۇنسۇرلىرىنى تازىلاش»، «كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىنى قېزىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مىللىي ئەسكەرلەردىن، بولۇپمۇ كېيىن قوبۇل قىلىنغان خەنزۇ ئەسكەرلەردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى ئايرىم سوراق قىلغان، قاتتىق قىيىنغان، تاش گەمىلەرگە سولىغانلىقىدەك ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ۋاڭ خۇڭشىڭنىڭ سەككىزىنچى ئارمىيە ۋە ئازاد رايونلاردىكى يەر ئىسلاھاتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى كىمدۇر بىرى پاش قىلىپ قويۇپتىكەن.

— كېيىن قوبۇل قىلىنغان خەنزۇ ئەسكەرلەر؟ — خۇاڭ يادۇڭنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ئاستا پىچىرلىدى، — سەن تېخى مېنىڭ ئۆلۈمنى كولاۋېتىپسەن - دە؟ قېنى سەن بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي! ...

كېيىن كەلگەن خەنزۇ ئەسكەرلەرنى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قوبۇل قىلغانلىقى خۇاڭ يادۇڭنىڭ بىلمەي تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ما يىنفۇ بىلەن بولغان چىگىچ دوستلۇقى، ئۇلپەتچىلىكى، ھەربىي ھاياتىدا باغلانغان بۇرادەرلىك ھۆرمىتى يۈزىسىدىن، ئۇ تونۇشتۇرغان ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلغىنى راست. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ما يىنفۇنىڭ پېڭ دېخۇەي ئارمىيەسىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن، كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ نەق شۇلاردىن گۇمانلانغىنى ئەمەلىيەتتە خۇاڭ يادۇڭدىن گۇمانلانغىنى بولماي نېمە؟

— جاڭ لياڭنىڭ خېتىدە ئابدۇقادىرنىڭ «ئاقنىياز شايكا توپىلاپ قاچماقچى» دېگەن چېقىمى ئاقنىيازنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان دەپ يېزىلىپتۇ، — دېدى خۇاڭ يادۇڭ ئۆمەرگە، — بۇ توغرۇلۇق بىلگەنلىرىڭنى سۆزلەپ باققىن.

ئۆمەر بىر كۈنى ئاقنىياز قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ كەلگەندە،

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەتنى ئۆزىنى ئەيىبلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىپ بايان قىلىپ بەردى.

— مەن ئاقنىيازغا سارانىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئەسكەرلىكتىن قېچىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام، قىزنىڭ نومۇستىن ئۆلۈۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم، — دېدى ئۆمەر تەمكىن ھالدا، — لېكىن ئۇ: «تۇتۇلۇپ قالساڭ، لۇ كۇنجۇڭ جادۇغا باسىدۇ ياكى ئېتىلىسەن، تۇتۇلۇپ قالمىغان ھالەتتىمۇ بىر ئۆمۈر دەككە - دۇككىدە ئۆتىسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە قاچما» دەپ ماڭا نەسىھەت قىلدى. ئۇ يەنە «شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن خۇڭ پولكوۋنىككا ئېيتىپ، ساڭا ئەسكەرلىكتىن چېكىنىش رەسمىيىتى ئۆتەشكە ياردەم قىلاي» دېگەچكە، مەن قاچمىدىم. لېكىن، ئاقنىيازنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماراپ كەلگەن ئابدۇقادىر خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، لۇ كۇنجۇڭغا ئۇ گەپلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ يەتكۈزۈپتۇ.

— خەتتە توختىبەگ قورۇسىدىن قېچىپ چىققان بىر چوكاننىڭ يولدا ئېتىلغانلىقى، ئاندىن سىلەر شەھەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا يەنە بىر چوكاننىڭ ئەللىك مېتىر ئېگىزلىكتىكى چېقىلدىن ئۆزىنى تاشلىغانلىقى يېزىلىپتۇ. ئۇلار زادى كىملەر؟

— ئۇلارنى توختىبەگ باشقا يۇرتلاردىن ئالداپ ئەكېلىپ، لۇ كۇنجۇڭغا ھەدىيە قىلغان، — ئۆمەرنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكى قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن بىلىنەندى، — لۇ كۇنجۇڭ ئۇلارغا توختىبەگنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىن ئايرىم - ئايرىم ھۇجرا تۇتۇپ بەرگەن، ئۇلارغا قاراشقا نۆۋەتچى قاراۋۇل قويغان.

— ئۇلار پاھىشە ئاياللار ئىكەن - دە؟

— نەدىكىنى؟! — ئۆمەر ۋارقىرىۋەتكىنىنى سەزمەي قالدى، — ئۇلار ئەسلىدە كەمبەغەل چارۋىچىلارنىڭ ئېپپەتلىك قىزلىرى ئىدى. لۇ كۇنجۇڭ قورال، بېسىم، تىل - تاياق ئىشلىتىش ۋە ئاچ قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى بۇلغىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن لۇ كۇنجۇڭنىڭ بۇرادەرلىرى ۋە كوماندىرلىرى كۆڭۈل ئاچتى، يەنە بىرىگە ئەسكەرلەر ھەر كۈنى كېچىسى نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار لۇ كۇنجۇڭغا ھەق تۆلەشتى.

يەتتە ئاي ئالدىدا توختىبەگ قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئېتىلىپ كەتكەن بىرىنچى قىزنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى سۆزلەۋېتىپ ئۆمەرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى بولغاي، پېشانىسىنى قاماللاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن بىردىنلا قوللىرىنى يېيىپ، ئىككىنچى قىزنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، «بىز شەھەرگە قايتىمىز، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ» دېسە، ئۇ قىز قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە بارىدۇ؟ ئۇنىڭغا چېقىلدىن ئۆزىنى تاشلاشتىن باشقا يەنە قانداق چارە بولسۇن؟

خۇڭ يادۇڭ ئۆمەرنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تاياق قاتتىق، ئەت يۇمشاق. زۇلۇم، ئاماللىسىزلىق بۇ قىزلارنى ئاشۇ كۈنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئەقىل جەھەتتىن يەنىلا ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ھايات - مامات دوقمۇشىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلۈمنى تاللاپ، تارىخنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدىغانلارمۇ چىقىدۇ، قۇللۇق زەنجىرىگە باغلىنىپ ئار - نومۇسنى يەرگە ئۇرۇپ، خورلۇقتا ۋە دەپسەندە قىلىنىشلارغا چىداپ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەي دەيدىغانلارمۇ چىقىدۇ. بۇ ئىككى ئاجىزە دەسلەپتە جاننىڭ تاتلىقلىقىغا چىدىماي خورلانغان، ئەمما ئاخىر يەنىلا ئۆزلىرىنى ئۆلۈم بىلەن پاكلىغان...

قانخور لۇ كۇنجۇڭ تەرىپىدىن بىر يېرىم يىل ئىچىدە قەبىھ ئۆلتۈرۈلگەن ئالتە ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئاقنىيازلا ئوتتۇز يەتتە - ئوتتۇز سەككىز ياشلاردا بولۇپ، قالغانلىرى يىگىرمە نەچچە

ياشلىق نۆۋەر ياشلار ئىدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ بىرەر چۇمۇلىدەكمۇ ئېتىبارى بولمىغان، بولۇپمۇ تاغلىق ئىككى قىزنىڭ ھايات قىسمىتى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولدى. ئۇ قىزلار توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، خۇڭ يادۇڭنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆڭلىدە ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلدى.

— خۇڭ پولكوۋنىك، مېنىڭ سىزگە يەنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېدى ئۆمەر تۆت قاتلاقلىق ئىلتىماسنى خۇڭ يادۇڭغا سۇنۇپ، — مېنىڭ ئەسكەرلىكتىن چېكىنىمەكچى بولغانلىقىم پەقەت بىر قىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. بۇنى توغرا چۈشەنىسىڭىز...

— ئەسكەرلىكتىن چېكىنىش؟ — خۇڭ يادۇڭ ئىلتىماسنى ئاچتى، — پاھ، پاھ، خەنزۇچە خېتىڭ نېمانداق چىرايلىق سېنىڭ، خۇددى مارجان تىزغاندەك!

خۇڭ يادۇڭ ئىلتىماسقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئەسكەرلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈمدە: «ئەسكەرلەر ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقاندا، قىز - چوكانلار بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئاۋام ئالدىدا يامان تەسىر پەيدا قىلسا، قىلمىشىغا لايىق جازالىنىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا، تۇنۇگۇن لۇ كۇنجۇڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەنلەر بۇنى ئالاھىدە ساپاق قىلىپ تۇتۇۋالغانىدى.

— سارا ھامىلىدار بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى تاغلىقلار غوۋغا كۆتۈرۈپ، جېدەل قىلىشتىمۇ؟ — دېدى خۇڭ يادۇڭ جىددىي ھالدا، — بۇ توغرۇلۇق يالغان ئېيتساڭ، مەن ساڭا ھەرگىز ئارا تۇرالمايمەن.

— بۇ ئىشنى ئەسكەرلەر تۇرماق تاغلىقلارمۇ بىلمەيدۇ، — ئۆمەر ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — بۇ پەقەت سارا ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكىلا ئىش. لېكىن، مەن بۇنى ئاقنىيازغا دەپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ كەلگەن ئابدۇقادىر ئاڭلاپ قېلىپ، لۇ كۇنجۇڭغا ۋە باشقىلارغا دېگەن

ئوخشايدۇ.

— ئۇ قىز ھازىر نەدە؟

— قوشراپتا.

— بۇنىڭدىن كېيىن غوۋغا قىلىپ كېلەمدۇ، يوق؟ ھېلىقى گۈلنۇردەك دەيمەن.

— ئۇ غوۋغا قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. جېنىدىن كەچسە كېچىدۇكى، ھەرگىز جېدەل چىقارمايدۇ. بۇنىڭغا كېپىللىك قىلالايمەن.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ئەسكەرلىكتىن چېكىنمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟

— ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز قىزلىرى توي قىلماي تۇرۇپ تۇغۇپ قويۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ.

— ئەسكەرلىكتىن چېكىنسەڭ، قوشراپقا بېرىپ ئۇ قىزنى ئالامسەن؟

— ياق، ئۇ قىز بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بىرەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاي دەيمەن.

— ئەسلىدە بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر - دە؟

— شۇنداق، خۇك پولكوۋنىك.

— ئەسكەرلىكتىن چېكىنىدىغان گەپنى ھازىرچە قىلما ! — دېدى خۇك يادۇك سەل ئويلىنىۋېلىپ، — مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ياڭ قوماندانغا ئېيتىپ، ئىلاج بار ھەر ئىككىڭلار خۇش بولغۇدەك بىر ئامال تاپاي. شۇ چاغقىچە سەۋر قىل.

— رەھمەت، خۇك پولكوۋنىك ! — ئۆمەر ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ دىققەتتە تۇرغاندىن كېيىن ھەربىيچە سالام بېرىپ چىقىپ كەتتى.

قوشراپتىن كەلگەن ئىككىنچى روتا ئەسكەرلىرى بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ھەربىي مەشىققە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار سەھەر تۇرۇپ مىلتىق، ئوقدان، سۇدان، سوخار خالتىسى قاتارلىقلارنى ئېسىپ يۈگۈرگىنىچە يېڭىشەھەر سېپىلىنى بىر ئايلىنىپ، كونىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى گۈلباغ گازارمىسىغا قايتىپ كېلەتتى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن جەدۋەلدىكى مەشغۇلات بويىچە قارىغا ئېتىش، قوچاقلاشما جەڭ ھەرىكىتى، ئۆمىلەش، يۈملاش، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەربىي مەشقلەرگە چۈشەتتى. ھەپتىدە ئىككى كۈن جاھانباغدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئات مەشقى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئەسكەرلەر كەچتە ئالچاڭلاپ ماڭالمايلا قالاتتى. تېخى قىلىچ تۇتقان قولىنى بىر - ئىككى كۈنگىچە كۆتۈرەلمەيتتى.

ئەسكەرلەرگە ھەر پەسىلدە يازلىق، قىشلىق كىيىملەرنى خوپ كەلسۇن - كەلمىسۇن، قارىغۇيۇق تارقىتىدىغان بولغاچقا، بۇ كىيىملەر بەزىلىرىگە تار، كىچىك كېلىپ قالسا، بەزىلىرىگە چوڭ كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى قوزۇققا ئېسىپ قويغان لاتىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەسكەرلەر كىيىملىرىنى ئۆزئارا تېگىشىپ كىيەتتى. ئەڭ ئازابلىق ئىش ياغاچ مىخلىق ئۆتۈكلەرنىڭ كىچىك كېلىپ قېلىشى ئىدى. ئۆتۈك كىچىك كېلىپ قالسا، سەھەردە يېڭىشەھەر سېپىلىنى يۈگۈرۈپ بىر ئايلىنىپ كەلگۈچە پۇتنىڭ ھەممە يېرىنى غاجاپ قىپقىزىل قىلىپ قوياتتى. يۈگۈرەلمەي ئارقىدا قالسا، ئۇنداقلارنى مەشقاۋۇللار ھېچ ئاياىمايلا قامچا بىلەن ساۋايتتى. نەچچە يىلدىن كېيىن كەلگەن قاسقان شەپكىلەر 1947 - يىلدىن كېيىن ئىسپانكىغا ئۆزگەردى. قىشلىق، يازلىق كىيىملەرنىڭ ھەممىسى كۈل رەڭلىك بولۇپ، پەقەت ئۆتۈكلا قاپقارا چىگرىندىن تىكىلگەنىدى.

بىر كۈنى جاھانباغدىكى ئات مەشقىدىن قايتقان ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى تۆتتىن تىزىلدۇرۇپ گۈلباغدىكى گازارمىغا قايتىپ كەلدى. ئۆمەر ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا يول چېتىدىكى قوچاق

يەتكۈسىز تېرەكلەر ئارىسىدا تۇرغان لېتىپ نۇجۇرنى كۆرۈپ قالدى. ئۆمەر قوشراپتىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا تونۇدى. ئۇ ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، پاكار ياكى ئېگىز دېگىلى بولمايدىغان تۇرقىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا «هېلى چىقىمەن» دېگەن ئىشارىنى قاش ـ كۆز، قوللىرىدا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن گازارما ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى سېپىل ياقىلىتىپ سېلىنغان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئاتخانىغا ئەكىرىپ، ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن ئوقۇرلارغا باغلىدى. سارانىڭ كەلگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغان ئۆمەر ياتىقىغا كىرىپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇشقىمۇ ئېرىنىپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا تالاغا چىقتى. لېتىپ نۇجۇر ئۇنى كۆرۈپلا قولىنى كۆتۈرۈپ چاقىردى. ئۆمەر تېز ـ تېز مېڭىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆمەر، يۇسۇپ، ئاسىمگۇللەر دارىلئېتامغا كەلگەن يىللىرى ئوتتۇز بەش ياشلاردا بار لېتىپ نۇجۇر هازىر قىرىقتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ئانچە ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دائىم تەمكىن كۆرۈنىدىغان، سەل قارىغا مايىل بادام يۈزى، دۈپدۈگىلەك چوڭ كۆزلىرى هېلىهەم كىشىگە ئېغىر نەزەردە تىكىلەتتى. ئۇ سىن ـ سىپاتى قاملاشقان، ئېغىر ـ بېسىق ئادەم ئىدى.

لېتىپ نۇجۇر گەپ قىلماي ماڭغىنى بىلەن، ئۇنىڭ چىرايىدىن سارانىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. شۇڭا، ئۆمەرمۇ ئۇنىڭدىن گەپ سورىماي مېڭىۋەردى. پەقەت دارىلئېتامنىڭ ئىچىگە كىرگەندىلا لېتىپ نۇجۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— هەي چاققاپ كەتكەن ئەسكەر، سارانى كۆرگەندە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جۇمۇ! يەڭگەڭنىڭ ئالدىدا ئۇنى باغاشلاپ يۈرمىگىن يەنە...

— قويۇڭا! لېتىپ ئاكا، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز.

ھەرقانچە بولۇپ كەتسەكمۇ، ھايانى ئۇنتۇپ قالساق بولماس؟
— بۇ گېپىڭ بولىدۇ. ئېمىلا دېگەنبىلەن دارىلئېتامىنىڭ ئىنىنى يېگەن ـ دە، سەن !

دارىلئېتامىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مەمۇرىي خادىملىرى ئوخشاشلا ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. لېتىپ نۇجۇر ئۆمەرنى باشلاپ كىرگەندە، دالان ئۆينىڭ گىلەم ـ كۆرپە سېلىنغان ئېگىز سۇپىسىدا لېتىپ نۇجۇرنىڭ ئايالى ئاقنىساخان بىلەن سارا ھاردۇق ئېشى — سۇيۇقئاش ئىچىۋاتاتتى. ئىسمى ـ جىسمىغا ماس كەلگەن ئاپپاق، توقاچ يۈز، قاش ـ كىرپىكنىڭ تايىنى يوق، لېكىن كۆزلىرى چوڭ، مېھرى ئىسسىق، ئوتتۇز بەش ـ ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى ئاقنىساخان دەرھال پەگاغا چۈشۈپ ئۆمەر بىلەن سالاملاشتى. ئاندىن سارا ئۇنىڭغا ئېگىشىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇزۇن، قويۇق قايرىلما كىرپىكلىرى بوتىلاقنىڭكىدەك خۇمارلىق كۆزلىرىنى قارا چۈمپەردىدەك ياپتى... ئۆمەر ئارانلا «تىنچلىقمۇ؟» دېگەنىدى، قىزنىڭ تۇخۇمسىمان ناۋات رەڭ چىرايى دەرھال مىس تەلەڭگىدەك قىزاردى... ئۇنىڭ ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنى، قاپقارا يالتىراپ تۇرغان ئەگمە قاشلىرى، ئالۇچىدەك رەڭ ئالغان نېپىز لەۋلىرى، قاغىلىقنىڭ ئانىرىدەك قىزارغان يۈزى، قوشراپ ئاسمىنىدەك سۈزۈك چېقىر كۆزلىرى تاغ تۇرانىڭ ساپ ھاۋاسى، پاكىز سۇلىرىدىن قۇۋۋەت ئالغان بولغاچقا، ئىنتايىن ساغلام كۆرۈنەتتى.

ئۇلار چامغۇرنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان سۇيۇقئاشتىن بىر چىنىدىن ئىچىپ بولغۇچە تەرلەپ كېتىشتى. ئۆمەر بالىلىقىدىن تارتىپ چامغۇر سالغان سۇيۇقئاش، ئۇماچ، يوبدانىلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماي ئىككى چىنە ئىچىۋەتتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، لىتىپ نۇجۇر «ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟» دېگەندەك ئۆمەرگە قارىدى. ئۆمەر دارىلئېيتامدا ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا لىتىپ نۇجۇر ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسىدەك، يەنە سىرداش دوستىدەك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۆمەر ئۇنىڭغا ھەرقانداق گېپىنى قىلالايتتى. ئۆمەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئاسىمگۈلگە پات ـ پات رۇخسەت بېرىپ، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. ئاسىمگۈلمۇ كۆڭۈلگە تالىق نازۇك ئوي ـ خىياللىرىنى لىتىپ نۇجۇرغا تارتىنماي ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن پىكىر ـ مەسلىھەت ئالاتتى. ئەدناسى ھەر ئىككىلىسىنىڭ «لىتىپ ئاكام بولمىغان بولسا، قانداقمۇ قىلار ئىدۇق» دېيىشكەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ تاجىك قىزى سارا توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئويلىغان پىلانىنى تارتىنماي ئوتتۇرىغا قويدى. لىتىپ نۇجۇر بىرھازا خىيالغا پېتىپ، ئاندىن بېشىنى چايقىدى.

— بۇ خەق ياشلارنى ھەدەپ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاتسا، سىنىڭ ئەسكەردىن چېكىنىشىڭگە ماقۇل دەرمۇ؟

— پولكوۋنىك خۇڭ يادۇڭ قوماندان ياڭ لىدېغا ئېيتىپ ئامالىنى قىلىپ بېرەي دېدى.

— ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— بار. خۇڭ يادۇڭ كۆڭلى ياخشى ئادەم، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— ئەگەر چېكىنىشكە رۇخسەت قىلسا، ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقچىمۇسەن؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە، مەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم نىيازغا ئېيتاي، سېنى ئۆزۈڭ ئوقۇغان مەكتىپىڭ — دارىلئېيتامغا ئېلىپ قالايلى.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — ئۆمەر ساراغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — مەن ئەتە كەچتە ئات مەشقىدىن قايتىپ كېلىپ، خۇڭ يادۇڭ پولكوۋنىكقا يولۇقاي.

— توي ئىشىڭنى سەن دارىلئىيتامغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئويلىشايلى.

— رەھمەت، لېتىپ ئاكا.

ئۆمەر ئەتىسى ئەتىگەن ئېتىنى توقۇپ ئات مەشقىگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، شيائېر كېلىپ ئۇنىڭغا: «خۇڭ تۇەنيۇ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ئۆمەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ ئەنسىز سېلىپ كەتتى. خۇڭ يادۇڭنىڭ بۇ قېتىم قىلىدىغان بىر ئېغىز گېپى ئۆمەر بىلەن سارانىڭ تەقدىرىنى ئۇيان يا بۇيان قىلىۋېتەتتى. «سارانى دەرھال كەتكۈزۈۋەت، سەن دېگەن ئەسكەر» دېيىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ تاغلىق قىزغا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول يوق! تېخى «ئەسكەرلىك قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلدىڭ» دەپ ئېيتمىشى، ئەڭ بولمىغاندا ھەربىي سوتتا كېسىم كېسىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، بۇ ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئاشۇ پولكوۋنىكنىڭ ساخاۋىتىگە باغلىق ئىدى.

ئۆمەر ئىشىكنى چېكىپ ئىشخانىغا كىرگەندە، خۇڭ يادۇڭ كىم بىلەندۇر تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمەرگە لەپپىدە قاراپ، «ئولتۇر !» دېگەندەك دىۋانىنى ئىشارەت قىلدى. سۆزلىشىش بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلدى. خۇڭ يادۇڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ تىزلىرىغا قويۇۋالغان قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئويناتقاچ بىرھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قارىدى.

— ھە، ھېلىقى ئامرىقىڭ قاچان كېلىدۇ؟ — خۇڭ يادۇڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك قوپاللا سورىدى، — ھە، نېمىگە

چەكچىيسەن، خۇددى ئۇ قىزنىڭنى مەن تارتىۋالىدىغاندەك؟

— ياقەي، ئەمدى شۇ... — ئۆمەر خۇك يادۇڭنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقى ۋە سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن بىردىنلا غەيرەتلەندى، — ئۇ ئالدىقاچان كېلىپ بولغان.

— ھازىر نەدە ئۇ؟

— دارىلئېتامدا.

— ئۇنداقتا قارا، ئەسكەرلىكتىن چېكىنىشىڭگە رۇخسەت يوق، — خۇك يادۇڭ ئالدىقىنىنى قىلىچتەك شىلتىدى، — تويۇڭنى گارنىزوندا قىلىپ بېرىمىز، ئوت چىقىرىۋېتىمىز. ئۇقتۇڭمۇ؟

— نېمە؟ مەن... مەن... ئەسكەر تۇرسام؟ بۇنداق پۇرسەت كوماندىرلارغا مەنسۇپ ئەمەسمۇ؟

— مەن ياك قوماندان بىلەن سۆزلەشتىم، سېنى ماختاپ راسا ئۇچۇردۇم، شۇڭا ساڭا پەۋقۇلئاددە ئېتىبار قىلىندى، — خۇك يادۇڭ ئۆمەرنىڭ مۈرىسىگە پاققىدە ئۇردى، — مەن بۇگۈنلا ساڭا بىر ھۇجرا تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇيمەن.

— قەيەردىن؟

— ئاشۇ كوماندىرلار ئولتۇرىدىغان ئۆيلەردىنچۇ.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاتخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئېغىل بولۇپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى لاپاسقا ئۇ چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قورۇق پىچان بېسىۋېتىلگەنىدى. مانا ئاشۇ ئاتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى سېپىلغا چاپلاپ سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۇزۇن ئىككى بىناغا كوماندىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىككى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا تار، ئۇزۇن كوچا ھاسىل بولغانىدى. كۆپىنچە كوماندىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياكى ئۇرۇمچى، قەشقەر دېگەندەك چوڭ شەھەرلەردە ئىدى. بۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيلەر پەقەت ئۆلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن

بىرىلگەچكە، كىمنىڭ كىچىك خوتۇنى ياكى چوڭ خوتۇنى كەلدى، ھەتتاكى ئاشنىسى يوقلاپ كېلىپ قالسىمۇ، ئائىلە تاۋابىئاتى دېگەن نام بىلەن ئاشۇ ئۆيلەردە كۈتۈلەتتى.

— ئەسكەرلەرگە باغاق يېزىش كەتمەيدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى خۇڭ يادۇڭ، — ئۇلارغا ئەتىگەنلىك تاماقتا ئۇقتۇرۇۋەتسەكلا بولىدى. ئەمدى توي قىلىشتا دىنىي رەسمىيەتلىرىڭ بولسا، بىر كۈن بۇرۇن تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بېجىرىۋالساڭ بولىدۇ. سەنچە قەيەردە قىلارسەن؟

— دارىلئېتامدا.

— ھەببەللى، ياردەم قىلالىغۇدەك تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟

— بار، يېزىغا چىقىپ ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇشلىرىمدىن پۇل، يەنە سويىدىغان مال ئەكېلىمەن.

— ئەمىسە، ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭنى ئۇدۇل دارىلئېتامغا ئاپىرىپ، دىنىي توي رەسمىيىتىنى شۇ يەردە بېجىرگىن.

— گازارمىغىمۇ بىرنەچچە قوي - ئۆچكە ئەكېلىپ بەرسەم بولارمۇ ياكى توپاق ئەكېلەيمۇ؟

— نەدىكى پۇلغا ئەكېلىسەن؟

— يېزىدا دادام ماڭا مىراس قالدۇرغان قورۇ - جاي ھەم تېرىلغۇ يېرىم بار، بىرەرىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرسام توي خىراجىتىگە يېتىدۇ.

— كۆڭلۈڭ پەقەت ئۇنىمىسا ئىختىيارىڭ، — خۇڭ يادۇڭ باش لىڭشىتتى، — بىرنەچچە قوي ئەكېلىپ بەر. ئەسكەرلەرگە ئادەتتە بېرىلىدىغان كەچلىك تاماقنى كاتتىراق قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر ئۇستەلگە تۆت - بەش خىل قورۇما تەييارلاپ بەرسەكلا بولىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ئېسىل نېمەت — ھاراق. ئۇنى ئامباردىن چىقىم قىلىمىز.

— رەھمەت سىزگە، خۇڭ پولكوۋنىك!

— بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش كەتمەيدۇ، — دېدى خۇڭ يادۇڭ

چوڭقۇر تىنغان ھالدا، ــ مۇشۇ باھانىدە ئەسكەرلەر قېنىپ بىر ئويناۋالسا، كۆڭلى يايرىسا، مەنمۇ بىرئاز يېنىكلەپ قالىمەن.

ئۆمەر بىلەن سارانىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئىككى ئادەمنىڭ بىردەملىك سۆھبىتى بىلەن ئەنە شۇنداق بېكىتىلدى. ھەرھالدا تاجىك قىزى سارا بىلەن ئۇيغۇر يىگىتى ئۆمەرنىڭ بېشىغا سايە تاشلىغان ئەجەل تۇمانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان تاڭ شامىلىدەك بىر توي بولىدىغان بولدى. ئۇلارغا شۇنچە ئاسايىشلىقنى بەرگەن تەڭرىم بۇ ساۋابلىق ئىشنىڭ ئاخىرىنىمۇ خەيرلىك قىلار!

# ئون ئىككىنچى باب

## پولكوۋنىكنىڭ غەزىپى

— زادى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ!... مەن قارشى تۇرىمەن!...

ئۇستەلگە قاتتىق ئۇرۇلغان ئالىقاندىن يانغان دەھشەتلىك ئاۋاز دېرىزە كۆزنەكلىرىنى دىرىلدىتىپ، قوماندان ئىشخانىسىنىڭ تاملىرىنى تەۋرىتىۋەتكەندەك بولدى. چىرايى تامدەك تاتارغان قوماندان ياڭ لىدې ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھوقۇق ئورۇندۇقىدا مىخلىنىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇستەلنىڭ بۇ تەرىپىدە بولسا غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن خوڭ يادۇڭ ئۇزۇن قوللىرىدا ئۇستەلگە تايىنىپ، سەل ئېگىشكەن ھالدا قوماندانغا خەنجەردەك قادىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تىركىشىپ، بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە كۈچىيىپ ۋارقىرىشىۋاتقىنىغا قىرىق مىنۇتتەك بولغانىدى. ئورۇقلۇقىدىن بۇرۇن قىرلىرى پىچاقتەك، ئوقرەك سۆڭەكلىرى شۇمەكتەك بۈلتىيىپ چىققان ئېگىز، ئات يۈزلۈك، ئايپاڭ باش، چار قىرقىم بۇرۇتلۇق قوماندان ياڭ لىدېمۇ قوللىرىنى ھاۋادا شىلتىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— بۇ دېگەن ھەربىي تۈزۈم، ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ!...

قوشراپتىن قايتىپ كەلگەن ئىككى ئايدىن بېرى لۇ كۇنجۇڭ روتىسىدىن يىگىرمە يەتتە ئەسكەر، خوڭ يادۇڭ پولكىغا تەۋە بىرنەچچە روتىدىن ئوتتۇز تۆت ئەسكەر جەمئىي ئاتمىش بىر ئادەم قاچقان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇپ كېلىنگەن ئوتتۇز

توققۇز ئەسكەر ھازىرغىچە گارنىزون سولاقخانىسىدا قاماقلىق ئىدى. خۇڭ يادۇڭ بىلەن پۈت ئېتىشىپ قالغان لۇ كۇنجۇڭ ھەربىي قائىدە - نىزام، قانۇنلارنى دەستەك قىلىپ، ئۇلارنى جادۇغا بېسىش توغرۇلۇق خۇڭ يادۇڭغا بېسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ياۋۇز نىيىتىنى ياڭ قوماندانمۇ قارىغۇلارچە قوللاۋاتاتتى. خۇڭ يادۇڭ لۇ كۇنجۇڭنىڭ بۇ قانخورلۇقىنى قەتئىي توسقانسېرى ئۇ قوماندان ياڭ لىدېنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، «شەرەپلىك، ئۇلۇغ، دەخلىسىز» ھەربىي قانۇننى يېنىش - يېنىشلاپ تەكرارلاپ، ئۇنى دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ، جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئەڭ پاك، سادىق، مۇرەسسەسىز ئۇلۇغ قوماندانى بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك چىڭقىلىپ كۈچەپ كېتىشى ئەمەلىيەتتە ھەربىي تۈزۈم ئۈچۈن بولماي، بەلكى قوشراپتا ئۆلگەن ئالتە ئادەم ھەققىدە لىللا سۆزلىگەن خۇڭ يادۇڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇڭ يادۇڭ پولكىدىكى بەش روتا، يىگىرمە بەش ئىزۋوت، يەتمىش بەش ئودلىنىيە كوماندىرىنىڭ يۈزدە ئاتمىش پىرسەنتىنىڭ كېيىن قوبۇل قىلىنغان خەنزۇ ئەسكەرلەر ئىكەنلىكى لۇ كۇنجۇڭنى قاتتىق گۇمانغا سېلىۋاتاتتى: بولۇپمۇ ئۇ قوشراپقا نۆۋەت ئالمىشىپ بارغان جاڭ لياڭنى كومۇنىست باندىتلىرىنىڭ ئادىمى دەپ پەرەز قىلاتتى، بىراق بۇ ھەقتە پاكىت - ئىسپاتى يوق ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئوتتۇز توققۇز ئادەمنى جادۇغا بېسىش ئارقىلىق خۇڭ يادۇڭنى يالىڭاچ پېتى سۇغا سەكرەتمەكچى بولدى. شۇڭا، لۇ كۇنجۇڭ ياڭ لىدېنىڭ كۆتىگە ئوت قويغانسېرى، ئۇمۇ خۇڭ يادۇڭغا ئولغۇماچ سېلىپ، ھە دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى قىستىماقتا ئىدى. مانا بۈگۈن خۇڭ يادۇڭ ئۈچىنچى قېتىم قوماندىلىق ئىشتابىدا ياڭ لىدې بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى.

— خۇڭ بۇرادەر، ئەسكىرىي قانۇندا يېزىلغانىكەن، ئىجرا قىلماي بولمايدۇ، — دېدى ياڭ لىدې سەل پەسكويغا چۈشۈپ، —

قانۇننى خالىغانچە ئۆزگەرتسەك، كېيىنكىلەرنى قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ؟

— توغرا، ئەسكىرىي قانۇندا يېزىلغانلىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلغىلى بولسا، مېنىڭ ئۇشۇقچە پىكرىم يوق، — خۇلڭ يادۇلڭ بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئۇنداقتا ئەسكىرىي قانۇندا يېزىلغان ئەسكەرلەرگە ھەر ئايدا بېرىلىدىغان تورمۇش پۇلى نېمە ئۈچۈن تارقىتىلمايدۇ؟

— ئۇ باشقا گەپ، بۇرادەر.

— ياق، باشقا گەپ ئەمەس، — خۇلڭ يادۇلڭ قوماندانىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — بۇ ئىككى ئىش ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سىلەر ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ ئون تۆتى گەنسۇلۇق خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار، قالغىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئەسكەرلەر.

— بۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، ئۇنىڭ قاچقۇنلۇق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئۇلار ھەر ئۈچ - تۆت ئايدا بىر قېتىم ئائىلىسىگە بىر نەچچە گۈەنجىلڭ تىيىزىسى ياكى ئاق تەڭگە ئەۋەتەتتى، — دېدى خۇلڭ يادۇلڭ ئۇستەلگە ئۇرۇپ قويۇپ، — شۇنى ئەۋەتەلمىگەچكە بەزىلىرىنىڭ بالىسى ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن، بەزىلەرنىڭ قېرى ئاتا - ئانىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، خوتۇنلىرى باشقا ئەرلەر بىلەن ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن. مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇلار قاچماي قانداق قىلىدۇ؟

— جۇڭگونى خەلقئارادا ھەرنېمە دېگىنى بىلەن، ئادەمگە باي، كىشىلىرى كۆيۈمچان، — ياڭ لىدې تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، سەپسەتە ساتماقتا ئىدى، — گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن پەيتتە قايسىبىر ئىشقا يېتىشىپ بولالايدۇ. ئەمدىزدە ئۇلارنى ئۆلدى، كەتتى دەپ ھەربىي قانۇننى بۇزىمىزمۇ؟

— ئۇنداقتا ئاۋۋال ئۇلارنى قېچىشقا مەجبۇرلىغان خىيانەتچى ھەربىي ئەمەلدارلارنى جادۇغا باسايلى، ئاندىن ئۇ ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ بېشىنى جادۇغا ئۆزۈم تۇغرىلاپ تۇتۇپ بېرەي... چۈنكى ھەربىي قانۇندا «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتلىرىغا خىيانەت قىلغۇچىلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ» دېگەن بىر مىزانمۇ بارغۇ دەيمەن؟

— ھەربىي تەمىناتقا خىيانەت قىلغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش شۇنچە ئاسانمۇ؟! — ۋارقىرىدى ياڭ لىدې، — بۇ خۇددى ئادەمنىڭ سايىسىنى تۇتقىلى بولمايدىغاندەكلا بىر ئىش - دە!

— ئەمىسە، ئۇلارنى تۇتقىلى بولمايدىكەن دەپ، ئاشۇ مىزاننى ھەربىي قانۇندىن نېمە ئۈچۈن چىقىرىۋەتمەيمىز؟ ئەسكەرلەر چاپىناشقا ئاسان لوق گۆشمىكەن؟

— قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس!

— ئەسكەرلەرنىڭ قېچىشىغا سەۋەب بولغان ئاشۇ خىيانەتچىلەر ئاۋۋال جازالىنىشى كېرەك. شۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي تۇرۇپ، قاچقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈش جاللاتلىق بولىدۇ! مېنىڭ گېپىم تۈگىدى. ئەمدى قانداق قىلىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەمما ئالدىراپ يېنىكلىك قىلىپ قويماڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەمىناتسىز ئائىلىسىنى ئويلاپ ساراڭ بولاي دېگەن ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا قورال بار، ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرالماي قالىسىز...

خۇڭ يادۇڭ ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە گېلىدىن بىرنېمە ئۆتمەي، خاموش يۈردى. قولىغا گېزىت ئېلىپ باقتى، ئوقۇغۇسى كەلمەي تاشلاپ قويدى؛ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە كىرىپ ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ باقتى، بارمىقىنى بىرنەرسە تىلىۋېتىپ قاناپ كەتتى. قىسقىسى، قولى ئىشقا بارمىدى. كەچتە ئايالى خۇڭ خانىم تەييارلىغان بىرنەچچە خىل قورۇما، تۇخۇم شورپىسى، ھورنان، سىچۇەن لازا قىيامى بىلەن قورسىقىنى پومىلىدى. خۇڭ خانىم زىلۋا بوي، بېلى بىر

سىقىم، دولقۇن ـ دولقۇن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئاق تەنگىدەك يۇمىلاق يۈزى دائىم پارقىراپ تۇرغاچقا، رەڭگى ـ رۇخسارى پاكىز كۆرۈنەتتى. خۇڭ خانىم يەكەننىڭ جىگدىچى قۇشىدەك كىچىك، ئىمجان كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمما لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىسى بىلەن كۆكسى ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئىسكەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ خۇڭ يادۇڭ بىلەن ھەمراھ بولۇشقان يىگىرمە يىلدىن بېرى ئېرىنىڭ مىجەز ـ پېئىلىنى تارازىدا تارتىپ، ئۇنىڭ نەچچە سەر، قانچە مىسقال كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئېرىنىڭ كەيپىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، بىر ـ ئىككى خىل قورۇمىنى ئارتۇق قورۇپ، چىلىغان سامساق، تەرخەمەكلەرنىمۇ توغراپ، بىر تەخسىدە بىللە ئەكېلىپ قويىدى. ئۇ ئېرىگە بىرپەس ھەمراھ بولۇپ، بىر رومكا ھاراقنى ئىككى ـ ئۈچكە بۆلۈپ ئىچكەندىن كېيىن، ئاستا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئېرىنىڭ تەنھا خىيال سۈرۈشكە كاشىلا بولۇشنى ياقتۇرمايتتى.

قەدىمىي يۇرت ـــ غېرىبانە يەكەننىڭ سۈرتۈلگەن چىنىدەك پاكىز، كۆپكۆك ئاسمىنىدا تېخى تولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يېرىم توقاچتەك ئاي ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ، بىردەم شايىدەك سۈزۈك بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنسا، بىردەم رومىلىنى قايرىغان پەرىزاتتەك كۆرۈنۈپ، زېمىنغا كۈلۈپ قارايتتى. ئۇ يەنە مەي باغلاۋاتقان مېۋىلىك باغلارغا، تېخى تولۇق مېغىز تۇتمىغان بوكىدە ياڭاقلىقلارغا، غېرىب ـ مۇساپىرلارنىڭ مۆڭگۈلۈق قەبرىلىرىگە، ئاۋام بىچارىلەرنىڭ كۆرۈمسىز ئەشيانلىرىغا خىرە، كۆكۈچ نۇرلىرىنى سېپىپ، ئوچۇق دېرىزە ۋە تۈڭلۈكلەردىن مارايتتى: سۆيۈشكەن، قۇچاقلاشقان، مۆڭداشقان، سىرداشقان روھىي گۈزەللىكلەرنى كۆرگىنىدە، شەبنەمدەك خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەنە ئۇ قاپقاقلىرى چوڭ ئېچىلغان دېرىزىگە بىرلا

قاراپ، ھەيران بولغىنىدىن تورۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇ چوپچوڭ بىر ئەرنىڭ مەڭزىلىرىدىن ئېقىۋاتقان تامچە ـ تامچە ياشلاردىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەنىدى...

ھايھات! ئۇرۇشلاردا قان تۆككەن، جەسەتلەر ئارىسىدا تۈنىگەن. قانغا چىلاشقان ئەسكەرلىرىنى، دوستلىرىنى ئۆز قولىدا ئۈزاتقان بىر ھەربىي ياش تۆكتى دېسە، كىممۇ ئىشىنەر؟ ئەمما، خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتاتتى. بۇ ھاراقنىڭ كەيپى قوزغىغان مۇڭلۇق ئەسلىمە، ھەسرەتلىك خىياللار تۈپەيلىدىن بولدىمۇ ياكى قاچقۇن ئەسكەرلەر يامغۇردەك ياش تۆكۈپ سۆزلىگەن ئېچىنىشلىق ئىشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەلەمزەدە قىلدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئېھتىمال، ياشلىقىدا سۇن جۇڭشەننىڭ «ئۈچ مەسلەك»نگە ئەقىدە باغلىغان ۋۇخەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ پولكوۋنىك (كاپىتان) دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىسىنىڭ يۈرىكىنى ئۆزى شۇنچە يىل كەتمىنىنى چاپقان، ئېرىقىنى ياقىلىغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارغانسېرى پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقان تەقدىرى، گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى مەغلۇبىيىتى، مەمۇرىي، ھەربىي، سىياسىي ئەمەلدارلارنىڭ چىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك گۇمرانلىق لەختە ـ لەختە قانغا تولدۇرغان، ئۇنىڭ ئۈمىد يۈلتۈزىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن!

شۇنداق، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرى، ئەمەلدارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۇزاق يىللىق ئەقىدىسى، قاچقۇن ئەسكەرلەرنىڭ نالە ـ پىغانلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان، پويىز ئاستىغا ئاتقان، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، شۇلتا ئېچىپ قېتىپ قالغان، ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغان ئاتا ـ ئانىلار، قوۋم ـ قېرىنداشلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە خوتۇن ـ بالىلارنىڭ قىياپەتلىرى ئەلەڭلەپ

كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاھ ـ زارلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنى مۇشۇ كۈنگە قالدۇرغان خىيانەتچى، قارا كۆڭۈل، تۇزكور ئەمەلدارلارنىڭ قىيتىغىمۇ كىلىپ قويمايتتى. بۇ ئەھۋال خۇڭ يادۇڭغا ئەلەم قىلىۋاتاتتى.

ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان ھەر ئايلىق تۇرمۇش پۇلى گەرچە ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ نامراتلار ئۈچۈن ھەرھالدا تۇرمۇش كاپالىتى ئىدى. ئۇلار ئۇنى خۇددى قورام تاشلارنىڭ يېرىقلىرىدىن تەستە تېمىپ چىقىدىغان سۇ تامچىلىرىدەك قەدىرلەپ، تېيىن ھەم سىنتلىرىغىچە ھېسابلىشىپ، قىسىپ ئىشلىتەتتى. بىراق، نەپسى يامان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ئاشۇنچىلىك ئازغىنا رىزقىغىمۇ كۆز قىزارتىپ، بۇ رىزقىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەميانلىرىنى تولدۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنى سۇرۇشتە قىلىدىغان ئادەم يوق، ئەمدى ئىلاجسىز قېلىپ قاچقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرىمىزمۇ؟ بۇنىڭدا ئادىللىق بولارمۇ؟ بۇ كىمنىڭ ئادالىتى؟

خۇڭ يادۇڭنىڭ خىيالى جاۋابى قىيىن، ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇق بولغان سوئال بەلگىسى بىلەن ئايىغلىشىپ، ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسى قوشراپتىن قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندە قوماندان ياڭ لىدې بىلەن بولغان بىر سۆھبەتتە بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىدىن كەچتى. بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئالتە ئادەمگە، بولۇپمۇ ئاقنىياز بىلەن ۋاڭ خۇشىڭغا چىدىمىغان خۇڭ يادۇڭ ياڭ لىدېنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى. بىراق، قوماندان ياڭ لىدې ئۆلگەنلەرگە ئىچ ئاغرىتىش، ئەڭ بولمىغاندا خەيرخاھلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئويلىمىغان يەردىن چىچىلىپ قالدى:

— قىزىق ئىكەنسەن، بۇرادەر، ھەربىي باشلىقتىكى ھوقۇق دەخلى ـ تەرۇزسىز بولىدۇ. ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان، تەرتىپتى بۇزغان، قانۇن ـ نىزامنى كۆزگە ئىلمىغانلارنى ئاتقان بولسا، ئۇنىڭ نەرى خاتا؟ ئەلۋەتتە، بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولىدۇ ـ دە!

— ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتانى ئايرىماي تۇرۇپ، بىمەۋدە ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ چېكىدىن ئاشقان غالجىرلىق، ئەڭ ۋەھشىيا-نە ھەرىكەت بولمامدۇ؟ — خۇڭ يادۇڭ ئاچچىقىدا گەپ قىلالماي بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنداق چەكلىمىسىز ھوقۇق قوشۇننى پارچىلاپ، ھەربىي سىستېمىسى-نى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىتتىپاقسىز، ئاجىز قوشۇن ئۇرۇشتا مەغ-لۇپ بولماي قالمايدۇ.

— ئۇرۇش ئىلمىنى ئۆگەنگەنمەن دەپ، ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلىما! — ياڭ لىدىېنىڭمۇ گەجگىسى قورۇلدى، — ھەربىي باشلىقنىڭ قاتتىق قول بولۇشى — ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتى.

— ئۇنداقتا، ئارىتاش داۋىنىدا قىرىلىپ كەتكەن يۈزلىگەن ئەسكىرىمىز نېمىشقا غەلىبە قىلالمىغان؟ ئۇنىڭغا قاتتىق قول كوماندىر لۇ كۇنجۇڭ رەھبەرلىك قىلغانىدىغۇ؟

— ئۇ... ئۇ دېگەن، — ياڭ لىدې سەل تەمتىرەپ قالدى، — پىستىرمىغا يولۇقۇپ قالغان تاسادىپىي ئەھۋال. بۇنداق ئېغىر پاجىئەلەر بۇرۇنمۇ يۈز بەرگەن.

— سىز دېگەن دەخلى ـ تەرۇزسىز ھوقۇققا ئىگە بولغان كوماندىر مۇنداق تاسادىپىيلىقلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك ـ دە. كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالالمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ھوشيار كوماندىر دېگىلى بولىدۇ؟

— كوماندىر دېگەنمۇ ئادەم، ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس. سەن بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسەن.

ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان خۇڭ يادۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ياڭ لىدېنىڭ گەپ تاپالمىغاندەك: «تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسەن» دېگەن سۆزى بەلكىم ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلغان بولسا كېرەك. ئەسلىدە بۇ گەپنى ئۇ لۇ كۇنجۇڭغا دېگەن بولسا جايىغا چۈشكەن بولاتتى.

ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، ئۈستەل مۈشتىلىشىپ، قوللىرىنى شىلتىشىپ ھارغانمۇ نېمە، ئىككىلا ئاتامان ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىپ خېلىغىچە گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ياڭ لىدې قول ياغلىقىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى باسقان ئايپاڭ بېشىنى سۈرتتى. سۈرتكەنسېرى تەر تامچىلىرى ئۇنىڭ بېشىدىن يەنىلا تەپچىرەپ چىقىپ تۇراتتى. بويۇن ـ مەيدىلىرىنى سۈرتۈۋېرىپ خۇڭ يادۇڭنىڭ قول ياغلىقىمۇ چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى.

— خۇڭ بۇرادەر...

— توختاڭ، توختاڭ! — خۇڭ يادۇڭ قولىنى كۆتۈردى، — ئاباي بىر گەپنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ قويدىڭىز. ئاۋۋال شۇنى گەدىنىڭىزگە ئالمىسىڭىز، مەن مۇنازىرىلىشىش ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىمەن.

— ھە، دېگىنە، قايسى گەپنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن؟

— «تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسەن» دېگەن گەپنى. بۇ گەپ ئەسلىدە لۇ كۇنجۇڭغا لايىق ئىدى، لېكىن سىز ماڭا ئىشلەتتىڭىز...

— ھە، بوپتۇ، بوپتۇ... — ياڭ لىدې بىزارلىق بىلەن قولىنى پۇلاڭلاتتى، — دېگىنىڭدەك بولسۇن! سېنىڭدەك ئۇششۇقنى زادى كۆرمەپتىكەنمەن.

خۇڭ يادۇڭ ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ كېچىككىنە كىرگۈزگەندى. ئۇ ھۇجۇمنى يەنە چوڭقۇرلاتتى. ئۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ توختىبەگ سوۋغا قىلغان ئىككى چوكاننى زورلۇق ئارقىلىق پاھىشەگە ئايلاندۇرۇپ، توختىبەگنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدا پاھىشىخانا ئاچقانلىقىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى. ئەمما، ياڭ لىدې بۇ گەپنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بولۇپ، پىسەنتسىز كۈلۈپ قويدى:

— ھەي، ئۇ چوكانلارنى توختىبەگ ئەكېلىپ بەرسە، ساڭا نېمە دەرز كەتتى ـ ھە؟ — ياڭ لىدې ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە

تۆۋىگە كەلدى، — ئەگەر ئەقلىڭنى جورۇساڭ، توختىبەگكە رەھمەت ئېيتىساڭ ئەرزىيدۇ. قوشراپتا بىر يېرىم يىل تۇرۇش جەريانىدا ئىككىنچى روتىدىن بىرەر ئەسكەر قېچىپ باقتىمۇ؟ دەپ باقە قېنى؟!

— ياق، قاچمىدى.

— ھەببەللى ! چۈنكى، كوماندىر - جەڭچىلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك بولغاچقا، كۆتىنى غىت قىسىپ، گازارما سىپىلىشقا قاتناشتى.

— ئۇنداقتا بۇ ئىشنىڭ تۆھپىسى بار ئىكەن - دە؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، لېكىن ھەرھالدا پايدىسى بولدى.

— بىچارە تاغلىقلارنى بىكارغا ئىشلىتىپ، بۇ يەتمىگەندەك ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئالداپ ئەكېلىپ، كېچە - كۈندۈز قاراۋۇل قويۇپ ساقلاپ پاھىشىخانا ئېچىپ، ئۇلارنى خورلاپ، ئاياغ ئاستى قىلىپ، بۇ ياخشى ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەسكەرلەرنىڭ قاچمىغانلىقىدىنمۇ بىلەلمىدىڭمۇ؟

خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نەپرەتلىك ئۆتكۈر نۇر ياڭ لىدېنىڭ خۇنۇك، ئۇزۇنچاق تەلەتىگە قادالدى. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياڭ لىدې كۆزلىرى غىل - پاللىشىپ، ئۆزى دىمىققاندەك بولدى - دە، يۈزىنى دېرىزە تەرەپكە ئاغدۇرۇۋالدى.

— ئۇنداقتا، پۇقرانىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئادەم ئەمەس ئىكەن - دە؟ — خۇڭ يادۇڭنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەردى، — ياڭ قوماندان، مەن سىزنى بۇگۈنلا تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن.

— سەن ماڭا تولا تاپا - تەنە قىلما. ئادەم دېگەن غەلىتە مەخلۇق. ئەگەر ئۇ دوزاخقا كۆنۈپ قالغان بولسا، ئۇ يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا يىغا - زار قىلىشتىن يانمايدۇ، — ياڭ لىدې دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئۇ چوكانلارمۇ... بىر يېرىم يىلغىچە قاچمىغىنىغا قارىغاندا... ئۇ يەرگە كۆنۈپ قالغان - دە !

— شۈڭا، بىرى ئوقتا ئۆلدى، يەنە بىرى چىقىلدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى، بىلگەن ئادەم ئۇچۇن بۇ ئۇلارنىڭ بىرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغىنى.

— خوش يادۇڭ، ئابايا مەن تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسەن دېگەن گەپنى ئاساسسىزلا قىلغىنىم يوق، — ياڭ لىدې سەل ئەكسىگە يانغاندەك قىلاتتى، — سېنىڭ ئۇستۇڭدىنمۇ بەزى گەپلەر بار. نىمە قىلىسەن ئوشۇقچە ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ؟ ھېلى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى دەپ يۇقىرىغا ئەرز يازىسەن، ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ باشلىقلارنى رەنجىتىسەن. ئۇلارنى چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلار دەۋېرىپ، يۇقىرىغىمۇ يامان كۆرۈنۈپ بولدۇڭ. تۇرۇپلا ئۇنى ئۆلتۈردى، بۇنى قىيىندى دەپ كوماندىرلار ئۇستىدىن دادلايسەن، ئوتتۇز توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئىشىدىمۇ بىرمۇنچە خاتا گەپ قىلدىڭ، ھەتتا سېنىڭ ئىككى پاھىشە ھەققىدىمۇ پىكرىڭ بار... ئاددىيسى، ھېلىقى ئۆمەر دېگەن ئەسكەرنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ، تويىنى قىلىپ قويدۇڭ. بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك يامان تەسىر پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن. راست گەپنى قىلسام، مەنمۇ سېنى ئەمدىلا تونۇۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز ئەمدىلا تونۇشۇپتىمىز، — خوش يادۇڭنىڭ سۆزىدىن تەئەددى چىقىپ تۇراتتى، — شۇڭا بىر - بىرىمىزدىن ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك...

كېچە جىمجىتلىقىدا يەكەن دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى غۇۋا ئاڭلىنىپ، ئادەمنى مىسكىن ئويلار قاينىمىغا غەرق قىلاتتى. بۇك - باراقسان يەكەن باغلىرىنىڭ ئۇستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەمدىلىكتە نىل رەڭلىك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئوبدانلا كەيپ بولغان خوش يادۇڭ يەنە بىر رومكىنى ھاراققا تولدۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى - دە، چىلىغان تەرخەمەكتىن بىر كېسىم ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— يادۇڭ، بولدى قىلىڭ ! ئىچىۋېرەمسىز؟ — كېچىلىك

كېيىمى بىلەنلا چىققان خوۇڭ خانىم ئاغزىنى تۇتۇپ ئەسنىدى، — قارىڭا ئەپتىڭىزگە! ھاراقكەشنىڭ ئۆزىلا بوپسىز.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭا! — خوۇڭ يادوۇڭ خوتۇنىنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — مېنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئالتە ئادەم توغرۇلۇق، تاغلىق قىزلار توغرۇلۇق، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى مەسىلىسى، چىرىگەن ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىم زادى خاتامۇ؟

— يادوۇڭ، كونىلار: «سۆنى سەپ سىڭار يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە» دەپ بىكار ئېيتمىغان، — خوۇڭ خانىم كۆيۈنگەن ئەلپازدا سۆزلىدى، — ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ سىرتقا ئۆزلىرىنى «دۆلەت، پىرقە»، «ئاۋامنى يۆلەش»، «ناشايان ئىشلارنى چەكلەش»، «زۇلۇم قىلماسلىق» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بېزەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە نۆلگە باراۋەر... پۈتۈن ئەسكىلىك ھازىر ئاشۇلاردىن چىقىۋاتىدۇ.

— سىز... سىز پىرقە، دۆلەتنى، ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوققىلا چىقىرىۋەتتىڭىزغۇ؟ بۇ... بۇ دېگىنىڭىز ئادىل بولمىدى. سىلەر مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىدىنغۇ بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە ياخشى گەپ چىقمايدۇ.

— سىز نېمە دېسىڭىز دەڭ! — خوۇڭ خانىم سەل قىزىشىپ قالدى، — ياڭ لىدېنىڭ سىزگە «تاپتىن چىقتىڭ» دېگەن قالپاقنى نېمە ئۈچۈن كىيدۈرگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ ئايپاڭ باش دوزاخ شوتىسى بۇ ئارقىلىق زادى نېمە دېمەكچى؟

— ھە، سۆزلەڭ! قۇلىقىم سىزدە. ئۇ نېمە دېمەكچى؟

— بۇ ئۇنىڭ گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق ئەمەلدارى نېمىلا قىلسا قىلسۇن، ئۇلاردىن قۇسۇر چىقارما، نېمە قىلسەن «ئاۋامنىڭ قىزلىرىنى پاھىشە بولۇشقا زورلىدى»، «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى»، «چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلار»، «ئاتتى»، «سولىدى»، «جادۇغا باستى»، «يوقىرىغا ئەرزىم بار»، «دادىمنى ئاڭلا» دەپ، ئۇنداق ئىشلارنى كۆزۈڭنى قىسىۋېلىپ كۆرمەسكە سالمامسەن،

دېگەنلىكى بولمامدۇ؟

— ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ؟

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن ! مەست بولۇپ قاپسىز، — خۇڭ خانىم ئېرىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى، — ياڭ لىدې دېگەن ئۇ سىركول پاچاقنىڭ «نېمە قىلىسەن ئوشۇقچە ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ؟...» دېگەن مۇشۇ سۆزىدىنلا ئۇنىڭ مەقسىتى چىقىپ تۇرمامدۇ؟

خۇڭ يادۇڭ ئەتىسى ئورنىدىن ۋاقچىرەك تۇردى. كېچىدىن ئىچكەن هاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ بىرنەرسە يېگۈسى كەلمىگەچكە، بىر ئىستاكان سۇتنى ئىچىپلا ئىشخانىسىغا چىقتى. ئۇ قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىۋېتىپ ئىشىك يوچۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان كىچىككىنە بىر باغاقچىنى كۆرۈپ قالدى. خۇڭ يادۇڭ ئۇنى ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە، ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، ئىشخانىغا كىرىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋەتتى. باغاقچىدە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى:

«كېچە سائەت ئىككىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، لۇ كۇنجۇڭ روتىسىدىكى بىرىنچى ۋە ئۆتىنچى ئىزۋوتتىن تاللانغان قىرىق ئەسكەر ئوتتۇز توققۇز قاچقۇن ئەسكەرنى سېپىلنىڭ ئارقىسىدىكى ياردائلىقتا جادۇغا باستى... كېچىدە ئۇلار جەسەتلەرنى قاياققىدۇر ئەكەتتى... بىز ئوتتۇز توققۇز قېرىندىشىمىز ئۈچۈن قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئالماقچى. ئەگەر قوشۇلسىڭىز، ئىشتاب بىناسى ئالدىدىكى تەشۋىقات تاختىسىغا بور بىلەن «+» بەلگىسىنى يېزىپ قويۇڭ !»

خۇڭ يادۇڭ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئىككىنچى روتىدىكى بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى لى چۇڭيىڭ بىلەن ئۆتىنچى ئىزۋوت كوماندىرى دۇ شىڭسەن لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، لۇ كۇنجۇڭ ۋاڭ جىڭگۇي، جاڭ يىفەن، لى شىۋۇ قاتارلىق ئىزۋوت كوماندىرلىرىغا كۆڭۈل توختىتالمىغان. قانداق قىلىش كېرەك؟ خۇڭ يادۇڭنىڭ

سەككىزىنچى پولكىغا قاراشلىق بەش روتىدىن بىرى قوشراپتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ، قالغان تۆت روتا، يەنى سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر خۇڭ يادۇڭنىڭ بىر ئېغىز بۇيرۇقىغىلا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر كۆزىنى قىسىپ قويسىلا، ئۇلار لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە توزۇغاقتەك توزۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى دارغا ئېسىشتىن يانمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىچكى ئۇرۇش، قوشۇننىڭ ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىشى بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئالدىدا سۇلھىگە چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بىر پەنجە ئۇرغانلىق بولسا، ئىچكىرىدىكى كوممۇنىستلارغا بىر ئۇلۇش كۈچ قاتقانلىق بولىدۇ. بۇنداق قىلىشقا خۇڭ يادۇڭنىڭ يۈرىكى چىدامدۇ؟ يىگىرمە نەچچە يىل دۆلەت ئارمىيەسىگە مەنسۇپ بولغان ھاياتى بۇنىڭغا يول قويامدۇ؟

خۇڭ يادۇڭ ھوقۇق ئورۇندۇقىغىمۇ ئولتۇرماي، دېۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە زەھەردەك ئاچچىق خىياللار قاينىمىغا چۆكتى. ئەگەر ئۇ بۇ قېتىم دۆلەت بىلەن پىرقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىسا، خورلۇق ئۇنى داۋاملىق غاجاپ يەيدۇ، راست ئەمەسمۇ؟ لۇ كۇنجۇڭدەك روتا كوماندىرى خۇڭ يادۇڭدەك پولكوۋنىكنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يۈرسە، بۇ خۇددى مۈشۈك يولۋاسنى ھارۋىغا قېتىۋالغاندەك بىر ئىش بولمامدۇ؟ خۇڭ يادۇڭنىڭ ياڭ لىدي بىلەن شۇنچە دېيىشىپ كەتكەنلىرىمۇ ھېچنېمىگە دال بولالماپتۇ، ئۇ يەنىلا لۇ كۇنجۇڭنىڭ سىزغان سىزىقى بىلەن مېڭىپتۇ، خۇڭ يادۇڭنى بولسا كۆزىگىمۇ ئىلىپ قويماپتۇ. ياق، ياق، خۇڭ يادۇڭ باشقىلارنىڭ كولىغان ئورىسىغا ئۇنداق ئوڭاي چۈشۈپ بېرىدىغان يۇمشاق باشلاردىن ئەمەس. لېكىن، كونىلار: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېيىشىدۇ. ئۇ خورلۇق، نومۇسنى ئىچىگە يۇتۇشنى ھەم ئۇنى قىساس ئوتى قىلىپ لاۋۇلدىتىشنى، پەيت كۈتۈشنى بىلىدىغان ھەربىي ئادەم!

خۇددى ئوغا يەپ، يىڭنە يۇتقاندەك بولۇپ قالغان خۇڭ يادۇڭ

ئەتىسى چۈشتە گارنىزون ئاشخانىسىغا كىردى. خېلى كۆپ ھەربىي باشلىقنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى بىلەن بىر شىرەدە تاماقلاندى. ھېچكىم ـ ھېچكىمگە بىرنېمە دەپ زۇۋان سۈرمىدى. بۇ چاغدا لۇ كۈنجۈڭ پەيدا بولدى. ئۇ بىر جاۋۇر كۆكتات شورپىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، كىملەرگىدۇر چاقچاق قىلغان بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدى ھەم كىمنىدۇر «ھۇ توخۇ يۈرەك» دەپ ئۈنلۈك چاقىردى. بۇ ئۇنىڭ قەستەن ئويناۋاتقان ئويۇنلىرى ئىدى. ئۇ خۇڭ يادۇڭنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە، بىرنېمىگە پۇتلاشقان بولۇپ كۆكتات شورپىسىنى خۇڭ يادۇڭنىڭ ئايىغى ۋە ئىشتان پۇچقاقلىرىغا تۆكۈۋەتتى. ئۇ ئۆچ ئېلىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. بىراق، شىددەت بىلەن كەلگەن بىر مۇشت ئۇنىڭ چېكىسىگە تېگىپ، ئۇ نەچچە غۇلاچ يەرگە قاڭقىپ چۈشتى. لۇ كۈنجۈڭمۇ دىقماق، كۈچلۈك ئىدى. بىراق، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇڭ يادۇڭنىڭ قورام تاشتەك ئېگىز، قامەتلىك، سۈرلۈك بەستىگە قادىلىپ قاراپ بولغۇچە، ئېڭىكىگە يەنە بىر پەشۋا تېگىپ، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ خېلى بىر يەرلەرگىچە داجىپ كەتتى. ئاڭغىچە زالدىكى پۈتۈن ئەسكەر، كوماندىرلار دۈررىدە يىغىلىپ كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى خۇڭ يادۇڭ پولكىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئىدى.

— كۆكتات شورپىسىنى كۆتۈرەلمىگەن ئادەم ئۇنى ئىچىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

لۇ كۈنجۈڭ شارتلا قىلىپ يان قورالىنى ئېلىۋىدى، ئون نەچچە تاپانچا ئۇنىڭ نەق كاللىسىغا توغرىلىنىپ بولدى. خۇڭ يادۇڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يەنىلا ئەرزىمەس بىر خەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان لۇ كۈنجۈڭ جاۋىغىيدىن ئاققان قاننى قولىنىڭ ئارقىسىدا سۈرتكىنىچە كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىدىن ئەندىكىپ، توپ

ئارىسىدىن بېشىنى سالغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

ئاشخانىدا يۈز بەرگەن بۇ كۈچ سىنىشىش گەرچە خۇڭ يادۇڭنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇنى يەنىلا چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك ئارامسىزلاندۇرۇپ قويدى. پولكوۋنىك بولغان ئادەم قول ئاستىدىكى كوماندىر بىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ھۆرمەت ـ ئىناۋەت تالىشىپ يۈز ئېچىشىسا، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە چۈپەيلىك سانىلىدىغانلىقىنى، ئەسكەرلەر ئالدىدا يۈزىنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئاشۇ سورۇندا شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. بىر روتا كوماندىرى ئوتتۇز توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرەلىدىم دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ يامانمۇ ياكى مېنىڭ گېپىممۇ دېگەندەك، يالغان كۈلۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلسا، باشقىلارغا چاقچاق قىلغان بولۇپ توخۇ يۈرەك دەپ تىللىسا، ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ كېيىم ـ كېچەكلىرىگە قەستەن كۆكتات شورپىسىنى تۆكۈۋەتسە، ھەرقانچە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەممۇ نومۇس كۈچىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمەي قالمايدۇ ـ دە! مانا بىرقانچە كۈن بولدى، لۇ كۈنجۈڭ چوڭ ئاشخانىدا، يىغىن زالىدا، گارنىزون قورۇسىدا، ئىشقىلىپ، ئۇچرىغانلىكى يەردە مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ، قەستەن گېلىنى قىرىپ تۈكۈرۈپ، ئۈنىڭدىن ھەر خىل ئاماللار بىلەن يەنە ئۆچ ئېلىۋاتاتتى. ئۇ زادى نېمىسىگە تايىنىپ شۇنداق يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ ئېھتىمال، «مەن دېگەن يەتتىنچى پولكىنىڭ ئادىمى، مېنىڭ پولكوۋنىكىم لۇ گۇاڭچيەن، مېنى جازالىيالمايسەن» دەپ ئويلىسا كېرەك. «خەپ، شۇنداق دېگىنىڭگە بىر ئەدىپىڭنى بېرەيكى، ئۆزۈڭنىڭ قەيەرگە ئۇچۇپ، نەگە چۈشكىنىڭنى بىلمەيلا قال!» دەيتتى خۇڭ يادۇڭ مۇشتلىرىنى تۈگكەن ھالدا. ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. سابىق ما يىنفۇنىڭ تۆتىنچى پولكى خوتەن سەككىزىنچى پولكىغا ئۆزگەرگەندە، يەكەننىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇ پولكنىڭ ئىككىنچى روتىسى بىلەن

پىلىموت روتىسى خۇڭ يادۇڭنىڭ باشقۇرۇشىدا يەكەندە قالدۇرۇلغانىدى. ئۇ چاغدا ياڭ لىدې: «بۇ ئىككى روتىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقى خۇڭ يادۇڭدا بولىدۇ» دېگەن رەسمىيەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ مانا شۇ ساپاقنى چىڭ تۇتسا بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

«خەپ لىۇ كۇنجۇڭ، خەپ لىۇ كۇنجۇڭ! سېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭ، قانخورلۇقلىرىڭ ئۈچۈن مەن سېنى مايمۇندەك بىر چىرقىراتمىسام، خۇڭ يادۇڭ بولماي كېتەي!» كۆڭۈلسىز ۋە ئاچچىق خىياللار بىلەن كۇنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. لىۇ كۇنجۇڭ يەكەن گارنىزونىدا تۇرغان ئالتە ـ يەتتە يىلدىن بېرى قانچىلىغان ئەسكەرنىڭ قېنىنى تۆكتى. بولۇپمۇ، بۇ قېتىمقى ئوتتۇز توققۇز بىگۇناھ ئەسكەرنىڭ ئۆلۈمى خۇڭ يادۇڭنىڭ يۈرىكىنى قان ـ زەرداب قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق ياڭ لىدې بىلەن قانچىلىك ئۆرتىنىپ بولۇشمىدى، بىراق ئۇلارنى قۇتۇلدۇرالىدىمۇ؟

خۇڭ يادۇڭ بۈگۈن ئىشخانىسىغا ئەتىگەنرەك كىرىپ، يىغىلىپ قالغان گېزىتلەرنى بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلىدى. بەزى ماقالىلەرنى تۈگەل ئوقۇپ چىقتى، بەزى ماقالىلەرگە بولسا قايتا ـ قايتا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، خاتىرىسىگە نېمىلەرنىدۇر يېزىپ قويدى. ئۇ چىنە ئىستاكانغا چاي سالغاچ بىر خەلقئارا خەۋەرگە ئېغىشىپ قاراپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلدى. خۇڭ يادۇڭ: «كىرىڭ!» دېيىشى بىلەن، گارنىزون دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللاردىن بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ تىك تۇرۇپ سالام بەرگەچ، ئاۋازىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— دوكلات، پولكوۋنىك! خۇڭ ساۋ ئىسىملىك بىر يىگىت سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن. ئۇ: «مەن پولكوۋنىكنىڭ قېيىنئىنىسى بولىمەن» دەيدۇ.

خۇڭ يادۇڭ سەل ھودۇققاندەك بولۇپ، دەرھال بىر نېمە دېيەلمىدى. لېكىن، ئىچىدە: «توۋا، بۇ يەر پاپىسى پات ـ پاتلا

ئېسىمگە كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، بۈگۈن ئۆزىنىڭ كېلىپ قالغىنىنى كۆرۈڭ» دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرماي:

— ئۇ ئايالىمنىڭ ئۇكىسى بولىدۇ، دەرھال كىرگۈزۈۋېتىڭ! — دەپ ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى ـ يۇ، بىراق ئىچىدە «ئاۋازىم تەبىئىي چىقتىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى. ئاڭغىچە ئىشىك يەنە چېكىلىپ، پۈتىغا قېلىن چەملىك قارا خەي، كۆك سىيامبۇدىن ئىشتان ـ چاپان كىيگەن، جۇڭسەنفۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى تا تىك ياقىسىغىچە چىڭ ئەتكەن خۇڭ ساۋ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، قوللىرىنى سالغىنىچە ئەدەپ بىلەن: «سالام پولكوۋنىك!» دەپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. خۇڭ يادۇڭ يۇمشاق، شالاڭ چاچلىرىنى بىر تەرىپىگە تارىغان، يۇمىلاق يۈز، بوغداي ئۆڭ، قاش ـ كىرپىكى سۇسلا، بۇرنى پاناق، ئاغزى ئويماقتەك كىچىك، ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ ۋىجىككىنە خۇڭ ساۋغا تەئەججۇپ ئىلكىدە قارىدى ۋە ئىچىدە «بۇ ئادەمنىڭ ئۇۋۇقى ئۆزىگە باقماي يوغان ئىشلارنى قىلىدىكەنا؟» دەپ ئويلىدى.

— ھە، خوتۇنۇمنىڭ ئۇكىسى، — خۇڭ يادۇڭ تەنە بىلەن كۈلدى، — مەن سىنىڭ ئاچاڭنى قاچاندا ئالغان بولغىيدىم، ھېچ ئېسىمگە ئالالماي تۇرىمەنا؟

— كەچۈرۈڭ، پولكوۋنىك، ئاشۇنداق دېمىسەم، — خۇڭ ساۋ خىجىللىق بىلەن ھىجايدى، — سىز بىلەن مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرۈشەلەمدىم؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— خوش... قېيىنئىنىم، ئېيتىڭ نېمە ئىدى؟

— خۇڭ ساۋ، پولكوۋنىك.

— غەلىتە ئىسمىڭ بار ئىكەنا؟

— مەن تۇغۇلغاندا، ئانام بىلەن دادام ئىسمىمنى قويالماي بېشى قېتىپ تۇرسا، تاغام جۇۋاۋا ئېيتىپ يەڭلار دەپ، قىزىل ئوت (قىزىلبوغداش) ئېلىپ كەپتىكەن. دادام ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپ «قىزىل ئوت» (خۇڭ ساۋ) دەپ

ۋارقىرىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىسمىم «قىزىل ئوت» بولۇپ قاپتىكەن.

— پاھ، پاھ، ئەجەب تارىخىڭ بار ئىكەنا سېنىڭ!

— مەسخىرە قىلمىغان بولسىڭىز، پولكوۋنىك. «قاغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ» دېگەندەك، بىز نامرات يارەنلەرنىڭمۇ ئاشۇنچىلىك ئىشلاردىن كۆڭلىمىز بەھرە ئالىدۇ.

خۇڭ يادۇڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ساددىلىقى چىقىپ تۇرغان خۇڭ ساۋغا گۇمانسىراپ قارىدى:

— ھە، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— سەھرالاردىن توخۇ - چۈجە ئەكىرىپ توخۇ بازىرىدا سېتىپ، پايدىسىنى يەيمەن شۇ!

خۇڭ يادۇڭ ئۇنىڭ تەبىئىي، ساددا چىرايىغا، پاناق بولسىمۇ ئوماق كۆرۈنىدىغان بۇرنىغا، قوشقاچنىڭ تۇمشۇقىدەك كىچىك ئاغزىغا، كۈلۈپ تۇرغان قىياق كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنى چوڭ سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاسۇسلارغا زادىلا ئوخشىتالمىدى.

— توخۇ بازىرىدا توخۇچىلىقىڭنى قىلماي، نېمىگە خەت توشۇپ يۈرىسەن؟ — خۇڭ يادۇڭنىڭ قوشۇمىسى غۇژژىدە تۈرۈلدى، — ئالدىنقى يىللاردا ئەكەلگەن خەتنى ساڭا كىم بەرگەن؟

— تونۇمايمەن، ئۆزى ئوتتۇرا بوي، ئىككى تەرىپىدە چېكى بار يەكتەك كىيگەن، سەل ئاقساپ ماڭىدىغان ئادەم.

— ئۇنىڭ ئىسمى كىم؟ چىرايىچۇ؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى نەدىن بىلەي، چىرايىنىمۇ كۆرمىسەم؟

— ھەي، سەن تولا مۇغەمبەرلىك قىلما، — خۇڭ يادۇڭ قولىنى شىلتىدى، — ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىسەنۇ، بىراق ئۆزىنى تونۇمايسەن، ئىسمىنىمۇ بىلمەيسەن؟ كىمنىڭنى ئەخمەق قىلماقچىسەن؟

— ئۇ ئەزەلدىن ئىسمىنى دەپ باققان ئەمەس، مەنمۇ

سورىمىغان، — خوْڭ ساۋ بوْرنىنى تارتىپ قويوْپ يەر ئاستىدىن ئوْنىڭغا قارىدى، — ئەمما ئوْ شارپىسى بىلەن ئىغىز - بوْرنىنى يوْگەپ، قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغاچقا، يوْزىنى كۆرەلمىدىم.

— بوْ نىمە خەت، نىمىشقا ئوْزوْڭ ئاپىرىپ بەرمەيسەن دەپ سورىمىدىڭموْ؟

— نىمىشقا سورىغوْدەكمەن؟ ئوْ ماڭا پوْل بەرگەندىكىن، — خوْڭ ساۋنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى، — ئەكىلىپ بەرگەنگە مىنىڭ بىرنىمەم چوْشوْپ قالارمىدى؟ مانا بوْگوْن يەنە ئەكەلدىم.

خوْڭ ساۋ توْگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ يىشىپ، چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى «جارتتىدە» سۆكتى - دە، ئوْزوْن سىرىق كونۋېرتنى چىقىرىپ خوْڭ يادوْڭغا سوْندى.

— ئەگەر سىنى ئىزدەش توغرا كەلسە نەدىن تاپىمەن؟

— مىنى ئىزدەپ نىمە قىلىسىز؟ مەن ھىلى سەھرادا، ھىلى شەھەردە، توْروْپىلا تاغلىق كەنتلەردە پەيدا بوْلوْپ قالىمەن. تىرىكچىلىك دەڭا! شوْنداق قىلمىسام، ئوْن بالامنى قانداق باقىمەن؟

— ئوْن بالام؟

— چاقچاق!...

— نىمە، چاقچاق؟ — خوْڭ يادوْڭنىڭ كۆزلىرى ئالايدى.

— خوش ئەمىسە، چىقىپ كىتەي!

خوْڭ ساۋ راستلا تاختايلىق پولدا «تاق - تاق...» مىڭىپ چىقىپ كەتتى. بىردە گەپ - سۆزلىرى توْزوْكلا، توْروْپىلا ئالجىوقا سۆزلەيدىغان بوْ ئادەمنىڭ ئوْۋىقى خوْڭ يادوْڭنى غەلىتىلا ئىسەنكىرىتىپ قويدى. ئوْنىڭ بەزى سۆزلىرىدىن يالغاندىن ئاشوْنداق تاققا - توْققا سۆزلەيدىغان پەلىپەتىش بولوْۋالغانلىقى چىقىپ توْراتتى. ئەڭ موْھىمى ھىلىقى ئىغىز - بوْرنىنى يوْگەپ، قارا كۆزئەينەك تاقىۋالىدىغان ئادەم راستىلا مەۋجوْتموْ، ئەمەسموْ، دىگەن گوْمان خوْددى سىڭگەن لوقمىدەك

خۇڭ يادۇڭنىڭ ئىچىگە ئۇيۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ سىرىق كونۋېرتنى ئاچتى. مانىنىڭ خەتنى مۇنداق باشلىغانىدى:

«سەپداش ۋە قەدىناس بۇرادەر خۇڭ يادۇڭ!

سەن بىلەن خەت يۈزىدە ياكى ھاۋادىن بولسىمۇ سىرداشمىغانلىغا ئىككى يىل بولاي دېدىغۇ دەيمەن. گەرچە مەن سىنىڭدىن بەكمۇ يىراقتا تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، ھەممە ئىشلىرىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇم، يەنە كېلىپ ئۆز ۋاقتىدا دېگىنە. ھازىر سەن خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىسەن. قوماندان يالىدې سىنىڭ تونۇڭنى پىچىپ بولدى. بولۇپمۇ سىنىڭ قوشراپتا لىۇ كۇنجۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئالتە ئادەم توغرۇلۇق، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە قۇرۇلغان پاھىشىخانا، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىڭ، ئوتتۇز توققۇز ئەسكەرنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن قىلغان مۇنازىرەڭ سىنىڭ دېلويىڭغا يېتىپ ئاشقۇدەك قارا ماتېرىيال بولالايدۇ. ‹تاپتىن چىقىپ كەتتىڭ›، ‹ئوشۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالدىڭ›، ‹ئاساسسىز گەپ قىلمىدىم›، ‹سىنىڭ ئۈستۈڭدىن گەپ تولا›، ‹مەن سىنى ئەمدىلا تونۇۋاتىمەن›، ‹ئەرز ـ داد قىلىپ، ئەمەلدارلارنى رەنجىتتىڭ›، ‹چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلار دەۋېرىپ، يۇقىرىغىمۇ يامان كۆرۈنۈپ كەتتىڭ›، ‹بىرمۇنچە سىياسىي خاتا گەپلەرنى قىلدىڭ›... دېگەندەك زەھەر پۈراپ تۇرغان ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس، بىرنەچچىسىلا سىنىڭ ھايات شامىڭنى ئۆچۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆزۈڭ دەڭسەپ كۆر، سەن پولكوۋنىك، قانچىلىغان روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرى سىنىڭ بۇيرۇقۇڭسىز قىل تەۋرىتەلمەيدۇ. بىراق، لىۇ كۇنجۇڭ نېمە ئۈچۈن ساڭا بەيئەت قىلماي، يۈزۈڭگە نىجاسەت سۈۋاپ، سىنى خورلىيالايدۇ؟ ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ ھاياتى مەسىلىسىدە سەندەك پولكوۋنىكنىڭ گېپى ئاقتىمۇ ياكى لىۇ كۇنجۇڭدەك بىر لۈكچەك قانخورنىڭ لەۋزى ئۈستۈن كەلدىمۇ؟

ئۇلارنىڭ ھەتتا سېنىڭ بۇيرۇقۇڭسىز بىر كېچىدىلا ئوتتۇز توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى سەندەك پولكوۋنىكنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئەمەسمۇ؟

يادۇڭ بۇرادەر، سەن بەكمۇ ئېغىر - بېسىق، سالماق، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىسەن، ئاچچىقىنى، دەردىنى، خورلۇقنى ئىچىڭگە يۇتۇپ چاندۇرمايسەن. شۇنداقتىمۇ، بىر ھەربىي باشلىقتا غۇرۇر، ۋىجدان بولمىسا، ئۇرۇشلاردا قازانغان شان - شۆھرەت، قەھرىمانلىقلار بىر زەمبىل ئوغۇتقا باراۋەر بولىدۇ! مەن سېنى ئېچىتماقچى ئەمەس، لۇ كۇنجۇڭلا بولىدىكەن، ئۇ سېنى نەق ياڭ لىدېنىڭ قولى بىلەن پات ئارىدا ئۇجۇقتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەنمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن. ھازىر جۇڭگونىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، ئازاد رايونلار چەكسىز شادلىققا چۆمدى. ئەگەر سەن: «مېنى ئېچىتماي، يول كۆرسەت» دېگۈدەك بولساڭ، «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىل. يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆزۈڭنى بىر مەزگىل تەڭشىۋال، ئاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە يول ئالغىن. ئۇ يەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىدە ساڭا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، سەندىن ھوقۇق تالاشقۇدەك ماغدۇر قالمىدى. سەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بولغۇچە، ئازادلىق ئارمىيەمۇ شىنجاڭغا كىرىپ بولىدۇ. بىز ئۈرۈمچىدە يېڭى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيمىز. مۇشۇ يوللا سېنىڭ تەقدىرىڭنى يورۇق قىلالايدۇ. ھازىر شىزاڭ، چىڭخەيلەردىن باشقا جايلاردا گومىنداڭنىڭ يىلتىزى ئاساسىي جەھەتتىن قىرقىلىپ بولدى. خۇددى جۇ گېلىياڭنىڭ: «ئوقيانىڭ ھېرىپ قالغان ئوقى شايىنىمۇ تېشەلمەيدۇ» دېگىنىدەك، گومىرانلىق گىردابىغا بېرىپ قالغان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەمدى باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر سەن راستىلا شۇ ئىرادىگە كەلسەڭ، قول ئاستىڭدىكى

ئۇچىنچى روتا كوماندىرى جاڭ لىياڭ ئەڭ ئەقىللىك، پىلانچى، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك ئادەم، ئۇ ساڭا ياخشى مەسلىھەتچى بولالايدۇ...

1948 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇست، ۋۇخەن»

خۇڭ يادۇڭ خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك لاسىدە بوشاپ كەتكەندى. سۆڭەكلىرى ئېرىپ كەتكەندەك ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، يۈرىكى ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقاندەك، پۈت ـ قولىدا مىسقالچە ماغدۇر قالمىغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. توۋا، قوشراپتا ئۆلگەن ئالتە ئادەم، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى، پاھىشىخانا، ئوتتۇز يوققۇز ئەسكەرنىڭ ھاياتى مەسىلىسى، لۇ كۈنجۇڭنىڭ قانخورلۇقلىرى توغرۇلۇق بولغان مۇنازىرىگە تېخى ئىككى ھەپتىمۇ بولمىغان تۇرسا، بۇ گەپلەر قانداق قىلىپ ما يىنفۇنىڭ قولىغا يېتىپ بولغاندۇ؟ تېخى بۇ مۇنازىرە، قاتتىق ئېلىشىش ياڭ لىدي ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سۆھبەت تۇرسا، ئۇ يەردە ئۇچىنچى ئادەم بولمىسا، بۇنى كوممۇنىستلارغا زادى كىم يەتكۈزگەندۇ؟ ياڭ لىدي؟ يا... ياق. ئۇ جياڭ جېيشىنىڭ سادىق مۇرىتى، ئۆز ئىچىدىكى ناشايان ئىشلار، قاتىللىقلار ۋە ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى ھەرگىز سىرتقا يايمايدۇ. ئۇنى قىلىدى دېيىش خۇددى تۆگىنىڭ قوڭىغا چالما ئاتقاندەك كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. ئۇنداقتا؟.. راست، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە ئايالى ۋاڭ گولىنىغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەمىسە ئۇ؟... يا... ياق، شۇنچە يىللىق قەدىناسىدىن گۇمان قىلسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ ئىدىيەسىنى نەلەردە يۈرۈپ يۇقتۇرۇۋالىدۇ؟ توختا، مەكتەپنىڭ ئۆزى تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى يامراپ چىقىدىغان كۆھقاپ ئېغىزى. مۇئەللىملەر بولسا يېڭىلىقنى ئەڭ بالدۇر قوبۇل قىلىدىغان خەق! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سۆزلىرىدە كوممۇنىستلارنى مەدھىيەلەپ، ئۇلارنى

جەننەتنىڭ مالائىكىلىرىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ما يىنفۇنىڭ بەزى ئىلمەك گەپلىرىدىن مەن ئۆزۈم قانچىلىك بولۇپ قېلىۋاتىمەن؟ خوتۇن خەق دېگەن بەكمۇ ھېسسىياتچان ئېرىتقۇلار، ئاسانلا ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ.

خۇڭ يادۇڭ خىياللىرىنىڭ باش - ئايىغىنى چىقىرالماي، ھەممىسى خىزمەتتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ خەتكە يېزىلغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق يوللانغانلىقىنى، ما يىنفۇنىڭ خېتىنىڭمۇ تېلېگراممىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئۇ گارنىزون قورۇسىدىن ئۆتۈپ، كوماندىرلار ئائىلە بىناسى تەرەپكە قايرىلغاندا، تاجىك قىزى سارا ئۇچراپ قالدى. ئۇ كۆكتات سېلىنغان چىغ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى باشقىلارغا بىلىنگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ، مەڭزىلىرىگە قوڭۇر داغلار چۈشكەنىدى. يەرلىكتە ھەم مىللىي ئەسكەرلەر ئىچىدە كۆپ ئىشلىگەن خۇڭ يادۇڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، ھەرھالدا دۇدۇقلاپ يۈرۈپ مەقسىتىنى ئۇقتۇراتتى. سارا خۇڭ يادۇڭنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ئۇمۇ ئېگىلىپ سالامنى ئىلىك ئالدى.

— سىز... شۇ تاماك ئېتەمدۇ؟

— ھەئە، ئاشخانىنىڭ تامىقىنى يەۋېرىپ، ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالىدىكەن كىشى.

— سىز بۇ يەرگە كۆنەمدىكەن؟

— ئۇچ ئايدىن ئاشقان تۇرسا، كۆنۈپ قالدىم.

— ياكىشى، ياكىشى، — خۇڭ يادۇڭ سارانىڭ قورسىقىغا قاراپ قىزىقىپ سورىدى، — بالاڭ شۇ نەچچە ياش بولدى؟

— نەچچە ياش؟ — سارا كۈلۈۋەتتى، — قورساقتىكى بالا ياشقا كىرمەيدۇ، ھازىر بەش ئايلىق بولدى.

— سىز چاپسان، چاپسان ھەربىي دوختۇرخانىغا باسۇڭ، تەكشۈرسۇڭ.

— رەھمەت، خۇڭ پولكوۋنىك، — سارا ئاتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى كوماندىرلار ئائىلىلىكلىرى قاتارىغا قايرىلىپ كېتىپ قالدى.

خۇڭ يادۇڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئاچچىق - چۇچۇك قورۇمىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ ئېچىۋەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ پەشتامان تارتىۋېلىپ خېمىر تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا كەلدى - دە، ئۇنى ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— لەگمەن ئېتىۋېتىپسىز - دە؟

— ھەئە، مېنى قويۇۋېتىڭ دەيمەن! — ۋاڭ گۇلىننىڭ قىچىقى كېلىپ كۈلۈۋەتتى، — ھەي، سىمىزنى قۇچاقلىسا يارىشىدۇ، يىڭناغۇچتەك ئورۇق تۇرسام، قولىڭىزغا سۆڭەكتىن باشقا نەرسە ئۇرۇنمايدۇ.

— سىزنىڭ ئۇن چوكانغا تېگىشمەيدىغان چىرايلىق ساغرىڭىز بىلەن يەكەننىڭ چىلگىسىدەك كۆكسىڭىز تۇرسا؟

— تولا سەتلەشمەڭا، قېرىغىنىنى بىلمىگەن !...

— «ئەر - خوتۇن قېرىغانسېرى بىر - بىرىگە پايلىمايدىغان دەرىجىدە ئامراق بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن جۇمۇڭ! تۇرۇپلا سىز يادىمغا كېلىپ قالىسىز دېسە...

— ۋىيەي، مېنىمۇ قېرىغا چىقىرىۋەتتى ئەمدى، — ۋاڭ گۇلىن دومسايدى، — مەن باغۇ قاراڭ، ئارانلا قىرىق ئالتە ياشقا كىردىم، سىزدەك قېرىپ كەتمىدىم.

— مەن ناھايىتى سىزدىن، — خۇڭ يادۇڭ تۆت بارمىقىنى چىقاردى، — مۇشۇنچىلىكلا چوڭ ئىكەنمەن.

خۇڭ يادۇڭ خوتۇنىنى پات - پاتلا مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ، قۇچاقلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپتتى. بۇنىڭغا ۋاڭ گۇلىنمۇ كۆنۈك ئىدى. ئۇنى گارنىزون ئىچىدە ھەم مەكتەپتە ئېرىنىڭ فامىلىسى بويىچە خۇڭ خانىم دەپ ئاتىشاتتى. ئەمما، ئۆيدە ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۆز ئىسىملىرى بويىچە «يادۇڭ»، «گۇلىن» دېيىشىپ

كۆنۈپ قىلىشقانىدى. خۇڭ يادۇڭ سامساقلارنى ئاقلاپ، ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىنى شىرەگە ئەكىلىپ بولغۇچە، بىر تەخسىدىن لەگمەنمۇ كېلىپ بولدى. ئۇلار «ئېلىڭ ـ بېقىڭ !»مۇ دېيىشمەي، ئىشتىھا بىلەن تاماقا كىرىشىپ كەتتى. خۇڭ يادۇڭ ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىنى بولدى دېگۈچە سىلىپ تۈرۈپمۇ يەنە ئاقلانغان سامساقنى كورسۇلدىتىپ چىشلەپ لەگمەن بىلەن قوشۇپ يېمەكتە ئىدى. چىرايى مىژژىدە تۇرۇلگەن ۋاڭ گولىن ئېرىنىڭ پېشانىسىنى نوقۇدى:

— ھەي، ئاخشاملىقىقا ئاغزىڭىزنى سېسىق پۇرىتىپ يوتقانغا كىرگۈچى بولماڭ، بولمىسا كۆتىڭىزگە تېپىمەن جۇمۇ !

— يائاللا، شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان خەنزۇ قىزلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشاش شەرتلىرى نېمانداق تولا؟ ھېلى «دىمىقىڭنى خارتىلداتما» دېسە، ھېلى «ئۇچرىغان يەرگە تۈكۈرمە» دېگەن. تېخى قولىنى يۇيۇپ سىلكىپ قويسا، تىللاپ كېتىشلىرىچۇ !

— ھەي، ئاشۇ ئادەتلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ — ۋاڭ گولىن راستلا خاپا بولدى، — دىمىقىڭىزنى خارتىلدىتىپ تارتسىڭىز، باشقىلارنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. ئۇچرىغان يەرگە تۈكۈرسىڭىز، مىكروب تارقىتىسىز.

— بولدى، بولدى، مەنمۇ بىلىمەن، — خۇڭ يادۇڭ كۈلۈۋەتتى، — چېقىشىپ قويسام قايناپلا كەتتىڭىزا؟ ئەلۋەتتە، قولنى يۇيۇپ سىلكىسە، ئەتراپتىكى نەرسىگە يۇندى چاچرايدۇ. بۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ...

— لېكىننزە، مەن سىزنىڭ خام سامساق يېگىنىڭىزگە بەك ئۆچ.

— سامساق تاماق سىڭدۈرىدۇ. ئاشقازىنىمىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلمىسىزغۇ؟ ئېغىزىمنى چىش پاستىسىدا قايتا ـ قايتا يۇيۇۋەتسەمغۇ بولىدىغاندۇ؟

— بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئۇيغۇر ـ خەنزۇلار بىللە

ئـوقـۇيـدىـغـان مـەكـتـەپ، ــ دېـدى ۋاڭ گـولـىـن ئـاش سـۈيـى ئەكېلىۋېتىپ، ــ كەسپىي ئۆگىنىش ياكى يىغىنلاردا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار سامساق پۇراپ قالغان ئـوقۇتقۇچىنىڭ يېنىدىن دەرھال كېتىدۇ. تېخى خەنزۇ تىلى دەرسىدە خاتا ـ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قالساق، ئۇلار ئېغىز ـ بۇرنىنى تۇتۇۋالىدۇ.

خۇڭ يادۇڭ بىلەن ۋاڭ گولىن ئىككىسىنىڭ مۇشۇنداق ياشاۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئون توققۇز ياشلىق ئوغلى، ئون يەتتە ياشقا كىرگەن قىزى ۋاڭ گولىننىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرىدۇ. باللارنىڭ ئوقۇش راسخوتى بىلەن بوۋاي ـ مومايلارنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرىنى ئۇلار ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

تاماق يېيىلىپ بولۇپ، چىنە ـ قاچىلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋاڭ گولىن قىزىق چاي دەملەپ شىرەگە ئەكەلدى. ئۇ ئىستاكانلارغا چاي قۇيۇپ بولۇپ، ئېرىگە توقۇۋاتقان يۇڭ جىلىتكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، خۇڭ يادۇڭ ئۇنىڭ قولىدىكى زىخ، كاللەكلەنگەن يۇڭ يىپ ۋە يېرىم توقۇلغان جىلىتكىنى ئېلىپ بىر چەتكە قويۇپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇھىم بىرەر مەسىلىھەتى بارلىقىنى بىلگەن ۋاڭ گولىن ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى. خۇڭ يادۇڭ بۇگۈن بولغان «خۇڭ ساۋ» ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇ ئەكەلگەن خەتنى ئايالىغا بەردى.

ــ سىز ئۇزاق يىللىق، تەجرىبىلىك، بىلىملىك ئوقۇتقۇچى. بۇ خەتنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، كۆز قارىشىڭىزنى دەپ بېقىڭ. بۇ خەتنى كۆرۈپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

ۋاڭ گولىن خەتنى ئـوقـۇشقا باشلىدى. ئـۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا جىددىيلىشىپ، تۇرۇپ گېلىنى قىرىپ قويسا، تۇرۇپلا ئېغىر تىنىپ پۇشۇلدايتتى ياكى تامىقىنى چىكىلدىتىپ قوياتتى. چىرايىمۇ بىردە تۇرۇلۇپ، بىردە تاتىرىپ، ئۆكۈنگەندەك ئىپادىلەردە بولاتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تاماق شىرەسىگە

قويدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. خۇڭ يادۇڭ ئايالىنىڭ چىراي ئىپادىسى، كۆزلىرىنىڭ قىسىلىشى، قاشلىرىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىشىنىڭ خىلىلا ئېغىرلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ئايالىنىڭ تەپەككۇر، مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يېتىش، نەزەرىيەۋى ئانالىز سەۋىيەسى، تەسەۋۋۇر كۈچى قاتارلىقلاردا ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى.

— ما يىنفۇ مەن ئاغزىمدىن چىقىرالمىغان گەپلەرنى قىپتۇ، — دېدى ۋاڭ گولىن جىددىي تەلەپپۇزدا، — سىز ھازىر خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىسىز. مەن ھەر كۈنى سىز ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىڭىزدىلا، «ئۇھ» دەپ ئەركىن تىن ئالىمەن. لۇ كۈنجۇڭ ھازىر پەيت كۈتۈۋاتىدۇ، ئۇ سىزنى ياڭ لىدېنىڭ قولى ئارقىلىق يوقاتماقچى. ئەگەر بۇ ئامال ئەسقاتمىسا، ئۆزى قول سالىدۇ. چۈنكى، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە قان خۇمار، ۋەھشىي بىر يىرتقۇچ، غەلىتە مەخلۇق !

— ئەھۋال شۇنچىلىك ئېغىرمىدۇ، گولىن؟ — خۇڭ يادۇڭمۇ چۆچۈپ قالغانىدى، — سىز ئەزەلدىن بىرەر ئىشنى مۇبالىغە قىلىپ باقمىغان. كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا ئوچۇق ئېيتىڭ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە سان بولسۇن.

— ئۇنداقتا، مەندىن رەنجىمەڭ. مېنىڭ سەزگۈلىرىم بۇ چاغقىچە مېنى ئالدىغان ئەمەس، — ۋاڭ گولىن ئېغىر تىنىدى، — ياڭ لىدېنىڭ: «سېنىڭ ئۈستۈڭدىن گەپ تولا»، «ئوشۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالدىڭ»، «تاپتىن چىقىپ كەتتىڭ»، «ئەمەلدارلارنى تىللاۋېرىپ كۆزگە چېلىقىپ قالدىڭ» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى قارا دېلونىڭ تاييارلىقى... لېكىن، ئەڭ ئەشەددىي ئەجەل سىرتمىقى «سېنى ئەمدىلا تونۇۋاتىمەن» دېگەن مۇشۇ بىر جۈملە سۆزدۇر. ئۇ سىزنى ئۇدۇل دار ئاستىغا ئاپىرىدىغان جاللاتنىڭ سۆزى ! ياڭ لىدې سىزنى «ئەسلىدە سەن كوممۇنىستلارنىڭ ئىچىمىزگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان

ئـايغاقچـىسـىكـەنسەن، سىـزنى ئەمـدىـلا بىلـدىـم» دەپ ئۆلـۈمـنـى بۇرنىڭـىزغا پۇرىتىپتۇ. «سىياسىي خاتا گەپلەرنى قىلدىڭ» دېيىش ئارقىلىق ئۇ سىزدەك ئاتالمىش كوممۇنىستنى ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن جەھەننەمگە ئۆزىتىپ قويماقچى.

— گەپلىرىڭىز تېخىمۇ روشەنرەك بولسۇن، — خۇڭ يـادۇڭ ئايالىنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويدى، — ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆرىدىغىنى، ئاڭلايدىغىنى، بىلىدىغىنـى ئەلۋەتتـە كۆپ بولىـدۇ، بـولۇپمۇ هـازىرقى جۇڭگـو ۋەزىيـىتىنى ئـەڭ چۈشىنىـدىغـانـلار ئوقۇتقۇچىلاردۇر.

— ما يىنفۇ راست گەپنـى قىپتـۇ. هازىر جۇڭگونىڭ كـۆپ زېمىنى جۇڭگو كومپارتىيەسىـنىڭ ئـىلكىگـە ئۆتۈپ بولـدى، — ۋاڭ گـولىن بـۇ سـۆزنى پەخـىرلەنگـەن هـالدا دېدى، — جيـاڭ جيېشى ئۇلۇغ كەلگۈندە بىر تال سېسىق كۆتەككە يامىشىۋالغان چاشقانغا ئوخشاپ قالدى. ئەمدى ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئـويلايدىغان چاغ كەلدى. بولمىسا كېچىكىپ قالىسـىز، ئۇ چاغـدا پۇشايمـان قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيسىز.

— سىز نىڭچە...

— ئازادلـىق ئارمـىيەنـىڭ ئـالدىغـا ئـاق بايراق كـۆتـۈرۈپ چـىقامسـىز ياكى خـىزمەت كۆرسـىتىپ يۈزىـڭىـزنـى يـورۇق قىلامسىز، بۇنـى ئۆزىڭىـز تاللاڭ. ئەسلىدە بۇ ئـىشلارنـى مـەن سىزگە بۇرۇنلا دېمەكچى بولغان. بىراق، ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنـى هېس قىلغـانـىدىم. مـانا ما يـىنفۇنـىڭ خېتـى بۇ جاراهەتـنـى ئېغىزلاندۇردى.

— مۇنداق دەڭ! — خۇڭ يادۇڭ بېشىنى سىلىپ خېلىغىچە جىمىپ كەتتى، — ئەسلىدە سىز...

— توغرا! مەن سىزنىڭ تەقدىرىڭىزدىن ئەنسىرىگەچكـە، سىـز تـوغـرۇلۇق خـۇڭ سـاۋغـا دوكلات قـىلـىـپ تـۇرغـان. ئـۇ ئەهۋاللارنى ما يىنفۇغا ئۆتتۈرلۇق يەتكۈزۈپ تۇردى.

— مـەن... مـەن... بىـر پـولـكوۋنـىك بـولـغـان ئـادەم ئـۆز

خوتۇنۇمنىمۇ چۇشەنمەي يۈرۈپتىمەن ـ ھە؟
— يادۇڭ، سىز ياڭ لىدېدەك ئەرۋاھنىڭ، لۇ كۇنجۇڭدەك قانخور لۇكچەكنىڭ ئالدىدا خورلۇقتا قالدىغان ئادەممۇ؟
— راست دەيسىز، راست دەيسىز. ئۇ دۆيۈزلەر بەكمۇ يۈزسىزلىك قىلدى، — خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆزىدىن چىققان بىر تامچە ياش يۈزىنى بويلاپ چۈشۈپ كەتتى.
دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان ئاي ئەر ـ خوتۇننىڭ تۈگىمەس سۆھبىتىدىن زېرىكتى بولغاي، نەگىدۇر غايىب بولدى. ئاسمانىدا پىلىلداپ تۇرغان تۇركۇم ـ تۇركۇم يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى خىرە نۇر پەردىسىنى ھاسىل قىلدى. خۇڭ يادۇڭ بىلەن ۋاڭ گولىن ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىپ قېلىشتى. ئەمما، ئۇلار ما يىنفۇ ئېيتقان ئەسكەرلەر تەمىناتى شوئارى ئاستىدا ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىش، لۇ كۇنجۇڭنى كۆزدىن يوقىتىش، قوشراپتىكى ئۇچىنچى روتىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭنى چاقىرىپ كېلىش، ئەڭ ئىشەنچلىك يىگىتلەردىن بىرنەچچىنى مەخپىي ئىشلارغا قويۇش، يەتتىنچى پولك قارىمىقىدىكى روتا ۋە ئىزۋوت كوماندىرلىرىنى تەڭشەش، ئىشەنچسىزلىرىنى ۋە لۇ كۇنجۇڭپەرەسلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىش دېگەندەك تېمىلاردا خېلى بىر چاغقىچە كۇسۇرلىشىپ يېتىپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قېلىشتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## جىددىي ئېلىشىش

ياڭ قوماندانىنىڭ ئىشخانىسى. ياڭ لىدې بىلەن خۇڭ ياۋدۇڭ يەنىلا بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇماقچى بولغان قارچىغىلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە خەنجەردەك قادىلىشىپ قالغانىدى. تامدا ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەن رامكا ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى گېنېرالىسسىمۇسلۇق فورمىسىنى كىيگەن جياڭ جيېشىنىڭ سۈرىتى بۇ ئىككى رەقىبكە «قېنى قايسىڭ يامان؟» دەۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى. ئىشخانىنىڭ ھەممە دېرىزىسى ئېچىۋېتىلگەن، ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرى بولغاچقا، يەر ـ جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ياڭ لىدېنىڭ ئايپاڭ بېشى ئۇششاق ئەينەك مارجانلارنى چېچىۋەتكەندەك تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزۈنچاق خۇنۇك يۈزىنى، چار بۇرۇتلىرىنى سۈرتۈپ ئۇلگۈرەلمەيتتى. خۇڭ يادۇڭ بولسا گەدەن چاچلىرىدىن، قولاق تۈۋلىرىدىن ئېقىپ ياقىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان تەر ئېرىقلىرى بىلەن كارى يوق، قوزۇقتەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. ياڭ لىدې «سەن گەپ قىلمىساڭ، مەن قىلاي» دېگەندەك، گېلىنى قىرىپ، كانىيىنى رۇسلاپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى:

— خۇڭ يادۇڭ، — ئۇ «بۇرادەر» دېگەن سۆزنى قەستەن دېمىدى، — مەن سېنى نېمىشقا چاقىرتتىم، بىلەمسەن؟

— ياق! — خۇڭ يادۇڭمۇ توڭلا تەگدى، — مەن سىزنىڭ

ئىچىڭىزدىكى نەدىن بىلەي؟

— سەن تولا تاداتلىق قىلىپ ماڭا مايمۇن ئويۇنى كۆرسەتمە. لۇ كۇنجۇڭنى نېمە ئۈچۈن ئالاقىلىشىش ئىزۋۇتىغا يۆتكىۋەتتىڭ؟

— ئەمنىلىكنى ساقلاپ قالاي دەپ.

— لۇ كۇنجۇڭنى يۆتكىۋەتمىسەڭ، يەكەننى توپان بالاسى باسامدىكەن؟

— توپان بالاسى ئەمەس، قان دەرياسى باسىدۇ.

— تولا ئادەمنى قورقۇتما! سېنىڭ ئۇنى يۆتكەيدىغان نېمە ھوقۇقۇڭ بار؟ ئۇ دېگەن خوتەن سەككىزىنچى پولكىغا تەۋە ئادەم، ئۇنىڭ باشلىقى لو گۇاڭچيەن.

— شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ، قوماندان، — خۇڭ يادوڭ بەكمۇ تەمكىن كۆرۈنەتتى، — پىلىموت روتىسى بىلەن ئىككىنچى روتىنى ماڭا تاپشۇرغاندا، «بۇ ئىككى روتىنىڭ تولۇق ھوقۇقى خۇڭ يادوڭدا بولىدۇ» دېگەن رەسمىيەتنى ئۆزىڭىز ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىڭىز.

— بۇ... بۇ... — ياڭ لىدې شاختىن ـ شاخقا ئوڭايلا قونالايتتى، — رەسمىيەت بار دەپلا، كوماندىرلارنى خالىغانچە يۆتكەمسەن؟ يۇقىرىنى كۆزگە ئىلامسەن، يوق؟

— بۇ مېنىڭ ھوقۇق دائىرەمدىكى كىچىك ئىش، سىز دېگەن پەقەت يەكەندىكى بىر باتالىيون ئەسكەرگىلا مەسئۇل.

— ھوقۇقنى ئاشۇنداق قالايمىقان ئىشلەتسەڭ بولامدۇ؟ لۇ كۇنجۇڭنى ئىككىنچى روتىغا دەرھال قايتۇرۇپ كەل!

— قەتئىي قايتۇرۇشقا بولمايدۇ!

— مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن!

— بۇنداق خاتا بۇيرۇقنى قوبۇل قىلالمايمەن!

— مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى خاتا دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟

— ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئەمنىلىك يوقايدۇ، قان تۆكۈلىدۇ.

— قۇرۇق گەپ!

— قوشراپتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلەشنى، گارنىزون ئاشخانىسىدىكى يەنە شۇنداق ئىشنى لۇ كۇنجۇڭ كەلتۇرۇپ چىقاردىغۇ؟ بۇ ئىشلار ئادەتتىكى مانىۋىر ياكى چاقچاق ئەمەس، ھەقىقىي قان تۆكۈلىدىغان پاجىئە!

— بەزى چاغلاردا مۇنداق قان تۆكۈلۈشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ گەرچە قورقۇنچلۇق بىر ئىش، ئىراگىدىيە بولسىمۇ، ئەمما ئارمىيەنى ساپلاشتۇرىدۇ؛ بۇغداي بىلەن سامانىنى ئايرىيدۇ.

— ئەگەر ئاشۇ پاجىئە ياكى ئىراگىدىيە سىزنىڭ بېشىڭىزغا ئىكىلىنىپ كېلىپ قالسىچۇ؟

— م... م... ماڭا؟ — ياڭ لىدې غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، — سەن ئەسكەرلىرىڭنى ماڭا كۇشكۇرتمەكچىمۇ؟ ئۇنداق ئىش نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بېشىمغا تىكلەنگۇدەك؟

— ئىككىمىز مۇنازىرىلەشكەن ھېلىقى كۈنى كېچىسى سىزنىڭ تەستىقىڭىز بىلەن ئوتتۇز توققۇز ئەسكەر جادۇغا بېسىلدى، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— بۇ... بۇ... قارا سېنى! — ياڭ لىدې تامدەك ئاقىرىپ كەتتى، — قاچقۇن ئەسكەرلەرنى ئۆلتۇرۇش ھەربىي نىزامدا بار ئىش. بۇنى نېمىگە ئېغىزغا ئېلىپ قالدىڭ؟

— ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ، ئىشخانا ئىشىكگە قىستۇرۇلغان مۇنۇ خەتنى، — خۇڭ يادۇڭ خەتنى ئاچتى، — ئېچىپ ئوقۇدۇم. مەن يەنىلا دۆلەت، پىرقىغا سادىق بولغان ھالدا ئۇلارغا شەرتلىك بەلگە بىلەن بۇيرۇق بەرمىدىم.

— ئۇ خەتتە نېمە دېيىلىپتۇ؟ قېنى ئوقۇ!

خۇڭ يادۇڭ تەمكىن ھالدا خەتنى ئاستا، ئالدىرىماي ئوقۇدى:

«كېچە سائەت ئىككىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، لۇ كۇنجۇڭ روتىسىدىكى بىرىنچى ۋە تۆتىنچى ئىزۋوتتىن تاللانغان قىرىق ئەسكەر ئوتتۇز توققۇز قاچقۇن ئەسكەرنى سىپىلنىڭ ئارقىسىدىكى يارداڭلىقتا جادۇغا باستى، كېچىدە جەسەتلەرنى قاياققىدۇر ئېلىپ كەتتى. بىز ئوتتۇز توققۇز قېرىندىشىمىز

ئۈچۈن قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئالماقچى. ئەگەر قوشۇلسىڭىز ئىشتاب بىناسى ئالدىدىكى تەشۋىقات تاختىسىغا بور بىلەن « + » بەلگىسىنى يېزىپ قويۇڭ ! ...»

ياڭ لىدې بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇۋالدى. ئاڭغىچە خۇڭ يادۇڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ خېلىغىچە بېشىنى سىلىپ، چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى. بىر چاغدا قولىنى سۇنغانىدى، خۇڭ يادۇڭ خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ياڭ لىدې خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى، ئوقۇغانسېرى چىرايى ئوتتا داغلىغان مىستەك كۆكىرىپ كەتتى. پېشانىسىدىن دومىلاپ چۈشكەن تەر تامچىلىرى يۈزىدىن ئېرىق بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

— بالا ـ قازا... بالا ـ قازا... بۇ بىر بالا ـ قازا ئۆتۈپ كېتىپتۇ ! — پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى ياڭ لىدې.

— ئەگەر مەن ئاشۇ «+» بەلگىسىنى قويغان بولسام، بۇ چاغقىچە ئوتتۇز توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن چوڭ ـ كىچىك قاتىللارنىڭ پارچىلانغان تەنلىرىنى يىغىۋالماقمۇ تەسكە چۈشەتتى.

— بولدى، بولدى قىل...

— ئەگەر چۈشەنسىڭىز، لۇ كۈنجۈڭنى يۆتكىۋېتىشىم: بىرىنچىدىن، سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ غەزىپىنى بېسىش؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن كونىشەھەر گارنىزونىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بولغان.

— سەن... سەن بىلمەيسەن، لۇ كۈنجۈڭ ئۇ چېقىلغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ئادەم ! ئۇنى قەشقەر كورپۇس ئىشتابىدىن تارتىپ لەنجۇ ھەربىي رايونىغىچە قوللايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ كاپىتان دەرىجىلىك مەخپىي خىزمەت

خادىمى ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە گومىنداڭ بىيۇروسى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھەم ئىشپىيونلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەن.

— ئۇ كاپىتان، مەخپىي خادىم، مۇدىر، ئىشپىيونلار باشلىقى بولغان بولسا، سىزمۇ پۈتۈن يەكەندىكى نەچچە مىڭلىغان ئەسكەرنى باشقۇرۇۋاتقان قوماندانغۇ؟ ئۇنىڭدىن نېمانچە قورقىسىز؟

خۇڭ يادۇڭ ياڭ لىدېنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتكەن كۈنى كەچكە يېقىن لۇ كۈنجۈڭ ياڭ لىدېنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. لېكىن، ياڭ لىدې ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچماستىن: «يۆتكەلگەن يېرىڭدە ئىشلەۋەرمىسەڭ، چوڭ ۋەقە تۇغۇلۇپ قالغۇدەك» دەپلا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. لۇ كۈنجۈڭنىڭ قارىمۇتۇق چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كىرپە چاچلىرى دىڭگىيىپ، داۋاملىق يېرىم يۇمۇق تۇرىدىغان قىسىق كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— مەن روتامغا قايتسام، نېمە ۋەقە تۇغۇلغۇدەك؟! — ئۇنىڭ تۇكۇرۇكلىرى چاچراپ كەتتى، — ئاشۇ كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ پوقىنى يېگەن لالما ئىت بىلەن يىرگەنمەستىن ئېغىز - بۇرۇن يالىشامسىز؟!

— ئاغزىڭنى يىغ، ئەبلەخ! — ياڭ لىدېغا «پوق يېگەن ئىت بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشامسىز؟» دېگەن گەپ بەكمۇ تىك كەلگەندەك قىلاتتى، — نېمەڭگە بۇنچە يوغانچىلىق قىلىسەن؟ سەن پولكوۋنىك، مەخپىي خادىم، ئىشپىيونلار باشلىقى بولساڭ، مەنمۇ... پۈتۈن يەكەن دىيارىدا مانا مەن دەيدىغان بىرلا قوماندانغۇ؟

— شۇنداق، سىز قوماندان تۇرۇپ، قول ئاستىڭىزدىكى ئادىمىڭىزگە بۇيرۇقىڭىزنى يېگۈزەلمىسىڭىز، — لۇ كۈنجۈڭنىڭ كۆزلىرى بىردەمدىلا قىزىرىپ كەتتى، — ئۇنداق قوماندانىنى ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق قورچاق قوماندان دەيمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟!

— ئەمىسە بۇنى كۆرۈپ باق ! — ياڭ لىدي ئالىقانىدەك قەغەزنى ئۇستەلگە پاققىدە ئۇردى، — سەن كىرپە باش جاللاتنىڭ چىرايىڭنىڭ تاتارمىغىنىنى، جىنىڭنىڭ سىرقىرىمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي !

لۇ كۇنجۇڭ باغاقچىنى قولىغا ئېلىپ، كاللىپۇكلىرىنى مىتىلداتقىنىچە ئوقۇدى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى ھېلى يۇقىرىغا، ھېلى تۆۋەنگە يۇگۇرۇپ، خەتنى كۆزىدىن قانچە قېتىم ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى، ھەتتا باغاقچىنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئۇستەلگە چۈشكىنىنىمۇ سەزمىدى. ئەگەر خۇڭ يادۇڭ ئەقلىنى جورۇمىغان بولسا، ئاۋۋال ياڭ لىدي بىلەن لۇ كۇنجۇڭنىڭ، ئاندىن لى چۇڭيىڭ، دۇ شىڭسەن، جۇڭ شۆلياڭلارنىڭ، يەنە كېچىدە ئوتتۇز توققۇز قاچقۇن ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان قىرىق ئەسكەرنىڭ قېنى ئېرىق بولۇپ ئاققان بولاتتى. ئۇلار غەزىپىنى باسالماي ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزمەي قالمايتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى قىزىق، ئۇلار لۇ كۇنجۇڭ دېگەن بۇ نامغا باغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ روتىسىدىكى ئىككى يۈز نەچچە ئەسكىرىنىمۇ قىرىپ تاشلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ۋاي تەڭرىم ! لۇ كۇنجۇڭ، لى چۇڭيىڭ، دۇ شىڭسەنلەر ھېلىمۇ خەۋپ ئىچىدە ئىكەن - دە ! خۇڭ يادۇڭنىڭ توققۇز يۈزدىن ئارتۇق كىشىلىك قوشۇنىغا ئۇنىڭ ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى قانداق تەڭ كېلەلەيتتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىززۇت كوماندىرلىرىدىن لى چۇڭيىڭ، دۇ شىڭسەنلەردىن باشقىلىرى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. لۇ كۇنجۇڭ ۋاڭ جىڭگۇي، جاڭ يىخەن، لى شىۋۋلار بىلەن نەچچە قېتىم قىزىرىشىپ، ۋارقىرىشىپمۇ قالغان.

— قانداق، پالۋىنىم، يەنە ئاسمانغا پىچاق ئېتىپ باققۇڭ بارمۇ؟ — ياڭ لىدي جوزىغا پاققىدە ئۇرغانىدى، لۇ كۇنجۇڭ چۆچۈپ كەتتى، — خۇڭ يادۇڭنىڭ تۆت روتىسى ئەمەس، شۆلارنىڭ ئىچىدىكى ئابدۇراخمانىنىڭ ئۇيغۇر بىرىنچى روتىسىلا

سىنىڭ روتاڭدىكىلەرنى مانتىغا توغرىغان گۆشتەك قىيما - چىيما قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىق قان ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— مەن... مەن بۇنچىۋالا بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەن. مەن، — چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان لۇ كۇنجۇڭ تولىمۇ پەس ۋە زەئىپ ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — تاس - تاماس قاپتۇ گارنىزون ۋە قوماندانلىق ئىشتابى قانغا بويالغىلى !

— ھە، زۇۋانىڭ پەسلەپلا كەتتىمۇ؟ بىلىپ قوي، سىنىڭ بىلەن مېنىڭدىن ھەم ئەسكەرلىرىڭدىن قان بىلەن جان تەلەپ قىلىۋاتقان ئاشۇ قەھرلىك ئادەملەر نەق مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتىدۇ، — ياڭ لىدې ئاياغ ئاستىنى تەپتى، — ھەتتا مۇشۇ گارنىزوندا ! ... ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئۇلار ئۇخلىماپتۇ...

— ئۇلار دېگىنىڭ كىم؟

— خۇڭ يادۇڭچىلار...

— سەن نېمانداق تاشتىن قاتتىق نېمىسەن؟ «ئاقنىيازچىلار» دەپ قوشراپتا تاس قالدىڭ ئەسكەرلەر ئىچىدە توپىلاڭ چىقارغىلى، — ياڭ لىدې جوزىغا مۇشتلىدى، — گارنىزون ئاشخانىسىدا يوغانچىلىق قىلىۋىدىڭ، كاللاڭغا دەرھال بىرنەچچە تال قورال توغرىلىنىپ قالدى. دەرھال ھوشۇڭنى تاپمىساڭ، سەنمۇ ئامان قالمايسەن، ئىت جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

— خەپ، خۇڭ يادۇڭ ! مەن تېخى قانمىدىم...

— خۇڭ يادۇڭنى خەپ دەيسەنغۇ؟ ئەگەر ئۇ بىر كۆزىنى قىسىپلىۋەتكەن بولسا، ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ قاتىلى بولغانلارنىڭ تەنلىرى پارچە - پارچە بولۇپ، جەسەت پارچىلىرىنى يىغىۋالماقمۇ تەسكە چۈشەتتى، — ياڭ لىدې خۇڭ يادۇڭنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

— ئۇنىڭ ئۇلارغا شەرتلىك بەلگىنى سىزىپ بەرمىگىنى سىز بىلەن مېنى ئايىغانلىقى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەسكەرلەرنىلا نەزەردە تۇتقان، — لۇ كۇنجۇڭ دىمىقىنى قاقتى، — ئەگەر كۇتۇلمىگەن بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئۇ ئاۋۋال سىزنى، ئاندىن قالسا مېنى دارغا ئاسىدۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

لۇ كۇنجۇڭ چىقىپ كەتتى. ئۇ باغاقچىدىن راستىلا قاتتىق چۆچۈگەنىدى. راست، ياڭ لىدى دېگەندەك، ئاشۇ باغاقچىنى يازغانلارنىڭ ھەممىسى ھازىرمۇ بار، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈزلىگەن كۆزى ھېلىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇرىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇلار تاغلىق قىز گۈلنۇر ئوت قويۇۋەتكەندەك بىر كۈنى ئۇنىڭغا بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇپ، ئۇنى قايقارا چۇچۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ ياكى ئاشخانا، تەرەتخانا، مۇنچىلاردا خەنجەرنى ئارقىسىدىن ئۇرۇپ ئالدىدىن چىقىرىۋېتەمدۇ، تېخى ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز كىرىپ گېلىنى شوينا بىلەن بوغۇپ، ياستۇقنى ئاغزى - بۇرنىغا كەپلەپ تۇنجۇقتۇرۇپ جېنىنى ئالامدۇ، بۇنىڭغا ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ قان قەرزىنى تۆلىشى كېرەك. بۇ قەرزلەرنى تۆلەشكە ۋاقتى كەلگەندەك ئۇنىڭ بىرلا تېنى ۋە بارلىق قېنى يېتىشمەي قالىدۇ.

قاش قارايغان چاغ، لۇ كۇنجۇڭ ياتىقىغا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى، چۈنكى يېنىدىن بىر مۇشۇك مىياڭلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ياتىقى ئالدىغا كەلگەندە، يەنە بىر قېتىم قورقۇپ كېتىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا قانداقتۇر بىرنېمە قارىياغاچ شېخىدا لەپەڭلەپ ئېسىلىپ تۇراتتى. بوراندا ئۈچۈپ كېلىپ شاخقا ئىلىنىشىپ قالغان ئۇ ئەسكى لاتا لۇ كۇنجۇڭنىڭ كۆزىگە ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆرۈنگەن ئۇ ئادەم تېخى باشقا بىراۋ ئەمەس، بەلكى كۆزلىرىنى پۇلتايتىپ، يۈزى كۆكىرىپ ھەم ئېسىلىپ كەتكەن لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئۆزى ئىدى.

لۇ كۇنجۇڭ ئۆز سايىسىدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ

قالغانىدى. دېمىسىمۇ ھېلىقى باغاقچە ئۆنىڭغا ئەجەل سىرتمىقى بولغانىدى، گېلىدىن بوغۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ يېقىنلىرىدىن لى چۇڭيىلىڭ، دۇ شىڭشىەنلەرگە، ھەتتا كانۇيىي رېشىتتىقىمۇ ئۇقتۇرماي، شۇ كېچىسىلا كۆن چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە تىكىۋەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ قىسىم ئىچىدە ئۇ توغرۇلۇق ھەرقىسما گەپلەر پەيدا بولدى. بەزىلەر: «لۇ كۇنجۇڭ خۇڭ يادۇڭ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن قەشقەر كورپۇس ئىشتابىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ كېتىپتۇ...» دېسە، بەزىلىرى: «ئەسلىدە ئۇ لەنجۇ جازالاش ئەترىتىنىڭ ئادىمى ئىكەن، شۇلار ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ...» دېيىشتى، ھەتتا «لۇ كۇنجۇڭ قان قەرزىدىن قورقۇپ قېچىپتۇ...» دېگەنلەرمۇ بولدى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قاچقىنى راست، بولۇنغان گەپلەرنىڭ يالغان بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى.

لۇ كۇنجۇڭ قاچقان كۈنىنىڭ ئەتىسى كەچ قاراڭغۇ چۈشكەندە، كونىشەھەر گۈلباغ گارنىزونىغا ئۈچ ئاتلىق ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي فورمىلىق بولۇپ، تولۇق قوراللانغانىدى. ئېغىز - بۇرنىنى يۆگىۋالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا كۆز باغلانغان چاغ بولغاچقا، ئۇلارنى تونۇغىلى بولمايتتى. بۇ سىرلىق ئادەملەر ئاتلىرىنى ئات باقارلارغا تاپشۇرغاندىن كېيىن گەپمۇ قىلىشماي، خۇڭ يادۇڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرى سىرتتا قېلىپ، ئىككىسى ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كىرگەنلەر ئېغىز - بۇرنىنى يۆگىۋالغان لاتىلارنى ئېلىۋەتتى. خۇڭ يادۇڭ بىلەن تەڭلا تۇرغان، پېشانىسى كەڭ، قاشلىرى توم، كۆزى سەل كىچىك، ياڭاق سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان، قىرىق ياشلاردىن ئاشقىنى جاڭ لياڭ بولۇپ، بىللە كەلگەن ئىككىسى ئۇنى قوشراپتىن ئەكەلگىلى بارغان ئۆمەر بىلەن لو دەن ئىدى.

— لو دەن قېنى؟ — سورىدى خۇڭ يادۇڭ ئۆمەردىن، — ئۇ

يوققۇ؟

— سىرتتا قالدى، — دېدى ئۆمەر مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ قايت، — خۇڭ يادۇڭ ئۆمەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئۈچ كۈندىن بېرى سارا سېنى سېغىنىپمۇ كەتكەندۇ!

— پولكوۋنىك، يەنە قانداق ئىشلار بولسا مانا مەن تەييار.

— بولىدۇ، لو دەن ئىككىڭلارنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئاۋارە قىلىمەن.

ئۆمەر خۇڭ يادۇڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەربىي كادىرلار ئورۇنلاشقان بىنادىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى «كوماندىرلار مەھەللىسى»گە كەلدى. بىز ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سېپىلغا ھەم ئاتخانىغا چاپلاپ سېلىنغان ئىككى قاتار ئۆيلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ھەربىر قاتارى ئوتتۇز ئالتە ئېغىزدىن بولۇپ، ئۇ ئۆيلەردە ئىزۋوت ۋە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن جەمئىي يەتمىش ئىككى ئائىلە ئولتۇراتتى. سېپىلغا يانداپ سېلىنغان قاتارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا يەتتىنچى ئۆي ئۆمەر بىلەن سارانىڭ ئىدى. ئۆمەر ئىككى قاتار ئوتتۇرىسىدىكى بىر يۈز ئەللىك قەدەم كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى تار كوچىدىن كېلىۋېتىپ يىراقتىنلا بىركىمنىڭ قاپقارا سايىسىنى كۆردى. قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۆمەر يېقىن كېلەر - كەلمەيلا سارا ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— بۈگۈن... بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، — سارانىڭ كۆز ياشلىرى ئۆمەرنىڭ يۈز - بويۇنلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— يۈرۈڭ، يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى، — ئۆمەر ئەتراپىغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويدى، — بىركىم كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا باشقىدىن قۇچاقلىشىپ كېتىشتى.

سارا ئۆمەرنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ سۆيەتتى، ئەركىلەپ پىچىرلايتتى، تۇرۇپلا قىيىداپ قالاتتى.

— ئۆمەر، كونىلار: «بەزى ئاياللار ئېرىگە سىڭىلك بولۇپ قالىدۇ» دەيدىكەن. مەن سىزگە سىڭىلك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. سىزنى بىر كۈن كۆرمىسەم يىغلىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ.

— مەن مەشىققە چىقىپ كەتسەم چاپىنىم بىلەن ئىسپانكامنى تاشلاپ قوياي، شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇڭ.

— ياق، چاپان بىلەن ئىسپانكىڭىز گەپ قىلالمىسا، — سارا دومسايدى، — مەن خۇڭ پولكوۋنىكقا دەپ سىزنى بۈگۈندىن كېيىن ھەربىي مەشىققە چىقارغۇزمايمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز، مەن سىزدىن راستلا خاپا بولىمەن، — ئۆمەر ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، يېگۈدەك بىرنېمە يوقمۇ؟

— ھە راست، سىزنى بۈگۈن كېلىدۇ دەپ، ھەربىي ئاشخانىدىن گۆشلۈك پولۇ ئاچىقىپ قويغان، — سارا دەرھال چەينەككە چاي سېلىپ، ئۈستىگە چايداندىن قايناق سۇ قۇيدى، — مەن سىزگە قېنىق چاي دەملەپ بېرەي.

سارا ئىككى كىشىلىك كارۋات ئۈستىگىلا تالىما داستىخاننى سېلىپ، لېگەندىكى پولۇنى ئەكەلدى. ئۆمەر گۆشنى نان ئۈستىدە توغراپ بولغۇچە، سارا يەنە تەرخەمەك، ئاچچىقسۇدا چۇچۇمەل خام سەي قىلىپ ئەكەلدى. ئېرىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلگەن سارا ھېلىدىن ـ ھېلىغا: «ئېلىڭ! قېنى ئالماسىز، گۆش بىلەن قوشۇپ يەڭ!» دەپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ قوشراپقا بېرىپ كەلگەن ئېرىدىن ئۆز يۇرتىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقاندەك، ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

— سىزگە بىر خۇش خەۋەر بار، — ئۆمەر خوتۇنىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قارىدى، — لو دەن ئىككىمىز قوشراپقا

كىرەر ـ كىرمەيلا، بىزنى بىرمۇنچە تونۇش تاغلىق ئورىۋالدى. ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتۇق. كىم يەتكۈزۈپ قويدىكىن، شۇ كېچىسىلا دادىڭىز، ئانىڭىز ۋە سىڭلىڭىز يېتىپ كەپتۇ. مەن بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم.

— ئۇلار سىز بىلەن ئۇرۇشمىغاندۇ؟

— ئۆز ۋاقتىدا ئەجەب توغرا مۆلچەرلەپتىكەنمىز، — دېدى ئۆمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا مەن بىللە كەتمىگەن بولسىڭىز، ئۇلار مېنى بوش قويۇۋەتمەيدىكەن.

— ھە، نېمە دېيىشتىڭلار؟ ئۇلار نېمە دېدى؟

— دادىڭىز: «نىكاھ ئوقۇتتىڭلارمۇ، توي قىلدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

— چوڭ توي قىلدۇق دېگەنسىز؟

— دېمەمتىكى.

— ھەي ئۆمەر، — سارا تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قارىدى، — ماۋۇ ئىشنى دېمىگەنسىز؟

— ئانىڭىز ئۆزى سورىغان تۇرسا؟

— ئەسكى، ئەسكى، بەك ئەسكىنسىز، — سارا ئەركىلەپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇردى، — ئۇلار ئاران تۇرۇپتىكەن دەپ قالغاندۇ؟

— نەدىكىنى، ھەممىسى مۇبارەك بولسۇن دەپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. مەن: «بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىللە كېلىمىز» دېۋىدىم، ئۇلار: «رەھمەت، رەھمەت...» دەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

— بەكمۇ ئوبدان بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقى يېنىپتۇ، ئەمدى دادام، ئانام، ئاكا ـ سىڭىللىرىمنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم! — سارا ئۆمەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيۈپلا كەتتى، — سىز بەكمۇ ياخشى، ناھايىتى ياخشى يىگىت... باتۇر يىگىت...

ئۆمەر قوشراپتا بىر يېرىم يىل تۇرۇش جەريانىدا تاجىكچىنى خېلىلا بىلىپ قالغانىدى، شۇڭا سارانىڭ تاجىكچە

مەدھىيەلىرىنى چۈشەنگەچكە، ئۇمۇ تاجىكچە: «سىزمۇ بەك ياخشى» دەپ قىزنى خۇشال قىلىۋەتتى.

ئۆمەر بىلەن سارا بىر - بىرىنى ماختىشىپ، مەدھىيەلىشىپ تاتلىق سۆھبەتتە بولۇۋاتقاندا، خۇڭ يادۇڭ، ۋاڭ گولىن، جاڭ لياڭلارنىڭ سۆھبىتىمۇ قىزىپ، گەپ تازىمۇ مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار «ئەسكەرلەر تەمىناتى» شوئارى ئاستىدا كۆتۈرمەكچى بولغان قوزغىلاڭنى قانداق باشلاش ھەققىدە خېلى تالاش - تارتىش قىلىشتى، «قوشراپ تاغلىرىدا مانېۋىر ئۆتكۈزۈش» باھانىسى بىلەن قوماندانلىق ئىشتابىدىكى ئاساسلىق ئادەملەرنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ بىرىپ قولغا ئېلىش، ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم باشلاش توغرىسىدا، ھۇجۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە شەكىللىرى ئۈستىدە پىلان تۈزۈشتى. خۇڭ يادۇڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا: «لۇ كۇنجۇڭ روتىسى بىلەن قوشراپتىكى جاڭ لياڭنىڭ روتىسى — ئىككى روتا، يەنى تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر مانېۋىرغا قاتنىشىدۇ» دەپ دوكلات قىلماقچى بولدى. لېكىن، لۇ كۇنجۇڭنىڭ روتىسىدىكى كوماندىرلار بىلەن ئەسكەرلەر ئەيمەنگۈدەك بىرەر ئادەمنى روتا كوماندىرلىقىغا قويمىسا، ئۇلارنى كېيىنكى كىرگۈزمەك تەسكە چۈشەتتى. بۇ ھەقتە خۇڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ روتا كوماندىرلىرى ۋە ئۆستۈرگىلى بولىدىغان ئىزۋوت كوماندىرلىرىنى بىر قېتىم تاسقاپ چىقتى.

— يەتتىنچى پولكتىكى روتا كوماندىرلىرىنى سىلەر دەڭسەپ كۆرۈڭلار، — دېدى خۇڭ يادۇڭ بارماقلىرىنى پۈكۈپ، — بىرىنچى، ئۇيغۇرلار روتىسى، كوماندىرى ئابدۇراخمان؛ ئىككىنچى، تۇڭگانلار روتىسى، كوماندىرى ماۋ يىلۇڭ؛ ئۈچىنچى، خەنزۇلار روتىسى، كوماندىرى جاڭ لياڭ؛ تۆتىنچى، خەنزۇ، موڭغۇل، شىبەلەر ئارىلاشما روتىسى، كوماندىرى شىلەن؛ بەشىنچى، خەنزۇلار روتىسى، كوماندىرى تيەن دالىڭ.

— مەنچە، تيەن دالىڭنى لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئورنىغا قويۇش

كىرەك، — دېدى جاك لياڭ كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇنىڭدىن كوماندىر ـ جەڭچىلەرلا ئەمەس، قوماندانلىق ئىشتابى رەھبەرلىرىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ.

— توغرا، ئۇ سۆزى بار يىگىت، — ۋاڭ گولىن باش لىڭشىتتى، — چاغاندا بىزنىڭكىگە چاغانلاپ كەلگەندىلا، مەن ئۇنى خېلى تورى بار يىگىت ئىكەن دەپ ئويلىغان.

— ئەمىسە، ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى قويساق بولار؟

— مېنىڭ روتامدىكى ئىككىنچى ئىزۋوت كوماندىرى ۋاڭ زۇڭيۈەننى ئۆستۈرۈپ، ئۇ ئورۇنغا قويساق، پىكرىڭىز چىقماس؟ — كۈلۈپ سورىدى جاك لياڭ، — مەنچە، ئۇ روتىنى ئۇ چوقۇم باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

— بىر ئىش بېشىمنى سەل قاتۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى خۇڭ يادۇڭ ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئوتلاپ، — لۇ كۈنجۈڭنىڭ روتىسىدىكى ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن لى جۈڭيىڭ، دۇ شىڭسەنلەر بىرەر ئىش چىقىرىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. لۇ كۈنجۈڭ قاچقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۆزلىرى جىمىغۇرلىشىپ قېلىشتى.

— ئۇلار ھازىرچە ھېچنېمىنى بىلەلمىدى، — جاك لياڭ كۈلدى، — «لۇ كۈنجۈڭ ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ قان قەرزىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى» دېگەن سۆز گارنىزون ئىچىدە تارقىلىپ كەتتى، ھەممىنىڭ ئاغزىدا ھازىر شۇ گەپ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنى ئورنىدىن قالدۇرساق، ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسىگەن بولىمىز. شۇڭا، ئۇلارغا تەگمەيلى.

— لۇ كۈنجۈڭنىڭ روتىسىدا ياغاق يۈز، بىر كۆزى جىرتاق بىر ئودلىنىيە كوماندىرى بار، — دېدى ۋاڭ گولىن يىرگەنگەن قىياپەتتە، — كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمايدۇ. ئەجەب ھاكاۋۇر، مەمەدان بىرنېمىغۇ ئۇ.

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز جۈڭ شۆلياڭ، — خۇڭ يادۇڭ بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇمۇ لۇ كۈنجۈڭ تەربىيەلىگەن

ئىتلارنىڭ بىرى.

— ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەر دېگەن بالىنى قويساڭلار بولمامدۇ؟

— ئۆمەر ھەرقانداق ئەمەلنى رەت قىلىپ كەلدى. بولمىسا يېشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا قارىماي بۇ چاغقىچە ئىززۇوت كوماندىرى بولغان بولاتتى.

— بۇنداق كىتابقا ھېرىسمەن، ئىلمىي بالىلارنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن ئانچە خۇشى بولمايدۇ، — دېدى جاڭ لىياڭ، — ئەمەل بەرگەن بىلەنمۇ ئەمەلنى قاملاشتۇرۇپ تۇتالمايدۇ. ئۇلارنى ھەربىي ئىشلاردىكى سۆھبەت، سۇلھى، مۇنازىرە، كېلىشىم دېگەندەك ئىلمىي ئىشلارغا سالغىلى بولىدۇ. ئۇنداقلار دۈشمەندىن: «نەرىڭگە ئاتسام ئاغرىمايدۇ؟» دەپ سوراشتىن يانمايدۇ.

ھەممىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى. قىزىق ئىش، خۇڭ يادۇڭ گەرچە پولكوۋنىك بولسىمۇ، ھەممىلا ئىشتا قول ئاستىدىكى روتا كوماندىرى جاڭ لياڭنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، شۇنىڭ كۆرسەتكەن پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، جاڭ لياڭنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئىچىدىكى ھۆرمەت ـ تەۋسىيى ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ روتىسىدىكى خېلى كۆپ خەنزۇ كوماندىر ـ جەڭچىلەر گەرچە كېيىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلاتتى؛ ئۇيغۇر، خۇيزۇ، شىبە، موڭغۇل قاتارلىق مىللىي ئەسكەرلەردىن ھال ـ ئەھۋال سورايتتى؛ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئائىلە، ئاتا ـ ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تېگىشلىك ياردەملەرنى بېرەتتى، ھەتتا كېسەل بولۇپ قالغانلىرىنى يۇدۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراتتى. بۇ ئىش كېيىنچە ھەققىي گومىنداڭچەرەسلەرنى گۇمانغا سېلىپ قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خۇڭ يادۇڭنىڭ قەھرىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالمىغاندى.

— ئەگەر مەن قوشراپقا كېتىپ قالسام، بۇ يەردە قالغان تۆت

روتا كوماندىرىغا ئەمەلىي ئىشنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ، يوق؟ — خۇڭ يادۇڭ جاڭ لياڭغا قارىدى، — ئەگەر ئۇلار خەۋەرسىز قالسا، قوشراپتىن شەھەرگە بېسىپ كىرسەك، بىزگە قانداق ماسلىشىدۇ؟

— روتا كوماندىرلىرىڭىز ئىشەنچلىكمۇ، يوق؟

— سىنالغان ئەزىمەتلەر.

— ئۇنداقتا بولىدىكەن، لېكىن تەۋەككۇل قىلىدىغان ئىش ئەمەس بۇ.

— شۇنداقتىمۇ، جاڭ لياڭنى مەشەدە قالدۇرۇپ قويۇڭ! — ۋاڭ گولىن تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — ئۇ تۆت روتىنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە تۇرسۇن. چۈنكى، بۇ پىلانىڭ باش - ئاخىرىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ.

— قانداق بولار؟ — خۇڭ يادۇڭ جاڭ لياڭغا قارىدى، — قوشراپتىكى روتاڭ گاڭگىراپ قالارمۇ؟

— ياق، — جاڭ لياڭ ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى، — ئورۇنباسار روتا كوماندىرى ياڭ دۇڭ ئەقىللىك، چەبدەس ھەم پىلانچى يىگىت، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋال توغرۇلۇق خەت يېزىپ بەرسەم بولىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشلاردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار.

— خەۋىرى بار؟ بۇ قانداق گەپ؟

— سىز مېنى چاقىرتىپ ئىككى ئادەم ئەۋەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە ئېھتىماللىقنى ئېيتىپ قويغانىدىم.

— مېنىڭ مۇشۇنداق قىلارىمنى ئالدىن بىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ياق، سىزگە كېلىۋاتقان خورلۇق، بېسىم، خەۋپلەرنى كۆرۈپ، «ئاخىر بىر كۈنى يولىنى تاپىدۇغۇ» دەپ پەرەز قىلغانىدىم، پەرىزىم ئەمدى ئىسپاتلاندى.

— سىز... — خۇڭ يادۇڭ جاڭ لياڭنىڭ كۆزىگە بىرھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى، — ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ۋە خەۋپلىك

كوماندىر ئىكەنسىز...

لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئورنىغا تيەن دالىڭنىڭ قويۇلغانلىقىدىن ئىككىنچى روتىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خۇشال بولۇشتى. چۈنكى، تيەن دالىڭ قورقماس، جۈرئەتلىك، تەۋەككۈلچى بولغىنى بىلەن، لۇ كۇنجۇڭدەك ياۋۇز ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئادەتتە «تيەن خېيما»(تيەن قارا ئات) دەپمۇ قويۇشاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ يۈزى، چېچى، قاش - كىرپىكلىرى قارا بولۇپ، چىشىلا ئاپپاق ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا «بەي يا» (ئاق چىش) دەپمۇ چاقچاق قىلىشاتتى. ئۇ ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى، كۆكرىكى كەڭ، پۇت - قوللىرى جۇۋاز ئوقىدەك چىڭ، گۆشمەستەك غولى بار، ھەقىقىي «ئاق چىش»لىق قارا ئارغىماق ئىدى. تيەن دالىڭ ئىككىنچى روتىغا كېلىشى بىلەن، لۇ كۇنجۇڭنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن، زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن، تىل - ئاھانىتىدىن جاق تويغان ئىمزۇوت كوماندىرلىرىدىن ۋاڭ جىڭگۇي، لى شۇۋ، جاڭ يىخەن ۋە باشقا ئودلىنىيە كوماندىرلىرى ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. لېكىن، لى چۈڭيىڭ، دۇشىڭسەندەك ئىمزۇوت كوماندىرلىرى، جۇڭ شۆلياڭدەك ئودلىنىكوملار، لۇ كۇنجۇڭنىڭ يۈندىسىنى ئىچىپ دەندەپ قالغان رېشىت، ئابدۇقادىر، نىزاملار بولسا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا غۇتۇلداپ، گەپ سېتىشىپ يۈردى.

خۇڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ قوزغىلاڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار روتا، ئىمزۇوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىنى ئايرىم چاقىرىپ سۆھبەتلەشتى، ئەسكەرلەرنىڭ رايىنى سىنىدى، ئىشەنچىسىز كوماندىرلارنى ئالماشتۇردى ھەمدە ئەڭ ئىشەنچلىك، كۆز قارىشى ئېنىق بولغان كوماندىرلارنى تاللاپ، سەككىز كىشىلىك «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كومىتېتى» قۇرۇپ چىقتى. ئۇلار بىر كۈنى كېچىدە يىغىلىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىشتى.

خوڭ يادوڭ قوشراپتا مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى دوكلاتنى قوماندانلىق ئىشتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى ياڭ لىدې ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ياڭ لىدې كېيىنكى قېتىملىق مۇنازىرىدىن كېيىن پەيلىدىن خېلىلا يانغاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ ھېلىقى باغاقچىدىن قورقۇپ كەتكەنىدى، كېچىلىرى ھەرگىز يالغۇز - يېرىم تالاغا چىقمايتتى. قىزىق يېرى، ئۇ خوڭ يادوڭ «مېنى بىر ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدى» دەپ بىلسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆچلۈك قىلاتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ پېتىنى بۇزمىغان ھالدا بىر قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، يەنە بىر قولىدا دېرىزە تەكچىسىدىكى تەشتەكلىك گۈلنىڭ سارغايغان ياپراقلىرىنى ئالغان بولۇپ، خۇددى ئۇنى مەنسىتمىگەندەك كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى گەرچە خوڭ يادوڭغا خورلۇقتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ھىم... قوشراپتا مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى دوكلاتىڭنى كۆردۈم، — ياڭ لىدې يەنىلا ئارقىسىغا قارىمىدى، — ئۇيغۇرلاردا «ئاشتىن كېيىن زاغرا، تويدىن كېيىن ناغرا» دېگەن بىر ماقالىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنى پىلانلىدىڭمۇ نېمە؟ تاشقورغان پارتىزانلىرى يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قانىتىدا، ئوپال، ئويتاغ، گەز دەرياسىنىڭ بويلىرىدا زور چىقىم تارتىپ ماغدۇرىدىن كەتتى. ئىلى ئوغرىلىرى بولسا ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ماناس دەرياسى بويىدىكى تاشلىق سايدا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ، ئەمدى مۇشۇنداق جىمجىت شارائىتتىمۇ مانېۋىر قىلغۇڭ كېلىپ قاپتۇغۇ سېنىڭ؟

— قوماندان، ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئۇنداق دەپ سەل قارىغىلىمۇ بولماس! — خوڭ يادوڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — بۇ قېتىم قوشراپ گازارمىسىنى سېلىش سىزنىڭ پىلانىڭىز بىلەن بولدى، پىلىموت روتىسىنى شەيدۇللادىن يۆتكىمەسلىكمۇ

سىزنىڭ يىراقنى نەزەردە تۇتقانلىقىڭىزدىن چىقىرىلغان قارار. جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ كېيىن قانداق بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزدە قالدۇرغان جاراھەتلىرى تېخى ساقايغىنى يوق.

— بولدى، بولدى، ماڭا خەلقئارا ۋەزىيەتتىن دەرس ئۆتمەيلا قوي. زادى نېمە ئۈچۈن مانېۋىر ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ قالدىڭ؟

خۇڭ يادۇڭ ئۆزىنى توختاتقان ھالدا ئالدىرىماي سۆزلىدى. ئارىتاش، كاچۇڭ، تۇمشۇقساراي، چىمدۇ، قوشراپلاردا بولغان قوغلاشما جەڭلەردە ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆپ بولۇپ، كۆپ قېتىملاپ مەغلۇپ بولۇش قوشۇننى ھالسىزلاندۇرۇپ قويىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەرنىڭ تاغ تۇرادا جەڭ قىلىشقا ماھىر بولمىغانلىقىدىن، شارائىتقا كۆنەلمىگەنلىكىدىن، جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلىقىدىن بولدى. شۇڭا، قوشۇننىڭ تاغ تۇرادا جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئاشۇرماي تۇرۇپ، كېيىن كۆرۈلىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

خۇڭ يادۇڭ خوتۇنىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ۋەزىيەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگەندەك ئاماللارنى قوللىنىپ، تەييارلىۋالغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى. لېكىن، بۇ گەپلەر ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چالغاندەك، ياڭ لىدېغا تەسىر كۆرسەتمىدى. ئۇ خىيالىي مېڭىپ يۈرۈپ، قولىدىكى كىچىككىنە ناسۇسلۇق سۇ پۈركۈگۈچتە گۈللەرگە سۇ سېپىۋاتاتتى.

— بۇنداق قىلىشنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئابايا مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ؟ — ياڭ لىدې بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇڭ يادۇڭغا لەپپىدە قاراپ قويىدى، — بىرىنچىدىن، ئىسھاقبېك 1943 - يىلىلا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق پارتىزاننى ئېلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ، قىرغىزىستان ئارقىلىق بېرىپ ئىلى

ئوغرىلىرىغا قېتىلىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، تاشقورغان پارتىزانلىرى «ئون بىر ماددىلىق بىتىم»دىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، ستالىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىلى ئوغرىلىرىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار ئۇ يەردە تاشلىق سايدا ياتىدۇ. ئەمدىلىكتە پەقەت تازىنىڭ بېشىدىكى شالاڭ چاچتەك ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە قېلىپ قالغان پارتىزانلارلا خۇددى «زېرىككەن تاز كۆۋرۈك بېشىدا ئات ئوركوتوپتو» دېگەندەك، بەزى تەلۋىلىكلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق پاكىتلارنى سۆزلەپ كەلسەم، تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ جۇمۇ، خوڭ بۇرادەر.

— يېقىندىن بېرى جاي - جايلاردا ئۇيۇشۇۋاتقان پارتىزانلار توپ - توپ ئاچ بۆرىدەك بىزنىڭ تاغ تورالاردىكى نۇقتىلىق قاراۋۇل زاستاۋلىرىمىزغا، كۆزىتىش پونكىتلىرىمىزغا، پوتەيلىرىمىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن قوراللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى، ئۇلار كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. ئۇلارغا سەل قاراش ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى بىخۇدلۇق بولارمىكىن؟

— مەنمۇ ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ قاپ يۈرەكلىك بىلەن يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈشى، — ياڭ لىدې بېلىنى رۇسلاپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى، — يەنىلا ئىچكىرىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھەربىي ئىچىدىكى كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئەستايىدىل قارايدىغان ياڭ لىدې «ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى بىخۇدلۇق...» دېگەن سۆزدىن چۆچۈدى بولغاي، خېلىلا يۇمشاپ قالدى. شۇڭا، خوڭ يادۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنى دەرھال قوللىدى:

— راست دېيسىز، ياڭ قوماندان، كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبىسى تەرەپ - تەرەپتە ئىستىخىيەلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا مەدەت بولدى.

— مانېۋىرنى چوقۇم قوشراپتا قىلىش ھاجەتمىدى؟ — ياڭ

لىدى ئاخىر ئىزغا چۈشتى.

— بىرىنچىدىن، قوشراپتا بىر روتا ئەسكىرىمىز ئالدىنقى قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىن تيەن دالىڭنىڭ روتىسىنى ئېلىپ بارساق، تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر تاغ تۇرانىڭ ئېپى - جېپىنى ئېلىۋالسا، ۋاقتى كەلگەندە تۆت پولكقىمۇ تېتىيالايدۇ. ئىككىنچىدىن، قوشراپ — غۇلجا، تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، قەشقەرلەرگە يۈرۈش قىلغىلى بولىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن!

خۇڭ يادۇڭ ئەسكەرلەرگە قوشراپتا مانېۋىر ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان كۈنى كەچتە قارا بوراندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن دۇ شىڭسەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىپ كەلدى. ئۇ هاراق ئىچكەن بولۇپ، پەيلى ياماندەك قىلاتتى. شۇڭا، خۇڭ يادۇڭ ئۇستەلدىكى ماتېرىياللارنى تارتمىغا سالغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى يان قورالىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېچىپ قويدى، شۇنداقلا تارتما ئاغزىمۇ يان قورالنىڭ دەستىسى كۆرۈنگۈدەك يېرىم ئوچۇق قويۇلدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ! بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟

— قېنى ئېيت، لۇ كۇنجۇڭنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ، يوق؟

— نېمە؟ — ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتكەن خۇڭ يادۇڭ سەنلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئاغزىڭنى يىغ، ئەبلەخ! ماڭا قارا چاپلايدىغان بولساڭ، ئېتىپ تاشلايمەن.

— لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى مېنىمۇ ئۆلتۈر! — دۇ شىڭسەننىڭ ئاق سېرىق چىرايى ئۆپكىدەك هال رەڭ تۇسكە كىرگەنىدى، — لۇ كۇنجۇڭنىڭ سېنى ئۆزىنى كوممۇنىستلارنىڭ قويىنىغا ئېتىشتىن بۇرۇن چوقۇم بىر هەرىكەت باشلايدۇ، دېگىنى راست ئىكەن. سەن قوشراپتا مانېۋىر قىلمايسەن، بەلكى قوزغىلاڭ كۆتۈرىسەن.

— نېمە ئىسپاتىڭ بار؟ قېنى چىقار! قوزغىلاڭ دېگەن مۇشۇ سۆز ئەسكەرلەر ياكى باشلىقلار ئارىسىدا تەكرار ئېغىزغا

ئېلىنىپ قالسا، مەن سېنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىسەڭ، سېنى قانداق جازا كۈتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— لۇ كۇنجۇڭنى زادى كىم ئاتتى؟ — دۇ شىڭسەن سەنتۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇستەلگە تايىنىۋالدى، — ئەگەر دېمەيدىغان بولساڭ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى» نامىدىكى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولغان خوتۇنۇڭ بىلەن سېنى ئەتىلا ئاتتۇرۇۋېتىمەن.

— ئۇ ئوتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ ھەم بۇرۇنقىلىرىنىڭ قان قىساسىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى، ھەتتا قورقىنىدىن ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدى، نەگە كەتكىنىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— يالغان!

— ئىشەنمىسەڭ، شۇ كۈنى قاراۋۇلدا تۇرغانلاردىن سورا! ئۇلار لۇ كۇنجۇڭنىڭ كۆن چامادانىنى كۆتۈرۈپ قاياققا ماڭغانلىقىنى ساڭا دەپ بېرىدۇ.

— ئۇنداقتا، «قوزغىلاڭ»نىڭ گېپى چىقسا نېمانچە چۆچۈپ كېتىسەن؟ ئىشقىلىپ، سەن كوممۇنىستلارغا سېتىلغان ساتقۇن. بۇ ھەقتە لۇ كۇنجۇڭ ماڭا كۆپ گەپ قىلىپ بەرگەن.

— لۇ كۇنجۇڭمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا بىر تەلۋە!

— ساتقۇن مەنلىمىكىن دەپ قالما، — دۇ شىڭسەننىڭ كەيپى ئاچچىقلىغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى، — خوتۇنۇڭمۇ كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، ھەر ئىككىڭ كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ غالچىسى!

— غوجايىنىڭ لۇ كۇنجۇڭ ساڭا قىزىق ھېكايىلەرنى توقۇپ بېرىپتىكەن - ھە؟ — خۇڭ يادۇڭ گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، تىزلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى ئۆزىگە مەلۇم بولدى، — قېنى دېگىنە، ماڭا ئېيتىپ بېرىدىغان يەنە قانداق چۆچەكلىرىڭ بار؟

— ئاڭلىساڭ، ئىشتانغا چىقىر بۆپتەرسەنمىكىن؟
— خاتىرجەم بول، كۆتۈمنىڭ پەجمى سىنىڭكىگە ئوخشاش بوش ئەمەس، — دۇ شىگىسەنىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنىڭ خىلىلا ئاساسى بارلىقىدىن چۆچۈگەن خۇڭ يادۇڭ ئۇنى ئاچچىقلىتىپ گەپ ئالماقچى بولدى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— كۆتىنىڭ پەجمى بوش ئادەمنىڭ ئاغزىمۇ بوش بولىدۇ.
— ئاغزىمنىڭ بوشلۇقىنى نەدىن بىلىسەن؟
— غوجاينىڭ لۇ كۇنجۇڭنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىماي، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دەپ بەرگەن تۇرساڭ، بۇ ئاغزىڭنىڭمۇ، كۆتۈڭنىڭمۇ پەجمىنىڭ بوشلۇقى بولماي نېمە؟
— ھەي خۇڭ يادۇڭ دېگەن ساتقۇن! — ۋارقىرىدى دۇ شىگىسەن، — خوتۇنۇڭنىڭ ئىشىنى ئىنىقلىغان مانا مەن! ئۇقتۇڭمۇ؟ بىراق، لۇ كۇنجۇڭ ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ بولغۇچە، سەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتىڭ.
— ھەي، مەن ساڭا نېمە دېسەم ئىشىنىسەن؟ لۇ كۇنجۇڭنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى شۇ كۇنكى قاراۋۇللاردىن سورا دېدىمغۇ؟!
دۇ شىگىسەن سوۋۇپ قالغان بىر ئىستاكان چاينى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، «ئۇھ» دېگىنىچە تېلىقىپقىنا ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتقان پېتى ئارقىسىغا قايرىلدى ـ دە، بىگىز قولىنى خۇڭ يادۇڭغا جونۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— خەپ توختاپ تۇر! سەن خۇڭ يادۇڭنىڭ، خوتۇنۇڭ ۋاڭ سەنەڭنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئەتىلا جازالاش ئەترىتىگە بېرىپ مەلۇم قىلىمەن. قوشراپتا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى ئىكەنلىكىڭنى ھەممىگە ياييمەن. شۇ چاغدا ئۆزۈڭنى جەھەننەمدە كۆرمىسەڭ، مانا مېنى ئىزدە!...
خۇڭ يادۇڭ ئۇستەلگە ئېگىشكەن بولۇپ، تارتمىغا قولىنى

تىقتى ـ دە، تاپانچىسىنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ سىقىمداپ، بىگىز بارمىقىنى تەپكىگە ئاپاردى. دۇ شىڭسەننىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلىرى بار ئىكەن ـ دە!

گومىنداڭ دائىرىلىرى هازىرقى يار ئېلىشقا ئارانلا تۇرغان دەريا سۈيىدەك ۋەزىيەتتە كوممۇنىست دەپ مەلۇم قىلىنغان ئادەملەرنى ئېنىقلىمايلا، مەلۇماتنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا تۇرمىگە تاشلاپ قىيناقتا ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. دۇ شىڭسەننىڭ بۇ ئەھۋاللارنى ھېچكىمگە دېمىگەنلىكى ئابايىقى سۆزلىرىدىن ئايان بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنى ھازىرلا جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويغان تۈزۈك. بۇ بالا ـ قازانى يوق قىلماي بولمايدۇ. «لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئادەملىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىۋاتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىن قورقۇپ ئولتۇرسا، پاجىئە يۈز بېرىدۇ ھەم ئۇ كېيىن بىھۇدە تۆكۈلىدىغان قانلارنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالىدۇ. پەيتنى كەتكۈزۈۋېتىش جاننى قولدىن بېرىپ قويۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

خۇڭ يادۇڭ تاپانچىسىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ قارىغا ئالدى... تەپكىنى باستى... بىراق تاپانچا ئېتىلمىدى... دۇ شىڭسەن ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقىپلا، چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، پېشانە، بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى، ھاراقنىڭ دەسلەپكى كەيپى بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى، لېكىن ئۇنچىۋالا ئېغىر بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا ھاراقنىڭ كەيپى بار ئىدى. شۇ كەيپچىلىك ئىلكىدە ئۇ گارنىزوننىڭ دەرۋازىسى يېقىنىدىكى قاراۋۇلخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ لۇ كۇنجۇڭنىڭ كۆن چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، قاياققا قاراپ ماڭغانلىقىنى قاراۋۇللاردىن ئېنىقلاپ باقماقچى ئىدى. ئۇ گارنىزون دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كەلمەي تۇرۇپلا، ئۇزۇن قارا پىلاش، قارا شىلەپە كىيىپ، ئېغىز ـ بۇرنىنى قارا لاتا بىلەن يۆگىۋالغان بىر ئادەم ئىتتىك

كەلگىنىچە ئۇنىڭ مۇرىسىگە سوقۇلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاچچىقىغا پايلىماي كېلىۋاتقان دۇ شىگسەن ئۇنى كېلىشتۇرۇپ بىر تىللىماقچى بولۇپ قايرىلدى ـ يۇ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى. ھېلىقى ئۈستىبېشى قاپقارا ئادەم قاراڭغۇ كېچىدىمۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، تەن شۇركۇنگۇدەك دەرىجىدە سۇرلۇك ئىدى. ئۇ ئاغزىدىكى لاتىلار ئارىسىدىن چىقىرىپ: «سەن دۇ شىگسەنمۇ؟» دەپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى. دۇ شىگسەن قورققىنىدىن «مە... مە... مەن» دەپ گاچىلىشىپ كەتتى. ھېلىقى سىلىق، قورقۇنچلۇق قارا كۆلەڭگە قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقان دۇ شىگسەن ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېلىقى «ئالۋاستى» يوقاپ كەتكەن دەرەخلىك ئىچىگە قارىدى ـ دە، قورققىنىدىن تۈكلۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتتى. ئۇ بىردىنلا يەردە تۇرغان ئاپپاق بىرنەرسىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى قولىغا ئالدى. تۆت قاتلانغان بۇ قەغەزنى ئابايىقى قارا ئالۋاستىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگەن دۇ شىگسەن دەرھال گارنىزون دەرۋازىسىدىن چىقىپ، يوغان، قوچاق يەتكۈسىز بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. ئۇ سەرەڭگە چېقىپ ئۇنىڭ يورۇقىدا باغاقچىدىكى «خۇڭ يادۇڭ قوشراپتا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى، دەرھال لۇ كۇنجۇڭغا خەۋەر قىل! ئۇ سېنى سېپىل ئارقىسىدىكى ئۆرۈكلۈكتە ساقلاۋاتىدۇ...» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغۇدەك بولۇپ، ھاسىراپ كەتتى.

بۇ زادى كىمدۇ؟ دۇ شىگسەن دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنى ئەنسىز بىر خىيال چىرمىۋېلىپ، گاڭگىراپلا قالغانىدى. ئۇ قارا كىيىملىك ئۆزى نېمە ئۈچۈن لۇ كۇنجۇڭ بىلەن كۆرۈشمەيدۇ؟ بۇ خۇڭ يادۇڭنىڭ قىلتىقىمۇيا؟ مۇمكىن ئەمەس، زادى مۇمكىن ئەمەس، دۇ شىگسەن قوزغىلاڭ دېگەن

گەپنى تېخى ھازىرلا ئاغزىدىن چىقىرىپ، خوڭ يادوڭنى ئالاقزەدە قىلىۋەتكەن تۇرسا ! ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ بولغۇچە ئۇ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى قانداق قىلالايدۇ؟ بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا بىرەر كۈن ۋاقىت كېرەكقۇ ! ئۇ قارا كىيىملىك چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ مەخپىي خادىمى، مەخپىي خادىملار ئاسانلىقچە ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، ئابايىقىدەك نىقابلىنىپ ياكى شەرتلىك بەلگىلەر، ئارىغا قويۇلغان ۋاسىتىلىك ئادەملەر ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، لۇ كۈنجۈڭنىڭ ۋاقىتىنچە قېچىپ كەتكىنى راست ئىكەن ـ دە !

يەكەن ئاسمىنىنى پارچە ـ پارچە قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، بارغانسېرى تولۇۋاتقان ئاي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە يوقاپ كېتەتتى. كۈندۈزلىرى ئادەم دولىسى كۆيگۈدەك ئىسسىق ھەم تىنچىق بولغىنى بىلەن، كېچىلىرى ھاۋا سالقىن بولۇپ قالاتتى. تېخى يەكەن دەرياسىدىن ئۇرغان سەلكىن شامال تەنلەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. ھەربىيچە چاپان، كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىسىنى تولۇق يېشىۋېتىپ كېتىۋاتقان دۇ شىڭسەن كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بىر توپ چوڭ ئۆرۈكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى. رەت ـ رەت كەتكەن ئۆرۈك قاتارلىرىنىڭ ئىچى ئاي يورۇقىدا گاھ يورۇيتتى، گاھ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالاتتى. شۇڭا، دۇ شىڭسەن ئۆرۈك غولىغا يۆلەنگەن ھالدا ئاسمانغا قارايتتى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىققان ھامان ئۇ ئۆرۈك قاتارلىرىنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىگە قەدەر كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك پىلىلداپ تۇرغان بىر ئوتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يەردە بىر ئادەم تاماكا چېكىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ سەل ئېگىشكەن سىياقى، كالتە پىلاش كىيىۋالغان تۇرقى لۇ كۈنجۈڭنىڭ ئۆزىلا ئىدى. دۇ شىڭسەننىڭ يۈرىكى شادلىقتىن سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. لۇ كۈنجۈڭنىڭ

يوقاپ كەتكەنىگە بىر ئاي بولماي تۇرۇپ، ئۇ غوجايىنىنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى.

— لۇ كومروت !...

دۇ شىڭسەن قارا كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاستا شىۋىرلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئادەم سەل مىدىرلىغاندەك قىلدى ـ دە، ئارقىسىغا قايرىلدى. دۇ شىڭسەنىنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ چەكچەيدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قارا پىلاش، قارا شىلەپە كىيىپ، قارا كۆزئەينەك تاقاپ، قارا لاتىدا ئېغىز ـ بۇرنىنى يۆگىۋالغان ئابايىقى «ئالۋاستى» تۇراتتى.

— سەن... سەن... سەن... زا... زا... دى... كى... كىم؟ — دۇ شىڭسەنىنىڭ چىشلىرى قورققىنىدىن كاسىلداپ كەتتى، — لۇ... لۇ... لۇ كومروت قېنى؟... سەن.. سەن ئەمەسمۇ؟

— مەن سەندەك مۇناپىقنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەزرائىل، — قارا نىقابلىق ئادەم لاتا ئارىسىدىن بايقىدەكلا پىچىرلىدى، — ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى» توغرۇلۇق ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ئادەم كىم؟ ئېيتە؟ ئەگەر ئېيتمىساڭ، ئىت جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

دۇ شىڭسەن تاپانچىنىڭ قاپقارا ئەجەل ئېغىزىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن چېكىنىدى ـ دە، شارتلا بۇرۇلۇپ قاچتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئېغىز ـ بۇرنى نىقابلانغان ئىككى ئادەم ئۇنى بىلەكلىرىدىن كاپلا قىلىپ تۇتىۋالدى. دۇ شىڭسەن سىلكىنىپ، بولجۇنۇپ باقتى ـ يۇ، ئامبۇردەك قىسىۋالغان ئۇ قوللاردىن ئاجرىيالمىدى.

— دېمىسەڭ، ئۆل ئەمىسە ! — قارا نىقابلىق تاپانچىسىنىڭ ئاچقۇچىنى قايرىۋېتىپ، دۇ شىڭسەنىنىڭ چېكىسىگە قادىدى، — سىلەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنى سەل چەتكە ئېلىڭلار، لېكىن ئۇنى قويۇۋەتمەڭلار.

دۆ شىگىسەنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى نىقابلىق ئادەم خۇددى ئوق تېگىپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ئۈزلىرىنى سەللا چەتكە ئېلىۋىدى، دۆ شىگىسەن غەلىتىلا ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىۋەتتى:
— مەن... مەن... ئېيتاي... مېنى... مېنى... ئاتمىساڭلار... ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەخپىي يەر ئاستى تەشكىلات ئىكەنلىكىنى...
— ھە، قېنى ئېيتە! ئېيتامسەن ياكى مۇشۇ كېچىدە سېپىل ئاستىغا كۆمۈلۈپ، لۇ كۇنجۇڭدەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلامسەن؟
— يا... ياق... مەن... ئېيتاي... مەن ئېيتاي! — دۆ شىگىسەن تىترەپ ئورنىدا تۇرالمايۋاتاتتى، — ئۇ... ئۇ... ۋاڭ جىئەن...
— ۋاڭ جىئەن دېگەن كىم ئۇ؟
— ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى... ئۇنى لۇ كۇنجۇڭ نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالغان.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشىسەن؟
— مەن تونۇشمايمەن. لۇ كۇنجۇڭ مېنى خۇڭ يادۇڭنىڭ خوتۇنى ۋاڭ گۇلىننى «چۈشىنىپ» كەل دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى.
— ۋاڭ جىئەن بىلەن بىۋاستە تونۇشمىساڭ، ئۇ ساڭا مۇشۇنداق مۇھىم مەخپىي خەۋەرنى ئېيتىپ بېرەمدۇ؟
— لۇ كۇنجۇڭ ماڭا تونۇشۇش مەخپىي پارولىنى دەپ بەرگەن.
— قانداق پارول ئۇ؟ ئېنىق، توغرا دېمىسەڭ، مەندىن زادىلا قۇتۇلالمايسەن!
— راست، بۇ ئادەم، — دېدى ئارقىدىكى نىقابلىقلاردىن بىرى، — ھەرقانداق چاغدا ئەجەلدەك تېز كېلىپ، قۇيۇندەك تېز يوقايدۇ!
دۆ شىگىسەنىنىڭ كۆز ئالدىغا گارنىزوندا كۆز يۇمۇپ -

ئـاچقۇچە پـەيدا بولۇپ يـوقاپ كـەتكـەن ھېلـىقى قارا نـىقابلـىق ئالۋاستى كەلدى. ئۇ يەنە خىرقىراپ يىغلاپ سالدى.

— پـا... پـارول... مـۇنـداق، — دۇ شـىڭـسـەن بـىـردەم تۇرۇۋالدى، — سوئال ـ جاۋاب تەرتىپىدە بولىدۇ.

— قېنى، چاپسان ئېيت!

— بۇ يەرلەردە كىرپە بارمۇ؟

— نېمە قىلىسىز؟

— ئاڭلىسام گۆشى تۇغماس خوتۇنغا دورا ئىمىش.

— ئايالىڭىز تۇغماسمىدى؟

— شۇنداق.

— بولىدۇ، مېنىڭ تاغامنىڭ بېغىدا بار...

قارا نىقابلىق ئادەم «ياخشى!» دەپ بىرلا ۋارقىرىۋىدى، دۇ شىڭسەننى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى نىقابلىق ئادەم ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلا خەنجەر ئۇردى. «ھىق»لا قىلىپ، ئېڭىكى مەيدىسىگە تىرىلىپ قالغان دۇ شىڭسەن ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، يەرگە پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلار دۇ شىڭسەننىڭ تېخى سوۋۇشقا ئۈلگۈرمىگەن جەسىتىگە ئىت تاپىغا يىرگىنىپ قارىغاندەك بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن يۈزلىرىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. سۇرلۇك قارا نىقابلىق ئادەم جاڭ لياڭ بولۇپ، قالغان ئىككىسى ئابدۇرۇسۇل بىلەن لو دەن ئىدى.

— ئۇنى دەرھال سىپىل تۈۋىگە ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىڭلار! — دېدى جاڭ لياڭ قارا كۆزئەينىكىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — كۆمۈپ بولۇپ ئۈستىنى دەسسەپ، تۈزلەپ، ئوت ـ خەس چېچىۋېتىڭلار، ئاندىن گازارمىغا ئايرىم ـ ئايرىم كىرىڭلار! ھە، ئۆمەر قېنى؟

— ئۇ سىپىل تۈۋىنى كولاۋاتىدۇ.

— ماڭغان ئىزلارنى شاخ سۆرەپ ئۆچۈرۈپ، قان داغلىرىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىپ، بۇ ئەتراپقا ئادەم كەلمىگەندەك

قىلىۋېتىڭلار ! — دېدى جاك لياك كېتىۋېتىپ، — مەن دەرھال قايتىمىسام بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ ! — ۋارقىرىدى ئابدۇرۇسۇل لو دەن بىلەن جەسەتنى سۆرەپ كېتىۋېتىپ، — ئۇنى كۆمگەن جاينى قورت - قوڭغۇز، ئۇچار قۇشلارمۇ بىلەلمىگۇدەك قىلىۋېتىمىز.

جاك لياك يوغان - يوغان قەدەم ئېلىپ گازارمىغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى. ئۇ قاراۋۇلخانىغا كىرىپ، قاراۋۇللارغا ئالدىراش - تېنەش نېمىلەرنىدۇر دېگەندىن كېيىن، ئۇدۇل خوڭ يادۇڭنىڭ ئۆيى ئالدىغا باردى - دە، ئىشىكنى قاقتى. خوددى بوسۇغىدىلا پوستتا تۇرغاندەك ئىشىك شۇ ھامان ئېچىلىپ، خوڭ يادۇڭ كۆرۈندى ۋە ئۇ جاك لياڭنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۆيدە ۋاڭ گولىنمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇچەيلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى گۇپپىلا قىلىپ ياپتى - دە، كارىۋاتتا ۋە يۆلەنمە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭلا چىرايلىرى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىمۇ بىسەرەمجان پىلدىرلايتتى.

— جاك لياك، جاك لياك، ھەي جاك لياك... ئىش بۇزۇلدى ! بىلەمسىز، ئىش بۇزۇلدى... — خوڭ يادۇڭ يوتىلىرىغا شاپىلاقلاپ كەتتى، — ئەمدى بىز ئەمەس، ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان بولدى.

— تېخى كۆرمەمسىز، دۇ شىڭسەن دېگەن ئىت، — ۋاڭ گولىن يىغلاپ سالدى، — مېنىڭ ئىشلىرىمنىمۇ ئېنىقلاپتۇ. ئۇ «گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپا»مىزنىڭ تېگى - تەكتىنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ؟ ئەمدى خېلى كۆپ مۇئەللىمىنىڭ كاللىسى كېتىدىغان بولدى.

خوڭ يادۇڭ بۈگۈن كەچ دۇ شىڭسەن بىلەن بولغان «ئېلىشىش»نى جاك لياڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— قارىمامسىز، «ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ» دېگەندەك، تاپانچىنىڭ پىستان چاقمىغىنىنى ! ئۆيدىكى

تاپانچىنى ئاچىقسام، دۇ شىڭسەن دېگەن ئۇ غالجىر ئىت ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي، ئەڭ بولمىسا ئايالىمغۇ قۇتۇلۇپ قالار دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم. شۇڭا، سىزنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

— مېنى نېمىشقا ئىزدىگەن؟

— ئايالىم بىلەن ئىككىمىز قاچايلى دېگەن.

— مۇنداق دەڭلار ! شۇڭا، بۇ نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويۇپسىلەر - دە؟ — جاڭ لياڭ يەردىكى سومكا، چامادانلارغا قاراپ ئاچچىققىنا كۈلدى، — سىلەر نېمانچە تېز ئۆزگىرىسىلەر؟

— ئەمىسە ئەتىكى ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتامدۇق؟ — دېدى ۋاڭ گولىن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇ ئاسمىي، مۇناپىق يادۇڭنىلا ئەمەس، مېنى ۋە مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىمۇ پۇراپ تېپىپتۇ. مۇئەللىملەرنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرگىنى زادى كىمدۇ؟

— ھەممە ئىش جايىدا. سىلەرنى ئەتە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ئادەم ھازىر بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى يەر تېگىدە پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتىدۇ. ئەمدى ئۇ ئۆلۈكتىن قورقۇپ يۈرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— بۇ زادى قانداق ئىش؟ — خۇڭ يادۇڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە جاڭ لياڭغا تىكىلدى، — ئۇ تېخى كەچتىلا مېنىڭ ئىشخانامدىن چىقىپ كەتكەن تۇرسا؟

قوشراپتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانلىنىپ بولغاندىن كېيىن خۇڭ يادۇڭنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرىگەن جاڭ لياڭ ئۆمەر، ئابدۇرۇسۇل، لو دەنلەرنى يوشۇرۇن ھالدا ئىشتاب بىناسىنى كۆزىتىشكە قويغانىدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز بۇككىدە دەرەخلەر ئارىسىدا تۇرۇپ بىناغا نۆۋەتلىشىپ قارايتتى. دۇ شىڭسەن، لى چۇڭيىڭ، جۇڭ شۆلياڭ، ئابدۇقادىر، رېشىت، نىزاملارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن جاڭ

لياڭ ئۇلارنىڭ خۇڭ يادۇڭغا چوقۇم قول سالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، دۇ شىگسەن مەست ھالدا ئىشتاب بىناسىغا كىرىپ كەتكەن ھامان ئۆمەر ئۆزى كۆرگەن بۇ ئەھۋالنى جاڭ لياڭغا يەتكۈزگەندى. ئۇ ئۇچقاندەك كېلىپ، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى يېنىدا تۇرۇپ دۇ شىگسەننىڭ: «قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى»، «خوتۇنۇڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ‹گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى› نامىدىكى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى»، «ئەتىلا ھەر ئىككىڭنى ئاتتۇرۇۋېتىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇڭا، ئۇنى كۆزدىن يوقاتمىسا، پۈتۈن پىلانىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ئىشخانىدىكى ئېلىشىشنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا، ئوقتەك ئېتىلىپ چىققانچە ئۆمەرنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا قىسقىلا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ بولۇپ، ياتىقىغا كىردى. ئۇ ئەڭ ئەپلىك، دۇ شىگسەن ئاسان ئىشىنىدىغان ئامالنى ئويلاپ تاپتى ۋە بىر پارچە قەغەزگە ئالدىراپ ئىككى قۇر خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئۆزىنى نىقابلىدى...

جاڭ لياڭنىڭ دۇ شىگسەننى سېپىلنىڭ ئارقىسىغا ئالداپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان خۇڭ يادۇڭنىڭ ئاغزى ئۇچۇقلا قالدى. ئۇنىڭ يەنە كېيىنكى ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن، مۇئەللىملەرنىڭ ئىچىدىكى خائىن ۋاڭ جىئەننى قېزىپ چىقارغانلىقى ئوبدان ئىش بولغانىدى. بۇ ۋاڭ گۇلىننى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم قورقۇتۇپمۇ قويدى.

— بۇنىڭدىن قورقماڭ، ئەتىلا ئادەملىرىمىزدىن بىرىنىڭ خوتۇنى تۇغماس چىقىپ قالدۇ، — دېدى جاڭ لياڭ كۈلۈپ، — ئۇنى پارول ئارقىلىق ئالداپ ئاچىقىپ، «لۇ كۇنجۇڭ سېپىل ئارقىسىدا سېنى ساقلاۋاتىدۇ» دېسەكلا بولمىدىمۇ؟

— توغرا ! — دېدى خۇڭ يادۇڭ، — مۇئەللىملەرنىڭ ھاياتى قىممەتلىك. ئۇلارنى قوغداش يولىدا يۈزلەپ ۋاڭ جىئەننىڭ قېنىنى تۆكسەكمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ !

— ئەتىدىن باشلاپ دۇ شىگسەن توغرۇلۇق غۇلغۇلا

باشلىنىدۇ، — ۋاڭ گولىن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى، — ئۇلار ئۇنى خۇڭ يادۇڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ گەپ تارقىتىشتىن يانمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خانىم! — دېدى جاڭ لياڭ خىيالىي بىر ھالەتتە، — ئەتە ئەتىگەن قاراۋۇللار نۆۋەت ئالماشقىلى كەلگەنلەرگە: «كېچىدىن دۇ شىڭسەن بىر چوڭ سومكىنى كۆتۈرگەن پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتى» دەپ دوكلات قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ لۇ كۇنجۇڭدەك قان قەرزىدىن قورقۇپ قاچقان بولىدۇ - دە...

خۇڭ يادۇڭ بىردىنلا ما يىنفۇنىڭ خېتىدىكى مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئەسلەپ قالدى: «جاڭ لياڭ ئەڭ ئەقىللىك، پىلانچى، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك ئادەم، ئۇ ساڭا ياخشى مەسلىھەتچى بولالايدۇ.»

دەرۋەقە، ما يىنفۇ ئۇنى ھەرگىز قۇرۇق ماختىمىغان، مۇبالىغە قىلمىغانىدى. دۇ شىڭسەننى ھەش - پەش دېگۈچە جەھەننەمگە بىر چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇش پىلانى كىمنىڭ ئەقلىگە كېلىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ زەھەرلىك قۇرتلار چىقىدىغان ئەڭ كىچىك كاۋاك ۋە تۆشۈكچىلەرنىمۇ ئېتىپ مېڭىۋاتاتتى. شۇڭا، ئەتىسىدىن باشلاپ گازارمىدا «لۇ كۇنجۇڭنىڭ قان قەرزىگە شېرىك بولۇپ قالغان دۇ شىڭسەنمۇ جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ...» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۆگۈنىدىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە «ۋاڭ جىئەن كوممۇنىستلارنىڭ ئايغاقچىسى ئىكەن، ئاشكارىلىنىپ قېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ...» دېگەن گەپ تارقالدى. بۇنىڭ ھەممىسى جاڭ لياڭنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئويلىغان ئويۇنلىرى ئىدى...

## ئون تۆتىنچى باب

# قوشراپتىكى ئوق ئاۋازى

ئاۋغۇستنىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەن. خۇڭ يادۇڭ قوشراپ گارنىزون ئىشتابىدىكى ئىشخانىسىدا جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئۇ 23 ـ چېسلا بولىدىغان «مانېۋىر»غا يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلدى. لو دەن بىلەن ئۆمەر تەكلىپنامىنى ئېلىپ ئەمدىلا يولغا چىققانىدى. ئىككى يۈز نەچچە ئات ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان ئايغى تېز، يورغىسى سىلىق، يارام ئاتلار ئۇلارنى شەھەرگە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغۇچە ئاپىرىپ بولالايتتى. جاڭ لياڭنىڭ مۇشۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۈچىنچى روتىسىدىكى ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغان خۇڭ يادۇڭ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارغا 23 ـ چېسلا «مانېۋىر» كۈنى جەڭگىۋار ۋەزىپە بارلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. ئۇلار يىغىندا: «ئەسكەرلىرىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىر تامچە قېنى قالغۇچە جان پىدالىق كۆرسىتىدۇ» دەپ بىردەك ۋارقىراشتى. بۇ كوماندىرلار تېخى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قولىرىنى كۆتۈرۈپ قەسەممۇ بېرىشتى. جاڭ لياڭ روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ياڭ دۇڭ ئۆزى قوپالراق بولغىنى بىلەن، ئەقىللىك، چەبدەس ھەم ئۆز كەسپىگە پۇختا ھەقىقىي ھەربىي ئىدى. ئۇمۇ ئۆز روتىسىنى يېتەكلەپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خۇڭ يادۇڭ لۇ كۈنجۇڭنىڭ

ئورنىغا قويۇلغان تيەن دالىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ روتىسىدىكى ئىززۇوت ۋە ئودلىنىيە كوماندىرلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ، لى چۇخيىگنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمىساق قانداق، دەپ مەسلىھەت سالغانىدى، بۇنىڭغا دۇ شىگسەننىڭ ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەن ئىززۇوت كوماندىرى شيائېر قوشۇلمىدى.

— ئۇنداق قىلساق، بۇ ئىشتىن ئۇلار بەرىبىر خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇغۇ مەيلى، لېكىن ئۇنىڭ ئىززۇوتىدىكى قىرىق نەچچە ئەسكەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەدەپ يەيدۇ، روھى چۈشۈپ كېتىدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ. خۇڭ يادۇڭ بىلەن تيەن دالىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىككىيلەن لى چۇخيىگنى سۆھبەتكە چاقىردى. سۆھبەتتە ئۇ باشتىن - ئاخىر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇردى، يا ئۇنداق - يا بۇنداق دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ، سۆزلەۋاتقانلارغا ئالىيىپ قاراپ، ئۇلارنى كۆزى بىلەن تەقىب قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىغان خۇڭ يادۇڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئەنسىرەپ قالغانىدى.

شەھەرگە كىرىدىغان بارلىق تاغ، جىلغا، غول، قاپتال ئېغىزلىرىغا قاتمۇقات پوست قويۇلدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئاسىيلارنىڭ ياكى لى چۇخيىگنىڭ يەكەندىكىلەرگە بىمەھەل خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. لو دەن بىلەن ئۆمەر بەلكىم دەريادىن ئۆتۈپ كاچۇڭغا كىرىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار قوماندانلىق ئىشتابى كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا گەپ - سۆزدە چاندۇرۇپمۇ قويارمۇ؟ يا... ياق، ئۆمەر بىلەن لو دەن سۆزگە تولىمۇ چېۋەر يىگىتلەر.

خۇڭ يادۇڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان خىلمۇخىل خىياللار ئىلكىدە قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ، بىردە ئىستاكاننى قولىغا ئالسا، بىردە كۆلدانىدىكى باشقىلار

چىكىپ قويۇپ قويغان تاماكا قالدۇقلىرىنى ئۆزىمۇ بىلمەي ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇراتتى ۋە يۆتىلەتتى - قىقىلىپ چىكىلىرى چىڭقىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا: «ئاناڭنى ! شۇمۇ چىكىدىغان نېمىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرالماي تۇرغاندا، ئىشىك چېكىلىپ قاراۋۇل كىرىپ كەلدى.

— دوكلات، پولكوۋنىك ! ئىككىنچى روتا بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى لى چۆشىڭ سىز بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ.

— كىرسۇن !

— خوپ.

خۇڭ يادۇڭ قاراۋۇل چىقىپ كېتىشى بىلەنلا تاپانچىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېچىپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللار ئىچىگە قويۇپ، ئېلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تاپانچا تۇتقۇچىنى يېرىم ئوچۇق قويدى. ئۇنى ئۆزى كۆرگەن بىلەن ئۇستەل ئالدىدا تۇرغانلار كۆرەلمەيتتى. ئاڭغىچە چىرايى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭكىدەك سۈرلۈك بولۇپ قالغان لى چۆشىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەربىيچە سالاممۇ قىلمىدى، ئىشىخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئۆرە ھالەتتە بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— ئىزۋوت كوماندىرى لى چۆشىڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ ! قانداق پىكىر - تەلەپلىرىڭىز بولسا، تارتىنماي دەۋېرىڭ ! — خۇڭ يادۇڭ دېۋاننى ئىشارە قىلغاچ ئۇنىڭ يوتىسىغا ئېسىقلىق تۇرغان ياغاچ قاپلىق ماۋزۇرغا چاندۇرماي كۆز تاشلىدى.

— بولدى، ئۆلسەممۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۆلەي، — لى چۆشىڭ خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ تۇراتتى، — مەن سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ بىلىۋالاي دەپ كىردىم. راست گەپ قىلمىسىڭىز، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتكە ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز، ئۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىز ئويلىمىغان دەرىجىدە زىيان تارتىپ قالىمىز.

— پاھ، شۇنچە ئېغىرمۇ؟ ئۇنداق ئادەم قورقۇتماڭ !

دۇ شىڭسەنگە قارىغاندا، لى چۆشىڭ گەپ - سۆزلىرى سىلىق - سىپايە ئادەم بولۇپ، ھەرگىز تولۇمدىن توقماق

چىققاندەك قوپال، سەت تىللارنى ئىشلەتمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ هازىرقى ئەلپازىدىن ياخشىلىق كۈتۈشكە بولمايتتى. ئۇ خۇددى نەشتىرىنى توگۈلۈپ تۇرۇپ تىقىدىغان چايانىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

— سىز تۆت يۈز كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى بۇ يەرگە مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەكەلدىڭىزمۇ ياكى باشقا غەيرىي مەقسىتىڭىزمۇ بارمۇ؟

— قانداق غەيرىي مەقسەت ئىكەن ئۇ؟ هېچ چۈشەنمىدىم.

— مېنىڭچە، باشقا مەقسەت باردەك قىلىدۇ، تولا قۇيرۇق شىپپاڭلاتماي، راست گەپ قىلىڭ.

— راست گەپنى دېدىمغۇ؟ يەنە سىزگە نېمە دەپ بەرسەم بولىدۇ؟

— ئۇنداقتا مانېۋىرنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، ئەسكەرلەرنى ئىككى تەرەپكە بۆلۈش، قايسى تاغ، قايسى جىلغىنى قايسى تەرەپ ئىگىلەيدۇ، ئىشلىتىدىغان قوراللار قانداق بولىدۇ، يالغان ئوقلارنى قانداق تەييارلايمىز دېگەندەك مانېۋىرغا خاس ئىشلار توغرۇلۇق هېچنېمە دېمىدىڭىزغۇ؟ پەقەت «مانېۋىر 23 ـ چېسلا بولىدۇ، جەڭگىۋار ۋەزىپە بار» دەپلا ئۇقتۇردىڭىز، سىز دېگەن جەڭگىۋار ۋەزىپىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

لى چۈڭيىڭ خۇڭ يادۇڭنى يامان يەردىن تۇتۇۋالدى. روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرىنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە قوزغىلاڭ باشلانغان كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئۇقتۇرۇشى قارار قىلىنغانىدى. لېكىن، قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق هېچكىمنىڭ هېچنېمە دېيىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. چۈنكى، كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەر كۆزدە تۇتۇلمىسا بولمايتتى. هەربىي هەرىكەت ئارقىلىق «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئەسلىدىكى مۇهىم نۇقتا بىرىنچى تەلەپ قىلىش مۇهىم نۇقتا قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئالدىن چۈشەندۈرۈش قوزغىلاڭغا نۇرغۇنلىغان

پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىپ كېلەتتى، ھەتتا مەغلۇپ بولۇپ نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ كاللىسى كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ توغرا، سىز ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسىز، — لى چۈڭيىڭنىڭ پەيلى بىردىنلا ئۆزگەردى ۋە سەنلەشكە چۈشتى، — راست گەپنى قىل، قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— ياق! — خۇڭ يادۇڭمۇ غەزەپكە كەلدى، — سېنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا مېنى سوراق قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟ يوقال!

— بىلىپ قوي، ئاۋۋال سەن يوقىلىسەن، ئاندىن مەن!...

لى چۈڭيىڭ ماۋزۇر قېپىنىڭ بۇلغار ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىن قورالىنى سۇغۇرۇپلا ئېلىۋىدى، خۇڭ يادۇڭ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. ئوڭ قولىدا ماۋزۇرنى تۇتۇپ، سول قولىدا كۆكرىكىنى قاماللىۋالغان لى چۈڭيىڭ تامغا يۆلىنىپ قالدى-دە، ئاستا-ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن قاراۋۇللار لى چۈڭيىڭنىڭ قولىدىكى ماۋزۇرنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىشتى.

— بۇ توپىلاڭچى مۇناپىقنى ئاچىقىپ كېتىڭلار! — دېدى خۇڭ يادۇڭ تاپانچىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ، قورالسىزلاندۇرۇپ كىرگۈزۈڭلار، ھەتتا ئۇ قوماندان بولسىمۇ مەيلى!

— خوپ! — قاراۋۇللار قانلىرى توختىماي سارقىۋاتقان لى چۈڭيىڭنى پۇت-قوللىرىدىن تارتىشتۇرۇپ سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تاشناتادىكى گۈلنۇر بىلەن سارانىڭ ئۆيىگە باردىغان چاتقاللىق ئىچىدە ئۈچ ئادەم كۆرۈشتى. ئۇلار لۇ كۇنجۇڭنىڭ كانۇيى رېشىت، ئۇنىڭ ياللاقچىلىرىدىن ئابدۇقادىر بىلەن نىزاملار ئىدى.

— خوۋ يادۇڭ لۇ كۇنجۇڭ، دۇ شىڭسەن، لى چۇڭيىڭلارنى يوقاتتى، — دېدى رېشىت ۋەھىمىلىك ئاھاڭدا، — ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. بالدۇرراق ھوشىمىزنى تاپمىساق، بىزمۇ جېنىمىزنى ساقلاپ قالالمايمىز.

— ئۇنداقتا بىز قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — ئابدۇقادىر تىترەپ سورىدى، — رېشىتكا، بىر نېمە دېمەمسەن؟

— خوۋ يادۇڭ مانپېۋىر باھانىسى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى.

— قوزغىلاڭ؟ — نىزامىنىڭ پىت كۆزلىرى چەكچەيدى.

— شۇنداق، — رېشىت چاتقاللىق ئىچىگە سەپسالدى، — خوۋ يادۇڭ ئۆمەر بىلەن لو دەننى شەھەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار قوماندانلىق ئىشتابىدىكى ھەربىي باشلىقلارنى مانېۋىرغا تەكلىپ قىلىش ئۇچۇن كەتتى. سىلەر ئىككىڭلار دەرھال يولغا چىقىپ تېزدىن شەھەرگە كىرىپ، باشلىقلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دەڭلار، ئۇلار بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمىسۇن.

— ئۇلارنى ئەكېلىپ قانداق قىلىدىغاندۇ؟ — سورىدى نىزام كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— ھەي قاپاقباش، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ؟ — تىللىدى ئابدۇقادىر، — بۇ يەردە ئاساسلىق ھەربىي باشلىقلارنى يوقاتسا، ئۇلارغا قوماندانلىق ئىشتابىنى بويسۇندۇرماق ئاسانغا چۈشمەمدۇ؟

— پاھھۇي، يۈرىكى نېمانچە چوڭ ئۇ گويلارنىڭ؟

— ھەي، قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى رېشىت بىگىز قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇلار تاغدىكى پۈتۈن چىقىش ئېغىزلىرىغا قاراۋۇللارنى قويۇۋەتتى. شۇڭا، سىلەر پەقەت چىغىر يوللار، تىكەنلىك جىلغىلار، تاشلىق سايلار بىلەنلا ماڭالايسىلەر. شۇڭا ئاتلىق ماڭماي، پىيادە مېڭىڭلار. ئۇنداقتا يوللاردا ئايلىنىپ يۈرمەيسىلەر، داۋان ئاتلىساڭلار يولۇڭلار قىسقىرايدۇ.

— پىيادە؟ — نىزام غودۇرىدى، — ۋاي - ۋۇي، ئارىلىق

ئاتلىق بىر كۈنلۈك يول تۇرسا، پىيادە قاچان يېتىپ بارىمىز؟

— هەي كالۋا، — ۋارقىرىدى رېشىت، — بارلىق يول ئېغىزلىرىغا قاراۋۇل قويۇلغان تۇرسا، ئات بىلەن قانداق ئۆتىسەن؟ قاچساڭ، ئارقاڭدىن ئوق ئېتىپ دۈمبەڭنى غەلۋىردەك قىلىۋېتەر؟

— بولدى، رېشىتكا، خاتىرجەم بول، مەن تاغ - داۋان، جىلغىلار ئىچىدىكى چىغىر يوللارنى بىلىمەن، — دېدى ئابدۇقادىر، — شەھەرگە ئاشۇ لو دەن، ئۆمەر دېگەنلەر بىلەن تەڭلا كىرىپ بولالايمەن.

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن ! — رېشىت ئىككىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، قوماندانلىق ئىشتابىدىن كېلىدىغان بىرەر يۈز ئادەمنىڭ جېنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. ئۆلگۈرۈپ بارالمىساڭلار، ئۇلار خۇدۇك يادۇڭغا يەم بولۇپ كېتىدۇ.

رېشىت ئاشخانىدىكى لى ئۇستامدىن «ياتىقىمدا شەھەردىن چىققان مېھمىنىم بار» دەپ نان بىلەن پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆشتىن بىر كاللەك ئاچىقىپ، ئابدۇقادىر بىلەن نىزامىنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار گارنىزوننىڭ ئارقىسىدىكى تاقىر تاغلار ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ كەلگەن رېشىت:

— ئايىغىڭلار شامالدەك تېز، ھەرىكىتىڭلار چاققان، كۆزۈڭلار ئۆتكۈر، زېھنىياتىڭلار مەركەزلەشكەن بولسۇن، مۇشۇ جىددىي ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىيالىساڭلار، ھەربىرىڭلارغا ئىنزۇوت كوماندىرلىق ئەمىلىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

«لۇ كۈنجۈڭنىڭ شۇنچە يىل چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، پورداقچىلىقىنى قىلساڭ، ساڭا يوق ئەمەل بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇ خەق ساڭا تۇتقۇزۇپ قويار، ئىشەنسىچۇ كاشكى؟»

ئابدۇقادىر مۇشۇنداق خىياللار بىلەن چوڭقۇر، ئەمما بەكمۇ

تار، يىلان ئىزىدەك ئەگرى - بوْگرى تاشلىقتا كېتىۋاتقاندا، لو دەن بىلەن ئۆمەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ چامسالدا كېتىۋاتاتتى. ئۈچ يىل ئىلگىرى ئىككى ئاتلىق پارتىزان ئۆمەرنى قوغلاپ كەلگەندە، ئۇ بىرىنى ئېتىنىڭ تۆشبېغىنى قىلىچتا كېسىۋېتىپ، تىك يارلىقتىن يۇمىلىتىۋەتكەنىدى. ئەمما، يەنە بىرى چامسالغىچە قوغلاپ كېلىپ، پىستىرمىدىكى ئەسكەرلەر ئوق ياغدۇرغاندىلا ئارقىغا قاراپ تىكىۋەتكەن. ئۆمەر ئاتتا كېتىۋېتىپ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھەم ئاتنىڭ قانسىراپ يىقىلغان يېرىنى، ئەسكەرلەر ئوق ئۇزگەن ئاكوپلارنى مۆلچەرلەپ ئەتراپقا قارىماقتا ئىدى.

— ئۆمەر، ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دېدى لو دەن، — ئارىتاش داۋىنىدىكى قىرغىنچىلىقتا سەن مېنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن سۆرەپ ئاچىققانىدىڭ، شۇ چاغدا ئىككى يۈزدەك ئادەمدىن ئاران ئالتە ئادەم ساق قاپتىكەنمىز.

— شۇنداق، بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ مېڭىشقانىدۇق.

— سەن مېنى، — دېدى لو دەن مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ، — ئابدۇرۇسۇل شىلەننى، يۇسۇپ بىر موڭغۇل ئەسكەرنى يۆلەپ ماڭغانىدىڭلار. شۇ چاغدا مۇشۇ چامسالغا كەلگەندە، روتا كوماندىرى نىياز، ئودلىنىكوملاردىن شىيائېر، ئاقنىيازلار ئالدىمىزغا چىققانىدى.

— ئۇلار بىزنى يەكەنگە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى ئېلىپ بېرىپ، يەنە ئون ئۈچ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ كەلمىدىمۇ؟

— توغرا، ئۇلارنى داۋالاش جەريانىدا ئىككىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، كېيىن باشقا يارىدارلاردىن ئاڭلىدۇق، — لو دەننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى، — شۇ چاغدا لۇ كۇنجۇڭ دېگەن ئىبلىس بىر روتا ئەسكەرنى داۋانغا ياماشتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى كانۋاي، كانايچى، يەنە بىرقانچە يېقىنى بىلەن جىلغا ئىچىدە قاپتۇ، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئارقىغا قاراپ تىكىۋېتىپتۇ

ئەمەسمۇ!

— كوماندىر دېگەن ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە بولامدۇ؟ — دېدى ئۆمەر تۇمشۇقسارايغا يېقىنلاپ قالغاندا، — بولمىسا ئۇ كوماندىر ئەمەس، بەلكى قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇقتەكلا بىر نېمە بولىدۇ - دە!

— ھايات - ماماتلىق پەيتتە كوماندىرنىڭ بىللە بولۇشى، — لو دەن ئېتىغا بوشقىنا قامچا ئۇردى، — ئەسكەرلەر ئۈچۈن چوڭ مەدەت دېگىنە.

— شۇڭا بىزدە: «سەركىسىز پادا يولدىن ئاسان ئازىدۇ» دېگەن گەپ بار.

ئىككى ئاتلىق ئەسكەر تۇمشۇقسارايىنىڭ تاشلىق جىلغىلىرىنى، دەريا بويلىرىدىكى چاتقاللىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يەكەن شەھەر بوسۇغىسىغا قەدەم ئالغاندا، كۈن غايەت زور ئوت شارىدەك قىزىرىپ ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئاسمان - پەلەكتە قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇرغۇي نەگىدۇر شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئاپپاق تاشلىق ئۈستىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئاپتاپ يۇتۇۋاتقان كەسلەنچۈك، كېلەرلەرمۇ ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كەتتى. كۈنپېتىشتىكى قىزىل، سېرىق، بىنەپشە رەڭ شەپەق تاللىرى بارا - بارا ئېرىپ، سۆسۈن ھەم كۆكۈچ رەڭلەرگە ئالمىشىپ، قەدىمىي يۇرت يەكەننى گۈگۈم پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالدى. لو دەن بىلەن ئۆمەر باغلار ۋە ئورمانلارغا كەچكى سالقىن چۈشكەندە، كونىشەھەردىكى گۈلباغ گازارمىسىغا كىرىپ كەلدى. جاڭ لياڭ ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپ، قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن ئۆمەرگە قاراپ كۈلدى:

— ئىككىڭلارنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام، ئۆمەر چوقۇم ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۆمەر، سەن ئۆيۈڭگە كەت، ياش، چىرايلىق ئايالىڭ تايىنلىق سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. مەن لو دەننى ياتقۇزۇپ قويىمىسام، ھازىرمۇ ئەنە ئۆرە تۇرۇپ

ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە لو دەن بىلەن ئۆمەر گازارما ئاشخانىسىدا قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئاندىن يېڭىشەھەردىكى قوماندانلىق ئىشتابىغا كەلدى. ئۇلار قاراۋۇللار ئىشخانىسىدا تەكشۈرۈلۈپ، قورالىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن رەسمىيەت جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ ئىشتاب بىناسىغا كىرىش خېتىنى ئالدى. ئۇلار بىنا ئالدىدىكى قاراۋۇللارغا خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىنانىڭ قارا بولغار مىخلانغان ھەيۋەتلىك قوش قاناتلىق ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

ئۇلار كارىدورنىڭ ئەڭ بېشىدىكى قوماندان ياڭ لىدېنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا توختاپ، ئۆزلىرىنى سەل تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن خۇددى تاختايدىن مىخ سۇغۇرغاندەك: «كىرىڭ!» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئەدەپ - ئىكرام بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە قىپقىزىل ئانار گۈللۈك گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان قاپقارا پارقىراق ئۈستەلگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان گومىنداڭنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن پارتىيە بايرىقىنىڭ مودېللىرىغا، سۇرلۇك بۇقىنىڭ قوڭۇر رەڭ ھەيكىلىگە، تامدىكى جياڭ جيېشىنىڭ رامكىلىق چوڭ سۈرىتىگە قاراپ، سەل - پەل قورۇنغاندەك بولدى. بۇ خۇنۇك، كۆرۈمسىز، سوغۇق ئىشخانىدا پەقەت كەڭ دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە تىزىپ قويۇلغان رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن تەشتەك گۈللىرىلا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئىككى ياش ئەسكەر تىك تۇرۇپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر قىزىل لېنتا باغلانغان كونۋېرتنى ياڭ قوماندانغا ئىككى قوللاپ سۇندى. ياڭ لىدې قىزىل يىپەك لېنتىنى يېشىپ، كونۋېرت ئاغزىنى ئاچتى - دە، تەكلىپنامىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ «يۈكسەك ھۆرمەتلىك ۋە مۆھتەرەم قوماندان ياڭ لىدې ئالىيلىرىغا...» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، گىدەيگىنىچە چار قىرقىم بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن مىيىقىدا

پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، سۆز باشلىدى:
— بۇ جاھىل بۇرادەر ئاخىر دېگىنىنى قىلدى - دە! — ئۇ لو دەن بىلەن ئۆمەرگە قايرىلدى، — مانېۋىرنىڭ تەييارلىقلىرى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟
— تاغ تۇرا، جىلغا، چوققىلار، قاپتال بەللەرگىچە بايراقچىلار سانجىلىپ، مانېۋىرنىڭ دائىرىسى بەلگىلىنىپ بولدى، — دېدى لو دەن ئاۋازىغا تەبىئىي تۈس بېرىپ، — ئەمدى ھەربىرلىرى بېرىپ، تاغ باغرىغا ياسالغان سەھنىدە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ بېرىشسىلە بولىدۇ.
— ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك ئىشلار يوقمۇ؟
— بىرنەچچە كالا، ئون نەچچە قوي تەييارلىدۇق، — ئۆمەرمۇ مەشىق قىلىۋالغان گېپىنى ھودۇقماي دېدى، — قوماندانلىق ئىشتابىدىكى رەھبەرلەرگە بارغان كۈنىلا چوڭ ئاشخانىدا زىياپەت بېرىمىز.
— ھاراق - شارابىڭلار مولدۇر - ھە؟
— ھەرقايسىلىرىدىن يېتىپ ئاشقۇدەك بار.
— قوماندان جانابلىرى، — ئۆمەر بىلەن لو دەن پۇتىنى جۈپلەپ، قايتىش سالىمىنى بەردى، — بىز بۈگۈن قايتماقچى، ھەرقايسىلىرى قاچان يولغا چىقارلىكىن؟
— بۈگۈن چىسلاغا يىگىرمە بىر بولسا، ئەتە ئەتىگەن ئىككى ماشىنىدا ماڭساق چۈشتىن كېيىنگىچە بېرىپ بولىمىز، چۈشتە ماڭغان تەقدىردىمۇ كەچكىچە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ دەريانىڭ ئۇ تەرىپى ناھايىتى بىر ئەر كىلومېتىرلىق يولغۇ؟
— بىزنىڭ سورىشىمىزدىكى سەۋەب، — لو دەن قوماندانغا تىكىلىپ قاراپ يالمىدى، — ۋاقىتنى ئېنىق بىلىۋالمىساق، زىياپەت تەييارلىقىنى قانداق قىلىمىز؟
— ھىم، مۇنداق دېگىن، — ياڭ لىدې ئايپاڭ بېشىنى سىلىدى، — ئۇنداق بولسا بارىدىغانلىرىمىز ئەتە چۈشكىچە تەييارلىق قىلىپ ئاندىن ماڭايلى.

— ئەمسە تاماقنى، — ئۆمەرگە يالغان ئېيتىش خىلىلا تەسكە چۈشتى، ئۇ ئەلەرگىدۇر قارىۋالغاندى، — سىلەرنىڭ بېرىشىڭلارغا ئۇلگۇرتۇپ تەييار قىلساق بولىدىكەن ـ دە؟

— شۇنداق بولسۇن!

ئۆمەر بىلەن لو دەن يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىدىن قايتىپ چىقىپ گازارمىغا كەلدى. ئۇلار ئات باقار توقۇپ تەييارلاپ قويغان ئاتلىرىنى يېتىلەپ چىقىپ، جاڭ لياڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن:

— ئەكېتىدىغان خەت ياكى باشقا نەرسىلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

— يوق، ئاڭلىسام، پولكوۋنىكنى ئۇخلىغاندا پات ـ پاتلا قارا باسىدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا دائىم بېشىغا قىلىچ ياكى خەنجەرنى قويۇپ ياتسۇن! مەن جاڭ لياڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىمنى يەپ، ئويۇنۇمنى ئويناپ يۈرۈۋاتىمەن... مۇشۇ گېپىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! — دېدى.

— خوپ، كوماندىر، ئېيتقانلىرىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلايمىز!

ئۇلار قايتىش سالىمى قىلغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. تېخى چۈش ۋاقتى بولمىسىمۇ، يېڭىشەھەر سېپىلى بىلەن كونىشەھەر سېپىلى ئوتتۇرىسىدىكى بازار — «گەيشياڭ»غا كەلدى. مۇشۇ يەردە تاماق يەۋالمىسا، چۆل ـ جەزىرە، تاقىر تاغلار ئىچىگە كىرىپ كەتسە، كەچكىچە تاماق يېيەلمەيتتى. هازىر سارا تاماقنى ئەسكەرلەر ئاشخانىسىدىن يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قورساق كۆتۈرگىنىگە بەش ئايدىن ئېشىپ قالغان بولغاچقا، يالغۇز جېنىغا تاماق ئېتىش سەل ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا، ئۇلار بازاردا قورسىقىنى تويغۇزۇپلا يولغا چىقماقچى بولدى. چۈنكى، ئۆمەر سارا بىلەن ئەتىگەن خوشلىشىپ چىققانىدى. ئۆمەر داڭلىق گۆشگىردىچى مەتقۇربان بودەكنىڭ لەمپىلىك دۇكىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا ئاسىمگۈل كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۆمەر

ئۆنى ياز ئايلىرىنىڭ چىرايلىق بىر كۈنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ، گۈشگىردە بىلەن مېھمان قىلغان، مىللەت بېغىغا ئېلىپ بېرىپ ئوينىتاتقان، ئاندىن: «ئاسىمگۈل، سىنى ئالاي دەيمەن، تېگەرسەنمۇ؟» دەپ تۇنجى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغانىدى. ئاسىمگۈل ئۇ چاغدا: «ۋاي جېنىم، ماۋۇ ساراڭ نېمە دەيدىغاندۇ؟ خەقلەر مۇشۇ باغدا جىن بار دەيدىغان، ساڭا جىن چاپلاشمىغاندۇ ـ ھە؟» دەپ ناز بىلەن كۈلگەن، كەچتە قايتىپ دارىلئېتامنىڭ تېمىنىڭ ئارقىسىدا خوشلاشقاندا، ئاسىمگۈل كۆزىنى يۇمۇپ پىچىرلىغىنىچە تۇمشۇقىنى سوزغان... «مەن قورقمىسام، سەن نېمىدىن قورقىسەن؟...» دېگەن. ئۆمەر ئالدى ـ ئارقىسىغا، پەسلىكتىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ قوۋۇقلىرىغا بىر قۇر قاراپ، كۆڭلىنى توختىتاتقاندىن كېيىن سىرىق تۈكلىرى قاربداشقا باشلىغان لەۋلىرىنى قىزنىڭ يۇمران لەۋلىرىگە بوشقىنا تەگكۈزگەن...

ئۆمەر لو دەنگە لەپپىدە قاربدى ـ دە، كۆزىگە ياماشقان ياشلىرىنى چاندۇرماي سۈرتۈۋەتتى. ئۇلار بازار ئارىلاپ مېڭىپ كېلىپ، ئاتلىرىنى داڭلىق ھەمشىۋانىخان باداڭنىڭ ئاشپۇزۇلى ئالدىدىكى ياغاچقا باغلىغاندىن كېيىن، بۇس قاپلاپ كەتكەن ئاشخانىغا قەدەم ئالدى. گاژىلداپ تۇرغان چىۋىن، مايلىشىپ كەتكەن تام ـ تورۇسلار، غىچىرلاپ نالە قىلىۋاتقان تاماق ئۈستەللىرى ئۇلارنىڭ چوڭ تەخسىلىك لەڭمەندىن بىردىن يەپ، بىر ئاپقۇردىن ئاش سۈيى ئىچىپ «گارتتىدە» كېكىرىپ قوپۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. ئۇلار تاماق پۇلىنى تۆلەپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، خۇددى ئاشلىق قاچىلايدىغان باداڭدەك يوغان، كېلەڭسىز كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تۆت قىمارۋاز بىمالال يوشۇرۇنالايدىغان، ئەمچىكى قورسىقىدا ئىككى داس لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى قاپقارا تۈكلۈك مېڭى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ھەمشىۋانىخان باداڭ خۇددى

جۇۋاز ئوقىمىدەك يوغان بىلەكلىرىنى لوپۇلدىتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ئالىي ھەممەتلىك قوماندانلىرىمىز، «لۆمەن»لىرىمىز ئاغزىلىرىغا تېتىغان بولسا، يەنە قەدەم تەشرىپ قىلىشالا... مانا مەن ھەمشىۋانىخان باداڭنىڭ قولۇم كۆكسۈمدە جۇما، خىزمەتلىرىدە بوتمە! — ئۇ شۇنداق دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. لو دەن بىلەن ئۆمەر ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ چىقىپ كېتىۋىدى، ھەمشىۋانىخان باداڭنىڭ بولدۇرۇق مانتىدەك ھۆپپىدە چىرايى مىژژىدە تورۇلۇپ، كۆتمەك قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلدى:

— ئىدەمنىڭ غىزاسىنى يەپ پۇلىنى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، غەللىدىكى پۇلغىمۇ چاڭگال سالىدىغان بۇلاڭچى سېرىق ئىتلار ئىدى بۇ قوڭچىلار... ئامىنزە، ماۋۇ ئىككىسى ئىنسابى بار ئىتلاردىن ئوخشايدۇ... — دەپ غوتۇلدىدى ئۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېھتىيات قىلىپ پەردىنى قايرىپ قاراپ، ھېلىقى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلۇق بازار ئىچىدە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «شۇكۇر جۇما...» دەپ قويدى.

قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغان لو دەن بىلەن ئۆمەر ئاتلىرىنىڭ ساغرىسىغا بوشقىنا قامچا سېلىپ جىبدەللەپ يولغا چىققان مۇشۇ پەيتتە، ناتونۇش بىر تاغ باغرىدىكى تاشلىق سايدا ئىككى ئادەم پۇت ـ قوللىرىنى، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇلار ئابدۇقادىر بىلەن نىزام ئىدى. خوڭ يادۇڭ يەكەنگە ماڭىدىغان بارلىق يول بەندەرلىرىگە، تاغ ئېغىزلىرىغا، داۋان، غوللاردىكى چىغىر يوللارغا قاتمۇقات قاراۋۇل قويۇۋەتكەچكە، ئابدۇقادىر بىلەن نىزام ئۇ يوللاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆرمىگەن، بىلمىگەن ناتونۇش تاغلارغا نەچچە سائەتلەپ يامىشىپ چىقىپ، ئۇ يەردىن مىڭ مۇشەققەتتە پەسلەپ چۈشكەندە، تۆۋەندىكى چاتقاللىق ۋە سايلاردا قاراۋۇللارنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى

كۆرەتتى. ئۇلار يەنە كىملەرنىڭ غايىبانە تىللاپ ئارقىسىغا قايتقىنىنچە ئۇتتۇر كەلگەن قاپتال ۋە بەللەرگە يامىشىپ، يولسىز جىلغىلارغا كىرىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى سادىق چاكار لوقمىسىز قالغان لالما ئىتلاردەك نىشانسىز ماڭار ـ ماڭار، ئاخىر يولدىن ئېزىپ قالدى. تاغ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، نەگە دەسسەپ، نەدىن ئاتلىشىنى، نەدە ئېڭىشىپ، قەيەردە ئۆمىلىشىنى بىلەلمەي قالغان بۇ بايقۇشلار يەنە قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى، ۋۇجۇدىدا مىسقالچە مادارىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر تاش يېرىقىدىن سىرغىپ چۇشۇۋاتقان سۇنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ، رېشىت ئاشخانىدىن ئاچقىپ بەرگەن نان بىلەن سوغۇق گۆشنى يېيىشكە باشلىدى. بىراق، ئابدۇقادىر نىزامغا تويغۇدەك بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن نىزام سېرىق قولىغا يوغان تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىرنىڭ بېشىغا سالماقچى بولدى.

— ئاناڭنى، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، كېچىچە ئۆزۈڭ يېمەكچىمىدىڭ؟ بەرسەڭ بەردىڭ، بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن.

— ھەي، قانداق دۆت نېمىسەن؟ — تىللىدى ئابدۇقادىر، — بىز ھازىر تېنەپ قالدۇق، گارنىزون قاياقتا، يەكەن نەدە، قەيەر بىلەن ماڭساق ئادەم بار يەرگە بارالايمىز، بۇ نىجىس تاقىر تاغلاردىن نەچچە كۈندە چىقىپ كېتەلەيمىز، بۇنى بىلمەيمىز. بۇ ئازغىنا نان بىلەن گۆشنى تېجىمىسەك، كېيىن نېمە يەيمىز؟

— ۋاي خۇدايىم، بىز ئۆلۈپتۇق، راستىلا ئۆلۈپتۇق، — نىزام سېرىق زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چېكىسىنى تۇتقىنىنچە ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى، — راست، بىز ھازىر نەدە؟ ئابدۇقادىر دەپ باقە، بۇ يەر قەيەر؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ سەن دېگەندەك، ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن، چارچاشتىن بۇ تاغلار ئىچىدە ئۆلۈكىمىز

قالامدۇ، بۇنىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— ئەگەر بىز ئاشۇنداق ئۆلسەك، — نىزام يىغلاۋېرىپ ئاۋازى كاركىراپ قالغانىدى، — جياڭ جيېشى ئاتىمىز بىزنى شەرەپلىك ئۆلدى دەرمۇ؟

— ئا... نېمە دەيدۇ ما ئاداش؟ ئۇ تاز ئۆزىنىڭ پوتلىسىنىمۇ تارتالماي قالغاندا... — ئابدۇقادىر كوپلا قىلىپ ئاغزىنى تۇتتى، — مەن... مەن... ئۇنداق دېمىدىم... كىم مېنى دېدى دېسە، ئۆزى شۇنداق دېگەن بولىدۇ. مەن... مەن ئاپپاق باش تاز — خۇاڭ يادۇڭنى دېدىم.

— خۇاڭ يادۇڭنىڭ قاپقارا چېچى تۇرسا؟... نىزامنىڭ كۆزلىرى پىلدىرلىدى، — سېنىڭ دېگىنىڭ جياڭ جيېشى تاز...

— مانا، مانا !... هازىر سەن نېمە دېدىڭ - هە؟ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىمغۇ !...

— بولدىلا، بولدىلا ! — نىزام بۇ گەپنىڭ راستلا ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقتى، — سەنمۇ دېمىدىڭ، مەنمۇ دېمىدىم، هېچكىم هېچنېمە دېمىدى.

بىر كۈن كەچكىچە قاراۋۇللاردىن قېچىپ، ئالدى - كەينىگە مېڭىپ يۈرگەن، نامسىز تاغ - ئېدىرلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشلەردىن هېرىپ هالى قالمىغان ئابدۇقادىر بىلەن نىزامنى ئۇيقۇ باستى. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى چاتقال هەم ياسقاق تاشلار بولغاچقا، پۇت سۇنۇپ ياتقۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. ئەڭ يامىنى كېچىلىرى بۇ يەرلەرگە بۆرىلەر توپىنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ ئىنسابسىزلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن، ئادەمنى خام تالاش قىلىپ، توققۇزى توققۇز تەرەپكە قاراپ تارتسا، تۇگەشكىنىڭ شۇ ! ئۆتكەن - كەچكەنلەر دۇئا قىلىپ ئۆتكۇدەك قەبرەڭمۇ قالمايدۇ. تېخى مۇنداق جايلاردا كېچىلىرى ئۆمىلەپ چىقىپ، ئادەمنى چاقىدىغان، قېنىنى شورايدىغان، قۇلاق، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى ئىسسىق ئۇۋا ئىكەنغۇ بۇ دەپ كىرىۋالىدىغان تۇكلۇك قۇرت ۋە هەر خىل هاشاراتلارمۇ

كەم ئەمەس. ياتماي دېسە، ئۇيقۇ دېگەن كاساپەت باشلىرىڭنى پىرقىرىتىپ، كۆزلىرىڭنى پىلدىرلىتىپ، جاۋغايلىرىڭدىن شۆلگەيلىرىڭنى ئېقىتىپ، گالدۇ ـ گۇلدۇڭ ساراڭدەك قىلىپ قويۇۋاتسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

ئابدۇقادىرنىڭ قاپاقلىرىنى ئاچالماي، بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئۇيقۇ ئارىلاش دېگەن سۆزلىرى نىزامنى قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇق تىقىلغان تاغ يامىزاللىرىغا، رىۋايەتلەردىكى دىۋە ـ ئالۋاستى ۋە يالماۋۇزلارغا ئوخشايدىغان ھالڭ تاشلارغا، تىك قىيالاردىن ئېسىلىپ تۇرغان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق شەكىللەردىكى چاتقاللارغا، نېمىلەرنىڭدۇر پاخپاق يىلتىزلىرىغا، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نېمىنىدۇر دەم تارتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان قاپقاراڭغۇ غارلار ۋە ئۆڭكۈرلەرگە قاراپ تېخىمۇ قورقتى ۋە ئابدۇقادىرنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى.

— ئابدۇقادىر، ئۇخلىساق بولاتتى، — نىزام كەينى ـ كەينىدىن ئەسنىدى، — ئۇيقۇم كېلىپ ئۆلەيلا دېدىم.

— مېنىمۇ ئۆلگۈدەك ئۇيقۇ باستى، — ئابدۇقادىرمۇ ئاغزىنى تۇتۇپ، سوزۇپ ئەسنىدى، — مۇشۇ تۇرقۇمدا قىڭغايساملا ھەپتىگىچە ئويغانمايدىغاندەك قىلىمەن، ئەمما...

— راست، يىرتقۇچلار، يۇڭلۇق قۇرتلار، — نىزامنىڭ چىرايى غەلىتە پۈرۈشۈپ كەتتى، — ۋاي... ۋاي.. ۋاي... مىڭ تۇۋا، بۇ خەقنىڭ غالچىسى بولغانغا يۈز مىڭ تۇۋا... ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ ئۇيقۇ دېگەن گۇيىنىڭ زالىملىقىنى قارا، دوزاخ ئازابىنى سېلىۋاتىدۇغۇ!

— نىزام، قارا، — دېدى ئابدۇقادىر ئارقىسىدا تىككىدە تۇرغان غايەت زور قاپقارا سىلىق تاشنى كۆرسىتىپ، — ئەگەر ئاشۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاماللاپ چىقىۋالساق، خاتىرجەم ئۇخلايتتۇق، ئۇ يەرگە ھېچقانداق جان ـ جانىۋار چىقالمايدۇ.

— يۈر ئەمىسە، ئامال قىلىپ باقايلى.

ئابدۇقادىر بىلەن نىزام ئېگىزلىكى تۆت ـ بەش غۇلاچ

كېلىدىغان قارا تاشنىڭ چىققىلى بولىدىغان ئەپلىك يېرى بارمىكىن دەپ ئىزدەپ كۆردى، يامىشىپ باقتى، بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئۆرلەپ بېقىپمۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقالمىدى. ئۇلار تاشنىڭ بىردەم ئالدىدىن، بىردەم ئارقىسىدىن، بىردەم يانلىرىدىن ئېسىلىپ باقتى، ئامال بولمىدى، ئاخىرىغا بېرىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، شۇڭا ئولتۇرغان يېرىگىلا قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، قانداقتۇر بىرنېمە ئابدۇقادىرنىڭ سوغۇق گۆش ھىدى پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى شىلىمشىق، ئىسسىق تىلى بىلەن يالاشقا باشلىدى. بۇ ھال نىزام سېرىقتىمۇ يۈز بەردى. ئۇ خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك دەسلەپتە كۈلۈمسىرىدى، كېيىن خوتۇنۇم سۆيۈۋاتقان چېغى، دەپ بىلىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇتۇپ بەردى. بىراق، ئاز ئۆتمەي كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدەك بىرنېمە ئېڭىكىگە سانجىلدى، ئاندىن خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ، تېنى شۈركۈنۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان ئارىلىقتا تۇرغان تۈگمىدەك دۈپدۈگىلەك بىر جۈپ ئوت پالىلداپ كۆرۈندى. قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىنىنى تۇيماي قالغان نىزام: «ۋاي ئانامەي! ...» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋىدى، «ئىسسىق سۆيۈش»تىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان ئابدۇقادىرمۇ ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەن ھېلىقى بىر جۈپ ئوتلارمۇ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئابدۇقادىر بىلەن نىزام قاچماقچى بولۇپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇردى ۋە نەچچە سائەت ھەپىلىشىپ چىقالمىغان قارا تاشنىڭ ئۈستىگە قانداق چىقىپ قالغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلەلمەي قېلىشتى.

كېچىدىكى تاغ شامىلىدىن توڭلاپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان بۇ ئىككى «پىداكار» تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار تاغنىڭ ئوتتاشتەك قىزىرىپ كەتكەن كەينى تەرىپىگە قاراشتى. تاغلار ئېگىز ھەم قاتمۇقات بولغاچقا، قۇياش بۇ يەرگە

كىچىككىپرەك كۆرۈنەتتى. ئەينەكتەك سىلىق قارا تاش ئۈستىگە چىقمۇالغان ئۇ ئىككىسى نەدىن چۈشۈشنى بىلەلمەي، پەسكە بويۇنداپ قاراپ باقتى. ئاخىر ئۇلار قول تۇتۇشۇپ تاشنىڭ يانتۇراق يېرىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى.

— ئابدۇقادىر، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى نىزام قورسىقىنى مۇجۇپ، — ئازراقتىن ناشتا قىلساق قانداق؟

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — ئابدۇقادىرنىڭ چىرايى سارغىيىپ قالغانىدى، — يۈر، تۇنۇگۈنكى سۇنىڭ بويىغا بارايلى.

ئۇلار قىلىپ قالغان ئازغىنا سوغۇق گۆش بىلەن ناننىڭ بارىنى يەۋېتىپ يولغا چىقىشتى. قەيەر بىلەن مېڭىپ، نەگە بېرىشنى بىلەلمىگەچكىمۇ، ئۇتتۇر كەلگەن جىلغىغا كىرىپ باقتى، ئېدىرلارغا ياماشتى، قاپتاللارغا چۈشتى، يول تاپالمىدى، بەزىدە تىك چىقىل ۋە چوڭقۇر هاڭلار ئالدىدا توختاپ قىلىپ، كەينىگە ياندى؛ قانداقتۇر تاشلارغا ئېسىلىپ يۈرۈپ، سىيرىلىپ، تىزلىنىپ، سەكرەپ يۈرۈپ تەسلىكتە كۆزلىگەن يېرىگە چۈشكەندە، ئالدىنى يەنە قاتمۇقات تاغلار، يامغۇر، كەلكۈن، قار سۇلىرى پەيدا قىلغان سايلار ۋە جىرالار توسۇپ قويدى. ئۇلار جىرالارنىڭ قايسىسىغا كىرسە، ئۇنىڭ ئادەم بار تۇرالغۇلارغا ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بۇياققا ماڭايلى دېسە، يەنە بىرى ئاۋۇ ياققا دەپ خېلى تالاشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسىنىڭ دېگىنى هېساب بولماي، ئۇتتۇر كەلگەن بىر غولغا يامىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئابدۇقادىر بىلەن نىزام ئەنە شۇنداق يامىشىشلار، سىيرىلىپ چۈشۈشلەر ئارقىلىق تاغ، جىلغا، چىقىل، قىيىندا تاشلىق يامزاللاردا يېرىم كۈندىن ئارتۇق تېنەپ ــ تەمتىرەپ يۈردى ۋە هالىدىن كەتتى. ئۇلار قورساقلىرى ئېچىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، هېرىپ ــ چارچاپ نامەلۇم بىر كۆل رەڭ تاغ باغرىدىكى تاشلىق سايغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر كۈن كەچكىچە تاغ تۇرالارنى، چىقىل ۋە هاڭلارنى

قىزىتقان قوياش ھاردۇق يەتكەندەك، كەچكە يېقىن ئۇلتۇرۇشقا باشلاپ، كۆل رەڭ تاغ باغرىدىكى تەسكەي ساينى قىسپاش نۇرلىرى بىلەن يورۇتقاندا، ئابدۇقادىر كۆزىنى ئاچتى. ئۇ يېنىدىلا پۇت ـ قوللىرىنى كېرىپ ياتقان نىزامنى پۇتىدا نوقۇپ ئويغاتتى.

— نىزام، كۈن ئۇلتۇراي دەپتۇ، — دېدى ئۇ كۇنگە كۆزىنى قىسىپ قاراپ، — بىز تۇنۇگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە نەگە بېرىپ، نەدە يۈرگىنىمىزنى بىلمەيمىز.

— بۇ تاغلاردا ئىزىتقۇ بارمىدۇ؟ — نىزام قان قويغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — بىزنى ئىزىقتۇرۇپ ساراڭمۇ قىلىپ قويمىسۇن يەنە؟

— ئەمدى شەھەرگە ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بىز قوغداپ قالماقچى بولغان باشلىق، كوماندىرلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگەن يولغا چىققان بولسا، بۇ چاغقىچە ئىككى ماشىنا گۆشكە ئايلىنىپ بولدى. ئەگەر چۈشتە ماڭغان بولسا ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرى بۇدەمگە دەريا كېچىككىگە كېلىپ بولدى. يەنە بىرەر سائەتكە قالماي، ئۇلار مىشەك مانتىسى زىياپىتى بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

— ئەمىسە بىز قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— ھازىر خۇڭ يادۇڭنىڭ تاغ ئىچىگە قويغان قاراۋۇللىرىنى يىغىۋالىدىغان ۋاقتى بولدى، — دېدى ئابدۇقادىر ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان كۇنگە قاراپ، — بىز ئەمدى شەھەرگە ماڭىدىغان يولنى تېپىۋالساق، شۇمۇ غەنىيمەت ئىش بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— قوماندانلىق ئىشتابىدا قېلىپ قالغانلار ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلمىسا، خۇڭ يادۇڭنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ ئاتلىق بېسىپ كەلسە، يىگىنشەھەر قان بىلەن بويىلىپ كېتەر؟

— يىگىنشەھەردىكىلەر... ئۇلارغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

— يېڭىشەھەردە بىرەر پولكمۇ ئەسكەر يوق، پەقەت قوماندانلىق ئىشتابى قارىمىقىدىكى گارنىزون قىسمى، قارا كىيىملىك قوغداش چوڭ ئەترىتى، ئالاقىلىشىش ئەترىتى قاتارلىقلارلا بار. ئۇلار خۇڭ يادۇڭنىڭ ئالتە روتا ئەسكىرىگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ئالتە روتا دەيسەنغۇ؟

— قوشراپتىكى جاڭ لياڭ، تيەن دالىڭلارنىڭ روتىسى شەھەرگە كىرسە، كونىشەھەردىكى گازارمىدا قالغان ئابدۇراخمان، ماۋ يىلۇڭ، شىلەن، ۋاڭ زۇڭيۇنلەرنىڭ تۆت روتىسى ئۇلارغا قېتىلمامدۇ؟

— ئەگەر قوماندان ياڭ لىدې كونىشەھەردىكى ئۇ تۆت روتا ئەسكەرگە بۇيرۇق چۈشۈرسىچۇ؟

— ئۇلار خۇڭ يادۇڭنىڭ قوماندانلىقىدا، شۇنىڭ بۇيرۇقى ھېساب بولىدۇ، بەلكىم بۇ چاغقىچە جاڭ لياڭ كونىشەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىنى تاقاپ، تەييارلىنىپمۇ بولغاندۇ.

— ئەمىسە، ئۇمۇ خۇڭ يادۇڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن خەۋەردار ئوخشىمامدۇ؟

— جاڭ لياڭنىڭ روتىسى قوشراپتا قالغان تۇرسا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى تۆت روتىغا مەسلىھەتچى قىلىپ بېكىتىپ قويىدۇ؟ شۇنچىلىك ئىشنىڭ تېگىگىمۇ يېتەلمىدىڭمۇ، سېرىق؟ بۇ دېگەن خۇڭ يادۇڭنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرى بولمامدۇ!

— ئۇنداقتا جاڭ لياڭ...

نىزامنىڭ گېپى ئاياغلاشقۇچە ئابدۇقادىر ۋارقىرىۋەتتى:

— نىزام، قارا!

ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇدۇلدىكى جىرادا ئاچا قالپاق كىيگەن بىر ئادەم بىرنەچچە كالا ـ قوينى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۇ... ئۇنىڭدا چوقۇم نان بار.

نىزام ئۇ تەرەپكە قاراپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈردى، ئابدۇقادىرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇقادىر بىلەن نىزام تاغلىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىدىن يولغا چىققان ئىككى ماشىنا ئادەم ماشىنىلىرىنى دەريا قىرغىقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى تولۇم قېيىق ھەم توغراق كۆتەكلىرىدىن ئويۇپ ياسالغان قېيىقلار بىلەن دەريادىن ئۆتمەكتە ئىدى. ھېلىگەر ياڭ لىدې كۆڭلى تۇيغاندەك مۇئاۋىن قوماندانىنىڭ، مەسلىھەتچىنىڭ، گارنىزون قىسمىنىڭ بىرىنچى قول كوماندىرى بىلەن قوغداش چوڭ ئەترىتى، قارا كىيىملىكلەر تەكشۈرۈش ئەترىتى، ئالاقىلىشىش ئەترىتى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىغان، پەقەت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قول باشلىقلاردىن، كوماندىرلاردىن ئاتمىشتەك ئادەمنىلا ئەۋەتكەنىدى. ھەربىي تۈزۈمنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىشى، جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى تۇپەيلىدىن ئۇزاقتىن بېرى ئويۇن - تاماشىدىن قالغان بۇ ئادەملەر بۇگۈن كەچتە بولىدىغان زىياپەتكە ئالدىراشماقتا ئىدى. ئۇلار ھەتتا قوناقتىن چىقىرىلغان ساپ جۇن هارىقىنىڭ پۇرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ، باشلىرىنى چايقىشاتتى.

كەلگەنلەر دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ بولۇۋىدى، جاڭ خۇڭچاۋ، تيەن دالىڭ، جاڭ لياڭنىڭ مۇئاۋىنى ياڭ دۇڭ، شيائېر، جۇڭ شۆلياڭ، لو دەن، ئۆمەر، ئابلا، ۋاھىت قاتارلىق روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلەر بولۇپ قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. بۇ يەردىن گازارمىغىچە بىرەر كىلومېتىردەك ئارىلىق بار ئىدى. ئۇلار چاقچاق، كۈلكە، پاراڭلار بىلەن گازارمىغا

بىردەمدىلا يېتىپ بېرىشتى. گازارما ئاشخانىسى ئۇزۇن، كەڭ زال بولۇپ، تاماق ئۈستەللىرى رەتلىك قويۇلغانىدى. خۇڭ يادۇڭ ساھىبخانىلىق سۈپىتى بىلەن زىياپەتكە ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىرىدىن قىرىقتەك ئادەمنى قاتناشتۇرغاچقا، ئاشخانا زالىدا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۈستەللەردە توشۇپ ئولتۇراتتى. ئەسكەرلەردىن تەيىنلەنگەن مۇلازىملار لېگەنلەردە قورداق، كاۋاپلارنى ۋە ھەر خىل قورۇمىلارنى توشۇۋاتاتتى. ئون نەچچە چايچى ئەسكەر قول - قولچە پىيالىلەرگە چاي لىقلىماقتا ئىدى. يەنە بەزى ئەسكەرلەر سۆڭەكلەرنى يىغىپ داسلارغا تۆكۈپ، شىرەلەرنى سۈرتۈپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. بىردىنلا قوناقتىن چىقىرىلغان ساپ جۇننىڭ كۈچلۈك پۇرىقى زالنى بىر ئالدى. بىر قورساق لوقما يېگەن، ئېغىز - بۇرۇنلىرى مايلاشقان كوماندىرلار كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، تۇمشۇقلىرىنى سوزغىنىچە ئەتراپقا بويۇنداپ قاراشتى. چۈنكى، ئەسكەرلەر بالداقلار بىلەن كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن چەمبەرلىك ياغاچ تۈڭلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلغانىدى. مۇلازىم ئەسكەرلەر ھاراق تولدۇرۇلغان چىنىلەرنى پەتنۇسلاردا ئەكېلىپ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن قويۇشقا باشلىدى. ھاراق بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولغان كوماندىرلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىدىكى چىنىلەرگە ئېڭىشىپ، ھاراقنى زوق - ئىشتىياق بىلەن ھىدلىسا، بەزىلىرى ھاراققا لەۋلىرىنى ياكى تىللىرىنى تەگكۈزۈپ: «ھىم... م... بەلەن، بەلەن، بەك بەلەن بولدى...» دېيىشەتتى. ئەمما، خۇڭ يادۇڭ ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتى، چۈنكى بۈگۈنكى سورۇنغا پىچىقى ئۆتىدىغان ھەربىي باشلىقلار كەلمىگەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە قېرى تۈلكە ياڭ لىدېنىڭ خۇڭ يادۇڭغا كۆڭۈل تۇختىتالمىغانلىقىدىن بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، خۇڭ يادۇڭ چىرايىغا كۈلكە، ھەرىكىتىگە تەبىئىيلىك، ئاۋازىغا تەمكىنلىك تۈسىنى بېرىپ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى ھاراققا تەكلىپ

قىلدى. نەپسى تاقىلداپ ئارانلا تۈرغان بۇ ئادەملەر دەسلەپكى بىر قېتىملىق ئىچىشىشتىلا چىنىلىرىنى قۇرۇقداپ قويدى.

مۇلازىم ئەسكەرلەر هاراقنى چەينەك، چۆگۈنلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكىلىپ، چىنىلەرنى يەنە لىقلىدى. ئەينەكتەك سۈزۈك هاراق چىنىلەرگە كوركىراپ چۈشۈپ، پۈژۈلداپ كۆتۈرۈلگەن كۆپۈكچىلەر شىرەلەرگە چاچرىماقتا ئىدى. بۇ سورۇندىكى چاي، هاراق قۇيغۇچى، تاماق توشۇغۇچى، ئىشىكتە قاراۋۇللۇقتا تۇرغۇچىلار، هەتتا زىياپەتكە ساھىبخانا سۈپىتىدە قاتناشقۇچىلارنىڭ هەممىسى مەخسۇس بېكىتىلگەن ئادەملەر بولۇپ، ئاشخانا ئىشىكىدىكى قاراۋۇللار ئۇلارنى تىزىملىك بويىچە بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ كىرگۈزەتتى. شۇڭا، بۇ سورۇندا لۇ كۇنجۇڭنىڭ قوغدىلىرىدىن رىشىت، جۇڭ شۆلياڭ، ئابدۇقادىر، نىزاملار كۆرۈنمەيتتى. (رىشىت كانۋاي ئابدۇقادىر بىلەن نىزامنى تاشناتادا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ قويغانىدى.) رىشىت، جۇڭ شۆلياڭ ۋە يەنە بىرقانچە خەنزۇ كوماندىر ـ ئەسكەرنىڭ شەھەردىن چىققانلارغا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن خۇڭ يادۇڭ ئابدۇرۇسۇل، ۋاهىت، شىيائىر، ئۆمەر، جاڭ لىجى، ۋاڭ بىڭلارغا ئۇلارنى قاتتىق كۆزىتىشنى، لېكىن گۇمانغا سېلىپ قويماسلىقنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا، شىيائىر، ئۆمەر، ۋاڭ بىڭلار ئاشخانىدىن گۆش، كاۋاپ، هاراق ۋە قورۇمىلارنى ئاچىقىپ، ياتىقىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ئابدۇرۇسۇل، ۋاهىتلار هەدەپ هاراققا زورلاپ يۈرۈپ، رىشىت، جۇڭ شۆلياڭ قاتارلىق بىرقانچىسىنى خېلىلا ئېغىر مەست قىلىپ قويدى. شىيائىر: «ئېلىڭلار، يەڭلار! قېنى هارىقىڭنى قۇيمامسەن؟» دەپ تۇرغىنى بىلەن، پۈتۈن زېهنى بىلەن سىرتنى تىڭشاۋاتاتتى. چۈنكى، ئوق ئاۋازى ئۇلارنىڭ هەرىكەتنى باشلايدىغان بەلگە سىگنالى ئىدى. زىياپەتكە قاتناشمىغان ئۈچ يۈز ئەللىكتەك ئەسكەرمۇ تولۇق قوراللىنىپ، ياتاقلىرىدا،

ئاتخانا، گازارما قورغىنى سىرتلىرىدا بىرىنچى ئوق ئاۋازىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن زالدا مېھمان كۈتۈۋاتقان خوڭ يادۇڭ قولىنى كۆتۈرسىلا، ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدىكى قاراۋۇللار ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىراتتى.

يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىدىن چىققانلارنىڭ كۆپلىرى مەست بولۇپ قالغانىدى، بىر ـ بىرى بىلەن تاكاللىشاتتى، ئەمىلى چوڭلار ئەمىلى كىچىكلەرنى تىللايتتى، ھەتتا ئايانمايلا شاپىلاق سالاتتى. بەزىلىرىنىڭ تاقىر باشلىرى بىلەن ئاق باشلىرى بىر يەرگە كېلىپ قالغانىدى، ئۇلار تۈگىمەس مۇڭلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، كەلگەنلەر خۇدىنى بىلمەس دەرىجىدە مەست بولۇپ كەتكەن ئەپلىك بىر پەيتتە قوشراپ ئاسمىنىدا ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. ئوق ئاۋازىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرلەر قارىغۇيۇق ئوق چىقىرىپ ئاشخانا زالىغا بېسىپ كىردى. ئۇلار قوماندانلىق ئىشتابتىن كەلگەنلەرنى تاماق ئۈستەللىرىگە ئارقىچىلاپ چېتىپ باغلىدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئاشخانا ئۆگزىسىنىڭ لىم ياغاچلىرىغا ئەتۈر ئېسىپ قويىدى... قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن كەيپى ئۇچقان رېشىت كانۋاي جوڭ شۆلياڭنى سىرتقا سۆرەپ چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ كاچىتىغا قەھرى بىلەن بىرنى سالدى:

— ھوشۇڭنى يىغ، شۆلياڭ! بىز قايقانغا چۈشۈپتىمىز، ئەمدى خوڭ يادۇڭغا يالغاندىن بولسىمۇ ئەگەشمىسەك تۈگىشىمىز.

ئاسمانغا ئىز قالدۇرۇپ، ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى. بۇ خوڭ يادۇڭنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ تېز يىغىلىشى ئۈچۈن ئاتقان بەلگە ئوقى ئىدى. شۇڭا، ياڭ دۇڭ بىلەن تيەن دالىڭنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى ئاشخانا ئەتراپىغا يىغىلدى ـ دە، قوللىرىغا تۆمۈر كۈرەك، كەتمەن، جوتۇلارنى ئېلىپ، ئاشخانىنىڭ ئىشىكلىرىگە

توپا، شېغىل ۋە تاشلارنى دوۋىلەپ، ئۇ ئىشىكلەرنى ئېچىلماس قىلىۋەتتى. بىر بۆلىكى چاقماق تېزلىكىدە دېرىزىلەرنى بالداق ۋە قېلىن تاختايلار بىلەن مىخلىۋېتىشتى.

خۇڭ يادۇڭ ئىككىنچى قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپ بەلگە بەرگەندە، تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر گازارما قورۇسىدا رەت ـ رەت تىزىلىپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقاردى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قاپقارا ئارغىماقتا مىنگەن خۇڭ يادۇڭ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە يۈزلەندى:

— جۇڭخۇا ئوغلانلىرى! مېنىڭ شۇڭقارلىرىم... — قاتتىق ھاياجاندىن بولسا كېرەك، خۇڭ يادۇڭنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — چىرىگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ خورلىشى، بوزەك قىلىشى ۋە سالغان ئازابلىرىغا چىداپ كەلگەن قېرىنداشلىرىم، سىنالغان بۇرادەرلىرىم! ئەسلىدە ئەسكەرلەر دۆلەت، ھۆكۈمەت ۋە پىرقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى تۈۋرۈك، ئۇلارنى قوغداش يولىدا جانلىرىنىمۇ ئاتاپ قويغان پىداكارلار ئىدى، لېكىن ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن تەمىناتىغا ئىگە بولالمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بىر قىسىم ئاچ كۆز، مۇناپىق ھەربىي ئەمەلدارلار بۇ تەمىناتقا خىيانەت قىلىپ ئۆزلىرىنى بېيىتىشتى. سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ھېسابىغا داچا، ھەشەمەتلىك ئۆي ـ ئەشيالارنى سېلىشتى؛ بۇ پۇللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ، چەت ئەل بانكىلىرىغا قويۇشتى. توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپانىڭ يوندىلىرىغا چىلىشىپ قېلىشتى. بىز ئۇلارغا سوكۇت قىلىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

— ياق! ياق! ياق!

ئات ئۈستىدە تىك ھەم رەتلىك ئولتۇرغان ئەسكەرلەر قىلىچىنى ئۈچ قېتىم ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشلىرى ئۈستىدە

ئويناتتى. بۇ شىددەتلىك ئاۋاز قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، قوشراپ ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارنى چۆچۈتۈۋەتكەندەك بولدى. يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى جىمىرلىتىپ تۆۋەنگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىماقتا ئىدى.

— جاپاكەش بۇرادەرلىرىم! بىز ئۆز نىسىۋىلىرىمىزنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمىز. ھەممىڭلارنىڭ چىرىك ئەمەلدارلارغا بىردەك نەپرەت ياغدۇرۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ھەم ھوقۇقۇڭلار ئۈچۈن جان پىدا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

— جېنىمىز پىدا! جېنىمىز پىدا! جېنىمىز پىدا!

قوشراپ ئاسمىنى ھەيۋەتلىك تاغلاردىن يانغان شىددەتلىك ئەكس سادادىن زىلزىلىگە كېلىپ، قورام تاشلار تاغلاردىن ئاجراپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى!

# ئون بەشىنچى باب

## قوزغىلاڭ

ئۇزاقتىن بېرى ئۇرۇشنىڭ ئۇر - چاپ، قىر - ئۆلتۈر دېگەن قىيقاس - چۇقانلىرى ئىچىدە ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئۇزاپ كېتىش شۆھرىتىدىن، پولات قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى جاڭىلداشلىرىدىن مەھرۇم قالغان جەڭ ئاتلىرى تاڭ سۇزۇلمەستە يەكەن دىيارىغا يېتىپ كەلدى. ئەسكەرلەر يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى باش ئۈستىدە ئوينىتىپ، شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپلا، ئوق يامغۇرىغا دۇچ كەلدى. سەپنىڭ ئالدىدىكى بىرقانچە ئەسكەر ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئاچچىق كىشنىگەنچە قاياققىدۇر كېتىپ قالدى. ئۇچۇۋاتقان ئوق، پارتلاۋاتقان سىنارەدلەر يېڭىشەھەر سېپىلى ئۈستىدىن كېلىۋاتاتتى. خوڭ يادۇڭنىڭ قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى. قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتى قوزغىلاڭچى قوشۇننى كونىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى تۆت روتا ئەسكەر بىلەن بىرلەشتۈرمەسلىك ئىدى. شۇڭا، خوڭ يادۇڭ ھەممىگە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بېكىنىشنى، لېكىن ئوق چىقارماسلىقنى بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا روتا كوماندىرلىرىدىن ياڭ دۇڭ (جاڭ لياڭنىڭ مۇئاۋىنى)، تيەن دالىڭ، ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن ۋاڭ جىڭگوي، شيائېر، ئابدۇرۇسۇل (خوڭ يادۇڭ لى چۇڭيىڭنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇرۇسۇل ئىزۋوت كوماندىرى بولغانىدى)لارنى يىغىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى جىددىي

ئەتتىق قىلدى. ئۇلار تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ كونىشەھەر سېپىلى تۈۋىگە يېتىۋالمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئېتىلىۋاتقان قورالارنىڭ ئاۋازى ۋە ئوق ئۇزۇش رىتىمىغا قاراپ، قەيەردە ئىستانكوۋاي پىلىموت، قەيەردە دىستىلىق پىلىموت بارلىقىنى، بەشئاتار مىلتىقلىقلار بىلەن قارا مىلتىقلىقلار ئەترەتلىرىنىڭ قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، قورالى خىل، ئوت كۈچى كۈچلۈك ئەترەتلەر بىلەن ئاجىز ئەترەتلەرنى تەخمىنەن بېكىتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىيائېرنىڭ ئىزۋوتى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئىچى، تام ۋە دەرەخ دالدىلىرى بىلەن ئۆمىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ، شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۆكۈنۈپ يۇرۇپ ئوق چىقاردى.

مۆكۈنگەن گۇرۇپپىلارنىڭ قورالىرى بىر خىل بولۇپ، ئۇلار يۆتكىلىپ يۇرۇپ ئوت ئاچقاچقا، يېڭىشەھەردىكى گارنىزون قوشۇنى ھودۇقۇپ قالدى. ئەمما، خۇڭ يادۇڭنىڭ بارلىق پىكىر ـ خىيالى كونىشەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردە قالغان تۆت روتا ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش ئىدى. ئەمما، گۇلباغدىكى گازارمىغا ئۇدۇل كىرمەكچى بولسا، ئوق يامغۇرى ئىچىدە قالاتتى. بۇنىڭدا ئۆلۈش ـ يارىلىنىش كۆپ بولاتتى. بىراق، كونىشەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرمەي تۇرۇپ، غەلىبىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

— ئابدۇرۇسۇل؟

— مانا مەن، پولكوۋنىك !

— سەن ئىزۋوتۇڭنى كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ بارغىن، سېپىلنى تېشىڭلار، تەشكەن يېرىڭلار ئات پاتقۇدەك بولسۇن !

— خوپ، پولكوۋنىك !

ئابدۇرۇسۇل ئىزۋوتىدىكى قىرىق نەچچە ئەسكەرنى يۈگۈرتۈپ ئېلىپ كەتتى. كۈن يەكەن باغلىرىنىڭ ئۇستىدىن خۇددى ھامماغا چۈشكەن قىزدەك ھۇپپىدە قىزىرىپ چىقىۋاتاندىلا، خۇڭ

يادۇڭنىڭ قوشۇنلىرى كونىشەھەر ئىچىگە كىرەلىدى. خۇڭ يادۇڭ روتا كوماندىرلىرىدىن ئابدۇراخمان، ماۋ يىلۇڭ، شىلەن، تيەن دالىڭنىڭ ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەن ۋاڭ زۇڭيۇەن، ئۇلارغا مەسلىھەتچى بولۇپ قالغان جاڭ لياڭ ھەم ئەسكەرلەر بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئارامىمۇ ئالماي ئالتە نەپەر روتا كوماندىرىنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى.

— جاڭ لياڭ ئىنىم، — دېدى خۇڭ يادۇڭ سەل جىددىي ئۆرلەپ، — ئۇلارنىڭ سىلەرنى توپقا تۇتۇۋاتقىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ نېمە ئۈچۈن سىلەر ئوق چىقارماي، سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاپ بېكىنىۋالدىڭلار؟

— ئۇلار سىلەرنىڭ قوزغىلىپ چىقىشىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ، بىزنى ئوتتۇرا كېچىدىن تارتىپ توپقا تۇتۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىزمۇ تەڭلا ھۇجۇمغا ياكى مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن ئېتىشساق، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىلەن بىزنىڭمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىمىز ئاشكارىلىنىپ قالامدۇ؟

— مانا ئەمدى سېپىل ئىچىگە سولىنىپ قالدۇق. بىزدە زەمبىرەك يوق، ئەگەر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ تۆۋىگە بېرىۋالساق، ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك بولاتتى.

— مېنىڭ بىر پىلانىم بار، — دېدى ئۇيغۇرلار روتىسىنىڭ كوماندىرى ئابدۇراخمان، — دەرۋازىمىزنى ئېچىپ، ئاتلىق قىلىچ ئوينىتىپ: «ھۇررا» بىلەن يوپۇرۇلۇپ چىققانچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپلا بارساق دەيمەن؟

— مەنمۇ شۇ خىيالدا ئىدىم، — تۇڭگانلار روتىسىنىڭ كوماندىرى ماۋ يىلۇڭ قوشۇمچە قىلدى، — ھەيۋىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويمىساق، ئۇلار بىزنى باش كۆتۈرگىلى قويمايۋاتىدۇ.

— مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە قالمىدى، — دېدى تيەن دالىڭنىڭ ئورنىغا سەپلەنگەن بەشىنچى روتا كوماندىرى ۋاڭ زۇڭيۇەن، — ئۇلارنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى گازارمىمىز ئىچىگە

چۇشۇپ، بىرمۇنچە ئۆيگە، چېنىقىش مەيدانىدىكى ئەسلىھەلەرگە ئوت كەتتى.

روتا كوماندىرلىرى ـــ ئابدۇراخمان، ماۋ يىلۇڭ، ۋاڭ زۇڭ-يۈەنلەرنىڭ بۇ نىيەتكە كېلىشى قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكىدىن بولغانىدى. يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكىلەر كونىشەھەرنى غالجىرلىق بىلەن ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. ئىككى سېپىل ئوتتۇرىسىدىكى گەيشياڭدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ سېپىل ئەتراپىدىكى ئۆي، قوتانلىرى پارتلاپ، نىمىلەردۇر ئاسماندىن لەيلەپ چۈشەتتى. ئىستانكىۋاي پىلىموت، دىسكىلىق پىلىموت ھەم پوقاق پىلىموتلارنىڭ ئوقلىرى گەرچە كونىشەھەرنىڭ سېپىللىرىغا ۋە گەيشياڭدىكى ئاھالىلەر رايونىغا ئارانلا يەتسىمۇ، ئوق مۇساپىسى مىلىڭ مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان بەشئاتار مىلتىق، گېرمانكا مىلتىقلارنىڭ ئوقى ئېگىز جايدىن ئېتىلغاچقىمۇ، نەق كونىشەھەر گازارمىسى قورۇسىغا كېلىپ چۈشۈپ، كوماندىر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تالا - تۈزگە چىققىلى قويمايۋاتاتتى. ھەممىدىن دەھشەتلىكى، «82» تىپلىق، «60» تىپلىق ۋە يەرلىك زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاۋاتقان سىنارەدلىرى ئىدى. بۇ زەمبىرەكلەر كونىشەھەردىكى قوشۇننى باش كۆتۈرگىلى قويمايۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ ئۈچ روتا كوماندىرى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، قوشۇن سېپىل دەرۋازىسىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقسا، بازار ئەسكەرلەرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ، جەسەتلەر رەستىلەردە دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. ھەممە ئېھتىماللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن جاڭ لياڭ ئېغىر تىنىپ كوماندىرلارغا قارىدى:

ـــ سېپىل دەرۋازىسىدىن بوراندەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقساق، ـــ دېدى جاڭ لياڭ تەمكىن قىياپەتتە، ـــ باش ئۈستىدە ئويناتقان قىلىچىمىز بىلەن كىمنى چاپىمىز؟ يېڭىشەھەر سېپىلىنىمۇ؟ ئۆزىمىز تارتىدىغان زىياننى ئويلاشمىساق بولمايدۇ - دە!

ـــ توغرا، ـــ خۇڭ يادۇڭ كوماندىرلارنىڭ تەكلىپىنى كەس-

كىن رەت قىلدى، — ئۇنداق قىلساق، تارتىدىغان چىقىمىمىز مۆلچەرلىگۈسىز بولۇپ كېتىدۇ. مەنچە، ئاھالىلەرگە چۈشەندۇ-رۇش ئارقىلىق بازاردىكى ئۆي، دۇكانلارنىڭ تاملىرىنى تېشىپ ئۆتۈشمە يول ھاسىل قىلىپ، قوشۇننى بۇ ئۆتۈشمىدىن يوشۇرۇن ئاچىقساق، يېڭىشەھەر سېپىلى تۈۋىگە چىقىمىسىز بېرىۋالغىلى بولارمىكىن دەيمەن؟

— بۇ پىلانغا مەن قوشۇلىمەن، — دېدى جاڭ لياڭ دەرھاللا، — ئاھالىلەرگە ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆيلىرىنى ئوڭشاپ بېرىشكە ۋەدە بەرسەك ياكى ھەق تۆلىسەكمۇ بولىدۇغۇ؟

خۇڭ يادۇڭنىڭ قارارىغا ھەممە روتا كوماندىرى بىردەك قوشۇلدى. خۇڭ يادۇڭ باشلىق روتا، ئىزۋوت، ئودلىنىيە كوماندىرلىرى ۋە بىر قىسىم تاللانغان ئەسكەرلەر يوقىراچە ياسىنىپ، سېپىلنىڭ كۇنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر دالدا بولۇپ تۇرغان يېرىدىن سىيرىلىپ گەيشياڭغا چۈشمەكچى بولدى. ئۇلار كەتمەن، كۇرەك، جوتو، لوم تۆمۈر ۋە ئارقانلارنى ئېلىپ مېڭىۋىدى، سارا يىراقتىنلا ۋارقىراپ ئېتىلىپ كېلىپ ئۆمەرگە ئېسىلدى ۋە يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېسەدەپ - ئۆپكىدەپ يىغلاشلىرىنى، دومبىيىپ قالغان قورسىقىنى، يۈزىگە چۈشكەن قوڭۇر داغلارنى كۆرگەن خۇڭ يادۇڭنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئۆمەر، بولدى سىز بارماڭ!

— مەن بارمىسام قانداق بولىدۇ؟ — ئۆمەر سارانىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — سارا، مەن خۇڭ پولكوۋنىكقا تىلماچلىق قىلىپ بەرمىسەم، ئۇ يوقىرالار بىلەن سۆزلىشەلمەي قالىدۇ.

— سىز... سىزگە ئوق تېگىپ كېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم ئېغىپلا تۇرىدۇ، — سارا رومىلىنىڭ ئۇچىدا يېشىنى سۈرتتى، — ھازىر ئۆلۈم دېگەن قارىغۇ تۆگىدەك ئۇچرىغاننى چەيلەپ كېتىۋاتسا.

— خاتىرجەم بولۇڭ! مەن پەقەت تىلماچلىقلا قىلىمەن.

— ئەگەر سىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۆزۈمنى سىپىلدىن تاشلايمەن.

— بولدى، ئۆمەر، سەن قىلىپ قال! — دېدى خوڭ يادوڭ، — سارا سەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ.

— بۇ... بۇ... — سارا خوڭ يادوڭغا ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن قارىدى، — بۇ... بارسۇن... بولمىسا سىز... سىز گەپ - سۆزدە قىينىلىپ قالغۇدەكسىز.

— سارا، ئۆيدىن سىرتقا چىقماڭ! — ئۆمەر ئايالىنى چەتكە تارتىپ نەسىھەت قىلدى، — ھازىر يېڭىشەھەر سىپىلى ئۈستىدىن ئېتىلغان ئوق گازارما ئىچىگە چۈشۈۋاتىدۇ، خەتەرلىك! ئۇقتىڭىزمۇ؟

— بىزنىڭ كوماندىرلار كوچىسى ئىككى سىپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، ئۇ يەرنى ئوق ئاسانلىقچە تاپالمايدىكەن.

— ئىككى سىپىل؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىر تەرىپى سىپىل، يەنە بىر تەرىپى ئاسمان - پەلەك بېسىلغان لاپاس سىپىل. بۇ سىپىل كوماندىرلار مەھەللىسىدىن - مۇ ئۇزۇن تۇرسا.

— ئاتخانا ئۈستىگە بېسىلغان پىچانىنى دېمەكچىمۇ سىز؟ — ئۆمەر كۈلۈۋەتتى، — ئىككى سىپىل دېسىڭىز ھەيرانلا قالدىم. ماقۇل، سارا! باشقىلار مېنى ساقلاپ قالدى.

— خوش، ئۆمەر، خۇدايىمدىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەيمەن.

سىپىلدىن سىيرىلىپ چۈشكەن خوڭ يادوڭ باشلىق ئاتمىشتىن ئارتۇق ئادەم گەيشياڭ ئاھالىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تام تېشىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. يېڭىشەھەر سىپىلى بىلەن كونىشەھەر سىپىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە - يەتتە يۈز مېتىر كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ بازاردا تۆمۈرچىلەر، مىسكەرلەر، تۇنىكىسازلار، تاقىچىلار، پاختا ئاتقۇچىلارنىڭ لەمپىلىرى بىلەن سەكسەنخالتا،

قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىرى، ئەسكى ـ تۈسكى ساتقۇچىلارنىڭ تەۋەلىكى بىلەن قىڭغىر ـ قىيسىق دۇكانلار، ئىسلىق ۋە بۇسلۇق ئاشپۇزۇللار بىلەن لەمپىلىرىگە تورغاي قەپەسلىرى ئېسىپ قويۇلغان چايخانىلار، ئاھالىلەرنىڭ ۋەيرانە ئۆيلىرى... شۇنچىلىك زىچ جايلاشقانىدىكى، خۇددى ئىككى سېپىل ئوتتۇرىسىغا سەرەڭگە قاپلىرىنى تۆكۈۋەتكەندەك، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ كەتكەندى.

جەڭگىۋار ھالەتتە ئىشقا كىرىشكەن كوماندىر ـ جەڭچىلەر كۆن قايرىلغۇچە ئۆي، دۇكان، ئاشخانا، چايخانىلارنىڭ تاملىرىنى تېشىپ، ئۆتۈشمىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بولدى. خۇڭ يادۇڭ ئىككى ئادەمنىڭ مۈرىسىگە ئۈست ـ ئۈستىلەپ تۆت ئادەمنى قوندۇرۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى ئۆمەرنى قالغانلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كونىشەھەر گازارمىسىنىڭ ئىچىگە چۈشۈردى. بۇيرۇق كۆتۈپ تۇرغان كوماندىرلار ئالتە روتا (بىر مىڭ ئۈچ يۈزدەك) ئەسكەرنى گازارما قورۇسىدا تىزىلدۇردى. پىلان بويىچە ۋاڭ زۈڭيۈەنىڭ بەشىنچى روتىسى كونىشەھەرنى قوغداشقا قالدۇرۇلدى. قالغان ئەسكەرلەر روتىلار بويىچە ئارقان ئارقىلىق سېپىلدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، گەيشياڭدىكى ئۆتۈشمە يول بىلەن يېڭىشەھەر سېپىلى تۈۋىگە ئامان ـ ئېسەن كېلىۋالدى. خۇڭ يادۇڭ شۇ ھامان يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىدىغان سۇنى دەرھال بوغۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مىجەزى شۇنچىلىك چۈسلىشىپ كەتتىكى، كىم سۇسلۇق قىلسا، تاپانچىسىنى شۇنىڭغا تەڭلەيتتى. پۈتۈن قوشۇن چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ يېڭىشەھەر سېپىلى ئەتراپىغا قۇم ـ توپا، شېغىل قاچىلانغان تاغار ۋە خالتىلار بىلەن توسۇق، ئىستىھكام ياساتقۇزۇپ، يول بەندەرلىرىنى شاخ ـ شۇمبا ۋە ياغاچلار بىلەن ئەتكۈزۈۋېتىپ، قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئالدىراپ كېتىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قوماندانلىق

ئىشتابىدىن قەشقەر كورپۇس ئىشتابىغا ياكى خوتەن پولكىغا تېلېگراممىا يوللىۋېتىلگەن بولسا، ئۇرۇش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە چوڭىيىپ كېتەتتى. يېڭىشەھەرنى قورشىۋالغان قوشۇن خۇڭ يادۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئوقى ئۇزۇنغا بارىدىغان بەشئاتار ھەم گېرمانىكا مىلتىقلاردىن توختىماي ئوق ئۈزۈپ تۇردى، باشقا چوڭ قوراللارنى ئىشلەتمىدى.

ئابدۇراخمانىنىڭ ئۇيغۇرلار بىرىنچى روتىسى بىلەن شىلەنىنىڭ خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە ئارىلاشما تۆتىنچى روتىسىدىكى ئەسكەرلەر بۇنداق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكتەك ئەزمە ئۇرۇشتىن بىزار ئىدى. ئەگەر ئۇلارنى ھەربىي بۇيرۇق تۇتۇپ تۇرمىسا، يېڭىشەھەر سېپىلىنى پارتلىتىپ، سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇششاقۇ چوڭنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشنى ئويلايتتى. بۇنىڭغا خۇڭ يادۇڭ خاپا بولۇپ:

— سېپىل ئۈستىدىن تۆكۈلىدىغان قىزىتىلغان ماي بىلەن قايناق سۇدا كۆيۈپ، سېپىل قوۋۇقى ئالدىدا كاۋاپ بولۇپ بەرمەكچىمۇ سىلەر؟! — دەپ ۋارقىراپلا كەتتى، ھەتتا تاپانچىسىنى ھاۋادا سىلكىپ تۇرۇپ جاكارلىدى، — قاراپ تۇرۇڭلار، قوماندانلىق ئىشتابى قارىمىقىدىكى گارنىزون قىسمى ئۈچ - تۆت كۈنگە قالماي ئاق بايراق چىقىرىدۇ...

يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاش تۆت كۈن داۋاملاشتى. قوۋۇق ئىچىگە يىغىلىۋالغان ئاھالىلەرنىڭ: «سۇ... سۇ بېرىڭلار!» دەپ يىلىنغان ئاۋازلىرى، كىملەرنىدۇر تىللىغانلىرى، بولۇپمۇ ئانا - بالىلارنىڭ: «سۇ... سۇ...» دېگىنىچە يىغلىشىپ، زەئىپ ئاۋازدا توۋلىغانلىرى سېپىل ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇددى «خۇدا ئۇرغانىنى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە بولۇپ كەتكەن تومۇز ئىسسىق، دىمىق ھاۋا يېڭىشەھەر ئاھالىلىرىنى ھەسسىلەپ چاڭقىتىۋەتتى. ئۇلار ئەڭ بولمىسا ئىللىقىنا شامال بولسىمۇ چىقسىكەن دەپ نالە قىلاتتى. لېكىن،

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. خۇڭ يادۇڭ: «يېڭىشەھەر گارنىزونىدىكىلەر قەشقەر كورپۇس ئىشتابى بىلەن خوتەن پولكىغا ئالىلىقاچان تېلېگرامما يوللاپ بولدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياردەمگە كېلىش نىيىتى بولسا، بۇ چاغقىچە كېلىپ بولغان بولاتتى. بەلكىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى تىڭشاپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ جەزملىدى. شۇڭا، يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاۋازلار ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ: «ئېھتىمال ئەتىگىچە گارنىزون قىسمى سۇلھىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ ياكى ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. خۇڭ يادۇڭ جاڭ لياڭ، تيەن دالىڭ، ئابدۇراخمان، ماۋ يىلۇڭ، شىلەن، ۋاڭ زۇڭيۈەن قاتارلىق روتا كوماندىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىنى كېچىچە قاتتىق ئوققا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا قىستىمىغاندا، «تۈن ئۇزارغانسېرى چۈش كۆپىيىدۇ» دېگەندەك، ۋاقىت سوزۇلغانسېرى كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. كېچەشكە يىغىلغان كوماندىرلار ئەتىدىن باشلاپ قەشقەر ـ خوتەن يوللىرىغا بىر ئىزۋوتتىن ئەسكەر قويۇپ، كېلىش ئېھتىمالى بولغان ياردەمچى قىسىمنىڭ ئالدىنى توسۇشنى قارار قىلىشتى. ئەمما، ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى ئەسكەر بىر ئۇيغۇر دېھقاننى خۇڭ يادۇڭنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە جاڭ لياڭمۇ بار ئىدى. خۇڭ يادۇڭ ئۇيغۇر تىلىنى كېكەچلەپ بولسىمۇ سۆزلىيەلەيتتى. دېھقان سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېگىل دېگەن يەردىن يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى. خۇڭ يادۇڭ ئۇنىڭ مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئەۋەتكەن ئەسكەر ئۆمەرنى بىردەمدىلا باشلاپ كەلدى. بېگىللىك دېھقاننىڭ ئەكەلگىنى ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر ئىدى، يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىغا قەشقەردىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن يىگىرمە

سەككىز ماشىنا قوراللىق ئەسكەر بىگىل كەنتىنىڭ چوڭ يولى ئۈستىدە توختاپ، كەچ كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

— سىنىڭ ئات نىمە؟ — جىددىيلىشىپ كەتكەن خوڭ يادوڭ ئۈتتۈرلا سورىدى، — بۇ ئىشنى نىمىشقا ماڭا دەيدۇ؟

— مىنىڭ ئىسمىم ئايمەت توختى، بىگىللىك دىھقان بولىمەن. سىلەرگە خەۋەر قىلىشىمدىكى سەۋەب، — ئايمەت توختى يىغلىۋەتتى، — ئۇلار مىنىڭ ئون بىر مو يەردىكى قوغۇنۇمنى ۋاشاڭ قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى يازلىق - قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك، بالىلارنىڭ كىيىم - كىچەكلىرى، مال - ۋارانغا ئالىدىغان يەم - خەشەكنىڭ ھەممىسى پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ — خوڭ يادوڭنىڭ سۆزلىرىنى ئۆمەر ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىۋاتاتتى، — راست گەپنى قىلساڭ، ئۆزۈڭگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى، يالغان گەپ قىلساڭ، ساڭا ياردەم قىلىشىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، جىنىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايسەن.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇقادىر دىگەن بىر ئۇيغۇر بار ئىكەن، ئۇ سىلەرنى «قوزغىلاڭ كۆتۈردى»، «سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى» دەپ سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر تۇڭگان سىياق ئادەم تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ئابدۇقادىر دىگەن ئادەم؟ — سورىدى ئۆمەر، — نەچچە ياشلاردا بار ئىكەن؟

— ئوتتۇز ياشنىڭ يۇقىرىسىدا كۆردۈم.

— ئۇ چىمچىق كۆز، قىڭراق بۇرۇن، ئۆڭى قارىراق، ئورۇق، ئېگىزمىكەن؟

— راست، راست، بۇ يىگىت كۆرگەندەكلا دىدى، — ئايمەت توختى ئۆمەرنىڭ سۇرەتلەپ بىرىشىنى دەرھاللا ماقۇللىدى، — ئەينەن شۇنداق.

— لۇ كۇنجۇڭنىڭ سادىق ئىتى ئابدۇقادىر ئىكەن.

— نېمە، ئابدۇقادىر؟ — خوڭ يادوڭ شارتلا ئۆمەرگە قارىدى، — ئۇ قانداق بولۇپ...

— ئابلا، ۋاھىتلارنىڭ دېيىشىچە، سىز مەن بىلەن لو دەننى قوماندانلىق ئىشتابىقا ئەۋەتكەندە، ئابدۇقادىر بىلەن نىزام شۇ ھامان قوشراپ گازارمىسىدىن غايىب بولغانىكەن.

— ئەمىسە، بىز توغرۇلۇق خەۋەرنى ئاشۇ ئەبلەخلەر يەتكۈزۈپتۇ، — دېدى جاڭ لياڭ، — شۇڭا ئۇلار قەشقەردىن كېلىدىغان قوشۇندىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۇلارغا يول باشلاش ئۈچۈن بېگىلدە ساقلىغان گەپ.

— ئۇنداقتا، لۇ كۇنجۇڭنىڭ كانۋېيى رېشىتچۇ؟

— ئۇنى ئىزۋوت كوماندىرى شيائېر ئۆزىنىڭ كانۋېيى قىلىۋالدى. ئۇ سادىقلىق بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

— نېمە، سادىقلىق؟! — خوڭ يادوڭنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك ئالايدى.

— خوڭ پولكوۋنىك، خاتىرجەم بولۇڭ ! — ئۆمەر كۆزىنى قىسىپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن بەلگە بەردى، — شيائېر ئۇنى ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلماي خىزمىتىگە سېلىۋاتىدۇ.

— ھىم ! — ئۆمەرنىڭ ئىشارىتىدىن خوڭ يادوڭنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى بولغاي، ئايمەت توختىنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ ئۇرۇپ قويدى.

— توختاڭا، باشلىق ! — ئايمەت توختى خوڭ يادوڭغا تىكىلدى، — ھازىر سىز بىر خەنزۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىدىڭىز، ئۇنى يەنە بىر دەپ بېقىڭا قېنى؟

— نېمە؟ مەن كىمنى ئاتاپتىمەن؟ — خوڭ يادوڭ ئۆمەرگە قارىۋىدى، ئۇ ئېسىگە سالدى:

— لۇ كۇنجۇڭ دېمىدىڭىزمۇ؟

— ھەببەللى، ئابدۇقادىر دېگىنى ئاشۇنداق ئىسىملىك بىر ئادەمگە قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ، خۇشامەت دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى.

— لۇ كۇنجۇڭ دېگەن ئۇ ئادەم قانداقراق سىياقتا ئىكەن؟ — سورىدى جاڭ لياڭ جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىلگىنىڭىزچە دەپ بېقىڭا؟

— بۇ... بۇ... قايناق سۇدا پاتلىغان قارا چوشقىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن، — ئايمەت توختى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى، — ئۆڭى قارا، سېمىز يۇزى پارقىراپ تۇرىدىغان، چاچلىرى تىكەندەك دىك - دىك، دىقماق ئادەم ئىكەن.

— نەچچە ياشلاردا باردۇ؟ — خۇڭ يادۇڭ ئايمەت توختىنىڭ چىرايىغا قارىدى، — تەخمىنەن بولسىمۇ دەپ باققىن.

— ئوتتۇز توققۇز - قىرىق ياشلاردا بارمىكىن دەيمەن، قىسىق كۆز، تەرى سۆرۈن نېمە ئىكەن.

— چۈشىنىشلىك! — خۇڭ يادۇڭ قولىنى سىلكىدى، — لۇ كۇنجۇڭ ئىكەن، ئۇ مەندىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن كەپتۇ. جاڭ لياڭ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئەمىسە، — جاڭ لياڭنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — ئالتە روتىنىڭ كوماندىرلىرىنى دەرھال يىغىپ، ئۇلارغا بۇ جىددىي ئەھۋالنى يەتكۈزەيلى.

روتا كوماندىرلىرى يىغىلىپ بولغۇچە، جاڭ لياڭ بىلەن خۇڭ يادۇڭ ئىككىسى بىر پىكىرگە كەلدى. ئۇلار يەتتىنچى پولكتىكى ئابدۇراخماننىڭ بىرىنچى ئۇيغۇرلار روتىسى بىلەن ۋاڭ زۇڭيۇەننىڭ خەنزۇلار بەشىنچى روتىسىنى يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئۈچ روتا ھەم تيەن دالىڭنىڭ روتىسى بولۇپ تۆت روتا توققۇز يۈزدەك ئەسكەرنى باشلاپ يىگىرمە سەككىز ماشىنىدا كەلگەن مىڭدەك ئەسكەر بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن بېگىلگە بارماقچى بولدى.

ئالتە روتىنىڭ كوماندىرلىرى جىددىي بۇيرۇق بىلەن بىردەمدىلا يىغىلىپ بولدى. خۇڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ ئىككىسى بىرلىككە كەلگەن ئۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بۇ پىلانغا بىردەك قوشۇلدى.

— بۇرادەرلەر، بىز ئىنتايىن خەۋپلىك ۋە چوڭ ئىشقا قەدەم ئالدۇق، — دېدى خۇڭ يادۇڭ ئازابلانغان قىياپەتتە، — ئەمدى يېنىۋالالمايمىز، چۈنكى بۇ يولدا خىلىلا ئۇزاپ كەتتۇق. خەۋپلىك دېيىشىم، ئەلۋەتتە ئۇرۇش دېگەندە ئۆلۈش - يارىلىنىش بولىدۇ. بىراق، بۇنداق چىقىمنى ئازايتىش ھەربىر كوماندىرنىڭ ئۇرۇش پىلانىغا، ئۇسۇل - تاكتىكىسىغا ۋە ھىيلە - مىكرىگە باغلىق ئىش، شۇڭا قەدىمىي جەڭنامىلەردە ئۇرۇشنى «توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دەپ تەرىپلىگەن. ئەمدى چوڭ ئىش دېگەنلىكىم، ئىسسىق قېنىمنى، تاتلىق جېنىمنى دۆلەت ۋە پىرقە ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتى، تەمىناتىنى دەپ بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز. بىلگەن ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىن چوڭ ئىش بولمىسا كېرەك!

— بىز ھەممىمىز بۇ چوڭ ئىش ئۈچۈن تەييارمىز! — ئالتە كوماندىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈردى، — تەييارمىز! تەييارمىز!

— رەھمەت سىلەرگە! مىڭلارچە رەھمەت! — خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى، — سىلەرگە ئامانلىق ھەم غەلىبە تىلەيمەن!

— بىزنىڭ تۇنۇگۈنكى، بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى شوئارىمىز ۋە تەلىپىمىز، — دېدى جاڭ لياڭ، — يەنىلا «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق!

1948 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرى... ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش يەكەن دىيارىنى تونۇردەك قىزىتماقتا ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدىكى، سەھرا يوللىرىدىكى، ئېتىز قىرلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سالپايغان، ئوت - گىياھلارمۇ تومۇز ئىسسىقتىن سارغىيىپ قالغاندەك سولغۇن كۆرۈنەتتى. قېرى سۆۋادانلارنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قاغىلار شورلىشىپ كەتكەن ھەلقۇملىرىنى

لىپىلدىتىپ، قاپقارا تۈمشۇقلىرىنى يوغان ئېچىپ، قىپقىزىل ئىنچىكە تىللىرىنى ئۈزۈن چىقىرىپ ھاسىرايتتى. تومۇزغىلارنىڭ ئاچچىق چىرىلدىشىنى دېمىسە، باشقا قۇرت - قوڭغۇز، ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. يەر - جاھان ئەنە شۇنداق قىزىۋاتقان پەيتتە مىلتىق، ئوقدان، سوخار خالتىسى، ئىككى جۈپتىن گىرانات ئاسقان ئەسكەرلەر سەككىز كىلومېتىر يولدىن گۈپۈرلەپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، بېگىلگە يېتىپ كەلدى. ھەربىر روتىدىكى ئىزۋوت بەشتىن ئىدى. ئىزۋوت، بىر ئىزۋوتتىكى ئۈچتىن ئودلىنىيە ئۆز ۋەزىپىلىرى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار قوناقلىق، كېۋەزلىك، قوغۇنلۇق، كەندىرلىك ۋە ئوت ياسقان چوڭقۇر ئېرىقلار ۋە ئېتىزلار بىلەن بېگىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىلان باغرى چوڭ يولغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. يىراقتىن ماشىنىلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئۆمىلەپ، ئاندىن يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلەپ نىشانغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. يېشىل بىرېزېنت بىلەن يېپىلغان يىگىرمە سەككىز ھەربىي ماشىنا چوڭ يولغا خۇددى تۆگە كارۋىنىدەك قاتارىسىغا توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى قوغۇن - تاۋۇزلۇقلارغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇچرىغانلىكى قوغۇن - تاۋۇزنى يېرىپ، مۇشتلاپ، خام چىقسا تاشلايتتى، پىششىق چىققانلىرىنىمۇ ئىككى - ئۈچ چىشلەپلا پىلەكلەر ئىچىگە ئىرغىتىپ ئاتاتتى، قوغۇن - تاۋۇز تاختىلىرىدا لاغايلاپ يۈرۈپ پىلەكلەرنى تىلغاپ، خەمەكلەرنى چەيلەيتتى. ئەسكەرلەرنىڭ يەنە بىر بۆلىكى توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ ھاراق ئىچىپ، قارتا ئوينىشىۋاتاتتى، تېخى ماشىنا ئاستىغا كىرىپ ئۇخلاۋاتقانلارمۇ تولا ئىدى. خۇڭ يادۇڭ قوشۇنىنىڭ سەپنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرى خۇددى يىلپىزدەك چاققانلىق بىلەن قاراۋۇللارنى جىمجىتلا ئۈجۈقتۇرۇپ، قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى.

لى چۈشىنىڭ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شىيائېر ئىززۋوت كوماندىرى بولغاندىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ ئودلىنىيە كوماندىرى لو دەن بولۇپ قالغانىدى. شىيائېر گەرچە ئۇرۇشنىڭ سورلۇك ۋەھىمىسىدىن سەل جىددىيلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى لۇ كۇنجۇڭ، ئابدۇقادىر، نىزاملاردا ئىدى. «ئاقنىيازنى زادى كىم ئاتقان؟» دېگەن سوئال ئۇنى ھازىرغىچە ئازابلايتتى. شۇڭا، رېشىتنى كۆرۈنۈشتە كاتۇاي دەپ ئېلىپ قالغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئايمەت توختىنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قىساس ئېلىش ئوتىنى قايتىدىن ياندۇرۇۋەتتى. شۇڭا، ئۇ ئودلىنىيە كوماندىرى لو دەنگە ۋەزىپە تاپشۇردى:

— لو دەن، سەن ئودلىنىيەڭدىكى ئون بىر ئادىمىڭنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆت. ۋەزىپەڭ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش ئەمەس، پەقەت «تىل» تۇتۇش. ئۇنىڭدىن لۇ كۇنجۇڭ، ئابدۇقادىر، نىزاملارنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىنى ئېنىقلىساڭلا بولىدۇ.

— ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىچۇ؟

— ئۇنىڭدا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسەن، لېكىن بۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

— خوپ، كوماندىر!

لو دەن، ئۆمەر، ئابلا، لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجى قاتارلىق بىر ئودلىنىيە ئەسكەر ئوت باسقان ئېتىزلار، سۇسىز چوڭقۇر ئېرىقلار، بولجاللىق ئورمانلار ئىچىدە بىردە ئۆمىلەپ، بىردە ئېڭىشىپ، بەزىدە يېتىۋېلىپ يەر بېغىرلاپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە يۈرۈپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە خۇڭ يادۇڭنىڭ ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقان بىر پاي بەلگە ئوقى قوشۇننىڭ ھۇجۇم باشلاش سىگنالى بولدى. تۆت تەرەپتىن تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، گۈمبۈرلەپ پارتلىغان گىراناتلار ۋە قىيقاس - چۇقاندىن

مەڭدەپ قالغان ياردەمچى قوشۇن پاتىپاراق بولۇپ، ئوڭ - سېپىنى تاپالماي قالدى. ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى تىكلەكلىك قورالىرىغا يۈگۈرسە، بەزىلىرى چوڭقۇر ئېرىقلارغا سەكرەيتتى. بىر يەردىن بەشئاتار ۋە گېرمانىكا مىلتىقىنىڭ تاكىلدىغان كۆچلۈك ئاۋازى ئاڭلانسا، نەدىندۇر ئىستانكىۋاينىڭ «دۇ... دۇ... دۇ... دۇ...» قىلغان سۈرلۈك گۈپۈلدىشى ئاڭلىناتتى. بىردىنلا ياردەمچى قوشۇننىڭ كانىيى ياڭراپ، ئەسكەرلىرى دەرھال تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ يىغىلىشقا باشلىدى ۋە جەڭگە كىرىشتى. ئەسكەرلەر ئۆزئارا قوغلىشىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، بېگىل بىلەن قاراقۇم ئارىلىقىنى دەھشەتلىك تۈسكە كىرگۈزدى. ياردەمچى قوشۇن گەرچە كۆپ ئادىمىدىن ئايرىلىپ، سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. خوڭ يادۇڭنىڭ روتا، ئىزۋوتلىرى ئۇلارغا پىلانلىق، رەتلىك، سىستېمىلىق ھالدا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىۋاتاتتى. ئىزۋوت كوماندىرى شيائېر چېكىنگەنلەرگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قاراقۇم باغرىدىكى ياۋا قومۇشلۇققا يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىغا «تىل تۇتۇشقا ماڭغان يىگىتلەر دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئوڭۇشلۇق ئۆتەلىگەنمىدۇ؟» دېگەن خىيال كىرىپلىۋالغانىدى.

شيائېر ئەنە شۇنداق ئەنسىزچىلىك ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، لو دەننىڭ ئىككىنچى ئودلىنىيەسى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدە، يەنى قاراقۇمدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىرنەرسىنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغۇچە، ياۋا قومۇشلۇققا ياكى قىياقلىق چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇيتتى. ئوق ئاۋازلىرى ئۇلاردىن بەزىدە يىراقلىشىپ، بەزىدە يېقىنلىشاتتى. قۇم دۆڭلەر، يانپاش ياندىغىرلار، قۇم بارخانلىرى ئارقىدا قېلىپ، پىلىموت ۋە ئىستانكىۋاينىڭ ئوزۇلمەي ئېتىلىۋاتقان ئاۋازى، گىراناتلارنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاشلىرى بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى. ئۇلار بىر بارخاندىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ، تىكەنلىك چاتقال ئىچىدە تەرەت قىلىپ

ئولتۇرغان بىر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالدى. لو دەن ئابلا بىلەن جاڭ لىجىغا شەرەت قىلدى، ئۇلار تېز، ئەمما مۇشۇكتەك سىلىق ۋە چاققانلىق بىلەن ئەسكەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى قامالالىۋالدى ۋە سۆرىگىنىچە ئۇنى قوم بارخىنىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ يىگىرمە ـ يىگىرمە بىر ياشلار ئەتراپىدىكى خەنزۇ ئەسكەر بولۇپ، ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان قورال، خەنجەرلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن بىرھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى.

— قورقما! ئەگەر سەن سوئاللىرىمغا تولۇق ھەم راستلىق بىلەن جاۋاب بەرسەڭ، ئۆلتۈرمەيمەن. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈ... چۈشەندىم، — ياش ئەسىر لو دەننىڭ مەقسىتىنى بىلگەندەك ئىدى، — راست مېنى ئۆلتۈرمەمسىز؟

— راست ئۆلتۈرمەيمەن، — لو دەننىڭ بىر قولىدا خەنجەر، يەنە بىر قولىدا تاپانچا تۇراتتى، — ئەگەر مېنى ئالدىساڭ، ھازىرلا بوغۇزلىۋېتىمەن، قاچساڭ دومبەڭنى غەلۋىردەك ئۆتمۈشۈك قىلىۋېتىمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

— سو... سوراڭ، ئاكا. مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىزلا ھەممىنى ئېيتاي.

— لۇ كۈنجۈڭ نەدە؟

— ئۇ... ئۇ... ئالدىمىزدىكى قوم بارخىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چېدىردا.

— ئۇنىڭ قېشىدا قانچە ئادەم بار؟

— چېدىر ئىچىدە تۆت ئادەم بار، ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر؟ — لو دەن ئەسكەرلەرنىڭ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، — چېدىر سىرتىدا قاراۋۇل بارمۇ؟

— ئىككىسى بار.

— باشقا ھەربىي باشلىقلار نەدە تۇرىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى خېلى يەك ئالدىدا. لېكىن، لۇ كۈنجۈڭ مۇشۇ قەشقەر يولىغا يېقىن يەرگە كېلىۋالدى.

— قارا، ھىيلىگەرنىڭ ئۇستاتلىقىنى ! ئۇ خائىنلارغا ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

لو دەن، ئۆمەر، جاڭ لىجى ئۇچەيلەن ئەسىرگە بىرمۇنچە شەرت قويغانىدى، ئۇ دەسلەپتە قورققىنىدىن يىغلىۋەتتى، كېيىن ئىسەدەپ تۇرۇپ:

— دېگىنىڭلارنى قىلىپ بەرسەم، مېنى راستىلا قويۇۋېتەمسىلەر؟ — دەپ ئۈمىد بىلەن سورىدى.

ئىككىنچى ئودلىنىيەدىكى ئون ئىككى رازۋېدكىچى ئەسىر كۆرسەتكەن قۇم بارخىنى ئۇستىگە ئۆمىلەپ چىقتى - دە، پەستىكى چاتقاللىق ئارىسىغا جايلاشقان چاققانغىنا يېشىل چېدىرنى ھەم ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى قاراۋۇلنى كۆردى. ئۇ ئىككىسى چېدىرنىڭ ئالدىدا يانمۇيان تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قول سېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى ياندىن ۋە ئۇدۇلدىن ئېتىلىپ بارسا، يىراقتىنلا سېزىلىپ قالاتتى، ئېتىشىش باشلىنىپ كەتسە، لو كۇنجۇڭ بىلەن ئابدۇقادىرنىڭ قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. شۇڭا، لو دەن ئەسىر ئەسكەرنىڭ قولىقىغا نېمىدۇر دېگەنىدى، ئۇ ئاستىلا ئېڭىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاۋۇل، بەستلىك گەۋدىسىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان لو تيەنخەي بىلەن قارام ئابلا ئەگىشىپ ماڭدى. چۈنكى، ئۇلار لو دەننىڭ كۆز ئىشارىسىنى سېزىپ بولغانىدى. بۇنداق يېقىن ئارىلىقتا، كىچىك بىر دائىرىدە تۇرغاندا، گەپلىشىشكە، ھەتتا پىچىرلىشىشقىمۇ بولمايتتى. لو دەننىڭ كۆز، قول ئىشارىلىرى سەگەك ئەسكەرلەر ئۈچۈن بۇيرۇق ئىدى. بىردەمدىلا يەنە ئاپتوماتلىق تۆت ئەسكەر يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئەسنادا ئىشتىنىنىڭ بېغىنى تۈتۈۋالغان ئەسىر ئەسكەر ئىككى قاراۋۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا نېمىدۇر دېدى. قاراۋۇللارنىڭ بىرى چېدىر ئارقىسىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىنى سورىدى بولغاي، ئەسىر ئەسكەر بېشىنى

گىلدىڭلاتتى. ئىككى قاراۋۇل ئۆزئارا بىرنەرسىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن بىرى ئەسىر ئەسكەر بىلەن بىللە چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتە چاتقال ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىققان لۇ تيەنخېي شەپە چىقارماي ئېڭىشىپ كېلىپ، چېدىر ئالدىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئاۋۋال ئاغزىنى قاماللىدى، ئاندىن كۆكرىكىگە خەنجەر ئۇردى. بۇ چاغدا چېدىر ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن قاراۋۇلنىڭ كەينىدىن يالاندەك تىۋىش چىقارماي يېقىنلاپ كەلگەن ئابلا ئۇنىڭ ئاغزىنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، بوينىغا شۇنداق تېز خەنجەر سۇرگەندى، قاراۋۇلنىڭ بوينىدىن تىرتىلداپ ئېتىلىپ چىققان قان تۆت ـ بەش قەدەم ئارىلىقتىكى ئەسىر ئەسكەرنىڭ يۈزلىرىنىمۇ قىپقىزىل بوياۋەتتى. لۇ تيەنخېي بىلەن ئابلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بەلگە بەردى. قۇم بارخىنى ئۈستىدىكى لو دەن بەش ئەسكىرى بىلەن قۇيۇندەك تېز چۈشۈپ كەلدى. بۇ چاغدا ئاپتوماتلىق تۆت ئەسكەر چېدىر ئەتراپىنى قورشاپ تۇراتتى. چېدىرغا دەسلەپ ۋاڭ بىڭ، ئۆمەر، جاڭ لىجىلار بېسىپ كىردى. يەرگىلا سېلىنغان ئەديال ئۈستىدە ساپسېرىق خوتەن قەغىزىگە نېمىدۇر سىزىپ ئولتۇرغان تۆت ئادەم ئۇلارنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلاردىن ئىككىسى چېدىرنىڭ تۆمۈر جازىسىغا ئېسىپ قويغان قاپلىق ماۋزۇر ۋە تاپانچىلىرىغا قول ئۇزارتىۋىدى، كىرگەن ئۈچ ئەسكەر ئۇلارنى تەڭلا ئوققا تۇتتى. بەدەنلىرى ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتكەن ئىككى جەسەتنىڭ ئالىيىپ قالغان كۆزلىرىگە، چىشلىۋالغان قىپقىزىل تىللىرىغا قاراپ قورقۇپ كەتكەن لۇ كۇنجۇڭ ھەتتا يانپىشىدىكى تاپانچىغىمۇ قول ئۇزارتالمىدى. بۇ ئەسنادا چېدىر ئىچىگە ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تۇتقان لو دەن كىرىپ كەلدى. «ئىشتانىغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان» دېگەندەك، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئارتاش داۋىنىدىكى قىرغىنچىلىقتا لو دەننى «قۇم ئارىلاشتۇرۇش»نىڭ قۇربانى قىلغانلىقى ئۆزىگە ئايان بولغان لۇ كۇنجۇڭنىڭ چىرايى دەققە

ئۆتمەي سارغىيىپ كەتتى. ئاڭغىچە ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلار ئالدىدا تۇرغان ئىككى خائىننى قورالسىزلاندۇردى.

— لو... لو... دەن ئىنى، — لۇ كۇنجۇڭ چىشلىرى كاسىلداپ گەپ قىلالماي قالدى، — مەن... مەن... بىلىپ... بىلمەي... سىز... سىنىڭ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەن بولسام...

— تىزلان! — لو دەننىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك ياڭرىدى، — كەچۈرۈم سورايدىغان مەنىلىمۇ؟ ئاقنىياز، ۋاڭ خۇڭشىڭ، قۇربانىياز، تاغلىق يىگىت دايىم، يەنە تۇركۈم - تۇركۈملەپ جادۇغا بېسىلغان سەپداشلىرىمىز چۇ؟

— مەن... مەن...

— تىزلان دەۋاتىمەن، مۇناپىق!

لۇ كۇنجۇڭنىڭ تىزلانغىنىنى كۆرگەن ئابدۇقادىر ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئىتتەك ئۆمىلەپ كېلىۋىدى، ئۆمەر ئۇنى بىرنى تېپىپ ئارقىسىغا ئۆرۈۋەتتى.

— لو دەن، — دېدى ئۆمەر ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — بىز ئاتقان ئوق ئاۋازى يىراق - يېقىنغا ئاڭلاندى، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىش خەتەرلىك.

— چۈشەندىم، — لو دەن ئەسكەرلەرگە ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى، — بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئىككىڭلار تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىڭلار.

تۆت قورال‌لىق ئەسكەر قوللىرى ئارقىسىغا قىلىنىپ چەمبەرچاس باغلانغان لۇ كۇنجۇڭ ۋە ئابدۇقادىرنى يالاپ ماڭغاندا، تۇنجى يۇلتۇزلار ئاسماندا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. يەكەن دەرياسىدىن ئۆرگەن سەلكىن كۇندۇزدىكى پىژغىرىم ئىسسىقنى نەلەرگىدۇر ئەكەتكەنىدى. بېگىل ھەم قاراقۇمنىڭ تېنىق كۆك ئاسمىنىدا ئوق ئىزلىرى خۇددى چاقماق يورۇقىدەك يالت - يۇلت قىلىپ ياناتتى ۋە ئۆچەتتى. بەلگە ئوقلىرى ئاسمان قەرىدە يايسىمان شەلپەرلەرنى قالدۇرۇپ، كەنتلەر، ئورمانلار ۋە باغلار ئۈستىدە ئېرىپ كېتەتتى. بەشئاتار، گېرمانكا، ئاپتومات،

دىسكىلىق پىلىموت، ئىستانكىۋاي پىلىموتلارنىڭ تاڭىلىدىغان، گۈپۈلدىگەن، تاتاتلىغان ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك، كىشىلەر ۋەھىمە، قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدى. تېخى يەكەن شەھەر ئىچى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان توپ ـ زەمبىرەك سىنارەدلىرىنىڭ «گوم... گوم... گوم...» قىلىپ پارتلاشلىرى گويا قۇدۇق ئىچىدىن كېلىۋاتقاندەك غۇۋا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى.

لو دەن ئودلىنىيەسىدىكى ئون ئىككى ئەسكەر بىلەن بىللە ئىككى ئەسىرنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان پېتى ئىزۋوت كوماندىرى شيائىېر جەڭ قىلىۋاتقان قاراقۇمدىكى ياۋا قومۇشلۇقتا ئاي تۇغقاندا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئىزۋوتتىكى ئۈچ ئودلىنىيە ئەسكەر جەم بولۇپ، بىرنەچچىدىن، ھەتتا توپ ـ توپ بولۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان ياردەمچى قوشۇن ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن، نۇقتىلىق ھەم مۇھىم دەپ قارالغان ئېغىزلارنى توسۇپ، ئىستىھكاملارنى قۇرۇۋاتاتتى. شيائىېر لۇ كۇنجۇڭ بىلەن ئابدۇقادىرنى سوراق قىلىش ئۈچۈن، لو دەن، ئۇنىڭ كانۋىيى رېشىت، ئابلا، ئۆمەر، لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ ۋە جاڭ لىجىلارنى ئېلىپ قالدى. لۇ كۇنجۇڭ شيائىېرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاقنىيازنىڭ تەزىيە مۇراسىمىدا قىلغان قەسىمىنى ئېسىگە ئالدى. شيائىېرنىڭ «قانغا قان، جانغا ـ جان ئالىمەن» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ قارا كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كانۋىيى، ھەممە ئىشتا سادىق قولى ۋە لالما ئىتى بولۇپ كەلگەن رېشىتقا ئىشەنچ باغلاپ تۇراتتى. رېشىت ئەلۋەتتە كونا قەدىردانلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ئاقنىيازنى ئاتقانلىقىدىن قورقۇپ بولسىمۇ، لۇ كۇنجۇڭنىڭ ھايات شامىنى ئۆچۈرۈپ قويماس... ئەگەر ئۇ راستىلا ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋالسا، لۇ كۇنجۇڭمۇ يۈز ـ خاتىرىنى قايرىپ قويۇپ ئاقنىيازنى كىم

ئاتقان، قۇربانىيازنى كىم توخلىتىپ ئۆلتۈرگەن، ھەممىنى دەۋېتىدۇ. رىشىت بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنىغۇ بىلەر؟

ئۈچ قۇم بارخىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق قۇملۇق ھايات ـ مامات ئايرىلىدىغان سوراق مەيدانى بولدى. پۇت ـ قوللىرى چىرماپ باغلانغان لۇ كۇنجۇڭ بىلەن ئابدۇقادىر سورۇن ئوتتۇرىسىدا تىزلانغىنىچە غال ـ غال تىترەپ، باشلىرىنى سىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى يېرىم ئايسىمان شەكىلدە قورشاپ تۇرغان لو دەن، ئۆمەر، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تۇتقان شيائېر قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا سوخدىشىپ تۇرغان رىشىتنىڭ تەلەتى خۇددى گۆردىن تارتىۋالغاندەك سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كەينىدە تۇرغان لۇ تيەنخەي بىلەن ئابلانىڭ ئىسسىق تىنىقلىرى گەدىنىگە ئۇرۇلۇۋاتقاچقا، قورقۇپ پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىغانىدى.

— لۇ كۇنجۇڭ، سورىغانلىرىمغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەر، — دېدى شيائېر كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، — بولمىسا مېنىڭ تاپانچام ئادەم تونۇمايدۇ.

— سوراڭ... سوراڭ...

— ئاقنىيازنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

— ئاقنىيازنى، — لۇ كۇنجۇڭ لەپپىدە رىشىتقا قارىدى، — تاغلىق پارتىزانلار...

— سەن يەنىلا ئاشۇ يالغان گەپنى دەۋاتىسەنغۇ، قانخور! — شيائېر ئىككى قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باسقانىدى، لۇ كۇنجۇڭ بىلەن ئابدۇقادىرنىڭ ئالدىدىن قۇم ـ توپىلار پۇرقىراپ كۆتۈرۈلدى، — رىشىت بىزگە ئاللىقاچان راست گەپنى دەپ بولغان. دەيدىغان گېپىڭنى ئاغزىڭغا چايناپ سىلىپ بىرەمدۇقىيا؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، — لۇ كۇنجۇڭ رىشىتقا يەنە قارىدى، — بۇ... بۇ...

— شۇنداق، ئۇ سېنى ئاتتى دېدىغۇ؟ — شيائېر رىشىتقا

قايرىلدى، — رىشىت كانۋاي، ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دېمىسىڭىز، ئۇ ئىشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ.

لۇ كۇنجۇڭ رىشىتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالدى، رىشىتمۇ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچالمىدى، ئېلىپ قاچسىلا، لۇ كۇنجۇڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتى، سوغا يالىڭاچلا سەكرەيتتى. شۇڭا، رىشىت ئۇنىڭغا خەنجەردەك قادىلىپ قاراپ قارا چاپلىسا، باشقىلار ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن، جاسارىتىدىن، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ يارقىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشى مۇمكىن ئىدى.

— لۇ كۇنجۇڭ: «ئاقنىياز ئىسيان كۆتۈرۈپ قاچماقچى، شۇڭا ئۇنى ئالدىنقى قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ كېلىمىز دېگەن باھانە بىلەن ئېلىپ بېرىپ تاغ ئىچىدە ئېتىپ تاشلايمىز...» دەپ مېنى بىللە ئېلىپ چىقتى، — رىشىتنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇشى، كۆزلىرىنىڭ چىمچىقلىشى، ھەرىكىتىنىڭ بىنورماللىقىدىن بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، — بىز قارا چېقىل باغرىدىكى تاشلىق چىغىر يولدا كېتىۋاتقاندا، بۇ: «سىيىۋالاي، تاماكا چېكىۋالاي، خۇمارىممۇ تۇتۇپ قالدى» دەپ ئاتتىن چۈشۈپ قالدى. لېكىن، «گۇم...گۇم...»لا قىلىپ قالدى، ئاقنىياز ھاڭغا غۇلاپ كەتتى. ئارقامغا قارىسام، لۇ كۇنجۇڭ ئىسسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاپانچىسىنىڭ ئىستوۋۇل تۆشۈكىگە پۈۋلەۋېتىپتۇ.

— يالغان! — لۇ كۇنجۇڭنىڭ پىت كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك پۈلتىيىپ چىقتى، — ئابدۇقادىر «ئاقنىياز ئىسيان كۆتۈرۈپ قاچماقچى» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. بۇ ئىشنى رىشىتقا دېسەم، بۇ: «بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزىنى دەرھال كېسىپ تاشلايلى» دېدى، ھەتتا بۇ: «ئاقنىياز مەن بىلەن پوت تېپىشىپلا كەلدى، بۇ قېتىم ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن جەھەننەمگە يوللايمەن...» دېگەن تۇرسا!

— ھەي نىجىس ئەبلەخ! — ۋارقىرىدى ئابدۇقادىر، —

سىنىڭ ئاقنىيازغا بولغان دۈشمەنلىكىڭ تۈنۈگۈنكىلا ئىشمىدى؟ ئاقنىياز بىر قېتىم تىرۋوگا بولغاندا ئۆمەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۆمەر يېزىغا قاچقاندا ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، خۇڭ پولكوۋنىكقا تاپشۇرۇپ بەردى، دەپ خاپا بولۇپ يۈرمىدىڭمۇ؟ مەن ئۇنى هامان بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېمىگەنمىدىڭ؟

— هەي قارا يۈز غالچا... — لۇ كۇنجۇڭ كومانىدىر ـ جەڭچىلەرگە قارىدى، — توغرا، مەن كۆپ ئەسكى ئىشلارنى قىلغان ئادەم، مەن ئۆلۈمگە لايىق! بىراق، ئاقنىيازنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. رېشىت دېگەندەك، مەن: «سىيىۋالاي، تاماكا چېكىۋالاي، خۇمارىمىمۇ تۇتۇپ كەتتى» دەپ ئاتتىن چۈشۈۋالدىم. ئۇلار قاراتاغ باغرىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يولدا مەندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى...

لۇ كۇنجۇڭنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، رېشىت شارتلا ماۋزۇرىنى چىقاردى. ئارقىسىدا تۇرغان لۇ تيەنخەي بىلەن ئابلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئوق ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ماۋزۇر قاپقىنىنىڭ پىستان تۈگمىسىنى ئالىلىۋۇرۇن چىقىرىپ، قۇلۇپىنى ئېچىپ قويغانلىقىنى، ئۇنى قولىغا ئېلىپلا تەپكىنى باسقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنى گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ، لۇ كۇنجۇڭنىڭ يېنىغا تىزلاندۇرۇپ قويدى.

— لۇ كۇنجۇڭ، يەنە بىر سوئال سورايمەن، — دېدى شيائېر ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ، — راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەر، باغلاقلىق قۇربانىنىيازغا سۇ تۆكۈۋېتىپ، ئۇنى توڭلىتىپ ئۆلتۈرگەن كىم؟

— ئابدۇقادىر! — لۇ كۇنجۇڭ دەرهال جاۋاب بەردى.

— نېمە، مەن؟ — ئابدۇقادىر يىغلىۋەتتى، — لۇ كۇنجۇڭ بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۆلتۈرمىدىم.

— ئەمىسە كىم ئۆلتۈردى؟

— مە... مە... مەن نىزامغا...

— تـوغرا، لۇ كـۇنـجۇڭ سىـنـى بۇيرۇغـان، لـېكـىـن سـەن نىزامنى بۇيرۇدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇ... شۇنداق، — ئابدۇقادىرنىڭ روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بىرقىسمىلا بولۇپ قالغانىدى.

— نىزام نەدە؟

— تۇنۇگۈنكى دەسلەپكى جەڭ باشلانغاندا گىرانـاتتا پارتـلاپ ئۆلدى.

— سىلەرنى شەھەرگە كىم ئەۋەتكەنىدى؟

— رېشىت كانۋاي. بۇ: «خۇڭ يادۇڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى، دەرھال شەھەرگە كىرىپ قوماندانلىق ئىشتابىدىكىلەرگە خـەۋەر يەتـكۈزۈڭلار، ئۇلار مـانىۋىرنـى كۆرگىلـى كەلمـىـسۇن، كەلـسە ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ» دېگەن.

شىيائېرنىڭ كاللىسى پىرىرىدە پىرقىراپ، تېنى شۈركۈنـدى. كۆڭۈلسىز بىر ئوي ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانىدىن قاپقارا يىلانـدەك سۈرۈلـۈپ ئۆتكەنـىدى. ماۋۇ لۇ كـۇنجۇڭ دېگـەن ئىتتىقـۇ ئاخىلىـق سىيـاسىي مەخـلۇق، پىرقـە، جياڭ ۋېيـيۇەنجـاڭ دەپ جـېنـىنـى سېلىـپ بېـرىۋاتىدۇ دەيـلى، ئەمدى ئـابدۇقادىر، رېـشىت، نـىزام دېگەن بۇ قارا قـورساقلارغا نـېمە بولـغاندۇ؟ نـېمىشـقـا پـىستـە كۇچۇكتەك لۇ كۇنجۇڭنىڭ ئالدىدا چىپىپ يۈرىدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ يارىلىشىدىلا زۇۋۇلىسىدا بار مۇناپىقلىقمۇ ياكى تىرىكچىلىكنىڭ بېسىمى ئۇلارنى شۇنداق قىلىپ قويغانمۇ؟...

— لۇ كۇنجۇڭ، ئابدۇقـادىر، رېشـت، قۇلاقلىـرىڭنى دىـڭ تۇتۇپ ئاڭلاش! — دېدى شىيائېـر غەزەپتـىن قىپقىـزىل ئېـسىلگـەن هـالـدا، — سـەنلـەر بـۇ دۇنـيـاغـا كـېلـىـپ قـىلـىـدىغـان ئەسكىلىكلىرىڭنىڭ هـەممىسىنى قـىلىـپ بولـۇشتۇڭ! ئەمـدى بۇنـىڭدىن كـېيىنـكىسـىگـە تەڭـرى يـول قويمـايـدۇ. مەنمـۇ «بـۇ ئاخىرقى چەك» دەپ جاكارلايمەن. سەنلەر بۇ زېمىندا بىر دەقىقـە ئۇشۇق ياشىساڭ، ياخشىلارنىڭ ئازابى مىڭ هەسسە كۆپىيىـدۇ. ياخشى ئادەملـەرگە تىنـماي دىشـۋارچىلىـق سالغان سـەنـدەك

ئاسىيلارنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلىش — بۇ ياخشى ئىش بولىدۇ، — ئۇ ئەتراپىغا قارىدى، — قانداق دېدىم، يىگىتلەر؟
سۇر بىلەن قاراپ تۇرغان بىر ئودلىنىيە ئەسكەر:
— توغرا! ئاسىي، مۇناپىق، خائىن، تۇزكورلارنى جازالاش — بۇ ياخشى ئىش! — دەپ بىر دەك ۋارقىراشتى.
— ھەممىڭلار قوراللىرىڭلارنى بەتلەپ تەييارلىنىڭلار!
ئۇلار قوراللىرىنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ بەتلەپ، تەڭلا ئۇ ئۈچ قارانىيەتكە تەڭلىدى... لۇ كۇنجۇك، ئابدۇقادىر، رىشىتلار قۇمغا يۈزىنى يېقىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ: «رەھىم قىلىڭلار!» دەپ نالە - پەرياد چەكمەكتە ئىدى. كۆزلىرى لىپمۇلىپ ياشقا تولغان شيائېر ئىككى تاپانچىسىنى باش ئۇستىدە سىلكىپ، كۆككە باققىنىچە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، بوغۇلۇپ قالغان ئاۋازى بىلەن خىتاب قىلدى:
— جادۇغا بېسىلغان سەپداشلار، خاتىرجەم يېتىڭلار، مەن قانىنى قان بىلەن يۇماقچى بولۇۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، بۈگۈن شۇ ئارزۇيۇمغا يېتىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. ئاقنىياز بۇرادەر، سەن كەتكەندە: «ھازىرچە سېنىڭ قىساسىڭ مەندە قەرز بولۇپ تۇرسۇن. سېنىڭ جېنىڭنى قىيغان ئۇ ئىبلىسلار دوزاخقا كىرىۋالسىمۇ، ئۇ يەردىن سۆرەپ ئاچىقىپ، قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن!» دېگەنىدىم. گەرچە سەل كېچىككەن بولسامۇ، شۇنداق قىلماقچىمەن، مېنى ئەپۇ قىل!
سوراق سورۇنىنى سۈر باستى. كۆزىدىن ئاققان ياش، بۇرنىدىن سوزۇلۇپ چۈشكەن پوتلىلاردىن يۈزلىرى شالتاق ۋە لاي بولۇپ كەتكەن لۇ كۇنجۇك، رىشىت، ئابدۇقادىرلار نەچچە يىللىق كونا جەسەتتەك بولۇشۇپ، كۆزلىرى كونا گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ، ئېڭەكلىرى ئۈچلىنىپ، زاڭاقلىرى چوقچىيىپ چىقىپ، ئۇ دۇنياغا مېڭىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى.
— ئېتىڭلار!
ئىنزۇۋت كوماندىرى شيائېر بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزىمۇ لۇ

كۈنجۈڭنىڭ نەق كۆكرىكىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئۈنىڭغا ئۈلىشىپلا بەشئاتار، گېرمانكا، ئاپتومات، تاپانچىلار ئېتىلىپ، مەيداننى بىرپەس پۇرۇخ ھىدى قاپلىدى. قانغا چىلىشىپ قالغان لۇ كۈنجۈڭ، ئابدۇقادىر، رېشىتلار يەر چىشلەپ ياتاتتى. قاننىڭ قاڭسىق پۇرىقى بىردەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ دىماقلارغا ئۇرۇلدى.

بۇ چاغدا بېگىل بىلەن قاراقۇم ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جەڭ تېخىمۇ كەسكىن ۋە شىددەتلىك تۈس ئالغانىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بېگىل كەنتىنىڭ مەھەللە كوچىلىرىدا، ئېتىزلىقلاردا، ھەتتا ھويلىلارغا قەدەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئېتىشىۋاتاتتى. قاراقۇمدا بولسا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. شۇڭا، شيائېر لو دەن، ئابلا، ئۆمەر، لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ ۋە جاڭ لىجىلارنى باشلاپ، بىرىنچى ئىزۋوت جەڭ قىلىۋاتقان ياۋا قومۇشلۇققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بىر كېچە قاتتىق جەڭ بولدى. تاڭ يورۇشقا باشلىدى. تۈنۈگۈن ئەتىگەندە باشلانغان ئۇرۇش بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى. بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئېغىر بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، خۇڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ مەسلىھەتلىشىپ، يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاپ تۇرغان ئىككى روتىدىن بىرىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتى.

ئابدۇراخمانغا ئاتلىق خەۋەرچى ئەۋەتكىنىگە ئۈچ سائەتتەك بولۇپ قالغانىدى. شەھەر تەرەپتىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، بارا ـ بارا نۇرغۇن ئاتلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئابدۇراخماننىڭ قىلىچ ئويىنىتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىنچى روتىسى ئىدى. ئابدۇراخمان گۈلدار چىلانتورۇق ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، خۇڭ يادۇڭغا سالام بەردى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر يىگىتى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئات ئۈستىدە زەبەردەس ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرىدىن، روھلۇق، تېتىك كەيپىياتىدىن بىر خىل جەسۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز، — دېدى خوڭ يادوڭ قولىدا كۆرسىتىپ، — بېگىل كەنت بېشى بىلەن قاراقۇم ياۋا قومۇشلۇقى ئەتراپىدا ئېلىشىۋاتىدۇ.

— قايسىسىدا دۈشمەننىڭ كۈچى زور ھەم كۈچلۈك؟

— بېگىل كەنت بېشى ئەتراپىدا، ئۇ يەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوت كۈچى كۈچلۈك. قاراقۇم ياۋا قومۇشلۇقىدا بولسا ئادەتتىكىدەك.

— پولكوۋنىك، بىزگە ئىجازەت بېرىڭ، جەڭگە ئاتلىنايلى.

— ئاتلىنىڭلار!

ئابدۇراخمان بىر روتا چەۋەندازنى ئېلىپ، بېگىل كەنت بېشىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ماۋ يىلۇڭ، جاڭ يىخەن، شىلەنلەرنىڭ ئۈچ روتا ئەسكىرى تام دالدىلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىچى، بولجالىق ئورمانلاردا دالدىلىنىپ يۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. تيەن دالىڭنىڭ روتىسى بولسا قاراقۇم ياۋا قومۇشلۇقىدا چېكىنگەن، بۆلۈنۈپ قاچقانلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئابدۇراخمان ئاتمىشتەك ئاتلىق يىگىتنى تيەن دالىڭغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، قالغان بىر يۈز قىرىقتىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرىنى بېگىل كەنت بېشى تەرەپكە ئېلىپ قالدى. يېڭىشەھەر سېپىلىنى بەش - ئالتە كۈندىن بېرى قورشاپ يېتىپ، يۇخادىن چىققۇدەك ئۇرۇشالمىغان بىرىنچى روتا چەۋەندازلىرى بۇيرۇق چۈشۈشى بىلەنلا «ھوررا!» دېگىنىچە بېگىل كەنت بېشى ۋە قاراقۇم ياۋا قومۇشلۇقىدا ئاتاكىغا ئاتلاندى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن قورقۇپ كەتكەن ياردەمچى قوشۇن پاتىپاراق بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ياردەمچى قوشۇننىڭ يەردە قاڭقىپ يۈرگەن باشلارنى، باشسىز جەسەتلەرنى، ئۈزۈلۈپ چۈشكەن قانلىق قوللارنى، تام دالدىلىرىدىن، ئۆگزىلەردىن ۋە مال ئېغىللىرىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قوملارنى كۆرگەن تۆت - بەش كىشىلىك گورۇپپىلىرى دىسكىلىق پىلىموت، ئىستانكىۋاي

پىلىموت، بەشئاتار مىلتىقلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئابدۇراخمان ئاتلىق قوشۇنىنىڭ «ھۇررا !» دەپ تارتقان نەرىسى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازلىرى، قۇياشلىق ئاسماندا يالتىرىغان قىلىچلار سۈرلۈك ۋەھىمە پەيدا قىلغانىدى. ئەتراپىنى قان ھىدى قاپلىغان كەنت ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت پۇرۇخ ئىسى لەيلەپ يۈرەتتى. بېگىل ۋە قاراقۇم ئادەم قۇشخانىسىغا ئايلانغان بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق، قومۇشلۇق، چاتقاللىق يوللار، ئورمانلار... قىسقىسى، ھەممىلا يەردە بېغىر دەك ئۇيۇپ قالغان، ئېرىقچە بولۇپ ئاققان، تام - دەرەخ، ئوت - گىياھلارغا چاچرىغان قانلار، ئۈزۈلگەن قول - پۇت ۋە كېسىلگەن باشلار بار ئىدى.

ئۇرۇش ئىككى كۈندۈز، بىر كېچە داۋاملىشىپ، كۈن ئولتۇرارغا يېقىن جىمىقتى. قەشقەردىن ياردەمگە كەلگەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن پۈتۈنلەي تارمار بولدى، كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى. قاچالىغانلىرى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى. پەقەت تاشيول ۋە ئۇلاغ يولى ئىزنالىرىنى تاپالىغان ئاز بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلەرلا قاغىلىق، يېڭىسارلار ئارقىلىق قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. خوڭ يادۇڭنىڭ بېگىل بىلەن قاراقۇمدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان بەش روتا ئەسكىرى بىلەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشىغان بىر روتا ئەسكىرىدىن جەمئىي بولۇپ يەتمىش ئۈچ ئادەم قۇربان بولغان، يارىدارلار توقسان سەككىزگە يەتكەنىدى. بۇ ئۇرۇشتا خوڭ يادۇڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ قابىل ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل، شيائېر، ۋاھىت، ئابلا ۋە ۋاڭ جىڭگوي قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى يەرگە قاتارىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، ئاسمانغا قارىتىپ بارلىق قوراللاردىن ھۆرمەت ئوقى ئېتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىڭدەك ئەسكەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈردى. دەل شۇ پەيتتە كونىشەھەر سېپىلى ئىچىدىن قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلۈپ يەكەن ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى يامغۇر بۇلۇتىدەك

تولغىنىشىپ، يۆگىشىپ، بىر پارچىسى يەنە بىر پارچىسىنى قوغلاپ، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەر ـ زېمىنغا قاپقارا سايە تاشلىدى، تېخى ئۇنىڭ قاتلىرىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئۇرۇش جىمىققاندىن كېيىن خۇش يادۇڭ يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاشنى بىكار قىلىپ، بارلىق ئەسكەرلىرىنى كونىشەھەر گۇلباغ گازارمىسىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر دەرۋازىدىن كىرىپلا ئاسمان ـ پەلەك ئوت كۆيۈۋاتقان كوماندىرلار كوچىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئەسلىدە يېڭىشەھەر سېپىلى ئۈستىدىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرى ئاتخانىنىڭ لاپىسىغا بېسىلغان پىچانغا چۈشۈپ، ئوت كەتكەندى. سىنارەدلەر لاپاسنىڭ بىرقانچە يېرىنى پارتىلىتىۋەتكەن بولۇپ، نەچچە يۈز قەدەم ئارىلىقتا ئېگىز قىلىپ بېسىلغان پىچان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئىككى قاتار بولۇپ ئورۇنلاشقان كوماندىرلار ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئادەم كۆرەلمىگۇدەك دەرىجىدە بېسىۋالغانىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئالتە ـ يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتە كۆيۈۋاتقان دەھشەتلىك ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرگە سولىنىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەسكەرلەر چېلەك، داسلاردا جىددىي سۇ يۇرۇشتۇرۇپ، ئوتنى تاش سۇزۇلەرگە يېقىن ئۆچۈرۈۋالدى. يەتمىش ئىككى ئائىلە ئورۇنلاشقان ئىككى قاتار ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى تار ۋە ئۇزۇن كەتكەن كوچا قاپقارا كۆيۈندى پاتقىقىغا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان پىچان باغلىرىدىن يەنىلا ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر ئۇ يەردىكى كۆيۈندى پاتقاقلىرىنى تۆمۈر كۈرەك، كەتمەنلەر بىلەن قىرىپ، زەمبىللەردە يۆتكەشكە باشلىدى. ھەممە ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى كۆيۈپ كەتكەن، ئۆيلەرنىڭ ئىچىمۇ ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ كۆيۈندىسى بىلەن تولغانىدى. ئۇزۇن كوچا تازىلىنىپ بولغۇچە، ئۆمەر ئايالىنىڭ ئىسمىنى

چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى پىچان كۆللىرىنى قولى بىلەن تاتىلاپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىپ، بەكمۇ تەسلىكتە راملىرى كۆيۈپ كەتكەن دېرىزىدىن ئۆيىگە كىردى. ئۆيدىكى كىگىز، گىلەملەر تامامەن كۆيۈپ كەتكەچكە، ئۆي ئىچى قۇيقا پۇراپ كەتكەنىدى. تېخى كۆيگەن گۆشنىڭ پۇرىقىمۇ دىماققا ئۇرۇلاتتى. تۆت كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان بۇلۇڭدا كارىۋاتنىڭ ئورنىدا ياغاچ كۆيۈندىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن كۈل دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر: «سارا... سارا! سىز... نەدە؟...» دەپ ۋارقىراپ، قىزىق كۈلنى قولى بىلەن ئالدىراپ تارتىپ، يۇم - يۇم ياش تۆكۈشكە باشلىدى. كۈللەر بىر تەرەپكە تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىنلا كۈل ئاستىدىن سارانىڭ قاپقارا كۆسەيگە ئايلىنىپ قالغان كىچىككىنە جەسىتى چىقتى. ئۇ كارىۋات تېگىگە كىرىۋالغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە كۆيۈپ تۈگۈلۈپلا قالغانىدى.

ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تىرىك قالغان ياكى يېرىم كۆيگەنلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، يەتمىش ئىككى ئائىلىدىن ئاتمىش ئالتە ئايال، ئون تۆت بالا كۆيۈپ ئۆلگەنىدى. تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن قاپقارا جەسەتلەر ھويلىغا سېلىنغان بورىغا قاتارىسىغا تىزىپ ياتقۇزۇلدى. ئۆمەر سارانىڭ جەسىتىنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاۋاتاتتى...

# ئون ئالتىنچى باب

## ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى

خوڭ يادوڭنىڭ قوزغىلىڭى گەرچە ئايىغى چىقماي توختاپ قالغان بولسىمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنىڭغا دەرھال چېقىلالمىدى، ھەتتا ئۇنى «قوزغىلاڭ» دەپ ئاتىماسلىق، پەقەت كىچىك دائىرىدىكى «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى مەسىلىسى توقۇنۇشى» دەپ ئاتاشنى بۇيرۇدى. ئەمما، خوتەندىكى لۇ گۇاڭچيەننىڭ سەككىزىنچى پولكى كېلىپ يەكەن كۆۋرۈكىنى، ئاقسۇ پولكى كېلىپ مەكىتنى ئىگىلەپ، ھۇجۇم بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ياتتى. بۇ ئۇزاقنى كۆزدە تۇتقان ھەم كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى مۆلچەرلىگەن ئىنچىكە پىلان ئىدى. لۇ گۇاڭچيەن خوڭ يادوڭنىڭ خوتەن تەرەپكە قېچىش يولىنى كېسىش ئۈچۈن يەكەن كۆۋرۈكىنى ئىگىلىگەن بولسا، ئاقسۇ پولكى خوڭ يادوڭ قوشۇنىنى مەكىتكە كىرگۈزمەسلىك بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئەگەر مەكىتكە بىر پولك ئەسكەر كىرىپ كەتسە، تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئارا نەچچە دېڭىزىيە ئەسكەرمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئەمما، خوڭ يادوڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئالتە روتا (بىر مىڭ ئىككى يۈزدەك) ئەسكەر: «بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىمىز...» دەپ قەسەمياد قىلدى. لېكىن، خوڭ يادوڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ: «خوڭ يادوڭنىڭ قوزغىغان ھەرىكىتى يوللۇق، ئۇ ھەرگىز دۆلەت، پىرقىغا قارشى قوزغىلاڭ ئەمەس» دېگەن ياغلىما

سۆزلىرىنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى ئالدامچىلىق، شۇنى بىلىش ئۈچۈن ۋەزىيەتنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىنى كۆرۈش، سىناش ئەڭ مۇھىم چارە ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ كوماندىرلارغا:

— قېنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇلار بىزنىڭ تەمىناتىمىزنى، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى، ئاتلارنىڭ يەم - خەشەك چىقىملىرىنى بېرەمدۇ، يوق؟ — دېگەن ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. دېگەندەك، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەننىڭ توققۇزىنچى كۈنى تاسادىپىي بىر ۋەقە يۈز بەردى.

خوڭ يادۇڭنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن ھەم غەرىزىنىڭ تېگىگە يەتكەن مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى خۇاڭ پۇلى بىر ماشىنىغا تەڭگە - تىللا، تۆت ماشىنىغا ھەربىي كىيىم ۋە ئىچ كىيىم بېسىپ قەشقەردىن كەلدى. ئۇ يېڭىشەھەردىكى گارنىزون قوشۇنىنى كونىشەھەر سېپىلى سىرتىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىككى كانۋاينى ئېلىپ سېپىل ئىچىگە كىردى. خوڭ يادۇڭنىڭ ئالتە روتا قوشۇنى تولۇق قوراللىنىپ، گازارما ھويلىسىدا ئالدى زىچ، كەينى شالاڭ (ئەسكەرلەرنى كۆپ كۆرسىتىش ھىيلىسى) ھالەتتە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ۋە نەچچە قاتار رەتلىك تىزىلىپ تۇرغانىدى. خوڭ يادۇڭ، تيەن دالىڭ، جاڭ لىياڭ، شىلەن، ئابدۇراخمان، جاڭ يىخەن، ۋاڭ زوڭيۇەنلەر مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى خۇاڭ پۇلىغا ھەمراھ بولۇپ قوشۇن ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خۇاڭ پۇلى خوڭ يادۇڭ ۋە جاڭ لياڭنىڭ يۈلىشى بىلەن ئۈستەل ئۈستىگە چىقتى. شۇندىلا ئۇنىڭ پاكار، سېمىز، دىقماق سىيماسى ھەممىگە ئايان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن چېچى پەقەت قۇلاق تۈۋلىرىدىلا قالغان بولۇپ، چوققىسىدىن گەدىنىگىچە تاپتاقىر ئىدى، ئەمما دۈپدۈگىلەك يۈزى پىشىپ ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىشەكشىرىن قوغۇنىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

— بۇرادەرلەر، جاپا چەكتىڭلار، — خۇاڭ پۇلى كالتە

قولىنى كۆتۈردى، — مەن سىلەردىن ھال سوراپ كەلدىم.

خۇاڭ پۇلىنى سۇر باستى بولغاي، تەرلەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ: «بۇرادەرلەر، جاپا چەكتىڭلار !» دېگەندىن كېيىن ئەسكەرلەر ئادەت بويىچە «دۆلەت، پىرقە ئۈچۈن !» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلار ھەيۋە كۆرسىتىپ جىمجىت تۇرۇۋەردى. يەنە بىر تەرەپتىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كۆزى ئۇنىڭغا گويا پۈتۈن تېنىنى تېشىپ ئۆتۈۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىدەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

— قېرىنداشلار، دۆلەت، پىرقە ئۈچۈن جان پىدا ئەيلىگەن پىداكارلار ! — خۇاڭ پۇلىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — مەن سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى، پولكوۋنىك خۇڭ يادوڭنىڭ ئەسكەرلەر تەمىناتى ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى تامامەن يوللۇق. شۇڭا، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى يېگەن، خىيانەت قىلغان، قىمار ئوينىغان، ئەيپۇن چەككەن باشلىقلارنى قەتئىي جازالايمىز، شۇنداقلا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىللىق تەمىناتىنى تولدۇرۇپ بېرىمىز !

— مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرىغا رەھمەت !

مىڭلىغان ئەسكەرلەر بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، خېلىلا مەمنۇن بولغان خۇاڭ پۇلى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋازىنى ئەركىن قويۇۋەتتى:

— بىر يىللىق تەمىناتىڭلارنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، — ئۇ قاتارىسىغا تىزىلىپ تۇرغان بەش ھەربىي ماشىنىغا قاراپ قويدى، — بىر ماشىنىدا ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگە، يەنە نىكولاي تىللاسى، تۆت ماشىنىدا ھەربىي كىيىم - كېچەك ئەكەلدىم.

ئەسكەرلەر ئىككىنچى قېتىم: «مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرىغا رەھمەت !» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بۇنىڭدىن روھلىنىپ، پاكار جىسمىدا مادار پەيدا بولغان خۇاڭ پۇلى ئاخىرقى مەقسىتىنى ئوچۇق قويالىدى:

— پولكوۋنىك خۇڭ يادوڭ ۋۇخەن ھەربىي مەكتىپىنى

پۈتكۈزگەن، ھەربىي ئىشلار دەستۇرىدىن دەرس ئۆتكەن يېتۈك ھەربىي ئالىم، — خۇاڭ پۇلى مايلىق قاتلىما ئىچىگە قىزىل مۇچ ئۇۋۇقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى، — ئۇنى يۇقىرىنىڭ ئۆستۈرۈش پىلانى بۇرۇندىنلا بار ئىدى، شۇڭا كورپۇس ئىشتابى بۇ قېتىم ئۇنى قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلدى.

خۇاڭ پۇلىنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا، پۈتۈن مەيدان يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان بىر مىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە كوماندىر قوراللىرىنى باش ئۈستىدە سىلكىپ:

— خۇاڭ يادۇڭنى بەرمەيمىز ! — دەپ تەكرار تۇۋلاۋەردى. ئۇلار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خۇاڭ يادۇڭ ئالدىغا چىقىپ، قايتا - قايتا قول ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىنلا، گازارما ئىچىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ نارازىلىق ساداسى توختىدى.

— پىداكار سەپداشلار ! — خۇاڭ پۇلىنىڭ سۆزى ئەمدىلىكتە بېسىم تۈسىنى ئالدى، — ھەربىي قانۇن - مىزانلىرىنىڭ بىر بەلگىلىمىسىدە: «بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىغان كوماندىر - جەڭچىلەر شەرتسىز توپىلاڭچىلار قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

— بىزگە تەڭگە، تىللا لازىم ئەمەس، خۇاڭ يادۇڭنى پۇلغا تېگىشمەيمىز ! — بىر كوماندىر توپ ئالدىغا چىقىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا پۈتۈن قوشۇندىكىلەر: «بەرمەيمىز، بەرمەيمىز !...» دەپ ۋارقىراشتى. بۇ ئەسنادا يەنە بىر كوماندىر ۋارقىرىغىنىچە توپنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى:

— بىز قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشقا تەييارمىز ! — ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مىڭلىغان ئاۋاز تەكشى ياڭرىدى، — تەييارمىز !... — ئەسكەرلەر يەنە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشتى. خۇاڭ يادۇڭنى ئېلىپ كەتسە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خۇاڭ پۇلىنىڭ ئاچچىقىدا كۆزلىرى چەكچىيىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ

يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ غوتۇلدىدى:
— تەلۋە، تەلۋىلەر... بۇ تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي غالجىرلاشقان تەلۋىلەر...
— خۇاڭ مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى، راست دەيسىز، — دېدى جاڭ لياڭ غەزەپلەنگەن ئەلپازدا، — ئۇلار ھازىر ھەربىي ئىنتىزام، ئەسكىرىي قانۇن دېگەنلەرنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالغان غالجىر تەلۋىلەر... دەرد ـ ھەسرىتىمنى چىقىرىدىغان جاي تاپالماي يۈرگەن ۋەھشىي يىرتقۇچلار !
— بۇ... بۇ... قانداق گەپ ئۆزى ـ ھە؟ گېپىڭىزنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلامدۇ نېمە؟
جاڭ لياڭ ئۇنىڭغا يېقىنشەھەر گازارمىسىدىكىلەرنىڭ سېپىل ئۈستىدىن زەمبىرەك ئېتىپ، يەتمىش ئىككى كوماندىرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆيدۈرۈپ چۈچۈلىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىنى ياڭ لىدې قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى غەزەپ بىلەن سۆكتى.
— ئويلاپ كۆرۈڭ، مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى، سېپىل بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە پىچان بېسىلغان لاپاس ئوتتۇرىسىدىكى تار، ئۇزۇن كەتكەن يولنى، كوماندىرلارنىڭ ئۇ يولنى بويلاپ جايلاشقان ئۆيلىرىنى ياڭ لىدې كۆرگەن، ئۇ كوچىغا تېخى ئۆز ئاغزى بىلەن «كوماندىرلار مەھەللىسى» دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن. ئاشۇنداق ئەڭ چەتكە جايلاشقان، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان خالىي ئورۇننى ئەتەي بومباردىمان قىلىشنى شۇ قىلمىسا، باشقا كىم قىلىدۇ؟ بۇ نەق شۇنىڭ قىلغان ئىشى !
— نېمە؟ يەتمىش ئىككى كوماندىرنىڭ دېدىڭىزما؟
— كۆيۈپ ئۆلگەن ئانا ـ بالا سەكسەن نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ھامىلىدار، ھەتتا تۇغايلا دەپ قالغان ئاياللاردىن يىگىرمە ئۈچى بار، — جاڭ لياڭنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچرىماقتا ئىدى، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپ، پەقەت

قاپقارا سۆڭەكلىرىلا قالغان. كۆيگەن سۆڭەكلەرنى يەر ئاستى كۆكتات ئامبىرىمىزغا ئەكىرىپ، ئۈستىگە هاك چېچىپ دۆۋىلەپ قويدۇق. كىرىپ بىر كۆرۈپ چىقامسىز؟

— بولدى، بولدى... نېمىشقا كۆمۈۋەتمەيسىلەر؟

— چۈنكى، كوماندىرلار يىغىنشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىنى ئالغاندىن كېيىن كۆيۈپ ئۆلگەنلەرنى ياڭ لىدېنى بوغۇزلاپ قان قىلىپ ئاندىن دەپنە قىلىمىز دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— نېمە، قوماندانىنى نەزىر قىلماقچىمىكەن؟

— ئەگەر، — دېدى خۇڭ يادۇڭ خۇاڭ پۇلىغا مىختەك قادىلىپ قاراپ، — سىزنىڭ ئامراق ئايالىڭىز بىلەن ئۇماق ئوغلىڭىزنى بىر ئاشۇنداق كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساق، بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ۋەھشىيلىك، غالجىرلىق، فاشىستلىق ۋە قانخورلۇق بولغانلىقىنى ئاندىن چۈشەنگەن بولاتتىڭىز!

— يا... ياق، ھېلىمۇ قاتتىق ئېچىنىۋاتىمەن... ئانا ـ باللاردا نېمە گۇناھ!

ئەھۋال مۇشۇنداق زىل تۇرغان پەيتتە، — جاڭ لىياڭ ئەسلىي مەقسىتىگە كۆچتى، — ئۇلار خۇڭ يادۇڭنى ھەرگىز سىلەرگە ئۇستەك قىلىپ بەرمەيدۇ. ئەس ـ يادى خوتۇن ـ باللىرى ئۇچۇن قىساس ئېلىشتىلا قالغان بۇ ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

— بولدى، بولدى، گەپ قىلماڭ. مەن بۇنداق نازۇك تەرەپلىرىنى بىلمىگەچكە، تاس قاپتىمەن ئۇلارنىڭ ئوقىغا يەم بولغىلى! ئۇنداق بولغان بولسا «ۋاڭنىڭ ئاچچىقىنى جاڭدىن چىقىرىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولار ئىكەن!

خۇاڭ پۇلى بىر ماشىنا تەڭگە ـ تىللا، تۆت ماشىنا ھەربىي كىيىم ـ كېچەكنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، ماشىنىلىرىنى ئاچچىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئاچچىقىدا يىغىنشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىغا قانداق كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى. خۇاڭ پۇلى قوماندان ياڭ

لىدىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا، قاسقان شەپكىسىنى نەگىدۇر پىرقىرىتىپ ئاتتى - دە، ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن چۆچۈگەن ياڭ لىدي دىمىققاندەك بولۇپ، دىۋاننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ ئۇۋۇلىغىنىچە تۈنجۈقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. خۇاڭ پۇلى ئىككى چېكىسىنى قامالالاپ بېشىنى ئۇزاققىچە چايقىدى.

— خۇڭ يادۇڭ سىز بىلەن كېتىشكە قوشۇلدىمۇ؟ — ياڭ لىدي ئەيمىنىپكىنە سورىدى، — ئۇ ئارمىيە كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىسا بولماس.

— بۇيرۇقنى ئاڭلاش، ھىم... — خۇاڭ پۇلى غەزەپ بىلەن دىمىقىنى قاقتى، — ئۇلار تېخى مېنىڭ ئۇستۇمدىنمۇ ئىسيان كۆتۈردى، ئۇقتۇڭمۇ؟

— نېمە؟ — ياڭ لىدىنىڭ قىسماق كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇ تېخى قىلمىشىغا توۋا قىلماپتۇمۇ؟

— مىڭلىغان ئەسكەر نېمە دەپ توۋلاشتى، ئاڭلاپ باق! — خۇاڭ پۇلىنىڭ تاقىر بېشىدىن چىققان تەر قىپقىزىل، سېمىز بويىنىغا ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى، — «خۇڭ يادۇڭنى بەرمەيمىز...»، «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشقا تەييارمىز...» دېگەن بۇ سۆزلەر نېمە مەننىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ ئوچۇقلا «خۇڭ يادۇڭنى ئەكەتسەڭ، يەكەننى قانغا بويايمىز» دېگىنى بولماي نېمە؟

— ئۇلارنىڭ بېگىل بىلەن قاراقۇمنى قانغا چىلاپ قويغىنى يەتمەپتۇمۇ؟ — ياڭ لىدي ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇردى، — مېنىڭچە، قوماندانلىق ئىشتابىغا قاراشلىق گارنىزون قىسىم، يەكەن كۆۋرۈكىنى بېسىپ ياتقان خوتەن پولكى، شۇنداقلا مەكىتىنى قوغداۋاتقان ئاقسۇ پولكلىرىنى بىر يولىلا ئىشقا سېلىپ، كونىشەھەر گازارمىسىنى تۈپتۈز قىلىۋەتمىگۈچە قولىقىمىز تىنچىمايدىغان ئوخشايدۇ.

— سارالىڭ بولدۇڭمۇ؟ — خۇاڭ پۇلىنىڭ كۆزلىرى چاچراپ

چىقىپ كەتكۈدەك يۆلتىيىپ چىقتى، — خۇڭ يادۇڭ قوۋۇقلىرىنى تاقاپ مۇداپىئەگە ئۆتۈۋالسا، سىپىل ئۈستىدىن ئوت ئاچسا، بىر باتالىيون، ھەتتا بىر دىۋىزىيە ئەسكەرنىمۇ تالاپەتكە ئۇچرىتىۋەتمەمدۇ؟

— ئالتە روتا ئەسكىرى بىلەن ئۇ قانچىلىك ئىش تەۋرىتەلەيتتى؟ — ياڭ لىدېنىڭ نارازىلىقى يۈزىدىن بىلىنىدى، — گارنىزون قىسمىمىز سېپىل ئۈستىدە زەمبىرەكلەردىن ئوت ئېچىپ، كونىشەھەر سېپىلى ئىچىنى پاتىپاراق قىلىۋەتسە، خوتەن ۋە ئاقسۇ پولكلىرى بىرلىشىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلسا، ئۇ بىر ـ ئىككى كۈنگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

— پاھ، پاھ، پاھ... نېمىدېگەن قالتىس ئەقىل بۇ؟ — خۇاڭ يۈلى ئۇنى يالىغاچلا مەسخىرە قىلدى، — بىز شۇنچە نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، ھالىمىزدىن كەتسەك، ئىچكىرىدىكى كوممۇنىستلار بولسا بىزگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتسە، شۇنداقمۇ؟ دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تارتىۋاتقان تالاپەتلىرى ئاز كېلىۋاتامدۇ؟

— خۇڭ يادۇڭمۇ قەشقەردىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇننىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتمىدىمۇ؟ بىزمۇ ئۇنى مايمۇندەك چىرقىرىتىپ، خۇماردىن چىقساق بولمامدىكەن؟

— ئۇنى چىرقىراتقىنىڭ يەتمىدىمۇ؟ ئۇنى غەزەپكار قىلىۋەتكىنى سەن! غەزەپكار، ئىچى ئاچچىق بىلەن تولغان بىر ئەركەكنىڭ ئالتە ـ يەتتە ئەركەكنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ — خۇاڭ يۈلى ياڭ لىدېنىڭ گېپىدىن دەرغەزەپكە كەلگەنىدى، — بولۇپمۇ خوتۇن ـ بالىلىرى خورلۇققا ئۇچرىغاندا...

— بۇ... بۇ... نېم گەپ ئۆزى؟

— سەن سېپىل ئۈستىدىن زەمبىرەك ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاتخانىسىنى پارتلىتىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇغانمىدىڭ؟

— بۇيرۇغان، چۈنكى ئاتخانىنىڭ ئارقىسىلا كوماندىرلار

مەھەللىسى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئائىلە، بالىچاقىلىرى ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەرگە زەربە بېرىش ئەپلىك چارە بولۇپ، كوماندىرلاردىن ئۆچ ئالغىلى بولاتتى.

— ھەي قاپاقباش، سېنىڭ نەرىڭ قوماندان – ھە؟! ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدىغان، غەلىبىگە مۇناسىۋەتسىز ئۆچ ئېلىشلار بىلەن دۈشمەننىڭ قىساسخورلۇقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئۇلارنى غەزەپكار شىرغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، كىمگە پايدا، كىمگە زىيان؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭمۇ؟ يەتمىش ئىككى كوماندىرنىڭ خوتۇن – بالىلىرى كۆيۈپ چۈچۈلىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئاشۇ كوماندىرلار سەن بىلەن جېنىنى تىكىپ قويۇپ تۇتۇشماقچى!

— مەن بىلەن تۇتۇشماقچىمىكەن؟ ئۇخلاپ چۈشى!

— چۈشنى ئۇلار ئەمەس، سەن كۆرۈۋاتىسەن. خوتۇن – بالىلىرىنىڭ دەرد – ھەسرىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئاشۇ كوماندىرلارنىڭ ھەربىرى سېنىڭ يۈزدەك ئادىمىڭگە تېتىپ ئۇرۇشالايدۇ، چۈنكى غەزەپ – نەپرەت ئۇلارنى ئاشۇنداق كۈچلۈك قىلىۋەتكەن.

— مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئەگەر سەن قورقمىغان بولساڭ، سەكسەنچە ئانا – بالىنىڭ كۆكتات ئامبىرىدىكى ھاك چېچىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان قاپقارا سۆڭەكلىرىنى ساڭا كۆرسىتىپ كېلەي.

— نېمە؟ — ياڭ لىدې چۆچۈپ قارىدى، — ئۇلار كۆيگەن جەسەتلەرنى نېمىشقا كۆممەي كۆكتات ئامبىرىدا ساقلايدىكەن؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلىغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ — خۇاڭ پۇلى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — كوماندىرلار ئۇ جەسەتلەرنى كۆمگىلى قويماپتۇ!

— نېمىشقا؟ — ياڭ لىدېنىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك سىرقىراپ كەتتى.

— يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىنى ئىشغال قىلىپ، سېنى جەسەتلەر ئالدىدا بوغۇزلاپ نەزىر قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى دەپنە قىلىدىكەن. مېنى قورقۇتىۋاتىدۇ دەپ ئويلىساڭمۇ مەيلى، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، لېكىن مەن بۇ گەپنى خۇڭ يادۇڭ، جاڭ لياڭ، تيەن دالىڭ قاتارلىق كوماندىرلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

ياڭ لىدېنىڭ سويمىدەك ئۇچلۇق تاقىر بېشى چاترىقىغا ساڭگىلىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىردىنلا ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندان بولۇش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كۆپىنچە ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئەقىلگە ئەمەس، ھېسسىياتقا تايىنىپ، ھەتتا بىردەملىك ھاياجان ئىچىدە قارار چىقىرىپ كەپتۇ. ئوتتۇز توققۇز قاچقۇن ئەسكەرنى جادۇغا بېسىشتا لۇ كۇنجۇڭنىڭ ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرىدا ئۇچۇپ، ئۇچۇپ چىققان يېرىدىن چۈشۈشنى بىلەلمەي بۇرنىغا يەپتۇ. ئەگەر شۇ چاغدا خۇڭ يادۇڭ تەشۋىقات تاختىسىغا بور بىلەن «+» بەلگىسىنى قويۇۋەتكەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئۆزى بىر غۇلاچ يەر تېگىدە بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ قېتىممۇ بەزى قارا كۆڭۈل، قېنى قىزىق، تەلۋە كوماندىرلارنىڭ تەكلىپىگە قۇلاق سېلىپ، ئويلانمايلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، گۇناھسىز ئانا — باللارغا بەكمۇ ئېچىنىشلىق زىيانكەشلىك قىپتۇ... ۋاپادار خوتۇن، سۆيۈملۈك باللار دېگەن ئاتا بولغۇچىنىڭ يۈرىكىدىكى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قان تۇرسا، بۇنداق قىساسنى ئاتىلار مەڭگۈ ئۇنتۇيالامدۇ؟

دېۋاندا يانمۇيان ئولتۇرغان ياڭ لىدې بىلەن خۇاڭ پۇلى ئاچچىق خىياللار ئىلكىدە جىمىپ كەتتى. ئېگىز، ئات يۈزلۈك، ئاپپاق باش، ئورۇقلۇقىدىن كىيگەن ھەربىي فورمىلىرىمۇ قورۇققا ئېسىپ قويغاندەك سېلىنىپ تۇرغان شادا پاچاق ياڭ لىدېنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دىقماق، دۇپدۇگىلەك خۇاڭ پۇلى خۇددى تىكلەپ قويۇلغان ئۇزۇن نوغۇچىنىڭ يېنىغا تاشلاپ

قويۇلغان ناۋاينىڭ يايغۇسىدەك كۆرۈنەتتى.

— خۇاڭ مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى، ئەمەلىي گەپنى قىلىشايلى، — دېدى ياڭ لىدې ئۇنىڭغا يالتىيىدە قاراپ، — خۇاڭ يادۇڭ بىر پولكتەك ياردەمچى قوشۇنىنىڭ قېنىنى سۈمۈرۈپ ئاقتۇرۇپ، تىرىك قالغانلىرىنى تورغاقتەك توزۇتۇۋەتتى. بۇنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلامدۇق؟

— ھازىر ئۆز ئارا قان تۆكىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — خۇاڭ پۇلى ئېغىر تىنىپ قويدى، — بىز ھازىر قىلىچنىڭ تىغىدا مېڭىپ كېتىۋاتىمىز، مۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە دۈشمەننى ھەرگىز كۆپەيتىشكە بولمايدۇ.

— ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان كوممۇنىستلارنىڭ ئاشۇ غالچىسىنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇقمۇ؟

— بۇنداق «سىياسىي ئۆزگىرىش»، «قوزغىلاڭ» دېگەن ئىبارىلەرنى ھەرگىز ئىشلەتكۈچى بولما. ھازىرچە خۇاڭ يادۇڭنى ئىتتىرىۋەتكەندىن تارتىۋالغان ياخشى، شۇنىڭدا بىز ئۇتىمىز. بولمىسا تارتىدىغان زىيىنىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتەك خائىنلىقى ئېنىقلا تۇرسىمۇ، سۈكۈت قىلامدۇق؟

— بۇنى سەن «سۈكۈت» دېمەي، «پۇرسەت كۈتۈش» دەپ چۈشەن. يېپەك قۇرتىنىڭ پىلە ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىشى تىرىلىش ھەم كۆپىيىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ كوممۇنىستلار بىلەن بولغان ئۇرۇش سۈلھىگە ئېرىشىپ قالسا، ئۇنى ئاشكارا ياكى ئادەم سېلىپ...

خۇاڭ پۇلى گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، ياڭ لىدې مەقسەتنى ئېنىق چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ خۇاڭ يادۇڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي تەمىناتىنى، ئەسكەرلەر بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك لۆڭگە، سوپۇن، چىش پاستىسى، پايپاق، ئىچ كىيىم دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بېرىش -

بەرمەسلىك، بۇ ئىشلارنى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە خۇاڭ بۇلىنىڭ پىكرىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. خۇاڭ پۇلى بۇنىڭغا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— ھەممىنى تولۇق بەر، ئۇلار يەنە بىر ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن. ئۇنداق قىلمىساڭ، خۇڭ يادۇڭ بۇياقتا قېلىپ، سەن جاۋابكار ئورنۇنغا چۈشۈپ قالىسەن ! — دەپ جاۋاب بەردى.

— بولىدۇ، — ياڭ لىدې گەدىنىنى قاشلىدى، — لېكىن ئۇلارغا ئەمدى ۋەزىپە ئارتقىلى بولارمۇ؟

— بۇ ئۆزۈڭگە باغلىق، ئۇنىڭ مەيلىنى ئۇتالىساڭ، ئۇمۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ. مانا بۇنى «ئاۋۋال ئۇنىدەككە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئەدىپىنى بېرىش» تەدبىرى دەپ ئاتايمىز.

— ئۇيغۇرلاردىكى «بىر سىقىم تېرىقنىڭ مەرىدىن كەچمىگۈچە، قۇشقاچ تۇتقىلى بولماس» دېگەن ماقالغا ئوخشاش دەڭا.

— ھەببەللى، بۇ سويما بېشىڭنىڭ ئىشلەيدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن، — خۇاڭ پۇلىنىڭ قاپىقى بىردىنلا مىژژىدە تۇرۇلدى، — لېكىن مەن كەتكەندىن كېيىن قوماندانلىقىڭنى پەش قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالساڭ، بۆلگۈنچىلىك قىلساڭ، بۇ سەۋەبلىك ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا نىزا ۋە توقۇنۇش يۈز بەرسە، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باغلىتىپ، ئۇدۇل ھەربىي سوتقا قاراپ ماڭساڭلا بولىدۇ.

— بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ماڭا ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— سەن گېپىمنىڭ تېگىنى چۈشەن. كوممۇنىستلار قوشۇنىمىزنىڭ پارچىلىنىشىنى، بۆلۈنۈشىنى بەكمۇ خالايدۇ. خۇددى دەزى بار تۇخۇمغا چىۋىن ئولاشقاندەك، ئۇلار دەرھاللا ئادەملىرىنى ئىچىمىزگە كىرگۈزۈپ، ئۆپكىمىزدىن قېقىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ئېسىڭدە بولسۇنكى، خۇڭ يادۇڭنى ھەربىي سوت ئارقىلىق دارغا ئاستۇرماي

قويمايمەن. بۇ ئىش پات ئارىدا بولماي قالمايدۇ.

خۇڭ يادۇڭ قوشۇنىنىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالغان خۇاڭ پۇلى يەكەندە ئۇزاق تۇرماي قەشقەرگە تىكىۋەتتى. ئۇ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ياڭ لىدي كونىشەھەر گۇلباغ گازارمىسىغا ئىككى ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار سىپىل قوۋۇقى ئالدىدىكى قاراۋۇللارغا قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تامغىسى بېسىلغان سېرىق كونۋېرتنى بېرىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. خەتتە: «ئەسكەرلەرنىڭ تىزىملىكى بويىچە ئايلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى دەرھال ئېلىپ كېتىڭلار» دېگەن مەزمۇن يېزىلغانىدى. جاڭ لياڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر ئودلىنىيە ئەسكەر ماشىنا بىلەن بېرىپ، ئۇ نەرسىلەرنى شۇ كۈنىلا ئەكېلىۋالدى. بۇ ئىشلارنىڭ يولۋاسنىڭ تۇكىنى يېتىشىغا سىلاپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى. ياڭ لىدي ئۇلارغا شاپائەت قىلماقچى بولغانىكەن، ئۇ ھالدا يەكەن كۆۋرۈكىنى بېسىپ ياتقان خوتەن پولكى بىلەن مەكىتنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغان ئاقسۇ پولكىنىڭ ئۇلارغا بولغان قورشاۋىنى نېمە ئۈچۈن بىكار قىلمايدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ قانداقتۇر پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، خۇڭ يادۇڭ، جاڭ لياڭ، تيەن دالىڭ، ئابدۇراخمانلار ھازىرقى ۋەزىيەتنى ۋە كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى تەھلىل قىلىپ، سىرتقا يوشۇرۇن رازۋېدكا ئەترىتى چىقىرىشنى قارار قىلىشتى. بۇ ئىشتا خوتەن سەككىزىنچى پولكىنىڭ ھەم ئاقسۇ پولكىنىڭ ئورۇنلاشقان جايى، ئېغىر قورالللىرى بارمۇ، يوق، ئۇلارنىڭ تۇرى ۋە سانى قانچىلىك، بۇرۇن ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇنتىزىم قوشۇنمۇ ياكى يېڭىدىن يىغقان خام ئەسكەرلەرمۇ، قايسى روتىلىرى قەيەرلەرگە ئورۇنلاشقان... دېگەنلەرنى ئېنىقلاش مەقسەت قىلىنغانىدى. بۇ ۋەزىپە يەنىلا تيەن دالىڭنىڭ ئىككىنچى روتا بىرىنچى ئىنژۋوتنىنىڭ (شيائېر قۇربان بولغاندىن كېيىن جۇ ليەنپاڭ ئىنژۋوت كوماندىرى بولغانىدى) بىرىنچى

ئودلىنىيەسىگە تاپشۇرۇلدى. ئودلىنىيە كومانىدىرى لو دەن زەبەردەس يىگىتلەردىن لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ، ئۆمەر، جاڭ لىجىلارنى تاللىدى. بۇ بەش ئادەم پۇقراچە ياساندى. جاڭ لياڭ ئۇلارنى خۇڭ پولكوۋنىكنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىككى رەھبەر بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىشقۇالغاندىن كېيىن، جاڭ لياڭ ئۇلارغا بىلىشكە تېگىشلىك بەزى مەخپىيەتلىكلەرنى ئۇقتۇردى:

— سىلەر ئاقسۇ پولكى ۋە خوتەن پولكىنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقلىرىنى ئىنقىلاشتا ئامالسىز قالساڭلار، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارغا ئەسكەر بولۇپ كىرىسىلەر، — جاڭ لياڭ سەل تۇرۇۋالدى، — ئىگىلىگەن مەخپىيەتلىكلەرنى باغاقچىگە يېزىپ سىرتقا چىقىساڭلار، ھەر خىل تىجارەتچىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈم سېتىۋاتقان بادام دوپپىلىق، ياقىسىز ئاق ماتا كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە قارا پوتا باغلىۋالغان باققال بىزنىڭ ئادىمىمىز. سىلەر كېلىپ بولغۇچە ئۇ: «كېلىشسىلە، قىران يىگىتلەر، مەرۋايىتتەك ئۈزۈم جۇما !» دەيدۇ. سىلەر جىڭى قانچە پۇل دېسەڭلار، ئۇ: «چاغلاپ بېرىشەرلا، ئۈزۈم سەرخىل، خەجلىگەن پۇللىرىغا ھەرگىز قورساقلىرى ئاغرىشمايدۇ، ماقۇما؟» دەپ كۆزۈڭلەرگە قارايدۇ. سىلەر: «بوپتۇ، ئىككى جىڭ ئالايلى، پارچە پۇللىرى باردۇر؟» دېسەڭلار، ئۇ ئاستاغىنا: «نىكولاينىڭ تىللاسى بولسىمۇ پارچىلايمەن دېسىلە !» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى بەش رازۋېدكىچى.

— سىلەر ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇھىم ئىشنى بېجىرىشكە كېتىۋاتىسىلەر، — خۇڭ يادۇڭنىڭ چىرايى غەمكىن كۆرۈنەتتى، — ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنلىكىنى يادىڭلاردىن چىقارماڭلار. بىرىڭلار، ھەتتاكى ھەممىڭلار تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ مەخپىي رازۋېدكىچى ياكى ئەسكەر ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلماڭلار. قەدىمىي

جەڭنامىلەردە: «پادىشاھ سىر ساقلىمىسا نەزەردىن ئادا، ۋەزىر سىر ساقلىمىسا ئۆرىدۇ خۇدا...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا، ۋاقىتلىق بىسىم ۋە قىيىناقتىن قورقۇپ، سىر ساقلىمىغانلار جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

— خۇڭ پولكوۋنىك، خاتىرجەم بولۇڭ! مەن تاللىغان يىگىتلەر ئەجەل بېشىغا تىكىلىپ كەلگەندىمۇ چىرايى ئۆزگەرمەيدىغان، ئۆلۈشكە رازى بولىدىغان، ئەمما دۈشمەنگە ئېگىلمەيدىغان غۇرۇرلۇق، مەرد ئەزىمەتلەر.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — خۇڭ يادۇڭ لو دەننىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى، — ھە ئۆمەر، ئاغزىڭ گەپ يۇقى تۇرىدۇ، قېنى سۆزلەۋەر!

— يەكەن كۆۋرۈكىنى، مەكىتنى بېسىپ ياتقان قوشۇن قايتمايدىكەن، بىز ھامان تەھدىت ۋە خەۋپنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىمىز، — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىنى لىققىدە ياش قاپلىدى، — شۇڭا، ئۇلارنى قوغلىۋەتمىگۈچە بىزگە ئاراملىق بولمايدۇ. مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلىنىپ قالغان كۈچلۈك قوشۇن ئۆزىدىن كىچىك ھەم ئاجىز قوشۇنغىمۇ يېڭىلىپ قالىدۇ. ئايالىم، بالام كۆيۈپ ئۆلدى. ئەمدى مېنىڭ بۇ دۇنيادا تارتىشىدىغان ھېچ نەرسەم قالمىدى. پەقەت ئىنتىقام بىلەن قىساسلا قالدى. قىساسنى ئېلىپ، كۆڭلۈمنى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپتۇرالايدىغانلا ئىش بولسا، ھەرقانداق قىيىن ۋەزىپە بولسىمۇ ئورۇنلايمەن.

— ئۆمەر مەن ئاغزىمدىن چىقىرالمىغان سۆزلەرنى قىلدى، — خۇڭ يادۇڭ ھەممىگە تەكشى قارىدى، — يەكەن كۆۋرۈكىنى، مەكىتنى بېسىپ ياتقان ئىككى پولك قوشۇن بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە قېقىلغان مىخ بولۇپ قالدى. كونىلار: «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەنىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى، سەپلىرىدىكى بوشلۇقنى، ئۆزلىرىمۇ ئاڭقىرالمىغان ئاپەت يىلتىزلىرىنى بىلىۋېلىشىمىز غەلىبىمىزنىڭ كاپالىتى

بولىدۇ. سىلەرگە ئامانلىق، ئىشلىرىڭلارغا غەلىبە تىلەيمەن.
خۇش يادۇڭ جانلىرىنى ئالىقىنىغا ئالغان بۇ بەش پىداكار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. جاڭ لياڭ بىلەن ئىككىسى ئۇلارنى پىرىم كېچىدە كونىشەھەر سىپىلى ئۈستىدىن ئارغامچا بىلەن پەسكە چۈشۈردى. بەش يىگىتنىڭ غۇۋا سىيماسى يەكەن دەرياسى بويىدىكى چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇقلاردا غايىب بولغانغا قەدەر ئۇلار ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.
يەكەن ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان ئۈزۈك - ئۈزۈك قارا بۇلۇتلار خۇددى بىر كەينىدىن قوغلاۋاتقاندەك تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىكى قۇملۇقلىرىغا قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي بىردە رۇخسارىنى ئايان قىلسا، بىردە قارا تۇتەك ئىچىگە يوشۇرۇناتتى. شۇڭا، يەكەن دەرياسى بويلىرىمۇ گاھ سىرلىق كۆكۈچ نۇر ئىچىدە غۇۋا ئايان بولسا، گاھ زۇلمەت ئىچىدە ئېرىپ كېتەتتى. يىراق تامانلاردىن ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى، تۈن قۇشلىرى «چىۋ... چىۋ...» قىلىشىپ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتەتتى. دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقلاردا يالغۇز قالغان ياۋا ئۆردەك «غات - غات» قىلىپ جۈپتىنى چاقىرسا، يېقىنلا بىر يەردە قانداقتۇر بىر قۇش ئۇيقۇلۇق چۇرۇكلاپ قوياتتى. قىسقىسى، كېچە روشەن بولمىغان ئاۋازلارغا تولغان بولۇپ، بۇ ئاۋازلار تەنىنى شۈركۈندۈرەتتى. يەكەن كۆۋرۈكى خۇددى يەكەن دەرياسىغا توغرا يېتىۋالغان ئەجدىھادەك تۈن پەردىسى ئىچىدە گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككى باشتىكى قوم تاغارلىرىدا ياسالغان ئىستىھكاملار، قاراۋۇللۇق ئەسلىھەلىرى، ھەتتا ئىستىھكاملار ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن پاترونلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولاتتى.
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، لو دەن باشلىق بەش يىگىت ئۇ تەرەپكە دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتتى. ئۇلار چاتقاللىق، شېغىللىق ساي، توپىلاڭ يوللاردا بىر كېچە يۈرۈپ، قاغىلىققا تاڭ

سەھەردە كىرىپ كەلدى. بىر چايخانىغا كىرىپ، ئىككى چەينەك چاي، بەش گىردە بۇيرۇدى. چايخانىنىڭ كىگىز ۋە پالاس سېلىنغان سۇپىسىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئالدىلىرىغا ئالىقاندەك تالىما داستىخان سېلىپ، بىرنەچچىدىن گىردە قويۇۋالغان ئىشلەمچى، مۇساپىر، مەدىكار، ھۆپىگەر سىياق بىرنەچچە ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئادەتتە خەنزۇ مەدىكارلاردەك كىيىنىۋالغان لو دەن، لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلارنى «ئىشلەمچىلەر ئىكەن» دەپ بىلىپ، دەككە ـ دۈككىدىن خالاس تاپتىمۇ ياكى تىل بىلمەيدۇ دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلار گەپلىرىنى ئىشەنچلىك قىلىشىۋەردى. ئۆمەر كىگىزدە جەينەكلەپ چېپىغا نان تۇگۇرۇپ يەۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتىشمىدى.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ يەكەندە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇدەك... — دېدى چاقنانغىنا ساقال قويۇۋالغان تازچاق بىرى، — ئاڭلىساق، بىر تەرەپ دېھقانلارنىڭ دېپىنى چالىدىغانلار ئىكەن، يەنە بىر تەرەپ بولسا راسا توخۇ پوقلىرى ئوخشايدۇ.

— ئاشۇ دېھقانلارنىڭ دېپىنى چالىدىغانلار بىزنىڭ مەشەگىمۇ كېلىپ، بۇ يەردىكى توخۇ پوقلىرىنىڭمۇ ئەدىپىنى بەرسە بوپتىكەن، — تاقىر بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان قېرى بىرى قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى، — بۈگۈن بازاردا ئىككىسى ساقچىخانىسىنىڭ لالما ئىتلىرى ئاپپاق ساقال بىر بوۋاينىڭ ئىككى سېۋەت تۇخۇمىنى، باققالنىڭ نەچچە سېۋەت يەل ـ يېمىشىنى، بىر قېرى ئايالنىڭ بىرنەچچە يىلىك يىپىنى تارتىۋالدى، تېخى «بىزنى تىللاشتىڭ» دەپ ھەممىسىنى سولاپ قويدى.

— بۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ كەلسە تولا، — دېدى ئۆچكە ساقال بىر ئادەم، — بىزنىڭ چارباغ ساقچىخانىسىنىڭ

ساقچىلىرى قىپقىزىل مۇتتەھەم، ئوغرى، بۇلاڭچى بولۇۋالدى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ بازارغا ئەكىرگەن توخۇ - تۇمان، قوي - ئۆچكىلىرىنى، گۆشگىردە، نان، يەل - يېمىشلىرىنى بۇلاشتىن تاشقىرى، ئۆزلىرىنى ساقچىخانىغا سولاپ قويۇپ، تام ئەتكۈزۈپ، تەرەتخانا تازىلىتىپ، ھويلا - باغلىرىدا ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. «قويۇپ بېرىڭ» دېسە، «پۇل تۆلە» دەيدۇ تېخى.

— ھەي بۇرادەرلەر، مىڭ قاقشىغان بىلەن، بىز نېمە قىلالايمىز؟ — دېدى دەسلەپكى تاز چىراي ساقاللىق، — ھازىر ئىككىسۇ، چارباغ ساقچىخانىلىرىنىڭ سولاقخانىلىرى دېھقانلار بىلەن توشۇپ كەتتى.

ئۆمەر چاي ئىچكەچ، بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى پەس ئاۋازدا سەپداشلىرىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇلار چايخانا غوجايىنىدىن بىر ئىغىز كىچىك ھۇجرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ھەققىنى تۆلەپ، ئۇ يەرگە كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىر كېچە يول مېڭىپ ھاردۇق يەتكەن بۇ يىگىتلەر شۇنچىلىك ئۇخلاپ كېتىشتىكى، كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن، ئۇلار يان قوراللىرىنى ئىشتان كارەكلىرىگە قىستۇرۇپ، كۆڭلەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، ئىككىسۇ ساقچىخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ساقچىخانا ئادەتتىكى بىر قورۇ بولۇپ، دەرۋازىغا يانداشقان ئىككى ئېغىز ئۆي ساقچىخانىنىڭ ئىشخانىلىرى، ئۇدۇلدىكى بىر يۈرۈش قۇلۇپلانغان ئۆيلەر سولاقخانا ئىدى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن ئىڭرىغان، يىغلىغان، يېلىنغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنى كۆزىتىپ، ھويلا ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن قوراللىق ئەسكەر پات - پاتلا: «ۋارقىراشما ! ھېلى بىكار ھەممىڭنى ئېتىپ تاشلايمەن !» دەپ ھەيۋە قىلىپ قوياتتى. قورۇ ئالدىدا بىردىنلا يۈزلىرىنى قارا لاتىدا نىقابلىۋالغان بەش ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇلنى كاللىسىغا يان قوراللىرىنى تەڭلەپ،

گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ دوڭغايتقىنىچە ھويلا ئىچىگە ئېلىپ كىردى. سولاقخانىنى كۆزىتىپ يۈرگەن ئەسكەر ئۇلارنى تاشقورغان پارتىزانلىرى دەپ ئويلاپ قېلىپ، مىلتىقىنى دەرھال توغرىلىۋىدى، لو دەن ئۇنى ئىككى پاي ئوق بىلەن يەر چىشلەتكۈزدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەڭدەپ كەتكەن ساقچىخانا باشلىقى ماۋزۇرنى ئېلىپ ئىشخانىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئوققا دۈچ كېلىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «گۇلۇپپىدە» قىلىپ يىقىلدى.

— سولاقخانىلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەت! — دېدى لو دەن نىقابىنى ئالماي تۇرۇپ، — تېز بول! بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن.

— مېنى... مېنى... ئاتماڭ، ئاكا! — جاڭ لىجى گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرغان خەنزۇ قاراۋۇل يىغلىۋەتتى، — مە... مەن ھەممىنى قويۇۋېتەي... مانا... مانا... ھازىرلا!

جاڭ لىجى بىلەن قاراۋۇل ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا ئالىقاندەك تاختايغا بېكىتىلگەن بىرمۇنچە ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىدا قالغان ۋاڭ بىلەن لۇ تيەنخەي، ھويلا ئىچىدە تۇرغان لو دەن بىلەن ئۆمەرلەر تۆت تەرەپنى كۆزەتمەكتە ئىدى. پۇت ـ قوللىرى تىترەپ ئورنىدىمۇ تۇرۇك تۇرالمايۋاتقان قاراۋۇل سولاقخانا قۇلۇپلىرىغا بىر باشتىن ئاچقۇچ سېلىپ، ئىشىكلەرنى چوڭ ئېچىۋەتتى. ئۆمەر لو دەننىڭ پىچىرلىشى بىلەن تۇتقۇنلارغا قارىتىپ سۆزلىدى:

— تۇغقانلار، ئۆيلىرىڭلارغا دەرھال كېتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى كىم سولايدىكەن، بوزەك قىلىدىكەن، مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ — ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا قانغا چىلىشىپ قالغان ئىككى ئۆلۈكنى كۆرسەتتى. — ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمدى ئىش ـ ئوقىتىڭلارنى قورقماي قىلىڭلار. كىمكى سىلەرگە يەنە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىكەن، بىزنىڭ

قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!

ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلگەن ئالتە ئېغىز ئۆيدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى، توخۇ گۆشى ساتىدىغان خەنزۇ، تۇڭگانلار، شەھەر ئىچىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان تىجارەتچىلەر يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، بەزىلىرى ئىككى ئۆلۈككە پۇتلىشىپ يىقىلدى ۋە قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشتى. لو دەن، ئۆمەر، لۇ تيەنخەي، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلار ئىككىسۇ ساقچىخانىسىغا ئوت قويۇۋەتتى، ئارقىدىن چارباغ ساقچىخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار چارباغ ساقچىخانىسىغا ھېچقانداق قارشىلىقسىز كىرىپ كەلدى. «تاشقورغان پارتىزانلىرى بېسىپ كەپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىشى بىلەن، ساقچى باشلىقىدىن تارتىپ ساقچىلارغىچە ھەممىسى قېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، لو دەن باشلىق رازۋېدكىچىلار بارلىق سولاقخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ ئېچىپ تۇتقۇنلارنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ساقچىخانىغىمۇ ئوت قويۇۋەتتى. گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان ئىش بولغاچقا، بۇ يەردىكى ساقچى، سوت، تەپتىش تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ئورگانلار ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ قالغان، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماس بولۇۋالغانىدى. ئۇلار ئۆز ئامانلىقىنىلا كۆزلەپ، يان قوشنىسى بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىسىمۇ چاتىقى بولمايتتى.

ئەتىسى ئاقسۇ پولكىنىڭ قاغىلىقنى قوغداشقا ئەۋەتكەن بىر روتا ئەسكىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، بەش رازۋېدكىچى ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار گازارما ئەتراپى، گازارمىغا يېقىن بازار ئىچىنى ئارىلاپ، سىرتقا چىققان بىرەر ئەسكەرنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئاشخانا، كاۋاپخانا، سامساخانا خوجايىنلىرى، قاسساپلار ۋە باققاللار: «لالما ئىتلار ئۇۋىسىدىن چىقماي، خېلى ئارام تېپىپ قالدۇق» دېيىشەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ۋەزىيەتنىڭ

تەقەززاسى بىلەن، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشى چەكلەنگەن بولسا كېرەك. بىر كۈنى لو دەن رازۋېدكىچىلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. ئۇ ئۆمەر بىلەن ئۆزىنىڭ يەكەن كۆۋرۈكى ئەتراپىغا بارىدىغانلىقىنى، قالغان ئۈچ سەپدىشىنىڭ مەكتىپكە بېرىپ ئاقسۇ پولكىغا ئەسكەر بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ خوشلاشتى. لو دەن بىلەن ئۆمەر بىر كېچە، يېرىم كۈن يول يۈرۈپ، ئەتىسى چۈشتە يەكەن كۆۋرۈكى ئەتراپىدىكى كالتە بازارغا كېلىپ، كىچىككىنە بىر لەڭمەنخانىغا كىردى. ئۇلار بىر تەخسىدىن لەڭمەن بۇيرۇتۇپ تۇراتتى، ئاشخانىغا يۈسۈپ كىرىپ كەلدى. ئۆمەر ئىككىسى كاتەكتەك ئاشخانا ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. لو دەن يۈسۈپنى تونۇمىغاچقا، قول بېرىپ كۆرۈشۈپ قويدى.

— خوتەن پولكى يەكەن كۆۋرۈكىنى بېسىۋالدى دەپ ئاڭلىغاندىلا، سېنى كەلدىمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۆمەر ھاياجانلىنىپ، — بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كىرگەنمىدىڭ؟

— شۇنداق. بۈگۈن كەچتە خوتەنگە قايتماقچى بولۇۋاتىمىز، شۇڭا ئۆي تامىقى يېگۈم كېلىپ كىرگەن.

— نېمە، قايتامسىلەر؟ — ئۆمەر ھەيران بولۇپ سورىدى، — يەكەن كۆۋرۈكىنى ئەمدى كىمگە تاشلاپ بېرىسىلەر؟

— ھېچكىمگە. قورشاۋ بىكار قىلىندى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— نېمىشقا دېگىنىڭ نېمىسى؟ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بولمامدۇ؟ ئاقسۇ پولكىمۇ مەكتەپنى تاشلاپ ئاقسۇغا قايتىدىغان بولدى.

— نېمە دەيدىغانسەن؟

— بۇنى بىزگىمۇ كوماندىرلار بۈگۈنلا ئۇقتۇردى.

— ئەجەب تېز كەتمەكچى بولۇپ قاپتۇغۇ ئۇلار؟

— ئىچكىرىدىكى ئەھۋال بەك جىددىي ئوخشايدۇ. ھەممىسى ئۆز يېرىنى قوغداش ئۈچۈن كېتىۋاتسا كېرەك، — يۈسۈپ

ئەمدىلا ئۆمەرنىڭ كىيىنىشىگە دىققەت قىلدى، — ھەي، سەن ئەسكەر ئەمەسمىدىڭ؟

— سەن خوتەنگە كېتىپلا مەن قاتتىق كېزىك بولۇپ كەتتىم، شۇڭا ئەسكەرلىكتىن چېكىندۇرگەن. شۇنىڭغىمۇ ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ، دېھقانچىلىق قىلىۋاتىمەن.

يۇسۇپ قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى، تاماقمۇ يېمىدى، چۈنكى ئۇ دېرىزىدىن كوماندىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۆمەر شۇنچە يىل كۆرۈشمىگەن جان - جىگەر قويچى ئاغىنىسىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشالمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۆمەر لو دەننىڭ «بۇ ئەسكەر بىلەن قانداق تونۇشىسەن؟» دېگەن سوئالىغا 1945 - يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا دارىلئېيتامدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن ئاتمىشتەك ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە يۇسۇپنىڭمۇ بارلىقىنى، پولك، روتىلار قايتا رەتلەنگەندە، ئۇنىڭ سەككىزىنچى پولكقا تەقسىم قىلىنىپ خوتەنگە كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن خوتەن ۋە ئاقسۇ پولكلىرىنىڭ ئۆز جايىغا قايتماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى، لو دەن ھەيران بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ راستمىكەن؟

— ئۇلارغىمۇ كوماندىرلىرى تېخى بۈگۈنلا ئۇقتۇرۇپتۇ.

— ئۇنداقتا، بىز ئۇزۇم ساتىدىغان باققالنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ باقساق بولغۇدەك.

لو دەن بىلەن ئۆمەر ئاشخانىدىن چىقىپ، باققاللار قاتارىغا باردى. بادام دوپپىلىق، ياقىسىز ئاق ماتا كۆڭلىكى ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان يىگىتنى ئۇلار ئاسانلا تونۇۋالدى. ئەسلىدە ئۇمۇ خۇڭ يادۇڭ پولكىدىكى بىر ئۇيغۇر ئەسكەر ئىدى. ئۇ يىگىت يىراقتىنلا ئۇلارغا لەپپىدە قارىدى - دە، قەستەن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى:

— كېلىشىسلە، قىران يىگىتلەر، مەرۋايىتتەك ئۆزۈم جۇما!
— جىڭى قانچە پۇل؟ — ئۆمەر باقىقالىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
— چاغلاپ بېرىشەرلا، ئۆزۈم سەرخىل، خەجلىگەن پۇللىرىغا ھەرگىز قورساقلىرى ئاغرىمايدۇ، ماقۇما! — باققالمۇ لو دەن بىلەن ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.
— بوپتۇ، ئىككى جىڭ ئالايلى، پارچە پۇللىرى باردۇر؟
— بار، نىكولاينىڭ تىللاسى بولسىمۇ پارچىلايمەن دېسىلە.
ئۇچ يىگىت بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قالدى. باققال يىگىت ئۇلار تەرەپكە ئېڭىشىپ، تىرناقتەك قاتلانغان قەغەزنى لو دەننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە: «گازارمىغا قايتىڭلار!» دەپ پىچىرلىدى. لو دەن بىلەن ئۆمەر بازاردىن چىقىپ، خالىي بىر سوگەتلىكنى تېپىپ، خەتنى ئاچتى. ئۇنىڭدا خەنزۇچە: «ۋەزىيەت ئاياغلاشتى، قايتىڭلار!» دەپ يېزىلغانىدى. ئەسلىدە ئىچكىرىدىكى ۋەزىيەت بىردىنلا جىددىيلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى گومىنداڭ ئارمىيەسىنى شەنشى، گەنسۇغىچە سۈرۈپ ئەكەلگەن، شۇڭا قەشقەر ھەربىي رايوندىكى مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى خۇاڭ پۇلى يەكەن كۆۋرۈكىنى ئىگىلەپ ياتقان سەككىزىنچى پولكقا خوتەنگە، مەكىتتىكى ئاقسۇ پولكىغا بولسا ئاقسۇغا قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.
يەكەن قوماندانلىق ئىشتابى، گارنىزون قىسمىنىڭ باشلىقلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، خۇڭ يادۇڭ ۋەقەسىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇغاندەك بولدى. گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىچكى ئۆلكىلەردە كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتاتتى. شىنجاڭدا بولسا ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى، جاي - جايلاردا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭ سېلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا، خۇاڭ پۇلىنىڭ خۇڭ يادۇڭنى جازالاش خىيالى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ

ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. مۇنداق قىل ئۇستىدە تۇرغان نازۇك ۋەزىيەتتە ھەرقانداق ئىچكى نىزا، ئازارلىق، بۆلۈنۈش ۋە توقۇنۇش دېگەنلەر ئارتۇقچە ئىش بولۇپ، ھەممىسىلا ئارمىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايتتى. مۇنداق ئەھۋالدا جازالاش دېگەنلەردىن ئىبغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن خۇاڭ پۇلى خۇاڭ يادۇڭنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچى، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى. ئۇ قوماندان ياڭ لىدېغا مۇنداق تېلېگراممىا يوللىدى:

«سەككىزىنچى پولكنىڭ قاغىلىقتىكى چېگرا ئىبغىزىنى قوغداۋاتقان پىلىموت روتىسىنىڭ ئۇ يەردە تۇرغىنىغا ئۇچ يىل بولدى. ئۇلار ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، چېگرانى قوغدىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش ۋاقتى كەلدى. بۇنىڭ ئۇچۇن پولكوۋنىك خۇاڭ يادۇڭ روتىلىرىدىن بىرىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا بېرىشقا بەلگىلىسۇن. ئۇ بەلگىلىگەن روتا پىلىموت روتىسى چېگرا ئىبغىزىدىن قايتىپ كەلگۈچە قاغىلىقتا ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار چېگرادىكىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يولغا چىقسىمۇ بولىدۇ. يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بۇ روتىغا قابىل باشلىقلاردىن سەپلەپ بېرىشىنى بۇيرۇيمەن...

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى خۇاڭ پۇلى

1948 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر»

قوماندان ياڭ لىدې بۇ تېلېگراممىنى ئۆزىنىڭ خېتىنى قوشۇپ گۇلباغ گازارمىسىغا يەتكۈزۈپ بەردى. خۇاڭ يادۇڭ تېلېگراممىا بىلەن خەتنى ئوقۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. قوشراپتىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا، يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاش، بېگىل، قاراقۇمدىكى قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئىككى ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قوماندانلىق ئىشتابىدىن ھازىرغا قەدەر خۇاڭ يادۇڭغا ھېچقانداق ۋەزىپە ئارتىپ

باقمىغاندى، لېكىن ئەسكەرلەرنىڭ ھەر ئايلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى، ئاش - ئوزۇقىنى، ئىشخانا ۋە ياتاقلارنىڭ راسخوتلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلار پەيلىنى بۇزغان بولسا، خوتەن پولكى بىلەن ئاقسۇ پولكىنى، قوماندانلىق ئىشتابى قارىمىقىدىكى گارنىزون قىسمىنى، قارا كېيىملىك ساقچى ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىزۋوتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ چاغقا كونىشەھەر سېپىلى ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ، خوڭ يادۇڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنىڭ قېنىنى ئېرىقتىكى سۇدەك ئاقتۇرۇپ، گۈلباغ گازارمىسىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن بولاتتى. بىراق، ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىچكى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتتى. خواڭ پۇلىنىڭ بۇ قېتىمقى تېلېگراممىسى بىلەن ياڭ لىدېنىڭ خېتى خوڭ يادۇڭ ئۈچۈن روشەنكى بىر سىناق ئىدى. ئۇ جاڭ لياڭنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تېلېگرامما بىلەن خەتنى يۆگۈرتۈپ قويدى. جاڭ لياڭ تېلېگراممىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ياڭ لىدېنىڭ خېتىنى بولسا ئۈنلۈك ئوقۇدى، ئۇ خېتىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

«خوڭ بۇرادەر، سېنىڭ بىلەن كۆپ ئىشلاردا بىرلىككە كېلەلمىسەكمۇ، ھەرھالدا ۋارقىرىشىپ، تىللىشىپ، سەن - پەنلىشىپ بولسىمۇ ئۆتەتتىم، ئىچ پۇشۇقۇم چىقىپ قالاتتى. مانا ئىككى ئايدىن ئاشتى، ئۇچەككە كىرگەن ئېيىقتەك قاراڭغىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ. ھازىر ئۇۋاڭنى مارايدىغان ئوۋچىلارمۇ يوق، ئۇلار ئۆز غېمى بىلەن ياۋاشلاپ قالدى. قورقساڭ كەلمە، قورقمىساڭ كېلىۋەر. ‹ئۇرۇشۇپ ئوينايمىز.› بىراق، ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، بىر تال مويىڭنى يۇلۇپ قويساق، خۇدا ساقلىسۇن، قۇتۇلمىقىمىز تەس بولىدۇ. سېنىڭ ئۇ مۇتتەھەملىرىڭنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ دېگىنە! خوڭ بۇرادەر، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، كۆڭلۈڭگە ئالما. ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، قاغىلىقتا چېگراغا بارىدىغانغا بىر روتا

ئەسكەرلىكنى تەييارلا. مەن مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقى خۇاڭ پۇلىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەن ئۇ يەرگە ئەۋەتمەكچى بولغان روتىغا جاڭ گودۇڭ دېگەن كاپىتان دەرىجىلىك بىر كوماندىرنى سىياسىي ۋە ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىدىم. خۇاڭ پۇلىننىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. خەير، ئامان بول. ئىشلىرىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.»

جاڭ لياڭ دوستلۇق، بۇرادەرلىك ھەم كونا سەپداشلىق يۈرىكى يۇراپ تۇرغان بۇ خەتكە قاراپ غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى. ياڭ لىدې كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغانىدى. ئۇنىڭ: «قورقساڭ كەلمە، قورقمىساڭ كېلىۋەر، ئۇرۇشۇپ ئويناىمىز» دېگەن سۆزى، راستلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما قىلىپ قوياتتى. توۋا، بۇ دۇنيادا ئېتىقاد، ئەقىدە، كۆزقاراش دېگەنلەر ۋە تاللىۋالغان يولۇڭمۇ بەزىدە دوستلۇق، بۇرادەرلىك دېگەن مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ، بۇرۇنقى يېقىنچىلىقلارنىڭ دۇشمىنى بولۇپ قالىدىكەن، بولۇپمۇ ئۇرۇش دەۋرىدە شۇنداق بولىدىكەن.

جاڭ لياڭ ئەسلىدە يەنئەندە سەككىزىنچى ئارمىيەنىڭ ئاددىي بىر رازۋېدكىچىسى ئىدى. 1945 ـ يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن رەھبەرلىك ئۇنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتكەن. خەيرىيەتكى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالاقە ـ ئىسپاتلارغا ئىشەنگەن خۇاڭ يادۇڭ ئۇنى ئۆز پولكىغا قوبۇل قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىكى باتۇرلۇقىغا تايىنىپ پەيدىنپەي ئۆسۈپ، ئاخىر روتا كوماندىرى بولدى. شۇ جەرياندا گومىنداڭ قىسىملىرى ئىچىدىكى چىرىكلىك، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىچكى نىزالارنى ئىگىلەپ، ئالاقىدار ئاخباراتلارنى خۇاڭ ساۋ ئارقىلىق ئۇدۇللۇق يەنئەنگە يوللاپ تۇردى. ئۇ بۇ يەردىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئىچىدىن چوڭراق بىلىقتىن بىرنى ئۇندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، دەسلەپتە خۇاڭ يادۇڭنىڭ ئىزىغا چۈشتى، لېكىن ئۇ

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە پارتىيەسىگە خېلىلا سادىق چىقىپ قالدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ما يىنفۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىر قېتىم چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسكەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن زىياپەتتە ما يىنفۇ مەست بولۇپ قېلىپ، ئارمىيە ئىچىدىكى چىرىكلىك ھەققىدە سۆزلەپ سالدى ۋە قايناپلا كەتتى. جاڭ لياڭ ئۇنى قولتۇقلاپ ئاچىقىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. خېلىلا كەيىپ بولۇپ قالغان ما يىنفۇ: «يەنە ئىچىمىز، مەن تېخى قانمىدىم» دەپ جاڭ لياڭنى تۇتۇپ قالدى. ئىچكەنسېرى ئۇنىڭ كەيپى ئۆرلەيتتى، كەيپى ئۆرلىگەنسېرى سۆزلەيتتى، ئۇستەلگە مۇشتلايتتى، خوتۇنى ئۇنى توسسا، ئۇنىڭغا ئاچچىقلايتتى. ئۇ تاكى تۇن نىسپى بولغۇچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقى، خىيانەتچىلىكى، كورپۇس كوماندىرى، گېنېرال، بىرىگادا كوماندىرى دېگەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، جياڭ جيېشىغا ئىشەنمەي يىغقان بايلىقلىرىنى ـــ پۇللىرىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى چەت ئەل بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇۋاتقانلىقى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى، يىغىلىپ قالغان قورساق كۆپۈكلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن چىقاردى، سۆزلەۋېرىپ ھېرىپ قالدى بولغاي، ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ: «كۆرۈپ تۇر، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىستلار بىزنىڭ گۆركارىمىز بولماي قالمايدۇ. ئۇلار...» دەۋېتىپ كۆزلىرى يۇمۇلدى ـ دە، ئۇيقۇغا كەتتى. ما يىنفۇ ئەتىسى خوتۇنىدىن ئۆزىنىڭ كېچىدە نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتتى. ئۇ جاڭ لياڭنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەستلىكتە قالايمىقان سۆزلەپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىۋىدى، جاڭ لياڭ: «خاتىرجەم بولۇڭ، پولكوۋنىك. مېنىڭ ئاغزىم داتلاشقان قۇلۇپ، ھەرقانداق ئاچقۇچ ئاچالمايدۇ. لېكىن، سىز نېمىدىن

ئەنسىرەيسىز؟ ئەمەلىيەتتىنى سۆزلىسىدىڭىزغۇ؟ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇنىڭ گۇمراھلىق تەقدىرىدىن بەرىبىر قۇتۇلالمايدىغانلىقى ھەققىدە توغرا گەپلەرنى قىلدىڭىز!» دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىسى يات ـ پاتلا ئۇستەلگە بىر بوتۇلكا هاراقنى تىكلەپ قويۇپ، ۋەزىيەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغان بولدى. قىسقىسى، ئۇ قەدەممۇقەدەم ئىچكىرىلەپ، ئاستا ـ ئاستا ما يىنفۇغا قىزىل تون كىيگۈزدى. ما يىنفۇ ۋۇخەنگە كېتىپ سەككىزىنچى ئارمىيەگە قېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ جاڭ لياڭنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭمۇ ما يىنفۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغانىدى، بىراق خائىنلارنىڭ مەخپىي ھەرىكىتى سەۋەبىدىن غەلىبە قىلالمىدى. چۈنكى، جاڭ لياڭلار يېڭىشەھەر گازارمىسىدىكىلەرگە قەشقەردىن ياردەمگە قوشۇن كېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. بېگىل ۋە قاراقۇم ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى كۈندۈز، بىر كېچە داۋاملاشقان قانلىق جەڭ خۇڭ يادۇڭ قوشۇنىنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ گازارما ئىچىدە سەكسەندەك ئانا ـ بالىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنلىكى، چۇچۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى قىسىمدىكى كوماندىرلارغا نىسبەتەن كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى. بۇ ۋەھشىيلىك ئۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بولمىسا جاڭ لياڭنىڭ پىلانى يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەردىكى ھەربىي كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كېلىدىغان كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈش ئىدى. ئەمدى ئۇلارغا «ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» نىقابىغا ئورىلىۋېلىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. شۇڭا، قوماندان ياڭ لىدىنىڭ گېپىنى ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلىمايمۇ بولمايتتى.

خوڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ ئىككىسى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلغان خەتكە قاراپ، ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ياق دېسە، بىر مىڭ ئىككى يۈز دەك ئەسكەرنىڭ ئاش ـ نېنى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى شۇلار بېرىۋاتاتتى، ماقۇل دېسە تېخى. ئاخىر ئېڭەك تىرەپ ئولتۇرغان خوڭ يادۇڭ ئېغىر تىنغىنىچە پۈشۇلداپ بېشىنى كۆتۈردى:

— قاغىلىق چارىسىغا تيەن دالىڭنىڭ روتىسى بارسۇن، — دېدى ئۇ، — ياق دېيىشكە ھېچ ئاساس تاپالمىدىم.

— ئاساس تېپىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، ئۇ يەر ھىندىستانغا ئۆتىدىغان چېگرا ئېغىزى. دۆلەتنىڭ چېگراسىنى قوغدىماي بولمايدۇ، — جاڭ لياڭ ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى، — لېكىن مېنى ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتقىنى جاڭ گودۇڭنى سىياسىي ۋە ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەش ئىشى. ئۇ ئاشۇنداق ۋەزىپىگە قويۇلغانىكەن، بۇ روتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى شۇنىڭدا بولۇپ قېلىپ، تيەن دالىڭ قورچاققا ئايلىنىپ قالارمىكىن؟

— لېكىن، بۇ خواڭ پۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى تۇرسا، قانداقمۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلەيمىز؟ — خوڭ يادۇڭ خاپا بولغاندەك تۇراتتى، — كىمنى بېكىتسە بېكىتمەمدۇ، ئۇنىڭغا قارشى بىرنېمە دېمەيلى.

خوڭ يادۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقىپ، ئۆز ئىشخانىسىنى قوغداپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن قاراۋۇلغا: «دەرھال تيەن دالىڭنى چاقىرىپ كەل !» دېدى ـ دە، ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى.

— تيەن دالىڭغا ھازىرلا ئۇقتۇرماقچىمۇسىز؟ — سورىدى جاڭ لياڭ، — ئەگەر ئۇ نارازى بولسا، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ.

— مەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالمايمەن، بۇيرۇق قىلىمەن !

— بەزى ھاللاردا بۇيرۇقمۇ مۇتتەھەملىك تۈسىنى ئېلىپ

قالىدۇ.

— سىز بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

— بۇ مېنىڭ پەرىزىم. تيەن دالىڭ ئەقىللىك، غۇرۇرلۇق ئادەم. ئۇ بۇنداق خورلۇق تۇسنى ئالغان ئادەم سەپلەشكە قېتىلماسلىقى مۇمكىن.

ئۇلار ئىككىسى مۇنازىرىلىشىپ تۇرغاندا، ئىشىك چېكىلىپ ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى كۆكرىكى كەڭ، پۇت - قوللىرى جۇۋاز ئوقىدەك مەزمۇت، گۆشمەستەك غوللۇق، يۈزى، چېچى، قاش - كىرپىكلىرى قارا، پەقەت چىشلا ئاپپاق پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرغان «تيەن خېيما» كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇڭ پولكوۋنىكقا پۈتىنى جۈپلەپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئورنىدا تىك تۇردى. خۇڭ يادۇڭ ئۇنى دىۋانغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئەھۋالنى چۈشەندۇردى. تيەن دالىڭ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، قايتا ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى.

— خۇڭ پولكوۋنىك، مېنى قاغىلىق چارىسىغا ئەۋەتمەكچى بوپسىز، دوزاخقا كىر دەپ بۇيرىسىڭىزمۇ ئالدى - ئارقامغا قاراپ ئىككىلەنسەم ئىت بولۇپ كېتەي. لېكىن، بۇ قېتىم مېنى ئەسلىي روتامغا قايتۇرۇۋېتىڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— جاڭ گودۇڭ دېگىنى لۇ كونجۇڭنىڭ جان - جىگەر ئاغىنىسى. ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن قالمايدىغان ياۋۇز قان ئىچەرلەر. لۇ كونجۇڭ، ئابدۇقادىر، رېشىتلارنى مېنىڭ روتامدىكى شيائېرنىڭ ئودلىنىيەسى قاراقۇمدا تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتتى. جاڭ گودۇڭ مېنىڭ روتامغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن كەلمەيدۇ، بەلكى قىساس ئېلىشقا كېلىدۇ.

— سەن بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسەن.

— ئاقنىيازنىڭ پاجىئەسى ئېسىڭىزدىن چىقمىغان بولسا كېرەك، — دېدى تيەن دالىڭ ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئۇلار مېنى «قاچماقچى بولدى»، «قوتراتقۇلۇق قىلدى»، «شايكا تۈپلىدى»

دېگەندەك بەتنامالار بىلەن يا ئالدىمدىن، يا ئارقىمدىن ئاتقۇزۇۋېتىدۇ. مېنىڭ بۇنداق ئاتاقلار بىلەن ئۆلگۈم يوق!

— سەن باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇ يەرگە بېرىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن، — بۇيرۇقنى ئەڭ يېقىن ئادىمىنىڭ رەت قىلىۋاتقانلىقىغا خوڭ يادۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — ھەربىي مىزان بويىچە بۇيرۇقنا بويسۇنمىغانلارنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟

— ئوبدان بىلىمەن، — تيەن دالىڭ بەكمۇ تەمكىن ئىدى، — ئۇلارنىڭ قولىدا قارىلىنىپ ئۆلگەندىن كۆرە، سىزنىڭ قولىڭىزدا پاك كەتكىنىم تۈزۈك...

تيەن دالىڭ ھەربىي كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە تۇرۇپ بەردى. خوڭ يادۇڭ لاسىدە بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، تيەن دالىڭنىڭ سۆزلىرى يوللۇق بولۇپ، ئۇ بېگىل ـ قاراقۇم ئۇرۇشىدا، يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشاش جېڭىدە ھەممىسىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغانىدى.

— تۈگمىلىرىڭنى ئەت، بۇرادەر! — دېدى جاڭ لياڭ تيەن دالىڭنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — خوڭ پولكوۋنىكنىڭ سېنى ئېتىشقا قانداقمۇ قولى بارسۇن؟ چىقىپ ئارامىڭنى ئال.

تيەن دالىڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خوڭ يادۇڭ بىلەن جاڭ لياڭ يالغۇز قېلىشقاندا، جاڭ لياڭ تيەن دالىڭنىڭ ئىشىنى ئېنىق قىلىپ يېزىپ، جاڭ گودۇڭنى مەسلىھەتچىلىكتىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ خەت كىرگۈزدى. ئۇمۇ شۇ كۈنى كەچتىلا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ خەتتە: «خوڭ بۇرادەر! روتا كوماندىرلىرىڭ بۇيرۇقۇڭنىمۇ ئاڭلىماس بوپتۇ. بۇ بەك ھەددىدىن ئاشقانلىققۇ؟ سەن ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى تارتىپ ئىسيان كۆتۈرگىنىڭ بىلەن، ئۇلار سېنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ بوپتۇ، ئەسكەرلىرىڭ ئالدىدا تەڭلىك تارتىپ قالما. مەن قوماندانلىق سۇپىتىم بىلەن تيەن دالىڭنىڭ روتىسىغا گارنىزون

قىسمىدىن لى دايىنى روتا كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدىم. جاڭ گودوڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋېرىدۇ...» دەپ يېزىلغانىدى. مانا ئەمدى «چاپىقنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ئەمدى قوماندان ياڭ لىدىپىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىقىقا خۇڭ يادۇڭنىڭ جېنى ئۆن ئەمەس ـ دە! بۇ قېتىم جاڭ لياڭنىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

1948 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بەلگىلەنگەن روتىغا قاغىلىقىقا يۈرۈش قىلىش ئۇقتۇرۇلدى. سەھەردە ئاتلىنىش كانىيى چېلىندى. ئىككىنچى روتىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر ھويلىغا سەپراس بولۇپ تىزىلدى. ئىمزۇوت كوماندىرلىرى روتىنىڭ يېڭى كوماندىرى لى دايى بىلەن مەسلىھەتچى جاڭ گودوڭنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ دوكلات قىلىشتى. ئىككىنچى ئىمزۇوت كوماندىرى جاڭ يىخەن مارالبېشى سېرىقبۇيىلىق ئەسكەر نىياز بىلەن يەكەن پەيلۇلۇق ئەسكەر ھاۋازنىڭ قىسىمدىن قاچقانلىقىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ دوكلات قىلدى.

ئاچچىقىدا كەكرى يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ، چىرايى بىردەمدىلا غەلىتە پۈرۈشۈپ كەتكەن جاڭ گودوڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىپ چىقىپ، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينىكىنى ئېلىپ سۈرتۈپ، قايتا تاقىغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

ــ ئىككىنچى روتا! قاغىلىقىقا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدى. چۈنكى، ئىچىمىزدىن قاچقۇن ئەسكەرلەر چىقىپتۇ. ئۇلارنى نەدىن بولسا تېپىپ كېلىپ، ھەربىي قانۇن بويىچە جازالىماي تۇرۇپ، بىز يولغا چىقالمايمىز. ھازىردىن باشلاپ ھەممىڭلار بۆلۈنۈپ ئاتلىنىپ، ئىككى قاچقۇننى تۇتۇپ كېلىڭلار، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئىنئام بېرىلىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە قوغلاپ چىققانلار نىياز بىلەن ھاۋازنى پىيالمىنىڭ سېيىدىن تۇتۇپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنى

ئاتلىق ئەسكەرلەر يىغىلغان چوڭ ھويلىغا ئەكېلىشتى. ياڭ لىدې
بۇ يەرگە خۇڭ يادۇڭ بىلەن ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى، جاڭ لياڭ
قاتارلىق روتا كوماندىرلىرىنىمۇ چاقىرتىپ كەلگەنىدى. ياڭ
لىدې، جاڭ گودۇڭ، لى دايىلار ئۇلارنى مەنسىتمىگەندەك توپ
ئالدىدا گىدىيىپ تۇرۇشاتتى. ئامانلىق قوغداش ئەترىتى،
رازۋېدكا ئەترىتى ۋە ساقچى ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى قاتتىق
باغلانغان نىياز بىلەن ھاۋازنى سۆرەپ ئاچىقىپ، ھويلىدىلا
ئېتىۋەتتى. بۇ ياڭ لىدې، جاڭ گودۇڭلارنىڭ قوزغىلاڭدىن كېيىن
خۇڭ يادۇڭدىن تۇنجى قېتىم قىساس ئېلىشى، ئۇنىڭ ئالدىدا
ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى كۆز - كۆز قىلىشى
ئىدى.

نىياز بىلەن ھاۋاز سەپەرگە ئاتلانغۇچىلار ئۈچۈن قۇربانلىق
قىلىندى.

# ئون يەتتىنچى باب

# قەھرىتان سوغۇق

ئىككىنچى روتا قاغىلىقتا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا لى دايى، جاڭ گودۇڭلار ئىزۋوت ۋە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىنى قايتىدىن بېكىتىپ چىقتى ھەم روتىنى تەرتىپكە سالدى. لى چۇڭيىڭنى خۇڭ يادۇڭ ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتىغا شيائېر كوماندىرلىقتا تەيىنلەنگەنىدى. دۇ شىڭسەن سېپىل ئارقىسىغا ئالداپ ئاپىرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۆتىنچى ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئابدۇرۇسۇل زىممىسىگە ئالغانىدى. شيائېر، ئابدۇرۇسۇل، ۋاڭ جىڭگويلەر ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، شيائېرنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتىغا گۇ دۇشۇ (شىبە)، ئابدۇرۇسۇلنىڭ تۆتىنچى ئىزۋوتىغا قارا قاسىم، ۋاڭ جىڭگوينىڭ ئۈچىنچى ئىزۋوتىغا شى كەي (خەنزۇ) لەر قويۇلغانىدى. لى دايى، جاڭ گودۇڭلار ئۇلارنى خۇڭ يادۇڭنىڭ چاپارمەنلىرى دەپ قارىغاچقا، گۇ دۇشۇنىڭ ئورنىغا جۇ لىيەنپاڭنى، قارا قاراقاسىمنىڭ ئورنىغا جاڭ شۆلياڭنى، شى كەينىڭ ئورنىغا ۋاڭ شياۋتاڭلارنى ئىزۋوت كوماندىرلىقىغا قويدى. ئۆمەر ھازىرمۇ جۇ لىيەنپاڭنىڭ ئىككىنچى روتىسىدىكى بىرىنچى ئودلىنىيەنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كوماندىرى ئابدۇسەيدى دېگەن ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. لى دايى بىلەن جاڭ گودۇڭ لو دەنىنى خۇڭ يادۇڭنىڭ كۆز - قۇلىقى دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئابدۇسەيدىنىڭ ئودلىنىيەسىدە ئاددىي

ئەسكەر قىلىپ قويدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە يېڭى باشلىقلار ئىككىنچى ۋە بەشىنچى ئىنزۋوت كوماندىرلىرى بولغان جاڭ يىفەن بىلەن لى شىۋۇلارنىڭ قاپىقىدىن ياكى قارام مىجەزىدىن قورقتىمۇ، ئۇ ئىككىسىگە چېقىلالمىدى. ئۇلار ئۆز ئورنىدا قالدى.

جاڭ گودۇڭ، لى دايىلار خۇددى شاپتۇللۇق باغقا كىرىپ قالغان مايمۇندەك ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولۇپ، ئىنزۋوت ۋە ئودلىنىيە كوماندىرلىرىنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلىپ ئالماشتۇرۇۋالدى. ئەمدى ئۇلار پۈتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشۇپ تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، شەيدۇللادىن قايتىپ كېلىدىغان پىلىموت روتىسىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ يەردە پىلىموت روتىسى ئىچىدە توپىلاڭ يۈز بەرگەچكە، روتىنىڭ باشلىقلىرى قوشۇننى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش، قۇتراتقۇلۇق قىلغانلارنى قېزىپ چىقىرىش ئىشى بىلەن بولۇۋاتقاچقا، ھازىرچە قاغىلىققا قايتالمايدىغاندەك تۇراتتى. بۇنداق ئارقىغا سۈرۈلۈش جاڭ گودۇڭ بىلەن لى داينى بىتاقەت قىلىپ قويدى. جاڭ گودۇڭ ئاچچىقىدا:

ـــ ئاناڭنى ! ئۇ خەقنىڭ كەلمىكى يۈڭ يېگەن ئىتنىڭ پوقىدەك ئەجەب سۈرۈلۈپ كەتتا ! ـــ دەپ تىللىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق تەقەززا بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى روتا قاغىلىققا كېلىشى بىلەنلا ئەسكەرلەرگە كېزىك يۇقۇپ، ھەپتە ئىچىدە كۆپلىگەن ئادەم تەڭلا يىقىلدى. كېزىك كېسەللىكى ئەسلىدە پىت ئارقىلىق يۇققاچقا، پاسكىنا، كەم ماغدۇر ئادەملەرگە ئاسانلا يۇقاتتى ۋە جېنىنى ئالاتتى. بۇ كېسەللىك يۇققان ئادەملەر چاچلىرى ۋە قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ، چىرايى كۆندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ، تېنى زەئىپلىشىپ ئورنىدىن تۇرالماي قالاتتى. ئەسكەرلەرگە بىرنەچچە ھەپتە، ھەتتا بىرقانچە ئايلاپ مۇنچىغا چۈشۈش شارائىتى بولماي كەلگەچكە، ھەممىسىلا ئېچىپ كەتكەن خىمىرتۇرۇچتەك بەتبۇي پۇراپ

تۇراتتى. ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇلارنى پىت بېسىپ كەتكەندى. ئۇلار قەيەرگە بارسۇن، نەدە تۇرسۇن، خىجىل بولماي ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سېلىپ پىت باقاتتى. كىيىملىرىنى كۈندۈزلىرى ئاپتاپقا سالسا، كېچىلىرى تونۇرغا يېيىپ، پىتلارنى تونۇرلىتىپ ئۆلتۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، پىت ھەممىگە يامراپ كېتىپ، ئەسكەرلەر ئىچىدە كېزىك كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋالغانلار ئاۋۇشقا باشلىدى. ئۈچ ـ تۆت ئىغىزلىقلا ياتىقى بار قاغىلىق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان ئەسكەرلەردىن ئۆلۈپ قالغانلىرىنى كېچىدە يالىڭاچلاپ دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭگە يۆمىلىتىپ ئېقىتىۋېتىشتى. بۇ جاڭ گودۇڭنىڭ يامان تەسىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يولغا قويغان «كەشپىياتى» ئىدى. جەسەت يالىڭاچ بولغاندىكىن، ئۇنىڭ دېھقان، ئىشچى، كاسىپ ياكى ئەسكەرلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاق كۆڭۈل، ساددا ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا «ساۋاب تېپىش» ئۈچۈن جەسەتنى ھامان ئۆستەڭدىن سۇزۇۋېلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قوياتتى. ئەسكەرلەرنىڭ مۇنداق تەرزدە ئۆلۈشىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئارمىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا شەرمەندىلىك ھېسابلىناتتى. بىر قېتىم ئىككى قاراۋۇل كېزىكتە ئۆلگەن بىر ئەسكەرنى كىيىملىرى بىلەنلا ئۆستەڭگە تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ گودۇڭ ئۇلارنى جازالاپ، قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقىدا يالىڭاچلاپ، بىر سائەت مۇز ئۈستىدە تىزلاندۇرۇپ قويىدى.

كېزىك بولغانلارغا كۈندە ئىككى ۋاخ كۆك ماش سالغان شوۋىگۈرۈچ بېرىلەتتى. مۇبادا قازانغا چۆمۈچنى ئىتتىك سېلىپ تارتىۋالسا ئۇنىڭغا ھېچنېمە چىقمايتتى، ئاستا سېلىپ ئاۋايلاپ ئالسا، بىرنەچچە تال ماش ياكى گۈرۈچ چىقىپ قالاتتى. ئەمما، كېزىك بولغانلارنىڭ قورسىقى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئېچىپ، مەيدىلىرى ئاغرىپ، كۆڭۈللىرى ئېلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا، كېزىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئەسكەرلەر بازارغا

ماڭىدىغان يول بويلىرىدا قاتارىسىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. چاچلىرى، قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ، خۇددى قېرى شەيختەك بولۇپ قالغان بۇ تىلەمچى ئەسكەرلەرنى كۆرگەن دېھقانلار، تىجارەتچىلەر، باققاللار، هۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارغا بىر نەچچە دانە گۆلە، ياڭاق، شاپتۇل قېقى، جىگدە ياكى پارچە زاغرا دېگەندەك نەرسىلەرنى تەڭلەيتتى.

جاڭ گودۇڭ بىلەن لى دايى ئون نەچچە ئەسكەرنى ئۆستەڭگە سەدىقە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، شەيدۇللادىكى پىلىموت روتىسى قايتىپ كەلدى. جاڭ گودۇڭ يىگىرمىدەك ئېغىر كېسەلنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ، بىر يۈز يەتمىش ئاتلىق ئەسكىرىنى ئېلىپ ئەتىسى سەھەردە يولغا ئاتلاندى. چېگرادىكى چازا — شەيدۇللا قاغىلىقتىن ماڭغان ئادەم ئۈچۈن ساق ئىككى كۈنلۈك يول بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۇ يەرنى «مەلىكىشاھ» دەپ ئاتايتتى. سارانىڭ ئوت - پىراقى تېخىچىلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەن ئۆمەر ئازابلىق خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ خالىي بولۇش ئۈچۈن، سەپەرگە ئاتلانغان سەھەردىن تارتىپ يول بويىدىكى يۇرتلارغا، ئۆتەڭ، كەنت، ئايماق، تۇرالغۇلارغا زەن سېلىپ ماڭدى.

بىر يۈز يەتمىش كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن قاغىلىقتىن چىقىپ، ئالتە سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن كۆكيارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يۇرتنىڭ بىر تەرىپى ساي، يەنە بىر تەرىپى قاتمۇقات تىزىلىپ تۇرغان ئېگەرسىمان توپا تاغ ۋە تاش تاغلار ئىدى. تاشتىن قوپۇرۇلغان هويلا تاملىرى، ئۆي ۋە ئېغىل تاملىرىغا ئاچىماق ياغاچلاردىن تىرەكلەر قويۇلغانىدى. ئەگرى - بۈگرى كەتكەن رەتسىز كوچىلىرىدا لالما ئىتلار قوغلىشىپ يۈرەتتى. بۇ يۇرتنىڭ ئۆيلىرى تارقاق ۋە كۆرۈمسىز بولۇپ، ئەزەلدىن ئادەم ياشاپ باقمىغاندەك جىمجىت ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت بىر موزاينىڭ سوزۇپ - سوزۇپ مۆرىگەن مىسكىن ئاۋازى بۇزۇپ

تۇراتتى. شۇنچە كۆپ ئاتلىق ئەسكەرلەرگە، ئۇلارنىڭ بىر خىل رەڭدىكى كىيىملىرىگە، ساغرىلىرى تەرلەپ كەتكەن ئاتلىرىغا ھەيران بولغاندەك بىرقانچە لالما ئىت ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تاغلىق بالىلار ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئاسمانىباقتى بولۇپ قاراپ قېلىشقانىدى. بۇ بالىلار تاشلانمىغان ئاپپاق كۇرەك جۇۋا، يەڭسىز تېرە پىنجەك، پۇتلىرىغا قوتاز تېرىسىدىن تىكىلگەن يۇڭلۇق چورۇقلارنى كىيىۋالغان بولۇپ، خۇددى ئۇچەكتىن ئەمدىلا چىققان ئېيىق بالىلىرىغىلا ئوخشايتتى.

قوشۇن كۆكياردا يېرىم سائەتتەك تۇرۇپ، ئاتلىرىغا بوغۇز يېگۈزۈپ، سۇغىرىپ، ئۆزلىرىمۇ قورساقلىرىنى ئاز - تولا ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار ئىككى سائەت ئەتراپىدا يول يۈرۈپ «پۇسا» دېگەن يەنە بىر يۇرتقا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرمۇ كۆكيارغا ئوخشاش تاقىر تاغلىق يۇرت ئىدى. پەقەت پەس ئوت - چۆپلەر ئۆسىدىغان ئېدىرلىقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئانچە - مۇنچە مۇشا، توغراق، يەنە قانداقتۇر ئىسمى نامەلۇم بولغان تىكەنلىك چاتقاللار ئۆسۈپ تۇرغان قاپتال ۋە جىرالار كۆزگە چېلىقاتتى. كىچىك بىر ئېقىن كەنت ئىچىدىن ئۆتۈپ، جىرالارنى بويلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتەتتى. قوشۇن بۇ يەردە توختىمىدى، ئىككى سائەتتەك جېدەللەپ يول يۈرۈپ، «قاق» دېگەن داۋانغا ياماشتى - دە، كەچلەپ «ئاقمەسچىت» دەپ ئاتىلىدىغان تاغلىق كەنتكە كىرىپ كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. جاڭ گودۇڭ بىلەن لى دايى بىرىنچى روتا كوماندىرى جۇ لىيەنپاڭغا كېچىلىك قونالغۇ ھەل قىلىشنى بۇيرۇدى. ئەسلىدە قىسىم چۈشكەن يېرىدە، مەيلى ئۇ يەر تاغ تۇرا، چۆل - جەزىرە، ئايدالا بولامدۇ، ئۇچلۇق چېدىرلىرىنى قۇرۇپ قونۇپ، ئەتىسى ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ كېتىۋېرەتتى. لېكىن، بۇ يەر كەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ گودۇڭ كەنت ئاقساقاللىرى ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئۇلارغا قونالغۇ ئالۋىنى سالغانىدى. جۇ لىيەنپاڭ بىرىنچى ئودلىنىيە كوماندىرى

ئابدۇسەيدىگە ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، ئۇ لو دەن بىلەن ئۆمەرنى باشلاپ، كەنت ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. ئاقساقال ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاقمەسچىت جىلغىسىغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال يۈزبېشى، ئەللىكبېشى، ئونبېشىلارنى چاقىرىپ ئەسكەرلەرنى بىر دەمدىلا بۆلۈپ - بۆلۈپ ئەكېتىشتى. ئاتلىرىنى بولسا يەم - خەشەك بىلەن باقماقچى بولدى.

ئاقمەسچىت پۈتۈنلەي قاقاسلىق، ساي، تاز تاغلار، تاقىر ئېدىرلار، قاراڭغۇ قاپتاللار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، كۆپ يەرلىرىدە ئوت - چۆپ ئۈنمەيتتى. پەقەت تاغ، ئېدىر، بەللەرنىڭ تەسكەي غوللىرىدا، رەڭسىز، بەترەڭ تىكەنلىك ئوتلار، تۆگە يەيدىغان ئازغان، قوڭغۇراقتىكەن ۋە جىغان دېگەندەك سامان غوللۇق ۋە ياغاچ غوللۇق ئوت - گىياھلارلا ئۆسەتتى. ئاقمەسچىت كەنتىنى كېسىپ ئۆتكەن بىر سۇزۇك ئېقىن قىش - ياز ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئاساسەن تاجىكلار ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆي (قارا ئۆي) لىرى شالاڭ، تارقاق ئورۇنلاشقانىدى. ئاھالىلەر قالاش ئۇچۇن چىڭدىلىپ تاختايدەك بولۇپ قالغان تېزەكلەرنى قۇرۇتۇپ، ئوتۇن ئورنىدا دۆۋىلىۋالاتتى. يەنە تاشقورغان پارتىزانلىرى قاغىلىقنى بېسىۋېلىپ، ئۈچ ئاي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ھاكىم بولغان ھەسەنبەگ دېگەن ئادەمنىڭ يۇرتى بولغان شىخېپو دېگەن جايدىن ئارچا، توغراق ۋە بەقەملەرنى كېسىپ، قوتازلارغا ئارتىپ ئەكېلىپ قىشچە يېقىلغۇ قىلاتتى. ئارچا ياغىچىنى يارسا، ئىچى قىزىل، سارغۇچ ۋە قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، كۆيدۈرسە ئىسى مەززىلىك پۇرايدۇ. شۇڭا، شەھەر - يېزىلاردا كىشىلەر ئارچا ياغىچىنى ئۇششاق يېرىندى قىلىپ ساتىدۇ. بۇ يېرىندىلار «سەندەل» ياغىچى دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭدا ئۆيلەردە ئىسرىق سېلىنىدۇ.

ئىككىنچى روتا ئاقمەسچىتتە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە يەنە يولغا چىقتى. ئۇلار «ئاقاز» دەپ ئاتىلىدىغان كۆپ ئايلانمىلىق، تولىمۇ ئېگىز داۋانغا ئۈچ سائەتتە چىقىپ بولدى.

بۇ داۋانلىق تاغ ۋولقان ماگمىلىرىدەك ئۇيۇللا ئىدى. ئۈستىدە شېغىل ئارىلاش توپا بولغاچقا، بەكمۇ تاز ـ تاقىر ئەمەس ئىدى. ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلار ئۆسەتتى. قوشۇن داۋاندىن پەسلەپ سۈيى ئىنتايىن تېز ئاقىدىغان، ئاۋازى قۇلاقلارنى يېرىۋەتكۈدەك شاۋقۇنلۇق تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشتى ۋە ئۇ يەردە بىردەم ئارام ئالدى. بۇ دەريانى كونىلار «خالاستان» دەپمۇ ئاتايتتى. دەريانىڭ سۈيى «سىرىقداۋان» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ چوققىلىرىدىكى قار ـ مۇزلاردىن ئېرىپ كەلگەچكە، قول مۇزلىغۇدەك سوغۇق ئىدى. بۇ سۇ ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، رەڭگى ياپيېشىل كۆرۈنەتتى. قوشۇن خالاستاننىڭ يېپىلىپ ئاقىدىغان يېرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتتى. ئاندىن قارشى قىرغاقنى بويلاپ دەريانىڭ يۇقىرىسىغا ئۆرلەپ مېڭىپ، ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان «كۈدە» دېگەن تاغلىق كەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ كەنت مەككىگە ماڭغان ھاجىلار، چەت ئەلگە چىقىدىغان سودىگەرلەر، يۇرت ۋە دۆلەت ئاتلاپ جاھان كېزىدىغانلار ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆتكەل — سىرىقداۋانغا قاراپ ئاتلىنىش ئالدىدا ئارام ئالىدىغان، تەييارلىق قىلىدىغان ئۆتەڭ ئىدى. بۇ يەردە تەييارلىقلارنى پۇختا قىلغاندىن كېيىن خالاستان دەرياسىنى ياقىلاپ، سىرىقداۋانغا ئاستا ـ ئاستا ئۆرلىگىلى بولاتتى. داۋاننىڭ ئۈستىنى قويۇق نەم تۇمان قاپلاپ تۇرغاچقا، سەپەرگە ئاتلانغانلار بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى سەزمەيتتى، ئەمما چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ ھاسىراپ تۇراتتى. داۋاندا ئىتتىكلىمەيدىغان ياكى توختاپ قالمايدىغان سىم ـ سىم يامغۇر كېچە ـ كۈندۈز يېغىپلا تۇراتتى. داۋان بەكمۇ ئېگىز بولغاچقا، ھاۋا شالاڭ بولۇپ، نەپەس ئالماق تەس ئىدى. تېنى ئاجىز ۋە كېسەللى بار ئادەملەر ئاسانلا جېنىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. سىرىقداۋان ئاخىرلاشقۇچە يول بويلاپ تاش دۆۋىلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ تاش دۆۋىلىرى داۋاندا ئۆلگەن مۇساپىر، ھاجى، سودىگەر ۋە جاھانكەزدىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئىدى. داۋان

ئۈستىدە تاغنى قىيىپ لەھەت كولاش مۇمكىن بولمىغاچقا، ھەمراھلىرى ئۆلگەنلەرنى تاشلار ئارىسىغا ئېلىپ، قەبرە قىلىپ قويۇپ كېتىشىپتۇ.

سېرىقداۋاندىن چۈشۈپ ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق چازا — شەيدۇللاغا يېتىپ كەلگىلى بولاتتى. شەيدۇللادا چازىنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەردىن باشقا ئادەم ياشىمايتتى. چازىدىن ئۆتكەندە قايرىلىدىغان يولدىن يىگىرمە كىلومېتىر دەك ماڭسا، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بارغىلى بولاتتى. دەريانىڭ بۇ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئۇ قانىتى ھىندىستاننىڭ زېمىنى بولۇپ، بۇ ئېقىن چېگرا سىزىقى ئىدى. چازىنىڭ سول تەرىپىدىكى يول تىبەت (شىزاڭ) تاغلىرىغا ئەكىرىپ كېتەتتى. بۇ يول بىلەن ئۇدۇل لاداق (لاسا)قا بارغىلى بولاتتى.

ئىككىنچى روتا شەيدۇللاغا 11 - ئاينىڭ ئاخىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئايمۇ بولۇپ قالدى. كوماندىر لى دايى، سىياسىي مەسلىھەتچى جاڭ گودۇڭلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەسكەرلەر قاتمۇقات تاغلاردىكى مۇھىم ئېغىز، چىقىش يوللىرىدا، جىلغا بەندەرلىرىدە نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتاتتى. لى دايى بىلەن جاڭ گودۇڭ ئادەت بويىچە ئاقمەسچىتتە بىر ئودلىنىيە، كۆدە كەنتىدە بىر ئودلىنىيە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، قالغان بىر يۈز ئەللىكتەك ئەسكىرى بىلەن جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىدا تۇرۇۋاتاتتى.

1949 - يىلى فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى دەھشەتلىك قارا سوغۇق باشلاندى. تاغ تۇرانى ئاق قار، كۆك مۇزلار قاپلاپ، شىۋىرغان كېچە - كۈندۈز ئاچ قالغان بۆرىلەردەك ھۇۋلاشقا باشلىدى. قارنى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن، قۇيرۇقىنى چىۋىسىگە تىقىۋالغان يالىلىق بۆرىلەر تاغدا قار قېلىن بولغاچقا ئوزۇق تاپالماي، تاغ ئارىسىدىكى زاستاۋغا لوقما ئىزدەپ كېلەتتى. ئۇلار شۇنچىلىك بىزەڭلىشىپ كەتكەنىدىكى، قاراۋۇللارنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، «سەددىقەڭ بولسا بەرمەمسەن؟»

دېگەندەك قىلىپ، ئۇلارغا چەكچىيىپ قارىشىپ تۇراتتى. كېچىلىرى گۈلخان يېقىپ قويۇلمىسا، ئۇلار قاراقۇللارغا ئېغىز سېلىشتىنمۇ يانمايتتى. بەزىدە قاراقۇللار ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىراتتى. ئوق ئاۋازى چىققان هامان ئۇلار قاپتال، جىرا، جىلغىلارغا قاراپ پىتىراپ قېچىشاتتى.

ئۆمەر هەر قېتىم مەيلى چارلاشقا چىققان ياكى قاراۋۇللۇقتا تۇرسۇن، لو دەن، ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇسەيدى، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ۋاڭ بىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە بولاتتى. لۇ كۆنجۈكنىڭ ئىككىنچى روتىسى بىر مەزگىل تيەن دالىڭغا ئۆتۈپ كەتكەندە، ياغاق يۈز، بىر كۆزى جىرتاق جۇڭ شۆلياڭنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى. مانا ئەمدى روتا لى دايى، جاڭ گودۇڭلارنىڭ ئالىقىنىغا ئۆتۈۋىدى، ئۇ ئەتىيازغا ئامان ـ ئېسەن چىقمۇالغان چاياندەك قايتا تىرىلىپ قالدى. ئۇ كونا غوجايىنى لۇ كۆنجۈكنى تۇتۇپ بەرگەن لو دەن، ئۆمەرلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. بۇنى سېزىپ قالغان ئابدۇسەيدى ئۆمەرنى ياكى لو دەننى هەرگىز بىر يەرگە يالغۇز خىزمەتكە بۇيرۇمايتتى. ئۇ ۋاڭ بىڭ، ئابلا، جاڭ لىجىلارغىمۇ جۇڭ شۆلياڭدىن هوشيار بولۇشنى جېكىلىگەندى.

ئۆمەر بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە هەممىگىلا ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. سارا گازارمىدىكى ئۆيدە ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئازاب ۋە قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز ئۆرتەپ، كۆڭۈل بوستانىنى گىياهسىز چۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ چۈشلىرىدە ئاسمىگۈلنىمۇ، سارانىمۇ كۆرەتتى. قويچى قىز ئاسمىگۈل شىڭلۈجى جاڭگاللىقىدا قوي ـ ئۆچكىلىرىنى بېقىۋېتىپ قىيا باققىنىچە: «ئۆمەر ئاكا، مېنىمۇ تاغ ئارقىسىغا بىللە ئېلىپ كەتكىنە!» دەپ بويىنىنى قىسىپ تۇرغان هالدا ئايان بولاتتى. سارا بولسا: «ئۆمەر، ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۆزۈمنى سېپىلدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن» دەپ ئۇنىڭغا يىغلامسىراپ قارايتتى... راست، ئۆمەرنىڭ سائادەتلىك

كۆنلىرىنىڭ يادنامىسى بولغان بۇ ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق چىراي، پاك قىزلار ئۆتنىڭ ئۆتمۈشى، چۈشى، يوقالغان بەختى بولۇپ قالدى. ئۆمەر يوقاتقان نەرسىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ شەيدۇللاغا كەلگەندىن بۇيان سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشتى. بېشى قايدىغان، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدىغان، بەزىدە بۇرنى قاناپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئودلىنىكوم ئابدۇسەيدى «ئېگىزلىك كېسەللىكى» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى. دەرۋەقە، شەيدۇللا ئېگىزلىكتە ئەڭ مەشھۇر سىرىقداۋاندىنمۇ ھالقىپ ئۆتكەندە بارغىلى بولىدىغان تاغ ئۈستى بولغاچقا، ئۇ يەردە ھاۋا شالاڭ بولۇپ، تاغ ئىچىدىن قويۇق ئىس - تۈتەك دائىم كۆتۈرۈلمەي تۇراتتى.

تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە تورۇكلاپ مۇز بولۇپ چۈشىدىغان جاڭ - جاڭ سوغۇقلار داۋام ئېتىپ 2 - ئاينىڭ ئاخىرىمۇ بولۇپ قالدى. جۇ لىيەنپاڭنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتى بىرىنچى ئودلىنىيەسىنىڭ كوماندىرى ئابدۇسەيدىنىڭ ئەسكەرلىرى سىرىقداۋان ئاستىدىكى ئىككى چېقىل ئېغىزىدا ئۇچ قات بولۇپ قاراۋۇللۇقتا تۇرماقتا ئىدى. ھەربىر قاتنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز قەدەم چامىسىدا بولۇپ، قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلار قوزۇقتەك كۆتۈرۈلگەن خاڭتاش، قورام تاش ۋە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تاقىر تاغلار ئارىسىدا بىر - بىرىنى كۆرەلمەيتتى. پەقەت ۋارقىراشسا ئەكس سادانى ئاڭلىغىلى بولاتتى، خالاس. بۇ ئىككى چېقىل ئوتتۇرىسىدىكى تار قىسىلچاقتىن بىرەر ئادەم ئۆتۈپلا كەتسە، شەيدۇللادىكى زاستاۋغا كۆزنى يۇمۇپ بولسىمۇ يېتىپ بارالايتتى.

ئۇچ قات قاراۋۇلنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قېتىمدا لو دەن، جاڭ لىجى، ۋاڭ بىڭ، ئۆمەرلەر تاغ باغرىدىكى ئىستىھكامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن قوراللىرىنى چىقىرىپ، پەستىكى تاشلىق يولغا كۆز تىكمەكتە ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئېگىز داۋان، جىلغا يوللىرى، يىراق - يېقىن تاغ ئېغىزلىرىدىكى بارگاھلاردا

تورۇۋاتقان قاراۋۇللار، ھەتتا كۆدە كەنتى بىلەن ئاقمەسچىت ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئىزۋوت، ئودلىنىيەلەرمۇ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى. چۈنكى، بۇ 1949 ـ يىلىنىڭ باش باھارى كىرىشى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مەملىكەت بويىچە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان چاغلار ئىدى. بۇنداق ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتىن جاي ـ جايلاردىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ قېلىشتى. ئۇلار پۈتۈنلەي گۇمران بولۇۋاتقان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىدە، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ، چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن توپلىغان مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ غېمىگە چۈشۈشتى. شۇڭا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە چېگرا ئاتلاپ چەت ئەلگە قاچىدىغانلار كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى گومىنداڭنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي، ساقچىي، سوت مەھكىمىلىرىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلار، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى قان قەرزگە بوغۇلغان مىڭبېگى، يۈزبېگى، يەرلىك زومىگەر بايلار ئىدى. بەزى قاچقۇنلار قوراللانغان بولۇپ، چېگرادا پات ـ پاتلا يېنىك ئېتىشىشلار بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، تاغ ئارىسىدىكى بۇ زاستاۋنى قوغداۋاتقانلار كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ تاغ باغىرلىرىدىكى تاش ئىستىھكاملاردىن ئايرىلمايتتى.

ئالدىنقى قاراۋۇل پونكىتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان لو دەن، جاڭ لىجى، ۋاڭ بىڭ، ئۆمەرلەر ئىستىھكامنىڭ ھەممىلا تەرىپىگە ئېچىلغان كۆزىتىش تۆشۈكلىرىدىن قاراڭغۇ قاپتاللار، ئېدىر ـ جىلغىلار ھەم ئېگىز داۋان، يانپاش غوللاردىكى تاغ يوللىرىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بىردىنلا چوڭقۇر يولدا قانچىلىغان ئاتلىق كۆرۈندى. ئۇلار ئات ئۈستىدە ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقانىدى، يەنە بىرمۇنچە ئاتلىق

پەيدا بولدى. ئۇلارغا ياندىشىپلا پاختىلىق چاپان، قىبلىن جۇۋا، ئۇزۇن پەلتولارنى كىيىپ، يۈزلىرىنى شارپا، يۇڭ روماللار بىلەن يۆگىۋالغان ئۇششاقۇ چوڭلار ئاغزى - بۇرۇنلىرىدىن ئاپپاق ھور چىقىۋاتقان ئاتلىرىنى قاترىتىپ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغقىچە قېچىۋاتقان قاچقۇنلار ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئون نەچچىدىن ئاشمايتتى. لېكىن، بۇلار جىلغا يولىغا پاتماي كېلىۋاتاتتى.

— بۇلار چوقۇم تاشقورغان پارتىزانلىرى، — دېدى ۋاڭ بىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىدىكى دۇربۇننى ئۆمەرگە سۇنۇپ، — قانداق، ئوققا تۇتامدۇق؟

— مېنىڭچە، پارتىزانلار ئەمەس، — ئۆمەر ئاستا پىچىرلىدى، — ئوبدان زەن سېلىڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاسقان شەپكىلىكلەرمۇ باردەك قىلىدۇ.

— مەن بىر كۆرەيچۇ، — جاڭ لىجى ئۆمەرنىڭ قولىدىن دۇربۇننى ئالدى، — ئۆمەر راست دەپتۇ، قاراڭلار، ئاۋۇ ئالا ئات مىنىۋالغانىڭ مۇرىلىرىدە پاگون، مەيدىسىدە چاپراس تاسما بەلباغلار تۇرغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇلار ئۆز ئادەملىرىمىزمۇ قانداق؟ — دېدى لو دەن دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ، — توغرا، توغرا، ئۆز ئادەملەر ئىكەن. بىراق، بۇ يەرگە بۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدىن بىزگە بىرەر خەۋەر بېرىشمىگەنىدىغۇ؟

— ھەي، ھەي، ئۇلار بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — ۋاڭ بىڭ تەخسە پىلىموتنىڭ يۇتلىرىنى كېرىپ، ئۇنىڭغا بىر دىسكا ئوقنى «شاققىدە» قىلىپ سالدى، — ئەگەر ئۇلار توختىمىسا، ئوققا تۇتىمەن.

— توختاڭلار!

لو دەن ئىستىھكام سىرتىغا چىقىپ، كانايدىن ۋارقىرىغاچ، مىلتىقىدىن ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقارغانىدى، ئۇلار چېپىپ توختىدى. لو دەن كانايىنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— يەنە ئالدىڭلارغا ماڭساڭلار ئوقفا توٗتىمىز، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرھال بىر ئادەم ئەۋەتىڭلار. ئەۋەتكەن ئادىمىڭلاردا قورال بولۇپ قالسا، ھەممىڭلارنى ئېتىپ تاشلايمىز.

ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن تولكە قولاقچا، بوبروك پەلتو، ئاق پىيما كىيگەن ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم يانپاش غولغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. لو دەن ئون بەش قەدەم ئارىلىق قالغاندا، ئۇنىڭغا «توختا !» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— پەلتويۇڭنىڭ توگمىلىرىنى يېشىپ، ئىچى - تېشىنى ئۆرۈپ كۆرسەت، ئاندىن تولكە قولاقچاڭنى ئېلىپ يەرگە قوي ! — لو دەن ۋارقىرىدى، — پىيماڭنىڭ قونجىدا تومپىيىپ تۇرغان نېمە ئۇ؟

— ئۇ... ئۇ پىچاق ياكى خەنجەر ئەمەس، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن توڭگانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئۇ... ئۇ... چوكا ئالتۇن !

توڭگان قىزىل يىپەك رەختكە ئورالغان توگۈنچەكنى قونجىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئاچقانىدى، بىر سىقىم چوكا ئالتۇن سايسېرىق پارقىراپ كۆرۈندى.

— ئەگەر سىز... سىزگە لازىم بولسا، بىرەر - ئىككى تال بېرەي.

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— بىز... بىز ھەممىمىز دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ سادىق پېشىۋالىرى، — توڭگان گومىنداڭ رەھبەرلىرىدىن بىرقانچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، — بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ئۇلارنىڭ خوتۇن - باللىرى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە پاناھلىنىش ئۈچۈن كەلگەن. مۇمكىن بولسا، جاڭ سىياسىي مەسلىھەتچى بىلەن لى كوماندىرنى چاقىرىپ بەرسەڭلار.

لو دەن گومىنداڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، گەپ ـ سۆزلىرى بىردىنلا يۇمشاپ، مۆلايىملىشىپ قالدى.

— ئۇنداقتا، سىلەر پەستە بىردەم ساقلاڭلار، مەن روتىغا ئادەم ئەۋەتەي.

لو دەن ئىستىھكامنىڭ تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ئويۇق ئىشىكىدىن كىرىپ ئىچىدىكىلەرگە بولۇنغان گەپلەرنى دەپ بەردى. ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجى، ئۆمەرلەرنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. گومىنداڭنىڭ ئاتىسا ئېتى، توتسا سىپى بار باشلىقلىرى خوتۇن ـ بالىلىرى، قېرى ـ چۆرىلىرى، يېقىن ـ يورۇقلىرىنى چېگرادىكى زاستاۋ — شەيدۇللاغا ئەكىلىپ پاناھلاندۇرماقچى بولغانىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالماپتۇ ـ دە! بۇ خىيال ھەممىسىنىڭ كاللىسىغا بىر يولىلا سايە سېلىپ ئۆتكەندەك، ھەممىسى ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كېتىشتى. شۇنداقتىمۇ، ساددا ۋاڭ بىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىدى، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىدى:

— چاتاق... چاتاق، بەك چاتاق... جاڭ... ۋېيىۋەنجاڭ ئۇ... ئۇ...

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — لو دەن بىردىنلا چېچىلدى، — بىز دېگەن ئەسكەر، بۇيرۇقنىڭ قۇلى. ۋاقتى كەلگەندە باشلىقلىرىمىز نېمە كۈن كۆرسە، بىزمۇ شۇنى كۆرمەيمىزمۇ! ئۆمەر، سەن دەرھال ئوتتۇرا قاراۋۇلخانىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئابدۇسەيدىكامغا ئېيت. ئۇ جاڭ گودۇڭغا يەتكۈزسۇن!

— خوپ!

ئۆمەر يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ پۇتلاشقاندەك بولدى ـ دە، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇرنىدىن شۇررىدە قىلىپ ئىسسىق بىر نېمە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ ئېتىك قاراپ تاش ئۈستىدە قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان ئۈچ تامچە قاننى كۆردى. ئۆمەر بېشى قېيىپ،

كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا غەيرەت قىلىپ مېڭىپ، ئوتتۇرا قاراۋۇل ئىستىھكامىغا بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى.

— بۇ مۇھىم خەۋەر ئىكەن، مەن دەرھال باراي، — دېدى ئابدۇسەيدى ئۆمەرگە سىنچىلاپ قاراپ، — ساڭا نېمە بولدى؟ چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتۇ، يەنە كۆڭلۈك ئېلىشىۋاتامدۇ؟

— ھېلىلا ئوڭلىنىپ قالىمەن، — ئۆمەرنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، — سىز تېز بېرىڭ، تاغ يولىدا نۇرغۇن ئادەم سوغۇقتا قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈششاق بالىلارمۇ بار ئىكەن.

ئابدۇسەيدى بەدىنى تولغان، دىقماقىراق، كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئوتتۇز سەككىز ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك ئاپپاق يۈزى دائىم پارقىراپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ چاققان، ئايىغى ئىتتىك بولغاچقا، يول يۈرگەندە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭالمايتتى. ئابدۇسەيدى ئىستىھكامدىن چىقتى. ئۆمەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىستىھكامىغا قايتىپ كەلدى. لو دەن، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجى، ئۆمەرلەر دۈربۈننى بىر - بىرىنىڭ قوللىرىدىن نۆۋەت بىلەن ئېلىپ، بەس - بەس بىلەن پەسكە قاراشقا باشلىدى. ئابايىقى ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشكەنىدى. بەزىلىرى تاماكا چېكىشسە، بەزىلىرى تاشلاردا ئولتۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى يېيىشىۋاتاتتى. ئۈششاق بالىلاردىن بىرقانچىسى قېلىن ھەم ئېغىر كىيىملىرىگە قارىماي، قورام تاشلار ئارا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى. ھەتتا بەزى خوتۇنلار چوڭ تاشلارنىڭ دالدىسىدا بالىلىرىنى ئېمىتمەكتە ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۆمەرگە ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق تۇيۇلدى. ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى: «قولىدا سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇق بار ئاشۇ كاتتىلارنى مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن - دە؟ بىراق، ماۋزېدۇڭنىڭ

دېھقانلاردىنلا تەشكىللەنگەن نامرات ئارمىيەسىنى تېرىق بىلەن قارا مىلتىققا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، دېيىشىۋاتقانغۇ؟ ئۇنداقتا گومىنداڭنىڭ پۇتۇنلەي ئامېرىكا تەمىنلىگەن زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيەسى نېمىشقا بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئامىل زامانىۋى قورال ياكى ئازلىق ۋە كۆپلۈك ئەمەس ئىكەن ـ دە، بەلكى ھەقىقەتنىڭ زادى قايسى تەرەپتە بولۇشى ئىكەن...»

ئۆمەر بۇ ئويلار ئىچىدىن چىقالماي خېلىغىچە باش قاتۇردى. لېكىن، ئويلىغانلىرىنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك ئەقلىي دەت ۋە سىياسىي قاراشلار ئۇنىڭدا تېخى تولۇق يېتىلمىگەنىدى. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ چەت چېگرا رايوندىكى ئاھالىلەر تۇرماق، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تارماقلىرىدىكى ئەمەلدار ۋە خادىملىرىدىن تارتىپ، جايلاردا تۇرغۇزغان ھەربىي قوشۇنلىرىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە قەدەر ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئۇرۇش ۋە باشقا ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. چۈنكى، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر قاتتىق قامال قىلىناتتى. گومىنداڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، ساقچى ئىدارىلىرى ۋە ھەربىي ئاخبارات تارماقلىرى ئىشپىيونلۇق تورىنى ناھايىتى كەڭ يايغان بولۇپ، پۇقرالار ئىچىدە ھەربىر ئادەم، ھەربىي قىسىم ئىچىدە بولسا ھەربىر ئەسكەرگە قەدەر ئۇلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىدە ئىدى. ئۇلار پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن قاتتىق كۆزىتەتتى. شۇڭا، ھەقىقىي ئەھۋالدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تېپىپ قالغان كىشىلەرمۇ ئاڭلىغانلىرىنى ئىككىنچى بىر سىگە دېيىشكە پېتىنالمايتتى. مۇنداق خەۋەرلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزگەنلەر ياكى ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغانلار ئەتىسىلا يوق بولاتتى، تۇتۇپ كېتىلەتتى ياكى ئۆلۈكى كوچىغا

تاشلاپ قويۇلاتتى، يەنى «ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا» دېگەندەك ئىش بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى پۈتۈن مەملىكەتنى دېگۈدەك ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتتە بولسا گومىنداڭنىڭ چەت - چېگرا جايلاردىكى تىرىپىرەن بولغان قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى پۈتۈنلەي گۇمران بولغانلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ، چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن توپلىغان مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى.

ئۆمەرنىڭ «غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئامىل زامانىۋى قورال ياكى ئازلىق ۋە كۆپلۈك ئەمەس ئىكەن - دە، بەلكى ھەقىقەتنىڭ زادى قايسى تەرەپتە بولۇشى ئىكەن» دەپ ئويلىغانلىرىدىكى ھەقىقەت مانا شۇ ئىدى.

— ھەي ئۆمەر، خىيالغا پېتىپ، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭغۇ؟! — دېدى ۋاڭ بىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — تاجىك قىزى سارا ئېسىڭگە كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟

ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن، جاڭ لىجىنىڭ «تىش... ش...» دەپ قولىنى كۆتۈرۈشى ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، چۈنكى ئۇ دۇربۇن ئارقىلىق پەسلىكتىكى تاغ يولىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

— ھەي، ھەي ئاغىنىلەر! — دېدى جاڭ لىجى بوم ئاۋازدا، — روتا كوماندىرى لى دايى، سىياسىي مەسلىھەتچى جاڭ گودۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ، كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈۋاتىدۇ.

— بىزدىن بارغانلار ئاشۇ ئىككىلا ئادەممىكەن؟ — سورىدى لو دەن، — ئوبدانىراق قارا!

— ۋوي راست، — جاڭ لىجى دۇربۇننىڭ ئەينىكىنى قول

ياغلىقىدا سورتۇپ كۆزىگە تۇتتى، ــ بىرىنىڭ ئىززۇت كوماندىرىمىز جۇ لېيەنپاڭ، يەنە ئىككىنچى ئىززۇتنىڭ كوماندىرى جاڭ يىفەن، ئۈچىنچى ئىززۇتنىكى ۋاڭ شياۋتاڭلارمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ. توختاڭلار، يەنە ئىككى ئاتلىق كەلدى. ئالدىدىكىسى تۆتىنچى ئىززۇتنىكى جوڭ شۆلياڭ قىزىل كۆز ئىكەن، كېيىن ئاتتىن چۈشكىنى بەشىنچى ئىززۇتنىڭ كوماندىرى لى شىۋۇ ئاۋاق...

بۇ ئادەملەر راسا چۈش ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ كەلگەچكە، ئۇدۇللا چوڭ ئاشخانىغا باشلاندى. ھەربىي ئاشپەزلەر پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي دېگۇدەك يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، بىرنەچچە خىل قورۇما ۋە ھورنان تەييارلىدى. لېگەن ـ لېگەنلەردىكى ھورنانلارنى ئېچىرقاپ كەتكەن باللار بۇلاپ ـ تالاپ يەپ، بىر ياقتىن يانچۇقلىرىغا سالماقتا ئىدى. چاقىرىلمىغان بۇ ئادەملەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۈششاق باللار بىلەن خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. قالغانلىرى ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەل ساھىبلىرى ئىكەنلىكى چىرايىدىن، كىيىنىشىدىن، تەق ـ تۇرقى ۋە گەپ سۆزلىرىدىن چىقىپلا تۇراتتى. بولۇپمۇ، ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوزۇقتەك چوقچىيىپ ئولتۇرغان، ئاق سېرىق، چار كەكە ساقاللىق، چوققا چاچلىرى شالاڭلاشقان بىر ئادەم ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ گەرچە ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ ناھايىتى تىمەن كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى «ھەممەيلەننىڭ سەركىسى مەن» دېگەندەك كەكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، سالاپەتلىك يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئاتمىش ياشلاردىكى، ئېگىز بويلۇق، بۇرنى پاناق، ياغاق يۈزىدىن زەھەرلىك چېقىن چىقىپ تۇرغان ئادەم قىياق كۆزلىرىنى ھەممىگە تەكشى تىكىپ، گۇمانلىق نەزەردە باقاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مايسارەڭ پەلتوسىنىڭ مۇرىلىرىدە پاگون ئىزنالىرى بىلىنىپ تۇرغان پالپا يۈز، تەتۈر ئۇستىخان، كېلەڭسىز ئادەم يەر باققىنىچە

ھېچكىمگە يۈز بەرمەيتتى. ئۇلاردىن باشقا، كۆچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن ئىسپانكا، قولاقچا، كۆل رەڭ بوبروك پەلتو كىيگەن ئىككى كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار خۇددى قوماندانلاردەك سۇر بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۆمەرنى مۇنۇ ئەھۋال قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويدى: بالىۋاقىسىنى، خوتۇن - قىزلىرىنى كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپتىن قاچۇرۇپ بۇ يەرگە ئەكەلگەنىكەن، نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا مىنگەن ئېتىدىن باشقا يەنە ئۇچ ئاتنى يېتىلىۋالىدۇ؟ چىققان يېرىدىن شەيدۇللاغىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا شۇنچىۋالا ئات كېتەمدۇ؟

ئۆمەر خاتا ئويلىمىغانىدى. سەللا ئەقلى بار ئادەم ئۇلارنىڭ جابدۇنۇشى ۋە زاپاس ئاتلارنى يېتىلەپ ماڭغىنىغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق سەپەرنى كۆزلەپ چىققان قاچقۇنلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتتى. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە مەخپىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ، مەنسەپ ساھىبلىرى بولغان بۇ ئادەملەر زاۋالىقتا يۈزلەنگەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئارمىيەسى ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا تانكا، بىرونېۋىكلىرىنى تىكلەپ قويۇپ، ئۇرۇمچىگە خەنجەردەك قادالغان ۋەزىيەتتە ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولغان قاچقۇنلار ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى.

— جاڭ گودۇڭ ئىنى، — دېدى كەكە ساقاللىق كىشى ئۆسۈپ قالغان چار ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سىنىڭ دۆلەت، پىرقىگە سادىق بولۇپ، كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكىنىڭنى مەن بىلىمەن، — ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇشامەت پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، — ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ

(بۇ چاغدا ئۇ ئورنىدىن تاق تۇردى) تۆرىمىزمۇ سىنىڭ نامىڭنى مۇبارەك خاتىرىسىدە ساقلايدۇ.

كەكە ساقال گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ۋەزىيەت ھەققىدە توختىلىشقا باشلىدى. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرىدىن تەلۋىلەشكەن ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە پىرقىگە سادىق مۇھىم ئەربابلارنىڭ بالىۋاقىسى، خوتۇن ـ قىزلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى ھەم تۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بۇ يەرگە پاناھلىنىشقا ئەكەلگەنلىكى توغرىسىدا بىرمۇنچە ۋالاقلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ھەممىگە تەكشى قاراپ قويدى. بالىۋاقا، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئوت ـ گىياھسىز، تۇرمۇش غورىگىل ئۆتىدىغان شەيدۇللادەك تاقىر تاغلارغا ئەكېلىپ قويۇش دېمىسىمۇ ئادەمنى ئەندىشىگە سالغۇدەك بىر ئىش ئىدى. كەكە ساقال گەپلىرىنى قانچىلىك ئەگىتسۇن، يەنىلا «ئاكام ئېيتقان ئابايىقى» دېگەندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئولتۇرغانلارنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. لېكىن، ئۇ بۇ يەردە ۋاقىتلىق پاناھلىنىدىغانلارنىڭ ھەربىرىگە ھېسابلاپ ھەق بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ھەققە ئالتۇن ـ تىللا تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بۇ گەپ لى دايى بىلەن جاڭ گودۇڭنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇلار ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ، كۇلۇپ، تاماقلىرىنى تەمشىپ كېتىشتى. جاڭ گودۇڭ ئويلاپ قالدى، مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن، تىللا، يامبۇلىرىنى قۇرغۇيۇڭ بولاي، قارچىغاڭ بولاي دەپ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ ئېلىۋالسىلا بولمىدىمۇ؟ ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، ئۇلار نەدە، جاڭ گودۇڭ نەدە؟ بۇنى خۇدا بىلمىسە بەندە بىلىپ بولماس! كوممۇنىستلار يېتىپ كەلسە ئۇلارنى چوقۇم ساق قويمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دەپىنە ـ دۇنياسى جاڭ گودۇڭ بىلەن لى دايىنىڭ قولىدا قالمامدۇ؟ ئەگەر كوممۇنىستلارنىڭ قەدىمى بۇ يەرلەرگىمۇ يەتكۇدەك بولسا، بىر

تاقلاپلا ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدۇغۇ! ...

ھېچقانداق داۋالاش كار قىلماي، يۇققان ئادەمنى ئاخىر ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدىغان موخۇ كېسەللىكى دەيدىغان بىر خىل كېسەللىك بار. بۇ خىل كېسەللىك ئۆز مىكروبى ئارقىلىق ئادەمدىن ئادەمگە يۇقىدۇ. ئۇ كېسەللىك يۇققان ئادەم دەرھاللا ئۆلۈپ قالمايدۇ، بەلكى ئاغرىق خېلى يىللارغىچە داۋاملىشىپ، ئادەم كۆزى ئوچۇق تۇرۇپلا چىرىشكە باشلايدۇ. بۇ خىل چىرىشتە ئالدى بىلەن بىمارنىڭ پۇت ۋە قول بارماقلىرى يىرىڭلاپ ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئاندىن پۈتۈن بەدەندىكى قان، گۆش، تومۇر، ئۇستىخانلارمۇ سايسىپىرىق زەرداب ۋە يىرىڭغا ئايلىنىپ، بەدەن چىرىپ، سېسىپ، ئېقىپ تۈگەيدۇ. بۇ جەرياننى موخۇ كېسەللىكىنىڭ يۇقۇمچان مىكروبى ئورۇنلايدۇ. تاراپ يىلتىزلاپ كەتكەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ئادەتكە ئايلانغان ئاچ كۆزلۈك، بۇلاڭ ـ تالاڭ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقمۇ دەل شۇ موخۇ كېسەللىكىنىڭ مىكروبىدەك گومىنداڭدىن ئىمارەت چوڭ گەۋدىنى سېسىتىپ، قان بىلەن يىرىڭغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ۋە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولايلا دەپ قالغانىدى. جاڭ گودۇڭ بىلەن لى دايىلارمۇ مۇشۇ گەۋدىنى چىرىتىپ، بۇگۈنكى زاۋاللىققا كەلتۈرگەن مىكروبلار ئىدى!

شۇڭا، تارىخنىڭ يەكۈنى شۇكى: پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، ئاچ كۆزلۈكنىڭ يامراپ كېتىشى ئاشۇ ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر! قاراڭ، ئالتۇن، تىللا، يامبۇلار بىردەمدىلا جاڭ ۋە لى... لارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ ۋىجدان ـ غۇرۇرىنى يوقاتتى. جاڭ گودۇڭ تېخى «بىر تاقلاپلا...» ئاسىيلىق خىيالىغىمۇ كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچسىلا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان «دۆلەت ۋە پىرقە» دېگەنلىرى ھارام دۇنيا ئالدىدا خۇددى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى...

ــ سىلەر دۆلەت ۋە پىرقىمىزنىڭ ئۇلۇغ، كەرەملىك ۋە دانا

ئەربابلىرى، — دېدى جاڭ گودوڭ گېپىنى بىر ئۈلاچ سوزۇپ، — سىلەرنىڭ پەرزەنت ۋە رەپىقەڭلارنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇشۇڭلارمۇ يەنىلا دۆلەت ۋە پىرقە ئۇچۇن خاتىرجەم ئىشلەشنى كۆزدە تۇتقانلىقىڭلاردىن بولغان. ئۇلارغا ياخشى قاراش، ئۇلارنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئالساق قانداق بولىدۇ؟

جاڭ گودۇڭ «ھەق» سۆزىنى ئاتايىن ئېغىزغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇ ئىشنى يەنە بىر قېتىم قانۇنلاشتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى سەزگەن قىياق كۆز جاناب ياغاق يۈزنى سىيپاپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، گەپ باشلىدى:

— جاڭ مەسلىھەتچىنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن، شۇنداقتىمۇ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئەتىلا ئاتا - بالىلارنىڭ ھەر ئايلىق ھەققىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئالتۇن - تىللاغا سۇندۇرۇپ، يېرىم يىللىقىنى بىر يولىلا تاپشۇرۇۋېتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاش - ئوزۇقى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۆكسۈپ قالسا بولمايدۇ.

— بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسىلەر، — دېدى لى دايى ھىجىيىپ، — ئەمدى ئالمايمىز دېسەكمۇ، ھەرقايسىلىرىدەك زاتى مۇبارەكلەرنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئوخشايمىز، بوپتۇ... بوپتۇ... ئالايلى! ...

— جاڭ مەسلىھەتچى، — كەكە ساقال ئاپپاق لۆڭگىدە ئېغىز - قوللىرىنى سۈرتتى، — سىلەرگە راست گەپنى قىلسام، يەنە بىر مۇلازىمىتىمىز بار، ئۇنىمۇ قوبۇل قىلساڭلار!

— بۇ... بۇ... قانداق بولۇپ كەتتى ئۆزى؟ — جاڭ گودۇڭ قوللىرىنى يايدى، — ھەرقايسىڭلاردەك كاتتىلىرىمىزنىڭ مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلساق قانداق بولىدۇ؟ مېنى تولىمۇ خىجىل قىلىۋەتتىڭلار.

— ھەرگىز خىجىل بولماڭ، — يالپىا يۈز مايىسا رەڭ پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ گەپ باشلىدى، —

سىلەر خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايمىز دەۋاتساڭلار، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شاپائەت بولامدۇ؟ قانچىلىك قىلساق ئەرزىيدۇ ـ دە!...

— جاڭ مەسلىھەتچى، لى كوماندىر، بىز سىلەرگە بىر ئۆكۈز، تۆت قوي ئەكەلدۇق، — دېدى كەكە ساقال مەمنۇنلۇق بىلەن، — ھازىردىن تارتىپ كەچلىك زىياپەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار، ھەممە ئەسكەرلەر قاتناشسۇن. قاراۋۇل پونكىتلىرىدىكى يىگىتلەرمۇ كەلسۇن. ئۇلارنىڭ يېرەر قېتىم ئويناپ، كۆڭۈلۈۋالغىنىغا كومۇنىستلار تاغ تۇرانى ئېلىپ قاچماس، — زالدا كۆلكە كۆتۈرۈلدى، — مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغان ئىككى كەلىمە سۆزۈم ۋە بېرىدىغان مۇكاپاتىم بار.

كېچىلىك زىياپەت كەچ سائەت سەككىزلەردىن ئاشقاندا باشلاندى. قورداق، كاۋاپ، سامسا، ھەر خىل گۆشلۈك قورۇمىلار ئۇستەللەرگە رەت ـ رەتتە بىلەن قويۇلدى. ئۇلار ئاتلىرىغا ئارتىپ ئەكەلگەن يەشىك ـ يەشىك ساپ جۇن ھارىقى ئۇستەللەرگە تىكلەندى. ئەسكەرلەر قورسىقىنى پومىلىۋېلىپ، ھاراققا ئىشتىھا ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى. لېكىن، «باش ئاتامان سۆزلەيدۇ» دېگەن گەپ قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالغاچقا، ھەممە ئەيمىنىپ جىم تۇرۇشاتتى. بىردەمدىن كېيىن كەكە ساقال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىگە تەكشى قارىدى:

— يىگىتلەر، جاپا چەكتىڭلار، — دېدى ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، — سىلەر ۋەتەننىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرى، مىننەت ـ تەمەسىز ھالدا چېگرانى قوغداۋاتىسىلەر، ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى ئېغىر، بىراق شەرەپلىك. سىلەر دۆلەتكە ۋە پىرقىگە ساداقەت كۆرسەتتىڭلار، سىلەردىن دۆلەت رازى، ئاۋام ئەمىندۇر. ھازىر ھەممىڭلارغا بىردىن تىللا، ئىككىدىن ئاق تەڭگە تارقىلىدۇ. ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئالغايسىلەر.

تىللا ۋە ئاق تەڭگىنىڭ گېپى چىققان ھامان كوماندىر ـ جەڭچىلەر جانلىنىپ، بىردىنلا:

— ھەشقاللا، جانابلىرى ! — دەپ زالنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك ۋارقىراشتى. ئاڭغىچە بىرقانچىلىغان قىز - چوكان پەتنۇسلارغا تىزىلغان تىللا بىلەن ئاق تەڭگىنى ئەكىلىپ، ھەربىر كوماندىر ۋە جەڭچىنىڭ ئالدىغا قەدەر بېرىپ، بىر - بىرلەپ تارقاتتى. ئىككى ئودلىنىيە كۇدە كەنتى بىلەن ئاقمەسچىتتە ئىدى. ئۇلاردىن باشقا، يىراقراق تاغ ئېغىزلىرىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىزۋوتلار، شۇنداقلا تاغ تۇرالارنى ئايلىنىپ يۇرۇۋاتقان ئىزۋوت ۋە ئودلىنىيەلەرمۇ بولغاچقا، شەيدۇللادىكى بۇ چاردا پەقەت جۇ ليەنپاڭنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتىدىكى قىرىق ئادەملا بار ئىدى. بۇ تەلەيلىكلەر بىردىن تىللا، ئىككىدىن ئاق تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، كېچىچە ئويناپدىغان قىمارنىڭ غېمىدە قالدى.

— ئەمىسە، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينايلى !

لى دايى بىر پىيالە هاراقنى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بىر ۋارقىرىۋىدى، ئىچىشمەك باشلىنىپ كەتتى. جاڭ گودۇڭ ئۇچىنچى چىنە هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، هاياجانلىنىپ قالدى بولغاي، ئاشخانىنىڭ ئامبىرىدىكى پېچەت هاراقلارنىمۇ ئاچقىشنى بۇيرۇدى. گۆشلۈك قورۇمىلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىشكە باشلىدى. يۇقىرى گىرادۇسلۇق جۇن ۋە پېچەت هاراقلار گالغا كوركىراپ كىرگەنسېرى، قورساقتا جىم تۇرماي ھەممىنى بۇرگىدەك سەكرەتمەكتە ئىدى. خەنزۇ ئەسكەرلەر بەش بارماق ئويۇنى بىلەن بەسلىشىپ ئىچىشسە، ئۇيغۇرلار «خۇشە !» دەپ ۋارقىرىشىپ چىنىلىرىنى بىر - بىرىگە جاڭىلدىتىپ ئۇرۇشاتتى. مەست بولۇپ قالغان ئەسكەرلەر ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىلىرىنى ئەسلىشىپ يىغلىشاتتى. بەزىلىرى بولسا «مەن ساڭا ئېيتاي»غا چۈشۈپ، قانداقتۇر ئىشلارنى يېنىدىكىلەرگە قايتا - قايتا چۈشەندۈرەتتى. كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقانىدى، كەكە ساقال ئادەملىرىگە: «ئۇلارغا ھەمراھ بولۇڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئۆز ئوغلى بىلەن يەنە بىر يىگىتنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

— كۆردۈڭلارمۇ، — دېدى كەكە ساقال ساقىلىنى ئوچۇملاپ، — ھاكىممىيەت مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھاماقەتلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن يىمىرىلىۋاتىدۇ. تۆگە كارۋىنىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويغاندەك، گومىنداڭمۇ مۇشۇنداق ئارمىيەگە باغلىنىپ قالغان. شۇڭا، كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز مۇشۇ.

— جاڭ بىلەن لى بىز يالغاندىن ۋەدە قىلغان ئالتۇن - تىللانىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى چېگرانى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپلا قالدى، — كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچا كىيگەن يىگىت مەنسىتمەسلىك بىلەن دىمىقىنى قاقتى، — ئۇ ئىككىسى خۇشاللىقىدا خۇدىنى بىلمەي ئىچىۋاتىدۇ. ئالتۇن - تىللا ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇردى، بىزدىن ئازراقمۇ گۇمان قىلمىدى.

— دادا، بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ — سورىدى يىگىرمە نەچچە ياشلار چامىسىدىكى يىگىت، — بولسا دېسىلە، قارىسام، سەل خاتىرجەم ئەمەستەك كۆرۈنىدىلا.

— سىلەر ئىككىڭلار ئېتىڭلارغا مىنىپ يول بەندەرلىرىدىكى قاراۋۇل پونكىتلىرىنى كۆزىتىپ كېلىڭلار. ئەگەر ئۇ پونكىتلاردا بىرەردىن ئادەم قالدۇرغان بولسا، ئۇلار سىلەرنى كۆرۈپلا «توختا !» دەپ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. سىلەر: «بىز سىلەرنىڭ رىزىق - نېسىۋەڭلەرنى ئەكەلدۇق» دەپ ئۇلارغا تىللا بىلەن تەڭگە بېرىڭلار. يەنە بىرەر خالتىغا پىششىق گۆش، يېمەكلىك، ھاراق ئېلىۋېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ ھەمراھ بولغاچ، ئۇلارنى مەست قىلىۋېتىڭلار.

ئوتتۇرا كېچە بولغاندا، تاغ ئارىسىدىكى بۇ زاستاۋ گۆرستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. بۇ تىمتاسچىلىقنى پەقەت ئاچ قالغان بۆرىلەرنىڭ سورلۇق ھۇۋلاشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. شەيدۇللانىڭ ئاسمىنى شۇنچىلىك كۆك ۋە تىنىق ئىدىكى، ئەتىكى دەھشەتلىك سوغۇقتىن دېرەك بېرىپ، يۇلتۇزلار تېخىمۇ روشەن چاقناپ كەتكەنىدى. ساھىبجامالىلارنىڭ قېشىغا ئوخشايدىغان ھىلال ئاي

كۆكتىن كۆكۈچ سىرلىق تۇمان ئىچىدە قالغان زاستاۋغا مۇڭلىنىپ قارايتتى. بۇنداق جىمجىت كېچە شەيدۇللادا بۇرۇن بولۇپ باقمىغانىدى. چېگرا قوغدىغۇچىلار چەت ئەلگە قاچقان باندىتلار، ئەتكەسچىلەر، يەنە قانداقتۇر قاچقۇن جىنايەتچىلەر بىلەن پات ـ پاتلا ئېتىشىپ تۇراتتى. ئادەتتىكى خاتىرجەم ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ياكى باشقا مەخپىي ئۇقۇملارنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاسمانغا رىتىم بىلەن ئوق ئېتىشىپ تۇراتتى. قانداقتۇر سىرلىق ئادەملەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ رەڭلىك بەلگە ئوقلىرى ئېتىلاتتى. بىراق، بۈگۈن شەيدۇللا تەنلەر شۈركۈنگۈدەك ئۈن ـ تىنسىز ئىدى.

بۇ سۈرلۈك جىمجىتلىقنى تاڭ سەھەردە زاستاۋغا ئېتىلىپ كىرگەن ئالاقىلىشىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى خەن ۋېنجىڭنىڭ ئالاقزەدىلىك بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى بۇزۇۋەتتى.

— جاڭ سەنمۇجاڭ، ھاي جاڭ سەنمۇجاڭ !... ئويغىنىڭ دەيمەن ! ياپىرىم، شۇنچە ۋارقىرىسا ئويغانمايدىغان قانداق ئۇيقۇ بۇ؟ — خەن ۋېنچىڭ ئىشىكنى مۇشتلىرى بىلەن ئۇرماقتا ئىدى، — جاڭ سەنمۇجاڭ، قوماندانلىق ئىشتابىدىن پەۋقۇلئاددە جىددىي بۇيرۇق كەلدى، تېز بولمىسىڭىز، ئۈلگۈرەلمەيسىز !

بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان، بەدىنى گىر تېشىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن جاڭ گودۇڭ مەستلىكتىن تېخى يېشىلمىگەنىدى. ئەگەر: «قوماندانلىق ئىشتابىدىن پەۋقۇلئاددە جىددىي بۇيرۇق كەلدى» دېگەن سۆز قۇلىقىغا كىرىپ قالمىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتسىز ئويغاتتىڭ دەپ خەن ۋېنچىڭنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، كۆتىگە نەچچىنى تەپكەن بولاتتى. ئۇ كېچىلىك كىيىمىنىڭ ئۈستىگە ھەربىيچە پەلتوسىنى يېپىنىپلا ئىشىكنى ئاچتى.

— تېز، تېز كىر دەيمەن، پالاكەت ! — ئۇيقۇسىغا قانمىغان

جاڭ گودۇڭ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — كۆرمىدىڭمۇ سوغۇقنى ! تازا بىر...

— جاڭ سەنمۇجاڭ، سىزگە تېلېگراممىا !

يول بويى يۇگۈرۈپ كەلگەچكىمۇ خەن ۋېنچىڭ ھېلىمۇ ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ سېپىرلىق تېلېگراممىا قەغىزىنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندى. جاڭ گودۇڭ تېلېگراممىنىڭ ئاستىدىكى خەتكە كۆز يۇگۈرتۈپ چىقىپ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، گاراڭلا بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن ئالتۇن ـ تىللا، يامبۇلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يانچۇقىدىن ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ، بۇلۇتلار ئىچىدە ئېرىپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ ئىختىيارسىز ئۆينىڭ تورۇسلىرىغا ئالىيىپ قارىدى. ئوتتۇز ـ قىرىقتەك ئانا ـ بالا، قىز ـ چوكانلار ئۇچۇن ئالىدىغان ھەق ئاز ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئەسكەرلىك دېگىنى قۇرۇپ كەتسۇن ! ئاناڭنى !... قولغا كىرەيلا دەپ قالغان ئاشۇ بايلىق بىلەن ئۇ ئەنخۇيدىكى يۇرتىغا راسا قاملاشتۇرۇپ بىرەر قاۋاقخانا، مېھمانخانا ياكى كارخانا سېلىۋالغان بولاتتى؛ ئۆمۈر بويى كىشىلەرگە چىراي سارغايتماي ئۆتكەن بولار ئىدى. مانا ئەمدى ماۋۇ لەنتى تېلېگراممىا ھەممىنى توزغاقتەك توزۇتۇپ، تېرىقتەك چېچىۋەتتىغۇ ! ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالسا، ساندۇق، خورجۇنلىرىدىكى مال ـ دۇنياغا قول تەگكۈزگىلى بولمىسا، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ مۇبادا ئۇ بۇ بايلىقلارغا مۇشۇ يەردە قول سېلىپ قالسا، ئۇرۇمچىدىكى ساقچى نازارىتى ئۇياقتا تۇرسۇن، يەكەن يېڭىشەھەردىكى ياڭ لېيدى چېغىدا مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. قولىقى بىرمۇنچە ھەرە كىرىۋالغاندەك ۋاڭشىپ كەتكەن جاڭ گودۇڭ مۆلۈلدەپ قالغان كۆزلىرىنى تېلېگراممىغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇ مۇشۇنداق قارىسا تېلېگراممىدىكى مەزمۇن ئۆزگىرىپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدى. لېكىن، ئالىقاندەك قەغەزدىكى مەزمۇن ئۇنىڭغا

بالـدۇرقىدىنمۇ ئېتىقراق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ تېرىنىڭ يىرتىقىدەك قىيپاش كۆزلىرىنى كۆچەپ يوغان ئاچتى، بىراق تېلېگراممىا ئۆزگىرىپ قالمىدى:

«ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتىدىن جىددىي ھەم مەخپىي تېلېگراممىا كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە يۇقىرى ئەمەل تۇتقان ھەم ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي، ساقچى ۋە مەخپىي تارماقلىرىدا مۇھىم خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇڭگان قاتارلىق مۇناپىقلار ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە چېگراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە شەيدۇللاغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ قاچقۇنلارنىڭ بىرىنىمۇ چېگرادىن ئۆتكۈزمەي ھەممىسىنى قولغا ئېلىڭلار. ئېلىپ قاچقان ئالتۇن، تىللا، يامبۇلىرىنىڭ بانكىدا ھېسابى بولغاچقا، چېقىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنى ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ...

يەكەن قوماندانلىق ئىشتابى، قوماندان ياڭ لېدى

1949 ـ يىلى فېۋرال»

— جاڭ مەسلىھەتچى، ئەمدى... ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — خەن ۋېنچىڭ تىترەۋاتاتتى، — ئەمدى...

— نېمانداق كۆپ «ئەمدى» ئۇ؟! — جاڭ گودۇڭ ئاچچىقىدا چالۋاقاپلا كەتتى، — قانداق قىلاتتۇق، ئۇلارنى قولغا ئالماقتىن باشقا يەنە نېمە چارە بار؟

— ئەمما... ئەمما... لېكىن... بىراق...

— ھەي نېمانداق تىلىڭنى چايناپسەن؟ — ئالتۇن ـ تىللادىن قۇرۇق قالغان جاڭ گودۇڭ چېچىلىپلا تۇراتتى، — نېمە ئەمما ئۇ؟ بىردەم ئەمدى، بىردەم بىراق... يەنە قانداق

قوشۇمچىلىرىڭ بار؟ تېزرەك ئېيت، سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي.

— ئەمما... ئەمما... — خەن ۋېنچىڭ ئاخىر دەۋەتتى، — ئەمما ئۇلار يوق تۇرسا...

— كىملەرنى دەيسەن؟

— تۇنۇگۈن كەلگەنلەرچۇ، بىرىمۇ يوق تۇرىدۇ.

— بىرىمۇ يوق؟ ئالجىدىڭمۇ، ئەبلەخ؟! — جاڭ گودۇڭ ئۆيىنى بىر پىرقىرىۋەتتى، — بى... بى... بىز تېخى توختام تۈزمىگەن تۇرساق؟ نەگە كېتەتتى ئۇلار؟

— قېچىپتۇ! — خەن ۋېنچىڭ تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئاستا پىچىرلىدى، — ھىندىستانغا قاراپ قاچقان چېغى...

بىر چېلەك سوغۇق سۇنى كاللىسىغا قۇيۇۋەتكەندەك شۈركۈنۈپ ھەم ئەندىكىپ كەتكەن جاڭ گودۇڭ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ تېڭىرقاپ قالدى. زىيابەت ئۈچۈن ئەكەلگەن كالا، قوي، ھاراقلار، كوماندىر - جەڭچىلەرگە تىللا ۋە ئاق تەڭگە تارقىتىپ بېرىش ئەسلىدە جاڭ گودۇڭنى بىخۇدلاشتۇرۇش، قاپقانغا دەسسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىكەن - دە! قارا، ئۇلارنىڭ ئۇستاتلىقىنى! ھەممىنى مەست - ئەلەس قىلىۋېتىپ، ھودۇقماي، تەمتىرىمەي بەخۇدۇك كېتىپ قېلىشقىنىنى! تېخى ئۆزىنىڭ ئۇلارنى قولغا ئالسا، نۇرغۇن ئالتۇندىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان! ئادەمنى بۇنداقمۇ ئەخمەق قىلغان بارمۇ؟

— قېنى، قايسىڭلار بار؟! — جاڭ گودۇڭ ئىككى مۇشتىنى سىلكىپ، جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىغانىدى، مەستلىكى تېخى يېشىلمىگەن ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن بىرقانچىسى پەيدا بولدى. ئۇلار ئىچىدە مەستلىكتىن بىرقەدەر يېشىلگەنلىرىدىن بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى جۇ لىيەنپاڭ، تۆتىنچى ئىزوتتىن جۇڭ شۆلياڭ ئىككىسى بار ئىدى. جاڭ گودۇڭ كوماندىرلارنىڭ مۈرىلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— ئىككىڭلار ئىزۋوتۇڭلارنى ئېلىپ دەرھال ئاتلىنىڭلار، ئاتلىرىڭلار شامالدەك ئۇچسۇن! قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىڭلار، قالغانلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ ئەكېلىڭلار. تېز... تېز... تېز بولۇڭلار! — جاڭ گودوڭ ئىزۋوت كوماندىرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، — ھاي توختاڭلار، جاڭ يىفەننىڭ ئىزۋوتىمۇ بارسۇن، قانچە كۆپ بولساڭلار شۇنچە ياخشى!

جۇ لىيەنپاڭ، جۇڭ شۆلياڭ دېگەن بۇ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىككى ئىزۋوت كوماندىرىنىڭ سەكسەندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى ئاتلىرىغا ئايىماي قامچا سېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن جاڭ يىفەننىڭ ئىككىنچى ئىزۋوتىنىڭ قىرىقتەك ئەسكىرىمۇ ئەگىشىپ يېتىپ كەلدى. ئوقۇرمەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، شەيدۇللادىن ئوڭغا قايرىلىپ يىگىرمە كىلومېتىردەك ماڭغاندا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنى بولغان تىزناپ دەرياسىنى بويلاپ ھىندىستان چېگراسىغا بارغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، يىگىرمە كىلومېتىرمۇ ئاز مۇساپە ئەمەس ئىدى. ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى جان - جەھلى بىلەن چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. جۇ لىيەنپاڭنىڭ بىرىنچى ئىزۋوتىنىڭ سەپىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىۋاتقان ئودلىنەيىسى تىزناپ دەرياسى ساھىلىغا قەدەم ئېلىشى بىلەنلا چىپپىدە توختىدى. ئىزۋوت كوماندىرى جۇ لىيەنپاڭ، ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇسەيدى، ئەسكەرلەردىن لو دەن، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلار ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، چۈنكى ئۆمەر ئاتتىن غۇلاپ چۈشكەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ، بۇرنى قاناپ، بېشى قېيىپ يۈرگەن ئۆمەر بۈگۈن سەھەردە يولغا چىققاندا ئودلىنىكوم ئابدۇسەيدىگە ھال ئېيتىشنى، رۇخسەت سوراشنى ھار ئېلىپ ئېغىز ئاچمىغانىدى. ئۇ ھېچكىمگە يالۋۇرمايلا ئېتىغا مىندى. بىراق، يول بويى چېپىپ كېلىۋاتقان

ئات ئۈستىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، يوللارنىمۇ، ئەتراپتىكى تاغ - ئېدىر، غوللارنىمۇ پەرق ئېتەلمىگەنىدى. ئاخىر خالاستان دەرياسى ساھىلىغا كەلگەندە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ يەردە يېتىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. بۇرنىدىن، جاۋغايلىرىدىن قان سارقىپ، چىرايى قەغەزدەك تاتىرىپ كەتتى. كۆز قارىچۇقى ئارقىسىغا تارتىلىپ، ئۆزى خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك توختىماي سىلكىنىشكە باشلىدى. جۇ لېيەنپاڭ، ئابدۇسەيدى، لو دەن، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجىلار ئۆلۈك سىياقىغا كىرىپ قالغان ئۆمەرگە قاراپ «ئۈمىد يوق» دېگەندەك باشلىرىنى چايقاشتى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن ياغاق يۈز جۇڭ شۆلياڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى - دە، تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۆمەرنىڭ پېشانىسىگە تاقىغانىدى، ئابدۇسەيدى خەنجىرىنى شارتتىلا سۇغۇرۇپ جۇڭ شۆلياڭنىڭ گېلىغا تاقىدى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن جۇڭ شۆلياڭ قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ كەتتى:

— بۇ... بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇرۇشتا يوك بولۇپ قالغان ياردار، كېسەللەرنى ئېتىۋېتىش دېگەن تۈزۈم بارغۇ؟

— ئۆمەر سېنىڭ ئادىمىڭمۇ ياكى مېنىڭمۇ؟ — جۇ لېيەنپاڭمۇ تاپانچىسىنى جۇڭ شۆلياڭنىڭ چېكىسىگە تاقىدى، — بىلىپ قوي، سەندە بار قورال مەندىمۇ بار. سېنىڭ بۇنى ئاتىدىغانغا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ سەن ئابدۇسەيدىنىڭ ئاچچىقىنى بوشراق كەلتۈر، بولمىسا ئۇنىڭغا سەندەك بىر جىرتاقنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋېتىش خۇددى خوتۇنۇڭنىڭ ئىشتانبېغىنى ئۈزۈۋەتكەندەكلا ئوڭاي بىر ئىش.

— بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن ھەپىلەشكۈچى بولما، بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن، — دېدى ئاچچىقىدا ھۆپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن ئابدۇسەيدى. ئۇ ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە سەت گەپلەر بىلەن تىللىغانىدى، باشقىلار ئۇقالمىدى.

— ئەمىسە، ھەربىي تۇزۇم بويىچە ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل، — جۇڭ شۆلياڭ تاپانچىسىنى قىپىغا سالدى، — بىلىپ قوي، قاچقۇنلارنى تۇتۇشمىزغا دەخلى يەتكۈزسەڭ، يۇقىرىغا دوكلات قىلىمەن.

— خاتىرجەم بول، — دېدى جۇ ليەنپاڭ ئابدۇسەيدىگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ، — مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر بۇ چاغقىچە ھەربىي تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلىپ باقمىغان. ئودلىنىيە كوماندىرى ئابدۇسەيدى، ئۆمەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىرنەچچە يىگىتىڭگە تاپشۇرۇپ، ئۆزۈڭ دەرھال يولغا چىق !

— خوپ ! — ئابدۇسەيدى قەستەن جۇڭ شۆلياڭغا ئاڭلىتىپ ۋارقىرىدى، — لو دەن، ۋاڭ بىڭ، سىلەر ئۆمەرنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئېتىۋېتىپ، جەسىتىنى سۇغا تاشلىۋېتىڭلار !

— خوپ !

— ئارقىمىزدىن دەرھال يېتىشىۋېلىڭلار ! — ئابدۇسەيدى ئېتىغا مىنىپ جۇڭ شۆلياڭ ۋە جۇ ليەنپاڭلارنىڭ ئارقىسىدىن يۇرۇپ كەتتى. لو دەن بىلەن ۋاڭ بىڭ ئۆمەرنى ئېتىغا ئارتىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلەپ پەسلىگەنچە دەريا بويىغا چۈشۈپ كەتتى. دەريا بويىدىكى تىك قىرغاقلاردا كىچىك - كىچىك ئۆڭكۈرلەرگە ئوخشايدىغان تاش گەمىلەر بار ئىدى. بۇ تاش گەمىلەرنى 1945 - ، 1946 - يىللىرى خوڭ يادۇڭنىڭ سابىق بەشىنچى پولكى تاشقورغان پارتىزانلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا، چېگرادىن قاچقانلارنى توسۇش ۋە چېگرا ساقلاش ئۈچۈن ياسىغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇنلاردا، بولۇپمۇ كەلكۈنلەردە بۇزۇلغان بولسىمۇ، كۆپلىرى ھېلىھەم مەزمۇت بولۇپ، ئۆيدەك ھەم ئىدى.

لو دەن بىلەن ۋاڭ بىڭ ئېغىر قىزىتما سەۋەبىدىن بىھوش ياتقان ئۆمەرنى بىر قەدەر پاكىز ھەم قۇرۇق بولغان بىر تاش گەمىگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرى

ئارقىسىغا باغلاقلىق ئاق ماتا① نى ئەكېلىپ بېشىغا قويۇپ بەردى.

— ئۇ ئۆلۈپ قالسا، مال باققىلى كەلگەنلەر ياكى ھەرەمگە ماڭغانلار كېپەنلىككە ئېلىپ كۆمۈپ قويىدۇ، — دېدى لو دەن كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا، — ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانىدى، لېكىن مەن ئۇنى ئۆلۈم قۇچىقىغا تاشلاپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۇنىڭدىن ئۈمىد يوق، قارىغىنا ئۇنىڭ چىرايىغا! — ۋاڭ بىڭ ئاستا پىچىرلاپ بېشىدا ئىما قىلدى، — ئۆلۈكتىن زادىلا پەرقى يوققۇ؟

— ئۆمەر، خەير - خوش، مەندىن رازى بول، ناۋادا ساڭا تەڭرى جان ئاتا قىلىپ تىرىلىپ قالغۇدەك بولساڭ، يېزاڭغا قايتىپ كەت، — لو دەن قول ياغلىقىدا ئۆمەرنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن سارقىغان قانلارنى سۈرتكەچ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ شىۋىرلىدى، — ئەسكەرلىكتە دېگەن ئادەم بەزى ھاللاردا گۆرگە زار بولۇپ، جىسمىمۇ دەشت - چۆللەردە، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قەبرىسىز قالىدىغان گەپ ئىكەن. بۇ دۇنيادىن ئېتىبارسىز، بىنەزەر بولۇپ خورلۇق بىلەن خوشلاشقان ئاشۇ ئاددىي ئەسكەرلەر ئەسلىدە گۈزەل جانانىنىڭ بوينىدىكى مارجان، شاھنىڭ بېشىدىكى تاج بولۇشقا مۇناسىپ يىگىتلەر ئىدى. قانداق قىلىسەن؟ بۇ دۇنياغا خاتا كېلىپ، ناباب بىر زاماندا ياشاپ قاپتىمىز. مۇبارەك تېنىڭنى ئېلىپ كەتكىلى، ئىززەت - ھۆرمىتىڭ بىلەن ئۇزاتقىلى بولمىدى. مەندىن رەنجىمە، خەير، ئاغىنە!

لو دەن سوخار خالتىسىدىكى تالقىنىنى، سۇدانىدىكى سۈيىنى ئۆمەرنىڭ خالتىسى بىلەن سۇدىنىغا تۆكۈپ بەردى. ۋاڭ بىڭمۇ سوخار خالتىسىنى بېشىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: «بۇنىمۇ تۆكۈپ

①ئاق ماتا — ياردار بولغاندا، ئۆلگەندە ئىشلىتىلىدىغان رەخت.

بەر» دەپ لو دەنگە بەردى. ئۇلار چىرايى تامدەك تاتارغان، نەپەس ئېلىشۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، بويۇن تومۇرلىرىمۇ لىپىلداشتىن توختىغان، ھەتتا كۆكرىكىدە يۇرەك سوقۇشىدىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيۋاتقان ئۆمەر بىلەن خوشلىشىپ، تاش گەمىدىن چىقتى. ئۇلار ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئاتلىرىغا مىنىشتى. لو دەن ئۆمەرنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆز ئېتىنىڭ ئېگىرىگە چىگىپ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالدى.

— ۋاڭ بىڭ، قوشۇن ئارقىسىدىن يېتىۋالايلى، — دېدى لو دەن ئېتىغا قامچا سېلىپ.

— ئابايىقى ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازىنى جۇڭ شۆلياڭ دېگەن جىرتاق ئاڭلىغانمىدۇ؟ — سورىدى ۋاڭ بىڭ ئاتلار قويۇندەك چېپىپ كېتىۋاتقاندا.

— چوقۇم ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئەتراپ ئېگىز تاغلار بولغاچقا، ئاۋاز قاچمايدۇ.

ئۇلار تاغ ئارىسىدىكى تاش ـ شېغىللىق يوللاردا شامالدەك تېز كېتىۋاتقاندا، قاچقۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىۋاتقان قوشۇن قوغلاشنى تەخىرسىز داۋام قىلماقتا ئىدى. كونا غوجاينى ئۇچۇن قىساس ئېلىشنى بىرەر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان جۇڭ شۆلياڭ گەرچە قاچقۇنلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئارقىسىنى تىڭشاپ كېلىۋاتاتتى. بىردىنلا تاغ ئارىسىدىن غۇۋا ئاڭلانغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئۇنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئاداۋەت ئوتىغا سۇ سەپكەندەك بولۇپ، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

كوماندىر ـ جەڭچى، كانۋاي، كانايچىلار بولۇپ بىر يۈز ئوتتۇز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن يىگىرمە كىلومېتىردەك مۇساپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېقىنى بولغان تىزناپ دەرياسىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى چېگرا

ئېقىنىغا كېلىپ توختىدى. ئېقىنىنىڭ ئۇ قانىتى ھىندىستان تەۋەلىكى بولۇپ، قاچقۇنلار ئاللىقاچان ھىندىستانغا ئۆتۈپ ئۇزاپ كەتكەنىدى.

دەريا ساھىللىرى، تاشلىق قىرغاقلاردا پاتماي تۇرغان جەڭگاھ ئاتلىرى قومۇش قۇلاقلىرىنى تىككىدە تۇتۇپ، دۈپىدۈگىلەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كۆكرەكلىرىنى كەرگىنىچە ھىندىستان زېمىنىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇن، باش، قورساق ۋە ساغرىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپپاق ھور يات ئەلنىڭ چېگرا جىلغىلىرىنى بىر پەس مانانلاشتۇردى...

ئون سەككىزىنچى باب

# ھايات ـ ماماتلىق

ئۇ زادى نېمىدۇر؟ ئەگەر ئاسمان بولغىنىدا، ئاق، قارا، سارغۇچ، قوڭۇر، كۈل رەڭ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ئاۋۇ نېمىلەر زادى قانداق نەرسىدۇ؟ توغرا، بۇلۇت ئوخشايدۇ. بۇلۇت بولسا، ئۇلار نېمانداق رەڭگارەڭ ھەم پارچە ـ پارچە؟ شۇنچە زىچ ھالەتتە ئۈزۈشۈپ يۈرىدىكىنا تېخى؟ ياق، ياق، ئاسمان ئەمەس ئىكەن، غايەت زور غار ياكى ئۆڭكۈر ئوخشايدۇ. ئەنە، قىسما ـ قىسما رەڭلىك ئۇچار قۇشلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇغۇ؟ ئۇلارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بىر ـ بىرىنى چوقۇشۇپ، تىرناق سېلىشىپ، قاناتلىرىدا ئۇرۇشۇپ، قىپقىزىل يۇڭدىلىنىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئاسمان دېگەن قارا بولمايتتىغۇ؟ بۇ ئاسمان نېمانداق قارا؟ ياق، ئاسمان ئەمەس، ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆڭكۈر ئىكەن... پاھ، ئېسىلىپ تۇرغان ئۇ تاشلار نېمانداق يوغان! چۈشۈپلا كەتسە، ئاستىدا نەچچە يۈزلەپ ئادەم مىجىلىپ كېتەر! ئۇ ئۆزى قانداق بولۇپ ئۇ تاشلارنىڭ ئاستىدا قالدىكىنە؟ پۇت ـ قوللىرى، بېشى مىدىرلىمايۋاتىدۇ، ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ قالدىمۇيا؟ ياق، تاش ئەمەس، مۇز بولۇپ ئۇيۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاھ خۇدا! دۈمبىسىگە قىيىندا تاشلار بىلەن توختىماي ئۇرۇۋاتقان ئۇ كىمدۇ؟ ئەتراپ نېمانچە سوغۇق؟... ئۇ بۇ مۇز ئۈستىدە قاچانلاردىن بېرى يېتىپ قالدى؟ ھەي... جاھان

بىردىنلا يورۇپ كەتتىمغۇ؟ قۇياش پارچىلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ كەتمىگەندۇ؟ پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن ئۆتكۈر نۇرلار بۇ! قىزىق ئىش... ئۇلار بىردىنلا يوقىلىپ، دۇنيا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى ۋە غايىب بولدى...

تاش گەمىدە بىر كۈندۈز، بىر كېچە ياتقان ئۆمەر سەھەرگە يېقىن قاپاقلىرىنى بەكمۇ تەسلىكتە ئېچىپ، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن ئۈستىگە قارىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۈنسىز كۆزلىرىگە كۆرۈنگىنى ئاسمان، غار ياكى ئۆڭكۈر ئەمەس، بەلكى تاش گەمىنىڭ قول يەتكۈدەك يەردىكى كۈنگۈرىسى بولدى. ھېلىقى ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭگارەڭ قۇشلار بولسا خىلمۇخىل تاشلار ئىكەن، ئارىسىدا قىزغۇچلىرى كۆپرەك بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىر ـ بىرىنى چوقۇشۇپ قانغا بويالغان قۇشلاردەك كۆرۈنۈپتۇ. تاش گەمىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەرلىرى بولسا غارلاردا ئېسىلىپ تۇرغان غايەت زور قورام تاشلارغا ئوخشاپ كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئەتىگەندە تاش گەمىنىڭ ئىچىگە چۈشكەن كۈن نۇرى قۇياش پارچىلىنىپ چۈشۈپ، يەر يۈزىنى نۇرغا تولدۇرغاندەك بىلىنىپتۇ. قاراڭغۇلۇقنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكى بولسا، ئۇنىڭ قايتىدىن ئېسىنى يوقىتىپ، ھوشىدىن كەتكەنلىكى ئىكەن...

ئېسىگە بىر كېلىپ، ئېسىدىن بىر كېتىپ، ناگىھان بىر ھالەتتە ياتقان ئۆمەر يەنە بىر ئاش پىشىمدەك شۇ ھالەتتە يېتىپ قالدى، كېيىن كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ، ئەتراپىغا بىسەرەمجان ھالدا قارىدى. باشتا ئۇ ئۆزىنىڭ تاشلاندۇق تاش گەمىدە ياتقانلىقىنى بىلدى ھەم سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى پەرق ئېتەلىدى. توغرا، ئۇ نۇرغۇن ئاتلىقلار بىلەن بىللە كىملەرنىدۇر قوغلاپ چىققانىدى، كېيىن بىر دەريانىڭ ساھىلىغا كەلگەندە، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ھازىر يەنە شۇ دەريانىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۆلگەندىن كېيىن دوستلىرى ئۇنى

مۇشۇ تاش گەمىگە دەپنە قىلىپ كېتىپتۇ ـ دە!

ئۆمەر ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى، پۈتۈن بەدىنى قېتىپ قالغان جەسەتتەك تەڭلا مىدىرلىدى. ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ، «ئۇھ...» دەپ چوڭقۇر تىنغاندىن كېيىن، قولىنى تىرىشىپ بىرھازا ھەرىكەتلەندۈردى، ئاندىن بىر پۈتىنى تەستە يىغدى ۋە قويۇپ بەردى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىۋىدى، پېشانىسىدىن پۇژژىدە تەر چىقتى. بېشىنى چىداپ تۇرۇپ مىدىرلاتقانىدى، بوينى گويا ئەينەك پارچىلىرى قادىلىپ قالغاندەك سىرقىراپ كەتتى. ئۇ بىردە ئوڭ تەرەپكە، بىردە سول تەرەپكە قىمىرلاپ، قول ـ پۇت، بويۇنلىرىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈردى، ئاندىن ئاستىدا قالغان قىلىچىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، جەينەكلىرىگە تايىنىپ، گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈردى، بىراق بىر كېچە ـ كۈندۈز سوغۇق تاشتا يېتىپ، ئۈيۈشۈپ، سېزىمىنى يوقاتقان بەدىنى مىدىرلىسىلا باشتىن ـ ئاخىر تەڭ قوزغىلىپ، مېڭىسىدىن باشلانغان سىرقىراش نەق تاپانلىرىغا كېلىپ توختىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئېلەك ـ سىلەك يۇرگەن كۈنلىرىدىن باشلاپلا ئىچىگە قوشلاپ پوپايكا ۋە تېرە پىنجەكلەرنى كىيىپ، ئۇلارنى كېچىلىرىمۇ سالماي ياتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پاختىلىق ئىشتان ـ چاپان، ئىچى يۇڭلۇق ھەربىيچە ئاياغ بىلەن كىگىز پايپاق، پاختىلىق قۇلاقچا، پاچاقلىرىغا ئورىغان يۇڭ گوجەي ۋە بېلىگە چىڭ باغلىغان كەمەرلەر ئۇنى كېچىدىكى سوغۇقتىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۆمەر ئۇنداق قىلار ـ مۇنداق قىلار، ئاخىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، گەمىنىڭ تاش تېمىغا يۆلىنىپ قوللىرىغا تايىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ھە دېگەندە نەپەس يېتىشمەي ھاسىراپ قالدى. ئۇ بېشىغا قويۇلغان ماتانى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ راستلا ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىنى بىلدى. بۇ ماتا ئەسلىدە ئەسكەرلەرگە تارقىتىلغان كېپەنلىك ئىدى. ئەھۋال جىددىي بولمىغان ھالدا

مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، كېپەنلىككە ئېلىپ كۆمۈۋېتەتتى. ئەگەر ئۇرۇش ۋاقتى بولۇپ قالسا، ماتانى ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا تاشلاپ قوياتتى. ئۆمەر ماتانى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ يەنە ھوشىنى يوقاتتى. تامغا بېشىنى تىرەپ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، قورسىقى ئارقا ـ ئارقىدىن كوركىراپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. شۇندىلا ئۇ قورسىقىنىڭ ئىچىپ كەتكەنلىكىنى، ئىسسىتمىسى يانغان بولسىمۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۆمەر سۇدانىنىڭ ئاغزىنى تەستە ئېچىپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى. بۇ سۇ ئۇنى مۇزلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. شۇندىلا ئۇ دوستلىرىنىڭ سۇدانىنى سۇ بىلەن، سوخار خالتىسىنى تالقان بىلەن تولدۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئۆمەر بىر ئوچۇم تالقاننى كاپ ئېتىۋىدى، ئۆپكىسى قېقىلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئاغزىدا قالغىنىنى بىر ئاماللاپ يۇتۇۋەتتى. ئۇ سۇدانىنىڭ چاي ئىچىشكە بولىدىغان ئاغزىنى ئېلىپ ئىچىگە تالقان سالدى، ئۈستىگە سۇ قۇيدى ـ دە، ئۇنى چىمچىلاق قولى بىلەن ماللاپ، تالقان ئۇمىچى تەييارلىدى، ئاندىن ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. سۇدانىنىڭ ئاغزىدا تەييار قىلغان ئۇ خىل تاماقتىن ئۈچ قېتىم يېگەندىن كېيىن، ئۆمەرگە خېلىلا جان كىرىپ، پۇت ـ قوللىرى ئەمدى ئۆزىنىڭ بولغاندەك بىلىندى. ئۆمەر تالقان ئۇمىچىنى زوق ـ ئىشتىياق بىلەن يەپ، بارماقلىرىنى يالاپ، كالپۇكلىرىنى تەمشىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن چېلىنىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر كىم پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بۇ غايىبتىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۆزى راستلا ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. كىمدۇر بىرى يىغلامسىراپ، پات ـ پاتلا بۇرنىنى تارتىپ ئۇنىڭغا: «تەڭرى ساڭا جان ئاتا قىلسا... يېزاڭغا قايتىپ كەت!» دەۋاتاتتى. ياق، ئۇ خېلىلا جىق گەپ قىلغاندەك قىلىنىۋىدىغۇ؟... ھە، توغرا،

«قەبرىسىز قالىدىكەن...»، «ناباب زاماندا...»، «ئەسكەرلىكتە دېگەن...»، «مۇبارەك ئېتىڭنى...»، «مەندىن رەنجىمە...» دېگەندەك قىلغان... ئۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش ئىدى. قىسىم جىددىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا، ئېغىر كېسەل بولغان ياكى يارىلانغانلارنى ئېتىۋېتەتتى. مېنى... مېنى... نېمىشقا ئېتىۋەتمىدى؟ مېنى «دەرياغا تاشلىۋېتىمىز» دەپ ئەكەلگەنلەر مۇشۇ تاش گەمىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، قىسىمغا يالغان ئېيتىپ بارغان ئوخشىمامدۇ؟ بولدىلا، بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن؟ ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆمەر بۇ يەرلەرگە بۇرۇن كېلىپ باقمىغانىدى، ئۇ ئاشۇ شارقىراپ شاۋقۇن كۆتۈرۈپ ئېقىۋاتقان دەريانى ياقىلاپ ماڭسا، يەكەنگە چوقۇم يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئاڭقىرالىدى، شۇنداق، ئۇ يەكەنگە قايتىدۇ، ئۇدۇللا كىرىپ دارىلئېتامدىكى لېتىپ نۇجۇر، ئەمرۇللا مۇدىر، خوجىلىق باشلىقى خەلىپىدىنلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇ بالىلىقىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى؟ بۇ قېتىم ئاشۇ ئارزۇسىغا چوقۇم يېتىدۇ.

ئۆمەر چاپىنىنى سېلىپ، كېپەنلىك ماتانى مەيدىسىدىن تارتىپ كىندىك ئاستىغىچە يۆگەپ باغلىغاندىن كېيىن، چاپىنىنى كىيىپ، ئۈستىدىن كۆپ پىستانلىق كەمىرىنى باغلىدى. ئەمما، ئورنىدىن ئىككى قېتىم تۇرماقچى بولۇپ، ئىككى قېتىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇ قىلىچىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە، تام سىيپاپ سىرتقا چىقتى ھەم يىراق تامانلارغا تىكىلىپ قاراپ يىغلىۋەتتى:

ــ ئاھ خۇدا! بۇ دۇنيايىڭنى نېمانچە ئادەم قىيالمىغۇدەك گۈزەل قىلىپ ياراتقانسەن؟ تاشتىن ــ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇلىرىڭ... قىن ــ قىنىغا پاتماي بۇلدۇقلاۋاتقان چەشمىلىرىڭ... ئۆز قۇدرەت ــ كامالىڭنىڭ نامايەندىسى قاتمۇقات تاغلىرىڭ... سۇپسۇزۇك ئاسمىنىڭ... ئاتقۇچىنىڭ زېيىدىن قاڭقىغان پاختا

تورۇنـدىلىرىـدەك ئاپپاق بـولۇتلىـرىڭ... ئەدناسـى، ھەربىـر تـال تېشىڭ بىلەن ھەربىر توپ گىياھىڭ نېمانچە سۆيۈملۈك، نېمانچە قەدىرلىك!

ياش ئېرىقلىرى يـۈزىدىن يول ـ يـول بولۇپ ئـېقىۋاتقـان ئۆمەر ئەتراپقا قاراپ تويمايتتى. يۈرىكى تۇتقۇن قۇشتەك كۆكرەك قەپىسگە ئۆزىنى ئۇراتتى. شۇنداق، ئـۇنىڭ يۈرىـكى شادلىـق ۋە ئەلـەم بىلەن تـېپچەكلـەيتتـى. بۇ ئۆلۈمـنى يېڭىـپ، ھاياتـلىققا ئېرىـشكەن ئىـنسانـنىـڭ زىددىـيـەتلىـك ۋە مـۇرەككەپ روھـىي كەچۈرمىشى ئىدى.

ئۆمەر قىلىچىنى ھاسا قىلىپ تـايىنـىـپ، ئېگىـشكەن ھالـدا يەكەن دەرياسى ئېقىـنىنى بـويلاپ يولغـا چىقتـى. پۇت ـ قولـىدا ماغدۇر بولمىغاچقا، ئۇ پات ـ پاتلا مۇدۇرۇپ ئولـتۇرۇپ قالاتتـى. بـېشـى قېـيـىـپ كۆزلـىـرى قـاراڭغۇلاشـسـا، چـوڭ تـاشـلارغـا يۆلەنگىنىـچـە بىردەم تـۇرۇۋېلىـپ ھـاردۇقـىنى چـىقىراتـتـى. ئىشقىلىپ، ئـۇ قانچە كـۈن، قانچە ھـەپتە ماڭـسۇن، مۇشۇ دەريـا ساھىلـىنى بويـلاپلا ماڭسـا، يۇرتى يەكـەنگە بارالايـدىغانلـىقىـغـا ئىشىنەتتى.

ئۆمەر يەنە بىر قېتىم قىلىچىغا تايىـنىـپ ئورنـىدىن ئارانـلا تۇردى ـ دە، دەريانىڭ چـوقچايغـان قورام تاشلىـق، شېغىللىـق، قۇملۇق قىرغاقلىرىدا سەنتۈرۈلۈپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تەرلـەپ ـ پىشىپ سـەپىرىنـى داۋام ئېتـىشكە باشلىدى. ئۇ بـىر كۆزىـنى قىسىپ، ئالىقىنىنى سايىۋەن قىلىپ ئاسمانغا قـارىدى. ئۆتكـۈر نۇرلىرى بىلەن دەريا ساھىلىنى قىزىتىۋاتقان قۇياش غەربكە سەل قىڭغايغانـدى. بۇ ئۇنـىڭغا ئۆزىـنىڭ يـېرىم كۈنلـۈك ئېغىـر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۆمەر دەريا بويىدىن ئەپلىك جاينى تېپىپ، بىر ئاق ياپىلاق تاش ئۈستىدە ئولتـۇردى. دەريـا سۈيى ئىـنتايـىن سوغۇق بـولغاچقـا، تـالقان ئـۇمـىچىـنى سۇدانىكى سۇ بىلەن چېلىپ، ئىككى قېتىم يېدى. ئـۇنىڭ يەنـە يـېگۈسـى بـولسىمـۇ، تالقـانـى ئايـىدى، سۇداننـىـڭ ئاغزىـنى

ئېتىۋەتتى، گەرچە سوخار خالتىسى خۇددى ئاتنىڭ چوڭ ئۈچەيىدە ياسالغان قىزىدەك چىڭ تۇرسىمۇ. بۇ تاغ ـ داۋان، دەريا ساھىلى، چاتقاللىق، تاشلىق، قومۇشلۇقلاردىن ئۇ قاچان چىقىپ بولىدۇ؟ بۇ زادى قانچىلىك مۇساپە؟ يول قەيەردە؟ تېخى مەنزىلگە يېتەلمەي تۇرۇپ، يولدىن ئېزىپ قېلىپ بىر يەرنى ئون قېتىم ئايلىنىپ يۈرسىچۇ؟ يول ئۈستىدە ئادەم بار تۇرالغۇلار ئۇچراپ قالسىغۇ تەلىيى، ئۇچرىماي قالسىچۇ؟ ئۇ ھالدا قايسىدۇر دەشت، جىرا، يالاڭلىق ياكى تىكەنلىكلەردە ئۆلۈپ قېلىپ، جەسىتى يىرتقۇچلارغا يەم بولمامدۇ؟ كونىلار: «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. قورساقتا بىر چىشلەم، يېرىم چىشلەم بولسىمۇ لوقما كىرىپلا تۇرسا، كېچىلىرى قىشنىڭ سوغۇقى ئادەمنى بوزەك قىلالمايدۇ. ھەرقانچە بەردەم ئادەممۇ قاتتىق سوغۇقتا كۈنلەپ ئاچ قالسا، توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ شۇ...

ناتونۇش تاغ ـ ئېدىرلار، ساپسېرىق سارغايغان جىلغا ـ جىرالار، چوقچىيىپ تۇرغان قوي، ئات، تۆگىدەك تاشلار، شېغىللىق سايلار زاۋال ۋاقتىنىڭ گۇڭگالىقى ئىچىدە بارا ـ بارا غۇۋالاشماقتا ئىدى. ئۆمەر ئىنجىقلاپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، ئېغىر تىنىپ كېتىۋاتاتتى. ناگان ـ ناگاندا توختاپ قېلىپ، قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي، قاراڭغۇلۇق باسقان كۈنپېتىش تەرەپكە قارايتتى. ئاسمان سۈرتۈلگەن شېشىدەك تىنىق بولۇپ، يۇلتۇزلار جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. يۇلتۇز توپلىرىنىڭ بىر تۇتاش يورۇقتا ئايلانغان سىرلىق كۆكۈچ نۇرلىرىدا دەريا خۇددى قوغۇشۇن ئېرىتمىسى ئېقىۋاتقاندەك كىرىمسەن يالتىرايتتى.

جەنۇب ۋادىلىرىدا مارت ئېيى كىرىشى بىلەنلا ھاۋا ـ جاھان ئىللىپ كېتىدۇ. كۈندۈزلىرى ئادەمنىڭ غولى قىزىغۇدەك ئاپتاپ بولىدۇ، ئەمما ئەتىگەن ـ كەچتە يەنىلا زەھەردەك سوغۇق بولىدۇ، بولۇپمۇ دەريا بويلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئاچچىق شامال يۈز ـ كۆزۈڭنى ھەرىدەك چېقىپ، سوغۇقى جاندىن ئۆتىدۇ. ھېرىپ

ھالىدىن كەتكەن ئۆمەر ياتقۇدەك بىرەر پىنھان جاي ئىزدەپ ئەتراپىغا قارىدى. بىراق، ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، ھېچ قەيەرنى پەرق قىلالمىدى. ھەممىلا يەر تۇتاش قاراڭغۇ ئىدى. ئۆمەر ئۇچۇن شامالغا دالدا بولغۇدەك بىرەر ئۆڭكۈر ياكى كەلكۈن كولاپ قويغان بىرەر كامار بولسىمۇ بولاتتى. بولمىسا دەريادىن ئۆرۈلۈۋاتقان مۇزدەك شامالغا كېچىچە چىدىغىلى بولمايتتى. ئۆمەر ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراۋېتىپ بىردىنلا دەريادىن ئانچە يىراق بولمىغان ئارىلىقتا پاكارراق يارلىقنىڭ قاپقارا كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دالدىلانغۇدەك بىرەر كامار چىقىپ قالار دەپ يارلىقنىڭ يېنىغا بارغانىدى، يار بويلاپ كاماردىن بىر ئەمەس، بىرقانچىسى كۆرۈندى. تۆشۈكلەر ئەتراپىدا چوڭ - چوڭ تاش ھەم چالمىلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر كامارلارنى تاللاپ ئولتۇرمايلا ئۇدۇل كەلگەن بىرىگە ئۆمىلەپ كىردى. كامارنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، نەملىك ئارىلاشقان بىر خىل بەتبۇي پۇراق ئۇنىڭ بۇرنىغا گۇپلا قىلىپ ئۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن، بېشىنى يەرگە قويسىلا ئۇخلاپ كەتكۈدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، پۈتۈن تېنى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئۆمەر ئۇ سېسىق پۇراق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ كاماردىن بېشىنى چىقىرىپ، بىرقانچە تاش ۋە چالمىنى ئالدىغا تارتىپ، كامارنىڭ تۆشۈكىنى شامال كىرمىگۈدەك قىلىپ ئېتىۋالدى، ئاندىن قولاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۈشۈرۈپ ئېڭىكىدىن باغلىدى ۋە تۈگۈلۈپ يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ بىر كېچە ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلىدى، بىراق ئەتىگەنلىكى بۇرنىدىن كىرىۋاتقان ئاجايىپ سېسىق بىر پۇراققا چىدىماي، ئىككى چېكىسى زىڭىلداپ ئاغرىغان ھالدا ئويغىنىپ كەتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ ھەرھالدا ئۇيقۇسىغا قانغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا كامارنىڭ تۆشۈكىگە كەپلەپ قويغان تاش - چالمىلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرىۋاتقان قىپقىزىل نۇرغا چۈشتى. ئۇ تاش - چالمىلارنى قولى بىلەن

ئېتتىرىپ، پۈتىدا تېپىپ كېچىسى ئۆزى تاقاپ قويغان بۇ «ئىشىك»نى يوغان ئېچىۋەتتى. ئۇدۇلدىكى پاكار ـ پاكار تاغلار ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش بۇ بىر كېچىلىك ھۇجرىغا ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى. ئۆمەر شۇ چاغدىلا سەھەر قۇياشى يورۇتۇپ تۇرغان بۇ ھۇجرىسىنى ئېنىق كۆرەلىدى، قارىدى ـ دە، يۈرىكى قارتىلا قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا كېچىچە ھەمراھ بولۇپ چىققىنى ئادەم جەسىتىنىڭ قول ـ پۇت، قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئورنىغىلا تۆكۈلۈپ قالغان سۆڭەكلىرى ئىدى. جەسەتنىڭ قاپاققىلا ئوخشايدىغان بېشىنىڭ كۆزى ئورنىدىكى ئىككى چوڭقۇرلۇق ھېلىمۇ ئادەمگە چەكچىيىپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. باشنىڭ ئاستىنقى ئېڭىكى توپىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە سارغىيىپ كەتكەن ئۈچ دانە چىش ھىڭگىيىپ تۇراتتى. ئۆمەر بىر كېچە ئۇخلىغان بۇ ماكاننىڭ «ھۇجرا» بولماي، بەلكى لەھەت ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلدى. ئۇنىڭغا كېچىچە ھەمراھ بولۇپ چىققان جەسەت ئىسكىلىتى بىرلا ئەمەس ئىدى، تۆتى قاتارىسىغا ياتاتتى. ئەسلىدە بۇ يارلىقتىكى كامارلار ئەسكەرلەرنىڭ مېيىتى قويۇلغان شام گۆرلەر ئىكەن ـ دە! بۇنى ھەربىر جەسەت سۆڭىكى يېنىغا قويۇپ قويۇلغان داتلىشىپ كەتكەن قىلىچلاردىن بىلگىلى بولاتتى. ئۆمەر شام گۆردىن ئۆمىلەپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۆشۈكىنى تاش ـ داڭگال، توپىلار بىلەن مەھكەم ئېتىۋەتتى. ئاندىن توپىغىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلگەن ئايەتلەردىن بىرقانچىنى ئوقۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئۆمەر دەريانى ياقىلاپ ئۈچ كۈن ماڭدى. تۆتىنچى كۈنى مەنزىل يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ سولغا قايرىلدى ـ دە، بىر تار جىلغىغا كىرىپ كەتتى، چۈنكى دەريا بويلاپ مېڭىشقا ئامال قالمىغانىدى. خالاستان دەرياسى تىك چۈشكەن ئىككى چېقىل ئوتتۇرىسىدىن چوڭقۇر بىر ھاڭغا شارقىراپ قۇيۇلۇپ، بارغانسېرى پەسلەپ ھەم تارىيىپ، تۆۋەن تەرەپتىكى گىرانىت

قىرغاقلارغا شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتاتتى، كۆتۈرۈلگەن ئاپپاق بۇژغۇنلار قاتتىق شاۋقۇن چىقىرىپ، نەچچە غۇلاچ يەرلەرگە قەدەر چاچرايتتى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئەدناسى تاغ تېكىسى ماڭغۇدەكمۇ يول يوق ئىدى. ئۆمەر دەسلەپ چېقىلنىڭ ئەپلىك يەرلىرىدىن يامىشىپ، ئېسىلىپ - ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما چېقىل بويلاپ پەسلەپ ماڭغۇدەك يول ئىزناسى كۆرۈنمىدى، ماڭماقچى بولغان يېرى خەتەرلىك تىك يار ۋە سوپۇندەك سىلىق قىيالىق ئىدى. مېڭىپ كېلىۋاتقان يولى كۆك قورامىلار، تىرنا چىشىدەك تىكلىنىپ تۇرغان ئۇچلۇق تاشلار ۋە دەريادىن كۆتۈرۈلگەن مانانلار ئىچىدە غايىب بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز يولىدىن قېيىپ، تار جىلغا ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جىلغىدا ئۇنىڭغا چاتقاللىقلار، تىكەنلىكلەر، ئادەم ۋە مال سۆڭەكلىرى چېچىلىپ تۇرغان سېرىق قۇملار، ئۇزاقتىن بىرى سۇ كۆرمىگەن تاشلىق سايلار، ئاقىرىپ كەتكەن قوۋزاقسىز توغراقلار، ياۋا قومۇشلۇقلار، يېكەنلىك سازلىقلار ئۇچراپ تۇردى. ئۆمەر قىلىچىنى بەلبېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يانتۇ قىلىپ قىستۇرۇپ قويۇپ، ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن ئۇزۇن بىر تال ياغاچنى ھاسا قىلىۋالدى. ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇنىڭغا غەلىتە - غەلىتە تاغ قاتارلىرى ئۇچرايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاپقارا تاقىر تاش تاغلار بولسا، بەزىلىرى سارغۇچ توپا تاغلار ئىدى. ئۇ تاغلارنىڭ ئاستى تەرىپىدە شامال دۆۋىلەپ قويغان ئۇپىدەك يۇمشاق توپا دۆڭلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆمەرنىڭ يولىدا يەنە كۇل رەڭ، قوڭۇر، قىزغۇچ تاغلارمۇ قەد كېرىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى روتا قاغىلىقتىن يولغا چىققاندا، كۆكيار، پۇسا، قاق داۋىنى، ئاقمەسچىت، ئاقاز داۋىنى، تىزناپ دەرياسى، كۇدە قاتارلىق جايلاردىن ۋە سېرىقداۋاندىن ئۆتۈپ، شەيدۇللاغا يېتىپ بارغانىدى. ھازىر ئۇ يۇرتلار، ئۆتەڭلەر ۋە داۋانلار نەدە قالدى؟ ئۆمەر مانا تۆت كۈن بولدى، مېڭىۋاتىدۇ. ئۇدۇل كېلىپ قالغان

چاتقاللىقلار، غار ۋە ئۆڭكۈرلەر ئۇنىڭ قونالغۇلىرى بولدى. يولدىن ئېزىپمۇ كەتتى، جىلغىنىڭ ئىچىدىن چىقالماي، ئايلىنىپ يۈرۈپ، يەنە قوزغالغان جايغا كېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭغا مال بېقىۋاتقان، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئوتۇن تېرىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۇچرىمىدى. ئۇ يەنە مۇشۇنداق قارىسىغا ھەم نىشانسىز قانچىلىك ماڭار؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سوخار خالتىسىدىكى تالقان قانچە تېجەپ يېگەن بىلەنمۇ بەرىبىر يېرىملاپ قالدى. ئەمدى تېخىمۇ تېجەپ، كۈنىگە بىر ۋاخلىقلا يېمىسە بولمايدۇ، كۆزلىگەن مەنزىلىگە بېرىپ بولغۇچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغىنى ياخشى. ئۆمەر تالاندىن ئەنسىرىگەنسېرى، يولدىن ئازىدىغان، بىر يولنى نەچچە قېتىم ماڭىدىغان پېشكەللىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. بەزىدە ئالدىنى توسۇۋالغان ئېگىز تاغ چوققىسىغا كۈنلەپ يامىشىپ چىقتى، ئەمما چوققىنىڭ ئۇ تەرىپى تىك چېقىل، چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ، پەسلەپ چۈشكىلى بولمايتتى، يەنە چىققان يولى بىلەن كەينىگە چۈشۈپ كەتمەي بولمىدى. بۇنداق قايتىش، چۆرگۈلەش، ئايلىنىشلار ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم بولۇپ، بىر تاغ، جىلغا، قاپتال ياكى چاتقاللىقتىن بىر ـ ئىككى كۈنلەپ چىقالماي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۆمەر توختىماي مېڭىپ، ئونىنچى كۈنى تاغلىرى ئانچمۇ ئېگىز ئەمەس، خۇددى ئېگەرسىمان ئېدىرلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يالاڭلىققا چىقىپ قالدى. گەرچە بۇ قىش بولسىمۇ، بۇ يەردىكى تاغ ـ ئېدىرلاردا قار كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، خېلىلا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئۆمەر قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا تۇرغان قوي قۇمۇلاقلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىر ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقتى. پەستىكى جىغانلىق ئىچىدە بىر كىگىز ئۆي تۇراتتى، ئۇنىڭ چاڭغىراق تۆشۈكىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىس

ھاۋاغا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۆمەر ھاسىسىنى تايىنىپ ئۇ كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا ئاران يېتىپ كېلىۋىدى، تۈكلىرى ئۆسكىلەڭ قاپقارا بىر ئىت ئېتىلىپ كېلىپ ھاۋشىپ، ئۆمەرنى ئالدىغا بىر قەدەممۇ ماڭغىلى قويمىدى. ئاڭغىچە كىگىز ئۆيدىن چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە ھەر خىل مارجان، تەڭگە، تۈگمىلەرنى قادىۋالغان ئون ئىككى ياشلاردا بار بىر قىز چىقتى ـ دە، ئۆمەرنى كۆرۈپلا قاپاقلىرىنى تۈردى. ئۇ ئىتقا قىرغىز تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، ئىت تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆمەرنىڭ قولىدا ئۇزۇن ھاسا تاياقنىڭ بولغىنى، ئۇ تاياق ئەسقاتتى. قىز ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوۋاي بىلەن موماينى باشلاپ چىقتى. بوۋاينىڭ قولىدا ئارا، موماينىڭ قولىدا ئۇزۇن نوغۇچ تۇراتتى. بوۋاي بىلەن موماينىڭ ئەلپازى بەكمۇ يامان بولۇپ، بوۋاي ئۆمەرگە ئارىنى تىقىۋېتىدىغاندەك داپشىنىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى بىلمەيتتى، ئۆمەر سارادىن تاجىك تىلىنى ئۆگەنگەچكە، مەقسىتىنى يامىداپ ئۇقتۇرالايتتى، لېكىن قىرغىز تىلىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. بوۋاي، موماي، قىز ئۆزئارا قىرغىزچە نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. پاخپاق ئىت بولسا ھەدەپ پاچاقىغا ئېسىلىشىنىڭ كويىدا بولۇۋاتاتتى. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيلى بارغانسېرى بۇزۇلۇپ دېۋەيلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆمەر ئارقىسىغا قىستۇرۇۋالغان قىلىچنى غىلىپى بىلەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ غەزىپى پەسكويغا چۈشۈپ، ئىتنى چاقىرىۋالدى. ئۆمەرنىڭ يادىغا نەدىن كەلدى، بىرقانچە ئايەتنى قىرائەت قىلدى. ئۇ بۇ ئايەتلەرنى بالىلىق چېغىدا ئېلاخۇن ئاكىسىدىن ئۆگەنگەنىدى. تولىمۇ مۇڭلۇق ئاڭلانغان قىرائەت بوۋاي بىلەن موماينى ھەم كىچىك قىزنى سېھىرلەپ قويغاندەك بولدى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە باش ئېگىپ تۇرۇشتى. قىرائەت

تۆگەپ، ئۆمەر قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈۋىدى، ئۇلارمۇ تەڭلا قولىنى كۆتۈرۈشتى. ئاندىن ئورنىدىن ئارانلا تۇرغان ئۆمەر ھاسىسىغا تايىنىپ ئېغىر قەدەم ئېلىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، بوۋاي نېمىدۇر دېدى. قىز ئۆيدىن ئىككى دانە كۆمەچنى ئاچىقىپ، ئۇنىڭغا ئەيمىنىپكىنە سۇندى. ئۆمەر يەنە دۇئا قىلدى. بۇ ئەسنادا قىز ئۇنىڭ قىلىچىنى ئەكېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

«بۇ قەيەر؟»، «يەكەنگە قانداق ماڭىمەن؟» دېگەن گەپنىمۇ سورىيالمىغان ئۆمەر «خۇدايا توۋا! بۇلارنىڭ زۇۋانى بىزنىڭ زۇۋانىمىزغا يېقىنمۇ كەلمەيدىكىنا؟» دېگەن ئويلار بىلەن ئۇ يەردىن ئۇزاپ كەتتى، يەنە «ئەگەر ئۇچامدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىسى بولمىغان بولسا، ئۇلار ماڭا بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلمىغان بولاتتى، ھەتتا ئۆيىدە قوندۇرغان، مېھمان قىلغانمۇ بولار ئىدى...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۆمەر قىرغىزلار بەرگەن ئارپا كۆمىچىدىن ئىككى - ئۈچ چىشلەم يەپ، سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن يولىنى داۋاملاشتۇردى. بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ يەنە ئۇدا ئىككى كۈن يول ماڭدى. ئۇ ئىككى كۈنلۈك يول ئۇنى قاتتىق ھاردۇرۇۋەتتى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، پاكار - پاكار ياۋا قومۇشلار ئۆسۈپ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدى. بۇ يەرنى تۈزلەڭلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. كۆز يېتىم يەرلەردە تۆگە لوككىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان تاغ پارچىلىرىنىڭ قاپقارا ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆمەر كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىننى بويلاپ خېلى ماڭدى، لېكىن ياتقۇدەك بىرەر جاي چىقمىدى. ئەمما، ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپى قويۇق چاتقاللىق بولۇپ، ئۇ يەردىكى قۇرۇق ئوت - چۆپلەرمۇ ئۆسكىلەڭ ۋە قويۇق ئىدى. ئۆمەر شىرقىراپ ئېقىۋاتقان كەڭ ئېقىننىڭ ئۆتۈشكە ئەپلىك بىر يېرىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ سۇ ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان تاشلارغا دەسسەپ، ئېقىننىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى، دەسسىگۈدەك ھېچنېمە بولمىغان يەرلەرگە تاش تاشلىدى.

ھەرھالدا جاپا تارتىسىمۇ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. چاتقاللىق ئىچىدىكى ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك قۇرۇق ئوت - چۆپ يۇمشاق ۋە قېلىن بولغاچقا، ماڭسا ئاۋاز چىقمايتتى. ئوت - چۆپ ۋە ياخپاق قورايلار ئىچىدىن يوغان - يوغان تاشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆمەر قىلىچى بىلەن ياخپاق قوراي، لويلا، چىغىرتماق، چىغ، يۇمشاق مىسىل قاتارلىق ئوت - چۆپلەرنى چېپىپ، چاپقانلىرىنى چوڭ ئىككى تاش ئارىلىقىغا دۆۋىلىدى. باش تەرىپىگە بىرقانچە چوڭ تاشنى تىزىپ توستى، ئاندىن ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ ياتتى - دە، ئۈستىگە بىرمۇنچە ئوت - خەس ۋە قۇرۇق گىياھلارنى ياپتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى، قوينىدىكى ئارپا كۆمىچىدىن بىرنەچچە چىشلەم يەپ، سۇدانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچتى. كېيىن جىمىمىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدا ھەر خىل ئوت - گىياھلارنىڭ خىلمۇخىل پۇراقلىرى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئارزاقمۇ بىئاراملىق ھېس قىلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ پۇراقلار ھېلىقى شام گۆردىكى بەتبۇي پۇراقلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى.

يول ئازابى ۋە كەم ماغدۇرلۇقتىن ئېغىر ئۇخلاپ كەتكەن ئۆمەر چاتقاللار ئارىسىدا يىلتىزلارنى غاجاۋاتقان ياۋا توشقان ۋە جاڭگال كىرپىلىرىنىڭ كىتىرلاشلىرىنى، قارا چېكەتكىلەرنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالەتتە قىسقا - قىسقا چىرىلداپ قويۇشلىرىنى، كېيىكلەرنىڭ «ۋەيت - ۋەيت» قىلىشىپ جۇپتىنى چاقىرىشلىرىنى، مارت شامىلىنىڭ بىر خىلدا ئۇشقىرتىشلىرىنى، قىسقىسى، چۆل كېچىسىنىڭ روشەن بولمىغان سىرلىق ھەم ۋەھىمىلىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالمىدى...

بىر كېچە ئۇنىڭ ئۇچۇن دەقىقىدەكمۇ بىلىنمىدى. تەسكەيلىرى سۆسۈن رەڭ سايلار بىلەن بېزەلگەن يىراق تاغ ئىزنالىرىنىڭ ئارقا تەرىپى قانىدەك قىزىرىپ تاڭدىن خەۋەر بەرگەندە، قېلىن ئوت - چۆپلەر ئىچىدە ياتقان ئۆمەر كۆزىنى

لەپپىدە ئاچتى. خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك زەئىپ بىر ئىڭراش ئۇنى ئويغىتىۋەتكەندى. ئۆمەر ئۇستىدىكى ئوت - چۆپلەرنى قايرىۋەتتى. ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان تاغ ئارقىسىدىن ئەمدىلا يېرىمى كۆرۈنگەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇرماي قويدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، راسا بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن ئەتراپىغا قارىدى. چەكسىز كەتكەن ئايدالا، ھەممە يەر سۇكۇناتقا چۆمگەن، ئېگىز - پەس ئۆسكەن ھەر خىل گىياھلار... ئۇلار ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان تاشلار گويا ئوتلاۋاتقان ئاق، قارا، ئالا، سېرىق ۋە كۆك رەڭلەردىكى قوي - كالا ۋە ئاتلارغا ئوخشايتتى. ئۆمەر ئاخشام ئۆزى تەستە ئۆتكەن ئېقىن بويىغا كېلىپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى چايقاپ، يۈزىنى يۇدى. ئۇ سۇدانغا سۇ تولدۇرۇپ تۇراتتى، ئابايىقى ئىڭراش يەنە ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ، قېلىن چاتقاللىق ئىچىگە قارىدى. ئىڭرىغان، يىغلامسىرىغان ئاۋاز يېقىنلا يەردىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆمەر چاتقاللىققا ئىچكىرىلەپ كىرىۋېتىپ نېمىدۇر بىرنەرسىگە گاچچىدە دەسسىۋالدى، ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قان ئۇيۇپ كەتكەن ئۈزۈلگەن بىر قول تۇراتتى. ئۇ يەنە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ئالدى، چۆچۈپ كېتىپ ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئالدىدا قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ئۇستىدە بېشىنىڭ يېرىمى پۇچۇلۇپ كەتكەن، ئوڭ قولى مۈرىسىدىنلا كېسىۋېتىلگەن بىر ئەسكەر ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئەتراپىغا تۆكۈلگەن قان كونا بېغىردەك قاپقارا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئۆمەر بويىنىنى سوزۇپ ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارىدى ۋە بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ يەردە ياتقان جەسەت شۇ بىرلا بولماي، بەلكى نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇت - قوللىرىنى سۇنۇپ ئوڭدىسىغا ياتقانلار، تۈگۈلۈپلا قېتىپ قالغانلار ۋە دۈم يېتىپ ئاغزى - بۇرنى ماكچىيىپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ بېشى بۇكىدە تىكەنلىك ئارىسىدا

بولۇپ، ساغرىسى سىرتتا تۇراتتى. تاشلارغا يۆلىنىپ مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ھالەتتىكىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن ئەسكەرلەر بولۇپ، ئارىسىدا يۇقراچە كىيىنگەن پارتىزانلارمۇ ئاز ئەمەستەك قىلاتتى، ھەتتا ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئاتلارمۇ بار ئىدى، بىرقانچىسىنىڭ تاپى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ياتاتتى. قورساقلىرى گۇمبەزدەك كۆپۈپ كەتكەن بۇ جانىۋارلارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى ياپپېشىل ئەينەك ساقىدەك پارقىرايتتى.

بۇ دائىرىدە يۈت ـ قولىرى ئۇزۇلۇپ كەتكەن، باش سۆڭەكلىرى مىجىلغان قىرىقتەك جەسەت بار ئىدى. كۆكرەككە ۋە بەلگە تىقىلغان مىلتىق نەيزىسى ۋە خەنجەرلەرنىڭ تىقىلغان جايىدىلا قالغانلىقىدىن ھەم ئوق ئىزنالىرىدىن تۇنۇگۈن كۈن ئولتۇرغۇچە بۇ يەردە ئېتىشىش، قىلىچۋازلىق، ئاخىرىدا قۇچاقلاشما جەڭ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يۇقراچە كىيىنگەنلەرنىڭ پارتىزانلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەمما ئەسكەرلەر قايسى پولك، قايسى باتالىيوننىڭ؟ قاغىلىقنى قوغداۋاتقان روتىدىنمۇ؟ ئەگەر ئۇلار خۇڭ يادۇڭنىڭ پولكىدىن بولغان بولسا، ئارىسىدىن بىرەر تونۇش چىرايىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال. بەلكىم يەكەن قوماندانلىق ئىشتابى قارىمىقىدىكى گارنىزون قىسىمىنىڭ ئەسكەرلىرىدۇر؟

ئۆمەر ئاتمىش ـ يەتمىش قەدەم دائىرىدىكى قويۇق ئوتلار ئارىسىدا ياتقان جەسەتلەرنىڭ يۈزلىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاۋايىقى ئىڭراش يەنە تەكرارلاندى. بۇ قېتىم يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتقان بۇ ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى: «سۇ... سۇ... سۇ بېرىڭلار!...» ئۆمەر نىدا كېلىۋاتقان تەرەپكە ئۈچ ـ تۆت قەدەم ئالدى ۋە ئۇچىسىغا مەللە رەڭ تالىما يۇڭ چەكمەندىن چاپان كىيىپ، بېلىنى ياغاق شۇپۇكدە بويىغان ماتا بەلباغدا باغلىۋالغان ئوتتۇز ئالتە ـ ئوتتۇز يەتتە ياشلاردىكى قىياق كۆز، سارغۇچ بۇرۇت، قىزغۇچ چىراي بىر ئادەمنىڭ يوغان ئاق تاشقا

يۈلىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. تاشنىڭ ئەتراپىنى ياۋا قومۇشلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قانلىق پۇتلىرىنى، قارا قوتاز تېرىسىدىن تارتىلغان پۇرۇمە چورۇقلىرىنى ئارانلا كۆرگىلى بولاتتى. بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قىلىچ تەگكەن بولسا كېرەك، پېشانىسىدىن ئوڭ قېشىغىچە تىلىنغان جاراھىتىدىن چىققان قان يۈز، بويۇن، مەيدىلىرىگىچە ئېقىپ قېتىپ قالغانىدى، چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ: «ئاكا، ئېغىر يارىلىنىپسەن!» دېۋىدى، ئۇ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن ئۆمەرگە خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى، ئاندىن قاپاقلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئېغىر پۇشۇلدىدى، قاپقارا تۈكلۈك بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن ئاپپاق ھور تېز ـ تېز ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقى بىلىندى. ئۇ قان ئۇيۇپ كەتكەن قوللىرىنى مىدىرلىتىپ يۇرۇپ، قېلىن ئوت ئارىسىدىن ملتىقىنى ئالدى، بىراق ملتىق ئۇنىڭ ماغدۇرى قالمىغان قوللىرىدىن چۈشۈپ كېتىپ، بېشى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالدى، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۆمەر سۇدانىنىڭ ئاغزىغا سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا ئاز ـ ئازدىن ئىچۈردى. دەسلەپتە سۇنى تەستە يۇتقان ياردار كېيىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن غورتىلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى.

— ئاستا... ئالدىرىماي ئىچ، ئاكا! — دېدى ئۆمەر سىلىق تەلەپپۇزدا، — قېقىلىپ كەتسەڭ، جاراھەتلىرىڭدىن قان چىقىپ كېتىدۇ.

ئۆمەر سۇدان ئاغزىدا تالقان ئۇمىچى قىلىپ، ئۆزى ياسىۋالغان ياپىلاق ياغاچ قوشۇقتا ئۇنىڭغا يېگۈزدى. ياردار ئۇنى بوۋاق بولماق يېگەندەك ئاغزىنى ئۇچلاپ يېيىشكە باشلىدى. ياردار خېلىلا جانلىنىپ قالدى ۋە ئۆمەرنىڭ كىيىملىرىگە زەن سېلىپ قارىدى، ئاندىن تەسلىكتە ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سورىدى:

— بۇ... بۇ... كىيىملەرنى نېمىشقا كىيىۋالدىڭ؟

— مەن شۇلارنىڭ ئەسكىرى بولغاندىكىن ... كىيىمەن ـ دە!

— نېمە؟ — ياربدارنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چەكچەيدى، — تۇ... تۇنۇگۇنكى جەڭدە سەنمۇ بارمىدىڭ؟

— تۇنۇگۇنكى جەڭنى بىلمەيمەن، مەن قاغىلىق شەيدۇللادا چېگرا قوغداۋاتقان ئەسكەر ئىدىم. ئىگىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. ۋەزىپە ئۆتەشكە چىققاندا ھوشۇمدىن كەتسەم، ئۇلار مېنى تاشلىۋېتىپتۇ. ئون ئىككى كۈن بولدى، يۇرتۇمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. جاراھەتلىرىڭنى تېڭىپ قويايمۇ؟

— گومىنداڭنىڭ غالچىسى ئىكەنسەنغۇ؟ تېخى جاراھىتىمنى تېڭىپ قوياي دەمسەن؟

— ئۇ باشقا گەپ، بۇ باشقا گەپ. نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن، ئاكا؟

— تولا گەپ ئوينىتما. ئۆز خەلقىگە قارشى قورال كۆتۈرگەن سەندەك مۇناپىققا قانداق ئىشىنەلەيمەن؟

— ئەمىسە، مەشەدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يات! — ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — قاراپ باقە يوتاڭدىكى قانغا! ھېلىمۇ سىرغىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەندە تۈگىمەيدىغان قان بۇلىقى يوقتۇ؟...

ئۆمەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا مېڭىۋىدى، ياربدار ئاچچىق ئىڭراپ قولىنى كۆتۈردى. بۇ كەتمە، توختا دېگەن يېلىنىش ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمايۋاتاتتى، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، كۆز ياشلىرى يەنىلا يۇمىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۆمەر قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېگىلدى:

— قانداق، جان تاتلىقمىكەن؟ — ئۆمەر چاقچاق قىلغاچ چاپىنىنى سالدى، — ئاتتىن چۈشسەڭمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىكەنسەن.

— ئىچىڭگە ئورنىۋالغىنىڭ نېمە بۇ؟ — ياربدار ئۆمەرنىڭ مەيدىسىدىن قورسىقىغىچە يۆگىۋالغان ماتاغا قارىدى، — نېمانچە قېلىن ئورنىۋالدىڭ؟

— كېپەنلىك.

— نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، غالچا؟

— مېنىڭ ئىسمىم غالچا ئەمەس، ئۆمەر.
— ئۆمەر؟ ئۇيغۇر ئىكەنسەن ـ دە؟
— ھەئە، ئۇيغۇر، سەنچۇ؟
— مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇراي، قىرغىز، — ئابدۇراي بىردىنلا ۋايىۋايلاپ كەتتى، چىرايى ئاقاردى، — ھەي ئۆمەر، گۆش ئىچىدە قالغان ئوق بېشىنى ئېلىپ باققانمىدىڭ؟ جېنىمنى ئېلىپ، يېنىمدا قويۇۋاتقىنىنى يوتامدىكى ئوق. ئۇنى ئېلىۋەتمىگۈچە ماڭا بىردەم ئاراملىق بولمايدۇ، تاڭغىنىڭ بىلەنمۇ ئاغرىق توختىمايدۇ.
— ئېلىپ باقمىغان.
— ئوق تەگكەن يەرنى داغماللاشنىغۇ بىلەرسەن؟ — ئابدۇراي ئىنجىقلاپ ئارانلا گەپ قىلاتتى، — جاراھەتنى داغماللىۋەتمىسە سېسىيدۇ، ھېلىمۇ بىر كېچىدىن ئاشتى.
— ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان، لېكىن ئاڭلىغان، ئەمما بۇ يەردە ئوت بولمىسا؟
— سەن تاماكا چەكمەمسەن؟
— ياق.
— كەيپى يوق ئەركەكنى ئەركەك دېگىلى بولامدۇ؟
— جېنىڭ تۇمشۇقۇڭغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە ئەركەكلىكتىن گەپ ئاچىسەنغۇ؟
— گېپىڭ ئەجەب ئوچۇق نېمىكەنسەن. يانچۇقۇمدا سەرەڭگە بار، ئاله!
ئۆمەر ئارچا، توغراق، تاغ سۆگەتلىرىنىڭ قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن شاخلىرىنى يىغىپ كېلىپ، ئاستىغا ئاسان ئوت ئالىدىغان يۇمشاق قۇرۇق ئوت ـ خەسلەرنى دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئابدۇراي ئەگرى پىچىقىنى غىلىپىدىن تەستە چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇنۇۋىدى، ئۆمەر ئۇنى ئالماي، ئۆزىنىڭ يالتىراپ تۇرغان خەنجىرىنى ئېلىپ ئۇچىنى ئوتقا تىقىپ قويدى، ئارقىدىن ئابدۇراينى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، تامبىلىنى تىزىغىچە سىيرىپ

چۈشۈردى. جاراھەت ئىغىزىنىڭ ئەتراپى قېتىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن قان سىرغىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆمەر ئوق بېشىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ ئارقا تەرىپىنى سىلاپ، مۇجۇپ بېقىۋىدى، قولىغا قاتتىقلا يىرىنمە ئۇرۇندى. لېكىن، ئابدۇراي بىر سىلكىنىپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئابدۇراي ئاكا، ئوق تېرىگە يېقىنلا يەردە ئىكەن.

— شۇ... شۇڭا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتىدۇ. قولۇڭغا ئۇرۇنغانىكەن، دېمەك، چوڭقۇردا ئەمەس، مېنى دۈم قىل، ئاۋۋال ئوقنى ئېلىۋەت، ئاندىن داغمالىلا.

— كېسىپمۇ؟

— ئەمىسە شوراپ ئالاتتىڭمۇ؟ قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن.

— قولۇم ھېلىتىنلا تىترەۋاتىدۇ.

— ھەي، سېنىڭ نەرىڭ ئەسكەر؟ گومىنداڭ دېگەن لامزەللىلەر ئەسكەرنى سەندەك قىلىپ تەربىيەلەمدۇ؟ قاتتىقراق بولمامسەن! مېنىڭ پىچىقىم ئۈستۈرىدەك ئىتتىك، بىر تىلىشتىلا ئۇنى ئوق بار يەرگە يەتكۈز، ئاندىن بىگىز بارمىقىڭنى تىقىپ ئوقنى سۇغۇرۇپ ئال! — دۈم ياتقان ئابدۇراي بىر تال ئارچا ياغىچىنى چىشلەپ، ئىككى قولىدا ياۋا قومۇش تۈۋلىرىنى قامالالاپ تۇتۇۋالدى، — ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ھەرقانچە ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتسەممۇ چاتىقىڭ بولمىسۇن. ئوقنى ئېلىپ بولۇپلا، ئوتقا تىقىپ قويغان خەنجىرىڭ بىلەن كەسكەن يېرىڭنى داغلىۋەت!

قوللىرى تىترەپ تۇرغان ئۆمەر ئابدۇراينىڭ پىچىقىنىڭ بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ ھەيرانلا قالدى. دەرۋەقە، پىچاق بىسى ئەتنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەنجىرىنىڭ ئۇچىنى قىپقىزىل چوغقا توغرىلاپ قويۇپ، ئوق بېشى بار يەرنى سىلىدى. تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئابدۇراي غەزەپ

بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي، خوتۇن كىشىدەك نېمىگە مىسىلدايسەن؟! دۈمبەمگە مىنىپ تۇرۇپ ئىشنى باشلىمامسەن؟!

— دۈمبەڭگە مىنەمدىم؟

— مىنىڭگەندىمۇ قاتتىق بېسىپ ئولتۇرمىساڭ، جان ئاچچىقىمدا تۇرۇپ كەتمەمدىم؟ سەندەك توخۇ يۈرەك ئەسكەرنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئازابلىنىۋاتقىنى مەن، سەن ئەمەس!

«خوتۇن كىشىدەك»، «توخۇ يۈرەك» دېگەن تىللار ئېغىر كەلدىمۇ، ئۆمەر ئابدۇرايىمنىڭ دۈمبىسىگە تەتۈر مىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوق بار يەرنى سىلاپ بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، تاغلىقلارنىڭ ئۆتكۈر ئەگرى پىچىقىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا پاتۇردى. ئابدۇراي قاتتىق بۇلجۇڭۇپ تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاۋازىنى چىقارمىدى. ئۇ ئارچا ياغىچىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. ئەمما، ئۆمەر كېسىلگەن يەرگە بىگىز بارمىقىنى تىقىپ ئوقنى ئالالمىدى. تىترەشتىن پۈتۈن بەدىنى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇراي چىش ئارىلىقلىرىدىن غەزەپ بىلەن شىۋىرلىدى:

— كەسكەن... يېرىڭنى چوڭقۇرلات!...

غەيرەتكە كەلگەن ئۆمەر پىچاق ئۇچىنى كەسكەن يەرگە ئىككىنچى قېتىم تىقىپ تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئابدۇرايىمنىڭ يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەشلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي، بىگىز بارمىقىنى پاتۇرۇپلا ئوق بېشىنى سوغۇرۇپ ئالدى. چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەن ئۆمەر ئابدۇرايىمنىڭ بېلىدىن يەرگە چۈشۈپ ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. ئابدۇراي چىشلەپ تۇرغان ئارچا ياغىچى سۇنۇپ كەتكەن، ياۋا قومۇشلارنى قامالاپ تۇرغان قوللىرى كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن، بارماق ئۇگىلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئابدۇرايىمنىڭ چىرايى توپىدەك بەترەڭ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى خۇددى جەسەتتەك ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. ئۆمەر ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئاغزىغا ئاز - ئازدىن سۇ تېمىتتى. مۇزدەك سۇدىن ئېسىگە كەلگەن يارىدار پارتىزان

يەنە سۇ ئىچتى:

— رەھمەت، ئۇكا، — دېدى ئۇ پەس ھەم زەئىپ ئاۋازدا، — ئەمدى ئوق كىرگەن يەرنى تازىلاپ داغماللىۋەت.

— چىدىيالامسەن؟ ئابايا بەك ئازابلىنىپ كەتتىڭ.

— بولدى، ئەزمىلىك قىلما. داغماللىۋەتمىسەك، ئۇ يەر كېيىن جانغا تاقىلىدۇ.

ئۆمەر ئاق ماتادىن بىر پارچە كەستى، سۇدانىدىكى سۇ بەك سوغۇق بولغاچقا، سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، جاراھەتكە تېمىتىپ تۇرۇپ يارا ئېغىزىنى ماتا بىلەن سۇرتتى. جاراھەت ئەتراپى تازىلىنىپ بولغاندا، ئابدۇراينىڭ دېگىنى بويىچە ئوق كىرگەن ئېغىزنى پىچاق ئۇچىدا ئېچىپ، ئىچىدىكى ئۇيۇپ قالغان قان، سېرىق سۇلارنى سىقىپ چىقاردى. ئاندىن ئابدۇراينىڭ ئىككى پۇتىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇچى قىزىرىپ كەتكەن خەنجەر ئۇچىنى ئوق كىرگەن تۆشۈككە تىقتى. جاراھەتتىن «ۋاششىدە» قىلىپ ئىس كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. چىراي قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئابدۇراي بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۆمەر ئابدۇراينى ۋارقىرىتىپ - چىرقىرىتىپ يۇرۇپ جاراھەتنى ئىككى - ئۈچ قېتىم داغماللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يوتىسىنى ئاپپاق ماتادا يۆگەپ چىڭ باغلىۋەتتى. ئۇ يەنە بىر پارچە ماتانى سۇدا يۇيۇپ كېلىپ، ئابدۇراينىڭ پېشانىسى، يۈزى ۋە بويۇنلىرىدىكى قېتىپ قالغان قاننى يۇمشىتىپ، سۇرتۇپ تازىلىدى.

— مانا ئەمدى ئادەمگە ئوخشىدىڭ، ئاكا، — دېدى ئۆمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئابايا خوتۇنۇڭ كۆرسىمۇ قورقۇپ قېچىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە سەتلىشىپ كېتىپتىكەنسەن.

— ئۇھ، — تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇراي چوڭقۇر تىنىدى، — ئوق بېشىنى ئېلىۋەتكەنىدىڭ، مانا ئەمدى ئارام تاپتىم. بىز ياربدارلارنى ئاشۇنداق ئۇسۇلدا ساقايتىمىز. مىشەكتىن ئوق بېشىنى ئېلىۋېتىپ، تېگىدىكى پۇرۇخنى

جاراھەت ئىغىرىغا قوْيوْپ، گوْگوْت چاقساق، جاراھەت ئىغىرى شوْنداق تېز داغمالىنىدوْ. لېكىن، مەن ئوقنى ئاياپ قالدىم.
— دوختوْرخاناڭلار يوقموْ؟
— بىز ھەرقايسى قىر، ئايماق، يايلاقلاردىن توپلانغان ئوْيغوْر، قىرغىز، تاجىك پارتىزانلىرى، بىزدە دوختوْرخانا ياكى دوختوْر دېگەن نېمىلەر يوق. پەقەت تېۋىپ ۋە ئەمچىلەرلا بار، — ئابدۇراي يەردە ياتقان سوخار خالتىسىغا قارىدى، — ھەي، تالقىنىڭدىن ئازراق چالغىنا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.
ئۆمەر تالقاندىن چېلىپ ئوْنىڭغا يېگوْزوْپ بولوْپ، كۆمەچتىن بىر پارچە ئوشتوْپ بەردى. ئابدۇراي كۆمەچنى يېمەي توْروْپ، ئاۋۋال ئوْنى ئۆروْپ - چۆروْپ قارىدى، پوْرىدى، ئاندىن كۆزىگە ياش ئالدى.
— پاھ - پاھ، ئانام پىشوْرغان كۆمەچكىلا ئوخشايدىكەنغوْ بوْ؟
— ئوْلوْشكوْن ئەتىگەن بىر قىرغىز ئائىلىسى بەرگەن، لېكىن ئوْلار سەندىنموْ بەغەرەز ئىكەن.
ئۆمەر بوۋاي، موماي ھەم قىزچاقنىڭ ئۆزىگە قىلغان قوپاللىقى، قارا ئىتنىڭ ئۆزىنى تالاپ كەتكىلى تاسلا قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئابدۇراي كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ، بوۋاي، موماي، قىزچاقلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى، كىيگەن كىيىملىرى توغرىسىدا سورىدى. ئۆمەر ئوْلار توغروْلوْق ئىدىتلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىپلا قالماي، سېرىق كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى پاكار تاغلار، بوْكىدە جىغانلارغىچە ئېنىق قىلىپ سوْرەتلەپ بەردى. ئابدۇراينىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ئوْششاق ياش تامچىلىرى يوْمىلاپ چوْشتى.
— ئوْلار، — دېدى ئابدۇراي ئالىقانلىرىدا ياشلىرىنى سوْرتوْپ، — مېنىڭ قېيىنئاتام، قېيىنئانام ۋە قىزىم بولىدوْ.
— نېمە؟ — ئۆمەر ئوْنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتوْردى، — ئەمىسە، ئاياليڭچوْ؟

ئابدۇرايىمنىڭ قاپاقلىرى بىردىنلا مىژژىدە تۇرۇلۇپ، ئارقىسىدىكى تاشقا بېشىنى تىرىگىنىچە ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، زاڭاقلىرى توختىماي لىپىلدايتتى.

— گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ رازۋېدكىچىلىرى ئاياغ ئاستى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

— سەن ئۇ چاغدا يوقمىدىڭ؟

— مەن خېلى يىللار بولدى، ئۆزۈمنى پارتىزانلارغا ئاتىۋەتكەن. 1943 ـ يىلى ئىسھاقبېك بىر توپ پارتىزانلارنى باشلاپ قىرغىزىستان ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، ئاقتۇدىكى ئانام بىلەن دادام ئاياغلىرىمغا ئېسىلىۋېلىپ يىغلاپ، مېنى كەتكىلى قويمىغان. ئۇ چاغلاردا قىزىم بەش ياشلاردا ئىدى.

— ئابدۇراي ئاكا، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەڭلار بولمىسا؟ بۇ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەكلا بىر ئىشقۇ؟ بۇنى ئويلىمىدىڭلارمۇ؟

— سەن بۇنى ھەرگىز چۈشىنەلمەيسەن، چۈنكى سېنىڭ كاللاڭدا ئانا يۇرتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەن ئۇلۇغ ئۇقۇملار يوق، — ئابدۇرايىمنىڭ كۆزلىرى ئۇمىد بىلەن ياندى، — لېكىن بىز پارتىزانلاردا ئۇ ئۇقۇملار بولغان، بىز تۇغۇلغان يۇرت، ئانا ماكانىمىز، ئۆز ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلغان. بىزنى تۇرمە، ئېغىر قىيناقلار، ھەتتا ئۆلۈممۇ قورقىتالمىغان، لېكىن، سەنچۇ؟ نېمە بولۇپ ئۇلارنىڭ قورالىنى كۆتۈرۈپ قالدىڭ؟

— دۆلەت، پىرقە ئۈچۈن دەپ.

— ئۇ دېگەن ساختا نىقاب، يالغان تەشۋىقات. ئۇنىڭ تېگىدە گومىنداڭنىڭ — بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەنپەئەتى بار، — ئابدۇراي ئېچىنغان قىياپەتتە بېشىنى

چايقىدى، ــ ھىندىلاردا: «دەريا بويىدا ياشىساڭمۇ، تىمساھ بىلەن دوستلىشالمايسەن» دېگەن بىر ماقال بار. ئويلاپ كۆر، ئۇلار سېنى بۇمۇ ئىنسانغۇ دەپ ئادەمدەك كۆرەمدۇ؟ كۆرمەيدۇ، پەقەت ئىت قاتارىدا كۆرۈپ پايدىلىنىدۇ، خالاس. بۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىسەڭ، سېنىڭ نەرىڭ ئىنسان بولىدۇ؟ ئاغرىپ قالساڭ، داۋالىتىپ ساقايتماي، ھايۋاننىڭ تاپىدەك تاشلاپ كېتىپتۇ. بۇ سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرگىنىمۇ؟ بۇ ئىش غۇرۇرۇڭغا تەگمىدىمۇ؟ بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىلمىدىڭمۇ؟

ئۆمەر تېڭىرقاپ قالدى. ئابدۇراينىڭ گەپلىرى قوپالدەك تۇرغىنى بىلەن ھەقىقەت ئىدى. راست، قىسىمدا قانچىلىغان ئەسكەرلەر جەڭ مەيدانىدا يارىدار بولسا ياكى ھەربىي يۈرۈشتە كېسەل بولۇپ قالسا، كوماندىرلار ئېتىۋەتمىدىمۇ؟ قاغىلىقتا كېزىك بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغان ئەسكەرلەر كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلدىغۇ؟ ئۆلۈپ كەتسە، قىپيالىڭاچ قىلىپ ئۆستەڭگە تاشلىۋەتمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن جان پىداكارلىقلىرى ئۇ چاغدا كىمنىڭ ئېسىگە كەلدى؟...

ــ مەندە نېمە ئامال؟ دارىلئېتامدا ئوقۇۋاتقان يېتىم باللار ئىدۇق، بىر كېچىدە مەكتەپكە باستۇرۇپ كىرىشىپ ئاتمىش نەچچىمىزنى تۇتۇپ كېتىپ، مەجبۇرىي ئەسكەر قىلدى، قاچقانلارنى ئاتتى، جادۇغا باستى، ــ دېدى ئۆمەر بېشىنى سالغان ھالدا، ــ ئەسلىدە مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار ئىدى...

ــ بىزدە پارتىزانلىقتا تۇتۇش دەيدىغان نىزام يوق، ــ ئابدۇراي يارىدار پۇتىنى ئاستا يۆتكىدى، ــ ھەركىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتنىشىدۇ. گومىنداڭنىڭ تۇتقان يولى ھەق بولمىغاچقا، ياشلارنى ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتىدۇ، قاچسا جازالايدۇ. چۈنكى، جياڭ كەيشى زالىم پادىشاھ، گومىنداڭ بولسا زالىم ھاكىمىيەت. ھەدىسلەردە: «كىمكى زالىمغا مەدەت بەرسە، ئاللا ئۇنى شۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن ھالاك قىلىدۇ...» دېيىلگەن.

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئابدۇراي يىراقتىكى تاغلار ئۈستىدىن خىلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپىنى ئۇبدانلا قىزىتىۋاتقان مارت قۇياشىغا كۆزىنى قىسىپ قارىدى ـ دە، چىرايى ئۆزگەردى:

— قېنى ئۇكا، مېنى يۆلە، — دېدى ئۇ تۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىپ، — بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى ! بولمىسا بىزنىڭ ئادەملەر يېتىپ كەلسە، سېنى چاناپ ئىتلارغا تاشلاپ بېرىشتىن يانمايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ مەنمۇ بىر مۇسۇلمانغۇ؟

— مۇسۇلمان تۇرۇپ زالىملارنىڭ غالچىلىقىنى قىلغانلارغا ئۇلار تېخىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ.

— ئۇلار نېمىشقا كېلىدۇ؟

— ئۆز ئادەملىرىنىڭ بۇ يەردە قالغان ئۆلۈكلىرىنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. سەن دەرھال بۇ يەردىن كەت ! بولمىسا جېنىڭنى ساقلاپ قالالمايسەن، مەنمۇ ئارا تۇرالماي قالىمەن.

— سەن ئۆزۈڭچۇ، ئاكا؟

— ئاستا ـ ئاستا ئۇلار كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭىمەن.

— ئەمىسە ماۋۇ ياغاچقا تايىنىپ ماڭغىن ! — ئۆمەر هاسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، — ھە راست، مەن قاياققا قاراپ ماڭسام بولىدۇ؟

— نەگە بارماقچىدىڭ؟

— يەكەنگە.

— ھەي، يەكەن نەدە، سەن نەدە؟ بۇ يەر دېگەن سانجۇ تاغلىرىنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى تۇرسا.

— نېمە، گۇمىنىڭ سانجۇمۇ؟ — ئۆمەر ئەتراپىغا قارىدى، — ئۇنداقتا مەن يەكەندىن خېلى بەك يىراقلىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدىمەن؟

— يەكەن ئەمەس، قاغىلىقمۇ نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتا

قالدى، بۇ ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خوتەن پولكىنىڭ گۇمىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى.

— خوتەن پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى؟ — ئۆمەر يۇسۇپنى ياد ئەتتى، — سىلەر قانداق بولۇپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىڭلار؟

— تولا ئەزمەڭنى ئەزمە! — ۋارقىرىدى ئابدۇراي دىڭگۇسلاپ ئارانلا كېتىۋېتىپ، — بىز سانجۇ ساقچىخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئوق، گىرانات، قورال بۇلىدۇق. لېكىن، قايتىشىمىزدا خوتەن پولكىنىڭ پىستىرمىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالدۇق. ئۇلار يوپۇرۇلۇپ چىقىپ بىز بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، ئېتىشار - ئېتىشار، قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. بۇ يەرنى «ئۇسكەنتاش يايلىقى» دەيدۇ. ئېتىشتۇق، قىلىچۋازلىق قىلىشتۇق، قۇچاقلاشما جەڭ بولدى، ئاخىرىدا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەشتى.

ئۆمەر ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ خوتەن پولكىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پارتىزانلارنىڭ كېلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىپ، قېلىن چۆپلەر ئارىسىدا، توپ - توپ تىكەنلىك ئازغانلارنىڭ تۈۋىدە، چوقچايغان تاشلارنىڭ دالدىلىرىدا ھەر خىل ھالەتتە يېتىپ قالغان جەسەتلەرنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ كۆپمۇ ئاۋارە بولمىدى، پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتقان ياش ئەسكەرنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپلا ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. يۇسۇپ ھوزۇرىدىن ئازابى، شادلىقىدىن خاپىلىقى كۆپ بۇ دۇنياغا تويمىغاندەك، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتاتتى. بۇ چاغدا يىراق تاغ ئېدىرلىرىدا قارا كۆرۈم ئاتلىقلار پەيدا بولدى. ئۆمەر يۇسۇپنى كۆتۈرۈپ قاچماقچى بولدى. لېكىن، بۇنداقتا ھەر ئىككىلىسى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. ئاتلىقلار ئۇنىڭغا بىردەمدىلا يېتىۋېلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ياكى بىر پاي ئوق ئارقىلىق ئىشنى تۈگىتەتتى. شۇڭا، ئۆمەر يۇسۇپنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، بەزىدە ئۆمىلەپ، بەزىدە

جەينەكلەپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. قانلىق مەيدان خىلمۇ ئارقىدا قالدى. شۇنداقتىمۇ، پارتىزانلارنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئىزدەپ كېلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆمەر ئاغىنىسىنى قېلىن تىكەنلىك چاتقاللار ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى.

پارتىزانلار ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئاتلارغا ئارتىپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرى، يىغلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مۇرىلىرىگە ئېسىۋالغان مىلتىقلىرىدىكى نەيزىلەر، يانپاشلىرىدا پولاڭلاپ تۇرغان يالىڭاچ قىلىچلىرى ئاپتاپتا يالت - يۇلت يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى. ئۆمەر ئۇلارنىڭ قارىسى چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىدە غايىب بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يۇسۇپنىڭ جەسىتىنى چاتقاللىقتىن كۆتۈرۈپ ئاچىقتى. يۇسۇپنىڭ كىندىك ئەتراپىدىكى ئوق تەگكەن ئىككى تۆشۈكتىن ۋە خەنجەر تىقىلغان سول كۆكرىكىدىن چىققان قان چاپىنىنى قاپقارا قىلىپ قاتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆمەر ئابايىقى ماتانى ئېقىن سۇدا يۇيۇپ كېلىپ، يۇسۇپنىڭ يۈز - بويۇنلىرىنى، قوللىرىنى تازىلىدى. ئاندىن قانلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئىچ كىيىملىرى قالغاندىلا، بېلىگە ئورىۋالغان ئاق ماتانى يېشىپ، ئۇنى كېپەنلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ خەنجەر ۋە قىلىچىدا يەرلىك كولىدى. گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۆزىنىڭ بېلىگە كەلگەندىلا، يۇسۇپنى ئۇ يەردە تۈپتۈز ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە سالدۇرۇۋەتكەن كىيىملىرىنى ياپتى، ئەتراپتىكى توغراق، ئارچىلاردىن سۇندۇرۇپ كەلگەن شاخلارنى قويدى، ئاندىن توپا تاشلىدى.

قەدىمدىن تارتىپ ئادەملەر ئانچە كۆپ قەدەم باسماي كەلگەن ئۇسكەنتاش يايلىقىدا توپا، قۇم، شېغىللار بىلەن قوپۇرۇلغان بىر يېڭى قەبرە قەد كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستى يۇتۇنلەي ئاق تاشلار بىلەن قاپلانغانىدى. قەبرە بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئۆمەر

قىرائەتتىن كېيىن مەرھۇم دوستىغا خىتاب قىلدى:

— يۈسۈپ، شىڭگىلۇجى جاڭگاللىقىدا قوي باققانلىرىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ سەن نەلەردىدۇر كاۋا، كەپتەر، توخۇلارنى تېپىپ كېلەتتىڭ. قۇم بارخىنى ئۈستىدىكى گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ سېنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلغان ۋاقتىمىزدىكى ھالىتىم زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. شۇ چاغدا ئۆزۈمنى كاكچا، زاغرا، كاۋا، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلارنى ئوغرىلايدىغان ئادەتتىكى ئوغرى ئەمەس، بەلكى چۆچەكلەردىكى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشكەن باغداد ئوغرىسىدەك ھېس قىلغانىدىم، — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدىن يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، — سەن، مەن، ئاسىمگۈل ئۈچىمىزنىڭ قىزىق قۇمغا كۆمۈلگەن كاۋىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەنلىرىمىز... بورانلىق كۈنلەردە توغراق كاۋىكىدىكى ھۇجرىمىزدا يېتىپ چۆچەك ئېيتىشقانلىرىمىز... ئۇ كۈنلىرىمىز بەكمۇ كۆڭۈللۈك ۋە سائادەتلىك ئۆتكەنىكەن. ئاسىمگۈلمۇ مېنى تاشلاپ كەتتى، بۇ دۇنيادىن غايىب بولدى. مانا سەنمۇ كەتتىڭ. سىلەر مېنى بۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس غوۋغا، پېشكەللىك، قايغۇ ـ ئەلەملەرگە تولغان غەمخانىسىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭلار... مەن قوشراپ گازارمىسىدا بولاي ياكى قاغىلىق شەيدۇللادا، ئىشقىلىپ قەيەردىلا بولاي، ئاسىمگۈل ئىككىڭلارنى پات ـ پاتلا چۈشەپ كەلدىم. سىلەر قوي ـ ئۆچكىلىرىڭلارنى ھەيدەپ، قۇملۇقلار ئىچىدە ئۈزاپ كېتەتتىڭلار، مەن ئارقاڭلاردىن ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ يۈگۈرۈيتتىم. بىراق، سىلەر ماڭا قاراپمۇ قويماي يولۇڭلارغا كېتىۋېرەتتىڭلار. ئويلاپ باقسام، ئەسلىدىلا تەڭرىتائالا بۇ جۇدالىقتىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنىكەن. يۈسۈپ، شۇ چاغلاردا سەن مەندىن بىرەر ياش چوڭ ئىدىڭ، كىچىك تۇرۇپلا قارا يېتىم بولۇپ قېلىپ، بېشىڭدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەچكىمۇ، ماڭا قارىغاندا تۇرمۇشقا پىششىق ئىدىڭ ۋە كۆپنى بىلەتتىڭ. ئاسىمگۈلنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىڭ، بىراق

ئۆنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇراتتىڭ. ھازىر ئويلىسام، ئاسىمگۈل ماڭا يېقىنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، كۆڭۈلگە تالىق سىرلىرىڭنى قۇربان قىلغانىكەنسەن. بۇنى ئەمدى چۈشەندىم. قارىغىنا، مېنىڭ ئەسكىلىكىمنى؟ بۇ ئىشلارنى سەن كەتكەندىن كېيىن دەپ يۈرگىنىمنى؟ يۈسۈپ، يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان باللار شۇنداق بولامدۇ؟ سەن بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، مەرد، خۇشخۇي ئىدىڭ. مەن ئېلاخۇن ئاكامدىن تىل ئىشىتىپ، تاياق يەپ، يۈرىكىم مۇجۇلغان ھالدا قويلارنى ھەيدەپ شىڭگىلۇجى جاڭگاللىقىغا كېلەتتىم. سېنىڭ سەممىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى، كىرسىز، غۇبارسىز چىرايىڭنى، غەرەزسىز ھەزىل ـ كۈلكىلىرىڭنى كۆرۈپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. ھە، سېنىڭ يۈرىكىڭ بەئەينى ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرىدەك ئاشكارا، ساپ يۈرەك ئىدى، ئۇنى كۆرگەن ئادەم ھەرقانداق قايغۇ ئەلەمنى ئۇنتۇپ قالاتتى...

ئۆمەر ياشلىق كۆزلىرى بىلەن باش ئۈستىدىكى قۇياشقا، ئۇسكەنتاش يايلىقىغا، يىراقتىكى دولقۇنسىمان پاكار ـ پاكار تاغلارغا، ھەر خىل ئوت ـ گىياھ، چاتقاللار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سىلىق، يوغان تاشلارغا قارىدى. ئۇ ئۇيۇشۇپ قالغان تىزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن ئارانلا تۇردى. ئۇ ئاق تاشتىن يوپۇق يېپىلغان قەبرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا قاراپ ـ قاراپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى.

ئۆمەر چوڭقۇر جىلغا، سېرىق توپىلىق ئېدىرلار، كۆل رەڭ تاقىر تاغلار ئىچىدە بىر كېچە، يېرىم كۈندۈز يول يۈرۈپ، پەس دۆڭلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئېقىنغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دىمىقىغا جەنۇب يېزا ـ كەنتلىرىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلغانسېرى، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ھارغان ـ چارچىغىنىنىمۇ بىلەلمىدى. پارتىزان ئابدۇراي بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەۋھۇم بىر ئىسكەنجە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇ تۆت ـ بەش يىل ئەسكەرلىكتە تۇردى، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى، ئانا خەلقى ئۈچۈن

قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدى؟ قىسقىسى، ئۇ مىلتىق تۇتقان شۇنچە يىللاردىن بېرى جان سۆيۈنگۈدەك بىرەر ئىش قىلدىمۇ؟ مىلتىقنى كىم ئۇچۇن تۇتتى؟ ئەدناسى، قولىدا شۇ مىلتىق تۇرۇپ، ئاسمىگۈلنى، سارانى، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىنى، قەدىرلىك ئاغىنىسى يۇسۇپنى قوغداپ قالالىدىمۇ؟ تۇمشۇقساراي، چامسال، كاچۇڭ، تاشناتا، ئارىتاش تاغلىرىدا قىلىچ ئوينىتىپ يۈرۈپ تاشقورغان پارتىزانلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئارىتاشنىڭ قولۇلىسىمان داۋىنىدا يۈزلىگەن ئۆلۈكىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ قەدرىگە كىم يەتتى؟ خۇڭ يادۇڭنىڭ قوشۇنى بىلەن قەشقەردىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، بېگىل، قاراقۇملاردا ئادەمنىڭ قېنى ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ئۆمەرمۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭگە كىردى، ھەتتا ئودلىنىيە كوماندىرى لو دەن بىلەن رازۋېدكا قىلىپ بېرىپ، لۇ كۇنجۇڭ، ئابدۇقادىرلارنى تىرىك تۇتۇپ ئەكەلدى. بۇ خائىنلار قىلمىشىغا لايىق جاجىسىنى يېدى. مۇشۇ قاتارلىق پىداكارلىقلارنىڭ قايسىبىرى ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغاندۇ؟ ئۆمەر نېمىگە ئېرىشتى، نېمىلەرنى يوقاتتى؟ بولدى بەس! بۇنداق ئەسكەرلىكتىن تۆت كوچا ئېغىزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلغان مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

ئۆمەر يوتىسىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قىلىچنى ئېلىپ ئۆلۈغ ئېقىنغا ئېتىۋەتتى، ئاندىن يىللاردىن بېرى ئەسكەرلىكتە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن خەنجىرىنى غىلاپلىرى بىلەن قوشۇپ سۇغا تاشلىدى. ئاخىرىدا ئۇ قۇرۇقدىلىپ قالغان سوخار خالتىسى بىلەن ئون ئىككى شوئارلىق كۈن سۈرەتلىك كاكارىنى ۋە ياقا بەلگىلىرىنى سۆكۈپ ئېلىپ، ئۇلارنى ئېقىنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى.

ئۆمەر شۇ ماڭغانچە قاتمۇقات تاغلار ۋە ئېدىرلار ئىچىدە غايىب بولدى...

# خاتىمە

ئۆمەر تاغ، ئېدىرلار، بىپايان چۆللۈكلەر ۋە كۆز يەتكۈسىز چاتقاللىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يول بويى ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك چارۋىچىلاردىن نان تىلەپ يەپ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قاغىلىققا يېتىپ كېلەلىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئاچ قورساق يول يۈرگەچكە، گازارمىغا ئۇدۇل كىرىپلا، هويلا ئوتتۇرىسىدا يىقىلىپ قالدى. ئۇنى كېزىك سەۋەبىدىن گازارمىدا قېلىپ قالغان ئون نەچچە ئەسكەر كۆتۈرۈشۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغلاردا دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ قالغانىدى. دوختۇرلار ئۇنى تەكشۈرۈپ: «ئۇنىڭدا ئالتە ياشلىق بالىدىكىچىلىكمۇ قۇۋۋەت قالماپتۇ» دېيىشتى. دوختۇرخانىنىڭ بىردىنبىر بايلىقى كىرىستال پېنىسىلىن ئوكۇلى بولۇپ، ئۇمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ئۇ يەردە ئۆمەرنىڭ كېسىلى بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئاخىر كېزىككە ئايلىنىپ كەتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ 5 ـ ئاي كىرگەندە، ئۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەكلا بولۇپ قالدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ هاياتىدىن ئۈمىد ئۈزدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياتاقتا بۇرۇنقى روتا كوماندىرى تيەن دالىڭ ۋە 3 ـ روتىنىڭ كوماندىرى جاڭ لياڭ كىرىپ كەلدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كىرگەنلەر ئۆمەرگە خۇڭ يادۇڭنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ياخشى داۋالىتىش، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلاندۇرۇش، داۋالىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتىشتى. دېگەندەك، شۇ كۈندىن باشلاپ دوختۇرلار ئۇنى ئەڭ ياخشى دورىلار بىلەن داۋالاشقا

كـىرىشتى، كۆنگە نەچچە ۋاخ شورپا، گۆش، كەپتەر كاۋىپى، پولۇ، مانتا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بەردى. ئۇ ئىككىيلەن قاغىلىقتا شەيدۇللادىن قايتماقچى بولغان روتىنىڭ ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالغىلى كەلگەنىدى. چۈنكى، جاڭ گودۇڭ، لى دايى، جۇڭ شۈلياڭ قاتارلىقلار قېچىپ كەتكەنىدى. ھەتتا يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى ياڭ لىدېمۇ بىر كېچىدىلا خوتۇن - بالىلىرى، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ يوقالغان، يەكەن يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن كونىشەھەردىكى يەتتىنچى پولك تامامەن خۇڭ يادۇڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەيدۇللادىكى ئىككىنچى روتا قاغىلىققا قايتىپ كەلدى. تيەن دالىڭ ئۆز روتىسىنى يەنە قولىغا ئالدى. ئۆمەر خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى، ئۇ ئابدۇسەيدى، لو دەن، ۋاڭ بىڭ، جاڭ لىجى، لۇ تيەنخەيلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئىككىنچى روتا قايتىپ كېلىپ ئەتىسى سەھەردە قاغىلىق گازارمىسىدا تۇرۇشلۇق گارنىزون قىسمىنىڭ بۇرۇنقى ئەمەلدار ۋە كوماندىرلىرىمۇ ساغان تاغلىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. گارنىزون قىسمى بېشى يوق يىلاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قىمارخانا، پاھىشىخانا، قاۋاقخانىلارغا چېپىشقا، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. جاڭ لياڭنىڭ روتىسىدىكى ئەسكەرلەر ئۇلارنى ھەر كۈنى تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قوياتتى. بىر چاغلاردا خۇڭ يادۇڭنىڭ پولكىغا قوبۇل قىلىنىپ، جاڭ لياڭنىڭ روتىسىغا ئورۇنلاشقان خەنزۇ ئەسكەرلەر ئاڭلىق ۋە تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشاتتى. ئۇلار گارنىزوننىڭ بارغانسىرى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، مەجلىس ئېچىپ، ئۆگىنىشكە سېلىپ، ئۇلارغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە تەركىبلىرىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارنى بۇرۇنقى كوماندىرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا ئۈندىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تونۇشى ۋە

ئىنتىزامىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇلارغا سېۋەت، زەمبىل توقۇشنى ئۆگىتىپ، دېھقانلارغا ئوغۇت يەتكۈزۈپ بېرىشكە، تۇل خوتۇن، قېرى - چۈرىلەرنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشكە، ئۇلاردىن ھال سوراشقا تەشكىللىدى. دېھقانلار دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا يېقىن كەلمىدى، ئەمما ئۆزلىرى ئۈچۈن ئورما ئورۇپ، قوناق تېرىپ، خامان ئېلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئەسكەرلەر ھەتتا مومايلارغا بېدە تېرىپ ئاپىرىپ بېرىدىغان ئىشلارمۇ بولدى.

دېھقانلارغا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىشتەك ئىشلاردىن ئەسكەرلەرنىڭمۇ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى. ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خوڭ يادۇڭ ئازادلىق ئارمىيەنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، يەتتىنچى پولك بىلەن گارنىزون قىسمىنى باشلاپ، قاغىلىق گازارمىسى ئىچىگە سەپ تارتىپ كىرىپ كەلدى. ئارىدىن بىرەر - ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، پۇتلىرىدا چىغ خەي، ئىشتان پۇچقاقلىرى گوجەي ئىچىگە تىقىلغان، سارغۇچ مايسا رەڭ ھەربىي فورما كىيگەن، ئۈستىبېشىنى توپا باسقان ئەسكەرلەر پىلىموت، مىلتىق، مىناميوتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، رەتلىك تىزىلىپ گازارما ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار خوڭ يادۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەربىي ماشىنىلار گازارمىغا ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ رەتلىك تىزىلدى. ئاندىن خوڭ يادۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئۆزلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن ھەربىي فورمىلىرىنى كىيدى.

ئۆمەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مۇستەقىل ئاتلىق بىرىنچى دىۋىزىيە يىگىرمە ئۈچىنچى پولك تۆتىنچى باتالىيون ئىككىنچى روتىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، قىسىم بىلەن بىللە خوتەن

ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيەسىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار چىرىغا ئون ئىككى كۈندە يېتىپ كەلدى. چىرىدا ئۇلار 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلىرى، ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنى ئۆگىنىش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش، گومىنداڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، گومىنداڭ ۋاقتىدىكى يامان ئادەتلىرىنى تۈزىتىش قاتارلىق ئۆگىنىش ـ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن بولدى.

1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆمەر تۇرغان قىسىم شىنزاڭغا يول ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. يول كېرىيەنىڭ بوغازلەڭگەر، نۇرۇممەتلەڭگەر دېگەن يەرلىرىدىن باشلىنىپ، پولۇ سۇبېشى دېگەن جايغا ئۇلاندى. بۇ يول پولۇ تېغىنىڭ قاپ بېلىدىن كېسىپ ئېلىنغاچقا، تاغ پارتلىتىشتا ياسقاق① تېگىپ، تاغ گۈمۈرۈلگەندە تاش بېسىۋېلىپ ياكى سۇدا ئېقىپ كېتىپ دېگەندەك خېلى كۆپ ئەسكەر قۇربان بولدى. يول ئېلىنغان تاغنىڭ تۈۋىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆڭكۈلەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسىلا كونا جەسەتلەر بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلگەنمۇ ياكى ئالتۇن قازغىلى چىققاندا ئۆلگەنمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ئۆڭكۈرلەر ئاستىدىن چوڭ ئېقىن ئۆتەتتى، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، نەچچە غۇلاچ يەرلەرگە قەدەر ئاپپاق بۇژغۇن چاچرىتاتتى.

ئۆمەر تۇرۇشلۇق يىگىرمە ئۈچىنچى پولك يول ياساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا ئۆزگەرگەنىدى. ئۆمەرنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇسى ئارزۇ پېتى قېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ خوڭ يادۇڭغا دەپ، ئەسكەرلىكتىن ئايرىلماقچى بولغانىدى. بىراق، خوڭ يادۇڭنىڭ يەتتىنچى پولكى ئۈچىنچى پولكقا ئۆزگىرىپ، باشقا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى. يېڭى پولكوۋنىكقا ئەسكەرلىكتىن چېكىنىش

① ياسقاق ـــ تاش پارچىلىرى.

توغرۇلۇق ئىغىز ئېچىپ بىرىپمە دېيىشكە ئۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆمەرنى تولۇق چۈشەنمىگەچكە، يېڭى باشلىقلار ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا سىياسىي جەھەتتىن قاراپ، ئۇنى ئىدىيەسىگە تاقاپ قويۇشتىن يانمايتتى.

ئۆمەر تۇرۇشلۇق قىسىم 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىزاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار شىزاڭدا بىر يىل تۇردى. مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۇرۇش قىلمىدى. بىر يىلدىن كېيىن شىزاڭ تىنچ ئازاد بولدى.

يىگىرمە ئۈچىنچى پولك 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كېرىيەگە قايتىپ كەلدى. 10 ـ ئايدا «ئارمىيە ئاشلىق تېرىپ، ئۆزىنى ئۆزى بېقىش» سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يىگىرمە ئۈچىنچى پولكنىڭ ئىككىنچى روتىسى ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ خاڭكۇڭ كەنتىگە ئەۋەتىلدى، باشقا روتىلىرى تارىمنى گۈللەندۈرۈش، ئېچىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يولغا چىقتى. ئىككىنچى روتا خاڭكۇڭ كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆمەر ئىزۋوت كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى، لېكىن ئۇ سالامەتلىكىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. بۇ قىسىم ئۇ يەردە گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى، تۇتۇلغان جىنايىتى ئېغىر، ھەتتا قان قەرزى بار ساقچى، سوت، تەپتىش ئەمەلدارلىرى بىلەن سىياسىي ـ مەمۇرىي باشلىقلارنى ھەم ئوسماننىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەملىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارغا 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە غالىبىيەت ئۆستىڭىنى قازدۇردى.

1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاقسۇدا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خىزمەت ئىلغارلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا ئۆمەرمۇ قاتناشتى. ئۇ بۇ يەردە خوڭ يادۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پولكوۋنىك ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئاددىي ئەسكەرنى قۇچاقلىدى. ئۇلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ

بىغەدىكى شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇپ، قوشىرايتىكى قوزغىلاڭ، بىگىل ۋە قاراقۇملاردىكى قانلىق جەڭ، ئۆمەر باشلىق بەش يىگىتنىڭ يوشۇرۇن رازۋېدكىغا ئەۋەتىلگەنلىكى، دۈشمەننى سىپىل ئارقىسىغا ئالداپ ئاپىرىپ ئۇجۇقتۇرغانلىق قاتارلىق ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەر ئۇستىدە قىزغىن پاراڭلاشتى.

— ئۆمەر، خويمۇ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، — خوڭ يادۇڭ بۇرۇنقىدەكلا روھلۇق ئىدى، — مەن سىېنى يۇقىرى ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ پولكىغا يۆتكەپ، ساڭا روتا كوماندىرلىقى ۋەزىپىسىنى يۈكلىسەم دەيمەن. قانداق، رازىمۇسەن؟

كونا باشلىقىنىڭ تەلىپىنى ئۇدۇللا رەت قىلىشقا ئۆمەرنىڭ تىلى بارمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ قىلىپ كەلگەن ئارزۇسىنى گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۇرۇپ ئىپادە قىلدى.

— خوڭ پولكوۋنىك، ئۆي - ئىمارەت سالغاندىمۇ ھەرقانداق ماتېرىيالنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىش كېرەك، قالايمىقان ئىشلىتىپ قويسا، قورۇلۇش چوقۇم پۇختا بولماي قالىدۇ، — دېدى ئۆمەر تەمكىنلىك بىلەن، — ئويلاپ باقسام، مەن ھەربىي بولۇشقا مۇناسىپ ماتېرىيال ئەمەس ئىكەنمەن. ئىدارە - مەھكىمىلەرگە ئەمەلدار قويۇشتىمۇ ئۆز ماتېرىيالىنى تاللىماي، ماڭا ئوخشاشلارنى قويۇپ قويسا يەنە بولمايدۇ، ماڭا ئوخشاش ئادەملەر قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ئاداش ئاكام، ئاداش ئۇكام بولۇۋېلىپ، تۆت كۇندە ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالىدۇ...

خوڭ يادۇڭ تۇيۇقسىز جاڭ لياڭنىڭ ئۆمەر توغرۇلۇق قىلغان: «بۇنداق كىتابقا ھېرىسمەن، قارىي مىجەز بالىلارنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن ئانچە خوشى بولمايدۇ، ئەمەل بەرسەكمۇ ئۇنى قاملاشتۇرۇپ تۇتالمايدۇ، بۇنداقلار دۈشمەندىن: ‹نەرىگە ئاتسام ئاغرىمايدۇ؟› دەپ سوراشتىن يانمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ كۈلۈۋەتتى.

— ئۇنداقتا سەن ئىمىنىڭ ماتېرىيالى بولالايسەن؟ — خوڭ يادۇڭ ئۇدۇللا سورىدى، — قېنى كۆڭلۈڭدىكىنى دەپ باققىن!

— ئۇخلىسام چۈشۈمدە، ئولتۇرسام خىيالىمدا، ماڭسام كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئەمىسە، سېنى ماڭا قوغدىغۇچى قىلىپ يۆتكىسەكچۇ؟

— ئۇنداقتا مەسئۇلىيىتىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە روتا كوماندىرى بولغىنىم تۈزۈكرەك. تېخى شۇنىمۇ قاملاشتۇرالىسام دەڭا؟

— سېنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن خوشۇڭنىڭ يوقلۇقىنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن.

— قاچان؟

— ئاقنىياز سېنى ياقۇم كەنتىدىن تۇتۇپ كەلگەن چاغدا.

— كەچۈرۈڭ، پولكوۋنىك. خۇدا ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىشتىياقنى سېلىپ قويىدىكەن. ھەرقايسىڭلاردەك ئادەملىرگە يۈز كېلەلمەي، كۆڭۈل ئاياپ، قاچماي، «كېتىمەن» دېمەي، بەش يىلدىن بېرى چىداپ كەپتىمەن.

— بۇ دېگىنىڭگە ئىشىنىمەن، — خۇڭ يادۇڭ ئۆمەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — سەن ئەقىللىك يىگىت، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ قىلىسەن. شۇڭا، ھەممىمىز سەندىن رازى بولۇپ كەلگەن. بوپتۇ، يېڭى دەۋرگە قەدەم ئالدۇق. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك كەسىپ. مەن يۇقىرىدىكىلەر بىلەن بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ باقاي.

شۇ سۆھبەت بولۇپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۆمەر يەكەن قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاقسۇ پولكىنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىلى بىلەن يولغا چىقىپ، تۆتىنچى كۈنى يەكەن يېڭىشەھەر قوماندانلىق ئىشتابىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنى ئازادلىق ئارمىيە تەرەپتىن قويۇلغان تاڭ قوماندان كۈتۈۋالدى. ئۇ ياڭ لىدېدەك ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما تەمبەل، گەۋدىلىك ئادەم ئىدى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سىز شەيدۇللادا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانىكەن-

سىز؟ — دېدى تالڭ قوماندان قىزىل رەڭلىك قېرىنداشنى ئۇس-تەلگە چېكىپ تۇرۇپ، — ئاندىن كېزىك كېسەللىكى بىلەن قا-غىلىق دوختۇرخانىسىدىمۇ بىر ئايدىن ئوشۇق داۋالىنىپسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان!

— بىز سىزنى ئاشۇ كاتېگورىيەگە سېلىپ، ئەسكەرلىكتىن چېكىندۈرىمىز. بولمىسا ئەسكەرلىكتىن سەۋەبسىز چېكىنگەند-لىكىڭىز سىزگە بەزى كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى ئې-لىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ئۇقتۇم، قوماندان.

— بۇ كىنىشكىنى ئوبدان ساقلاڭ! — قوماندان قىزىل دوخاۋىدا قاپلانغان ئالىقاندەك كىنىشكىنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇنى كۆتۈرۈپ ھەرقانداق ھەربىي ئورۇنغا كىرسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىڭىزنى قاندۇرىدۇ.

— رەھمەت، قوماندان!

— بۇ سىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىڭىز، — قوماندان تامغا بېسىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۆمەرگە بەردى، — يەكەن بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇلار قوبۇل قىلارمۇ؟

— جان دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ھازىر ھەممىلا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى كۆزگە سۈرتكۈدەك تۇتىيا بولۇۋاتسا.

شۇنداق قىلىپ، ئۆمەر پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا، ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشەلىدى.

2007 - يىلى 6 - مارت، ئۈرۈمچى

# تاغ جۇدۇنلىرى

ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 – 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شىڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.25
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 10,001 – 15,000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 14273 – 6
باھاسى: 47.00 يۈەن